

مىخايىل شولوخوپ

# تىنچ دون

(2)



مىخائىل شولوخوپ

# تىنچ دون

(2 ـ كىتاپ)

تەرجىمە قىلغۇچى: رەخمىتۇللا ھارى
مەسئۇل مۇھەررىرى: غوجەك خۇداۋەردى

شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى

بۇ كىتاب خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982 - يىلى
7 - ئايدا نەشر قىلىنغان. خۇبېي 5- باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى.
本书根据人民文学出版社一九八二年七月湖北第五次印刷本翻译。

# تىنچ دون

•

شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش كوچىسى 9 - قورا)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850 مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 24
1984 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
1984 - يىل 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M10124·119
سانى: 1 — 10,300
باھاسى: 1يۈەن 50 پۇڭ



كالتا كەمزول كىيگەن ماتروس 1 - بۆلۈنمىنىڭ باش ۋىرۋودى بىلەن ياندىشىپ ماڭغان ئىدى.

(311 - بەتكە)



کبگەشتىن هىچقاىنداق نەتىجە چىقمىدى.　(421 - بەتكە)



پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئانيوتكىنىڭ ئۆزىگە قويغان لەقەملىرىنىڭ ھەممىسىنى ساناپ چىقتى.

(488 - بەتكە)



ئوقلار چىقىراپ ئۇچۇشقا باشلىدى. ئانىنا توشقاندەك ئىچىنىشلىق ۋاقىرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر قولىنى سوزۇپ، كۆزلىرى ئەلەڭ ـ سەلەڭ بولۇپ، يەرگە ئولتۇرۇپ قالدى.

(625 ـ بەتكە)



ئەڭ ئالدىدا يالاڭياق، كەڭ قارا سوكنا گەلىفى شىم پودتېلكوف ماڭغان ئىدى ... ئۇ، يوغان ئاپپاق پۇتلىرى بىلەن گۈس - گۈس پاتقاق كېچىپ، تېيىلغاندا مۇۋازىنەتنى ساقلاش ئۈچۈن سول قولىنى سەل ئالدىغا سوزۇپ كېلىۋاتاتتى.

(بەتكە - 682)

# تۆتىنچى قىسىم

# 1

1916 - يىل ئۆكتەبىر. كېچە، يامغۇر ۋە شامال. دەرەخزار ئويمانلىق، قىزىل قىيىن دەرىخى ئۆسكەن سالسىلقنىڭ ئۇستىدە ئاكوپلار، ئالدى تەرەپتە سىم توساقلار، ئاكوپلارنىڭ ئىچى چىلىق-چىلىق لاي. كۆزەتكۈچىنىڭ ھۆل بولۇپ كەتكەن قالقىنى خىرەپا-قىرىماقتا. گەمە ئۆيلەردە ئاندا - ساندا ئوت كۆرۈنىدۇ. ئوفىتسېرلەر تۇرىدىغان بىر گەمىنىڭ ئىشىگى ئالدىدا بويى پاكار بىر ئوفىتسېر ئاز ۋاقىت تۇرۇپ قالدى؛ ھۆل قوللىرى بىلەن شىنېلىنىڭ پەتلىسىنى سىيلاپ، ئالدىراش تۈگمىسىنى يەشتى، ياقىسىدىكى يامغۇر تامچىلىرىنى سىلكىدى، لاي بولۇپ كەتكەن ئۆتۈكىنى بىر باغلام پاخالغا ئالمان - تالمان سۈرتۈپ، ئاندىن ئىشىكنى ئىتتەردى - دە، ئىڭىشىپ گەمىگە كىردى.

كىچىككىنە كىرسىن چىراقنىڭ پىلىلداپ تۇرغان ساغۇچ يورۇغى ھېلىقى كىرگەن ئادەمنىڭ يۈزىنى مايلىغاندەك پاقىرىتىۋەتتى. تۈجۈركىسىنىڭ تۈگمىسىنى يېشىپ ئالدىنى ئېچىۋەتكەن بىر ئوفىتسېر تاختاي كارۋاتتىن بېشىنى كۆتىرىپ، ئاق سانچىغان چېچىنى قولى بىلەن سىلاپ قويۇپ، ئەسنىدى.

— يامغۇر يېغىۋاتامدۇ؟

— ھە، يېغىۋاتىدۇ، — دىدى كىرگەن مېھمان، شۇ سۆزدىن

كېيىنلا يېشىنىپ، شىنېلىنى ۋە يامغۇردا چۈپ بولۇپ كەتكەن شەپ-كىسىنى ئىشىكنىڭ قېشىدىكى مىخقا ئىلىپ قويدى، — سىلەرنىڭ گەمەگلار ئىسسىق ئىكەن. ئىنىغىلار بىلەن ئىلىتىپ قويۇپسىلەر.

— بايىلا ئوت ياققان ئىدۇق. يامان يېرى شۇكى، يەر ئاس-تىدىن سۇ چىقىپ خاپا قىلىۋاتىدۇ. قۇرۇپ كەتكۇر يامغۇر بىزنى ئارام تاپقۇزماسمىكىن دەيمەن ... شۇنداق بولامدۇ؟ سىزنىڭچە قان-داق بۇنچۇك؟

بۇنچۇك قوللىرىنى ئىشقىلاپ، مۈكچىيىپ، كىچىككىنە مەش-نىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇردى.

— تاختاي ياتقۇزۇڭلار، بىزنىڭ گەمىمىزنىڭ ئىچى را-ھەت: يالىڭاياق ماڭسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. لىستىنىتىسكى قېنى؟

— ئۇخلاۋاتىدۇ.

— خېلى بولدىمۇ؟

— ئاكوپ ئارىلاپ، قايتىپ كېلىپلا ياتقان ئىدى.

— ئويغىتىدىغان ۋاقتى بولدىمۇ؟

— مەيلى، دومىلىتىپ بېقىڭ، بىر ئاز شاخمات ئوينايمىز.

بۇنچۇك كۆرسەتكۈچ بارمىغى بىلەن كەڭ ۋە قويۇق قاشلىرى-دىكى يامغۇر سۈيىنى سىرىپ چۈشۈردى – دە، بېشىنى كۆتەرمەس-تىنلا ئاستا تولغىدى:

— يېۋگېنىي نىكولايېۋىچ!

— تازا ئۇخلاۋاتىدۇ، — چېچى ئاقارغان ئوفىتسېر خۇرسى-نىپ قويدى.

— يېۋگېنىي نىكولايېۋىچ!

— ھە! — لىستىنىتىسكى جەينىكىنى تىرەپ بېشىنى كۆتەردى.

— شاخمات ئوينامدۇق؟

لىستىنتىنسكى پۇتىنى ساڭگىلىتىپ، سېپەرغىنا كۆكسىنى ياستۇقتەك يۇمشاق، قىزغۇچ ئالقىنى بىلەن ئۇزاققىچە سىلاپ ئولتۇردى.

دەسلەپكى بىر تاختا ئويۇن تۈگەي دىگەن چاغدا بەشىنچى يۈزلۈك بۆلۈنمىنىڭ ئوفىتسېرلىرى ياساۋۇل قالماقوپ بىلەن يۈز بېشى چۇبوپ كەلدى.

قالماقوپ بوسۇغىدىن كىرە ـ كىرمەستىنلا:

— بىر يېڭىلىق بار! پولكنى بۇ يەردىن ئېلىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ، — دىدى.

— نەدىن كەلگەن خەۋەر بۇ؟ — چېچى ئاقارغان مۆئاۋىن ياساۋۇل مېركولوپ تازا ئىشەنمەستىن كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— ئىشەنمەمسەن، پېتە تاغا؟

— راستىنى ئېيتسام، ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ.

— باتارىيە كوماندىرى تېلېفون ئارقىلىق ئۇقتۇردى. ئۇ نەدىن بىلىۋالغاندۇ دەمسىلەر؟ بىلمەيچۇ، ئۇ دىۋىزىيىدىن تېخى تۈنۈگۈنلا كەلدىغۇ.

— مونچىغا چۈشۈۋالساق يامان بولماس ئىدى.

چۇبوپ راسا ھوزۇر بىلەن كۈلۈمسىرەپ، ئۆزىنىڭ ئىككى ساغرىسىغا سۈپۈرگە بىلەن شاپىلاقلاپ ئۇرۇپ، يۇيۇنغاندەك قىلىقلارنى قىلدى. مېركولوپ كۈلۈپ تاشلىدى.

— بىزنىڭ گەمىدە پەقەت قازان ئاسساقلا بولدى، سۇ دىگەن ئېشىپ - تېشىپ تۇرۇپتۇ.

— بەك ھۆل ئىكەن، ئۆيۈڭلار نىمە دىگەن ھۆل، خوجايىنلار، —

دەپ غىڭشىپ قويدى قالماقوپ ياغاچ تاملارغا ۋە چىلىقلاپ تۇرغان يەر يۈزىگە بىر قۇر نەزەر تاشلاپ.

— بىقىنىدا ساسلىق تۇرسا.

— ئەيسانىڭ قوينىغا كىرىۋالغاندەك، ساسلىقنىڭ يېنىدىن پانا جاي تېپىپ ئولتۇرغىنىڭلار ئۈچۈن جانابى پەرۋەردىگاغا شۈكۈر ئېيتىڭلار، — دېدى بۇنچۇك سۆزگە ئارىلىشىپ، — قۇرۇق يەردىكىلەر ھۇجۇمغا ئۆتۈۋاتىدۇ، بىز بولساق بۇ يەردە ھەپتىدە ئاران بىر شازا ئوق ئاتىمىز.

— بۇ يەردە تىرىك پېتى چىرىگەندىن كۆرە، ھۇجۇمغا قاتناشقان مىڭ ياخشى.

— كازاكلارنى بۇ يەردە تۇتۇپ تۇرغانلىغى، ئۇلارنى ئاتاكىلاردا يوقىتىش ئۈچۈن ئەمەس، پېتە تاغا. سەن مۇغەمبىرلىك بىلەن بىلمەس كىشى بولۇۋالما.

— ئەمىسە سىنىڭچە، نىمە ئۈچۈن تۇتۇپ تۇرۇشىدۇ؟

— ھۆكۈمەت كونا ئادىتى بويىچە، زۆرۈر پەيتتە كازاكلارنىڭ مۇرىسىگە تايىنىپ، مەدەت ئالماقچى.

— تايىنى يوق گەپنى قىلىۋاتىسەن، — دېدى قالماقوپ قولىنى شىلتاپ.

— بۇ قانداقىسىغا تايىنى يوق سۆز بولىدىكەن؟

— خۇددى شۇنداق.

— قويغىنا، قالماقوپ! ھەقىقەتنى ئاغدۇرغىلى بولمايدۇ.

— بۇنىڭدا نىمە ھەقىقەت بولسۇن...

— بۇ ھەممىگە ئايان ئىشقۇ. مۇغەمبىرلىك قىلىپ نىمە قىلىسەن؟

— دىققەت، جا - نا - بى ئوفىتسېرلەر! — دەپ ھىتاپ قىلدى چۇبوپ، ئاندىن ئەرتىسلەرچە بىر تازىم قىلىپ بۇنچۇكنى قولى بىلەن كۆرسەتتى، — ھازىر خورۇنجى① بۇنچۇك سوتسىيال - دېموكراتلارنىڭ تەبىرنامىسى بويىچە كەلگۈسىدىن بىشارەت بېرىشكە باشلايدۇ.

— سىز قورچاق ئوينىتىمەن دەۋاتامسىز؟ — بۇنچۇك، چۇبوپقا كۆزىنى ئۇچۇرۇپ، مىيىقىدا كۈلدى، — مەيلى ئوي-نىتىۋېرىڭ — ھەر كىمنىڭ بىر ھەۋىسى بولىدىغۇ، ئەمما شۇنى ئېيتىپ قويايكى، بىز ئۆتكەن يىلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئۇرۇش دىگەن نەرسىنى كۆرمەيۋاتىمىز. پوزىتسىيە ئۇرۇشى باش-لانغاندىن تارتىپلا كازاك پولكلىرىنى خىلۋەت جايلارغا تىقىپ قو-يۇپ، ۋاقتى - سائىتى كەلسۇن دەپ، پايدىسىز ئورۇندا ساقلاۋاتىمىز.

— ئاندىنچۇ؟ — دەپ سورىدى لىستنىتسكى شاخماتنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ.

— ئۇندىن كېيىن فۇرونتتا غۇلغۇلا باشلانغاندا، — بۇنداق بولۇشى مۇقەررەر ئىدى: ئۇرۇش سولداتلارنى بىزار قىلىۋەتكەن، قاچقۇنلار سانىنىڭ كۆپىيىشى بۇنىڭ دەلىلى، — ئەنە شۇ چاغدا تو-پىلاڭنى باستۇرۇشقا، تىنچىتىشقا كازاكلارنى سالىدۇ. ھۆكۈمەت كا-زاك قوشۇنىنى تاش - توقماق ئورنىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. كېرەك بولغان چاغدا ئاشۇ تاش بىلەن ئىنقىلاپنىڭ مېڭىسىنى چۇۋۇپ تاشلىماقچى.

— سەن سېھىرلىنىپ قېلىپسەن، ئەزىز دوستۇم! سېنىڭ بۇ پە-رەزلىرىڭ پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ھەممىدىن بۇرۇن، بۇندىن كې-يىن نېمە ئىش بولىدىغانلىقىغا ئالدىنئالا ھۆكۈم چىقىرىپ بول-مايدۇ. كەلگۈسىدە غۇلغۇلا - توپىلاڭ بولۇشىنى ياكى باشقا ئىش-

① خورۇنجى — كازاك ئەسكەرلەردە پودپورۇچىك ئۇنۋانى — ت.

لارنىڭ بولۇشىنى سەن نەدىن بىلىسەن؟ مۇبادا بىز مۇنداق بىر ئىش بولىدۇ، دەپ پەرەز قىلايلى: ئىستىتىپاقداشلار نىمىسلارنى بىتچىت قىلسا، ئۇرۇش پارلاق نەتىجە بىلەن ئاياقلاشسا، ئۇ چاغدا سەن كازاكلارغا قانداق ۋەزىپە تاپشۇرىسەن؟ — دەپ ئىتىراز بىلدۈردى لىستىنىتىسكى.

بۇنچۇك زومۇ زو كۈلۈپ قويدى.

— ھىچ ئاياقلىشىدىغانغا ئوخشىمايدۇ، يەنە كېلىپ پارلاق نەتىجە بىلەن ئاياقلىشىدىغاندەك ئەمەس.

— ئۇرۇشنى ئۇزاققا سوزۇۋېتىشتى ...

— بۇندىن كېيىن تېخىمۇ ئۇزاققا سوزىلىدۇ، — دىدى بۇنچۇك.

— دەم ئېلىشتىن قاچان قايتىپ كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى قالماقوپ.

— ئۈلۈشكۈن.

بۇنچۇك ئاغزىنى يۇمۇلاقلاپ، تىلى بىلەن تۈتۈننى ھالقا قىلىپ چىقاردى - دە، تاماكا قالدۇغىنى پۈپلەپ تۈكۈرۈۋەتتى.

— قەيەردە بولدۇڭ؟

— پېتروگىرادتا.

— خوش، ئۇ يەر قانداق ئىكەن؟ پايتەخت شاۋقۇنلۇقمۇ؟ ئىھە، ئۇ يەردە بىر ھەپتە بولسىمۇ تۇرۇۋالسام، ھىچنىمەمنى ئايىماس ئىدىم.

— خوشال قىلارلىق نەرسە ئاز، — دەپ ھەر بىر سۆزىنى سالماقلاپ سۆزلەشكە باشلىدى بۇنچۇك، — ئاشلىق يېتىشمەيدۇ، ئىشچىلار تۇرىدىغان رايونلاردا ئاچارچىلىق، نارازىلىق، مەخپى قارشىلىق سېزىلىپ تۇرىدۇ.

— بۇ ئۇرۇشتىن بىز ئامان - ئېسەن چىقالمايمىز. سىلەرنىڭ

پىكرىڭلار قانداق، جاناپلار؟ — مىركولوپ سوئال ئەزىرى بىلەن ھەممەيلەنگە قاراپ قويدى.

— روس - ياپون ئۇرۇشى 1905 - يىلدىكى ئىنقىلاپنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى، بۇ ئۇرۇشمۇ يېڭى بىر ئىنقىلاپ بىلەن ئاياقلىشىدۇ. يالغۇز ئىنقىلاپ بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئىچكى ئۇرۇش بىلەن تۈگەيدۇ.

لىستىنىتسكى، بۇنچۇكنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتمەكچى بولغاندەك بىر خىل قىلىقلارنى قىلدى، ئاندىن ئورنىدىن تۇردى - دە، قاپىقىنى تۈرۈپ كەمىنىڭ ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ غەزىۋىنى ئاران يۇتۇپ، سۆز ئاچتى:

— مېنى شۇنداق بىر ئەھۋال تەئەججۈپلەندۈرىدۇكى، بىزنىڭ ئوفىتسېرلەر ئارىسىدا مانا مۇنداق ئادەملەر، — ئۇ، مۆكچىيىپ تۇرغان بۇنچۇك تەرەپنى قولى بىلەن كۆرسەتتى، — شەخسلەر بار. ئەجەپلىنىشىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇنىڭ ۋەتەنگە، ئۇرۇشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى ماڭا تاشۇكەمگىچە ئايدىڭ ئەمەس ... بىر كۈنى پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا، ئۇ ناھايىتى تۇتۇق پىكىرلەرنى ئېيتتى، لېكىن شۇنداق بولسىمۇ بۇ پىكىرلەردىن ئۇنىڭ بۇ ئۇرۇشتا بىزنىڭ مەغلۇپ بولۇشىمىزنى ياقلايدىغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى. سىنىڭ سۆزۈڭدىن مەن ئاشۇنداق مەنانى چۈشەندىم، توغرىمۇ، بۇنچۇك؟

— مەن يېڭىلىش تەرەپدارى.

— نىمە ئۈچۈن؟ مېنىڭچە، سىنىڭ سىياسى كۆز قاراشلىرىڭ قانداق بولسا - بولسۇن، ئەمما ئۆز ۋەتىنىڭنىڭ مەغلۇبىيىتىنى تىلەش — بۇ... مىللەتكە قىلىنغان خائىنلىق.بۇ — ھەربىر ۋىجدانلىق كىشى ئۈچۈن نومۇسسىزلىق!

— بولشېۋىكلارنىڭ دۇمادىكى[1] فراكسىيىسىنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى تەشۋىقاتى، شۇ ئارقىلىق مەغلۇبىيەتكە تۈرتكە بولغانلىقى سىلەرنىڭ ئېسىڭلاردىمۇ؟ — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى مېركولوپ.

— سەن ئۇلارنىڭ نۇقتىئىنەزىرىگە قوشۇلامسەن، بۇنچۇك؟ — دەپ سوئال بەردى لىستىنتىسكى.

— مەن مەغلۇبىيەتنى ياقلاپ سۆزلىگەن ئىكەنمەن، ئۇ ھالدا ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن دىگەن سۆز. مەن رۇسسىيە سوتسىيال - دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ بىر ئەزاسى، بولشېۋىك تۇرۇقلۇق ئۆز پارتىيەمنىڭ فراكسىيىسىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىگە قوشۇلمىسام، خالايىق ماڭا تازا كۈلگەن بولاتتى. مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغان بىر ئىش شۇكى، يېۋگېنىي نىكولايېۋىچ، سەن ئۆزەڭ زىيالى ئادەم تۇرۇقلۇق، سىياسى جەھەتتىن ساۋاتسىز ئىكەنسەن...

— مەن ھەممىدىن بۇرۇن پادىشاغا سادىق بىر سولداتمەن. «سوتسىيالىست يولداشلار»نىڭ تۇرقىلا مېنى سەسكەندۈرىدۇ.

«سەن ھەممىدىن بۇرۇن ئەخمەق، ئۇنىدىن كېيىن ئۆزىگە تەمەننا قويغان تەربىيىسىز نادانسەن» دەپ ئويلىدى بۇنچۇك كۈلكىسىنى ئاران بېسىپ.

— يوق ئىلاھى مەۋجۇت، ئاللاتائالادىن بۆلەك.

— ھەربىلەر ئارىسىدا پۈتۈنلەي ئۆزگىچە بىر ۋەزىيەت شەكىللەنگەن، — دەپ سۆز قىستۇردى مېركولوپ ئۇززە ئېيتقاندەك، — بىز ھەممىمىز قانداقتۇ سىياسەتتىن بىر چەتتە تۇرىمىز. گويا بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئالاقىمىز يوقتەك.

---

[1] دۇما — ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن بۇرۇن روسىيىدە پەقەت نامىدىلا قانۇن چىقىرىش ياكى مەمۇرى ئىشلارنى بەلگىلەش ئۈچۈن سايلانغان ۋەكىللەر مەجلىسى — ت.

قالماقوپ شاپ بۇرۇتىنى سىلاپ، ئوتتەك يېنىپ تۇرغان موڭغۇل كۆزلىرىنى چاقنىتىپ ئولتۇراتتى. چۇبوپ كارۋاتنىڭ ئۈستىدە يېتىپ، سۆزلىشۋاتقانلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالسىمۇ، كۆزلىرى مېركولوپ تامغا قېقىپ قويغان، تاماكا تۈتۈنىدىن سارغىيىپ كەتكەن رەسىمدە ئىدى: رەسىمدە يۈزى ماگدالىنانىڭ يۈزىدەك يېرىم يالىڭاچ بىر ئايال كىشىنىڭ غىشىغا تېگىدىغان دەرىجىدە ھاياسىزلىق بىلەن ھىجىيىپ، ئۆزىنىڭ يالىڭاچ كۆكسىگە قاراپ تۇراتتى. سول قولىنىڭ ئىككى بارمىقى بىلەن ئەمچىكىنىڭ جىگەررەڭ ئۇمىزگىسىنى تارتىپ تۇراتتى، چىمچىلىقى ئېھتىيات بىلەن قايرىلغان، ساڭگىلاپ تۇرغان قاپىقىنىڭ ئاستىدا سايىۋە كۆزقارىچۇغىنىڭ ئىللىق نۇرى. سەل كۆتىرىلىپ تۇرغان مورىسى شېرىلىپ چۈشكەن ئىچ كۆينىكىنى تۇتۇپ تۇراتتى، كۆكرەك سۆڭگىكىنىڭ چوڭقۇرلۇغىغا يۇمشاق ماموقتەك يوروق چۈشۈپ تۇراتتى. ئايالنىڭ تۇرقىدا شۇنچىلىك تەبىئىي نەپاسەت، ھەقىقىي چىنلىق ئىپادىلەنگەن بولۇپ، خىرە بېرىلگەن بوياقلار تەرىپىگە سىغمايدىغان دەرىجىدە گۈزەل ئىدىكى، چۇبوپ ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرەپ، ماھارەت بىلەن سىزىلغان بۇ رەسىمگە قاتتىق بېرىلىپ كەتكەچكە، بولۇۋاتقان گەپ - سۆزلەر قۇلىغىغا ئاڭلىنىپ تۇرسىمۇ، مېڭىسىگە كىرمەيتتى.

— بەك ياخشى! — دەۋەتتى چۇبوپ رەسىمدىن كۆزىنى ئېلىپ، ئەمما بۇ سۆزى تولىمۇ ئورۇنسىز ئىدى، چۈنكى بۇنچۇك ئۆزىنىڭ سۆزىنى:

— ... چار تۈزۈمى يوقىتىلىدۇ، بۇنىڭغا ئىشەنسەڭلىمۇ بولىدۇ! — دىگەن جۈملە بىلەن ئاياقلاشتۇرۇپ تۇراتتى.

لىستىنىتسكى تاماكا ئورىغاچ زەھەرخەندە بىلەن ھىجىيىپ، بىر بۇنچۇككا، بىر چۇبوپقا قارايتتى.

— بۇنچۇك! — دەپ چاقىردى قالماقوپ، — سىز تۇرۇپ

تۇرۇڭ لىستىنىتىسكى!..بۇنچۇك ئاڭلاۋاتامسىز؟... خوش، ماقۇل، بۇ ئۇرۇشنى ئىچكى ئۇرۇشقا ئايلىنىدۇ، دەپ پەرەز قىلايلۇق... كېيىن قانداق بولىدۇ؟ خـوپ، سىلـەر پادىشالىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇڭلار... سىزلەرچە، مەملىكەتنى باشقۇرۇش قانداق بولۇش كېرەك؟ هاكىمىـ يەت قانداق بولۇش كېرەك؟

— پۇرولېتارىيات هاكىمىيىتى.

— پارلامېنتىمۇ، قانداق؟

— بەك يۈزە بولۇپ قالار! — دەپ كۈلۈپ قويدى بۇنچۇك.

— ئۇنداق بولسا زادى قانداق؟

— ئىشچىلار دىكتاتۇرىسى بولۇش كېرەك.

— هە، شۇنداقمۇ!... ئۇ چاغدا زىيالىلار بىلەن دېخانلارنىڭ رولى قانداق بولىدۇ؟

— دېخانلار بىزگە ئەگىشىدۇ، ئوي - پىكرى بىز بىلەن ئوخشاش بولغان زىيالىلارنىڭ بىر قىسمىمۇ شۇنداق، ئەمما قالغانـ لىرىنى... قالغانلىرىنى مانا مۇنداق قىلىمىز...، — بۇنچۇك قولىدىكى بىر قەغەزنى شارت - شارت تولغاپ - تولغاپ، قاتتىق ئورىدى - دە، چىشىنى چىشلىغىنىچە: — مانا شۇنداق قىلىمىز! — دېدى.

— بەك ئىگىز پەرۋاز قىلىۋاتىسىز...، — لىستىنىتىسكى مىـ يىغىدا كۈلدى.

— ئىگىزگە پەرۋاز قىلساق، يەنە قونىمىز، — دەپ سۆزىـ نى تۈگەتتى بۇنچۇك.

— بالدۇرراق يەرگە پاخال سېلىپ قويۇش كېرەك...

— سىز قانداق بالا - قازا! تۆپەيلىدىن فۇرونتقا ئىختىيا- رىي هالدا كېلىپ قالدىڭىز ۋە هەتتا ئوفىتسېرلىك ئۇنۋانىغا سازاۋەر بولدىڭىز؟ بۇنى سىزنىڭ كۆزقارىشىڭىز بىلەن قانداق سىغدۇرۇشقا بولار؟ ئاجايىپ ئىش! ئۆزى ئۇرۇشقا قارشى...

هـەي ـ هـەي...، ئـۆزىـنـىڭ ئـاشـۇ... سىنىپىي قېرىنداشلىرىنى يوقىتىشقا قارشى ـــ ئەمما شۇنداق تـۇرۇقـلۇق بىردىنلا... خـو-رۇنجى دەرىجىگە كۆتىرىلگەن!

قالماقوپ ئۆتۈگىنىڭ قونجىغا بىر شـاپىلاق ئۇرۇپ، ئەستا-يىدىللىق بىلەن قاقاقلاپ كۈلدى.

ـــ سىز ئۆزىڭىزنىڭ پىلىموتچىلار كـومـاندىرى بىلەن قان-چـىلىك نېمىس ئـىشچىلىرىنى يـوقـاتتىڭىز؟ ـــ دەپ سـورىـدى لىستىنىتىسكى.

بۇنچۇك شىنىپلىنىڭ يـان يانچۇغىدىن چـوڭ بىر يۆگەم قە-غەزنى ئـالـدى ـ دە، لىستىنىتىسكىگە ئارقىسىنى قىلىپ تـۇرۇپ، ئۇنى خېلى ئۇزاققىچە ئاختۇردى، ئاندىن شىرەنىڭ قېشىغا كېلىپ، سارغىيىپ كەتكەن كـونا بىر گېزىتنى يېيىپ، تـومـۇرلىرى كۆپۈپ چىققان كەڭ ئالقىنى بىلەن سىلىقدىدى.

ـــ مېنىڭ قـانچىلىك نېمىس ئىشچىلىرىنى ئېتىپ ئۆلتۈر-گەن ـ ئـۆلتۈرمىگەنلىكىم بـۇ... بىر مـەسىلە. ئەمدى ئۇرۇش سې-پىگە ئۆز ئىختىيارىم بىلەن كـەلگەنلىكىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، ها-مان بىر كـۈنى مېنى ئەسكەرلىككە تـۇتماي قـويمايتتى. بۇ يەرگە كېلىپ، ئـاكوپلاردا هـاسىل قىلغان بىلىملىرىم، كـەلگۈسىدە... بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئەسقېتىپ قـالار دەپ ئويلايمەن. مانا بۇ-نىڭدا مۇنداق ئېيتىلغان...

شۇنىڭ بىلەن ئۇ، لېنىننىڭ سۆزلىرىنى ئوقۇپ چىقتى:

«هازىرقى قوشۇننى ئالايلى: بۇ ـــ ئەڭ ياخشى تەشكىلات ئەمۇنىلىرىدىن بىرىدۇر. بۇ تەشكىلاتنىڭ ياخشىلىقىنىڭ سەۋەبى پەقەت شۇكى، بـۇ تەشكىلات ـــ چـاققان تەشكىلاتتۇر، شۇنىڭ بىلەن بىللە مىليون ـ مىليون كىشىلەرنى بىرئىرادىگە بويسۇن-

دۇرىدۇ. بۇگۈن بۇ مىليون - مىليونلار ئۆز ئۆيلىرىدە، مەملىكەت-
نىڭ تۇرلۇك چەت - ياقىلىرىدا ئولتۇرىدۇ. ئەتە سەپەرۋەرلىك
توغرىسىدا بۇيرۇق بولسا — ئۇلار بەلگىلەنگەن پونكىتقا كېلىپ
توپلىنىدۇ. بۇگۈن ئۇلار خەندەكلەردە ياتىدۇ، بەزىدە ئايلاپ
ياتىدۇ، ئەتە ئۇلار باشقا بىر ئۇسۇل - تەرتىپ بىلەن قەتئىي
ھۇجۇم قىلىشقا بارىدۇ. بۇگۈن ئۇلار ئوقتىن ۋە شىراپنېلدىن①
يوشۇرۇنۇپ، ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەتە ئۇلار ئو-
چۇق جەڭدە ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇگۈن ئۇلارنىڭ
ئالدىنقى ئەترەتلىرى يەر ئاستىغا مىنالار كۆمىدۇ. ئەتە ئۇلار
ئۇچقۇچىلارنىڭ كۆرسىتىشى بويىچە يەر ئۈستىدە نەچچە 10 چا-
قىرىم مۇساپىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. بىر ئىرادە بىلەن روھلانغان
مىليون - مىليون كىشىلەر بىر مەقسەت ئۈچۈن ئۆزگىرىپ تۇرى-
دىغان شارائىت ۋە كۈرەش تەلەپلىرىگە قاراپ ئۆز ئالاقە شەك-
لىنى ۋە ھەركەت شەكلىنى ئۆزگەرتسە، پائالىيەت ئېلىپ بارى-
دىغان جاي بىلەن پائالىيەت ئۇسۇللىرىنى ئۆزگەرتسە — مانا
بۇ تەشكىلات دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۈرىشىمۇ
خۇددى شۇنداق بولۇشى كېرەك. بۈگۈن ئىنقىلاۋىي ۋەزىيەت
مەۋجۇت ئەمەس ئىكەن...»

— «ۋەزىيەت» دېگەن نېمە؟ — دەپ سۆزنى بۆلدى چۇبوپ،

بۇنچۇك، بىرسى ئۇيقۇسىنى بۇزۇۋەتكەندەك بىر قوزغىلىپ
قويدى - دە، بېرىلگەن سوئالنىڭ تېگىگە يەتمەكچى بولغاندەك،
مۇدۇر باسقان پېشانىسىگە باشمالدىقىنىڭ بوغۇنىنى سۈركەشكە
باشلىدى.

— «ۋەزىيەت» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە دەپ سوراۋاتىمەن!

① شىراپنېل — ئىچى ئوق بىلەن تولدۇرۇلغان زەمبىرەك ئوقى.

— بۇ سۆزنى چۈشىنىشىنىغۇچۈشىنىمەن، ئەمما لايىغىدا چۈ-
شەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن...، — بۇنچۇك ساددا، گۆدەكبالىدەك ياي-
راپ كۈلۈمسىرەپ قويدى؛ ئۇنىڭ تۇتۇق جىددى چىرايىدا تەبەس-
سۇمنىڭ پەيدا بولۇشى غەلىتە بولۇپ كۆرۈنىدى: گويا يامغۇردىن
كېيىن خىرە پاقىراپ تۇرغان كۆزگى دالىدا ئاق بوز توشقان بالى-
سى ئويناقشىپ چېپىپ يۈرگەندەك ئىدى، — ۋەزىيەتدىگىنىمىز-
بۇئەھۋال، شارائىت، ھالەت دىگەندەكلا بىرگەپقۇ — مانا شۇ تۈردى-
كى سۆزلەر. مۇشۇ ئېيتقىنىم توغرىمۇ؟

لىستىنىتىسكىچۈشىنىكسىزلا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— قېنى، ئاخىرىنى ئوقۇ.

«بۈگۈن ئىنقىلاۋىي ۋەزىيەت مەۋجۇت ئەمەس ئىكەن،
ئاما ئىچىدە غۇلغۇلا پەيدا قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلى-
غىنى يۇقۇرى كۆتىرىش ئۈچۈن شارائىت يوق ئىكەن، بۈگۈن
سىنىڭ قولۇڭغا سايلام ۋەرەقىلىرى بېرىلەر ئىكەن — ئۇنى قو-
لۇڭغا ئال؛ تۈرمىدىن قورقۇپ، ئۆز ئورۇندۇغىغا مەھكەم يېپىش-
شىۋالىدىغان ئادەملەرنى پارلامېنتتىكى ئىسسىققىنە جايلارغا ئول-
تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆز دۈشمەنلىرىڭگە زەربە بې-
رىش ئۈچۈن ئۈيۈشۈشنى ئۆگىنىۋال. ئەتە سېنىڭ قولۇڭدىن
سايلام ۋەرەقىسىنىتارتىۋېلىپ، قولۇڭغا قورال ۋە ماشىنا تېخنى-
كىسىنىڭ يېڭى ئىختىراسى ئاساسىدا ئىشلەنگەن تولىمۇ ئاجا-
يىپ تېز ئاتار زەمبىرەكنى بەرسە — مانا شۇ ئەجەل ئۇرۇغىنى
ۋە ۋەيران قىلغۇچى قورالنى ئالغىن، ئۇرۇشتىن قورقىدىغان رو-
ھىي زەئىپ يىغلاڭغۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالما؛ دۇنيادا ئىش-
چىلار سىنىپىنى ئازات قىلىش ئۈچۈن ئوت ۋە تۆمۈر بىلەن يو-
قىتىلىشى لازىم بولغان نەرسىلەر تېخى ناھايىتى كۆپ، شۇڭا،

ئەگەر ئامما ئىچىدە غەزەپ ۋە نەپرەت ئوتى كۈچىيىپ بېرىۋاتقان بولسا، ئەگەر ئىنقىلاۋىي ۋەزىيەت مەۋجۇت بولسا، ئۇ چاغدا يېڭى تەشكىلات قۇرۇشقا ۋە شۇنچىلىك پايدىلىق بولغان ئەجەل ئورۇغىنى ۋە ۋەيران قىلغۇچى قوراللارنى ئۆز ھۆكۈمىتىگە ۋە ئۆز بۇرژۇئازىيىگە قارشى ئىشقا سېلىشقا تەييارلان...»

بۇنچۇك تېخى ئوقۇپ تۈگەتمەستىنلا، 5 - بۆلۈمنىڭ ۋاخمىستىرى ئىشىكنى قېقىپ كەمىگە كىرىپ كەلدى.

— جانابى ئالى، پولك ئىشتاۋىدىن چاپارمەن كەلدى، — دېدى ئۇ قالماقوپقا.

قالماقوپ بىلەن چۇبوپ كىيىنىپ كەمىدىن چىقىپ كېتىشتى. مېركولوپ ئىسقىرتىپ، رەسىم سىزىشقا ئولتۇردى. لىستىنىتسكى بۇرۇتىنى چىمدىپ بىرنىمىنى ئويلاپ ھامان كەمىنىڭ ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. كۆپ ئۆتمەي، بۇنچۇكمۇ خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. ئۇ، سول قولى بىلەن شىنېلىنىڭ ياقىسىنى، ئوڭ قولى بىلەن ئىككى پېشىنى كۆتىرىۋېلىپ، چىلىق - چىلىق پاتقاق بولۇپ كەتكەن يول بىلەن يۈرۈپ كەتتى. شامال ئېقىمى تارخەندەك يول بويلاپ سوقۇپ تۇراتتى؛ پەلەمپەي شەكلىدىكى يەرلەردە غۇيۇلداپ، ئىسقىرت چالاتتى. بۇنچۇك قاراڭغۇدا ئىمىشقىدۇ بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ ماڭاتتى. ئۇ يامغۇردا يەنە ھۆل بولۇپ، قىزىل قىيىننىڭ چىرىگەن ياپراقلىرىنىڭ ھىدىنى پۇراپ، ئۆز كەمىسىگە ئاران يېتىۋالدى. پىلىموتچىلار كوماندىسىنىڭ باشلىغى ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ قارا بۇرۇت، قارا قۇمچاق ئادەم بولۇپ، يۈزىدە ئۇيقۇسىزلىقنىڭ كۆكۈش بەلگىلىرى ئىز قالدۇرغان (ئۇدا 3 قارتا ئويىنغان ئىدى). بۇنچۇك ئىلگىرىدىن

تارتىپ ساقلاپ كېتىۋاتقان سولداتلىق خالتىسىنى ئاختۇرۇپ، ئىشىك-نىڭ تۈۋىدە بىر توپ قەغەزنى ئوتتا كۆيدۈردى - دە، شالۋۇرىنىڭ يانچۇقىغا 2 قۇتا كونسېرۋا ۋە بىرنەچچە چاڭگال تاپانچا ئوقى-نى سېلىپ، تالاغا چىقتى. بىر دەقىقە ئوچۇق قالغان ئىشىكتىن شامال ئۇرۇپ، بايىقى بوسۇغىنىڭ ئالدىدا كۆيدۈرۈلگەن قەغەزنىڭ كۈلىنى ئۇچۇرۇپ كىردى - دە، تۇتەپ تۇرغان چىراقنى ئۆچۈرۈپ تاشلىدى.

بۇنچۇك كەتكەندىن كېيىن لىستىنىتىسكى 5 مىنۇتچە ئۇن-چىقماي مىڭىپ يۈرۈپ، شىرەنىڭ قېشىغا كەلدى. مېركولوپ بې-شىنى بىر تەرەپكە قىشايتۇرۇپ رەسىم سىزىۋاتاتتى. ئىنچىكە ئۇچلانغان قېرىنداش ئۇتۇنىسىمان سايە چۈشۈرۈۋاتاتتى، بۇنچۇكنىڭ كۆلۈمسىرەشكە ئادەتلەنمىگەن، پەقەت زومۇ - زولا تەبەسسۇم قىل-غان يۈز - چىرايى تۆت چاسا ئاق قەغەزدىن قاراپ تۇراتتى.

مېركولوپ رەسىمنى ئۆزىدىن نېرىراق تۇتۇپ:

— كۈچلۈك تۈمشۇق، — دىدى - دە، بېشىنى كۆتىرىپ لىستىنىتىسكىگە قارىدى.

— خوش، بۇ قانداق بولغىنى، — دەپ سورىدى لىستىنى-تىسكى.

— كىم بىلىدۇ؟ — دەپ جاۋاپ بەردى مېركولوپ سوئال-نىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولۇپ، — ئۇ غەبلىتە يىگىت، ئەمدى چۈشىنىشلىك بولۇۋاتىدۇ، نۇرغۇن جەھەتتىن ئايدىڭلىشىپ قالدى، بۇرۇن ئۇنىڭغا قانداق باھا بېرىشنى بىلمەيتتىكەنمەن. بىلسەمسەن، ئۇ كازاكلاردىن، بولۇپمۇ پىلىموتچىلاردىن ناھايىتى ئوبدان پاي-دىلىنىۋاتىدۇ. بۇنى سەن بايقىدىڭمۇ؟

— توغرا، — لىستىنىتىسكى مۇجىمەللا جاۋاپ بەردى.

— پىلىموتچىلارنىڭ ھەممىسى بولشېۋىك. ئۇلارنى ئۆزىگە

مايىل قىلىشىنىڭ ئېپىنى تاپقان ـ دە. بۈگۈن ئۇ ئۆزىنىڭ قىياپىتىنى ئاشكارىلىغانلىقىغا ھەيران قالدىم. نىمە ئۈچۈن؟ ئۇ، خۇدابىلەر، ھەممىنى ئەتەي ئېيتتىغۇ دەيمەن! بىزنىڭ ئىچىمىزدىن ھېچكىم ئاشۇ كۆزقاراشلارغا قوشۇلمايدىغانلىقىنى ئۇ بىلىدۇ، ئەمما نىمىشقىدۇ كۆڭلىدىكىنى ئېچىپ تاشلىدى. ئۇ قېنى قىزىق ئادەملەردىن ئەمەسقۇ. خەتەرلىك ئادەم.

مېركولوپ، بۈنچۈكنىڭ غەلىتە قىلىقلىرى توغرىلىق ئاشۇنداق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، رەسمىنى قويۇپ قويدى ـ دە، يېشىنىشكە باشلىدى. ھۆل بولۇپ كەتكەن پايپىقىنى مەشىنىڭ ئۈستىگە ئېسىپ قويدى، سائىتىنى بۇرىدى، بىر تال تاماكا چېكىپ ياتتى. كۆپ ئۆتمەي ئۇيقۇغا كەتتى. لىستىنىتسكى بۈندىن چارەك سائەت ئىلگىرى مېركولوپ ئولتۇرغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ئىنچىكە ئۇچلانغان قېرىنداشنى ئىشقا سېلىپ رەسىم سىزىلغان قەغەزنىڭ ئارقا تەرىپىگە كەڭ ـ كەڭ خەت يېزىشقا باشلىدى:

«جانابى ئالىلىرى!

بۈندىن ئىلگىرى سىزگە مەلۇم قىلغان تەخمىن ـ پەرەزلىرىم تولۇق ئىسپاتلاندى. خورۇنجى بۈنچۈك بىزنىڭ پولكنىڭ ئوفىتسېرلىرى بىلەن (مەندىن بۆلەك 5 ـ بۆلۈمنىڭ ياساۋۇلى قالماقوپ، يۈزبېشى چۇبوپ، 3 ـ بۆلۈمنىڭ مۇئاۋىن ياساۋۇلى مېركولوپ بار ئىدى) پاراڭلاشقاندا (ئىقرارمەنكى، نىمە مەقسەت بىلەن ئىكەنلىكىنى مەنمۇ چۈشەنمەيمەن) ئۆزىنىڭ سىياسى مەسلىكىگە مۇۋاپىق ئىجرا قىلىنىۋاتقان ۋەزىپىلەرنى ئوچۇق چۈشەندۈرۈپ بەردى، بۇ ئىش، بەلكىم، پارتىيىسىنىڭ تاپشۇرۇغى بويىچە بولغاندۇ. ئۇنىڭ يېنىدا مەنئى قىلىنغان خاراكتېردىكى بىر توپ قەغەز بار ئىكەن، مەسىلەن، ئۇ، ئۆز پارتىيىسىنىڭ

جەنۋەدە چىقىدىغان ئورگان گېزىتى «سوتسىيال - دېموكرات» تىن ئۈزۈلدە ئوقۇدى. خورۇنجى بۇنچۇك، شۇبھىسىز، بىزنىڭ پولكتا يەر ئاستى خىزمىتى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ (شۇڭلاشقا ئۇ، بىزنىڭ پولكقا ئۆز ئىختىيارىي بىلەن كىرگەن ئىكەن، دىگەن پەرەز بار)، پىلىموتچىلار ئۇنىڭ تەشۋىقاتىنىڭ بىۋاستە نىشانى بولۇپ قالغان. ئۇلارنى چىرىتىپ بولغان. ئۇنىڭ زىيانلىق تەسىرى پولكنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىكى كەيپىياتىغا بەرھەم بەرمەكتە — جەڭگىۋار ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتىن باش تارتقان ئەھۋاللارمۇ بولدى. بۇ توغرىلىق ئۆز ۋاقتىدا مەن دىۋىزىيە ئىشتابىنىڭ مەخسۇس بۆلۈمىنى ۋە باشقا ئورۇنلارنى خەۋەردار قىلغان ئىدىم.

خورۇنجى بۇنچۇك يېقىندا دەم ئېلىشتىن قايتىپ كەلگەن ئىدى (پېتروگرادقا بارغان ئىكەن)، ئۆزى بىلەن بىللە نۇرغۇن يامان كىتاپلارنى ئالغاچ كەلگەن؛ ئۇ ھازىر ئۆز ئىشىنى جىددىلىك بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇشنىڭ كويىدا بولماقتا.

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغانلارنى يەكۈنلەپ، مۇنداق خۇلاسىگە كېلىمەن: ئا) خورۇنجى بۇنچۇكنىڭ جىنايەتكارلىغى ئېنىقلىنىپ بولدى (ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەن چاغدا ئۈستىدە بار بولغان جانابى ئوفىتسېرلەر مەن بەرگەن مەلۇماتنىڭ راستلىغىغا قەسەم بىلەن گۇۋالىق بېرەلەيدۇ)؛ ب) ئۇنىڭ ئىنقىلاۋىي پائالىيىتىنى چەكلەش ئۈچۈن ئۇنى ھازىرلا قاماققا ئېلىپ، ھەربى دالا سوتىغا تاپشۇرۇش زۆرۈر؛ ۋ) پىلىموتچىلار كوماندىسىنى دەرھال بىر باشتىن تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈپ، ئالايىتەن خەتەرلىكلىرىنى تازىلاپ چىقىرىپ، قالغانلىرىنى ئارقا سەپكە ئەۋەتىۋېتىش ياكى ھەرقايسى پولكلارغا تارقىتىۋېتىش كېرەك. ۋەتىنىمىز ۋە پادىشانىڭ مەنپەئەتلىرى يولىدا خىزمەت قىلىشقا بولغان سەممىي تىرىشچانلىغىمنى ئۇنتۇپ قالماسلىغىڭىزنى ئۆتۈنىمەن. بۇ خەتنىڭ كۆچۈرمە نۇسخىسىنى س. ت. كورپقا

يولىماقچىمەن.

ياساۋۇل يېۋگېنىي لىستىنىتىسكى

1916 - يىل، 20 - ئۆكتەبىر

No7 ھەربى رايون

ئەتىسى ئەتىگەن لىستىنىتىسكى مەلۇماتنى بىر چاپارمەن ئارقىلىق دىۋىزىيە ئىشتاۋىغا يوللىۋەتتى - دە، ئەتىگەنلىك تاماقنى يەپ بولۇپ، گەمىدىن چىقتى. ساسلىقنىڭ ئۈستىدىكى ئاكوپ توپىلىرىدىن ھاسىل بولغان تېيىلغاق دۆمبەنىڭ ئارقا تەرىپىدە تۇمان تەۋرىنەتتى، ساڭگىلاپ تۇرغان پارچىلىرى گويا سىم توساقنىڭ تىكەنلىرىگە مىخلاپ قويغاندەك ئېسىلىپ قالغان ئىدى. خەندەكنىڭ تېگى يېرىم سويامچە سۇيۇق لاي بولۇپ كەتكەن. ئوق ئاتىدىغان تۆشۈكلەردىن جىگەررەڭ ئېرىقچىلار پەيدا بولۇپ، سۇ سىرىلىپ ئاقاتتى. ئۈستىدىكى شىنىلى چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن كازاكلار مىلتىقلىرىنى خەندەكنىڭ تېمىغا يۆلەپ قويۇپ، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، تاماكا چېكىشىپ، تۆمۈر قالقان ئۈستىدەكورا بىلەن چاي قاينىتىۋاتاتتى.

— لىستىنىتىسكى تۈتۈن چىقىۋاتقان ئوتنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان بىر توپ كازاكلارنىڭ قېشىغا يېتىپ كېلىپ:

قالقان ئۈستىدە ئوت ياقماڭلار دەپ نەچچە قېتىم ئېيتقان ئىدىمغۇ! نېمىشكە گەپنى چۈشەنمەيسىلەر ئەبلەخلەر؟ — دەپ قەھرى بىلەن ۋاقىرىدى.

2 كازاك خوشياقمىغاندەك ئورنىدىن تۇردى، قالغانلىرى شىنىلىنىڭ ئېتىكىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇۋەردى.

قۇلىغىنىڭ قورۇق باسقان سالپىچىغىغا كۈمۈش سىرغا

تاقىۋالغان قارا قۇمچاق، ساقاللىق بىر كازاك كورنىنىڭ ئاستىغا بىر سىقىم چىۋىقنى سېلىۋېتىپ:

— قالقان ئىشلەتمەيمۇ خوشال ـ خورام ئۆتۈۋېرەتتۇق ئەمما، جانابى ئالى، ئوتنى قانداق كۆيدۈرگىلى بولىدۇ؟ قارىماسەن، بۇ يەردىكى سۇنى! بىر غېرىچ كېلىدۇ، — دەپ جاۋاپ بەردى.

— قالقاننى هازىرلا ئېلىۋەت!

— مانا گەپ، بىز بۇ يەردە ئاچ ئولتۇرامدۇق؟ شۇنداق دەڭ...، — دىدى تەۋەڭ يۈز چوقۇر كازاك هومىيىپ، تەتۈر قاراپ.

— مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن ... قالقاننى ئېلىپ تاشلا! — لىستىنىتىسكى كورنىنىڭ ئاستىدا كۆيۈۋاتقان شاخ ئوتۇننى ئۆتۈكىنىڭ ئۇچى بىلەن تېپىپ چېچىۋەتتى.

هېلىقى قولىغىدا سىرغىسى بار ساقاللىق كازاك خىجىل بولۇپ، زەهەرخەندە بىلەن كۈلۈپ، كورىدىكى ئىسسىق سۇنى تۆكۈۋەتتى ـ دە، غودۇڭشىپ:

— چاينىمۇ ئىچىپ بولدۇق، يىگىتلەر ...، — دىدى.

كازاكلار ئۈنچىقماستىن مۇداپىئە سىزىغىنى بويلاپ كېتىۋاتقان ياساۋۇلنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قېلىشتى. ساقاللىق كازاكنىڭ ياشاڭغىرىغان كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى.

— بىزنى خاپا قىلىپ كەتتى، ئىت!

— ئە ـ تە ـ ڭ!...، — بىر كازاك مىلتىغىنىڭ تاسمىسىنى مۈرىسىگە ئېسىۋېتىپ، چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويدى.

4 ـ ۋىزۋوتنىڭ ئۇچاستىكىسىدا لىستىنىتىسكىنى مىركولوپ قوغلاپ يەتتى. ئۇ يېڭى خۇرۇم تۇجۇركىسىنى غىچىرلىتىپ، هاسىراپ يېتىپ كەلدى، ئاغزىدىن ئاچچىق موخوركا هىدى كېلەتتى. لىستىنىتىسكىنى بىر چەتكە چاقىردى ـ دە، ئۆپكىسىنى باسالماستىن تېز-

تېز سۆزلەپ كەتتى.

— يېڭىلىقنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ ھېلىقى بۇنچۇك بۈگۈن كېچە قېچىپ كېتىپتۇ.

— ... بۇنچۇك؟ نە — مە — ھە؟

— قېچىپ كېتىپتۇ، ... ئۇقتۇڭمۇ؟ پىلىموتچىلار كوماندىرىنىڭ باشلىغى ئىگناتېنكونىڭ گېپىگە قارىغاندا — ئۇ بۇنچۇك بىلەن بىرگەمىدىغۇ — بىزنىڭ قېشىمىزدىن ئۆز كوماندىرىغا قايتىپ بارمىغان ئىمىش. دىمەك، بىزنىڭ گەمىدىن چىقىپلا تىكىۋەتكەن ئوخشايدۇ، ... مانا مۇشۇ گەپ...

لىستىنىتىسكى كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ، كۆزەينىكىنى ئۇزاققىچە سۈرتتى.

— سەن بىئارام بولغاندەك تۇرىسەنغۇ؟ — دىدى مېركولوپ ئۇنىڭغا تەئەججۇپ بىلەن قاراپ.

— مەنمۇ؟ نىمە دەۋاتىسەن، ئەقلىڭ جايىدىمۇ؟ بۇ ئىشقا نىمىشكە بىئارام بولاتتىم؟ سەن بۇ تۇيۇقسىز خەۋەر بىلەن مېنى گاڭگىرىتىپ قويدۇڭ.

## 2

ئەتىسى ئەتىگەن بىر ئىشتىن ھودۇقۇپ قالغان ۋاخىمىستىر، لىستىنىتىسكىنىڭ گەمىسىگە كىرىپ كەلدى؛ ئۇ سولىشىپ مۇنۇنى خەۋەر قىلدى:

— جانابى ئالى، بۈگۈن ئەتىگەن كازاكلار ئاكوپتىن مۇنۇ

قەغەزلەرنى تېپىۋېلىپتۇ، بۇ بىر قاملاشمىغانراق ئىش ... مەن مانا مۇشۇ ئىشنى سىزگە خەۋەر قىلغىلى كەلدىم. ئۇنداق قىلمىغاندا بىرەر بالاغا يولۇقۇپ قالىدىغاندەك تۇرىمىز ...

— قانداق قەغەز؟ — دەپ سورىدى لىستىنتىسكى كارۋاتتىن بېشىنى كۆتىرىپ.

ۋاخمىستىر قولىدىكى مىجىقلانغان ۋەرەقىلەرنى بەردى. چارەك تاختا ئەرزان قەغەزگە ماشىنكىدا كۆپەيتىپ بېسىلغان سۆزلەر ماجاندەك ئېنىقلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

لىستىنتىسكى دېمىنى ئالماستىنلا بىر يولى ئوقۇپ چىقتى:

پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى، بىرلىشىڭلار!

سولدات يولداشلار!

لەنىتى ئۇرۇش 2 يىلغا سوزۇلۇپ كېلىۋاتىدۇ. سىلەر ئۆزەڭلارغا ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان مەنپەئەتلەرنى قوغداپ، خەندەكلەردە 2 يىل ئازاپ چەكتىڭلار. بارلىق مىللەتلەر ئىشچى - دېھقانلىرىنىڭ قېنى 2 يىلدىن بۇيان تۆكۈلمەكتە. نەچچە يۈز مىڭلىغان ئادەم ئۆلدى ۋە مېيىپ بولدى، نەچچە يۈز مىڭلىغان جان يېتىم - يېسىر بولۇپ قالدى — مانا بۇ ئاشۇ قىرغىنچىلىقنىڭ نەتىجىسى. سىلەر نېمە ئۈچۈن سوقۇشۇۋاتىسىلەر؟ كىملەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداۋاتىسىلەر؟ چار ھۆكۈمىتى يېڭى يەرلەرنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن، بۇ يەرلەرنىڭ ئاھالىسىنى خۇددى قۇللۇققا چۈشكەن پولشا ۋە باشقا مىللەتلەر خەلقى قانداق ئېزىلىۋاتقان بولسا شۇنداق ئېزىش ئۈچۈن مىليونلىغان سولداتلارنى ئوتنىڭ ئىچىگە ھەيدىمەكتە. جاھان سانائەتچىلىرى ئۆز فابرىكا ۋە زاۋۇتلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى قولدىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بازار تالاشماقتا، پايدا تالاشماقتا، — بازار ۋە پايدا بۆلۈشۈۋېلىش قوراللىق كۈچ بىلەن ئېلىپ بېرىلماقتا،

سىلەر،قارا تۈرك نادانكىشىلەر ئۈلارنىڭ مەنپەئەتى يولىدا كۆرەش قىلىپ، ئەجەلگە قاراپ كېتىۋاتىسىلەر، دەل ئۆزەڭلارغا ئوخشاش ئەمگەكچىلەرنى ئۆلتۈرۈۋاتىسىلەر.

قېرىنداشلارنىڭ قېنى يېتەرلىك دەرىجىدە تۆكۈلدى! ھۆشۆڭلارنى تېپىڭلار، مېھنەتكەشلەر! سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلار ئاۋستىرىيە، نېمىس سولداتلىرى ئەمەس، بۇلارمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئالدانغان، سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلار—ئۆز پادىشايىڭلار، ئۆز ئېلىڭلاردىكى زاۋۇت - كارخانا ئىگىلىرى ۋە پومىششىكلار. ئەمدى سىلەر مىلتىقلىرىڭلارنى مانا شۇلارغا قارىتىڭلار. نېمىس ۋە ئاۋستىرىيە سولداتلىرى بىلەن ئاكا - ئۇكا بولۇڭلار. سىلەرنى يىرتقۇچ ھايۋاندەك بىر بىرىڭلاردىن ئايرىپ تۇرغان سىم توساقلار ئۈستىدىن بىر بىرىڭلارغا قول ئۇزىتىڭلار، سىلەر ھەممىڭلار — ئەمگەكداش بۇرادەرسىلەر، قولۇڭلاردا ئەمگەكتىن پەيدا بولغان قاپارتما - قاداقلار تېخى يۇتكەن يوق، سىلەر بۆلۈشۈۋالىدىغان ھېچنىمە يوق. يوقالسۇن ھاكىم مۇتلەقلىق تۈزۈم! يوقالسۇن جاھانگىرلىك ئۇرۇشى! ياشىسۇن پۈتۈن دۇنيادىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ بۇزۇلماس بىرلىكى!

ئاخىرقى قۇرلارنى لىستىنىتىسكى ھاسىراپ ئوقۇدى. «مۇشۇ ئىش ئىكەن - دە، باشلىنىپقېلىپتۇ!» دەپئويلىدى ئۇ. ئۇنىڭۋۇجۇدىنى ئۆچمەنلىك قاپلىۋالغان ئىدى، بىر ئىشنىڭ يېتىپكېلىشىنى ئالدىن سېزىپ، يۈرىكى سىقىلىپ تۇراتتى. لىستىنىتىسكىپولككوماندىرىغا تېلېفون بېرىپ، بولغان ئەھۋالنى خەۋەر قىلدى.

— ئەمدى نىمە قىلىمىز، نىمىنى بۇيرۇيسىز، جانابى ئالىيلىرى؟ — دەپ سورىدى گېپىنىڭ ئاخىرىدا.

ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون پاشىدەك غىڭشىپ، گېنېرالنىڭسۆزى تۇرۇپكىدىن گۇدۇڭلاپ ئاڭلاندى:

— ھازىرلا ۋاخىمىستىر بىلەن ۋىزۋوت ئوفىتسېرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، تىنچىتىش ئېلىپ بېرىڭ، ھەممە بىر بىرلەپ تەكشۈرۈلسۇن، ئوفىتسېرلەرنىڭ ئۆزىمۇ قالدۇرۇپ قويۇلمىسۇن. پولكنى قاچان ئالماشتۇرۇش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى بۈگۈن دىۋىزىيە ئىشتاۋىدىن سوراپ كۆرىمەن. ئۇلارنى ئالدىرىتىمەن. تىنتىش ۋاقتىدا بىرەر نەرسە ئاشكارا بولسا دەرھاللا ماڭا خەۋەر قىلىڭ.

— مېنىڭ پەرىزىمچە بۇ پىلىموتچىلارنىڭ ئىشى.

— شۇنداقمۇ؟ مەن ھازىرلا ئىگناتىچقا ئۆز كازاكلىرىڭىز ئۈستىدە ئاختۇرۇش ئېلىپ بېرىڭ دەپ بۇيرۇق قىلىمەن، خوش ئامان بولۇڭ.

لىستنىتسكى ۋىزۋوت ئوفىتسېرلىرىنى ئۆز كەمىسىگە يىغىپ پولك كوماندىرىنىڭ بۇيرۇغىنى يەتكۈزدى.

— بۇ نىمە دىگەن رەسۋاچىلىق! — مېركولوپىنىڭ غەزىۋى ئۆرلىدى، — ئەمدى بىز بىر بىرىمىزنىڭ ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارامدىكەنمىز؟

— ئاۋال سىزدىن باشلانسۇن، لىستنىتسكى! — دەپ توۋلىدى بۇرۇتى خەت تارتىمغان ياش يۈز بېشى رازدورتسېۋ.

— كېلىڭلار، چەك تاشلايمىز.

— ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە بولسۇن.

— جانابلار، چاخچاقنى بىر تەرەپكە يىغىشتۇرۇپ قويايلى، — دەپ گەپنى بۆلدى لىستنىتسكى جىددىلىك بىلەن، — بىزنىڭ ئاقساقلىمىز، ئەلۋەتتە، بەكمۇ ئاشۇرۇۋەتتى: پولكىمىزدىكى ئوفىتسېرلەر

تىسىزارنىڭ خوتۇنىغا ئوخشاش① بولۇپ قالدى. پەقەت بىرلا ئا-
دەم ئىدى — ئۇ بولسىمۇ خورۇنجى بۇنچۇك، ئەمما ئۇمۇ قېچىپ
كەتكەن، ئەمدى بىز كازاكلارنى بىر بىرلەپ سىپىلاپ تەكشۈرۈپ
چىقىشىمىز كېرەك، ۋاخمىستىرنى چاقىرىڭلار.

ۋاخمىستىر كەلدى — بۇ 3 - دەرىجىلىك گېئورگى
گىرېست ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلانغان يېشى چوڭىيىپ قالغان بىر
كازاك ئىدى. ئۇ، يۆتىلىپ قويۇپ، ئوفىتسېرلەرگە قاراپ چىقتى.

— سېنىڭ بۆلۈنمەڭدە گۇمانلىق دەپ قارالغانلار كىم؟ سې-
نىڭچە، بۇ تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى كىم تاشلىغان بولۇشى مۇمكىن؟ —
دىدى لىستىنىتسكى ئۇنىڭغا.

— ئۇنداقلار يوق، جانابى ئالى، — دەپ ئىشەنچلىك بىلەن
جاۋاپ بەردى ۋاخمىستىر.

— ئەمما چاقىرىقنامە بىزنىڭ بۆلۈنمىمىز تۇرغان ئۇچاستى-
كىدىن تېپىلدىغۇ؟ خەندەكلەرگە يات كىشى كەلگەنمىدى؟

— ھېچقانداق يات كىشى كەلگەن ئەمەس، باشقا بۆلۈنمە-
لەردىن كىشى كەلمىگەن ئىدى.

— بېرىپ ھەممىنى قاتىرىسىغا تەكشۈرۈپ چىقايلى.

تىنتىش باشلاندى. كازاكلارنىڭ چىرايلىرىدا ھەر خىل تۈي-
غۇنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلدى: بەزىسى نىمە ئىش ئىكەنلىكىنى چۈ-
شەنمەستىن قاپىغىنى تۈرۈشتى، بەزىسى كازاكلارنىڭ ئەسكى - تۈسكى
تۈگۈنچەكلىرىنى ئاختۇرۇۋاتقان ئوفىتسېرلەرگە ۋەھىمە بىلەن قا-

① يۇلىي تىسىزار ئۆز خوتۇنىنىڭ خۇلقى توغرىسىدا بەزىلەرنىڭ ئۇنىڭغا
ئېيتقان گۇمانلىرىغا ئۇ: «تىسىزارنىڭ خوتۇنى ھەر قانداق گۇماندىن
ئۈستۈن تۇرىدۇ» دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىمىش. بۇ سۆزلەر تەمسىلگە ئاي-
لىنىپ كەتكەن. لىستىنىتسكى مانا شۇ جاۋاپنى كۆزدە تۇتىدۇ.
يۇلىي تىسىزار — مىلادىدىن بۇرۇن 144 — 120 - يىللاردا رىمنىڭ
ھۆكۈمدارى بولغان.

راشتى، يەنە بەزىلىرى كۈلۈپ تۇرۇشتى. ياشقىنە بىر ئۇرەدىنىك راز-ۋىتچىك سورىدى:

— ئېيتساڭلارچۇ، نىمىنى ئىزلەۋاتىسىلەر؟ ئەگەر ئوغرىلان-غان نەرسە بولسا، بەلكىم، بىرسى كۆرگەن بولاتتى.

تىنتىش ھىچقانداق نەتىجە بەرمىدى. پەقەت بىرىنچى ۋىز-ۋوتتىكى بىر كازاكنىڭ شىنېلىنىڭ يانچۇغىدىن چاقىرىقنامىنىڭ پۇرلىشىپ كەتكەن بىر ۋارىغى تېپىلدى.

مىركولوپ كۈلكىلىك بىر ئەيمىنىش بىلەن قەغەزنى تاشلىۋېتىپ:

— ئوقۇدۇڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— تاماكا چېكىش ئۈچۈن يەردىن ئالغان ئىدىم، — كازاك بېشىنى كۆتەرمەستىن كۈلۈپ قويىدى.

— نىمىشكە كۈلىسەن؟ — لىستىنىتسكى قىپ - قىزىل قى-زىرىپ كازاكنىڭ قېشىغا كېلىپ قەھرى بىلەن ۋاقىرىدى؛ ئاچچى-غىدىن ئالتۇنىسىمان قىسقا كىرپىكلىرى كۆزەينىگىنىڭ ئاستىدىن پىرىلداپ كەتتى.

كازاكنىڭ چىرايى بىردىنلا جىددى تۈس ئالدى - دە، كۈل-كىسى شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەندەك يوقىلىپ كەتتى.

— ئەپۇ قىلىڭ، جانابى ئالى! مەن ساۋاتسىزدەكلا بىر ئا-دەم، ھەرپلەرنى ئاران تونۇيمەن. مەن بۇنى تاماكا ئوراشقا قەغەز بولمىغانلىقتىن ئالغان ئىدىم، تاماكام بار ئىدى، شۇڭا قەغەز تېپى-لىپ قالدى، دەپ بۇنى يەردىن ئالغان ئىدىم.

كازاك خاپا بولۇپ قاتتىق ئاۋاز بىلەن سۆزلىدى، ئۇنىڭ ئاھاڭىدا غەزەپلەنگەنلىكى سېزىلىپ تۇراتتى.

لىستىنىتسكى يەرگە بىرنى تۈكۈرۈپ، كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئوفىتسېرلەر ئەگىشىپ ماڭدى.

بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن پولكنى ئالدىنقى سەپتىن يۆتكەپ، 10 چاقىرىمچە ئارقا سەپكە ئېلىپ كەتتى. پىلىموتچىلار

كوماندىسىدىن 2 ئادەم قولغا ئېلىنىپ، ھەربى دالا سوتىغا تاپشۇ-
رۇپ بېرىلدى، قالغانلارنىڭ بىر قىسمى زاپاس پولكلارغا ئەۋەتىل-
دى، بىر قىسمى 2 - كازاك دىۋىزىيىسىنىڭ پولكلىرىغا تارقىتىۋې-
تىلدى. بىر نەچچە كۈنلۈك دەم ئېلىشتىن كېيىن پولك ئۆزىنى
بىر قەدەر تەرتىپكە سالدى. كازاكلار يۇيۇنۇپ - تاراندى، كىيىم - كې-
چەكلىرىنى يۆتكىدى، ساقال - بۇرۇتلىرىنى ئاكوپدىكىدەك ئەمەس،
پاكىز قىردى، ئاكوپلاردىكى چاغدا كۆپىنچە ئىككى يۈزىگە ئۈنگەن
تۈكتىن ئاددى، ئەمما جاننى ئازاپلايدىغان ئۇسۇل بىلەن قۇتۇلىشات-
تى: ساقال - بۇرۇتىغا سەرەڭگە بىلەن ئوت قويۇشاتتى؛ ئوت تۈكنى
يالاپ، تېرىگە ئۆتكەندە سۇ بىلەن ھۆللەنگەن لۆڭگىنى يۈزىگە بې-
سىپ، ئوتنى ئۆچۈرەتتى. بۇ ئۇسۇل «چوشقا سويۇش» ئۇسۇلى دەپ
ئاتىلاتتى.
ۋىزۋوتنىڭ قايسى ساتراچى بولمىسۇن چاچ ئالدۇرۇشقا
كەلگەنلەردىن:
— ساقىلىڭنى چوشقىچە ئۇسۇل بىلەن قىرىپ قويايمۇ ياكى
باشقىچىمۇ؟ — دەپ سوراپ قوياتتى.
پولك دەم ئالدى. كازاكلار سىرتقى كۆرۈنۈشتە چىرايلىق
كېيىنىپ، كۆڭلى شات بولۇپ قېلىشتى، ئەمما ئىستىنىتىسكى بىلەن
باشقا ھەممە ئوفىتسېرلەر بۇنداق شاتلىقنىڭ خۇددى نويابىر ئېيى-
دىكى بۈگۈنى بار، ئەتىسى يوق ئوچۇق كۈندەك نەرسە ئىكەنلىكىنى
بىلىشەتتى. ئالدىنقى سەپكە بېرىش توغرىسىدىكى گەپ ئېغىزىدىن
چىقار - چىقماستىنلا ھەممىنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ، قاپاقلىرى ساڭ-
گىلاپ، يۈزىنى نارازىلىق، مەيۈسلۈك، ئەنسىزلىك قاپلىۋالاتتى.
ھەددىدىن تاشقىرى ھارغىنلىق، روھىي تۇراقسىزلىقنى كەلتۈرۈپ
چىقىراتتى. ئادەم بۇنداق تۇراقسىز ھالەتتە بىرەر مەقسەتكە تەلپۈنى-
دىغان بولسا، ئاقىۋىتى قورقۇنچلۇق بولىدىغانلىقىنى ئىستىنىتىسكى

ياخشى بىلەتتى.

1915 - يىلى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر روتا پىيادە ئەسكەر ئۇدا 5 قېتىم ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن چىقىم تارتقان تۇرۇقلۇق، يۇقۇرىدىن ئۇستى - ئۇستىگە: « يەنە ھۇجۇمغا ئۆتسۇن» دىگەن بۇيرۇق ئېلىنغان ئىدى. روتىنىڭ قالدۇق ئادەملىرى ئۆزلۇ-گىدىن ئۇچاستىكىسىنى تاشلاپ، ئارقا سەپكە قاراپ چېكىنگەن ئى-دى. لىستىنىتىسكى ئۇلارنىڭ چېكىنىشىنى توختىتىش توغرىلىق بۇيرۇق ئالغاندىن كېيىن دەرھال بىر بۆلۈنمە كازاكلار بىلەن ئۇ-لارنى ئورۇۋېلىپ، روتىنىڭ چېكىنىشىنى توختاتماقچى بولغاندا، چېكىنىۋاتقان پىيادە ئەسكەرلەر كازاكلارغا قارىتىپ ئوق چىقىرىش-قا باشلىغان ئىدى. ئۇ يەنە شۇنىمۇ كۆرگەن ئىدىكى، ئاشۇ پىيادى-لەر روتىسىدىن 60قا يېقىن ئادەم قالغان بولسىمۇ، بۇ ئادەملەر جان - جەھلى بىلەن ماتانەت كۆرسىتىپ كازاكلارغا قارشىلىق كۆرسەتكەن ئىدى. كازاكلار قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈۋاتسىمۇ، ئۇلار نەدە ئۆلسەك ئوخشاش بىر ئۆلۈم دىگەن قارارغا كېلىپ، ھالاكەتكە، قىر-غىنغا كۆكرەك كېرىپ بارغان ئىدى.

لىستىنىتسكىنىڭ كاللىسىدا دەھشەتلىك خاتىرە بولۇپ قالغان بۇ ۋەقە ئۇنىڭ ئېسىگە چۈشتى - دە، ھاياجان بىلەن كازاكلارنىڭ چىرايلىرىغا يېكىشىۋاشتىن تىكىلىپ قاراپ: «بۇلارمۇ كۈنلەرنىڭ بىرى-دە ئاشۇنداق ئارقىغا بۇرۇلۇپ كېتىشەرسە، ئۇلارنىڭ ھەركىتىنى ئۆلۈمدىن باشقا ھېچنىمە توختىتالمايدىغان ئەھۋال بولۇپ قالارمۇ؟» دەپ ئويلاپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ ھار-غىن، غەزەپلەنگەن قاراشلىرىغا دۇچ كەلگەندە «بىز بىلەن توقۇنۇشىدۇ!» دەپ ھالاللىق بىلەن خۇلاسە چىقاردى.

كازاكلار ئۆتكەن يىللارغا قارىغاندا، تۈپتىن ئۆزگىرىپ

كەتتى.ھەتتا ناخشىلىرىمۇ ئۆزگەرگەن ئىدى،بۇناخشىلار — ئۇرۇشتا مەيدانغاكەلگەن،يېڭى،قايغۇلۇق،يېقىمسىز ناخشىلار ئىدى. لىستىنىتىسكى بۆلۈنمە ئورۇنلاشقان كەڭ زاۋۇت ئامبىرىنىڭ يېنىدىن كەچقۇرۇنلىرى ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ مۇڭلۇق، سۆزلىرى ئىنتايىن قايغۇلۇق بىر قوشاقنى كۆپ قېتىم ئاڭلىغان ئىدى. ئۇنى ھەممىشەم 3 - 4 ئاۋاز جۈر بولۇپ كۈيلەيتتى. يوغان - باس ئاۋازلارنى كۈچ بىلەن جاراڭلاپ چىققان روشەن ئىنچىكە بىر ئاۋاز بېسىپ كېتەتتى.

ئەزىز يۇرتۇم، جان يۇرتۇم،
ئەمدى سېنى كۆرەلمەيمەن.
باغدا بۇلبۇل سايرىسا،
ئۇنى مەن ئىشىتەلمەيمەن.
جېنىم ئانا، مەندىن سەن،
قايغۇرمىغىن، سەۋر قىل.
قەدىردانىم، بۇ جەڭدە،
ھەممە ئۆلمەس، بۇنى بىل.

لىستىنىتىسكى مېڭىشتىن توختاپ قۇلاق سالاتتى - دە،ناخشىنىڭ ساددا مۇڭى ئۆزىگە سېھىرلىك بىلەن تەسىر قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. تېز - تېز سوقۇۋاتقان يۈرەكنىڭ قاتتىق تارتىلغان تارى پەسرەك چىققان ياردەمچى ئاۋازنىڭ چىرىتىشى بىلەن تىترەپ كېتەتتى. لىستىنىتىسكى لاپاسقا يېقىنراق بىر يەردە تۇرۇپ، كۆز ئاخشىمىنىڭ غۇۋا قاراڭغۇسىغا تىكىلەتتى - دە، كۆزلىرى ياشتىن نەملىشەتتى، ئىككى قاپىغى ئۆتكۈر ھەم يېقىملىق قىچىشىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى.

كەڭ دالىدىن بارىمەن،
يۈرىكىمدە ھېس ـ تۇيغۇ.
يۈرەك ئېيتار: ياش يىگىت،
ئۆيگە قايتالماس مەڭگۈ.

باس ئاۋازلار ناخشىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا، ياردەمچى ئاۋاز ئۇلارنى بېسىپ چۈشەتتى ـ دە، تاۋۇشلار، ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئاق تۆش ياۋا ئۆدەكنىڭ قانىتىدەك ۋىشىلداپ ئۆز ئارقىسىدىن ئالدىراش چاقىراتتى، ئاندىن مۇنۇلار ئېيتىلاتتى:

قوغۇشۇن ئوق ۋىژىلداپ،
كۆكسۈمدىن نىشان ئالدى.
ئات بويىنىغا يىقىلدىم،
يايلى قانغا بويالدى.

دەم ئېلىشتا تۇرغان مەزگىلدە لېستىنىتىسكىي قەدىمقى كازاك ناخشىلىرىنىڭ كىشىنى ئۆزىگە تارتىدىغان، روھلاندۇرىدىغان سۆزلىرىنى پەقەت بىرقېتىملا ئاڭلىدى. ئۇ ئادەتتىكى كەچكى ئايلىنىشنى تۈگىتىپ، لاپاسنىڭ ئالدى بىلەن ماڭغان ئىدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا چالامەس ئادەملەرنىڭ ئاۋازى ۋە قاقاقلىغان كۈلكىلەر ئاڭلاندى. ئاشلىق لېستىنىتىسكىي ئىزۋوسكو دېگەن يېزا بازىرىغا ئوزۇق ـ تۈلۈك ئېلىشقا بارغان ھەربىي لاۋازىمەتچىنىڭ ئۇ يەردىن شەخسلەر ياسىغان ھاراق ئالغاچ كېلىپ كازاكلارنى مېھمان قىلغانلىقىنى پەملىدى. ئاشلىق ھارىقى بىلەن قىزىۋالغان كازاكلار بىر نەرسە توغرىلىق تالاش ـ تارتىش قىلىپ كۈلۈشەتتى. لېستىنىتىسكىي سەيلىدىن قايتىپ

كېلىۋېتىپ يىراقتىنلا ناخشىنىڭ قۇدرەتلىك ياڭراشلىرىغا ۋە غەلىتە قۇلاقنى تەشكۈدەك كۈچلۈك، ئەمما يېقىملىق ئىسقىرتقا قۇلاق سالدى:

ئۇرۇش كۆرمىسە ئادەم،
قورقۇنچتىن كۆڭلى توق.
بىز كۈندۈزى هۆل بولساق،
تۈندە تىترەپ ئۇيقۇ يوق.

«فىـ، يۇ ـ يۇ ـ يۇ ـ يۇ ـ يۇ ـ يۇ! فىـ ـ يۇ ـ يۇ ـ يۇ ـ يۇ ـ يۇ ـ يۇ! فىـ ـ يۇ ـ يۇ ـ يۇ!» دېگەن ئىسقىرت ئۇنى تولغۇنۇپ، نەيدەك تىترەپ چىقاتتى ـ دە، ئۇنى كەم دېگەندە 30 كىشىنىڭ ئاۋازى بېسىپ كېتەتتى:

كەڭ دالىدا قورقۇش، غەم،
هەر كۈن، هەر سائەت، هەردەم.

ياشلارنىڭ بىرسى بولسا كېرەك، بىر شوخ توپىلاڭچى قۇلاقنى پاڭ قىلغۇدەك قىسقا ـ قىسقا ئىسقىرتىپ، پولنى تاقىلدىتىپ، زوڭزىيىپ ئۇسۇلغا چۈشكەن ئىدى. ئۇنىڭ پاشنىسىدىن چىققان ئاۋازنى مۇنۇ ناخشا بېسىپ چۈشتى:

قارا دېڭىز هۆكىرەر،
كىملەردە ئوت كۆيەر.
ئۈچۈرىمىز ئوتلارنى،
غەرق قىلىمىز تۈركلەرنى.
بارىكاللا كازاكلارغا!

لىستىنىتسكى ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرەپ، ناخشا ئاۋازىنىڭ ۋەزنىگە قەدىمىنى ماسلاشتۇرۇشقا تىرىشىپ، ئاستا مېڭىپ كېلەتتى. «بەلكىم، پىيادە قىسىملاردا ئۆيگە قايتىش خاھىشى مۇنچىلىك كۈچلۈك ھېس قىلىنمىسا كېرەك، — دەپ ئويلايتتى ئۇ. ئەمما ئەقىل-ئىدرىكى بۇ پىكىرگە سوغاققىنە ئېتىراز بىلدۈرەتتى: — پىيادە قىسىملاردا ئادەملەر باشقىچىمۇ؟ شۈبھىسىزكى، كازاكلار ئاكوپلاردا ئىلاجىسىزلىقتىن ئولتۇرۇۋاتقانلىغىنى ئېنىق بىلدۈرمەكتە — ئۇلار خىزمەت تۈرى بويىچە دائىمى ھەركەتكە كۆنۈپ قالغان. ئەمما بۇ يەردە 2 يىل جەريانىدا بېكىنىپ ئولتۇرۇشقا ياكى ھۇجۇمغا ئۆتۈشمەن دىگەن بىھۇدە خىيال بىلەن يەردەسسەپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ. ئارمىيە ھەر قاچانقىدىن ئاجىز. كۈچلۈك قول كېرەك، زور مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش، ئالغا ئىلگىرىلەش لازىم — مانا شۇنداق قىلغاندىلا جۇشقۇنلۇق مەيدانغا كېلەتتى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلار بولغان دەۋرلەردە ئەڭ تۇراقلىق، تەرتىپلىك قوشۇنلاردىمۇ روھىي جەھەتتىن تەۋرىنىش يۈز بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى مىساللار تارىختا كۆپ كۆرۈلگەن. سۇۋوروۋنىڭ ئۆزىمۇ بۇنداق ئەھۋاللى باشتىن كەچۈرگەن... ئەمما كازاكلار بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. قىيىنىش ئىشلىرى كۆرۈلگەن تەقدىردىمۇ ھەممىسىدىن كېيىن كېتىدۇ. ھەر ھالدا بۇ — جەڭگىۋار ئەنئەنىگە ئىگە، ئالاھىدە كىچىك بىر مىللەت، ھەرگىزمۇ فابرىكا ئىچىدىكى ياكى دىخانلار ئارىسىدىكى قېلىندى - سوقۇندىلار ئەمەس».

گويا ئۇنى بۇ پىكىردىن قايتۇرماقچى بولغاندەك، لاپاسنىڭ ئىچىدە بىرسى «كالىنۇشكا» كۈيىنى چۈرۈك، چىر - چىر ئاۋاز بىلەن سوزۇپ ئېيتىشقا باشلىدى. كۆپلىگەن ئاۋاز ئۇنىڭغا جۆر بولدى. لىستىنىتسكى بۇ يەردىن كېتىۋېتىپ، ناخشىغا سىڭىپ كەتكەن ھامان شۇ قايغۇ - ھەسرەتنى ئاڭلايتتى:

تائەت قىلار ئوفتىسىر،
بىر ياش كازاك يالۋۇرار:
ھەي، نەۋجۇۋان ئوفتىسىر،
قويۇپ بەرگىن ئۆيۈمگە،
قويۇپ بەرگىن ئۆيۈمگە.
كېتەي ئاتام قېشىغا،
تۇققان ئانام قېشىغا،
تۇققان ئانام قېشىغا،
سۆيگەن جۆرام قېشىغا.

× ×

بۇنچۇك فۇرونتتىن قېچىپ، 3 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن كەچقۇرۇن فۇرونتقا يېقىن بەلۋاققا جايلاشقان چوڭ بىر سودا بازىرىغا كىرىپ كەلدى. ئۆيلەرگە چىراق يېقىلغان ۋاقىت ئىدى. ئۇششۇك سوغاقتا توختام سۇلارنىڭ ئۈستىنى يۇققا بىر قەۋەت مۇز تۇتقانلىقتىن، ئاندا ـ ساندا يولۇچىلارنىڭ قەدەم تاۋۇشلىرى يىراقتىنلا ئاڭلىناتتى. بۇنچۇك قۇلىغىنى دىڭ تۇتۇپ، چىراق يېقىلغان كوچىلاردىن چەتلەپ ئۆتۈپ، ئادەمسىز تار كوچىلارنى ئارىلاپ ماڭدى. ئۇ بازارغا كىرىدىغان ئېغىزدا پاترونغا ئۇچراپ قېلىشقا تاس قالغاندىن كېيىن بىرلاپاسىنىڭ ئىچىدە شالىنىڭ توپىسىغا كۆمۈلۈپ بىر كۈن ياتتى، شىنېلى راسا بۇلغانغان ئىدى، ئۇ يانچۇقىدىن ئوڭ قولىنى چىقارماي، تاختاي تاملارغا سۈۋۈشۈپ، بۆرە يۈرۈشىدە ناھايىتى تېز ماڭدى.

بازار ئىچىدە كورپۇس بازىسى جايلاشقان بولۇپ، مەلۇم قىسىملار تۇراتتى، پاترونغا ئۇچراپ قېلىش خەۋپى بار ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنچۇكنىڭ تۆك باسقان قولى شىنېلىنىڭ يانچۇقىـ

دىكى ناگاننىڭ بەلدەم ـ بەلدەم سىپىدىن ئاجرىماي، ئۇنى ئوتـتەك ئىسسىتىۋەتكەن ئىدى.

بۇنچۇك بازارنىڭ ئۇدۇلىدىكى ياقا بىر جايدا ئۇزاققىچە تار كوچىلارنى ئارىلاپ، دەرۋازىلارغا كۆز تىكىپ، قايسى ئۆي كەمبەغەلنىڭ ئۆيى ئىكەن، دەپ سىنچىلاپ قاراپ يۈردى. 20 مىنۇتتىن كېيىن بۇلۇڭدىكى كۆرۈمسىز كىچىككىنە بىر ئۆينىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە، دەرىزە قاپقىسىنىڭ يوچۇغىدىن قاراپ، كۈلۈمسىرەپ قويدى ۋە شۇ ئانلا كىچىككىنە هويلا ئىشىكىدىن دادىل قەدەم بىلەن كىردى. ئىچكىرىكى ئىشىكنى قاققان ئىدى، بېشىغا رومال ئورىغان ياشانغان بىر ئايال ئىشىكنى ئاچتى.

— بورىس ئىۋانوۋىچ سىزلەرنىڭ قورادا تۇرامدۇ؟ — دەپ سورىدى بۇنچۇك.

— هەئە، كىرىڭ، مەرهەمەت.

بۇنچۇك ئايالنىڭ يېنى بىلەن قىستىلىپ ئىشىكتىن كىردى. ئارقا تەرەپتىن ئىلگەكنىڭ جاراڭلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. كىچىككىنە جىن چىراق بىلەن يورۇتۇلغان پاكار ئۆيدە شىرەنىڭ يېنىدا هەربى كىيىم كىيگەن چوڭ ياشلىق بىر ئادەم ئولتۇراتتى. ئۇ كۆزىنى سەل قىسىپ قارىدى ـ دە، چاچراپ ئورنىدىن تۇردى، خوشاللىقىنى ئاران بېسىپ، بۇنچۇككا قول ئۇزاتتى.

— قەيەردىن كېلىشىڭ؟

— فورونتتىن.

— شۇنداقمۇ؟

— كۆرۈپ تۇرۇپسەنغۇ...؟— بۇنچۇك كۈلۈمسىرەپ قويدى ـ دە، هەربىچە كىيىنگەن ئادەمنىڭ سولداتچە كەمىرىگە بارمىقىنىڭ ئۇچىنى تەككۈزۈپ تۇرۇپ، — ئايرىم ئۆي بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بار، بار، مۇنۇ تەرەپكە يۈر.

ئۇ بۇنچۇكنى يەنىمۇ كىچىككىرەك بىر ئۆيگە ئېلىپ كىردى؛ چىراق ياقماستىنلا ئۇنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى ـ دە، ياندىكى ئۆينىڭ ئىشىكىنى يېپىپ، دەرىزىنىڭ پەردىسىنى چۈشۈردى:

— پۈتۈنلەي قايتىپ كەلدىڭمۇ؟

— پۈتۈنلەي.

— ئۇ يەردە ئەھۋال قانداق؟

— ھەممە ئىش تەييار.

— يىگىتلەر ئىشەنچلىكمۇ؟

— ئەلۋەتتە.

— مېنىڭچە، سەن ئاۋال كىيىمىڭنى سال، ئاندىن ئولتۇرۇپ سۆزلىشەيلى. قېنى شىنېلىڭنى سال، مەن ھازىرلا يۇيۇنىدىغان داس ئېلىپ كېلىمەن.

بۇنچۇك كۆكرىپ كەتكەن مىس داستا يۇيۇنۇپ بولغىچە ھەربىي كىيىمدىكى ئادەم قىسقا قىرقىلغان يىرىك چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، ھارغىن ۋە پەس ئاۋاز بىلەن گەپ ئاچتى:

— ھازىر ئۇلار بىزگە قارىغاندا بىقىياس كۈچلۈك، بىزنىڭ ئىشىمىز — ئۆسۈپ يېتىلىش، ئۆز تەسىرىمىزنى كېڭەيتىش، ئۇرۇشنىڭ ھەقىقى سەۋەپلىرىنى چۈشەندۈرۈش يولىدا تىنىماي ئىشلەشتىن ئىبارەت، بىز ئۆسۈپ بارىمىز — بۇنىڭغا ئىشەنچىڭ كامىل بولسۇن، ئۇلاردىن كەتكەنلەر، چوقۇم بىزگە كېلىپ قوشۇلىدۇ، چوڭ ئادەم بالىلارغا قارىغاندا سۆزسىز كۈچلۈك، ئەمما چوڭلار قېرىپ، كۈچتىن قالغاندا، ئاشۇ ياش بالا ئۇنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بىز قېرىلارغا خاس زەئىپلىكنى كۆرۈپ قالماستىن، بەلكى پۈتۈن ئورگانىزىمنىڭ بارغانسېرى پالەچ بولۇپ بارىدىغانلى-

غىنىمۇ كۆرۈۋالالايمىز.

بۇنچۇك يۇيۇنۇپ بولدى - دە، يۈزىنى قاتتىق ماتا لۆڭگە بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ:

— مەن كېتىش ئالدىدا ئۆز كۆز قاراشلىرىمنى ئوفىتسېرچاقلارغا ئېيتقان ئىدىم... بىلەمسەن، شۇنداق كۈلكىلىك بولۇپ چىقتى... مەن كەتكەندىن كېيىن، شۈبھىسىز، پىلىموتچىلارنى تاسقايدۇ، بەلكىم، يىگىتلەرنىڭ ئىچىدىن بىرەر - ئىككىسى سوتقا بېرىلىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما دەلىل - ئىسپات بولمىغاندىن كېيىن، نىمە گەپ - سۆز بولۇشى مۇمكىن؟ مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئۇلارنى ھەرقايسى قىسىملارغا تارقىتىۋېتىدۇ، بىر ھىساپتا بىزگە مۇشۇنداق بولغىنى پايدىلىق: تۇپراقنى مەھسۇلدار قىلىپ تۇرسۇن... ئېھ، ئۇ يەردە ئاشۇنداق يىگىتلەر بار! ھەممىسى چاقماق تاشتەك ئىسىل يىگىتلەر، — دىدى.

— مەن ستېپاندىن خەت ئالدىم، ھەربى ئىشنى بىلىدىغان يىگىتتىن بىرنى ئەۋەت، دەپتۇ. سەن شۇ يەرگە بارىسەن. ئەمما مۇنۇ ھۆججەت بىلەن قانداق بولار؟ ئوڭۇشلۇق بولۇپ چىقارمۇ؟

— ئۇنىڭدا قانداق ئىش بار ئىكەن؟ — دەپ سورىدى بۇنچۇك ۋە پۇتىنىڭ ئۇچىدا تۇرۇپ، قوزۇقتا لۆڭگىنى ئېسىپ قويدى.

— يىگىتلەرگە يولىيورۇق بېرىپ تۇرىدىغان خىزمەت. ئەمما سېنىڭ بويۇڭ ھىچ ئۆسمەيدىغۇ؟ — دەپ كۈلۈپ قويدى ئۆي ئىگىسى.

— نىمە كېرىگى بار، — دەپ قول شىلتىدى بۇنچۇك، — بولۇپمۇ ھازىرقىدەك مۇشۇنداق شارائىتتا تۇرۇۋاتقىنىمدا، ئۇنچىلىك كۆزگە چېلىقماسلىق ئۈچۈن مېنىڭ بويۇم پۈرچاقنىڭ باشىغىدەك بولۇشى كېرەك.

ئۇلار تاڭ ئاتقىچە سۆزلىشىپ چىقتى، بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بۇنچۇك كىيىمىنى يەڭگۈشلەپ، يۈز - كۆزىگە تونۇغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە پەدەز قىلدى، ئاندىن 441 - ئورشان پولكىنىڭ جەڭچىسى نىكولاي ئوخۋاتوپ كۆكرىگىدىن يارىلانغانلىقى سەۋەپلىك ئىستىپاغا چىققان دېگەن نامىدىكى ھۆججەتلەر بىلەن يېزا بازىرىدىن چىقتى - دە، چويىن ئىستانسىغا قاراپ يول ئالدى.

## 3

ۋلادىمىر - ۋولىنىسكى، كوۋېل تەرەپلەردە، ئالاھىدە ئارمىيە (ئارمىيە ساناق تەرتىۋى بويىچە 13 - بولسىمۇ، لېكىن «13»ىنچى رەقەم شۇم سان بولغانلىقتىن چوڭ كېنېراللارمۇ خۇراپاتقا ئىشەنگەچكە، ئارمىيە «ئالاھىدە» دېگەن سۈپەت بىلەن بىللە ئاتىلاتتى) ئۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان رايوندا سېنتەبىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە تەييارلىق باشلاندى، قوماندانلىق سۈنيۇخا يېزىسىغا يېقىن بىر يەرنى ھۇجۇم قىلىشقا ئەپلىك جاي دەپ تاللىۋالدى، بۇ جاي ھۇجۇمنى كەڭ قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن قولايلىق ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بىللە توپچى قىسىملارنىڭمۇ تەييارلىقى باشلىنىپ كەتتى.

ئاشۇ جايغا مىسلى كۆرۈلمىگەن كۆپ توپچى قىسىملار يىغىلغان ئىدى. نەچچە يۈز مىڭلىغان ھەر خىل كالىبىرلىق سىنارەدلەر نېمىسلارنىڭ ئىككى قاتار ئاكوپلىرى جايلاشقان كەڭ يەرلەرنى 9 كۈن مابەينىدە خېمىردەك چەيلىۋەتكەن ئىدى، دەسلەپكى

كۈنى شىددەتلىك ئوققا تۇتۇش باشلىنىش بىلەنلا نېمىسلار بەزـ
بىر كۆزەتكۈچى قاراۋۇللىرىنىلا قالدۇرۇپ، بىرىنچى قاتاردىكى
ئاكوپلىرىنى تاشلاپ كەتتى. بىر نەچچە كۈنـ
دىن كېيىن 2 ـ قاتاردىكى ئاكوپلىرىنى تاشلاپ، 3 ـ قاتاردىكى
خەندەكلەرگە يۆتكەلدى.

10 ـ كۈنى تۈركىستان كورپۇسىنىڭ قىسىملىرى، يۇقچى ئەسكەرلىرى ھۇجۇمغا ئۆتتى. فرانسۇزچە ئۇسۇل بىلەن دولقۇنسىمان ھۇجۇم قىلدى. رۇس ئاكوپلىرىدىن 16 دولقۇن چاچراپ چىقتى. قاينام ـ تاشقىنلىق ئادەم دېڭىزىنىڭ سۈر دولقۇنلىرى كەلكۈندەك يامراپ، قالايمىقان چۇۋۇلۇپ، مىجىقلىنىپ كەتكەن تىكەنلىك سىملارنىڭ ئالدىدا مىژىلدىشىپ، ئۈستى ـ ئۈستىلەپ بېسىپ باراتتى. نېمىس تەرەپتىن بولسا، كۆيۈپ قارا كۆيسەيگە ئايلانغان قارىياغاچلىقنىڭ ئارقىسىدىن، تىك قوم دۆۋىلىرىنىڭ كەينىدىن پاراسلاپ ئېتىلغان ئوقلار ئۈزلۈكسىز گۈلدۈرلەپ، يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرەتتى، يالقۇنلىنىپ ياناتتى، ئوت ئۇچقۇنلىرى ئاسمانغا ئۆرلەيتتى.

گۇ ـ ۇ ـ ۇ ـ ۇ ـ ۇ ـ ... گۇ ـ ۇ ـ ۇ ـ ۇ ـ ۇ ... گۇم!
باڭ! بۇ ـ ۇ ـ ۇ ـ ۇم!

ئاندا ـ ساندا ئايرىم جايدىكى زەمبىرەكلەردىن ياپپىسىغا ئېتىلغان ئوقلار غۇيۇلداپ ئۆتۈپ تۇراتتى، ئاندىن يەر بېغىرلاپ، يېقىنلاپ كېلىپ ئۇرغۇن چاقىرىم كېلىدىغان ئەتراپنى قاپلايتتى.

گۇ ـ ۇ ـ ۇ ـ ۇ ـ ۇ ـ ۇ ... گۇ ـ ۇ ـ ۇ ـ ۇ ـ ۇ ...
كۇ ـ ۇ ـ ۇ ـ ۇ ـ ۇ ...

تررررر!!!! ـ رررر!!! ـ تا ـ تا ـ تا ـ تا! دەپ نېمىس پىلىموتلىرى ئەلۋەلەرچە ئالدىرىشىپ كېتەتتى.

توغرىسى بىر چاقىرىم كېلىدىغان ئوڭتەي-توڭتەي بولۇپ كەتكەن كەڭ زېمىندا توپ ئوقلىرى پارتلاش نەتىجىسىدە قاپ-قارا ئىس-تۈتەك خادىدەك ئاسمانغا كۆتىرىلەتتى-دە، ھۇجۇم قىلغۇچىلارنىڭ دولقۇنى پارچىلىنىپ، قالايمىقانلىشىپ كېتەتتى، توپ ئوقى پارتلىغان گوداڭلاردىن سىلكىپ تاشلىنىپ، ئۆملەشكە باشلايتتى...

قاپ-قارا ئىس-تۈتەك چىقىرىپ پارتلىغان توپ ئوقلىرى يەرنى بارغانسېرى چەيلىۋېتەتتى، شراپنېلنىڭ چىقىراپ چىققان ۋىژىلداشلىرى ھۇجۇم قىلغۇچىلارنىڭ ئۈستىدىن قىيپاش يالاپ ئۆتەتتى. يەر بېغىرلاپ ئۆمۈچۈپ ئۆتۈۋاتقان پىلىموت ئوقلىرى ئۆنىڭدىنمۇ بەتتەر تاراسلاپ ياغاتتى. ئۇلار ھۇجۇم قىلغۇچىلارغا زەربە بېرىپ، سىم توساقلارغا يېقىن يولاتمايتتى. شۇنداق قىلىپ، ھۇجۇم قىلغۇچىلارنى يېقىن كەلتۈرمەي قويدى. 16 دولقۇننىڭ پەقەت ئاخىرقى 3 ى يۇمۇلاپ يۈرۈپ بېرىۋالدى، لېكىن بۇ 3دولقۇن، ئىنشىلىگەن سىمغا قادالغان تۈۋرۈكلىرى قارا كۆسەيگە ئايلىنىپ، ئاسمانغا كۆتىرىلىپ قالغان، سىملىرى چۇۋۇلۇپ، ئەيجىغى چىققان تور توساقلارغا يېتىپ بارغاندا، خۇددى تامغا ئۇسۇۋالغاندەك ئارقىسىغا قاڭقىپ، تېرى-پىرەن بولۇپ، ئېرىقچىلاردەك تارام-تارام بولۇپ تامچىلاپ پەسكە ئېقىپ چۈشەتتى...

شۇ كۈنى 9000 دىن ئارتۇق ئادەم سۈنيۇخا يېزىسىنىڭ قىشىدىكى كۆكۈم-تالقان بولۇپ كەتكەن كۆكۆلسىز يەرگە قېقىپ تاشلاندى.

2 سائەتتىن كېيىن ھۇجۇم يەنە باشلاندى. تۈركىستان پىيادىلەر كورپۇسىنىڭ 2-ۋە 3-دىۋىزىيە قىسىملىرى ھۇجۇم قىلىشقا يولغا چۈشتى. سول تەرەپتىكى 53-پىيادىلەر دىۋىزىيىسى

بىلەن 307 ـ پىيىر ئوقچىلار بىرىگادىسى خەندەكلەر بويلاپ بىرىنچى مۇداپىئە سىزىقىدىكى ئاكوپلارغا توپلىنىشقا باشلىدى؛ تۈركىستان قوشۇنلىرىنىڭ ئوڭ قانىتىدا 3 ـ خىللانغان ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسىنىڭ باتالىيونلىرى ھۇجۇمغا ماڭدى.

ئالاھىدە ئارمىيە 3 ـ كورپۇسىنىڭ كوماندىرى گېنېرال لېيتېنانت گاۋرىلوۋ ئارمىيە ئېشتابىدىن سىۋىنيۇخا رايونىغا 2 دىۋىزىيە ئەسكەر يۆتكەش توغرىلىق بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدى. كېچىدە 80 ـ دىۋىزىيىنىڭ 320 ـ چېمبار پولكى، 319 ـ بۇگۇلمە پولكى، 318 ـ چېرنويار پولكى ئالدىنقى پوزىتسىيىدىن ئېلىپ كېتىلدى. ئۇلارنىڭ ئورنىغا لاتىش ئوقچى قىسىملىرى ۋە يېڭىدىن كەلتۈرۈلگەن پىدائىي قىسىملار قويۇلدى. پولكلار كېچىسى ئېلىپ كېتىلگەن بولسىمۇ، شۇنىڭغا قارىماستىن، بۇ پولكلارنىڭ بىرسى كەچ كىرمەستىنلا ئەتەي قارشى تەرەپكە قاراپ ئالغا سىلجىۋاتقاندەك كۆرۈندى ـ دە، فورونت سىزىغى بويىچە 12 چاقىرىم يول ماڭغاندىن كېيىنلا ئارقىغا قايتىش توغرىلىق بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدى. پولكلار بىر يۆنىلىشكە قاراپ، ئەمما باشقا ـ باشقا يوللار بىلەن ماڭدى. 80 ـ دىۋىزىيە ماڭغان يولنىڭ سول تەرىپىدە 71 ـ دىۋىزىيىنىڭ 283 ـ پاۋلوگراد پولكى ۋە 284 ـ ۋېنگىروۋ پولكى ئالغا سىلجىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ئورال كازاكلىرىنىڭ پولكى بىلەن 44 ـ پلاستونسكى پولكى ماڭدى.

318 ـ چېرنويار پولكى باشقا جايغا يۆتكىلىشتىن بۇرۇن رودكا ـ مېرىنىسكى قورغىنىنىڭ يېنىدىكى سوكال رايونىدا ستوخود دەرياسى ياقىسىدا تۇراتتى. بىر مەنزىل يول يۈرگەندىن كېيىن ئەتىسى ئەتىگەندە پولكنى ئورماننىڭ ئىچىدە تاشلاندۇق گەمە ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، 4 كۈن فرانسۇزچە ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلىنى تەلىم بەردى، باتالىيون ـ باتالىيون بويىچە بۆلۈنۈشنىڭ ئورنىغا

يېرىم روتا ـ يېرىم روتا بويىچە يۈرۈشنى مەشق قىلدى، بومبا ئاتـ
قۇچىلار سىم توساقلارنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئەڭ تېز كېسىپ
تاشلاشنى ئۆگەندى، قول گىراناتلىرى تاشلاشنى يېڭىۋاشتىن مەشق
قىلدى. ئۇندىن كېيىن پولك جايىدىن قوزغالدى. ئەسكەرلەر ئور-
مان ئىچى بىلەن، ئورمان ئىچىدىكى ئوچۇق جاي بىلەن، زەمبىرەك
چاقلىرى تىلىم ـ تىلىم قىلىۋەتكەن قاقاس يېزا يوللىرى بىلەن 3
كۈن ماڭدى. شامالدا توزغۇپ يۈرگەن شالاڭ، ئاپپاق تۇمان، قارىـ
غايلارنىڭ ئۇچلىرىغا ئىلىنىشىپ، دەرەخسىز ئوچۇق جايلار ئۈستىـ
دە ئۈزۈپ، خۇددى تاپ ئۈستىدە ئەگىپ يۈرگەن سادەك، قارىياغاچـ
لار ئارىلىرىدىكى كۆپ ـ كۆك يېشىل ساسلىقلار ئۈستىدە ئايلىنىپ
يۈرەتتى. ئاسماندىن غۇۋا يامغۇر توزانى ئۇرۇپ تۇراتتى. ئادەملەر
كىيىملىرىگە سۇ ئۆتكەچ، جىلى بولۇپ مېڭىشاتتى. 3 كۈندىن كېيىن
ھۇجۇم قىلماقچى بولغان رايونغا يېقىن بىر يەرگە ـــ چوڭ پورېك
ۋە كىچىك پورېك دىگەن يېزىلارغا كېلىپ توختىدى. ئەجەل سىـ
پىرىگە تەييارلىق كۆرۈپ، بىر كۈن دەم ئالدى.

شۇ مەزگىلدە 80 ـ دىۋىزىيىنىڭ ئىشتاۋى بىلەن بىللە
كازاكلارنىڭ ئالاھىدە بىر بۆلۈنمىسى ئۇرۇش بولىدىغان يېقىن بىر
يەرگە يۆتكىلىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ بۆلۈنمە تاتارىسكى يېزىسىدىن
3 ـ قارار ئەسكەرلىككە ئېلىنغان كازاكلاردىن تەركىپ تاپقان ئىدى.
2 ـ ۋىزۋوتتىكىلەر تامامەن بىر يېزىلىقلار بولۇپ، بىر قولى چولاق
ئالېكسەي شامىلىنىڭ 2 ـ ئىنىسى ـــ مارتىن ۋە پروخور،
موخوپىنىڭ ھور تۈگمىنىدە ماشىنىست بولۇپ ئىشلىگەن ئىۋان
ئالېكسىيېۋىچ، چوقۇر ئافونكا ئوزېروپ، سابىق يېزا باشلىغى ماـ
نىتسكوپ، شامىللارنىڭ پۈتى مايماق كوكۇلا چاچ خوشنىسى ـــ
يېۋلانتى كالىنىن، ئىسكەتىسىز ئۈزۈنتۇرا كازاك بورىشچېۋ، ئېيىقـ
تەك دىقماق زاخار كورولېپ، پۈتۈن بۆلۈنمە بويىچە خۇشچاخچاق

ئىسسىل يىگىت گاۋرىلا لىخوۋىدوپ — گەم ئۇچرايدىغان، بوي -
تۇرقى ياۋايى هايۋانغا ئوخشايدىغان بىر كازاك بولۇپ، 70 ياشتى-
كى قېرى ئانىسىدىن ۋە بەدچىراي، ئەمما ئۆز بىشىمچى خوتۇنى-
دىن دائىم تاياق يەپ يۈرسىمۇ، ئۇندىمەيدىغانلىغى بىلەن داڭ
چىقارغان ئىدى؛ بۆلۈمنىڭ 3 - ۋىزۋودىدا ۋەباشقا ۋىزۋوت-
لىرىدا يەنە شۇنداق نۇرغۇن كازاكلار بار ئىدى. كازاكلارنىڭ بىر
قىسمى دىۋىزىيە ئىشتاۋىدا ئالاقىچى ئەسكەرلەر ئىدى، لېكىن 2 -
ئۆكتەبىردە ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئۇلانلار① قويۇلۇپ، بۇ بۆلۈمە دىۋى-
زىيە باشلىغى گېنېرال كىتچىنكونىڭ بۇيرۇغى بويىچە ئالدىنقى
سەپكە ئەۋەتىلگەن ئىدى.

3 - ئۆكتەبىر تاڭ سەھەردە بۆلۈمە كىچىك پورېك يېزى-
سىغا كىرىپ كەلدى. بۇ يەردىن شۇ ئاندىلا 318 - چېرنويار پولكى-
نىڭ بىرىنچى باتالىيونى چىقىپ كەتتى. سولداتلار ئىگىسىز قالغان
يېرىم - ياتا ۋەيران بولغان كەپە ئۆيلەردىن يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ،
شۇ يەردىكى كوچىدا سەپكە تىزىلىشتى. چىرايى قارىراق ياش بىر
پراپورشىك باشتىكى ۋىزۋوتنىڭ يېنىدا دەپسىنىپ تۇراتتى، ئۇ ھەر-
بى سومكىسىدىن بىر تال شاكىلات ئېلىپ ئاچتى - دە، (ئۇنىڭ
ھۆل، قىپ - قىزىل كالپۇكلىرىنىڭ چۆرىسى شاكىلات يۇقى ئىدى)
سەپ - سەپ بولۇپ تۇرغان سولداتلارنى ياقىلاپ ماڭدى. ئىتتىگكە
لاي چاچراپ قۇرۇپ قالغان ئۇزۇن شىنېلى قوينىڭ قۇيرۇغىدەك
ئىككى پۇتى ئارىلىغىدا شالداقلاپ قالغان ئىدى. كازاكلار كوچىنىڭ
سول تەرىپى بىلەن ماڭغان ئىدى. 2 - ۋىزۋوت قاتارلىرىنىڭ
بىرىدە ئۇلۇك ياقتا ماشىنىست ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ قەدەم تاشلاپ

① ئۇلانلار — چارروسىيەدە نەيزە - مىلتىق بىلەن قوراللانغان ئاتلىق
ئەسكەرلەر.

كېتىۋاتاتتى. ئۇ سۇ يىغىلىپ قالغان چوڭقۇرچاقلارنى ئاتلاپ ئۆتۈش ئۈچۈن ئايىغىنىڭ ئاستىغا سىنچىلاپ قاراپ ماڭاتتى. ئۇنى پىيادە ئەسكەرلەر تەرەپتە بىرسى چاقىرىۋىدى، دەرھال شۇ تەرەپكە قايرىلىپ، پىيادىلەر قاتارىغا كۆز يۈگۈرۈتتى.

— ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ! ئەزىز دوستۇم!...

كىچىك بىر سولدات ۋىزۋوتتىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپ مىلتىغىنى ئارقىسىغا شالداققىدە تاشلىۋىدى، تاسمىسى سىيرىلىپ چۈشۈپ، قوندىغى سۇدانغا تېگىپ جاراڭلىتىۋەتتى.

— تونۇماي قالدىڭمۇ؟ ئېسىڭدىن چىقىرىپ قويدۇڭمۇ؟

يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان كىچىك سولداتنىڭ يۈزىنى ياڭاق سۆڭەكلىرىگىچە كىرپە تىكىنىدەك يىرىك قوڭۇر ساقال باسقان بولۇپ، ئۇنىڭ ۋالېت ئىكەنلىكىنى ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ ئاران تونۇدى.

— نەدىن كېلىپ قالدىڭ، بىرسويام شىشە؟...

— مانا... ئەسكەر بولۇپ كېلىپ قالدۇق.

— خوش، سەن قايسى پولكتا؟

— 318 - چېرنويار پولكىدا. ئۆز كىشىلىرىمىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالارمەن دەپ ھەرگىز ئويلىمىغان ئىدىم ... ھەرگىز ...

ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ قاتتىق ئالقىنى بىلەن ۋالېتنىڭ كىچىككىنە كىر قولىنى قويىۋەتمەي، شاتلىق ۋە ھاياجان ئىچىدە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ۋالېت ئۇنىڭ چوڭ-چوڭ چامداشلىرىغا يېتىشىپ مېڭىش ئۈچۈن ئۇششاق قەدەم بىلەن يۈگۈرۈيتتى، ئىۋان ئالېكسىيېۋىچنىڭ كۆزىگە پەستىن نەزەر سېلىپ باراتتى. ئۇنىڭ تار ئورىچەك كۆزلىرى بۇرۇنقىدەك ئالىيىپ تۇرىدىغان كۆز ئەمەس،

بىلكى مولايىملا ياش بىلەن تەملەنگەن ئىدى.

— بىز ھۇجۇم قىلىشقا كېتىۋاتىمىز ... قارىمامسەن ...

— بىزمۇ شۇياققا كېتىۋاتىمىز.

— خوش، ئۆزەڭ قانداق تۇردۇڭ، ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ؟

— ھەي، ئىسمىمنى دەيسەن!

— مانا مەنمۇ شۇنداق، 1914 - يىلىدىن تارتىپ ئاكوپتىن چىقمايۋاتىمەن، مېنىڭ ئۆي - ماكان، ئائىلە، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم يوق ئىدى. ئەمدى مانا ئىنىم ئۈچۈن كۆپپاكچىلىق قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلمەيمەن ... بايتال ئىش بىلەن بەنت، قولۇمنىڭ ھېچ ئىش بىلەن كارى يوق.

— شتوكمان ئېسىڭدىمۇ؟ ئېسىل ئادەم ئىدى، بىزنىڭ ئوسىپ داۋىدوۋىچ! ئۇ بولغان بولسا، ھازىر بىزگە ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. بۇ ئادەم ... ھە؟ قانداق ئىدى ... ھە؟

— ئۇ ھەممە ئىشنىڭ سىرىنى ئېچىپ بەرگەن بولاتتى! — ۋالېت كىچىككىنە مۇشتىنى پۇلاڭشىتىپ، ھاياجان ئىچىدە ۋاقىراۋەتتى؛ ھېجايغاندا كىچىككىنە كىرپىنىڭ تۇمشۇقىدەك يۈزىنى قورۇق باستى، — ئۇ مېنىڭ ئېسىمدە، مەن ئۇنى ئاتامدىنمۇ ئارتۇقراق چۈشىنىمەن. مېنىڭ ئالدىمدا ئاتامنىڭمۇ ئانچە قىممىتى يوق ئىدى ... شتوكمان توغرىلىق سەن گەپ - سۆز ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ھېچبىر خەۋەر يوقمۇ؟

— ئۇ سىبىردە ئىكەن، تۈرمىدە يېتىپتۇ، — دېدى ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ.

— قانداق، — دەپ سورىدى ۋالېت يوغان گەۋدىلىك ھەمراھىنىڭ يېنىدا سۇندۇكۇچتەك دىكىلداپ، سالپاڭ قولىقىنى دىڭ تۇتۇپ.

— تۈرمىدە يېتىپتۇ، ھازىر ئۆلۈپمۇ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

ۋالىت خېلى ۋاقىتقىچە لام - جىم دىمەي ماڭدى، ئۇ بىر-دەم ئارقا تەرەپتە روتا تىزىلىنىۋاتقان يەرگە، بىردەم ئىۋان ئالىكسېيېۋىچنىڭ ئۇزۇنچاق ئىڭىكىگە، تۆۋەنكى كالپۇكىنىڭ ئاستىدىكى قاپ ئوتتۇرىدا تۇرغان چوڭقۇر چاققا قاراپ قوياتتى.

— خەير - خوش! — دىدى ئۇ قولىنى ئىۋان ئالىكسېيېۋىچنىڭ سوغاق قاتتىق سۆڭەك بارماقلىرىدىن ئاجرىتىۋىلىپ، — ئېھتىمال، بىز ئەمدى كۆرۈشەلمەسمىز.

ئىۋان ئالىكسېيېۋىچ سول قول بىلەن شەپكىسىنى ئالدى-دە، ئىنگىشىپ تۇرۇپ ۋالىتنىڭ قۇرۇق سۆڭەك يەلكىسىدىن قۇچاقلىدى. ئىككىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشقاندەك قاتتىق سۆيۈشۈپ كەتتى. ۋالىت ئارقىدا قىلىپ قالدى. ئۇ بىردىنلا كۆزىنى تۇتالماي بوينىنى ئىچىگە تىقىپ، شۈمشىيىپلا قالدى، پەقەت سۇر رەڭ سولداتچە شىنىلىنىڭ ياقىسىدىن قارامتۇل قىزىل سالپاڭ قۇلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئۇ مۈكچىيىپ، تۈز يولدىمۇ مۈدۈرەپ ماڭاتتى.

ئىۋان ئالىكسېيېۋىچ سەپتىن چىقىپ، تىترىگەن ئاۋاز بىلەن توۋلىدى:

— ھەي، ئىنىم، جان - جىگەر قېرىندىشىم! سەن كۆڭلى قاتتىق ئادەم ئىدىڭغۇ ... ئىسىڭدىمۇ؟ بەردەم ئىدىڭ ... ھە؟

ۋالىت كۆز يېشىدىن سولىشىپ كەتكەن يۈزىنى بۇراپ، ئالدى ئېچىۋېتىلگەن شىنىلىدىن ۋە كۆينىكىنىڭ يىرتىق ياقىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قارامتۇل يالاڭ قوۋۇرغا مەيدىسىنى دوك - دوك مۇشتلاپ تۇرۇپ:

— ھەئە! قاتتىق ئىدىم! ھازىر ئۇلار يەنچىپ تاشلىدى، باش مايسىنى چەيلىۋەتتى! ...، — دەپ توۋلىدى.

ئۇ يەنە بىر نىمىلەرنى دەپ ۋاقىرىغان ئىدى، لېكىن بۆ-

لۆنمە باشقا بىر كوچىغا قايرىلغانلىقتىن، ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ ئۇ-
نى كۆرەلمەي قالدى.
— بۇ ۋالېت ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى ئارقىدا كېلىۋات-
قان پروخور شامىل.
— ھە، شۇكىشى، — دەپ بوغۇق ئاۋاز بىلەن جاۋاپ
بەردى ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ. لەۋلىرى تىترەپ، يەلكىسىدىكى سۈي-
گەن يارى — مىلتىغىنى سىلاپ قويدى.
يېزىدىن چىققاندىن كېيىن يارىدارلار ئۇچرىغىلى تۇردى،
يارىدارلار ئاۋال يەككە - يەككە، ئۇندىن كېيىن بىر نەچچە كى-
شى - بىر نەچچە كىشىلىك توپ بولۇپ، ئاخىرىغا كەلگەندە سان-
جاق - سانجاق توپ بولۇپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئېغىر يارىدارلارنى
قىستاپ باسقان بىر نەچچە ھارۋا ئاران - ئارانلا ئىلگىرىلەيتتى،
ئۇلارنى تارتىپ كېتىۋاتقان قىرچاڭغۇ ئاتلار تولىمۇ ئورۇق ئىدى.
پېچاقتەك قىرلىق دۈمبىسى ئۈزۈلۈكسىز قامچا تېگىۋەرگەنلىكتىن
تېرىسى شىلىنىپ، قىپ - قىزىل ئېچىلىپ قالغان ئىدى، ئۇيەر -
بۇيەردە تۈك چاپلىشىپ قالغان بولۇپ، ئۇستىخانلىرىدا قىزىل قان
چېكىت - چېكىت بولۇپ قالغان ئىدى. ئاتلار 4 چاقلىق ھارۋ-
ۋىنى خىرىلداپ، كۆپۈكلەشكەن تۇمشۇغىنى لايغا تەككۈدەك كۆچىنىپ
ئاران تارتىپ باراتتى، بەزىدە بىرەر بايتال قوۋۇرغىسى چىقىپ
قالغان بىقىنىنى دەرمانسىزلىق بىلەن لوپۇلدىتىپ، ئورۇقلۇقتىن
چوكىنىپ قالغان بېشىنى تۆۋەن سېلىپ توختاپ قالاتتى. تارس
قىلىپ تەككەن قامچىلىقنىڭ زەربە ئۇنى جايىدىن ئاران قوزغايتتى-
دە، بايتال بىر ئۇيانغا، بىر بۇيانغا تەۋرىنىپ، كۆچەپ مېڭىپ كېت-
ەتتى. ئۇرغۇلىغان يارىدارلار 4 تەرەپتىن ھارۋىنىڭ يان
ياغاچلىرىغا يېپىشىپ، قاتار سوزۇلۇپ مېڭىشاتتى.
بۆلۈمنىڭ كوماندىرى يارىدارلاردىن ئۇچۇق چىراي بىرىنى

تاللاپ:
— قايسى قىسىملاردىن بولۇسىزلەر؟ — دەپ سورىدى.
— تۈركىستان كورپۇسىدىن، 3 - دىۋىزىيىدىن.
— بۈگۈن يارىدار بولدۇڭمۇ؟
سولدات جاۋاپ بەرمەستىن تەتۈر قارىۋالدى. بۇلۇڭنىڭ يول-
دىن بۇرۇلۇپ، يېرىم چاقىرىم يەردىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئورماننىڭ
ئىچىگە قاراپ يول ئالدى. ئارقىدا يېزىدىن چىقىپ بولغان 318 -
چېرنويار پولكىنىڭ روتىلىرى ئېغىر قەدەم بىلەن شاپىلداپ كې-
لىشەتتى. يىراقتا، يامغۇردىن قاپىقى سىلىنغان غوۋا ئاسماندا نې-
مىسلارنىڭ ئانا بىلەن باغلاپ قويۇلغان ساغۇچ سۇر ھاۋا
شارى مىدىر قىلماستىن، چېكىنتىتەك ئېسىلىپ تۇراتتى.
— قاراڭلار، يۇرتداشلار، ئاۋۇ ئېسىلىپ تۇرغان نېمە كارا-
مەت ئۇ؟
— كاللىباساغۇ.
— بۇ لەنىتى، ئاشۇ يەردىن ئەسكەرلەرنىڭ قانداق ماڭغان-
لىقىنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ.
— شۇنچە ئېگىزلىكتە بىكاردىن ئېسىلىپ تۇرىدۇ،دەپ ئويلى-
غانمىدىڭ؟
— ھەي، جەك يىراقتىدە ئۇ!
— يېقىنىن دىگەنمىدىڭ؟ زەمبىرەكچىنى ئوق ئاتسامۇ،
يەتكۈزەلمەيسەن.
ئورماننىڭ ئىچىدە كازاكلارنى چېرنويار پولكىنىڭ بىرىنچى
روتىسى قوغلاپ يەتتى. ئادەملەر كەچكىچە ھۆل قارىغايلارنىڭ غو-
لىغا چاپلىشىپ،ياقىلىرىدىن سۇ قۇيۇلۇپ، بەدىنى تىترەپ چىقتى؛
ئوت يېقىش مەنئى قىلىنغان ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە يامغۇر يېغىپ
تۇرغاندا ئوت يېقىشمۇ تەس ئىدى. قاراڭغۇ چۈشۈش ئالدىدا ئۇلار-
نى مۇداپىئە خەندەكلىرىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ بولدى. ئانچە

چوڭقۇر بولمىغان، ئادەم بويىدىن سەل ئېگىزرەك كېلىدىغان خەن-
دەكنىڭ ئىچىنى بىر غېرىچ سۇ باسقان ئىكەن. لاي، چىرىگەن
يىڭنە يوپۇرماقلارنىڭ پۇرىغى ۋە يامغۇرنىڭ قاڭسىق، مەخمەلدەك
يۇمشاق ھىدى گۈپۈلدەپ تۇراتتى. كازاكلار شىنېلىنىڭ پەشلىرىنى
يىغىشتۇرۇپ، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشتى، ئىرغاش -
چىرماش ئۈزۈك پاراڭلارنى سوقۇشلى تۇردى. 2 ۋىزۋوت
يولغا چىقىش ئالدىدا بېرىلگەن موخوركا ئۈلۈشلىرىنى بۆلۈشۈۋال-
غاندىن كېيىن ۋىزۋوت ئورەدىنىگىنى ئورىۋېلىپ، خەندەكنىڭ دوق-
مۇشىغا قىستىلىشىپ ئولتۇردى. ئورەدىنىك بولسا بىرىسى تاشلاپ
كەتكەن سىمنىڭ غالتىكى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئۆتكەن دۈشەنبە كۈ-
نى قازا تاپقان گېنېرال كوپىلوۋىسكى توغرىلىق سۆزلەپ بەردى؛
ئورەدىنىك ئۇرۇش باشلىنىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ بىرىگادىسىدا ئەس-
كەر بولغان ئىكەن. ئۇ ھېكايىسىنى ئاياقلاشتۇرالمىدى، چۈنكى ۋىز-
ۋوت ئوفىتسېرى: «قولۇڭلارغا مىلتىق ئېلىڭلار!» دەپ توۋلىغان ئى-
دى، شۇنىڭ بىلەن كازاكلار ئۇپۇر - توپۇر بولۇشۇپ ئورنىدىن تۇ-
رۇشتى، قوللىرىنى كۆيدۈرۈپ، تاماكىسىنى شوراپ - شوراپ تۈگى-
تىشتى. بۆلۈنمە خەندەكلەردىن يامىشىپ چىقىپ قاراڭغۇلۇشۇۋاتقان
قارىغايزارلىققا كىرىشتى. ئۇلار چاخچاق بىلەن بىر بىرىنىڭ روھ-
ىنى كۆتىرىپ بېرىشاتتى. قايسى بىرى ئىسقىرتاتتى.

ئورمان ئىچىدىكى كىچىككىنە ئوچۇقچىلىقتا ئۇلار ئۇزۇن-
دىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۆلۈكلەرنىڭ ئۈستىدىن چىقىشتى. ئۆلۈك-
لەر مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ، تۈرلۈك ھالەتتە، كۆپىنچىسى ئەدەپ-
سىز قورقۇنچلۇق ھالەتتە يېتىشاتتى. شۇ يەردە گازدىن ساقلىنى-
دىغان ماسكىنى كەمىرىنىڭ يانتەرىپىگە ئېسىۋالغان مىلتىقلىق بىر
سولدات يۈرەتتى، ئۆلۈكلەرنىڭ ئالدىدىكى نەم توپراق دەسسىلىپ،

پېتىقلىنىپ كېتىپتۇ. نۇرغۇنلىغان ئاياق ئىزلىرى، ئوت - چۆپ
ئۈستىدە ھارۋا چاقلىرى قالدۇرغان چوڭقۇر ئورىچەكلەر كۆرۈنۈپ
تۇراتتى. بۆلۈنمە ئۆلۈكلەردىن بىر نەچچە قەدەم نېرى
ماڭدى. جەسەتلەردىن چۈچۈمەل، ئۆتكۈر پۇراق تارقىلىشقا
باشلىغان. بۆلۈنمىنىڭ كوماندىرى كازاكلارنى توختىتىپ،
ۋېزۋوت .ئوفتسېرلىرى بىللە سولداتنىڭ قېشىغا
باردى. ئۇلار بىر نەرسە توغرىلىق سۆزلەشتى. شۇ چاغدا كازاكلار
سەپنى بۇزۇپ، شەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ، جەسەتلەرنىڭ قېشىغا
بېسىپ كەلدى - دە، ھەرقانداق تىرىك ئادەم ئۆلۈكلەرنىڭ سىرى-
نى بىلىشكە ياۋايىلارچە قىزىقىدىغاندەك، ئىچىدە قورقۇنچ ھىس
قىلغان ھالدا ئۆلگەنلەرگە سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. ئۆلۈكلەرنىڭ
ھەممىسى ئوفتسېر ئىدى. كازاكلار ئۇلارنىڭ 47 ئادەم ئىكەنلىگى-
نى ساناپ چىقتى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىگى ياش بولۇپ، تۇرقىدىن
قارىغاندا — 20 ياشتىن 25 ياش ئارىلىقلىرىدىكىلەر بولۇپ، پە-
قەت ئوڭ تەرەپتىن ئەڭ چەتتىكى ئىشتابىس — كاپىتان پوگونلۇق
بىرسى ياشانغان ئادەم ئىدى. جان تالىشىپ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم
ۋاقىرىغان پېتى ئاغزى كەڭ ئېچىلىپ قالغان بولۇپ، قاپ - قارا
شاپ بۇرۇتى ئاغزىنىڭ ئۈستىدە مەيۈس سالپىيىپ تۇراتتى، ئۆلۈم-
دىن ئاقىرىپ كەتكەن يۈزىدە كەڭ قاشلىرى قورقۇمسىز كېرىلىپ،
قاپىغى تۈرۈلۈپ قېلىپتۇ. ئۆلۈكلەرنىڭ بەزىبىرلىرىنىڭ ئۈستىدە
لايىغا بۇلغانغان خۇرۇم تۇجۇركا بار ئىدى، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى
شىنېل كىيگەن ئىكەن. ئىككى ياكى ئۈچىنىڭ بېشىدا شەپكىسى
يوق ئىدى. ئۆلگەندىن كېيىنمۇ كېلىشكەن قامىتى ئۆز پېتىچە
قالغان بىر پورۇچىكقا كازاكلار بولۇپمۇ ئۇزاق قارىشىپ تۇردى.
ئۇ ئوڭدا ياتاتتى، سول قولىنى مەيدىسىگە يېقىپ، يانغا سوزۇلغان
ئوڭ قولى بىلەن ناگاننىڭ سېپىنى تۇتقان پېتى مەڭگۈ قېتىپ

قالغان. بىرسى ناگاننى ئاجرىتىۋالىمەن دەپ ئۇرۇنۇپ باققان بولسا كېـ
رەك — قولىنىڭ ساغۇچ كەڭ پەنجىسىدە تامىلانغان ئاپپاق ئىز قالغان،
شۇنداق بولسىمۇ قول تاپانچىغا پولاتتەك مەھكەم ئۇيۇشۇپ قالغانـ
لىقتىن ئاجرىتالمىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى، شەپكىسى يانغا چۈشۈپ
قالغان ساغۇچ جىڭگىلەك چاچ بېشى، ئەركىلەنگەندەك، مەڭزى بىـ
لەن يەرگە قايرىلىپ قالغان تـوق سېرىق، كـۆكـىرىشكە باشلىغان
لەۋلىرى ھەسرەت بىلەن ھەيرەت ئىچىدە قىيىشىپ قالغان. ئۇنىڭ
ئوڭ يېنىدىكى بىرسى يۈزىنى يەرگە يېقىپ ياتاتتى، ئارقا بەلۋېغى
ئۈزۈلۈپ كەتكەن شىنېلى دۈمبىسىگە تۈرۈلۈپ قالغان،شۇڭا ماش رەڭ
بۇرۇلكا ۋە كالتە قونچىلىق خۇرۇم ئۆتۈك كىيگەن كۈچلۈك، مۇسكۇلـ
لىرى چىڭ تارتىلغان، پۇتلىرى يالىڭاچلىنىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ
شەپكىسىمۇ، مىڭە سۆڭىكىمۇ يوق — تـوپ ئـوقىنىڭ پارچىلىرى
پاك - پاكىز ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ؛ ئـۇنىڭ ئارقىسىدا تۇجۇركىسىنىڭ
ئالدى ئېچىۋېتىلگەن، گىمناستـوركىسى جـۇل - جـۇل يىرتىلغان،
پاكار، دىقماققىنە بىر گەۋدە ياتاتتى، يۈز - كۆزىدىن ئەسەر يوق؛
تۆۋەنكى ئىڭىكى يالىڭاچ كۆكسىگە قىيپاچ ئېسىلىپ چۈشۈپتۇ، چېـ
كىسىنىڭ تۆۋەنرەكىدە تېرىسىنى ئوت كـۆيدۈرۈۋەتكەن مـاڭلىيىنىڭ
تار بىر تاسما يېرى ئاقىرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ نېرىسىدا — نېرى-
بېرى يىغىپ قويۇلغان قول، پۇتلارنىڭ پارچىلىرى، شىنېلىنىڭ پارە - پارە
بۆلەكلىرى دۆۋىلىنىپ تۇراتتى؛ ئۇنىڭدىنمۇ نېرىدا — ئانا سۈتى
ئاغزىدىن كەتمىگەن، لەۋلىرى گىلاستەك، مـەسۇم چىرايى يـاشقىنە
بىر بالا ياتاتتى؛ كۆكرىكىگە پىلىموت ئوقلىرى تېگىـپ، شىنېلىنى
4 يـەردىن تېشىپ ئـۆتۈپتۇ، تـۆشۈكلەردىن كۆيگەن پاختا كۆرۈـ
نۈپ تۇراتتى.

— بۇ ... بۇ بالا جان ئۈزۈۋاتقان پەيتتە كىمنى چاقىرغاندۇ؟

ئانىسىنى چاقىردىمىكىن؟ — دەپ سورىدى ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ، ھودۇقۇپ سۆزلىگەندە چىشلىرى كاسىلداپ كەتتى — دە، شارتتىدە بۇرۇلۇپ، قارغۇ ئادەمدەك يۈرۈپ كەتتى.

كازاكلار چوقۇنۇشۇپ، ئالدى — ئارقىسىغا قارىماستىن، ئالدىراش بۇ يەردىن كەتتى. شۇندىن كېيىن ئۇلار ئۇزۇنغىچە سۆكۈت ساقلاپ، تار ئوچۇق جايلارنى يۆسۈپ ماڭدى — دە، بايىقى كۆرگەنلىرىنى ئەسكە ئېلىشتىن ھەزەر قىلىشتى. كېشىلەر تاشلاپ كەتكەن قاتار گەمە ئۆيلەرنىڭ قېشىغا كەلگەندە بۆلۈنمە بۇيرۇق بويىچە توختىدى. چېرنويار پولكىنىڭ ئىشتاۋىدىن ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن ئالاقىچى بىلەن بىللە ئوفىتسېرلەر بىر گەمىگە كىرىشتى. دەل شۇ چاغدا چوقۇر ئافونكا ئۇزېرىپ، ئىۋان ئالېكسېيېۋىچنىڭ قولىدىن تارتىپ پىچىرلاپ:

— بايىقى بالا... ئەڭ كېيىنكىسى... ماڭا ... قارا... پۈتۈن ئۆمرىدە بىر قىزنىڭ يۈزىدىن سۆيمىگەندۇ دەيمەن... مانا ئۆلتۈرۈپ تاشلاپتۇ. بۇ قانداق بولغىنى؟ — دېدى.

— ئۇلارنى نىمانچە كۆپ ئۆلتۈرۈۋەتكەندۇ؟ — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى ژاخار كورولېپ،

— ئۇلار ھوجۇمغا كېتىۋېتىپتۇ. ئۇلۇكلەرنى ساقلاۋاتقان سولدات شۇنداق دەيدۇ. — بورشچېپ بىر ئاز جىم تۇرغاندىن كېيىن جاۋاپ قايتۇردى.

كازاكلار «ئەركىن تۇرۇشاتتى. ئورمانىڭ ئۈستىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ئىدى. شامال بولۇتلارنى سۈرۈم — توقاي قىلىپ، توزغۇتۇپ، يىراقتىكى بىنەپشەرەڭ چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارنى يالىڭاچلىۋەتتى.

شۇچاغدا، بۆلۈنمە ئوفىتسېرلىرى يىغىلغان گەمە ئۆيدە

كوماندىر، ئالاقىچىنى يولغا سېلىۋېتىپ قەغەز خالتىنى ئاچتى – دە، كىچىككىنە شام قالدۇغىنىڭ يورۇغىدا بۇيرۇق خەتنىڭ مەزمۇنى بىلەن تونۇشۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنى ئوقۇپ بەردى:

ئۆكتەبىرنىڭ 3 – كۈنى تاڭ سەھەردە نېمىسلار زەھەرلىك گاز ئىشلىتىپ، 256 – پولكنىڭ 3 باتالىيونىنى زەھەرلەپ، بىزنىڭ ئاكوپلىرىمىزنىڭ 1 – مۇداپىئە سىزىغىنى ئىشغال قىلىۋالدى. سىلەرگە، ئاكوپلارنىڭ 2 – مۇداپىئە سىزىغىچە ئىلگىرىلەپ، 318 – چېرنويار پولكىنىڭ 1 – باتالىيونى بىلەن ئالاقە باغلاپ، بۈگۈن كېچە دۈشمەننى 1 – مۇداپىئە سىزىغىدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن 2 – مۇداپىئە سىزىغىدىكى يەرلەرنى ئىگەللىشىڭلارغا بۇيرۇق بېرىمەن. سىلەرنىڭ ئوڭ قانىتىڭلاردا 2 – باتالىيوننىڭ 2 روتىسى ۋە 3 – گرېنادېر ① دىۋىزىيىسىنىڭ فاناگورىي پولكىنىڭ بىر باتالىيونى بولىدۇ.

ئوفىتسېرلەر ئەھۋالنى مۇھاكىمە قىلغاندىن كېيىن بىر بىردىن تاماكا چېكىشىپ تاشقىرىغا چىقىشتى. بۆلۈنمە يولغا چىقتى.

كازاكلار گەمە ئۆيلەرنىڭ يېنىدا دەم ئېلىپ تۇرغان چاغدا، چېرنويار پولكىنىڭ بىرىنچى باتالىيونى ئۇلاردىن ئۆزۈپ ئۆتۈپ، ستوخود كۆۋرۈكىگە يېتىپ بارغان ئىدى. كۆۋرۈكنى گرېنادېر پولكلىرىنىڭ بىرسى ئورۇنلاشتۇرغان كۈچلۈك پىلىموتچىلار قاراۋۇلخانىسى قوغداۋاتاتتى. فېلدفېبېل ② باتالىيون كوماندىرىغا ئەھۋالنى چۈشەندۈردى، شۇنىڭ بىلەن باتالىيون كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، ئىككىگە

① گرېنادېر — خىللانغان ئەسكەر.
② فېلدفېبېل — مۇئاۋىن روتا باشلىقى — ت.

بۆلۈندى: 2 روتا ئوڭغا. بىر روتا سولغا ماڭدى، ئاخىرقى بىر روتا باتالىيون كوماندىرى بىلەن زاپاستا قالدى. روتىلار زەنجىرسىمان سەپ تارتىپ ماڭدى؛ شالاڭ ئورمان مىلتىق ـ زەمبىرەك ئوقلىرى بىلەن گوداڭغا ئايلانغان ئىكەن. ئەسكەرلەر يەرنى پۇتى بىلەن ئاۋايلاپ دەسسەپ مېڭىشاتتى، بەزىدە بىرەرسى يىقىلىپ چۈشسە، ئاۋازىنى بوش چىقىرىپ تىللاپ قوياتتى. ۋالبەت ئوڭ قاناتنىڭ ئەڭ چېتىدىكى روتىدا ئارقىدىن 6 ـ كىشى بولۇپ كېلىۋاتاتتى. «تەييار بول!» كوماندىسى بېرىلگەندىن كېيىن ئۇ مىلتىقىنىڭ قولۇپىنى ئېتىشقا راسلاپ قويدى ـ دە، ئۇنى ئالدىغا قارىتىپ تۈ-تۈپ، چاتقاللارنى ۋە قارىغاينىڭ غوللىرىنى نەيزىسى بىلەن جى-جىپ ماڭدى، ئۇنىڭ يېنىدىن سەپنى ياقىلاپ 2 ئوفىتسېر ئۆتۈپ كەتتى؛ ئۇلار ئۇنى چىقارماي ئاستا سۆزلىشەتتى. روتا كوماندىرى روشەن، يېتىلگەن ئوتتۇرىچە ئەر ئاۋازى بىلەن شىكايەت قىلاتتى:

ــ مېنىڭ كونا يارام ئېچىلىپ قالدى. ھەي، كاساپەت كۆتەك! قارىمامسىز، ئىۋان ئىۋانوۋىچ، بۇ قاراڭغۇدا پۇتۇمنى كۆ-تەككە ئۇرىۋالدىم. نەتىجىدە يارام ئېچىلىپ، ماڭالماي قالدىم، ئەمدى ئارقىغا قايتىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ، ــ كوماندىرنىڭ باس ئاۋازى بىر مىنۇت جىمىپ قالدى، ئاندىن يىراقلاشقانچە ئاۋازى تېخىمۇ ئاستىلاپ گۇدۇڭلاپ چىقاتتى، ــ سىز بىرىنچى يېرىم رو-تىنىڭ كوماندىرلىقىنى ئۆز ئۈستىڭىزگە ئېلىڭ، بوگدانوپ ئىككىن-چىسىنى ئالسۇن، مەن مانا ... گەپىمنىڭ راستىنى ئېيتسام، بولال-ماي قالدىم. مەن قايتىشقا مەجبۇرمەن.

ئۇنىڭغا پراپورشىك بېلىكوپ چۈس ئاۋاز بىلەن خىرىلداپ جاۋاپ قايتۇردى:

ــ قىزىق ئىش! سىز ئۇرۇشقا كىرىش بىلەنلا كونا يارىلى-رىڭىز ئېچىلىپ قالىدىكەن ـ ھە.

— تولا گەپ قىلماسلىغىڭىزنى ئىلتىماس قىلىمەن، جانابى پراپورشىك! — روتا كوماندىرىنىڭ ئاۋازى كۆتىرىلىپ چىقتى.

— بولدى قويۇڭ، مەرھەمەت قىلىڭ! قايتىپ كېتىۋېرىڭ!

ۋالېت ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئاياق تاۋۇشلىرىغا قۇلاق سېلىپ كېتىۋېتىپ، ئارقا تەرەپتىن ئالدىراش شىتىرلىغان ئاۋازنى ئاڭلىدى: روتا كوماندىرىنىڭ كەينىگە قايتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى پەملىدى. بىر مىنۇتتىن كېيىن بىلىكوپ فېلدفېبېل بىلەن بىللە روتىنىڭ سول قانىتىغا ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ غۇڭشۇشقا باشلىدى:

—... ئەبلەخلەر ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى سېزىدۇ! جىددى ئىش باشلىنىش بىلەنلا ئۇلار ئاغرىپ قېلىشىدۇ، يارىسى ئېچىلىپ قالىدۇ، سەن يېڭى چىققان مۇڭگۈز يېرىم روتىغا باشچىلىق قىل ھا. ھەي رەزىللەر! مەن مۇنداقلارنى ... سولداتلار...

ئۇلارنىڭ ئاۋازى توساتتىن جىمىپ قالدى، ۋالېت پەقەت ئۆز قەدىمىنىڭ ھۆلچىلىكتە چىلىپىلىغانلىقىنىلا ئاڭلايتتى، ئەمما شۇ ئاندا قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە بىر نەرسىنىڭ تىرىك قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ھەي، يۇرتلۇغۇم! — سول تەرەپتىن بىرسى خىرىلداپ پىچىرلىدى.

— ھە، خوش؟

— كېتىۋاتامسەن؟

— ھە، كېتىۋاتىمەن، — ۋالېت جاۋاپ بەردى-يۇ، يىقىلىپ كېتىپ، سۇ تولۇپ قالغان بىر ئويمانغا ئازقىچە سىيرىلىپ چۈشتى.

— قاراڭغۇ ئىكەن ...، — سول تەرەپتىن بىرسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

بىر يېرىنى كۆزمەي بىردەم مېڭىشقاندىن كېيىن تۇيۇقسىز ۋالېتنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە يەنە شۇ خىرىلدىغان ئاۋاز ئاڭلاندى:

— يانمۇ يان ماڭايلى! ئۇنچىلىك قورقۇنچلۇق بولمايدۇ...

يەنە جىم بولۇپ قىلىشتى، ھۆلچىلىكتىن كومشۇيۇپ كەتكەن ئۆتۈكلىرىنى ئەم پەردە ئاران - ئاران كۆتىرىپ مىڭىشاتتى. يۈزىنى داغ باسقان ئاي قارا بۇلۇتنىڭ گىرۋىكىدىن بىردىن چاچراپ چىقتى - دە، بىر نەچچە دەقىقە بۇلۇتلار دولقۇنلىرىدا تاپان بىلىقتەك شۇڭغۇپ، سىرىق تەڭگىسىمان پاقىراپ كەتتى، شۇندىن كېيىن ئاي سۈزۈك ئاسمانغا چىقىۋىلىپ، تۆۋەننى غۇۋا يورۇتۇپ تۇردى؛ قارىغاينىڭ ھۆل يىڭنە ياپراقلىرى فوسفوردەك پاقىراپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ھىدى يورۇقتا تېخىمۇ كۆچەيگەندەك، ئەم يەرنىڭ دىمى سوغاقتا يەنىمۇ قاتتىق بوغۇلغاندەك بولدى. ۋالېت يېنىدىكى ئادەمگە قارىۋىدى، ئۇ تۇيۇقسىز بىرسى ئۇرغاندەك بېشىنى چايقاپ، ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپلا قالدى.

— قارا! — دەپ بىرلا نەپەس چىقاردى ئۇ.

ئۇلاردىن 3 قەدەمنىرىدىكى قارىغاينىڭ ئاستىدائىككى ئايىغىنى كەڭ كېرىپ بىر ئادەم تۇراتتى.

— ئا — دە — م، — دىدى ۋالېت ياكى شۇنداق دىمەكچى بولدى.

ۋالېت بىلەن يانمۇ يان كېلىۋاتقان سولدات بىردىن مىلتىغىنى كۆتىرىپ:

—كىم بۇ؟ — دەپ توۋلىدى، — كىمسەن؟ ئېتىپ تاشلايمەن!

قارىغاي ئاستىدا تۇرغان ئادەم ئۈنچىقمىدى. ئۇنىڭ بېشى ئاپتاپپەرەستەك يان تەرەپكە ساڭگىلاپ قالغان ئىدى.

— ئۇ ئۇخلاۋاتىدۇ! — دەپ كۈلدى ۋالېت ئۆزىنى زومۇ زو كۈلكە بىلەن تېتىكلەشتۈرۈپ، ئاندىن تىترىگەن پېتى ئالدىغا قەدەم تاشلىدى.

ئۇلار جىم تۇرغان ئادەمنىڭ قېشىغا يېقىن بېرىشتى. ۋالېت بويىنى سوزۇپ تىكىلىپ قارىدى. يېنىدىكى يولدىشى مىلتىقنىڭ

قوندىغى بىلەن مىدىرلىماي تۇرغان سۈررەڭ گەۋدىنى تۇرتۇپ باقتى.

— ھەي، سەن، پىنزالىقمۇ؟① ئۇخلاۋاتامسەن؟ يۇرتداش!...، — دېدى ئۇ ئىستىھزا بىلەن، — قىزىق نەرسە ئىكەنسەنغۇ، ئۆزەڭ قانداق نېمە؟ — بىردىن سولداتنىڭ ئاۋازى جىمىپ قالدى، — ئۆلۈك ئىكەن! — دەپ ۋاقىرىۋەتتى - دە، ئارقىسىغا چېكىندى. ۋالىت چىشلىرىنى كاسىلدىتىپ، ئىرغىپ ئارقىغا تاشلانغان ئىدى، قارىغاي ئاستىدىكى ئادەم ۋالىت تۇرغان يەرگە ھەرىدەلگەن دەرەختەك گۈپپىدە غۇلاپ چۈشتى. ئۇلار ئۆلۈكنىڭ يۈزىنى يۇقۇرىغا قىلىپ ئاغدۇرۇپ قويۇشتى، ئەنە شۇ چاغدىلا مەلۇم بولدىكى، ئۇ 256 - پىيادىلار پولكىدىكى 3 باتالىيوننىڭ بىرىدە خىزمەت قىلغان سولدات بولۇپ، گاز بىلەن زەھەرلىنىپ، ئۆپكىسىگە ئەجەل يېپىشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن قېچىپ قارىغاينىڭ ئاستىدىن ئۆزىگە ئاخىرقى پاناجاي تاپقان ئىكەن. ئۇ بويلۇق، كەڭ يەلكىلىك يىگىت ئىدى، بېشىنى ئەركىن ئارقىغا تاشلاپ ياتاتتى، يىقىلغاندا يۈزى يېپىشقاق لايغا مىلىنىپ كەتكەن، گاز كۆيدۈرۈۋەتكەن 2 كۆزى مىچ - مىچ سۇيۇق نەرسىگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ؛ سېمىز غىنە گۆشلۈك تىلى مەھكەم چىشلەنگەن چىشلىرى ئارىسىدىن قاپ - قارا بىلەي تاشتەك چىقىپ قىلىپتۇ.

— كېتەيلى، خۇدا ھەققى كېتەيلى! ئۇ ئۆزى يېتىۋەرسۇن، — دەپ پىچىرلىدى بىللە ماڭغان يولدىشى ۋالىتنىڭ قولىدىن تارتىپ.

ئۇلار مېڭىپ، كۆپ ئۆتمەيلا 2 - ئۆلۈككە دۇچكەلدى. ئۆلۈكلەر كەينى كەينىدىن ئۇچراپ تۇردى. زەھەرلەنگەنلەر بىر نەچچە جايدا دۆۋە - دۆۋە بولۇپ ياتاتتى، بەزىلىرى زوڭزىيىپ ئولتۇرغان

① پىنزا — شەھەرنىڭ ئىسمى.

پېتى قېتىپقېلىپتۇ، بەزىبىرلىرى 4 پۇتلىنىپ ئۆملىگەن پېتى قېـ
تىپ قالغان، بىرسى 2 ـ مۇداپىئە سىزىغىدىكى ئاكوپلارغا ئېلىپ
بارىدىغان قاتناش يولىنىڭ ئاغزىدىلا، جان ئازاۋىدا چايناغان قو-
لىنى ئاغزىغا تىققان پېتى تۈگۈلۈپ ياتاتتى.

ۋالېت بىلەن ئۇنىڭغا قوشۇلۇۋالغان سولدات سەپ تارتىپ
ئىلگىرىلەپ كەتكەن سولداتلارغا يۈگۈرگەن پېتى قوغلاپ يېتىشـ
ۋالدى ـ دە، ئۇلاردىن ئۆزۈپ ئۆتۈپ، قاتارلىنىپ ماڭدى. ئۇلار،
يىلان ئىزىدەك سوزۇلۇپ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ئاكوپ
خەندەكلىرىگە بىللىلا سەكرەپ چۈشكەندىن كېيىن ئىككىسى 2
ياققا ئايرىلىپ كەتتى.

— گەمىلەرنى ئاختۇرۇپ بېقىش كېرەك. بەلكىم يەيدىغان
نەرسىلەر قالغاندۇ، — دەپ ئىشەنچسىزلىك بىلەن مەسلىھەت بەر-
دى ۋالېنتقا ئۇنىڭ جۆرىسى.

— ماڭايلى.

— سەن ئوڭغا ماڭ، مەن سولغا. بىزنىڭ ئادەملەر يېتىپ
كەلگىچە تەكشۈرۈپ كۆرەيلى.

ۋالېت سەرەڭگە يېقىپ، دەسلەپكى گەمىنىڭ ئوچۇق تۇرغان
ئىشىگىدىن كىرىپ بېقىپ، خۇددى پۇرۇژىنا قېقىپ تاشلىغاندەك،
دەرھاللا ئارقىسىغا ئېتىلىپ چىقتى: گەمىنىڭ ئىچىدە كىرېست
شەكلىدە 2 ئۆلۈك ياتاتتى. 3 گەمىنى ئارىلاپ ھېچنېمە تاپالمىغاند-
دىن كېيىن 4 ـ گەمىنىڭ ئىشىگىنى بىرلا ئىتتىرىپ ئاچقان ئىـ
دى، چىڭقىرىلغان ياتلا بىر ئاۋازنىڭ:

— Wer ist das?①

دەپ ۋاقىرىشىدىن يىقىلىپ چۈشۈشكە تاس قالدى.

① كىم سەن؟

ۋالېت بەدىنىگە لاپپىدە ئوتنىڭ ئىسسىقى كەلگەندەك، ئۈنچىقماستىن ئۆزىنى ئارقىغا ئالدى.

نېمىس گەمىدىن ئاستا چىقىپ، ئۇچىسىغا يېپىشىۋالغان شىنېلىنى خوشىياقماسلىق بىلەن مۈرىسىگە تارتىپ:

— Das bis Otto? Weshalb bist du so gekommen?①

دەپ سورىدى.

— قولۇڭنى كۆتەر! كۆتەر قولۇڭنى! تەسلىم بول! — ۋالېت خىرىلداپ ۋاقىرىدى - دە، گويا «جەڭگە!» كوماندىسى بېرىلگەندەك، چوخچىيىپ ئولتۇردى.

هاڭ - تاڭ بولۇپ ئاغزى گەپكە كەلمەي قالغان نېمىس ئاستا قولىنى كۆتەردى - دە، ئۆزىگە مەھكەم قادالغان مىلتىق نەيزىسىنىڭ پاقىراپ تۇرغان ئۇچىغا تىكىلىپ قاراپ، يانغا قايرىلدى، شىنېلى يەلكىسىدىن چۈشۈپ كەتتى. تۆگمىسى بىر تەرەپكە قادالغان كۆك - يېشىل مۇندىرىنىڭ قولتۇغى يول - يول تۇرۇلدى. يۇقۇرى كۆتىرىلگەن ئىشچىلارغا خاس يوغان قوللىرى تىترەپ، بارماقلىرى گويا كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان چالغۇ ئەسۋاپىنىڭ تۆگمىسىنى باسقاندەك قىمىرلاشقا باشلىدى. ۋالېت بايىقى پېتىچە جايىدىن قوزغالماي، نېمىسنىڭ ئېگىز، كۈچلۈك گەۋدىسىگە، مۇندىرىنىڭ مېتال تۆگمىلىرىگە، يان تەرەپتىن تىكىلگەن كالتا قونجۇلۇق ئۆتۈكىگە، چېكىسىگە سەل قىشايتىپ كىيىۋالغان كوزىرىكسىز شەپكىسىگە قاراپ تۇردى. ئاندىن كېيىن ئۇ بىردىنلا ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇستىدىكى كېلەڭسىز شىنېلى ئۇچىسىغا يېپىشىۋاتقاندەك تەۋرىنىپ قويدى؛ كېلىدىن غەلىتە

① سەن ئوتتومۇ؟ نېمىشكە مۇنداق كېچىكىپ قالدىڭ؟

بىر ئاۋاز چىقاردى—ئۇنىڭ يۈتەلگەنلىكىنى ياكى خۇرسىنغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى؛ ئۇ نېمىس تەرەپكە بىر قەدەم چامدىدى.

— قاچ! — دېدى ئۇ بوش ئاۋاز بىلەن، — قاچ، نېمىس! مېنىڭ ساڭا ئاداۋىتىم يوق. سېنى ئاتمايمەن.

ئۇ مىلتىغىنى ئاكوپنىڭ تېمىغا يۆلەپ قويۇپ، پۈتىنىڭ ئۇچى بىلەن ئاستا تۇردى - دە، ئالغا تەمشىلىپ، نېمىسنىڭ ئوڭ قولىنى تۇتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشەنچلىك ھەركىتى ئەسىرنىڭ كۆڭلىنى تىندۇردى؛ نېمىس ئۆزىگە يات بولغان سۆز تاۋۇشلىرىنىڭ غەلىتە ئاھاڭىغا سەگەكلىك بىلەن قۇلاق سېلىپ، قولىنى پەسكە چۈشۈردى.

ۋالىت ئىككىلەنمەستىن، ئۆزىنىڭ 20 يىلدىن بۇيان ئەمگەك بىلەن قاداقلىشىپ كەتكەن قولىنى سۇنۇپ، نېمىسنىڭ سوغاق، بوشاڭ بارماقلىرىنى قىسىپ، ئالقىنىنى كۆتەردى؛ ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى قاپىرىپ، جىگەررەڭ مۇدۇر باسقان كىچىككىنە ۋە ساغۇچ ئالقىنىغا پۇچۇق ئاينىڭ ئېقىش كۆك شولىسى چۈشتى.

— مەن ئىشچى، — دېدى ۋالىت لاغىلداپ تىترەپ، — مەن سېنى نېمىشكە ئۆلتۈرەتتىم؟ قاچ! — دېدى - دە، نېمىسنى ئوڭ قولى بىلەن مۈرىسىدىن ئاستا ئىتتىرىپ، قاراڭغۇ ئورمان تەرەپنى كۆرسەتتى، — قاچ دەيمەن، يارىماس، بولمىسا بىزنىڭ كىشىلەر ھازىر...

نېمىس، ۋالىتنىڭ ئارقىسىغا تۇتۇپ تۇرغان قولىغا ھامان قارايتتى، چۈشىنىكسىز سۆزلەرنىڭ يوشۇرۇن مەنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئالدىغا سەل ئېڭىشىپ يەنىمۇ جىددىرەك تىڭشىلدى. شۇ قاراشتا بىرەر سېكۇنت ۋاقىت ئۆتتى، ئۇنىڭ كۆزى ۋالىتنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا خوشال كۈلۈمسىرەپ قويىدى. نېمىس ئارقىغا بىر قەدەم چېكىنىپ، ئىككى قولىنى ئالدىغا سوزۇپ، ۋالىتنىڭ قولىنى مەھكەم قىستى، شۇنىڭ بىلەن ھاياجانلىق تەبەسسۇم

بىلەن چىرايى ئېچىلىپ، ئالدىغا سەل ئېگىلدى ـ دە، ۋالېتىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ قوللىرىنى سىلكىتتى.

—Du entlasst mich? ··· O, jezt hab ich wer-sianden! Du biest ein russischer Arbeiter? Sozial-Demokrat, wie ich? SO! O!O! Das ist wie im Tra um ··· Mein Bruder, wie kannich vergessen? Ich finde keine Worte· Nurdu bist ein wunderbarer wagender Junge ··· Ich ··· ①

ۋالېت، جۇش ئۇرۇپ چىقىۋاتقان يات تىلنىڭ سۆزلىرى ئارىسىدىكى «سوتسىيال دېموكراتمۇ سەن؟» دەپ سوئال تەرىقىسىدە تەلەپپۇز قىلىنغان بىر تونۇش ئىبارىنى تۇتۇۋالدى.

ــ ھەئە، مەن سوتسىيال ـ دېموكراتمەن. سەن قېچىپ كەت... خەير ـ خوش، بۇرادىرىم، ئېلىپ كەل قولۇڭنى!

ئۇلار بىر بىرىنىڭ سۆزىنى ئازراق چۈشىنىشتى ـ دە، بىربىرىنىڭ كۆزلىرىگە قاراشتى ـــ ئىككىسى، قامەتلىك بىرسى باۋارىيىلىك بولۇپ، كىچىكى رۇس ئىشچىسى ئىدى. باۋارىيىلىك پىچىرلاپ:

Inden zukünftigen Klassen Kampfen Wər-den wir in denselben Schützengraben sein,nicht Wahr, Genosse? ②

دىدى ـ دە، يوغان سۇررەڭ ھايۋاندەك ئاكوپ ئۈستىدىكى دۆڭلۈككە

① سەن مېنى قويۇۋېتەمسەن؟ ... ھە، ئەمدى چۈشەندىم! سەن ـــ رۇس ئىشچىسىمۇ؟ ماڭا ئوخشاش سوتسىيال ـ دېموكراتمۇ؟ شۇنداقمۇ ھە|ھە؟ بۇ چۈشتە كۆرگەن ئىشتەك بولدى ... قېرىندىشىم، بۇنى مەن قانداق ئۇنتاي؟ ... سۆز تاپالمايۋاتىمەن ... ئەمما سەن كارامەت قەھرىمان يىگىت ئىكەنسەن... مەن...

② كەلگۈسىدىكى سىنىپىي ئۇرۇشلاردا بىز بىر ئاكوپتا بولىمىز، راست ئەمەسمۇ، يولداش؟

ئىرغىپ چىقىپ كەتتى.

ئورمان ئىچىدىن يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ شى-پىلدىغان قەدەم ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەڭ ئالدىدا چېبىخ رازۋېتچىكلار كوماندىسى ئۆزىنىڭ ئوفىتسېرى بىلەن كېلىۋاتاتتى. ئۇلار گەمىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان، يەيدىغان نەرسە ئاختۇرۇپ يۈرگەن بايىقى سولداتنى ئېتىپ تاشلاشقا تاسلا قالدى.

سولدات ئۆزىگە قارىتىلغان مىلتىقنىڭ قاپ - قارا ئاغزىنى كۆرۈپ قېلىپ، چۆچۈگەن هالدا:

— ئۆز كىشى! كۆرمەيۋاتامسەن ....— دەپ ۋاقىرىدى.

ئۇ يوغان قارا بولكا ناننى مەيدىسىگە بېسىپ تۇرۇپ:

— بۇ يەردىكىلەر ئۆز كىشىغۇ، — دەپ تەكرارلىدى.

ئونتېر ئوفىتسېر، ۋالېتنى تونۇپ ئاكوپتىن ئاتلاپ ئۆتتى-دە، مىلتىقنىڭ پاينىگى بىلەن ۋالېتنىڭ دۈمبىسىدىن قاتتىق ئىتتەردى.

— ئەبجىغىڭنى چىقىرىمەن! ئاغزى - بۇرنۇڭنى قان قىلى-ۋېتىمەن! نەدە يۈردۈڭ؟

ۋالېت سولىشىپ، دەرمانى قۇرۇپ ئاران كېلىۋاتاتتى، ھەتتا مىلتىق بىلەن ئىتتىرىش ئۇنىڭغا ھېچقانداق تەسىر قىلمىدى. ئۇ، سەنتىرەكلەپ مېڭىپ، بۇرۇن ئۆزىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان بىرىۈمشاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئونتېر ئوفىتسېرنى هاڭ - تاڭ قالدۇردى.

— مەن ئالدىدا ماڭغان ئىدىم. سەن ئۇرۇشمىغىن.

— ئىتنىڭ قۇيرۇغىدەك سوكۇلداپ يۈرمە! بىردەم ئارقىدا قالى-سەن، بىردەم ئالدىدا كېتىسەن. سەن ھەربى تۈزۈمنى بىلمەمسەن؟ ئەسكەرلىككە بۇ يىل ئېلىندىڭمۇ؟ — دەپ بىردەمجىم بولۇپ قال-دى، ئاندىن، — تاماكاڭ بارمۇ؟ —دەپ سورىدى.

ئېزىلىپ كەتتىمكىن.
مەيلى، خالتاڭنى سىلكى.
ئونتېر تاماكىنى تۇتاشتۇرۇۋېلىپ، ۋىزۋوتنىڭ بىر بېشىغاقا-
ىراپ كەتتى.
تاڭ ئېتىش ئالدىدىلا چېخ رازۋېتچىكلىرى نېمىسلارنىڭ
كۆزىتىش قاراۋۇلخانىسىغا كېلىپ قالدى. نېمىسلار بىر يولى ئوق
چىقىرىپ كېچىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزدى. يەنە ئوخشاش ئارىلىقتا
2 قېتىم زالپ بىلەن ئوق چىقاردى. ئاكوپلارنىڭ ئۈستىدە قىزىل
راكىتا كۆككە ئۆرلەپ، ئاۋازى ۋىژىلداپ ئاڭلىنىشقا باشلىدى. را-
كېتىنىڭ قىزىل ئۇچقۇنلىرى ھاۋادا ئۆچەر - ئۆچمەستىنلا نېمىسلار
تەرەپتىن زەمبىرەكلەر ئوق ئېتىشقا باشلىدى.
گۇم — باڭ! گۇم! — دەسلەپكى گۇمبۇرلەشتىن كېيىنلا
يەنە 2 سى ئېتىلدى: گۇم! گۇم!
كلىڭ - كلىڭ - كلىڭ - كلىڭ—ۋىژ - ژ - ژ! — توپ ئوقلىرى
ھاۋانى بۇزغىدەك تېشىپ، شۇېرلاپ. بىرىنچى يېرىم روتىدىكى
سولداتلارنىڭ بېشى ئۈستىدىن ھەدەپ ئۆتكىلى تۇردى؛ ھەش -
پەش دېگىچە يىراق بىر يەردە، ستوخود دەرياسىدىن ئۆتىدىغان
كېچىك قېشىدا يەرگە چۈشۈپ، گۇم - باڭ!...گۇم - باڭ!...قىلىپ
پارتلىدى.
چېخ رازۋېتچىكلىرىدىن 40 سارجىن ئارقىدا قاتارلىشىپ
كېلىۋاتقان سولداتلار دەسلەپكى ئېتىلغان ئوقتىن كېيىنلا يېتىۋې-
لىشتى. راكىتا ئاسماندا قىزىل شەپەق پەيدا قىلدى؛ ئۇنىڭ يورۇ-
قىدا ۋالېت سولداتلارنىڭ دەرەخ - چاتقاللار ئارىسىدا چۈمۈلىدەك
ئۆمىلىشىپ، لاينى لاي دېمەي، پاتقاققا ئۆزىنى ئۇرۇپ، پاناجاي
ئىزلەپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى. كىشىلەر ھەر بىر ئويمانىنىڭ ئالدىدا

مىڭىلدىشىپ كەتتى، پۇت ـ قول پاتقۇدەكلا يەر قېتىغا ئۆزىنى ئۇ-
رۇشۇپ، ئوي ـ چوڭقۇرلا بولسا بېشىنى تىقىشاتتى. شۇنداق بولىس-
مۇ، پاراسلاپ ئېتىلىۋاتقان پىلىموت ئوقلىرى ئورمان ئىچىگە با-
ھاردىكى شىددەتلىك يامغۇرغا ئوخشاش چۈشۈۋەرگەنلىكتىن، ئۇلار
چىدىيالمىدى: قاتتىق تولغۇلۇۋېلىپ، يەرگە كېپىنەك قۇرۇتىدەك يې-
پىشىۋېلىپ، ئارقىغا ئۆمىلىشەتتى، پۇت ـ قولىنى پوكمەستىنلا سىل-
جىپ باراتتى، پاتقاق يەردە يىلاندەك ئىز قالدۇرۇپ ماڭاتتى ...
بەزىبىرلىرى چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ قېچىشاتتى. پارتلىغۇچ
ئوقلار ئورمان ئىچىدە قارىغايلارنى تىلىملاپ، شاخلىرىنى قىرقىپ،
يەرگە زەھەرلىك يىلاندەك پۈچۈلىنىپ كىرىپ، قاڭقىپ چىقاتتى-
دە، پارتلاشقا باشلايتتى.

بىرىنچى يېرىم روتا 2 ـ مۇداپىئە سىزىقىدىكى ئاكوپلارغا
قايتىپ كەلگەندە 17 ئادەم كەم چىقتى، يېقىن بىر يەردە ئالاھىدە
بۆلۈنمىنىڭ كازاكلىرى قايتا سەپكە تىزىلىشتى، ئۇلار بىرىنچى يې-
رىم روتىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئېھتىيات بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ مې-
ڭىشتى، چۈنكى ئالدى بىلەن نېمىسلارنىڭ قاراۋۇللىرىنى يوقىتىپ،
ئۇلارنى غەپلەتتە قالدۇرۇپ، تۇيۇقسىز ئۈستىدىن چىقىش ئىمكا-
نىيىتى بار ئىدى، — ئەمما چېغ رازۋېتچىكلىرىنى ئوققا تۇتۇشقا
باشلىغاندا، نېمىسلار ھەممە ئۇچاستكىدا تەشۋىشكە چۈشكەن ئىدى.
ھەدېگەندىلا قارىسىغا ئوق چىقىرىپ، 2 كازاكنى ئۆلتۈرۈشتى،
بىرسىنى يارىدار قىلدى. كازاكلار يارىدار بىلەن ئۆلگەنلەرنى ئې-
لىپ كېلىپ، قاتار تىزىلىشىپ، گەپكە كىرىشتى:

— ئۆز كىشىلىرىمىزنى دەپنە قىلىش كېرەك.

— بىز بولمىساقمۇ ئۇلار كۆمۈشىدۇ

— بۇ يەردە تىرىكلەرنى ئويلاش كېرەك، ئۆلۈكلەرگە ئانچە

كۆڭۈل بۆلمىسەكمۇ بولىدۇ.

يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن پولك ئىشتاۋىدىن بۇيرۇق كەلدى: «توپچى قىسىملارنىڭ تەييارلىقى پۈتكەندىن كېيىن باتالىيون دەرھال كازاكلارنىڭ ئالاھىدە بۆلۈنمىسى بىلەن بىللە دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىپ، ياۋنى بىرىنچى مۇداپىئە سىزىقىدىكى ئا-كوپلاردىن قوغلاپ چىقىرىشنى بۇيرۇيمەن».

توپچى قىسىملارنىڭ تەييارلىقى ناھايىتى سۈس ئېلىپ بې-رىلغانلىقتىن كۈندۈزى سائەت 12 گىچە سوزۇلدى. كازاكلار بىلەن پىيادە ئەسكەرلەر پوستا ئادەم قويۇپ، گەمىلەردە دەم ئېلىشتى، چۈش بولغاندا ھۇجۇم قىلىشقا ماڭدى، سول تەرەپتە، مەركىزىي ئۆ-چاستكىدا زەمبىرەكلەر گۈلدۈرلەپ تۇردى — ئۇ يەردە يېڭىدىن ھۇ-جۇمغا ئۆتكەن ئىدى.

ئوڭ قاناتنىڭ ئەڭ چېتىدە زابايكال كازاكلىرى، سول تە-رەپتە — ئالاھىدە كازاكلار بۆلۈنمىسى بىلەن چېرنويار پولكى، ئۇ-لارنىڭ ئارقىسىدا فاناگورىي گىرېنادېر پولكى، ئۇنىڭ نېرىسىدا — چېمبار، بۇگۇلما پولكلىرى، پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ 208 - ۋە 211 - پولكلىرى، پاۋلوگراد، ۋېنگىروپ پولكلىرى بار ئىدى؛ 53 - دىۋىزىيىنىڭ پولكلىرى مەركەزدە ھۇجۇمنى ئەۋج ئالدۇرۇ-ۋاتاتتى؛ 2 - تۈركىستان ئوقچىلار دىۋىزىيىسى پۈتۈن سولقاناتنى قاپلىغان ئىدى. بارلىق ئۇچاستكىدا گۈمبۈرلەش باشلاندى — رۇسلار ھەممە يەردە ھۇجۇمغا ئۆتتى.

كازاكلار بۆلۈنمىسى شالاڭ سەپ بولۇپ ماڭغان ئىدى. ئۇ-نىڭ سول قانىتى چېرنويار پولكىنىڭ ئوڭ قانىتى بىلەن كىرى-شىپ كەتكەن ئىدى. ئاكوپلارنىڭ ئۈستىدىكى قىر توپىلار ئەمدى كۆرۈنگەندە نېمىسلار شىددەتلىك ئوت ئېچىشقا باشلىدى.

كازاكلار ئۇنىنى چىقارماستىن يۈگۈرۈشتى، ئاندىن گېرمانلار يەرگە يېتىۋېلىپ، مىلتىقلىرىنىڭ ئوقدىنىنى بوشتىپ، يەنە يۈگۈردى، ئاكوپقا 50 قەدەم قالغاندا ھۇجۇمنى توختىتىپ، ئۇزۇل - كېسىل يېتىۋېلىشتى. بېشىنى كۆتەرمەستىن ئوق ئېتىشقا باشلىدى. نېمىسلار پۈتۈن ئاكوپلار سىزىغى بويلاپ سىم توردىن توساقلار قۇرغان ئىكەن. ئافونكا ئوزېروپ ئاتقان 2 گىرانات تورغا تېگىش بىلەن ئارقىغا قاڭقىپ پارتلىدى. ئۇ سەل كۆتىرىلىپ 3 - سىنى ئاتماقچى ئىدى، بىراق سول مۈرىسىنىڭ ئاستىدىن ئوق تېگىپ، ئومۇرتقا سۆڭىكى ئاستىدىن تېشىپ چىقتى. يېقىن بىر يەردە ياتقان ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ، ئافونكىنىڭ پۈتلىرى ئاستا تۈگۈلۈپ شۈك بولۇپ قالغانلىقىنى كۆردى. قولسىز چولاق ئاليوشكا شامىلىنىڭ ئىنىسى — پىروخورشامىلمۇ ئوق تېگىپ ئۆلدى. 3 - بولۇپ بۇرۇنقى يېزا باشلىقى مانىتسكوپ يىقىلدى - دە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا شامىللارنىڭ پۈتى مايماق كوكۇلاچ خوشنىسى — يېۋلەنتى كالىنىگە ئوق تەگدى.

2 - ۋىزۋوتتىن يېرىم سائەت ئىچىدە 8 ئادەم قۇربان بولدى. بۆلۈنمە كوماندىرى — ياساۋۇل. 2 ۋىزۋوت ئوفىتسېرى ئۆلدى، شۇنىڭ بىلەن بۆلۈنمە كوماندىرسىز قالغانلىقتىن، ئاستا ئارقىغا ئۆمىلەپ چېكىندى. كازاكلار ئوق تەگمەيدىغان يەرگە چىقىۋالغاندىن كېيىن بىر يەرگە يىغىلغان ئىدى، ئادەملەرنىڭ يېرىمى كەم چىقتى. چېرنوياۋ پولكىمۇ ئارقىغا چېكىندى. 1 - باتالىيوندا چىقىم تېخىمۇ كۆپرەك بولدى، ئەمما شۇنىڭغا قارىماستىن پولك ئىشتاۋىدىن: «دەرھال يېڭىۋاشتىن ھۇجۇم باشلانسۇن، ھەر قانداق قىلىپ بولسىمۇ بىرىنچى مۇداپىئە سىزىغىدىكى ئاكوپلاردىن دۈشمەن قوغلاپ چىقىرىلسۇن. پۈتۈن سەپ بويىچە ئۇرۇش ھەركەتلىرىنىڭ ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئەڭ ئالدىنقى

مەۋقەنى بەرپا قىلىش يولىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە باغلىق»
دىگەن بۇيرۇق كەلدى.
بۆلۈنمە بەك شالاڭ سەپ بويىچە تارقىلىپ يەنە ئالغا ئىل-
گىرىلىدى. نېمىسلار شىددەتلىك ئوت ئاچقانلىقتىن، ئاكوپقا 100
قەدەم كېلىدىغان يەرگە بېرىپ يېتىۋالدى. قىسىملار يەنە مۇزدەك
ئېرىپ تۆگەشكە باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئەقلى - ھۇشىنى يوقات-
قان ئادەملەر يەرنىڭ باغرىغا مەھكەم چاپلىشىۋېلىپ، بېشىنى كۆ-
تەرمەستىن يېتىشتى، ئۇلار ئەجەلنىڭ دەھشىتىگە غەرق بولغانلىق-
تىن مىدىر قىلمايتتى.
كەچ كىرىش ئالدىدا چېرنويار پولكىنىڭ 2 - يېرىم روتىسى
ساراسىمىگە چۈشۈپ قېچىشقا باشلىدى. «ئايلىنىپ ئۆتتى!» دىگەن
ۋاقىراشلار كازاكلارنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. كازاكلار ئورنىدىن
تۇرۇشتى - دە، چاتقاللارنى سۇندۇرۇپ، يىقىلىپ - قو-
پۇپ، قورallلىرىنى ئېلىشقا ئۇلگۈرمەي، ئارقىغا يەر بېغىر-
لاپ قېچىشتى. بىخەتەر جايغا چىقىۋالغاندىن كېيىن ئىۋان ئالېك-
سىيېۋىچ توپ ئوقى سۇندۇرۇپ تاشلىغان قارىغاي شېخىنىڭ
ئاستىغا يىقىلىپ چۈشتى، ئۇ ئەمدىلا نەپسىنى راسلىۋېلىپ تۇرۇۋې-
دى، شۇ ئارىدا قېشىغا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان گاۋرىلا لىخوۋىدوپ-
نى كۆرۈپ قالدى. ئۇ مەس ئادەمدەك قالايمىقان دەسسەپ، بېشى-
نى تۆۋەن سېلىپ، بىر قولى بىلەن ھاۋادا بىر نىمىنى تۇتۇۋالغان-
دەك، يەنە بىر قولى بىلەن گويا يۈزىگە چاپلىشىۋالغان ئۆمۈچۈك
تورىنى ئۈزۈپ چۈشۈرۈۋاتقاندەك كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭدا مىلتىقمۇ
يوق، قىلىچمۇ يوق. تەردىن نەملىشىپ كەتكەن تال - تال مەللە
رەڭ چاچلىرى كۆزلىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ قالغان. ئۇ دەرەخنىز
يەردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئىۋان ئالېكسىيېۋىچنىڭ قېشىغا

كەلدى. ئۇ ئالىغاي، بىلىنەر - بىلىنمەس تەۋرىنىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنى يەرگە تىكىپ تۇراتتى. 2 تىزى دىر - دىر تىترەپ، پۇكۇلۇپ كېتىۋاتاتتى، شۇڭا ئىۋان ئالېكسىيېۋىچقا لىخوۋدوپ پەرۋاز قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

— مانا ... كۆردۈڭمۇ، قانداق ...، — ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ ئەمدىلا سۆز ئېچىشقا تەمشەلگەن ئىدى، ئەمما لىخوۋدوپنىڭ چىرايى غەلىتە ئۆزگىرىپ، يۈزى تارتىشىپ كەتتى، ئۇ:

— توختا! — دەپ ۋاقىرىدى ـدە، زوڭزىيىپ، بارماقلىرىنى تىك تۇتۇپ، فورقۇمسىراپ ئەتراپقا بىر قارىۋالدى، —قۇلاق سال! مەن هازىر ناخشا ئېيتىپ بېرىمەن، خۇدا ياراتقان بىر قۇش مۇشۇكياپىلاقنىڭ قېشىغا ئۇچۇپ كېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

سۆزلە، مۇشۇكياپىلىغىم،
سۆزلە، كۇپىرپىيا نوۋنا:
كىم سەندىن چوڭراق،
كىم سەندىن كاتتا؟
مانا بۈركۈت — پادىشا،
مانا مايور — قېرى سا.
ئاق سېرىق قۇش — ياساۋۇل،
ئورمان قۇشلىرى — ئوراللىقلار،
كەپتەرلەردۇر — ئاتامانلار،
كىلىندۇخا — ئاددى ئەسكەر،
قارا قۇشقاچلار — قالماقلار،
ئالاقاغا — سىگانكا،
سېغىزخان — دىۋورەنكا،
سۇر ئۆدەك — پىيادە ئەسكەر،
ياۋا غاز — مولداۋانكا...

— توختاپ تۇر! — ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ ئاپپاق ئاقىرىپ كەتتى، — لىخوۋىدوپ، نىمە بولدۇڭ؟... ئاغرىپ قالدىڭمۇ؟ھە؟

— ئېزىقتۇرما! — لىخوۋىدوپ قىزىرىپ كەتتى - دە، كۆ-كەرگەن لەۋلىرىنى يېڭىۋاشتىن سوزۇپ، مەنىسىز كۈلۈمسىرەپ،يە-نىلا شۇنداق ۋەھىمىلىك سۆزلەرنى ئېيتقىلى تۇردى:

ياۋا غاز — مولداۋانكا،
دۇداكلار — ئەخمەق،
كۆك قوتان قۇش — ئۇرۇشقاق،
قۇزغۇنلار — ئانتىلىرىيە،
قارا قاغا — جادىگەر،
بېلىقچى قۇش — غىجەكچى...

ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ،

— يۇر، ئۆز قىسمىلىرىمىزنىڭ قېشىغا بارايلى، ئۇنداق بولمىغاندا نېمىسلار بىزنى تۇتۇپ كېتىدۇ! ئاڭلىدىڭمۇ؟ —دېدى.

لىخوۋىدوپ قولىنى تارتىۋېلىپ، هولۇققان هالدا ئاغزىدىن ئىسسىق شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ، يەنە كالدىرلاشقا باشلىدى:

بۇلبۇل قۇشلار— مۇزىكانت،
قالىغاچلار — پالۋان،
قارا قوساق — يالاڭتۆش،
تۇمۇچۇق — باجگىر،
قۇشقاچ — ئونبېشى...

شۇندىن كېيىن توساتتىن ئاۋازى ئۈزۈلۈپ، خىرىلدىغان ئۈن بىلەن بىر ئاھاڭنى غىڭشىپ كۈيلەشكە باشلىدى. بۇ بىر ناخشا

ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ چىشلىرى كاسىلداپ تۇرغان ئاغزىدىن بۆرىنىڭ ھۇلىشىدەك ئىنچىكە ئىڭراش ئاڭلىناتتى. ئۆتكۈر چىشلىرىدا شۆلگەيلىرى سەدەپتەك پاقىراشقا باشلىدى، ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ ئۆزىنىڭ تۈنۈگۈنكى بېجىرىم يولدىشىنىڭ ساراڭ چېلىش - ئالىغايلىشىپ قالغان كۆزلىرىگە، چېچى يېپىشىپ قالغان، قۇلاقلىرى مومىدىن ياسالغاندەك خۇنۈكلىشىپ قالغان بېشىغا ۋەھىمە بىلەن قاراپلا قالدى. لىخوۋىدوپ ئەمدى غەلىتە ھۇلايتتى:

داڭقىمىز ياڭرىدى مىسلى كارناي.
ئارقىمىزدا ئەنە ئەزىم دوناي.
يەڭدۇق بىز تۈرك - سۇلتانىنى،
ئازات قىلدۇق، خىرىستىيانىنى.
چېكەتكىدەك ئۇچتۇق بىز،
چوققىلارنى قۇچتۇق بىز،
دون كازاكلىرى ھەممىمىز،
مىلتىقتىن ئوق ئاتىمىز،
ئىندوشكا توخۇڭلارنى
بىرنى قويماي تۇتىمىز.
بالاڭلارنى تۇتقۇن قىپ،
ئۆيگە ئېلىپ ماڭىمىز.

— مارتىن! ھەي مارتىن، بېرى كەلگىنە! — دەپ توۋلىدى ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ، دەرەخسىز يالاڭ يەردە ئاقساقلاپ مېڭىپ كېلىۋاتقان مارتىن شامىلنى كۆرۈپ.

مارتىن مىلتىغىغا تايىنىپ، يېتىپ كەلدى.

— ماڭا ياردەم قىل، مۇنۇنى ئېلىپ كېتەيلى؟ — دېدى ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ كۆز ئىشارىسى بىلەن ساراڭنى كۆرسىتىپ، — ئۇ،

چېكىگەيېتىپقېلىپتۇ. مېڭىسىگە قان قويۇلۇپتۇ.

شامىل كۆينىكىنىڭ يېڭىنى يىرتىپ، ئۇنىڭ يارىلانغان پۇتىنى تاڭدى؛ لىخوۋىدوپقا كۆز سالماستىنلا، ئۇنى قولتۇقلىدى، ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ يەنە بىر ياندىن قولتۇقلاپ ئېلىپ ماڭدى.

چېكەتكىدەك ئۇچتۇق بىز،  
چوققىلارنى قۇچتۇق بىز...—

لىخوۋىدوپ ئەمدى ئاۋازىنى پەس چىقىراتتى. شامىل بىر يېرى ئاغرىۋاتقاندەك تەرىنى تۇرۇپ، ئۇنىڭغا يالۋۇراتتى:

— قوي، چۇقان سالما! خۇدا ھەققى چۇقان سالما، سەن ئەمدى ئۇچۇپ بولدۇڭ. بولدى قىل.

ئىندوشكا توخۇڭلارنى  
بىرنى قويماي تۇتىمىز.

ئەقلىدىن ئازغان لىخوۋىدوپ كازاكلارنىڭ قولىدىن ئاجراپ چىقىپ، كۆيلەشنى توختاتماي، ئاندا - ساندىلا چېكىسىنى ئىككى ئالقىنى بىلەن قىسىپ قوياتتى، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتاتتى، پەسكە ساڭگىلاپ قالغان ئېڭىكى دىر - دىر تىترەيتتى، ساراڭلىقىنىڭ ئوتتەك نەپىسىدىن قىزىپ كەتكەن بېشىنى قىشايتۇرۇپ ماڭاتتى.

# 4

ستوخود دەرياسى بويلاپ 40 چاقىرىم پەس يەردە جەڭ بولۇۋاتاتتى. زەمبىرەكلەرنىڭ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازى ھەپتىدىن بۇيان تىنىم تاپماي ئىگرايتتى، كېچىلىرى يىراق - يىراقلاردىكى بىنەپشەرەڭ ئاسماندا پىرژېكتىر يورۇغى يالت - يۇلت قىلىپ، ھەسەنھۈسەندەك خىرە شويلا چاچاتتى، كۆز قىساتتى؛ ئۇلار ئۇرۇشنىڭ قىزىل يانغىنلىرىنى، لاۋۇلداشلىرىنى شۇ يەردىن كۆزىتىپ تۇرغان ئادەملەردە چۈشەندۈرۈپ بولمايدىغان بىر ۋەھىمە پەيداقىلاتتى.

12 - كازاكلار پولكى ساسلىق، قاقاس يەرگە جايلاشقان ئىدى. ئۇلار كۈندۈزى ئۈنچىلىك چوڭقۇر بولمىغان ئاكوپلار ئىچى بىلەن يۇگۈرۈپ ئۆتۈۋاتقان ئاۋستىرىيىلىكلەرگە ئاندا - ساندا ئوق چىقىرىپ قويۇپ، كېچىسى ساسلىق بىلەن قوغدىنىپ، ئۇخلىشاتتى ياكى قارتا ئوينىشاتتى؛ يەقەت پوستىكى قاراۋۇللارلا ئۇرۇش بولۇۋاتقان نەردىكى ئاسمانغا چاچراپ چىققان قىزغۇچ سېرىق شولىلارنى كۆزىتىپ تۇرۇشاتتى.

سوغاق قاتتىق كۆچەيگەن بىر كېچىسى، يىراقتىكى ئەكس نۇرلار ئاسماننى كەسكىن يورۇتۇپ تۇرغان بىر پەيتتە گىرىنگورىي مېلىخوپ گەمىدىن چىقىپ، قاتناش يولى ئارقىلىق ئاكوپلارنىڭ ئارقىسىدىكى قاپ - قارا دۈمبەچەك پاكار دۆڭلۈكتىن ئاپپاق

يىرىنىڭ چاچتەك چوخچىيىپ تۇرغان دەرەخزارلىقىنىڭ ئىچىگە كىردى-
دە. خۇشپۇراق ھىد گۇپۇلدەپ تۇرغان كەڭ ئازادە يەرگە كېلىپ
ياتتى. گەمىنىڭ ئىچى تاماكا كۆپ چېكىلگەنلىكتىن ئاچچىق تۇ-
تۇن ئىدى، 8 كازاك قارتا ئويناۋاتقان كىچىككىنە شىرەنىڭ ئۈس-
تىدە ئاپپاق تاماكا ئىسى خۇددى پۆپۈكلۈك داستىخاندەك ئېسىلىپ
تۇراتتى، دۆڭنىڭ ئۈستىدىكى ئورماندا بولسا كۆزگە كۆرۈنمەس
بىر قۇش قانات قېقىپ ئۇچۇپ ئۆتكەندەك ئاستا شامال چىقاتتى،
ئۇششۇك تەككەن ئوت - چۆپلەردىن تەسۋىرلەپ بولمايدىغان مۇڭ-
لۇق پۇراق تارىلىپ تۇراتتى، توپ ئوقلىرى قىرقىپ تاشلىغان ئور-
مان ئۈستىنى قويۇق قاراڭغۇلۇق قاپلىغان بولۇپ، ئاسماندا ھۆكەر
يۇلتۇزنىڭ تۇتەپ تۇرغان گۈلخىنى ئۆچۈشكە باشلىغان ئىدى، 7
قاراقچى يۇلتۇز سامان يولىنىڭ بىر يېنىدىن، خۇددى شوتىنىسى
تىك موللاق ئاتدۇرۇلۇپ كەتكەن ھارۋىدەك ساڭگىلاپ قالغان بو-
لۇپ، پەقەت شىمالدا تۆمۈر قوزۇق يۇلتۇزلا بىر تەكشى چىمىرلاپ
نۇر چېچىپ تۇراتتى.

گرىگورىي ئۇنىڭغا كۆزىنى قىسىپ تىكىلىپ قارىۋىدى،
يۇلتۇزنىڭ خىرە، ئەمما كۆزگە چوكا مۇزدەك سانچىلىپ تۇرغان
نۇرىدىن كىرپىكلىرىنىڭ ئاستىدا سوغاق ياش تامچىلىرى پەيدا
بولدى.

ئۇ مۇشۇ دۆڭنىڭ ئۈستىدە يېتىپ، نىمىشكىدۇ نىۋىنى - ياب-
لونوسكويى يېزىسىدىن ياگودنويى يېزىسىغا ئاكسىنىيىنىڭ قىشتا
بارغان ئاشۇ كېچىنى ئېسىگە ئالدى؛ ئاكسىنىيىمۇ يادىغا كې-
لىپ، يۈرىكىگە ئاغرىق سانچىپ كەتتى. كاللىسىدا غۇۋا، ۋاقىتنىڭ
ئۆتۈشى بىلەن ئۆچكەن، چەكسىز قەدىرلىك ۋە يات بىر چىراي
پەيدا بولدى. تۇساتتىن يۈرىكى دۈپۈلدەپ ئۇ ئاشۇ يۈز -

چىرايىنى كېيىنكى قېتىم كۆرگەندىكىدەك مەڭزىدە قىپ - قىزىل قامچىنىڭ ئىزى بار، ئاغرىقتىن تاتىرىپ كەتكەن بىر ھالەتتە ئېسىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ بېقىشۋىدى، ئەمما خاتىرىسى ئۇنىڭغا تەرسالىق بىلەن باشقا بىر چىرايىنى، سەل - پەل يان تەرەپكە ئېگىلگەن، غالىبانە تەبەسسۇم قىلىپ تۇرغان سىمانى كۆرسەتتى. مانا ئۇ بوينىنى قايرىپ، يۈز - ناز كەرەشمە بىلەن چاقناپ تۇرغان قارا كۆزلىرىدىن ئوت ئېتىپ تۇراتتى، سۆيۈشكە تەشنا قىپ - قىزىل لەۋلىرى غايەت يېقىملىق ئىللىق سۆزلەرنى پىچىرلايتتى - دە، كۆزلىرىنى ئاستا ئېلىپ قېچىپ، باشقا ياققا بۇرۇلاتتى، قارا قۇمچاق بوينىنىڭ ئۈستىدە ئىككى ئورۇم مامۇقتەك چېچى چۈشۈپ تۇراتتى ... ئۇ، بىر چاغلاردا ئاشۇ چاچلارنى سۆيۈشنى بەك ياخشى كۆرەتتى ...

گىرىگورىي تىترەپ كەتتى. ئۇ ئاكسىنىيىنىڭ چېچىنىڭ كىشىنى مەس قىلغۇچى، نەپىس خۇش پۇرىقىنى بىردەقىقە سەزگەندەك بولدى؛ ئۇ ئالدىغا ئېگىلىپ بۇرنىنى ئۇچىغا تارتىپ باققان ئىدى، ئەمما... ھېچ پۇراق يوق! بۇ — ئۇزاق ۋاقىت يېتىپ كەتكەن ياپراقلارنىڭ گۈپۈلدەپ تۇرغان پۇرىقى ئىكەن. ئاكسىنىيىنىڭ يۈز - چىرايى غۇۋالىشىپ غايىپ بولدى. گىرىگورىي كۆزىنى يۇمۇپ، ئالقىنىنى يىرىك يەر بېتىگە قويۇپ، سۇنغان قارىغايىنىڭ نېرىسىدىكى كۆك ئاسماننىڭ چېتىدە تۆمۈر قوزۇق يۇلتۇزىنىڭ ياسانچۇق كېپىنەكتەك بىر ئورۇندىن قوزغالماي ئۇچۇپ تۇرغانلىقىغا كىرپىك قاقماستىن ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى.

بىر بىرىگە باغلاشمايدىغان پارچە - پۇرات خاتىرىلەر ئاكسىنىيىنىڭ قىياپىتىنى قايتۇرۇپ تاشلىدى. ئۇ ئەمدى، ئاكسىنىيە بىلەن ئاجراشقاندىن كېيىن تاتارسىك يېزىسىدا، ئۆز ئائىلىسىدە ئۆتكۈزگەن ھەپتىلەرنى ئېسىگە ئالدى؛ كېچىلىرى — ناتالىيىنىڭ

بۇرۇنقى قىز ۋاقتىدىكى ئۆزىنىڭ سوغاقلىغىنىڭ بەدىلىنى
تۆلىمەكچى بولغاندەك ئىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشىپ،
تەشنالىق بىلەن سۆز قىلىشلىرى، خىجىللىق ئىچىدە ئەركىلەشلىرى؛
كۈندۈزلىرى — ئۆي ئىچىدىكىلەرنىڭ ئۇپپۇر - توپۇر بولۇشۇپ،
ئۇنى كۈتۈشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، خۇشامەتكويلۇق دەرىجىسى-
گىچە بېرىپ، ئىززىتىنى قىلغانلىغى، يېزىدىكى كىشىلەرمۇ بىرىنچى
قېتىم گېئورگى كرېست مېدالىغا ئېرىشكەن قەھرىمانىنى ھۆرمەت
بىلەن قارشى ئالغانلىغى بىر بىرلەپ خىيالىدىن كەچتى. گرىگورىي
نەدە بولمىسۇن، ھەتتا ئائىلىسىدىمۇ كىشىلەر ھاڭ - تاڭ بولۇشۇپ،
ئىززەت - ئىكرام بىلەن قارشىۋاتقانلىغىنى بايقىدى —
ئۇلار گويا كى بىر زامانلار ئۆز بېشىمچى، شوخ، خۇشخۇي
يىگىت گرىگورىي شۇمۇ - ئەمەسمۇ دىگەندەك قىلىشىپ، ئۇنىڭغا تازىمسەپسې-
لىشتى، مەيداندا قېرىلار ئۇنىڭ بىلەن خۇددى ئۆز تەڭقۇرلىرى بىلەن سۆز-
لەشكەندەك پاراڭلاشتى، دەسلەپكى ئۇچراشقان چاغدا ئۇنىڭ ئېگى-
لىپ تازىم قىلىشىغا جاۋەن باشلىرىدىن شەپكىسىنى ئې-
لىپ، سالامىنى ئىلىك ئېلىشتى. خوتۇن - قىزلار ئۇنىڭ مەردانە،
سەل - پەل مۈكچەيگەن قەددى - قامىتىگە، ئۈستىگە كىيگەن شى-
نېلىنىڭ مەيدىسىگە قادىسۋالغان يول - يول رەڭدار لېنتىلىق
كرېست مېدالىغا يوشۇرۇپ بولمايدىغان زوقلىنىش بىلەن تىكى-
لىپ قارىشىپ كەتتى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ چېركاۋغا ياكى مەي-
دانغا يانمۇ يان قەدەم تاشلاپ بىللە بارغاندا دادىسىنىڭ ئوچۇق-
تىن - ئوچۇق پەخىرلەنگەنلىگىنى بايقىدى. مانا شۇ خۇشامەتكوي-
لۇق، ئىززەت - ئىكرام، زوقلىنىشلارنىڭ مۇرەككەپ، نازۇك زەھىرى
ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا گارانژا① چاچقان ھەقىقەتنىڭ ئۇرۇغىنى ئاستا -

---

① گارانژا — گرىگورىي بىلەن دوختۇرخانىدا بىللە ياتقان ئادەمنىڭ ئىسمى.

ئاستا نابۇت قىلىپ، ئىڭەدىن چىقىرىپ تاشلىدى، گىرىگورىي فۇ-
رۇنتتىن كەلگەندە بىر خىل ئادەم ئىدى، ئالدىنقى سەپكە بۆلەك
بىر ئادەم بولۇپ يۈرۈپ كەتتى، ئانا سۈتى بىلەن كىرىپ، ئۆمۈر
بويى سىڭگەن ۋۇجۇدىغا كازاكلىق خۇيى زور ئىنسانى ھەقىقەتتىن ئۈستۈن
چىقتى.

— مەن سېنى بىلەتتىم، گىرىشكا، — دېدى بىر ئاز ئې-
چىپ قىزىرىۋالغان پانتېلېي پروكوفيېۋىچ خۇشلىنىش ۋاقتىدا ۋە
شۇ ئاندا ھاياجانلىنىپ كۆمۈشتەك پاقىراپ تۇرغان قارا
چاچلىرىنى سىلاپ قويدى، — سېنىڭ ياخشى كازاك بولۇپ چىقى-
شىڭنى بالدۇردىنلا بىلەتتىم، بىر ياشقا كىرگەن كۈنىڭدە، كازاكلار-
نىڭ بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە سېنى ھويلىغا ئېلىپ چىقتىم،
ئېسىڭدە بارمۇ، كەمپىر؟ ھويلىغا ئېلىپ چىقىپ ئاتقا مىندۈر-
گەن ئىدىم. سەن ئىتنىڭ كۈچۈگى، بۇدرۇق قوللىرىڭ بىلەن ئات-
نىڭ يايلىنى چاڭگاللاپ تۇتۇۋالغان ئىدىڭ!... شۇ چاغدىلا مەن
سەندىن مەنىلىك نەرسە چىقىدىغانلىقىنى بايقىغان ئىدىم. شۇنداق
بولۇپ چىقتى.

گىرىگورىي فۇرونتتا قالتىس كازاك بولۇپ يۈرۈپ كەتتى؛
كۆڭلىدە سوقۇشنىڭ مەنىسىزلىكىگە چىداپ تۇرالمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ
كازاكلىق شان - شۆھرىتىنى ھالاللىق بىلەن ساقلىدى...

1915 - يىل ماي. نېمىسلارنىڭ 13 - تۆمۈر پولكى ئولخوۋ-
چىك يېزىسىنىڭ بوسۇغىسىدا ئاچ يېشىل ئوتلاقنىڭ ئۈستى بىلەن
پىيادە سەپ بولۇپ ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتاتتى. پىلىموتلار تاتىلداپ
سايراشقا باشلىدى. دەريا ياقىسىدا بېكىنىپ ياتقان رۇس روتىسى-
نىڭ ستانوكلۇق پىلىموتى ۋەزمىنلىك بىلەن چىرىلدىدى. 12 -
كازاك پولكى جەڭگە كىردى. گىرىگورىي ئۆزبۆلۈمىسىنىڭ كازاك-

لىرى بىلەن بىر قاتاردا يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، ئەتىراپقا بىر قارى-
ۋالدى - دە، چۈش ۋاقتىدىكى ئاسماندا قۇياشنىڭ بالقىپ تۇرغان
گەردىشىنى كۆردى ھەمدە تاللار سېرىق قوزا كۆرپىسىدەك جىلۋى-
لىنىپ تۇرغان دەريا قولتۇغىدا يەنە شۇنداق بىر گەردىشىنى كۆر-
دى. دەريانىڭ نېرىقى قىرغىقىدا، تېرەكلەرنىڭ ئارقىسىدا ئات با-
قارلار يوشۇرۇنغان ئىدى، — ئالدا تەرەپتە — نېمىسلارنىڭ ئۇزۇن-
غا سوزۇلغان سېپى، تۆمۈر قالپاقلار ئۈستىدە مىس بۈركۈتلەر ساپ-
سېرىق پاقىراپ تۇرىدۇ.

ئېتىلغان ئوقلارنىڭ كۆك، شىۋاق رەڭدىكى تۈتۈنىنى شامال
ئۇچۇرۇپ تۇرىدۇ.

گىرىگورىي ئالدىرىماي، پۇختا نىشانغا ئېلىپ ئېتىشقا
باشلىدى، ئېتىش ئارىلىقىدا مىلتىقىنى نىشانغا ئېلىپ ۋاقىراپ تۇر-
غان ۋىزۋوت كوماندىرىنىڭ بۇيرۇقىغا قۇلاق سېلىپ گىمناستۇرك-
سىنىڭ يېڭىغا ئۆمىلەپ چىقىۋاتقان چوقۇر كەتمەن قوڭغۇزنى ئا-
ۋايلاپ چۈشۈرۈۋېتىشكە ئۈلگۈردى. شۇندىن كېيىن ھۇجۇم باشلان-
دى... گىرىگورىي مىلتىقىنىڭ تۆمۈر قاپلانغان قوندىقى بىلەن ئۆ-
زۈنتۇرا نېمىس لېيتېنانتىنى ئۇرۇپ يىقىتتى، 3 نېمىس سولداتى-
نى ئەسىرگە ئالدى - دە، نېمىسلارنىڭ بېشى ئۈستىدىن ئوق ئې-
تىپ، ئۇلارنى دەريا تەرەپكە يۈگۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى.

1915 - يىل ئىيۇل ئېيىدا گىرىگورىي بىرۋىزۋوت كازاك بى-
لەن راۋارۇسكايا دىگەن يەرنىڭ قېشىدا ئاۋستىرىيىلىكلەر قولغا
چۈشۈرۈۋالغان كازاك توپچى باتارىيىسىنى قايتۇرۇۋالدى، يەنە شۇ
يەردە سوقۇش بولۇۋاتقان پەيتتە دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىگە ئۆتۈۋې-
لىپ، قول پىلىموتىدىن ئوق ياغدۇرغانلىقتىن، ھۇجۇم قىلىۋاتقان
ئاۋستىرىيىلىكلەر قېچىشقا يۈز تۇتتى.

بايانتىستىن ئۆتكەندە قاتتىق ئېلىشىشتا گىرىگورىي سېمىز
بىر ئاۋستىرىيە ئوفىتسېرىنى ئەسىرگە ئالدى. ئۇنى ئىگەرنىڭ ئالـ
دىغا قويغا ئوخشاش توغرىسىغا تاشلاپ، ئېتىنى چاپتۇرۇپ ماڭغان
ئىدى، ئوفىتسېر قورقۇنچىدىن بەدىنى دىر - دىر تىترەپ،تەرلەپـ
پىشىپ ئارقىدىن يەل قويۇۋەتتى.

گىرىگورىي دۆڭنىڭ تاقىر قارا يېرىدە يېتىپ، ئۆزىنىڭ ئەشەدـ
دى دۈشمىنى ستېپان ئاستاخوپ بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا يۈز
بەرگەن بىر ۋەقەنى بولۇپمۇ ئىنتايىن روشەن ئەسكە ئالدى، بۇ ۋەقە، 12-
پولك فۇرونتتىن ئېلىنىپ، شەرقىي پىروسسىيەگە يۆتكەپ كېتىلـ
گەندە بولغان ئىدى، كازاك ئاتلىرى نېمىسلارنىڭ تۈجۈپىلەپ تېـ
رىغان ئېتىزلىرىنى دەسسەپ - چەيلەپ، كازاكلار نېمىسلارنىڭ ئۆيـ
جايلىرىنى كۆيدۈرۈپ ماڭغان ئىدى. بۇلار بېسىپ ئۆتكەن يوللاردا
ساغۇچ تۈتۈن هاۋانى قاپلاپ، قاپ - قارا كۆمۈرگە ئايلانغان ۋەيرا-
نە تاملار ۋە پاراسلاپ يېنىۋاتقان كاهىش ئۆگزىلەر پىغىراپ تۇراتـ
تى. ستولپىن شەھىرى يېنىدا ئۇلارنىڭ پولكى 27 - دون كازاكلىرى
پولكى بىلەن بىرلىكتە هۇجۇمغا ئۆتكەن ئىدى. گىرىگورىي يادا
كەتكەن ئاكىسىنى، ساقىلى پاكىز قىرىلغان ستېپاننى ۋە باشقا بىر
يېزىلىق كازاكلارنى غىل - پال كۆرۈپ قالدى. پولكلار جەڭدە
مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. نېمىسلار ئۇلارنى قورشىۋالدى، شۇڭا دۈشـ
مەننىڭ مۇهاسىرە چەمبىرىكىنى بۇزۇپ چىقىش مەقسىدىدە 12 بۆلۈنمە
ئارقا - ئارقىدىن هۇجۇم قوزغاپ، شىددەت بىلەن ئالغا تاشلاندى،
شۇ چاغدا گىرىگورىي ستېپاننىڭ ئاستىدىكى قارا ئاتقا ئوق تېگىپ
ئۆلگەنلىكىنى، ستېپان ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، گاڭگىراپ قالغانـ
لىقىنى كۆرۈپ قالدى. توساتتىن شاتلىقتا چۆمگەن ۋە غەيرىتى
جۇش ئۇرغان گىرىگورىي ئېتىنى تەسلىكتە توختاتتى - دە، ئەڭ
ئارقىدىكى بۆلۈنمە ستېپاننىڭ يېنىدىن تېز چېپىپ كېتىۋېتىپ،

ئۇنى دەسسىتىۋېتىشكە تاس قالغاندا، ستېپاننىڭ قېشىغا ئات چاپـ
تۇرۇپ كېلىپ:
— ئۆزەڭگەمدىن تۇتۇۋال! — دەپ ۋاقىرىدى.
سېتپان ئۆزەڭگىنىڭ تاسمىسىدىن مەھكەم تۇتۇۋېلىپ يېرىم
چاقىرىم يەرگىچە گىرىگورىينىڭ ئېتى بىلەن قاتارلىشىپ
يۈگۈردى.
— بەك چاپتۇرما! ئەيسا ھەققى قاتتىق چاپتۇرمىغىن! —
دەپ يالۋۇردى ئۇ ھاسىراپ.
ئۇلار دۈشمەن سېپىنى بۇزۇپ، ئامان - ئېسەن چىقىۋېلىشـ
تى. قورشاۋنى بۇزۇپ چىققان بۆلۈنمىلەر ئاتتىن چۈشۈپ ئارام
ئېلىۋاتقان ئورمانغا بېرىۋېلىشقا 100 سارجىن يەر قالغاندا ستېپانـ
نىڭ پۇتىغا ئوق تەگدى - دە، ئۆزەڭگىنىڭ تاسمىسىدىن قولى چىـ
قىپ كېتىپ، ئوڭدا چۈشتى. شامال گىرىگورىينىڭ شەپكىسىنى ئۇـ
چۇرۇپ كەتتى، كوكۇلا چېچى كۆزىنى توسۇۋالدى. گىرىگورىي چېـ
چىنى قايرىپ تاشلاپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، ستېپان ئاقـ
ساپ مېڭىپ چاتقالغا يېقىن بېرىۋالغاندىن كېيىن، كازاكچە شەپكىـ
سىنى چاتقالنىڭ ئىچىگە چۆرۈۋەتتى. ئاندىن ئولتۇرۇپ، يېنىغاقىـ
زىل جىيەك تۇتقان شالۋۇرىنى ئالدىراش سېلىپ تاشلىدى. بۇ چاغـ
دا دۆڭنىڭ ئېتىكىدىن نېمىسلار زەنجىرسىمان ئۇزۇن سەپ بولۇپ
يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى، گىرىگورىي دەرھال چۈشەندى: ستېپان جان
قايغۇسىدا كازاكچە شالۋۇرىنى سېلىۋېتىپ سولدات قىياپىتىگە كىرىـ
ۋالماقچى بولغان، چۈنكى شۇ چاغدا نېمىسلار كازاكلارنى تىرىك
پېتى ئەسىرگە ئالمايتتى... گىرىگورىي ئۆز يۈرىكىنىڭ بۇيرۇغىغا
بويسۇنۇپ، ئېتىنى شارتتىدە بۇرىدى - دە، چاتقالنىڭ قېشىغا چېـ
پىپ كېلىپ ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى.

— ئاتقا مىن!...

ستېپاننىڭ كۆزلىرىنىڭ شۇ چاغدا سەل - پەل چەكچىيىپ
قارىغانلىقىنى گىرىگورىي ھەرگىز ئۇنتالمايدۇ. گىرىگورىي، ستېپان-
نى يۆلەپ، ئىگەرگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى ئۇزەڭگىسىنى تۇتۇپ، تەرگە
چۆمگەن ئاتنىڭ يېنىدا يۈگۈرۈپ ماڭدى.

چيۇ - چيۇ - ىۇ - ىۇ... — بىر ئوق ئىسقىرتىپ،
قۇلاقىنىڭ تۈۋىدىن ۋىژىلداپ ئۆتتى - دە، ۋىشىلداپ يەرگە
چۈشتى.

گىرىگورىينىڭ چوققىسىدىن، ستېپاننىڭ بوردەك ئاقىرىپ
كەتكەن يۈزى ئۈستىدىن، ئۇلارنىڭ ھەر 2 يېنىدىن ئوقلار ئاشۇ-
داق چيۇ - چيۇ - ىۇ - ىۇ، چيۇ - چيۇ - ىۇ - ىۇ ... قىلىپ
ئىسقىرتىپ ئۆتكىلى تۇردى، ئارقا تەرەپتىن ئوق ئاۋازى ئاكاتسى-
يە دەرىخىنىڭ پىشىپ كەتكەن پۇرچاقلىرى ئېتىلغاندەك چاراسلاپ
ئاڭلىناتتى.

پاك - پۇك! پاك - پۇك! تاك - تاك - تاك!

ئورمان ئىچىدە ستېپان ئاغرىقتىن جېنى قاخشاپ تولغى-
نىپ كەتتى - دە، ئاتنىڭ ئۈستىدىن چۈشتى؛ تىزگىنىنى
قويۇۋېتىپ، بىر چەتكە قاراپ ئاقساقلاپ ماڭدى. سول پۇتى-
دىكى ئۆتۈكىنىڭ قونچىدىن قان ئاقاتتى، ھەر بىر قەدەم باسقاندا،
يارىلانغان پۇتىنى دەسسىگەن ھامان پاشنىسىنىڭ ئاستىدىن قىپ-
قىزىل قان شىرقىراپ يەرنى بوياپ تۇراتتى. ستېپان باراقسان ئەمەن دە-
رىخىنىڭ تېنىغا يۆلىنىپ، گىرىگورىينى بارمىقى بىلەن ئىملاپ چا-
قىردى. گىرىگورىي يېقىن كەلدى.

— ئۆتۈكۈمنىڭ ئىچى قانغا تولدى، — دېدى ستېپان.

گىرىگورىي ئۈندىمەستىن باشقا تەرەپكە قارىۋالدى.

— گرىشكا... بۈگۈن بىز ھۇجۇمغا ئۆتكىنىمىزدە... ئاڭلاۋاتامسەن، گرىگورىي؟ — دەپ سۆز باشلىدى ستېپان ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن گرىگورىينىڭ كۆزىگە قاراشقا تىرىشىپ. — ھۇجۇم قىلىپ كېتىۋاتقىنىمىزدا مەن سېنىڭ ئارقاڭدىن
3 قېتىم ئوق ئاتتىم... ئۆلتۈرۈشكە خۇدا نېسىپ قىلمىدى.

ئۇلارنىڭ كۆزلىرى توقۇنۇشتى. ستېپاننىڭ چوڭقۇر كۆز چاناقلىرىدا بىگىزدەك تىكىلىپ تۇرغان قارىچۇقلىرى چىداپ بولمايدىغان دەرىجىدە چاقناپ تۇراتتى. ستېپان چىشلىرىنى مەھكەم چىشلەپ ئاران - ئاراندا سۆزلەيتتى.

— سەن مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزدۇڭ... بۇنىڭ ئۈچۈن رەھمەت... ئەمما ئاكسىنىيە مەسىلىسىگە كەلگەندە سېنى كەچۈرەلمەيمەن. يۈرىكىم ئۇنىمايدۇ... سەن مېنى مەجبۇر قىلما، گرىگورىي...

— مەجبۇر قىلمايمەن، — دېدى گرىگورىي شۇچاغدا.

ئۇلار بۇرۇنقىدەك مۇرەسسەسىز ھالدا ئايرىلىشتى... گرىگورىي يەنە ئويلاندى... ماي ئېيىدا پولك غەربىي جەنۇبىي ئارمىيىنىڭ باشقا قىسىملىرى بىلەن بىرلىكتە لۇتسك① ئەتراپىدا فوورنتنى يېرىپ ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىگە ئۆتۈۋالغاندىن كېيىن، دۈشمەنگە زەربە بەردى ۋە ئۆزىمۇ زەربىگە ئۇچرىدى. لىۋوپ شەھىرىنىڭ بوسۇغىسىدا گرىگورىي ئۆزلۈكىدىن بىر بۆلۈنمە ئەسكەرنى ھۇجۇمغا ئېلىپ مېڭىپ، ئاۋستىرىيىلىكلەرنىڭ كالتە ستۋوللۇق زەمبىرەك باتارېيىسىنى بىر ئاتقۇچىسى بىلەن بىللە قولغا چۈشۈردى. بىر ئايدىن كېيىن كېچىدە «تىل» ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن بۇگ دەرياسىدىن ئۈزۈپ ئۆتتى. پوستا تۇرغان قاراۋۇلنى ئۇرۇپ يىقىتتى: ساغلام، گەۋدىلىك نېمىس ئۆز ئۈستىگە مىنىۋالغان يېرىم

① لۇتسك — پولشىدىكى بىر شەھەر — ت.

يالڭاچ گىرىگورىينى ئۇزاق ئايلاندۇرۇپ، ۋاقىراشقا ئۇرۇنۇپ كۆردى، قول - پۇتىنى باغلاتقۇزۇشنى ھەرگىز خالىمىدى.

بۇ ۋەقەنى گىرىگورىي كۈلۈمسىرەپ ئەسكە ئالدى.

يېقىنقى ۋە بۇرۇنقى ئۇرۇشلارنىڭ مەيدانلىرىدا ۋاقىت مۇشۇنداق ئۆتكەن كۈنلەر ئازمۇ؟ گىرىگورىي كازاك نومۇسىنى قاتتىق ساقلىدى، پىداكارانە باتۇرلۇق كۆرسىتىدىغان پەيتلەرنى پايلاپ يۈردى، تەۋەككۈلچىلىك قىلدى، تەنتەنىلىك - تەلۋىلىكلەرنى قىلدى، نېمىسچە كىيىنىپ، ئاۋستىرىيىلىكلەرنىڭ ئارقا سېپىغا ئۆتۈپ، قان تۆكمەستىن، دۈشمەننىڭ پوسلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ يۈردى؛ بۇ كازاك يىگىتلەرچە ئات ئوينىتىپ يۈردى، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە كىشى يۈرىگىگە ۋەھىمە سالىدىغان سىزىم كەلمەسكە كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ، يۈرىگى تاشتەك قېتىپ، قۇرغاقچىلىقتىكى شور تۇپراقتەك بولۇپ قالدى؛ شور تۇپراق سۇنى ئۆزىگە سىڭدۈرمىگىنىدەك، گىرىگورىينىڭ يۈرىگىمۇ رەھىم - شەپقەت دىگەن نەرسىنى ئۆزىگە يولاتماي قويدى. ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ھاياتى بىلەن سوغاق بىر نەپرەت بىلەن ئوينىشىپ يۈردى؛ شۇ تۈپەيلى باتۇر دىگەن ئاتاق چىقاردى — 4 گېئورگىي كرېستى ۋە باشقا 4 مېدال بىلەن مۇكاپاتلاندى. كەمدىن - كەم ئۆتكۈزۈلىدىغان پاراتلاردا، نۇرغۇن ئۇرۇشلارنىڭ ئوق-دورا تۈتۈنى ئىچىدە يەلپۈنگەن پولك بايرىقىنىڭ ئاستىدا تۇرىدىغان بولدى؛ ئەمما ئۇ، ئىلگىرىدەك كۈلۈش ئەمدى نېسىپ بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، كۆزلىرىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنلىكىنى، ياڭاق سۆڭەكلىرىنىڭ تومپىيىپ چىقىپ قالغانلىقىنىمۇ بىلەتتى؛ بوۋاقنى سۆيگەندە ئۇنىڭ روشەن، مەسۇم كۆزلىرىگە ئۇچۇقتىن-ئۇچۇق قارىيالمايدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى، گىرىگورىي قاتار لېنتىلەرگە ئېسىلغان كرېستلەر ئۈچۈن ۋە ئوفىتسېرلىك ئۈنۋانغا ئىگە

بولۇش ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل تۆلىگەنلىكىنىمۇ بىلەتتى.

ئۇ دۆڭنىڭ ئۈستىدە شىنېلىنىڭ پېشى بىلەن يانپىشىنى يۆركەپ، سول قولىنىڭ جەينىكىنى يەرگە تىرەپ ياتاتتى. ئۇنىڭ خاتىرىسى باشتىن كەچۈرگەنلىرىنى لايىغىدا جانلاندۇردى - دە، ئۇرۇشنىڭ بەزىبىر ئۈزۈك ئەستەلىكلىرى ئەڭ ئۇزاق، بالىلىق چاغلىرىدىكى قايسىبىر ۋەقەلەرگە ئارىلىشىپ، گويا نەپىس هاۋارەڭ يىپەك توقۇلۇپ كەتتى، گىرىگورىي بۇ ئەستەلىك ئۈستىدە بىر دەقىقە زوق - شوخ بىلەن ۋە ھەسرەت، نادامەت ئىچىدە پىكىر يۈرگۈزدى، ئاندىن يەنە يېقىنقى ۋەقەلەرگە كۆچتى. ئاۋستىرىيىلىكلەرنىڭ ئاكوپلىرىدا بىرسى ئۇستىلىق بىلەن ماندالىن چېلىۋاتاتتى. شامال تەۋرىتىپ تۇرغان نەپىس تاۋۇشلار ئۇ يەردىن ئالدىراش يېتىپ كېلىپ، ستوخو دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئادەم قېنى نۇرغۇن قېتىم تۆكۈلگەن يەر ئۈستىگە ئاسانلا تارالماقتا ئىدى. ئاسماننىڭ قەھرىدە يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇراتتى، قاراڭغۇلۇق قويۇقلاشتى، ساسلىق ئۈستىدە يېرىم كېچىدىكى تۇمان ئۆركەشلىنىشكە باشلىدى. گىرىگورىي ئارقا - ئارقىدىن ئۇلاپ 2 يۆگەم تاماكا چەكتى - دە. مىلتىغىنىڭ تاسمىسىنى نېرىدىن بېرى سىلاپ قويۇپ، سول قولىنىڭ بارماقلىرىغا تايىنىپ مېھماندوست يەردىن ئاستا قوپتى؛ ئاكوپقا قاراپ يۈردى.

گەمىدىكىلەر تېخىچە قارتا ئويناۋاتاتتى. گىرىگورىي تاختا سۇپىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى - دە، كۆپ يۈرگەن، ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەنلىكتىن ئوت - چۆپ بېسىپ كەتكەن چىغىر يوللارنى ئەسكە ئېلىپ، يەنە پىكىر يۈرگۈزگۈسى كەلگەن ئىدى. ئەمما ئۇيقۇ ئۇنى مەس قىلىپ قويدى؛ ئۇ قانداق ياتقان بولسا، ئاشۇ ھالەتتە ئۆزىنى ئوڭشىماستىنلا ئۇيقۇغا كەتتى، چۈشىدە قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن چەكسىز دالانى، مەڭگۈ سۇلمايدىغان

ئالۇ - قىزىل - بىنەپشىرەڭ گىيالارنى، چوكانتال ئاچ بىنەپشىرەڭ
گۈللەرنىڭ ئارا - ئارىلىرىدا تاقىلانىمغان ئات تۇياقلىرىنىڭ ئىز-
لىرىنى كۆردى ... دالا بوش، ۋەھىمە قىلغۇدەك تىمتاس ئىدى. گى-
رىگورىي قاتتىق قۇملۇق يەرنىڭ ئۈستى بىلەن ماڭغان بولسىمۇ،
ئەمما ئۇ، ئۆزىنىڭ قەدەم تاۋۇشلىرىنى ئاڭلىمايتتى، شۇنىڭ بىلەن
ئۇ قورقۇپ كەتتى.... گىرىگورىي ئويغىنىپ، بېشىنى كۆتەردى، يامان
يېتىپ ئۇخلاپ قالغانلىقتىن ئىككى مەگزىدە قىيپاش تاتۇقتەك ئىز پەيدا
بولغان ئىدى؛ ئۇ، بىر خىل خۇشپۇراق ئوتنىڭ ھىدىدىن بىر دە-
قىقە ھوزۇرلىنىپ، تۇيۇقسىز ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغان ئاتقا ئوخ-
شاش لەۋلىرىنى ئۇزاق تامشىپ كەتتى. شۇندىن كېيىن يەنە يې-
تىپ، ئويغانماستىن، چۈش كۆرمەستىن قاتتىق ئۇيقۇغا چۆكتى.
ئەتىسى گىرىگورىي تەسۋىرلەپ بولمايدىغان، يۈرەكنى ئېزى-
دىغان قايغۇ - ھەسرەت بىلەن ئورنىدىن تۇردى.
— بۈگۈن سەن نىمىشكە خاپا؟ يۇرتۇڭنى چۈشەپ قىلىپ-
سەنمۇ؟ — دەپ سورىدى كوكۇلا چاچ.
— راست تاپتىڭ. دالا چۈشۈمگە كىردى. كۆڭلۈم شۇنداق
بۇزۇلدىكى... كاشكى ئۆيگە بېرىپ، ئائىلىدىكىلەرنى بىر كۆرسەم
ئىدى. پادىشا خىزمىتى بىزار قىلىۋەتتى!
كوكۇلا چاچ مۇرۇۋۋەت يۈزىسىدىن كۈلۈپ قويدى. ئۇ ھەممە
ۋاقىت گىرىگورىي بىلەن بىر گەمىدە تۇراتتى. كۈچلۈك يىرتقۇچ ھاي-
ۋان خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش كۈچلۈك ھايۋان بىلەن قانداق مۇئا-
مىلىدە بولسا كوكۇلا چاچمۇ گىرىگورىيغا خۇددى شۇنداق ھۆرمەت بى-
لەن مۇئامىلە قىلاتتى؛ 1914 - يىلدىكى دەسلەپكى جەڭلەردىن كېيىن.
ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش - جاڭجال بولمىدى. يەنە كې-
لىپ كوكۇلا چاچنىڭ تەسىرى گىرىگورىينىڭ خۇلقى - مىجەزىگە،

روھسي ھالىتىگە ئىنىق بۇقتى. ئۇ رۇش كوكۇلا چاچىنىڭ دۇنيا قارىـ
شىنى قاتتىق ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇ قانچىلىك قاتتىق تۇرۇۋالغان بىـ
لەنمۇ، ئەمما ئىزچىل رەۋىشتە ئۇرۇشقا سەلبى مۇناسىۋەتتە بولىدىـ
غان يولغا دومىلاپ چۈشۈپ كېتىۋەردى. ئۇ خائىن گېنېراللار توغـ
رىسىدا، پادىشا سارىيىغايوشۇرۇنۇۋالغان گېرمانلار توغرىسىدا ئۇزاق
سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى، بىر قېتىم ئۇ: «پادىشا مەلىكىسىنىڭ
ئۆزى گېرمانقېنىدىن، ئۇنىڭدىن ياخشىلىق كۈتمە، پۇرسەت كەلگەندە
ئۇ بىزنى بىر ياماقـقا سېتىۋېتىدۇ...» دىگەن گەپنى قىلغان ئىدى.
بىر كۈنى گىرىگورىي ئۇنىڭغا كارانژا تەلىماتىنىڭ ماھىيـ
تىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى، ئەمما كوكۇلاچاچ بۇ تەلىماتنى ماـ
قۇللىمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.
— ناخشىسى ياخشى ئىكـەن، ئەمما ئاۋازى خىرىلداق، —
دىدى ئۇ ئىستىھزا بىلەن كۈلۈپ، كـۆكۈش تاقىر بېشىنى شاپىلاقـ
لاپ، — مىشكا كوشېۋوي قاشا ئۈستىدىكى خورازغا ئوخشاش ھـەر
كۈنى بۇ توغرىلىق كانـــاي چالىدۇ. بۇ ئىنقىلاپلارنىڭ ھېچقانداق
مەنىسى يوق، پەقەت شـوخلۇق. سەن شۇنى چۈشىنىپ قويغىنكى،
بىز كازاكلارغا باشقا بىر ھاكىمىيـەت ئەمەس، ئۆزىمىزنىڭ ھاكىـ
مىيىتى كېرەك، بىزگە مىكولاي مىكـولايېۋىچتـەك ① مۇستەھكەم
پادىشا لازىم، بىز مۇژىكلار بىلەن بىر يولدا ماڭالمايمىز،غاز،چوشـ
قىغا بولداش بولالمايدۇ. مۇژىكلار ② يەر ئىگەللەش كويىدا،ئىشـ

① نىكولاي نىكولايېۋىچ (1929 — 1856) — ئۇلۇغ كىنەز، بىرىنچى دۇنـ
يا ئۇرۇشى باشلانغاندىن تارتىپ رۇس ئارمىيىسىنىڭ ئالى باش قومانـ
دانى. گىرازدانلار ئۇرۇشى ۋاقتىدا چەتئەلگە قېچىپ كەتكەن، شۇ يەرـ
دە ۋارانگىل ۋە كۆپچىلىك مونارخىستلەر (پادىشالىق تۈزۈم تەرەپدارـ
لىرى) نىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئىگە بولۇپ، رۇس تەختىنىڭ دەـ
ۋاگەرلىرىدىن بىرى بولغان (ئاپتورنىڭ ئىزاھى).
② مۇژىك — رۇسلارنىڭ لەقىمى — ت.

چىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈپ بېرىشنى خالايدۇ، ئۇلار بىزگە نىمە بېرىدۇ؟ يەر دىگەن بىزدە — يېتىپ ئاشىدۇ. بىزگە يەنە باشقا نىمە كېرەك؟ شۇنچە قىلغىنىڭ بىلەن ئالدىغىنىڭ قۇرۇق تۇۋا، پادىشايىمىز سارىڭ چېلىش ئەخمەق، بۇنىڭ يوشۇرىدىغان ھېچنىمىسى يوق. ئۇنىڭ دادىسى مەھكەمەك ئىدى، مۇنۇ بىر نىمە ئۆز بېشىغا ئۆزى بالا تېپىۋالىدۇ. قاراپ تۇر، 1905 - يىلدىكىگە ئوخشاش ئىنقىلاپ جۇش ئۇرۇپ قايىنايدۇ، ئۇ چاغدا تەختى - بەختى پاچاقلىنىپ تاشلىنىدۇ. بۇ بىزگە باپ ئەمەس، خۇدا كۆرسەتمىسۇن، مۇبادا پادىشانى قوغلىۋەتسە، ئۇ چاغدا بىزنىڭ بېشىمىزغىمۇ ئىش كېلىدۇ. ئۇ چاغدا كونا ئاداۋەتنىڭ ھىساۋىنى ئېلىپ، يەرلىرىمىزنى مۇژىكلارغا بۆلۈپ بېرىشكە باشلايدۇ، قۇلاقنى دىڭ تۇتۇش كېرەك ...

— سەن ھەمىشەم ئىشىنىڭ بىر تەرىپىنى ئويلايسەن، — دەپ گىرىگورىي قاپىغىنى تۈردى.

— قۇرۇق گەپنى قىلىۋاتىسەن، سەن تېخى ياش. مىنىلمىگەن تايسەن. توختاپ تۇر، كىشىلەر بېشىڭغا ئازاپ سالسۇن، شۇ چاغدا ھەقىقەت كىم تەرەپتە ئىكەنلىگىنى بىلىسەن.

پارىڭ ئادەتتە مۇشۇ تەرزدە ئاياقلىشاتتى. گىرىگورىي شۈك بولۇپ قالاتتى. كوكۇلاچاچ باشقا نەرسە توغرىلىق سۆز ئېچىشقا تىرىشاتتى.

شۇ كۈنى گىرىگورىي كۆڭۈلسىز بىر ۋەقەگە يولۇقتى، ھەر كۈندىكىگە ئوخشاش چۈشتە دۆڭنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن سەييارە ئاشخانىغا كېلىپ توختىدى، كازاكلار قاتناش يول بىلەن بىر بىرىسى قوغلىشىپ، ئاشخانىغا ئالدىراش چېپىپ كېلىشتى، 3 - ۋىزۋوتنىڭ تامىغىنى ئېلىش ئۈچۈن مىشكا كوشىۋوي بارغان ئىدى. ئۇ، ھور چىقىپ تۇرغان كورىلارنى ئۇزۇن تاياققا قاتار تىزىپ ئېلىپ كەلدى - دە،

گەمىنىڭ ئىچىگە كىرە - كىرمەستىنلا ۋاقىرىدى:

— بۇنداق قىلسا بولمايدۇ، بۇرادەرلەر! بۇ قانداق گەپ؟ بىز ئىتمىكەنمىز؟

— نىمىنى دەيسەن؟ — دەپ سورىدى كوكۇلاچاچ.

— بىزگە هارام بولۇپ قالغان مالنىڭ گۆشىدىن تاق قىلىپ بېرىشىۋاتىدۇ! — دەپۋاقىرىدى كوشۇوي غەزەپ بىلەن.

ئۇ، ياۋا هەشقىپېچەكتەك بىر تۇتام تۇگۇلۇپ قالغان ساپ - سېرىق كوكۇلىسىنى ئارقىسىغا سىلكىپ تاشلاپ، كورىلارنى تاختا سۇپىنىڭ ئۇستىگە قويدى - دە، كۆز قىرى بىلەن كوكۇلاچاچقا قاراپ:

— پۇراپ باققىنا، شورپىدىن نىمىنىڭ پۇرىغى كېلىۋاتىدۇ، — دىدى.

كوكۇلاچاچ ئۆزىنىڭ كورىسىغا ئىڭىشىپ، بۇرنىنى قىشايتۇرۇپ ئۇنى ئايلاندۇرۇپ كۆردى - دە، شۇنىڭ بىلەن كوشېۋويمۇ ئىختىيارسىز ئۇنى دوراپ، بۇرنىنى تارتىپ، چىرايىنى پۇرۇشتۇردى.

— سېسىغان گۆش ئىكەن، — دىدى كوكۇلاچاچ.

ئۇ يېرگىنىپ، كورىنى پەسكە قويدى، گىرىگورىيغا قارىدى.

گىرىگورىي تاختاسۇپىدىن چاچراپ تۇردى - دە، ئىڭىشىپ، ئىلمەك بۇرنىنى شورپىنىڭ ئۇستىگە ئېلىپ بارا - بارماستىنلا ئارقىسىغا داجىدى ۋە ئالدىدىكى كورىسىنى خوشىياقماسلىق بىلەن تېپىپ يەرگە چۈشۈرۋەتتى.

— بۇ نىمە قىلغىنىڭ؟ — دەپ مۇجىمەللا سوراپ قويدى كوكۇلاچاچ.

— كۆرمەيۋاتامسەن، نىمىشكە شۇنداق قىلغانلىغىمنى؟ قارا،

كۆزۈڭ كور بولۇپ قالدىمۇ؟ مۇنىڭ نىمە؟ — دېدى گىرىگورىي پۇتىنىڭ ئاستىدىكى ياماراپ كېتىۋاتقان ئاتىلىنى كۆرسىتىپ.

— ئوھۇ - ھۇ! قۇرۇتلارنى قارا! ... ۋاي ئانام ... بۇنداقلارنى مەن تېخى كۆرۈپ باقمىغان! ... مانا ساڭا چىۋشلۇك تاماق، بۇ شورپا ئەمەس، سۇيىقاشقۇ ... ئۇچەي - قېرىن ئورنىغا — غىچ قۇرۇت!

يەرنىڭ ئۈستىدە، قان - يىرىڭدەك قىپ - قىزىل گۆش پارچىلىرىنىڭ يېنىدا، ھالقا - ھالقاياغ داغلىرىنىڭ ئىچىدە ئاپاق كۆپۈپ كەتكەن قۇرۇتلار سالپىيىپ يېتىشىپ كەتكەن ئىدى.

— 1، 2، 3، 4، ...،— دەپ ساندى، كوشىۋوي ئىمىشكىدۇ پىچىرلاپ.

بىرمىنۇت جىم بولۇپ قېلىشتى. گىرىگورىي چىشىنىڭ ئارىلىقىدىن شىرت قىلىپ تۈكۈردى. كوشىۋوي قىلىچىنى غىلاپتىن سۇغۇرۇپ:

— ھازىر بۇ شورپىنى قولغا ئېلىپ، بۆلۈنمە كوماندىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىمىز، — دېدى.

— ھە! بۇ سۆزۈڭ ئورۇنلۇق! — دېدى كوكۇلاچاچماقۇللاپ.

ئۇ ملىتىغىنىڭ نەيزىسىنى بۇراپ چىقىرىپ شۇنداق دېدى:

— بىز شورپىنى ھەيدەپ چىقىرىمىز، سەن گىرىشكا، بىزنىڭ ئارقىمىزدىن ئەگىشىپ ماڭ. بۆلۈنمە كوماندىرىغا راپورت بېرەرسەن.

كوكۇلاچاچ بىلەن مىشكا كوشىۋوي ملتىق نەيزىلىرىگە بىر كورا - بىر كوردىن شورپىنى ئېلىپ، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ يۈرۈپ كېتىشتى، گىرىگورىي ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى، ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگرى - بوگرى خەندەكلەردىن يۆگۈرۈشۈپ

چىققان كازاكلار كۆك - يېشىل دولقۇندەك دەۋرەپ كېتىشتى.
— نىمە ئىش؟
— بىرەر ئەھۋال بولدىمۇ؟
— بەلكىم، سۇلھى توغرىلىق خەۋەر باردۇر؟
— بۇنداق ئىش ئەدە تۇرۇپتۇ ... سۇلھىنى خالاپ قىلىبىسەن - دە، سۇخارىنى غاجىغىلى كەلمەمدۇ؟
— قۇرۇتلىغان شورپىنى قولغا ئالدۇق!
ئوفىتسېرلەر گەمىسىنىڭ ئالدىدا كوكۇلاچاچ بىلەن كوشىۋوي توختىدى. گىرىگورىي ئېگىشىپ، سول قولى بىلەن شەپكىسىنى تۇتۇپ، «تۇلكە ئۇۋۇسى»غا كىردى.
— قىستىما! — دەپ ئاچچىغى بىلەن ۋاقىرىدى كوكۇلاچاچ دوقۇرۇشۇپ قالغان كازاكقا قاراپ.
بۆلۈنمە كوماندىرى شىنېلىنىڭ تۈگمىسىنى ئېتىۋېتىپ، گەمىدىن چىقتى. ئۆزىنىڭ كەينىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان گىرىگورىيغا ھاڭ - تاڭ بولۇپ، بىر ئاز تەشۋىش بىلەن قارىدى.
— نىمە ئىش، بۇرادەرلەر؟ — دىدى كوماندىر كازاكلارنىڭ ئۇستىۋېشىغا كۆز يۈگۈرتۈپ.
گىرىگورىي ئۇنىڭ ئالدىغا بىر قەدەم تاشلاپ، جىمجىتلىق ئىچىدە:
— قولغا ئېلىنغانلارنى ھەيدەپ كەلدۇق، — دەپ جاۋاپ بەردى.
— قانداق قولغا ئېلىنغانلارنى؟
— مانا ماۋۇ ...، — گىرىگورىي كوكۇلاچاچنىڭ پۈتىنىڭ ئالدىدا تۇرغان بىر كورا شورپىنى كۆرسەتتى، — مۇنۇ قولغا ئېلىنغاننى ئېلىپ كەلدۇق ... پۇراپ بېقىڭا، سىزنىڭ كازاكلىرىڭىزنى

نىمە بىلەن بېقىۋاتىدۇ - ھە!

گىرىگورىيىنىڭ فېشى 3 بۇرجەك تۇرۇلۇپ، بىر ئاز تىترىدى - دە، يەنە جايىغا چۈشتى، بۆلۈنمە كوماندىرى گىرىگورىيىنىڭ يۈزىگە مەنىلىك قاراپ قويدى - دە، ئاندىن قاپىقىنى سىلىپ كورىغا كۆز يۈگۈرتتى.

— بىزنى ھارام بولۇپ قالغان نەرسە بىلەن باقتىلى تۇردى! — دەپ چالۋاقىدى مىشكا كوشىۋوي.

— ھەربى لاۋازىمەتچىنى ئالماشتۇرۇش كېرەك!

— ئەجەبا!

— تولا يەپ سەمرىپ كەتتى، ئىبلىس!

— ئۇ ئۆزى ئۆكۈزنىڭ بۆرىكىنىلا شورپا سىلىپ ئىچىدۇ...

— ئەمما بىزگە قۇرۇتلۇق شورپىنى بېرىدۇ! — يېقىن تۇرغانلار ئۇلارنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى.

بۆلۈنمە كوماندىرى ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋازلار بېسىققىچە كۈتۈپ تۇردى - دە، ئاندىن كەسكىنلىك بىلەن:

—جىم! ئەمدى سۆزنى توختىتىڭلار! دەيدىغاننى دەپ بولدۇڭلار. لاۋازىمەتچىنى بۈگۈنلا ئالماشتۇرىمەن. ئۇنىڭ ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن كومىسسىيە بەلگىلەيمەن. ئەگەر ناچار گۆشنى...

— ئۇنى سوتقا بېرىش كېرەك! — دەپ گۇدۇڭلاشتى ئارقىدىكىلەر.

يېڭىدىن كۆتىرىلگەن ۋاراڭ - چۇرۇڭ يۈز بېشىنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كەتتى.

لاۋازىمەتچىنى يولدا ئالماشتۇرۇشقا توغرا كەلدى. توپىلاڭ چىقارغان كازاكلار شورپىنى قاماققا ئېلىپ، يۈز بېشىنىڭ ئالدىغا

ھەيدەپ كەلگەندىن كېيىن ئارىدىن بىر نەچچە سائەت ئۆتكەچ، 12 - پولكنىڭ ئىشتاۋى ئالدىنقى سەپتىن چېكىنىش توغرىلىق بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدى، بۇ بۇيرۇققا قوشۇمچە ھەربىي يۈرۈش تەرتىۋى بويىچە رۇمىنىيىگە قاراپ ئىلگىرىلەشنىڭ يولى سىزىپ كۆرسىتىلىپ ئىلاۋە قىلىنغان ئىدى. كېچىدە كازاكلارنىڭ ئورنىغا سىبىر پىيادە قىسىملىرى كەلدى. رىنۇىنچى دىگەن بازاردا پولك ئاتلارنى بىر قۇر سەرەمجانلاشتۇردى - دە، ئەتىسى ئەتىگەن تېز يۈرۈش مارشى بىلەن رۇمىنىيىگە يولغا چىقتى.

ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان رۇمىنلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن چوڭ - چوڭ ھەربىي قىسىملار بىرلەشمە قوشۇنلىرى ئەۋەتىلمەكتە ئىدى. بۇ ھال مۇنۇ بىر نەرسىدىن ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتىكى، يۈرۈشنىڭ دەسلەپكى كۈنى كەچ كىرىش ئالدىدا بېسىپ ئۆتىدىغان يولنىڭ تەرتىپ جەدۋىلى بويىچە ئەسكەرلەرنى قوندۇرماقچى بولغان يېزىغا ئۆي تېپىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئادەملەر ھىچنىمە تاپالماي قايتىپ كېلىشتى: چۈنكى يەنە شۇنداق رۇمىنىيەچىگىرىسىغا قاراپ كېتىۋاتقان پىيادە قىسىملار بىلەن توپچى قىسىملار يېزىنى قاپلاپ كېتىپتۇ. پولك ئۆي مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئارتۇقچە 8 چاقىرىم يول مېڭىشقا مەجبۇر بولدى.

پولك 17 كۈن يول يۈردى. ئاتلار يەم - چۆپسىز ئورۇقلاپ كەتتى. ئۇرۇش ۋەيران قىلىۋەتكەن ئالدىنقى سەپكە يېقىن يەزلەردە ئوت - چۆپتىن ئەسەر يوق ئىدى. ئاھالىلەر روسىيىنىڭ ئىچكىرىسىگە قېچىپ كىرىۋالغان ياكى ئورمانلارغا يوشۇرۇنۇۋالغان؛ ئوچۇق قالغان پاكار ئۆيلەرنىڭ يالىڭاچ تاملىرى غۇۋا قارىيىپ تۇراتتى، ئادەمسىز بوش كوچىلاردا كازاكلار قورقۇپ قاپىغى چۈشۈپ كەتكەن خەلقلەرنى ئاندا - ساندا ئۇچرىتاتتى، ئۇچرىغانلىرىمۇ قورااللىق

ئەسگەرلەرنى كۆرۈش بىلەنلا يوشۇرۇنۇۋېلىشقا ئالدىرىشاتتى. توختاۋسىز يول يۈرۈپ ھالى قالمىغان كازاكلار توكۇپ كەتكەنلىكتىن ئۆزلىرى ئۈچۈن، ئاتلىرى ئۈچۈن، باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كەلگەن ھەممە جاپا - مۇشەققەتلىرى ئۈچۈن ئاچچىغى كېلىپ، ئۆي-جايلارنىڭ سامانلىق لاي بىلەن يېپىلغان تام - تورۇسلىرىنى ئېچىۋەتتى؛ ۋەيران قىلىنىشتىن ئامان قالغان يېزىلاردا ئاز - ماز تېپىلغان يەم - خەشەكلەرنى ئوغرىلاشتىن تارتىنىپ تۇرۇشمىدى؛ كوماندىرلار ھېچقانداق تەھدىت - قورقۇتۇشلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆز بېشىمچىلىقى ۋە ئوغرىلىقلىرىنى توساپ قالالمىدى.

رۇمىنىيە تۇپرىقىغا يېقىن قالغاندا، باياشات بىر يېزىدا كوكۇلاچاچ بىرسىنىڭ ئامبىرىدىن مەلۇم مىقداردا ئارپا ئوغرىلاشنىڭ ئامالىنى قىلغان ئىدى. ئۆي ئىگىسى ئۇنى ئوغرىلىق ئۈستىدە تۇتۇۋالدى، ئەمما كوكۇلاچاچ بۇ يۇۋاش، ياشىنىپ قالغان بېسارابىيىلىكنى ئۇرۇپ، ئارپىنى ئېتىغا ئاپىرىپ بەردى. ۋىزۋوت ئوفىتسېرى ئات باغلايدىغان يەرنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ ئۈستىدىن چىقىپ قالدى. كوكۇلاچاچ تورۋىنى ئاتنىڭ بېشىغا ئېسىپ قويغاندىن كېيىن ئەتراپىدا ئايلىنىپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئىككى بېقىنى ئىچىگە كىرىشىپ، سۆڭگىچى چىقىپ قالغان بىچارە ئاتنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ، ئادەمگە ئوخشاش ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ قوياتتى.

— ئۆرىيۈپىن! ئارپىنى قايتۇرۇپ بەر، ئىتنىڭ بالىسى! سەن ئەبلەخنى بۇ ئىشىڭ ئۈچۈن ئېتىپ تاشلايدۇ!...

كوكۇلاچاچ ئوت ئۈچقۇنداپ تۇرغان كۆزىنىڭ قىرى بىلەن ئوفىتسېرگە قاراپ قويدى - دە، شەپكىسىنى پۈتىنىڭ ئاستىغا ياققىدە تاشلىۋېتىپ، پولكتا بولغان ۋاقىت ئىچىدە بىرىنچى قېتىم زەردە بىلەن دەھشەتلىك ۋاقىراپ كەتتى.

— سوت قىلىڭلار! ئېتىپ تاشلاڭلار! مېنى مەشەدىلا ئۆل‐
تۈر، ئەمما ئارپىنى بەرمەيمەن!... ئېتىم ئاچلىقتىن ئۆلسۇنمۇ؟
ئارپىنى بەرمەيمەن! بىر دانىسىنىمۇ بەرمەيمەن!

ئۇ تەشنالىق بىلەن ئارپا چايناۋاتقان ئاتنىڭ بىردەم بېشى‐
نى، بىردەم يايلىنى، بىردەم قىلىچىنى تۇتۇپ قوياتتى...

ئوفتسېر بىردەم ئۈنچىقماي تۇردى، ئاتنىڭ دەھشەتلىك
ئورۇقلاپ، قورۇق ئۇستىخان بولۇپ قالغانلىقىغا بىردەم قاراپ تۇر‐
دى ـ دە، بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ:

—قىزىپ كەتكەن ئاتقا نىمىشكە بوغۇز بېرىسەن؟ — دېدى.

ئۇنىڭ ئاۋازىدىن خىجىل بولغانلىقى ئوچۇق بىلىنىپ
تۇراتتى.

— ياق، ئۇ سوۋۇغان، — دەپ جاۋاپ بەردى كوكۇلاچاچ
پىچىرلاپ، ئۇ تورۋىدىن چېچىلىپ چۈشكەن ئارپىنى ئالقىنى بى‐
لەن يىغىپ، يەنە تورۋىنىڭ ئىچىگە سالاتتى.

× ×

نويابىر ئېيىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە پولك ئالدىنقى سەپ‐
كە بېرىپ بولدى. ترانسلۋان تاغلىرىنىڭ ئۈستىدە شامال چىقىپ
تۇراتتى، سايلاردا سوغاق تۇمان هاۋانى قاپلىغان، قىرو باسقان قارى‐
غاي ئورمانلىرىنىڭ هىدى گۇپۇلدەپ پۇرايتتى. تاغدىكى
دەسلەپكى ئاپپاق قارنىڭ ئۈستىدە يىرتقۇچ هايۋانلارنىڭ ئىزلىرى
كىشىلەرنىڭ كۆزىگە پات ـ پات چېلىقىپ تۇراتتى. ئورۇشتىن
هۈركۈپ قاچقان بۆرە، تۈلكە، ياۋا ئۆشكىلەر ئۆز ماكانلىرىنى تاش‐
لاپ مەملىكەتنىڭ ئىچكىرىسىگە كېتىشكەن ئىدى.

7 ـ نويابىردا 12 ـ پولك «320» ـ ئېگىزلىككە هۇجۇم

قىلدى. بىر كۈن ئىلگىرى ئاكوپلارنى ئاۋستىرىيىلىكلەر ئىگەللەپ تۇرغان ئىدى. ھۇجۇم باشلانغان كۈنى ئەتىگەندە ئۇلارنىڭ ئورنىغا فىرانسۇز فرونتىدىن يېڭىلا يۆتكەپ كېلىنگەن ساكسونلىقلار كەلدى. كازاكلار پىيادە سەپ بولۇپ، ئازراق قار چۈشكەن تاشلىق تاغنىڭ يان باغرى بىلەن مېڭىشقان ئىدى. ئاياق ئاستىدىن مۇزلىغان شېغىل تاشلار چېچىلىپ تۇراتتى، ئۇششاق قار توزانى توزغۇيتتى، گىرىگورىي كوكۇلاچاچ بىلەن يانمۇ - يان مېڭىپ كېلىۋېتىپ، ئەيىپكار كىشىدەك، بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئۇياتچانلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ:

— نىمىشكىدۇر بۈگۈن قورقۇپ تۇرىمەن، گويا ھۇجۇمغا بىرىنچى قېتىم قاتناشقاندەك بولۇۋاتىمەن،— دېدى.

— شۇنداقمۇ؟... — دېدى كوكۇلاچاچ ھەيران بولۇپ.

ئۇ سۇرمەل بولۇپ كەتكەن مىلتىغىنى تاسمىسىدىن تۇتۇپ، بۇرۇتىدىكى مۇز پارچىلىرىنى شۈمۈپ كېلىۋاتاتتى.

كازاكلار ئەگرى - بۈگرى سەپ بولۇپ، ئوق چىقارماستىن تاققا يامىشىپ ئىلگىرىلەپ باراتتى. دۈشمەن ئاكوپلىرىنىڭ ئالدى چوققىلىرىدا ۋەھىمىلىك سۈكۈنات ھۆكۈم سۈرەتتى. قىيا تاغنىڭ كەينىدە، نېمىسلارنىڭ قېشىدا شامال سوققان يۈزى قىزىرىپ، بۇرنىنىڭ تېرىسى سويۇلۇپ كەتكەن بىر ساكسونلۇق لېيتېنانت پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن ئارقىسىغا داجىپ، تەبەسسۇم قىلىپ، سولداتلارغا مەغرۇرانە ۋاقىراپ سۆزلەيتتى:

— Kameradin! Wir habeh die Blaumäntel oft genung geroschen! Da Wollen wir,s auch diesen einpfeffern, wases heisstmit uns,n Hühnchen zu

rupfen! Ausharren! Schiesst nochnicht①

كازاك بۆلۈنمىلىرى ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئاياق ئاستىدىن قۇمدەك تاغ جىنسلىرى شۇقىراپ پەسكە چۈشەتتى. گىرىگورىي سارغىيىپ كەتكەن يېلىنىڭ قۇلاقچىسىنىڭ ئىككى بۇغۇچىنى ئىچىگە تىقىۋېتىپ، ئەسەبىيلەرچە كۈلۈمسىرەيتتى. ئۇزاقتىن بۇيان قىرىلمىغان ساقىلىنىڭ قارا تىكەنلىرى قاپلىغان ياداڭغۇ يۈزلىرى ۋە ئىلمەك بۇرنى ساغۇچ - كۆك تۈس ئالغان ئىدى، قىرو باسقان قاشلىرىنىڭ ئاستىدىن كۆزلىرى تاشكۆمۈر پارچىلىرىدەك خىرە پاقىراپ تۇراتتى، ئۇنىڭدا ئادەتتىكى خاتىرجەملىك يوقالغان. ئۇ، تۇيۇقسىز ئۆزىدە پەيدا بولغان قورقۇش تۇيغۇسىنى يېڭىپ، ئاپپاق قار باسقان ئاكوپ قىرلىرىغا ئەسەبىيلەرچە كۆز يۈگۈرتۈپ، كوكولاچاچقا شۇنداق دىدى:

— ئۇنچىقىشمايدىغۇ. بىزنى يېقىنراق كەلسۇن دەمدۇ نىمە؟ مەن قورقۇپ تۇرۇۋاتىمەن، ئۇيالغۇمۇ كەلمەيۋاتىدۇ... ھازىر شارتلا بۇرۇلۇپ، ئارقىمىزغا قايتساق قانداق بولار؟

— بۈگۈن سەن نىمانداق جۆيلۈپ يۈرىسەن؟ — دەپ سورىدى كوكولاچاچ دەرغەزەپ بولۇپ، — ئەزىزىم، بۇ يەردە ئەھۋال خۇددى قارتا ئويۇنىدىكىدەك: ئۆزەڭگە - ئۆزەڭ ئىشەنمىسەڭ، كاللاڭ كېتىدۇ. چىرايىڭ سارغىيىپ كېتىپتىغۇ، گىرىشكا ... ياكى سەن ئاغرىق ... ياكى ... بۈگۈن سېنى بۆردە - بۆردە قىلىپ تاشلىشىدۇ. قارىغىنا، كۆردۈڭمۇ؟

ئاكوپنىڭ ئۈستىدە كالتا شىنېل كىيگەن، بېشىدا ئۇچلۇق

① — دوستلار! كۆك كىيىملىكلەرنى ئۇرغۇن قېتىم بىتچىت قىلغان بىز. بىز بىلەن ئىش كۆرۈشنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى مۇنۇلارغىمۇ بىر كۆرسىتىپ قويايلى! سەۋرى - تاقەت قىلىڭلار! ھازىرچە ئوق چىقارماي تۇرۇڭلار! (نېمىسچە سۆزنىڭ تەرجىمىسى).

تۆمۈر قالپىغى بار بىر نېمىس بىر سېكۇنت ئورنىدىن تۇرۇپ، يە-
نە دەرھاللا يېتىۋالدى.

گىرىگورىينىڭ سول تەرىپىدە، يېلانىسكايا كەنتلىك كېلىش-
كەن ئاقسېرىق كازاك مېڭىپ كېتىۋېتىپ، ئوڭ قـولىدىن پەلەيىنى
بىر ئېلىپ، بىر كىيەتتى. ئۇ بۇ ھەركىتىنى ئۆزلۈكسىز تـەكرارلاپ،
ئالدىراپ قەدەم تاشلاپ، تىزلىرىنى تەسلىكتە پۈكۈپ، ئەتـەي قات-
تىق - قاتتىق يۆتىلىپ قوياتتى، «گويا ئۇ، كېچىدە كـېتىۋاتـقان
ئادەمدەك ... ئۆزىنى ھېچنىمىدىن قورقمىغاندەك خوشـال تۇتـۇپ،
ئەتەي يۆتىلىپ قويۇۋاتـىدۇ»، دەپ ئـويلـىدى گىرىـگورىي ئۇنى.
بۇ كازاكنىڭ ئارقىسىدىن ئۇرەدىنىك ماكسايېۋنىڭ سەپكىل باسقان
يۈزى كۆرۈندى، ئۇنىڭ نېرىسىدا، نەيزىسى بىر تەرەپـكـە قايرىپ
قويۇلغان مىلتىغىنى مەھكەم ئالدىغا تـۇتـۇپ، يېـمېليان گروشوف
قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتاتتى. بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى يېمېليان ھەر-
بى يۈرۈش ۋاقتىدا ئاشۇ مىلتىق نەيزىسى بىلەن بىر كىچىك ئام-
بارنىڭ قۇلۇپىنى بۇزۇپ، رۇمىن دېخاننىڭ بىر قاپ كۆممە قوند-
غىنى ئوغرىلىغانلىغى گىرىـگورىينىڭ ئېسىگە چۈشتى. مىـشكا كو-
شىۋوي دېيەرلىك ماكسايېۋ بىلەن ياندىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ تىن-
ماي تاماكا چېكەتتى، پات - پات بۇرنىنى قېقىپ، شىنېلىنىڭ سول
پېشىنىڭ سىرتىغا قولىنى ئېرتاتتى.

— ئۇسساپ كەتتىم، — دېدى ماكسايېۋ.

— قارىماسەن، يېمېليان، ئۆتۈكۈم پۇتۇمنى تازا قىستاۋاتى-
دۇ. ئۇنىڭ بىلەن ماڭغۇچىلىكىم قالمىدى، — دەپ زارلاندى مىش-
كا كوشىۋوي.

گروشوپ ئاچچىـقلىنىپ، ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— بۇ يەردە ئۆتۈك توغرىلىق سۆز قىلىـشنىڭ نىمە ھاجى-
تى بار! چىداشلىق بەر، نېمىسـلار ھـازىر پـىلـمـوتـتىـن ئـوق

ياغدۇردۇ.

دەسلەپكى بىر يولى ئېتىلغان ئوقلاردىن كېيىنلا گىرىگو-
رىيغا ئوق تېگىپ، ئاھ دەپ يەرگە يىقىلدى. ئۇ يارىلانغان قولىنى
تاڭماقچى بولۇپ، تېڭىق داكىسى سېلىنغان سومكىغا يەنە بىر
قولىنى ئۇزاتقان ئىدى، ئەمما جەينىگىدىن يېڭىنىڭ ئىچىگە بۇل-
دۇقلاپ ئىسسىق قان قويۇلۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ھالىدىن
كەتتى، ئۇ، ئوڭدىسىغا ياتتى ــ دە، ئېغىرلىشىپ كەتكەن
بېشىنى تاشنىڭ كەينىگە مۆكتۈرۈۋېلىپ، قۇرۇپ كەتكەن
تىلى بىلەن ماۋۇقتەك قارنى يالىدى. ئۇ تىترەپ تۇرغان لەۋلىرى بىلەن
قار توزانىنى تەشنالىق بىلەن كاپ ئېتەتتى، ئۇ، پاراسلاپ ئېتىل-
ۋاتقان ئوقلارغا، ھەممە يەرنى قاپلىغان گۈلدۈر ــ قاراسلارغا مىس-
لى كۆرۈلمىگەن قورقۇنچ بىلەن ۋە دىر ــ دىر تىترەپ تۇرۇپ
قۇلاق سالاتتى. ئۇ، بېشىنى كۆتىرىپ ئۆز بۆلۈنمىسىدىكى كازاك-
لارنىڭ يىقىلىپ ــ قوپۇپ، پەسكە سىرىلىپ، مەقسەتسىز ئارقىغا
ۋە يۇقۇرىغا ئوق ئېتىپ، تاغنىڭ ئېتىكىدە قېچىپ كېتىۋاتقانلىقى-
نى كۆردى. ھىچنەرسە بىلەن چۈشەندۈرگىلى
ۋە ئاقلىغىلى بولمايدىغان بىر قورقۇنچ ئۇنى
ئاياقتا تۇرغۇزدى ــ دە، ئۇنىمۇ پەسكە، پولك ھۇجۇم باشلىغان
قارىغايزارنىڭ ئۇچلۇق چىشىغا ئوخشاش بىر تارچوققىغا قېچىشقا
مەجبۇر قىلدى. گىرىگورىي ياردار بولغان ۋىزۋوت كوماندىرىنى
قولتۇقلاپ ئېلىپ ماڭغان يېمىلەن گروشوپىنىڭ ئالدىغان ئۆتۈپ
كەتتى. گروشوف ئوفىتسېرنى تىك قىيالىقتىن ناھايىتى تېز
پەسكە سىرىلدۇرۇپ چۈشۈۋاتاتتى؛ يۈز بېشى مەس ئادەمدەك ئالچاڭلاپ مې-
ڭىپ ئاندا ــ ساندا گروشوپىنىڭ مۈرىسىگە يۆلىنىپ قاپ ــ قارا لەختە ــ
لەختە قان تۈكۈرەتتى. بۆلۈنمىلەر قار ئويۇمىدەك يېيىلىپ، ئور-
مانغا دومىلايتتى. تاغنىڭ سۇررەڭ يانباغرىدا ئۆلگەن ئۆلۈكلەرنىڭ

سۇررەڭ جەسەتلىرى قالدى؛ ئېلىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمەي، تاشلاپ كېتىلگەن ياردارلار ئۆزلىرى ئۆمىلەپ چۇشۇشكە باشلىدى.پىلىموتـ لار ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئوق ئېتىپ قىرىپ تاشلىدى.

ئۇ ـ ئۇ ـ ئۇ ـ كا ـ كا ـ كا ـ كا!... ـ قاتىرىسىغائېتىلـ غان ئوقلار چاڭىلداپ سايراپ كېتەتتى.

گىرىگورىي، مىشكا كوشيۋوينىڭ قولىغا تايىنىپ ئورمانىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى. ئورمانىنىڭ ئاغزىدىكى كىچىككىنە قىيامەيدانـ غـا تەككەن ئوقلار قاڭقىپ كېتەتتى. نېمىسلارنىڭ سول قانـىتىدا بىر پىلىموت ئوقنى چاچما قىلىپ ئېتىپ، تاتاتلاپ تۇراتتى. گويا قولى كۈچلۈك ئادەم ئاتقان تاش دەسلەپكى قاتقان چۈرۈك مـۇز ئۈستىدە غىلدىرلىغاندەك ئاڭلاندى.

ئۇ ـ ئۇ ـ ئۇ ـ ئۇ ـ كا ـ كا ـ كا ـ كا ـ كا!...

ـــ بىزنى ئۆزمە تۆككەندەك تۆكۈۋاتىدۇ! ـــ دەپ ۋاقىرىۋەتـ تى كوكۇلاچاچ سۆيۈنگەندەك بولۇپ.

ئۇ، قارىغاينىڭ سـاغۇچ غولىغا يۆلىنىپ ئاكـوپ ئـۈستـدە يۈگۈرۈشۈپ كېتىۋاتقان نېمىسلارغا خوشياقماسلىق بىلەن ئـوق چىقىرىپ قوياتتى.

ـــ ئەخمەقلەرگە مۇشۇنداق ساۋاق بېرىش كېرەك! ساۋاق بېرىپ قويۇش كېرەك!ـــ دەپ داتلاشقا باشلىدى ھاسىراپ كەتكەن كوشيۋوي قولىنى گىرىگورىينىڭ قولتۇغىدىن تارتىپ چىقىرىپ،ـــ قانجۇقنىڭ نەق ئۆزى بۇ خەلق!بەلكىئۇنىڭدىنمۇيامان! قانسىراپ ھالسىن كەتكەندە، ئاندىن بېشىغا مىخ قاققانلىقىنى چۈشىنىدۇ!

ـــ بۇ سۆزنى نېمىگە قارىتىپ ئېيتىۋاتىسەن؟ـــدەپكۆزىنى چىمىلداتتى كوكۇلا چاچ.

ـــ ئەقىللىق ئادەم ئۆزى چۈشىنىۋالىدۇ، ئـەخمەقـە... ئەخمەققە نىمە چارە؟ ئۇنىڭغا زورلاپ ئۇقتۇرالمايسەن.

— بەرگەن قەسىمىڭ ئېسىڭدىمۇ؟ قەسەم بەرگەنمىدىڭ-
يوق؟— كوكۇلا چاچ گەپ تەگىشىپ كەتتى.

كوشۇوي، جاۋاپ بەرمەستىن، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، تىترىگەن قوللىرى بىلەن يەردىن قار كۆرەشكە باشلىدى، ئاندىن ئۇنى تىترەپ، يۆتىلىپ تۇرۇپ تەشنالىق بىلەن يۇتۇشقا كىرىشتى.

## 5

كۆز قۇياش تاتارىسكى يېزىسىنىڭ يان تەرىپى بىلەن ئەگىپ، ئاپپاق بۇلۇت غىجىملىنىپ تۇرغان ئاسماندا دۆگىلەكلىنىپ ئۈزۈپ باراتتى. ئۇ يەردە، ئىگىزلىكتە مەيىن شامال بۇلۇتلارنى ئاستا قوزغىتىپ، غەرىپ تەرەپكە لەرزان ئاققۇزۇپ كېتەتتى، ئەمما تاتارىسكى يېزىسىنىڭ ئۈستىدە، دوننىڭ توق يېشىل تۈزلەڭلىكى ئۈستىدە، يالىڭاچ ئورمانلار ئۈستىدە شامال قۇدرەتلىك ئېقىم بولۇپ سوقۇپ، قىزىل تاللار بىلەن تېرەكلەرنىڭ ئۇچلىرىنى پەسكە ئېگەتتى، دوننىڭ سۈيىنى شالاقلىتاتتى، كوچىلاردا سېرىق ياپراقلارنى توپ - توپى بىلەن ھەيدەيتتى. خىروستونەنىڭ خامىنىدا بوغداي مەڭگىنى ياخشى بېسىلمىغانلىقتىن، چۇۋۇلۇپ پاخماقلىشىپ كەتتى: شامال مەڭگەن دۆۋىسىنىڭ چوققىسىنى شىرتىلداپ كولاۋېرىپ، بۇزۇۋەتتى. ئۈستىدىكى بىر تال ئىنچىكە بادرىنى پەسكە ئۇچۇرۇپ چۈشۈردى ۋە توساتتىن بىر قۇچاق ئالتۇن مەڭگەننى ئارا بىلەن كۆتەرگەندەك بىر يولى ئۇچۇرۇپ ھويلىنىڭ چەللىسى ئۈستىگە ئېلىپ بېرىپ تاشلىدى، ئاندىن كوچىنىڭ ئۈستىدە پىقىرىتىپ، بوپ-

بوش يولغا چىچىۋەتتى، بىر توپ پاخپىيىپ تۇرغان مەڭگەننى
ستېپان ئاستاخوپنىڭ ئۆگزىسىگە ئۇچۇرۇپ تاشلىدى. خرىستونە-
نىڭ ئايلى هويلىغايالاڭباشتاق يۈگۈرۈپ چىقىپ، يوپكىسىنى ئىككى
تىزى بىلەن قىسىپ تۇرۇپ، شامالنىڭ خامىاندا خوجايىنلىق قىلى-
ۋاتقانلىقىغا نەزەر سالدى ـ دە، يەنە دەھلىزىگە قايتىپ
كىردى.

ئۇرۇشنىڭ 3 يىلغا سوزۇلۇشى يېزىنىڭ ئىگىلىك ئىشلىرىغا
ئوچۇقلا تەسىر كۆرسەتتى. ئائىلىسىدە ئەر كازاك قالمىغان هويلى-
لاردا ئوچۇق قالغان ئامبار ـ سارايلارنىڭ ئىشىگى غىچىرلاپ، مال
قورالىرى كونىراپ، جۇلىغى چىققان ئىدى، ئاستا ـ ئاستا كۆرۈلگەن
بۇ ۋەيرانىلىق ئاشۇلاردا ئۆزىنىڭ خۇنۇك ئىزلىرىنى قالدۇرغان
ئىدى. خرىستونەنىڭ ئايلى ئۆزىنىڭ و ياشلىق ئوغلى بىلەن
ئىگىلىك ئىشلىرىنى بىر ئامال قىلىپ ئېلىپ باردى؛ ئانىكۇشكىنىڭ
ئايلى بولسا، ئىگىلىك ئىشلىرى بىلەن پەقەتلا كارى بولمىدى،
ئېرى ئەسكەرلىككە كەتكەن تۇل خوتۇن مەۋقەئى بويىچە ئۆزىنى
كۈتۈش بىلەنلا بولدى: يۈزىگە ئۇپا ـ ئەڭلىك سۇرتتى، قاش ـ
كىرپىكلىرىنى تۈزەپ، ئۆزىگە پەدەز قىلدى، بويىغا يەتكەن كازاك-
لار بولمىغانلىقتىن، 15 ـ 14 ياش ئۆپچۆرىسىدىكى ئۆسمۈر ـ با-
لىلارنى قوبۇل قىلىپ يۈردى، ئۆز ۋاقتىدا دەرۋازىسىغا قارامايسۈۋۈلۈپ①،
تاهازىر غىچە ئۇنىڭ پاش قىلغۇچى قوڭۇر ئىزلىرى ساقلىنىپ قال-
غانلىغى بۇنىڭدىن ئوچۇق گۇۋالىق بېرەتتى. ستېپان ئاستاخوپنىڭ
ئۆيى ئادەمسىز بوش قالغان ئىدى، ئىگىسى كېتىش ئالدىدا دەر-
زىلىرىگە تاختاي مىخلىۋەتكەن. ئۆگزىسىنىڭ بەزى يەرلىرى ئىچى-

① كازاكلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە، ئەگەر ئايال كىشى سىرتتىن
ئاشنا تۇتسا، ئۆز مەھەللىسىدىكى كىشىلەر بۇنى بىلىپ قالسا، ئىشىگە
گە يوشۇرۇن قارا سۈۋاپ قوياتتى ـــ ت.

گە ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، قالغان يەرلىرىگە يانـتـاق ـ سالپاڭ قۇلاق ئوت ئۈنگەن، ئىشىككە سىلىنغان قۇلۇپلارنى دات باسقان ئىدى،مال قوراسىنىڭ دەرۋازىسى ئوچۇق قـالـغان بولۇپ، سەيناسىدا قىلىن ئۆسكەن شىۋاق ۋە ياۋا ئوتلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتكىلى بولمايتتى، ئېزىپ ـ تېزىپ قالغانچارۋا ماللار ئىسسىقتىن ياكـى ھۆل يېغىنـ دىن پانا ئىزلەپ خـالـىـغـان ۋاقـىـتتا كىرىپ تۇراتتى. ئىۋان تومىلىنىنىڭ ئۆيىنىڭ كوچا تەرەپتىكى تېمى يىقىلىپ چۈشۈشكە ئاز قالغانلىقتىن، يەرگە قادالغان ئاچىماق دىڭگەك يۆلەپ تـۇراتتى، — ئۇ، كۆزلىگەن نىشانغـا دەل تەككۈزىدىغان ئۇستا زەمبىرەكچى بـو- لۇپ، نېمىس ۋە رۇس ئۆيلىرىنى ۋەيران قىلغانلىغى ئۈچۈن، تەقـ دىر بۇ چاققان توپچىدىن ئىنتىقام ئالغان بولسا كېرەك.

يېزىنىڭ بارلىق كوچىلىرى ۋەتار كوچىلىرىدائەھۋال ئاشۇنداق ئىدى. كوچىنىڭ تۆۋەنكى بېشىدا پەقەت پـانتېلېي پروكوفيېۋىچـ نىڭ قوراسى ئۆز ئىسمىغا لايىق خىلى تۈزۈك بولۇپ، ساق قالغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ ھەممە نەرسە جايىدا ئەمەس ئىدى. ئـامبارنىڭ ئۆگزىسىدىكى تۈنىكە خـورازلار كـونىراپ كـەتكەنلىكتىن غـۇلاپ چۈشكەن، ئامبارنىڭ ئۆزىمۇ بىر يانغا قىيشىيىپ قـالغـان، بەزىبىر ئىگىلىك ئىشلىرىنىڭ ئىزىدىن چىققانلىغىنى تـەجرىبىلىك كـۆز بايقىۋالالايتتى، چالنىڭ قوللىرى ھەممىگە تـەڭ يېتىشىپ كېتـەلـ مەيتتى، دېخانچىلىقنىڭ كۆلىمى كىچىكلەپ كەتتى، باشقـا ئىشلار توغرىلىق سۆز ئېچىشنىڭ ھاجىتى يوق؛ پەقەت مېلېخوپ ئائىلىـ سىدىكىلەرنىڭ سانى كېمەيمىدى: فۇرونتتا سەرسان بولۇپ يۈرگەن پېترو بىلـەن گىرىگورىينىڭ ئورنىغا بـۇلتـۇر كۈز ئېيىنىڭ باشـ لىرىدا ناتالىيە قوشكېزەك بالا تۇغدى. بىر ئوغۇل، بىر قىز تۇغۇپ، قېينـاتـا بىلـەن قېينـانىسىنىڭ كۆڭلىگە يېقىشنىڭ ھۆددىسىـ دىن چىقتى. ناتالىينىڭ ھامىلدارلىق ۋاقتى ئاغرىقچانلىق بىلەن

ئۆتتى، بەزى چاغدا پۈتى ئاغرىپ قاتتىق ئازاپ سالغانلىقتىن قانچە - قانچە كۈنلەر ماڭالماي قالغان ئىدى، پۈتىنى سۆرەپ، ئاران - ئاران مېڭىپ، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ يۈردى، ئەمما ئاغرىققا قاتتىق تۈرۈپ چىدىدى، — قارا قۇمچاق، ياداڭغۇ ۋە بەختلىك يۈزىدە ھېچقاچان ئازاپ چەككەنلىكىنى ئىپادىلىمىدى. بولۇپمۇ پۈتلىرى تارتىشىپ قالغان دەقىقىلەردە ئىككى چېكىسىدە مۇنچاقتەك تەر تامچىلىرى پەيدا بولاتتى؛ ئىلئىنىچنا پەقەت مۇشۇ ئەھۋالدىلا ئۇنىڭ قىينىلىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالاتتى - دە، بېشىنى چايقاپ كايىپ قوياتتى:

— ياتساڭچۇ، بەدبەخ! سەن ئۆزەڭنىڭ مادارىنى قۇرۇتماقچىمۇ؟

سىنتەبىر ئېيىنىڭ ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى ناتالىيە، تۇغۇتى يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ كوچىغا چىقتى.

— نەگە باراي دەيسەن؟ — دەپ سورىدى قىينانىسى.

— سايلىققا بېرىپ ئىنەكلەرگە قاراپ كېلەي دېۋىدىم.

ناتالىيە ئالدىراش يېزىدىن سىرتقا چىقتى، ئۇ 4 ئەتراپىغا كۆز سېلىپ، ۋاي - ۋايلاپ، ئىككى قولىدا قوسىقىنى تۇتۇۋېلىپ تاغ ئالمىسى ئۆسكەن قېلىن چاتقاللىق ئىچىگە كىرىپ ياتتى، ئۇ قورالارنىڭ ئارقىسى بىلەن ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە قاراڭغۇ چۈشكەن ئىدى. ئۇ قوشكېزەك بالىسىنى ماتا پەرتۇققا يۆگەپ ئېلىپ كەلدى.

— ۋاي قوزىچىقىم! لەنتى كېلىسىن! بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟... نەدە يۈردۈڭ؟ — دەپ ۋاقىراپ كەتتى ئىلئىنىچنا.

— مەن ئىزا تارتىپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن ئىدىم ...دادامدىن ھېيىقتىم... مەن تازىلىنىپ بولدۇم، جېنىم ئانا. بۇ ئىككىسىنى سۇغا چۆمۈلدۈردۈم ... مەڭ، ئېلىڭ...، — دەپ چۈشەندۈردى

رەڭگى ئاقىرىپ كەتكەن ناتالىيە.
دۇناشكا كىندىك كېسىدىغان دايە خوتۇننى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن يۈگۈردى. دارىيە غەلۋىرنى راستلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى، ئىلگىرىنچىنا بىر كۈلۈپ، بىر يىغلاپ توۋلىدى:
— داشكا! غەلۋىرنى تاشلا! ئۇلار مۇشۇكنىڭ ئاسلانلىرىمىدى، ئۇلارنى غەلۋىرگە سالاي دىگەنمىدىڭ؟ پەرۋەردىگارا، ئۇلار ئىككىغۇ! ۋاي خۇدايىمەي، بىرسى يىگىتچاق ئىكەن!...
پانتېلېي پىروكوفىيېۋىچ كېلىنىنىڭ قوشكېزەك تۇققانلىغىنى قوراۋا تۇرۇپ ئاڭلاپ، دەسلىۋىدە قوللىرىنى 2 تەرەپكە كەردى، كېيىن شاتلىغى ئىچىگە سىغماي، ساقىلىنى سىلاپ يىغلىۋەتتى-دە، ئالدىراش يېتىپ كەلگەن كىندىك ئانىغا بىكاردىن - بىكارۋاقىراپ كەتتى:
— ۋالاقلاۋەرمە، ئاخىرقى زامانىنىڭ جارچىسى! — ئۇ، مومايىنىڭ بۇرنىغا ئۈتكۈر تىرناقلىق بارمىغى بىلەن دوق قىلدى، — سەن تولا كاپشىما! مېلېخوپ نەسلى تېزلا تۈگىمەيدۇ! كېلىنىم بىر كازاك بىلەن بىر قىزنى سوغا قىلدى. كېلىن بولسا شۇنداق بولسا! خۇدايا، پەرۋەردىگارا! بۇ مېھرى - شەپقىتىڭنىڭ شۈكرانىسىنى، ۋىجدانەن، قانداق بەجا كەلتۈرىمەن؟
مۇشۇ يىل مېلېخوپلارغا قۇتلۇق يىل بولدى: كالىسى قوشكېزەك تۇغدى، سخايلوپ بايىرىمىغا ئاز قالغاندا ساغلىقلارمۇ جۈپ - جۈپ قوزىلىدى، ئۈشكىلەرمۇ شۇنداق ... پانتېلېي پىروكوفىيېۋىچ بۇنداق ئەھۋالغا ھەيران بولۇپ، ئۆزىچە پىكىر يۈرگۈزۈپ كەتتى:
«بۇ يىل قۇتلۇق يىل بولدى، خاسىيەتلىك يىل بولدى! ھەممىسى قوشكېزەك تۇغۇۋاتىدۇ. بىزنىڭ ئائىلىمىزنىڭ بۇ يىلقى تۈللىرى... ئوھ - ھۇ!»

ناتالىيە بوۋاقلىرىنى بىر ياشقا كىرگىچە ئەمگۈزدى. سىڭىلىمە-
بىردە ئۇلارنى ئەمچەكتىن ئايرىدى، ئەمما ئۆزى كەچ كۈزگىچە ماغ-
دۇرىغا كىرمىدى؛ ياداپ كەتكەن يۈزىدە چىشلىرى سۈتتەك ئاپپاق
پاقىراپ تۇراتتى، ياداڭغۇلۇقتىن چوڭ - چوڭ كۆرۈنگەن كۆزلىرى
ئىللىق، خىرە چاقنايتتى. پۈتۈن ھاياتىنى باللىرىغا بېغىشلىدى،
ئۆزىنى پۈتۈنلەي تاشلىۋەتتى، ئۆي ئىشلىرىدىن بوشىغان چاغلى-
رىنىڭ ھەممىسىنى باللىرىغا سەرپ قىلدى؛ يۇيۇندۇردى، زاكا -
يۆگەكلىرىنى يۇدى، ئۇلارغا پايپاق توقىدى، كىيىم - كېچەكلىرى-
نى يامىدى ۋە تولا چاغلاردا كارۋاتنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇۋېلىپ، ئىككى
پۇتىنى ساڭگىلىتىپ، قوشكېزەكلەرنى بۆشۈكتىن ئالاتتى - دە، ھۆرى-
سىنى كۆتىرىپ تۇرۇپ، كەڭ كۆيىنىگىدىن راسا سۈتكە تولغان، قو-
غۇندەك يوغان، ئاچ سېرىق كۆكسىلىرىنى چىقىرىپ، ھەر ئىككىسىنى
تەڭلا ئىمىتەتتى.

— ئۇنچىلىك قىلىپ كەتمىسەڭمۇ بۇ ئىككىسى سېنى شوراپ
تۈگىتىپ بولۇپتۇ. ھەمىشەم ئىمىتكىنىڭ ئىمىتكەن! — دەيتتى
ئىلئىنىشنا نەۋرىلىرىنىڭ سېمىز، پۈرۈلۈپ - پۈرۈلۈپ كەتكەن پۇت-
لىرىنى شاپىلاقلاپ.

— ئىمىت! سۈتۈڭنى ئايىما! ھېچكىم ساڭا سۈتۈڭدىن قاي-
ماق يىغ دىگىنى يوق، — دەيتتى پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ قىزغان-
چۇقلىق بىلەن قوپاللا گەپكە ئارىلىشىپ.

بۇ يىللاردا ھايات دونىنىڭ كەلكۈنى پەسەيگەندەك تۆۋەنلەپ
كېتىۋاتاتتى. كۆڭۈلسىز كۈنلەر بىر بىرىنى قوغلىشىپ، دائىم غەم-
غۇسسە، ئىش - ئەمگەك، مۇھتاجلىق، ئاز - ماز شات - خوراملىق، ئۇ-
رۇش سېپىگە كەلگەنلەردىن قاتتىق ئەنسىرەش ئىچىدە بىلىنمەس-
تىن ئۆتەتتى. ئۇرۇشقا قاتنىشىۋاتقان ئارمىيە سېپىدىكى پېترو بى-
لەن گىرىگورىيدىن ئاندا - ساندا لىپاپىسى پوچتا تامغىسى بىلەن

چاپاقلىشىپ كەتكەن خەتلەر كېلىپ تۇراتتى. گرىگورىينىڭ گې-
يىنكى خېتى بىرسىنىڭ قولىدىن ئۆتۈپتۇ: خەتنىڭ يېرىمى بىنەپ-
شەرەڭ سىيا بىلەن بوياپ قويۇلغان ئىدى، كۆل رەڭ قەغەزنىڭ قۇر
ئارىلىقلىرىدا سىيا بىلەن سىزىلغان چۈشىنىكسىز بەلگىلەر بار ئىدى.
پېترو خەتنى گرىگورىيغا قارىغاندا كۆپرەك يازاتتى ۋە دارىيە نامىغا
يېزىلغان خەتلەردە، شوخلۇقنى تاشلا دەپ دوق قىلاتتى ۋە ئۆتۈ-
نەتتى، — بۇنىڭدىن قارىغاندا، خوتۇنىنىڭ ئۆزى خالىغانچە كۈن
ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا يەتكەن بو-
لۇشى كېرەك. گرىگورىي خەت بىلەن بىللە ئۆيگە ئايلىقىدىن ۋە
«كرېست مۇكاپاتلىرى» دىن پۇل ئەۋەتىپ تۇردى، دەم ئېلىشقا
بارىمەن، دەپ ۋەدە قىلدى، ئەمما نىمىشكىدۇ كەلمىدى، بۇ
2 ئاكا - ئۇكا باشقا - باشقا يولدا ماڭغان ئىدى: ئۇرۇش گرىگورىي-
نىڭ قەددىنى پۈكتى، يۈزىدىكى قىزىللىقنى سۇلدۇردى، چىرايىنى
زەپەردەك سارغايتىۋەتتى، ئۇ، سوقۇشنىڭ تۈگىشىنى تۆت كۆزى بىلەن
كۈتۈپ، تاقىتى قالمىدى. پېترو بولسا تېز، سىپ - سىلىقلا يۇقۇرى
ئۆرلىدى، 1916 - يىلىنىڭ كۈز كۈنىدە ۋاخمىستىر ئۇنۋانىنى ئالدى،
بۆلۈنمە كوماندىرىغا خوشامەتكويلۇق قىلىپ يۈرۈپ، 2 كرېست ئور-
دېنىغا ئىگە بولدى ۋە ئەندىلىكتە ئۆزىنى ئوفىتسېرلىك مەكتىۋىدە
بىر ئاز تەلىم ئېلىشقا ئەۋەتىپ بېرىش ئۈچۈن يول ئىزلەۋاتقانلى-
غىنى خەتلىرىدە ئانچە - مۇنچە بايان قىلىشقا باشلىدى. يازدا دەم
ئېلىشقا كەلگەن ئانىكۇشكىدىن ئۆيگە بىر دانە نېمىس تۆمۈر قال-
پىغىنى، بىر شىنېلىنى ۋە بىر پارچە سۈرىتىنى ئەۋەتتى. كىچىككىنە
سۈر يالتىراق قەغەزدىن ئۇنىڭ سەل قىيىپ قالغان يۈزى مەغرۇر-
لۇق بىلەن قاراپ تۇراتتى، تولغىنىپ تۇرغان ئاق - سېرىق بۇرۇ-
تىنىڭ ئىككى ئۇچى يۇقۇرىغا دىڭگايغان ئىدى؛ پۈچۈق بۇرنىنىڭ ئاس-

تندىكى تارشىدەك لەۋلىرى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان تەبەسسۇم بىلەن ھەجىبىپ نۇراتتى، ھاياتنىڭ ئۆزى پېتروغا كۈلۈپ باقتى، ئۇرۇش بولسا ئۇنى خوشال قىلىۋەتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىغا ئاجايىپ ئىستىقبال ئېچىپ بەرگەن ئىدى: كىچىكلىكىدىن ئۆكۈزنىڭ قۇيرۇغىنى تولغاپ چوڭ بولغان بۇ ئاددى كازاك ئۆزىنىڭ ئوفىتسېر بولۇشىنى ۋە باشقا لەززەتلىك ھاياتنى ئويلاپ باققانمىدى؟ مانا ئۇرۇش پارتلىدى ـ دە، ئۇرۇشنىڭ قىپ ـ قىزىل يالقۇنىنىڭ شولىسىدا كەلگۈسىدىكى ئازادە تۇرمۇش ياققال كۆرۈنۈشكە باشلىدى ... پېترونىڭ تۇرمۇشىنىڭ پەقەت بىر چېتىدىلا خۇنۇك داغ بار ئىدى: يېزىدا ئۇنىڭ خوتۇنى توغرىلىق يامان گەپلەر تارالغان ئىدى. ستېپان ئاستاخوپ مۇشۇ يىل كۈزدە دەم ئېلىشقا بارغان بولۇپ، پولكقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پۈتۈن كازاكلارنىڭ ئالدىدا مەن پېترونىڭ خوتۇنى بىلەن راسا ئويناپ يۈردۈم دەپ ماختاندى. پېترو يولداشلىرىنىڭ بۇ توغرىدىكى گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا ئىشەنمىدى؛ چىرايى تاتىرىپ كۈلۈمسىرەپ:

— ستېپكا يالغان سۆزلەيدۇ! ئۇ گىرىشكا ئۈچۈن ماڭا قارا سۈركىمەكچى، — دېدى.

ئەمما بىر كۈنى تاسادىپى يۈز بەردىمۇ ياكى قەستەن قىلدىمۇ، بۇ نىسى نامەلۇم، ستېپان ئاكوپتىن چىقىۋېتىپ كەشتە تىكىلگەن قولياغلىقنى چۈشۈرۈپ قويدى؛ پېترو ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان ئىدى، چۈرىسىگە ئۇستىلىق بىلەن توركەشتە تۇتۇلغان قولياغلىقنى قولىغا ئېلىپ، ئۆز خوتۇنىنىڭ قول ئىشى ئىكەنلىكىنى تونۇدى. پېترو بىلەن ستېپان ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچ ـ ئاداۋەت يېڭىۋاشتىن قالماقچە تۇگۈنگە ئايلاندى، پېترو پۇرسەتنى پايلاپ يۈرەتتى، ئەجەل ستېپاننى پايلاپ يۈرەتتى — ئۇ باش سۆڭىكىگە

پېترو سالغان نىشان ـ بەلگە بىلەن غەربىي دىۋىنانىڭ قىرغىغىدا ياتقانمۇ بولاتتى. ئەمما ئاڭغىچە مۇنداق ئەھۋال بولۇپ قالدى: ستېپان ئۆز خاھىشى بىلەن نېمىس قاراۋۇلخانىسىنى يوقىتىشقا كىتىپ قايتىپ كەلمىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارغان كازاكلارنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئۇلار قاراۋۇلخانىنىڭ ئەتراپىدىكى تىكەنلىك سىملارنى كېسىۋاتقاندا نېمىس قاراۋۇلى ئاڭلاپ قېلىپ قول بومـبىسى تاشلاپتۇ؛ كازاكلار سىم توساقنى بۇزۇپ ئۆتۈشكە ئۈلگۈرۈپتۇ، شۇ ئەسنادا ستېپان نېمىس قاراۋۇلىنى مۇشتى بىلەن بىرنى ئۇـرۇپ يىقىتىپتۇ، ئەمما قاراۋۇلنىڭ شېرىگى ئوق چىقىرىش بىلەنلا ستېپاننىڭ ئۆزىمۇ يىقىلىپتۇ، كازاكلار نېمىس قاراۋۇلىنىڭ يارـدەمچىسىنى نەيزە بىلەن سانچىپ ئۆلتۈرۈپتۇ، ھېلىقى ستېپاننىڭ بازغاندەك قاتتىق مۇشتى بىلەن ھۇشسىزلانغان نېمىسنى سۆرەپ مېڭىپتۇ، ستېپاننىمۇ ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، ئېلىپ كەتمەكچى بولغان ئىكەن، ئەمما كازاك بەك ئېغىر چىقىپ قالغانلىقتىن، تاشلاپ كېتىشكە توغرا كېلىپتۇ، شۇندا يارىلانغان ستېپان يالۋۇرۇپ: «بۇرادەرلەر! مېنى ئەجەلگە تۇتۇپ بەرمەڭلار! بۇرادەرلەر! نىمە قىلغىنىڭلار بۇ مېنى تاشلاپ قويۇپ؟...» دەپتۇ. ئەمما دەل شۇ چاغدا سىم توساق بويلاپ پىلىموت ئوقلىرى ۋىژىلـداپ سايراشقا باشلاپتۇ ـ دە، كازاكلار يېتىۋېلىپ ئۆمىلەشكە كىـرىشىپتۇ. «ھەي بىر يۇرتلۇق بۇرادەرلەر!» — ۋاقىراپتۇ ستېپان ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن. لېكىن ئۇنىڭ ۋاقىرىشىغا قۇلاق سالىدىغان كىشى نەدە تۇرۇپتۇ، ھەر كىمنىڭ بەدىنىگە ئۆز كۆينىكى يېقىن، يات ئادەمنىڭ كۆينىكى يېپىشامدۇ. پېترو، ستېپان توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قىچىشقاق يارىسىنى سۇغۇرنىڭ يېغى بىلەن مايلىغاندەك يېنىكلىشىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا: «دەم

ئېلىشقا بارغاندا داشكىنىڭ قېنىنى تۆكمەن! مەن ستېپان ئەمەس ئۈنداق ئاسانلا قويۇۋەتمەيمەن...» دىگەننى قوسىغىغا پۈكۈپ قويدى، ئۈنى ئۆلتۈرۈۋېتەيمىكىن دەپمۇ ئويلىغان ئىدى، بىراق بۇ پىكىردىن دەرھاللا قايتتى: «ئۈنداق زەھەرلىك يىلاننى ئۆلتۈرۈپ باققىنا، ئۈنىڭ كاساپىتىدىن پۈتۈن ھاياتىڭ ۋەيران بولىدۇ. تۈرمىدە چىرىپ كېتىسەن، بارلىق ئەمگىكىڭ بەربات بولىدۇ، ھەممىدىن مەھرۇم بولىسەن...» شۇڭا ئۈنى ئۆلتۈرمەستىن، ئۇرۇپ، ئەدىۋىنى بېرىش قارارىغا كەلدى، لېكىن ئۇرغاندىمۇ خوتۇنى ئۆمۈربويى قۇيرۇغىنى كۆتىرىۋېلىشقا ھەپسىلە پەيدا قىلمايدىغان دەرىجىدە ئۇرۇش لازىم: «بىر كۆزىنى ئويۇپ تاشلايمەن ئاشۇ يىلاننىڭ، شۇ چاغدىلا ئۈنىڭغا شەيتان رەشىك قىلسۇن». پېترو غەربىي دىۋىنانىڭ تىك يارلىق قىرغىقى قېشىغا جايلاشقان ئاكوپنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ ئاشۇلارنى ئويلىدى.

كۈز پەسلى دەل ـ دەرەخ، ئوت ـ چۆپلەرنى شۈمشەيتىپ قويدى، ئەتىگەنكى قىرو ئۈلارنى قىينايتتى، يەر توڭلىدى، كۈز كېچىلىرى ئۇزىراپ، قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى... ئاكوپلاردا كازاكلار ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىپ تۇردى، دۈشمەنگە ئوق ئاتاتتى، ئىسسىق كىيىم ـ كېچەك توغرىلىق ۋاخمىستىرلار بىلەن جېدەللىشىپ قوياتتى؛ تويغۇدەك تاماقيىيەلمەيتتى، شۇنداق بولسىمۇ، مېھرىسىز پولەك زىمىنىدىن يىراقتا تۇرغان دون تۇپرىغى ھېچكىمنىڭ خىيالىدىن چىقمايتتى.

مۇشۇ كۈزدە دارىيە مېلېخوۋائۆزىنىڭ ئەرسىز ئۆتكەن پۈتۈن تۇل ھاياتىنىڭ ھەسسىسىنى تولدۇرۇپ يۈردى. مەريەم ئانا ھېيتىنىڭ بىرىنچى كۈنى پانتېلېي پىروكوفيېۋىچ ھەر قاچاندىكىدەك ھەممىدىن بالدۇر ئويغانغان ئىدى؛ ھويلىغا چىقىپلا بېشىنى چاڭگاللاپ

تۇرۇپ قالدى: بىرسىنىڭ شۇم قولى دەرۋازىنى ئۇلگۇرجىگىدىن چىقىرىپ، كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ بېرىپ تاشلىۋېتىپتۇ، دەرۋازا يولىدا توغرىسىغا ياتاتتى. بۇ بىر شەرمەندىچىلىك ئىدى. چال دەرۋازىنى دەرھال جايىغا ئورناتتى ـ دە، ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن دارىيىنى يازلىق ئاشخانىغا چاقىردى. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىلەن نىمە دېيىشكەنلىگى نامەلۇم ئىدى، ئەمما بىر نەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن دۇناشكا، دارىيىنىڭ ئاشخانىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ قالدى، دارىيىنىڭ رومىلى يەلكىسىگە چۈشۈپ قالغان بولۇپ، چاچلىرى چۇۋۇق، كۆزلىرى ياش ئىدى. ئۇ دۇناشكىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئىككى مۈرىسىنى قىستى، كۆز يېشى بىلەن نەملەنگەن غەزەپلىك يۈزلىرى ئۈستىدە قاپ ـ قارا كامان قاشلىرى تىترەپ كەتتى.

— توختاپ تۇر، لەنتى!... مەن تېخى سېنىڭ يادىڭغا چۈشۈرۈپ قويىمەن! — دىدى دارىيە ئىششىپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى سوزۇپ سۆزلەپ.

دارىيىنىڭ ئۈستىدىكى كوپتىسى يىرتىق بولۇپ، ئاپپاق بەدىنىدە يېڭىلا كۆكىرىپ چىققان قىزغۇچ يارا ئىزلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دارىيە ئىتەكلىرىنى پۇلاڭلىتىپ، ئۆيىنىڭ پەلەمپىيىدىن يۈگۈرىغا چىقتى ـ دە، دەھلىزنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى، ئەپتى ـ بەشىرىسى ئالـۋاستىدەكلا غەزەپكە تولغان پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئاشخانىدىن دىڭگاكلاپ چىقىپ كەلدى. ئۇ مېڭىپ كېلىۋېتىپ يېڭى تاسما چۇلۇۋۇرنى 4 قاتلىدى.

دۇناشكا ئاتىسىنىڭ خىرىلدىغان ئاۋاز بىلەن:

— ... سەن قانجۇقنى بۇنىڭدىنمۇ قاتتىقراق ئۇرۇپ چەيلىۋېتىش كېرەك ئىدى!... ھۇ كوچا خوتۇنى! ... — دىگىنىنى

ئاكلاپ قالدى.

ئۆي ئىچىدە تەرتىپ ئورنىتىلدى. بىر نەچچە كۈن دارىيە موللا مۇشۇك بولۇپ يۈردى، كەچقۇرۇنلىرى ھەممىدىن بۇرۇن يېتىپ ئۇخلىدى، ناتالىيىنىڭ ھىسداشلىق بىلەن قارىشىغا: «ھېچگەپ يوق، قاراپ باقمىز تېخى» دىگەندەك قىلىپ، مۈرىسى بىلەن قاشلىرىنى لىكىلدىتىپ، سوغاققىنا كۈلۈپ قويىدى، 4 - كۈنىگە كەلگەندە پەقەت دارىيە بىلەن پانتېلېي پروكوفىيېۋىچلا بىلىدىغان بىرۋەقەيۈز بەردى. شۇ ۋەقەدىن كېيىن دارىيەتەنتەنەبىلەن كۈلۈپ يۈردى، چال بولسا ساق بىرھەپتە ئىزا تارتىپ، بىر يامان ئىش قىلىپ قويغان ئوغرى مۈشۈكتەك ھودۇقۇپ يۈردى؛ ئۇ، بۇ ئىشنى مومايغا دىمىدى، ھەتتا تۆۋە - ئىستىغپار ۋاقتىدا پوپ ۋىسسارىئون ھەزرەتتىن بۇ ئىشنى ۋە ئۇنىدىن كېيىنكى ئۆزىنىڭ گۇنالىق پىكىرلىرىنى يوشۇردى.

ئىش مۇنداق ئىدى: مەرىيەم ئانا ھېيتىدىن كېيىن كۆپئۆتمەي، دارىيىنىڭ ئۆزۈل - كېسىل تۈزەلگەنلىكىگە ئىشەنگەن پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ، ئىلىنىشناغا مۇنداق دىدى:

— سەن دارىيىگە رەھىمدىللىك قىلما! ئۇنى كۆپرەك ئىشقا سال. ئىش بىلەن بولۇپ كەتسە، يامان يولدا يۈرۈشكە ۋاقىت چىقىرالمايدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا — ئۇ سېمىز بايتال... ئۇنىڭ پىكىر - خىيالى پەقەت ئويۇن - تاماشا بىلەن كوچىدا.

شۇ مەقسەت بىلەن چال دارىيىنى خامان تازىلاتقۇزدى، ئارقا ھويلىدىكى كونا ئوتئۇنلارنى قايتىدىن تىزدۇردى، ئۆزىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە شالىنىڭ توپىنى تۆكۈدىغان خامپىنى تازىلىدى. قاش قارايغان چاغدا ئۇ شامالدۇرغۇچ ماشىنىنى خامپىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىشنى ئويلىدى - دە، كېلىنىنى قىچقاردى:

ـــ دارىيە!

ـــ خوش، دادا؟ ـــ دەپ خامىتىنىڭ ئىچىدىن جاۋاپ بەر-
دى دارىيە.

ـــ يۆر، شامالدۇرغۇچنى ئېلىپ كېلىمىز.

دارىيە رومىلىنى تۈزەشتۈرۈپ، كوپتىسىنىڭ ياقىسىدىن بوي-
نىغا چۈشكەن توپان قاسىرىغىنى قېقىپ چۈشۈرۈپ، خامىتىنىڭ ئى-
شىگىدىن چىقتى ـ دە، خامانىنىڭ دەرۋازىسىدىن ئۆتۈپ، لاپاسىنىڭ
قېشىغا كەلدى. ئەسكىرەپ كەتكەن پاختىلىق كەمزۇل بىلەن يىر-
تىق شالۋۇر كىيگەن پانتېلېي پروكوفيېۋىچ، دارىيىنىڭ ئالدىدا
دىككاڭلاپ كېلىۋاتاتتى. هويلىنىڭ ئىچى بوپ ـ بوش. دۇناشكا
ئانىسى بىلەن كۆزەم يۇڭنى ئىگىرىۋاتاتتى، ناتالىيە خېمىر يۇغۇرۇ-
ۋاتاتتى. يېزىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە كەچكى شەپەق ئاستا ـ ئاستا
ئۆچمەكتە، چېركاۋدىن شام ئىبادىتىگە قوڭغۇراق چېلىندى. تىنىق
ئاسمانىنىڭ قەھرىدە قىزغۇچ بۇلۇت مىدىرلىماستىن لەيلەپ تۇراتتى.
دوننىڭ نېرىقى قىرغىقىدىكى ئاپپاق تېرەكلەرنىڭ يالىڭاچ شاخلى-
رىدا قاغا ـ قۇزغۇنلار قاپ ـ قارا پاقىرىشىپ ئولتۇرۇشقان. ئاخ-
شامنىڭ چۈرۈك، ئىنجىق سۆكۈناتىدا هەر بىر تاۋۇش ئېنىق، دەل
ئاڭلىناتتى. مال قوراسىدىن يېڭى تېزەكلەر بىلەن ئوت ـ چۆپلەر-
نىڭ قاڭسىق پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئىن-
جىقلاپ مېڭىپ، سىرى ئۆڭۈپ كەتكەن شامالدۇرغۇچنى دارىيە بى-
لەن بىللە خامىتىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىردى ـ دە، بىر بۇلۇڭغا تۇر-
غۇزۇپ قويدى، ئاندىن پەسكە سىيرىلىپ چۈشكەن توپان دۆۋىسىنى
ئارا بىلەن ئىتتىرىپ قويۇپ، تاشقىرىغا چىقماقچى بولۇۋىدى، شۇ
ئارىدا:

ـــ ئاتا! ـــ دەپ چاقىردى پەس، پىچىرلىغان ئاۋاز

بىلەن دارىيە.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ شامالـدۇرغۇچنىڭ ئارقىسىغا ئـاستا چـامـداپ مـاڭـدى؛ كـۆڭـلىگـە ھېچقانـداق شـەك - گـۇمـان كەلتۈرمەستىن:

— بۇ يەردە نىمە بار؟ — دەپ سورىدى.

دارىيە كوپتىسىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋەتكەن بولـۇپ، قېيىناتىـسىغا يـۈزمۇ - يـۈز قـاراپ تـۇراتـتى؛ ئـۇ قـولىنى بېشىنىڭ ئـارقىسىغا قىلىپ، چاچلىرىنى تۈزەتـتى. خامـپىنىـڭ تېـمىنىڭ يوچۇغىدىن ئۇنىڭغا كەچكى شەپەقنىڭ قىزغـۇچ شولىسـى چۈشۈپ تۇراتتى.

— مانا مەيەردە، ئاتا، بىر نىمە... يېقىنـراق كېلىپ قاراپ باققىنا، — دىدى دارىيە، ئاندىن يېنىچە قايرىلىپ، قېيىناتىسىنىڭ مۈرىسىنىڭ ئۈستىدىن داغـدام ئوچۇق تۇرغان ئىشىككە ئوغرىدەك قاراپ قويىدى.

چال ئۇنىڭ قېشىغا يېقىنلاپ كەلدى. دارىيە تۇيۇقسىزقولىـنى كۆتىرىپ، قېيىناتىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلىۋالدى - دە، بارماقلىـنى بىر بىرىگە گىرەلـەشتۈرۈپ، ئـارقىغا پـۇتىنى تىرەپ تـۇرۇپ، بوۋاينى ئۆزىگە تارتىپ، پىچىرلىدى:

— مانا مەيەر، ئاتا... مەيەر... يۇمشاق...

— نىمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سورىـدى پانتېلېي پرو- كوفيېۋىچ ئەنسىرەپ.

چال بېشىنى تولغاپ، بوينىنـى دارىـيىنىـڭ قولـىدىـن بـوشىـتىـشقا تـىرىشىپ كـۆردى، لېكىن دارىيە ئۇنىڭ بېشىنى ئۆزىنىڭ يۈزىگە مەھـكەم يـېقىۋالدى، چالـنىڭ ساقىلىغا ئىسسىق نەپىسىنى تارتىپ، كۈلۈپ، بىر نىملەرنى پىچىرلىدى.

— قويۇۋەت، هايۋان! — چال بار كۈچى بىلەن بىر يۇلقۇ-
نىۋىدى، كېلىنىنىڭ مىق - مىق قوسىقىغا زىچچىدا چاپلىشىپ
قالغانلىقىنى ھىس قىلدى.

دارىيە، پانتېلېي پروكوفىيېۋىچقا مەھكەم يېپىشىۋېلىپ، ئۇچ-
دىسىغا يېقىلدى، چالنى ئۆزىنىڭ ئۈستىگە يىقىتتى.

— ئالۋاستى! ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ!... قويۇۋەت!

— خالىمامسەن؟ — دەپ سورىدى دارىيە ھاسىراپ، ئاندىن
قوللىرىنى كېرىپ، قېيناتىسىنىڭ مەيدىسىگە ئىتتەردى، — خالىما-
سەن؟.. ياكى قولۇڭدىن كەلمەمدۇ.. ئەمدى مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن
جۇمۇ!.. ئىش مانا شۇنداق بولىدۇ!

دارىيە چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالدىراپ يوپكىسىنى تۈ-
زەشتۈردى، توپانىڭ قاسىرىقلىرىنى ئۇچىسىدىن قېقىپ چۇشۇرگەن-
دىن كېيىن ھاڭ - تاڭ بولۇپ قېتىپ قالغان پانتېلېي پروكوفىيې-
ۋىچقا قاتتىق قادىلىپ:

— سەن قايسى كۈنى مېنى نېمىشقە ئۇردۇڭ؟ ياكى مەن
قېرى خوتۇنمىدىم؟ ياش ۋاقتىڭدا سەنمۇ شۇنداق بولغان ئەمەسمۇ؟
ئېرىم بىر يىلدىن بۇيان يوقـقۇ! خوش، مەن تايىغان ئىت بىلەن
يۈرسەم بولامتى؟ مەن تېخى كۆرسىتىپ قويىمەن، توكۇر! مە، مانا،
چىشلىۋال! — دەپ ۋاقىرىدى.

دارىيە ئەدەپسىز قىلىقلارنى قىلىپ، قاشلىرىنى ئوينات-
تى - دە، ئىشىككە قاراپ ماڭدى. ئىشىككە يېقىن كەلگەندە ئۆزىگە يەنە
بىر قېتىم ئوبدان قاراپ چىقىپ، كوپتىسى بىلەن رومىلىدىن تو-
پا - چاڭنى قاقتى، ئاندىن قېيناتىسىغا قارىماي تۇرۇپ:

— ماڭا بۇ بولمىسا مۇمكىن ئەمەس ... ماڭا كازاك كېرەك،
سەن خالىمساڭ — مەن ئۆزەم تېپىۋالىمەن، ئەمما سەن ئۇنۇڭنى

چىقارماي يۇر! — دىدى.

ئۇ، لىك - لىك تىز يۇرۇپ خامانىنىڭ دەرۋازىسىغا يىتىپ
باردى - دە، ئارقىسىغا قارىماستىن چىقىپ كەتتى، پاستىپلىبي
پروكوفيىۋىچ بولسا شامالدۇرغۇچنىڭ ساغۇچ بىقىنىنىڭ قىشىدا
ساقلىنى چايناپ تۇرۇپ قالدى ۋە ھىچنىمىگە ئەقلى يەتمەي،
ئەيىپلىك ئادەمدەك خامىننىڭ ئىچىگە بىر قۇر كۆز يۇگۇرتۇپ،
پۇتىدىكى ياماق چورۇقنىڭ تۇمشۇغىغا كۆز تىكتى. «راستىنلا ھە-
قىقەت ئاشۇنىڭ تەرىپىدىمىدۇر؟ بەلكىم، ئۇنىڭ بىلەن گۇنا ئىش
ئۆتكۈزۈشۈم لازىم ئىدىمىكىن؟» دەپ پەرىشانلىق بىلەن ئويلى-
نىپ، بايىقى ئىشتىن بىشى گاراڭ بولۇپ قالدى.

## 6

نويابىر ئېيىدا سوغاق نەشتىرىنى سانچىشقا باشلىدى. بال-
دۇرلا قار چۈشتى. تاتارسىك يىزىسىنىڭ يۇقۇرقى بىشىدىكى ئاي-
لانمىدا دوننىڭ سۈيى مۇزلىدى. كۆپ - كۆك چورۇك مۇزنىڭ ئۈس-
تى بىلەن ئاندا - ساندا پىيادىلەر دەريانىڭ نىرىقى تەرىپىگە
ئۆتۈپ تۇراتتى، يىزىنىڭ تۆۋەنكى بىشىدا بولسا دەريانىڭ پەقەت
چەت - چۆرىسىنىلا كۆپۈكتەك نىپىز مۇز قاپلىدى، دەريانىڭ ئوت-
تۇرىسىدا شىددەتلىك ئىقىم ئۆرلەپ، يىشىل دولقۇننىڭ ئاپپاق
يايلى بىلەن ئارىلىشىپ، تەۋرىنىپ ئاقاتتى. قارا يارنىڭ ئۇدۇلى-
دىكى ئويماندا، شاخ - شۇمبىلارنىڭ ئارىسىدا، 11 سارجىن چوڭقۇر-
لۇقتا لاقا بىلىقلار ئاللىقاچاندىن بۇيان قىشلاپ قالغان ئىدى،
ئۇلارنىڭ باش تەرىپىدە لەش يىپىنىۋالغان سازان بىلىقلار ئورۇن-

لاشقان، پەقەت ئاق بېلىقلارلا دوندا پىلتىڭلاپ يۈرەتتى، يەنە لاققا بېلىقلار ئۇششاق كارىپ بېلىقنى قوغلاپ، توسمىلاردا چېپىشىپ يۈرەتتى. ستېرلەت بېلىقى قۇمسازلىقنىڭ ئۈستىدە ياتاتتى. بېلىقچىلار دەسلەپكى قاتقان مۇزنىڭ ئۈستىدە كەتمەن - كۈرەكلەرنى ئىشقا سېلىپ قىزىل بېلىقلارنى كۆرەش ئۈچۈن كۈچلۈكرەك، قاتتىقراق سوغاقنىڭ بولۇشىنى كۈتەتتى.

نويابىردا مېلېخوپلار گىرىگورىيدىن خەت ئالدى. خەتنى رۇمىنىيىنىڭ كۆۋىنىسكى دېگەن يېرىدىن يازغان ئىكەن. خەتتە ئۇرۇشنىڭ دەسلىۋىدىلا يارىدار بولغانلىقى، ئوق سول قولىنىڭ سۆڭگىنى چېقىۋەتكەنلىكتىن، ئۇنى داۋالاش ئۈچۈن ئۆز ئىسكروگى جايلاشقان كامېنىسكايا كەنتىگە ئەۋەتمەكچى بولغانلىقى ئېيتىلغان ئىدى. بۇ خەتنىڭ ئارقىسىدىنلا مېلېخوپلار ئائىلىسىگە يەنە بىر بالا - قازا يۈزلەندى: بۇنىڭدىن بىر يېرىم يىل بۇرۇن پانتېلېي پروكوفيېۋىچنىڭ پۇلغا ئېھتىياجى چۈشكەنلىكتىن سېرگەي پلاتونوۋىچ موخوپتىن سودا - سېتىق تىلخېتى بويىچە 100 سوم كۈمۈش تەڭگە قەرز ئالغان ئىدى. مۇشۇ يىل يازدا چال ماگىزىنغا چاقىرتىلدى - دە، بۇرنىغا ئالتۇن كۆزەينەك قىسقان ئاتېپىن - تىساتىسا كۆزەينىگىنىڭ ئۈستىدىن مېلېخوپنىڭ ساقىلىغا قاراپ تۇرۇپ:

— خوش، پانتېلېي پروكوفيېۋىچ، سەن پۇلنى تۆلەمسەن، قانداق؟ — دەپ سورىدى.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بوش قالغان جاۋەنلەرگە ۋە ئۈپراپ سىلىقلىشىپ كەتكەن پەشتاختىغا كۆز يۈگۈرتۈپ ئىنجىقلاپ قالدى.

— تەخىر قىلىپ تۇر، يېمېليان كونستانىچ، بۇنىڭ ئامالىنى قىلاي — بۇ پۇلنى تۆلەيمەن.

گەپ شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى. ئەمما چال ئامالىنى قىلالمىـ
دى — ھوسۇلنىڭ تايىنى يوق ئىدى، سېتىشقا بولىدىغان ئوشۇقـ
چە چارۋا مالمۇ يوق. ئەمدى قاراڭ بۇ تاماشىنى، ئۆگزىدىن تاراشا
چۈشكەندەك — سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىجراچىسى كېلىپ قالدى ـ
دە، قەرزدارغا كىشى ئەۋەتىپ، 2 تەرەپنى قاتتىق قىستىدى:
— چىقار، 100 سولكىۋاينى غاچچىدا قوي.
مېھمانخانىنىڭ ئىچىدىكى سوت ئىجراچىسىغا تەيىنلەنگەن
ئۆيدە، شىرەنىڭ ئۈستىدە بىر پارچە ئۇزۇن قەغەز تۇرۇپتۇ، ئىمە
يېزىلغانلىقىنى ئوقى — ئىجراچى بىلەن تاكاللاشما:

## ئىجرا قەغىزى

ئىمپېراتور ئالى ھەزرەتلىرىنىڭ پەرمانى بويىچە، مەن
دون ئوكرۇگىنىڭ 7 ـ ئۇچاستىكا خەلق ئىشلىرى سوتچىسى
1916 ـ يىلى ئۆكتەبىرنىڭ 27 ـ كۈنى سودىگەر سېرگېي مو ـ
خوپىنىڭ سودا ـ سېتىق تىلخېتى بويىچە ئۇرەدنىك پانتېلېي ـ
مون مېلېخوپتىن 100 سوم قەرز پۇلنى تەكشۈرۈپ بىرياقلىق
قىلىش توغرىسىدىكى ئەرزىسىنى قاراپ چىقىپ، سوت مەھكىمى ـ
سىنىڭ 81 ـ 100 ـ 129 ـ 133 ـ 145 ـ ماددىلىرىغا ئاساسەن
سىرتتىن

تۆۋەندىكىچە ئاجرىم قىلدىم:
جاۋاپكار ئۇرەدنىك پانتېلېيمون پروكوفيېۋىچ
مېلېخوپتىن، ھەق تەلەپ قىلغۇچى سودىگەر سېرگېي پىلاتونى ـ
ۋىچ موخوپىنىڭ پايدىسىغا 1915 ـ يىل 21 ـ ئىيۇندىكى سودا ـ
سېتىق تىلخېتى بويىچە 100 سوم تۆلەتكۈزۈپ ئېلىنىش بىلەن بىلـ
لە سوت چىقىمى ۋە ئىش بېجىرىش چىقىمى ئۈچۈنمۇ 3سوم تۆ ـ
لەتكۈزۈپ ئېلىنسۇن.
بۇ قارار، خەلق سوت ئىشلىرى نىزامنامىسىنىڭ 156 ـ

مادداء 3 ـ پونكىتىغا ئاساسەن، قانۇنىي كۈچكە كىرگەن قارار سۈپىتىدە دەرھال ئىجرا قىلىنىشقا تېگىشلىك دون ئوكرۇگىنىڭ 7 ـ ئۇچاستىكا خەلق ئىشلىرى سوتچىسى، ئىمپېراتور ئالى ھەز-رەتلىرىنىڭ پەرمانى بويىچە مۇنداق ھۆكۈم قىلدى: بۇ ئىشقا ئالاقىدار بارلىق ئورۇنلار ۋە كىشىلەر ئۇشبۇ قارارنى ئەينەن ئىجرا قىلىشى لازىم، يەرلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى، ساقچى ئى-دارىلىرى ۋە ھەربى مەھكىمىلەر بولسا قارار ئىجراچىسىغا قانۇن بويىچە غىرىلىك ـ پىرىلىك دىمەستىن دەرھال ياردەم كۆرسىتىشكە تېگىش.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ، ئىجراچىنىڭ بۇيرۇغىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن پۈلنى بۇگۈنلا ئېپكېلىپ بېرىشكە ۋەدە بېرىپ، ئۆيگە بېرىپ كېلىش ئۇچۇن رۇخسەت سورىدى. ئۇ ساراي مېھمان-خانىدىن توپ ـ توغرا قۇدىسى كورشۇنوپنىڭ ئۆيىگە راۋان بول-دى، مەيداندا قولسىز چولاق ئالېشكا شامىل بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— ئاقساپ يۈرۈپسەنغۇ، پروكوفيېۋىچ؟—دەپ سالاملاشتى شامىل.

— ئازراق ئىش بار ئىدى.

— خۇدا يولۇڭنى نەگە سالغاندۇر؟

— قۇدامنىڭكىگە كېتىۋاتىمەن. ئازراق ئىشىم بار ئىدى.

— ھە! ئاكا، بۈگۈن ئۇلارنىڭ ئۆيىدە خوشال ـ خوراملىق، ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ مىرون گىرىگورىيچنىڭ ئوغلى فۇرونتتىن كەلدى، ئۇلارنىڭ مىتكىسى كېلىپتۇ، دېيىشىدۇ.

— راستمۇ؟

— شۇنداق بىر يالغاننى ئاڭلىدىم، —دىدى شامىل مەگزى

بىلەن كۆزىنى قىسىپ، ئاندىن يانچۇغىدىن تاماكا خالتىسىنى ئې-
لىپ پانتېلېي پروكوفېيېۋىچنىڭ قېشىغا يېقىن كەلدى، — كەل،
بىر چېكىشىۋالايلى، تاغا! قەغەز مەندىن، تاماكا سەندىن
بولسۇن.

پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ تاماكىنى شوراپ تۇرۇپ بارلىمۇ -
بارمايمۇ دەپ ئىككىلىنىپ قالدى؛ئاخىرىدا بېرىش قارارىغا كەلدى -
دە، چولاق بىلەن خوشلىشىپ، يەنە دىككاڭلاپ يولىغا راۋان
بولدى.

— مىتكىمۇ كرىست ئوردېنى ئېلىپتۇ. سېنىڭ باللىرىڭنى
قوغلاپ يېتىشكە تىرىشىۋېتىپتۇ، ھازىر بىزنىڭ يېزىدا ئۇنداق قەھ-
رىمانلارنىڭ سانى —شاخقا قونغان قۇشقاچتەك! —دەپ ۋاقىرىدى
شامىل ئۇنىڭ ئارقىسىدىن.

پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ ئالدىرىماستىن يېزىنىڭ بېشىغا چىق-
تى؛ كورشۇنوپنىڭ ئۆيىنىڭ دەرىزىلىرىگە كۆز يوگۈرتۈپ، يان
ئىشىك قېشىغا كەلدى. ئۇنى قۇدىسىنىڭ ئۆزى كۈتۈۋالدى. قېرى
كورشۇنوپنىڭ سەپكىل باسقان يۈزى خوشاللىق بىلەن يويۇلغان-
دەك، ھەم تازا، ھەم ئۇنچىلىك سەپكىل باسقان ئەمەستەك
كۆرۈندى.

— بىزنىڭ شاتلىغىمىزنى ئاڭلىغانمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى
مىرون گىرىگورىيېۋىچ، قۇدىسى بىلەن قول ئېلىپ كۆرۈشۈۋېتىپ.

— يول ئۈستىدە ئالېشكا شامىلدىن ئۇقتۇم. مەن، قۇدام،سې-
نىڭ قېشىڭغا باشقا بىر ئىش بىلەن...

— توختا، قانداق ئىش! ئۆيگە كىرەيلى — ئەسكەر بىلەن
كۆرۈشسەن. راستىنى ئېيتسام، بىز خوشالچىلىقتا ئازراق قېقىۋال-
غان ئىدۇق ...مومىيىمدا ياخشى كۈنگە ئاتاپ ساقلاپ قويۇلغان بىر

شىشە پادىشا ھارىغى بار ئىكەن.

— بۇنى ماڭا ئېيتىپ بەرمىسەڭمۇ بولىدۇ، — دەپ كۈلۈمسىردى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ قاڭشالىق بۇرنىنى تارتىپ، — بۇنى مەن يىراقتىنلا سەزگەنمەن!

مىرون گىرىگورىيېۋىچ ئىشىكنى يوغان ئېچىۋېتىپ قودىسىنى ئالدىغا ئۆتكۈزدى. قۇدىسى بوسۇغىدىن ئاتلاپ، بىردىنلا ئالدىنقى بۆلۈمدىكى شىرەنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان مىتكىغا قاراپقاتتىق تىكىلدى.

— مانا، بىزنىڭ جەڭچىمىز! — دەپ ھايقىردى گىرىشاكا بوۋا يىغلاپ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇۋاتقان مىتكىنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويدى.

— خوش، قەدىمىڭ مۇبارەك بولسۇن، كازاك!

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ، مىتكىنىڭ ئۆزۈن ئالقىنىدىن تۇتۇپ، بىر قەدەم ئارقىغا چېكىندى -دە، ھەيران بولۇپ باشتىن - ئاياق قاراپ كەتتى.

— نىمە قارايسىز، قۇدا؟ — مىتكا كۈلۈمسىرەپ يوغان ئاۋازى بىلەن خىرىلدىدى.

— قارىساملا — ھەيران قالىمەن: گىرىشكا بىلەن ئىككىڭلارنى ئەسكەرلىككە ئۇزاتقاندا — ياپ - ياش بالا ئىدىڭلار، ئەمدى مانا قارا ... توپ - توغرا ئاتامان پولكىنىڭ كازاكى!

لۇكىنىچنا ياش يۇقى كۆزى بىلەن مىتكىغا قاراپ تۇرۇپ، قەدەھكە ھاراق قۇيغان ئىدى. كۆرمەستىن، قەدەھتىن تاشۇرۇۋەتتى.

— ھەي، سەن قىرچاڭغۇ! شۇنداق ئىسىل نەرسىنى تاشۇرۇۋەتتىڭغۇ! — دەپ توۋلىدى مىرون گىرىگورىيېۋىچ.

— قېنى، خوشاللىغىڭلار ئۈچۈن، خوش، مىترى مىرونىچ،

سىنىڭ ئامان ـ ئېسەن كەلگەنلىگىڭ ئۈچۈن!
پانتېلېي پروكوفيېۋىـچ كـۆزلىرىنىڭ كـۆكـۈش ئېقىنى 2
تـەرەپـكـە پىلدىـرلىتىپ، دېمىنى ئـالماستىنلا كـىـرپىكـلىرىنى
تىترىتىپ، قـوسـاقـلىـق قـەدەھـىـنـى بىراقـلا كـۆتىرىـۋەتـتـى.
ئالقىنى بىلەن لەۋلىرىنى ۋە بۇرۇتىنى ئـاستا ئېرتىپ، قەدەھنىڭ
تېگىگە كۆز يـۈگۈرتتى، ـــ ئاندىن بېشىنى ئارقىغا قاتايتىپ تۇ-
رۇپ، ئەڭ ئاخىرقى تامچىنى قاپ ـ قارا چىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇر-
غان ئاغزىغا قـاقتى ـ دە، شۇنـدىن كېـيىنلا دېمىنى ئالدى، تەر-
خەمەكنى زاكوسكا قىلىپ، راھەتلىنىپ، ئۈزۈنغىچە كۆزلىرىنى چىمىلـ
دىتىپ كەتتى. ئايـال قۇدا يـەنە بىر قەدەھ تـۇتقان ئىدى، چال
ھايالسىزلا كىشىنىڭ كۈلگۈسى كەلگۈدەك مەس بولۇپ قالدى. مىتـ
كا كۈلۈمسىرەپ، ئۇنى كۈزىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ مۈشۈكتەك كۆز-
لىرى بىردەم قىياق بىلەن كەسكەندەك يېشىل تۇسكە كىرىپ قىسـ
لاتتى، بىردەم كېڭىيىپ قارىياتتى، مىتكا ئاشۇ يىللار ئىچىدە تو-
نۇغلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىدى. شۇتاپتىـ
كى بـەستلىك قارا بۇرۇت كازاكتا بۇنىڭدىن 3 يىل بۇرۇن ئەسـ
كەرلىككە ئۇزاتقان چاغدىكى زىلۋا، قـەددى ـ قامىتـى كېلىشكەن
مىتكىدىن دىيەرلىك ئەسەر قالمىغـان ئىدى. ئۇ خېلىلا بوي تارتـ
قان، يەلكىسى ياپىلاقلىشىپ سەل مۈكـچىيىپ قالغـان، تولۇشقان،
تارازىدا تارتقاندا، ئېھتىمال، 5 پۇتتىن كەم كەلمىسە كېرەك. يۈ-
زى قوپاللىشىپ، ئاۋازى يوغىناپ قالغان، ئۇ، ئۆز ياش ـ قۇرامىغا
قارىغاندا، چوڭراق كۆرۈنەتتى، پەقەت چىملداپ، شۈك تۇرمايدىـ
غان كۆزلىرىلا ئۆز پېتىچە ئىدى؛ ئانىسى بۇ كۆزلەرگە تولا قاراپ،
بىر كۈلۈپ، بىر يىغلايتتى، ئوغلىنىڭ قىسقا قىرقىلغان تىك چاچـ
لىرىنى ۋە ئاپپاق تار پېشانىسىنى قورۇق باسقان سۇلغۇن ئالقىنى

بىلەن ئاندا ـ ساندا سىلاپ قوياتتى.

— ئوردېنلىق قەھرىمان بولۇپ كەلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ مەسخۇش كۈلۈمسىرەپ.

— ھازىر كىرېستكە ئىگە بولمىغان قايسى كازاك بار دەيسىز؟ — دېدى مىتكا قاپىغىنى سىلىپ، — ھىلىقى كىريوچكوپ دىگەن نىمە ئىشتاپنىڭ قېشىدا ئەگىپ يۈرگەنلىگى ئۈچۈنمۇ 3 كىرېستنى قاداپ يۈرىدۇ.

— بۇ بىرنىمە، قۇدام، بىزنىڭ ئائىلىمىزدە بەكمەغرۇر، — دېدى گىرىشكا بوۋا ئالدىراش سۆزگە ئارىلىشىپ، — بۇنائەھلىماگا، بوۋىسىغا تارتقان، ئۇ دۇمبىسىنى ئېگەلمەيدۇ.

— كىرېستنى ئاشۇ مىجەز ـ خاراكتېرى ئۈچۈن تاقاپ قويمىسا كېرەك، — دەپ پانتېلېي پروكوفيېۋىچ تەرىنى تۇرۇۋىدى، ئەمما مىرون گىرىگورىيېۋىچ ئۇنى مېھمانخانىغا باشلاپ ئېلىپ كىردى ـ دە، ساندۇقنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ سورىدى:

— ناتالىيە بىلەن نەۋرىچاقلار قانداق تۇرۇۋاتىدۇ؟ سالامەتلىگى ياخشىمۇ؟ ئىلاھا، سالامەت بولسۇن! قۇدام، سەن بىر ئىش بىلەن كەلدىم دىگەندەك قىلدىڭمۇ، قانداق؟ سەندە نىمە ئىش بولۇپ قالدى؟ ئېيت، بولمىسا يەنە ئىچسەك، مەس بولۇپ قېلىپ ئېيتالماي قالىسەن.

— پۇل بېرىپ تۇرغىن، خۇدا ھەققى پۇل بەرگىن! مېنى قەرزدىن قۇتقۇز، ئۇنداق بولمىغاندا ئاشۇ ... پۇلنىڭ كاساپىتىدىن بالاغا يولۇقىمەن.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ مەسلىك بىلەن ئۆزىنى تولىمۇ پەس تۇتۇپ يىلىنىشقا باشلىۋىدى، قۇدىسى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— قانچە؟

— 100 قەغەز.

— قاندىغىنى؟ قەغەز ھەرخىل بولىدىغۇ.

— 100 سولكىۋاي①.

— شۇنداق دېگىن.

مىرون گىرىگورىيېۋىچ ساندۇقنىڭ ئىچىنى ئاختۇرۇپ، مايلىشىپ كەتكەن ياغلىقنى ئالدى ـ دە، ئۇنى يەشتى؛ تاراقلىما قەغەزنى شاراقلىتىپ ئۇن «قىزىل» قەغەزنى ساناپ بەردى.

— رەھمەت، قۇدام ... مېنى بىر بالادىن قۇتقۇزدۇڭ!

— قويغىنا، نىمە دېگىنىڭ بۇ، بىز ئۆز كىشىلەرغۇ — كېيىن ھېساپلىشىۋالىمىز!

مىتكا ئۆيدە 5 كۈن تۇردى؛ ئۇ كېچىلەرنى ئانىكۇشكىنىڭ خوتۇنىنىڭ يېنىدا ئۆتكۈزدى، چۈنكى ئاياللارنىڭ ئېغىر مۇھتاجلىقىغا ھەمدە ئاشۇ كۆڭۈل قايتۇرمايدىغان ساددا ئايالغا ئىچ ئاغرىتقان ئىدى. كۈندۈزى ئورۇق ـ تۇققانلىرىنىڭكىدە مېھمان بولۇپ يۈردى. كۆك ماشرەڭ يالاڭ توجۇركا كېيگەن بولۇپ، شەپكىسىنى چېكىسىگە قىرلاپ، ئۆزىنىڭ سوغاققا چىدايدىغانلىقى بىلەن ماختىنىپ، يېزا كوچىلىرىنى چىڭ ـ چىڭ دەسسەپ ئىغاڭلاپ يۈردى. بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئۇ مېلېخوپلارنىڭ ئۆيىگىمۇ كىرىپ چىقتى. ئوت يېقىلىپ ئوبدانلا ئىسسىتىلغان ئاشخانىغا ئۆزى بىلەن بىللە سوغاق ھاۋانى ۋە ئەسكەرلىك ھاياتىنىڭ ئۇنتۇلماس ئاچچىق پۇرىغىنى ئېلىپ كىردى. ئۇ، بىرئاز ئولتۇرۇپ، ئورۇش توغرىلىق، يېزىدىكى يېڭىلىقلار توغرىلىق پاراڭلاشقاندىن كېيىن ياپ ـ يېشىل، قومۇشتەك كۆزلىرىنى دارىيىگە قاراپ چىمىلدىتىپ، كېتىشكە ھازىرلاندى. مىتكا ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ ئىشىكنى تاق قىلىپ ياپقاندا، ئەسكەر يىگىتنىڭ كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرغان

① سولكىۋاي (تسېلكوۋىي) — بىر سوم.

دارىيە شامنىڭ يالقۇنىدەك تەۋرىنىپ كەتتى؛ لەۋلىرىنى مەھكەم چىشلەپ، بېشىغا رومىلىنى چەگمەكچى بولىۋۋىدى، ئىلىشىنچىلا سوراپ قالدى:

— نەگە بارىسەن، داشكا؟

— تەرەتكە بارغاچ... بىرئاز شامالداپ كىرەي.

— ئىككىيلەن بىللە چىقايلى.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ گەپ - سۆزلەرگە قۇلاق سالمىغان كىشى بولۇۋېلىپ، يەرگە قارىغان پېتى بېشىنى كۆتەرمەستىن ئولتۇراتتى. دارىيە تۆۋەن سىلىنغان قاپىغىنىڭ ئاستىغا تولكىلەرچە پاقىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى يوشۇرۇپ قېيناتىسىنىڭ يېنى بىلەن ئىشىككە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قېيناتىسى ئىنجىقلاپ، غىر - غىر مېڭىپ ئۆتتى. مىتكا يات - يات يۆتىلىپ، يان ئىشىكنىڭ تۆۋىدە ئۆتۈكىنى غىچىرلىتىپ، بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن تاماكىسىنى شورايتتى. ئىشىكنىڭ ئىلگىكى جىرىڭلاش بىلەنلا دەرھال پەلەمپەي تەرەپكە قەدەم قويدى.

— بۇ سەنمىدىڭ، مىترى؟ يات، قورادا ئېزىقىپ قالدىڭمۇ؟ — دەپ زەھەرخەندە بىلەن تووۋلىدى ئىلىشىنىشىنا. — چىقاشىڭدا ئىشىكنىڭ ئىلگىنى ئېتىپ چىق، بولمىسا شامال كېچىچە تاراقلىتىپ ئارام بەرمەيدۇ... كۆرۈۋاتامسەن شامالنىڭ قانداقلىقىنى...

مىتكا بىرئاز ئۇنچىقماي تۇرغاندىن كېيىن ئەلەم بىلەن:

— ھېچبىر ئېزىقىپ قالغىنىم يوق... ئىشىكنى ئېتىپ قويارمەن... — دېدى - دە، بىر يۆتىلىپ قويۇپ، كوچىنى توغرىسىغا كېسىپ ئانىكۇشكىنىڭ ھويلىسى تەرەپكە راۋان بولدى.

مىتكا قۇشقا ئوخشاش غەم - ئەندىشىسىز ھايات كەچۈرەتتى؛ ھازىرچە تىرىكمەن — بۇنىڭغا شۈكرى، ئەتە قانداق بولۇشۇم

نى تۇرمۇشنىڭ ئۆزى كۆرسەتەر، دەپ ئويلايتتى. ئۇ ھەربىي خىزمەتنى كۆڭۈلسىزلىك بىلەن ئۆتىدى، قورقۇمسىز يۈرىكى قېنىنى ئۇرغۇتۇپ تۇرسىمۇ، خىزمەتتە كۆزگە كۆرۈنۈپ مەقسەتكە ئېرىشىش پۇرسىتىنى ئىزلىمىدى — لېكىن مىتكىنىڭ خىزمەت تىزىمىدا بەزىبىر چاتاق جايلار بار ئىدى: ئۇ بىر قېتىم رۇس پادىشالىغى پۇخراسى پولەك ئايالغا زورلۇق قىلغانلىق ۋە بىر قېتىم بۇلاڭچىلىق قىلغانلىق ئېيىپى بىلەن ئۇنى خوجايىنى① 2 مەرتە سوت قىلغان ئىدى؛ ئۇرۇشنىڭ 3 - يىلىغا كەلگەندە نۇرغۇن قېتىم جازاغا تارتىلىپ، چارە كۆرۈلگەن ئىدى؛ بىر قېتىم ھەربىي دالا سودى ئۇنى ھەتتا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان ئىدى، ئەمما مىتكا ئاشۇنداق بالا-قازادىنمۇ قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى تاپالىغان؛ گەرچە پولكتا يامان ئاتلىق بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن كازاكلار ئۇنى خۇش خۇي، كۆڭگۈنچەك خۇلقى ئۈچۈن، ئەدەپسىز ناخشىلىرى ئۈچۈن (بۇنداق ناخشىلارغا مىتكا بەك ئۇستا ئىدى)، ئۆلپەتچىلىكى، ئاددىي-ساددىلىغى ئۈچۈن ياخشى كۆرەتتى. ئوفىتسېرلار بولسا ئۇنى كاللا كېسەر قەيسەرلىكى ئۈچۈن ياخشى كۆرەتتى. مىتكا كۈلۈمسىرەپ، يېنىك بۆرە پۇتلىرى بىلەن يەرنى چەيلەپ ماڭاتتى، ئاشۇنداق يىرتقۇچلارغا خاس سۈپەت ئۇنىڭدا كۆپ ئىدى: يول ماڭغاندا ئىغاڭلاپ قەدەم تاشلىشى، يېشىل كۆزلىرى بىلەن ھومىيىپ قارايدىغان ئادىتى، ھەتتا بويىنىنى بۇرۇشى — ھەممىسى بۆرىگە ئوخشايتتى — مىتكا يارىلانغان بويىنىنى ھەرگىز بۇرىيالمايتتى، ئارقىسىغا قايرىلىپ قارىماقچى بولسا پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن بۇرىلاتتى. كەڭ ياپپا گەۋدە سۆڭەكلىرىدىكى زىچ مۇسكۇللىرى، بىر تۇتاش بىر بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن بولۇپ، ھەركەتلىنىشكە ئوڭاي ۋە ئەپلىك ئىدى،

① خوجايىن — بۇ يەردە پولكوۋنىكنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇنىڭ بىر گەۋدىسىدىن ساغلاملىق ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ قايناق پۇرىقى گۇپۇلدەپ تۇراتتى ــ گويا ساپان بىلەن ھەيدەلگەن قارا چىلان ئوتلاق يەر پۇرىغاندەك. ھاياتنىڭ ئۆزىمۇ مىتكا ئۈچۈن مۇرەككەپ نەرسە ئەمەس، چۈنكى توپ ـ توز تارتىلغان بولۇپ، ئۇ ئاشۇ چۈنەك بويلاپ، تولۇق ھوقۇقلۇق خوجايىن سۈپىتىدە ماڭاتتى. ئۇنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرىمۇ خۇددى شۇنداق ساددا ۋە تولىمۇ ئاددىي ئىدى: ئاچ قالغاندا ــ ئوغرىلاپ يەۋەر، ھەتتا ئۆز يولداشلىرىنىڭ بولسىمۇ مەيلى، دەيتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاچ قالغاندا نەرسە ئوغرىلايتتى؛ ئۆتۈكۈڭ كونىراپ كەتسە ــ ئەڭ ئاسان ئىش ئەسىرگە چۈشكەن نېمىسنىڭ ئۆتۈكىنى سالدۇرۇۋېلىش؛ جازاغا ئۇچرىساڭ، گۇناني يۇيۇش كېرەك ــ مىتكا ئاشۇنداق يۇياتتى؛ راۋۋېتكىغا باراتتى، كۆزەتتە تۇرغان نېمىس قاراۋۇللىرىنى تۇيۇقسىز كانىيىدىن بوغۇپ، ئەسىرگە ئالاتتى ـ دە، سۆرەپ ئېلىپ كېلەتتى، ئەڭ خەتەرلىك ئىشلارغا تەۋەككۇل قىلىپ، ئۆز خاھىشى بىلەن باراتتى. 1915 ـ يىلى ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ، قاتتىق تاياق يېدى ۋە خەنجەر بىلەن بەدىنى تىلىنىپ جاراھەتلەندى، شۇنداق بولسىمۇ، كېچىسى قوللىرىنى قىيما ـ پارا قىلىپ، تىرناقلىرى چىقىپ كەتكىنىگە قارىماستىن، سارايىنىڭ ئۆگزىسىنى تېشىپ چىقىپ، بىر يۇرۇش ھارۋىنىڭ جابدۇقىنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مىتكىنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدىغان ئىدى.

6 ـ كۈنى مىرون گىرىگورىيېۋىچ ئوغلىنى مىللېروۋوغا ئېلىپ بېرىپ، ۋاگوننىڭ قېشىغىچە ئۇزىتىپ قويدى؛ يېشىل ۋاگون بوغۇنلىرىنىڭ تاراقشىپ يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىغا قۇلاق سېلىپ تۇردى ۋە پەسكە ساڭگىلاپ قالغان خىرە كۆزلىرىنى يەردىن كۆتەرمەي، قامچا دەستىسى بىلەن ۋاگزال سەھنىسىگە تۆكۈلگەن داشقاللارنى

ئۇزاقچە كۆرۈلدى. ئۇ ئوغلىنى ئۇزىتىدىغان چاغدا لۇلىنىچىنا ئۇن
سېلىپ يىغلىدى، گىرىشاكا بوۋا ئاھ ـ ئۇھ قىلىپ مېھمانخانىنى
بىر ئالدى، ئالقىنىغا بۇرنىنى قىقىپ، قولىنى چەكمىنىڭ مايلىشىپ
كەتكەن يېشىغا ئېرتتى. ئالىكۆشكىنىڭ تۇل قالغان خوتۇنىمۇ ئەت-
كىنىڭ يوغان ۋە ئىسسىق بەدىنىنى ئەسلەپ ۋە بۇ جەڭچى يۇقتۇ-
رۇپ كەتكەن سوزنەك كېسەلدىن ئازاپلىنىپ بىر مۇنچە يىغلىدى.

شامال ئات يايلىنى ئۆرۈگەندەك، ۋاقىتمۇ كۈنلەرنى بىربىرى-
گە چېتىپ ئۆتكۈزۈۋەردى. روزىدېستوۋ بايرىمى كىرىش ئالدىدا
توساتتىن ھاۋا ئىسسىپ كەتتى؛ كېچە ـ كۈندۈزلەپ يامغۇر ياغدى،
دون دەرياسى تاغلىرىدىن جىلغا ـ جىلغىلار بويلاپ كەلگەن شا-
قىراشقا باشلىدى، قار ئېرىپ يالىڭاچلىنىپ قالغان دۆڭلۈكلەردە
بولتۇرقى ئوت ـ چۆپلەر بىلەن گەج قاتلاملىرىنىڭ موخ باسقان
يەرلىرى كۆكىرىپ يېپىشىل تۇس ئالدى؛ دوننىڭ چەت ياقىسىدىكى
سۇلار قىرغاققا ئۆرۈلۈپ كۆپۈكلەندى؛ مۇز، ئۆلۈكتەك كۆكىرىپ
كۆپۈشكە باشلىدى. يالىڭاچلانغان قارا تۇپراق يەرلەر ئېيتقۇسىز يېقىم-
لىق پۇراق چاۋقاتتى. كېتمان يولى بويلاپ بولتۇرقى ئىز بويىچە
سۇلار كۆپۈكلىنىپ ئېقىشقا باشلىدى. يېزىنىڭ ئىرىسىدىكى سېغىز توپا-
يارلىقلارنىڭ يېڭى ـ يېڭى ئۆپۈرۈلگەن جايلىرى ئېچىلىپ كۆرۈنەتتى.
جەنۇپ شامىلى چىن دەرياسى تەرەپتىن چىرىگەن ئوت ـ چۆپلەرنىڭ
پىقسىرىغان پۇرىقىنى ئېلىپ كېلەتتى، چۈش ۋاقتىدا، ئۇپۇقتا،
باھار اچاچلىرىدەك ھاۋارەڭ ئىنچىكە كۆلەڭگىلەر جىلۋىلىنەتتى. يې-
زىدا قاشا تاملار تۆۋىگە تۆكۈلگەن قىغ دۆۋىلىرىنىڭ ئالدىدا توخ-
تاق سۇ كۆلچەكلىرى چىمىرلاپ تۇراتتى. خامانلاردا ئوت ـ چۆپ بې-
سىلغان يەرنىڭ توگىنى ئېلىۋىدى، پىقسىرىغان سامانىنىڭ چۈچۈمەل
پۇرىقى يولىۋچىلارنىڭ دىمىغىغا سانچىلىشقا باشلىدى.

كۆندۈزلىرى پاخال بىلەن يېپىلغان ئۆيلەرنىڭ ماڭلايلىرى بويلاپ قاتار تىزىلغان چوكا مۇزلاردىن مايلىشاڭغۇ سۇ ئېقىپ چۈشەتتى. قاشالارنىڭ ئۈستىدە سېغىزخانلار كۆچىنىپ شاراقلايتتى. مىرون گىرىگورىيېۋىچنىڭ قوراسىدا قىشلىغان جامائەت بۇقىسى بالدۇر كەلگەن ئەتىيازدىن ئۈچى تىت - تىت بولۇپ ھەدەپ مۆرەيتتى. مۈڭگۈزى بىلەن قاشانى چۇۋۇپ، قۇرۇت يىگەن قاخشال ئەمەن دەرەخكە سۈركىلىپ، يېپەكتىن قىلىنغان كۆكرەك يېغىنى سىلكىتەتتى، قورادىكى ئېرىشكە باشلىغان يۇمشاق قارنى تۇيىغى بىلەن قوموراتتى.

روژدېستوۋ ئايىمىنىڭ 2- كۈنى دون ئۈستىدىكى مۇز پارچىلىنىشقا باشلىدى. دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا يوغان مۇز پارچىلىرى قاراس - قۇرۇس ئاۋاز بىلەن قۇدرەتلىك ئېقىم بولۇپ ئېقىشقا باشلىدى. مۇز پارچىلىرى خۇددى ئۇخلاپ قالغان ھەيۋەتلىك بېلىقلارغا ئوخشاش قىرغاقتا ئۆمىلىشىپ، بىر بىرىنىڭ ئۈستىگە مىنگىشىپ قالدى. دوننىڭ نېرىقى تەرىپىدە دولقۇنلىنىپ چىقۋاتقان جەنۇپ شاماللى قىستاپ قويغان دېرەكلەر بىر ئورۇندا مىدىرلىماستىن يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقاندەك تەۋرىنەتتى. ئاشۇ تەرەپتىن: ش- ش- ش- ش- ش- ۋ- ۋ- ۋ- ۋ- ۋ- ۋ... دېگەن ئاۋاز گۈكىرەيتتى.

ئەمما كەچكە يېقىن تاغ غۇۋۇلدىدى، مەيداندا قاغىلار قاقىلداشتى، مېلېخوۋلارنىڭ ئۆيى ئالدىدىن خرىستونىيەنىڭ چوشقىسى بىر تۇتام ئوتنى ئاغزىدا چىشلىگەن پېتى خىقىراپ ئۆتۈپ كەتتى، شۇڭا پانتېلېي پروكوفيېۋىچ: «باھار قۇيرۇغىنى قىسىپتۇ، ئەتە سوغاق ئۇرىدۇ» دېگەن خۇلاسىگە كەلدى. كەچ كىرگەندە شامال شەرقتىن سوقتى، ئىللىق ھاۋا يىرتىپ تاشلىغان كۆلچەك بېتىنى ئۈششۈك

سوغاق ئاق قىرو بىلەن يامىدى. تاڭغا يېقىن موسكۋا شامىلى چىـ
قىپ، سوغاقنى ئىسكەنجىدەك سىقتى. قىش قـايتىدىـن ئورناشتى.
پەقەت دوننىڭ ئوتتۇرىسىدىلا چـوڭ ـ چوڭ ئاق ياپراقلارغا ئوخـ
شاش مۇز پارچىلىرى ئۈزەتتى، بۇ هال ئىللىق هاۋانى ئەسكە چۈـ
شۈرەتتى، ئىدىرنىڭ ئۈستىدە يالىڭاچلىنىپ قالغان يەر سوغاق نەـ
پەس ئالاتتى.

روۋدېستوۋدىن كېيىن كۆپ ئـۆتمەي كەنتتە ئۆتكۈزۈلگەن
چوڭ يىغىندا پانتېلېي پروكوفيېۋىچقا كاتىپ: كامېنسكايادا گىرىـ
گورىينى كۆرگەنلىكىنى، پات ئارىدا ئۆيگە بارىدىغان، ئۇرۇق ـ تۇققانـ
لىرىنى خەۋەرلـەندۈرۈپ قـويغىن دەپ تـاپىلىغانلىقىنى ئېيتتى.

**7**

سېرگېي پلاتونېۋىچ موخوپ ئۇ يـەر ـ بۇ يېرىنى پاقىراق
تۈك باسقان قارامتۇل كىچىك قوللىرى بىلەن هاياتنى هەر تەرەپتىن
قامالالايتتى. بەزىدە هايات ئۇنىڭ بىلەن ئوينىشاتتى، بەزىدە سۇغا
غەرق بولغان ئادەمنىڭ بويىنىدىكى تاشتەك يەلكىسىدىن باساتتى،
سېرگېي پلاتونېۋىچ موخوپ ئۆز ئۆمرىدە نۇرغۇن ئىشنى كـۆرۈپ
ئۆتتى، تۈرلۈك مۈشكۈل ئەهۋاللارنى باشتىن كەچۈردى. ئەڭ بۇرۇن،
غەللە يىغىش خىزمىتىنى قىلغان چاغلاردا ئۇششاق تىپىنلەرگە كاـ
زاكلاردىن ئاشلىق سېتىۋېلىپ ئـوقەت قىلغـان، كېيىنرەك قىزىپ
كەتـكەن 4000 پـۇت بـۇغدايىنى يـېزىنىـڭ سـرتىغا ئېلىـپ
چىقىـپ، پـامان يـارغـا تـۆكـۈۋېتىـشكـە تـوغـرا كـەلـگـەن

قەھۋالمۇ بولغان ئىدى. 1905 - يىلىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە تۇرۇپتۇ! — بىر كۆز كېچىسى ئۇنىڭغا يېزىدىكىلەردىن بىرسى چاچما ئوۋ مىلتىقىدىن ئوق ئاتقان ئىدى. موخوپ تالاي قېتىم بېيىپ، تالاي قېتىم سۇنغان، ئاخىرى 60 مىڭ سوم پۇل يەغىپ، ۋولگاكامابانكىسىغاقويغان ئىدى، ئەمما يىراقتىكىنى سېزىدىغان بۇرنى زور داۋالغۇشلار بولىدىغان زاماننىڭ مۇقەررەر يېتىپ كېلىشىنى ئالدىدىن سەزگەن ئىدى. سېرگەي پلاتونيۆۋىچ قارا كۈنلەرنى كۈتۈپ، خاتالاشمىغان ئىكەن: 1917 - يىلىنىڭ يانۋار ئېيىدا ئۈچكە كېسىلگە گىرىپتار بولۇپ، بارا - بارا ئۆلۈمگە قاراپ كېتىۋاتقان بالاندا دىگەن بىر ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭغا ئۆز دادىنى ئېيتتى:

— ئىنقىلاپ يېقىنلىشىپ قالدى، ئەمدى مەن ئەخمەقلىق ۋە كۆڭلى بوشلۇق كېسىلىدىن ھارام ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن. بۇ ماڭا تولىمۇ ئەلەملىك، سېرگەي پلاتونيۆۋىچ!... شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلەملىككى، سىزنىڭ سەرمايىڭىزنىڭ ۋەتۆەرىگىنى چىقىرىپ، ئۆزىڭىزنى ئىسسىق ئۇۋىڭىزدىن قانداق ھۇركىتىۋېتىدىغانلىقىنى كۆرۈشكە توغرا كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ.

— ئۇنىڭ نىمىسى ئەلەملىك؟

— قانداقمۇ ئەلەملىك بولمىسۇن؟ ھەر ھالدا، بىلىپ قويۇڭكى، ھەممە نىمىنىڭ كۆلى قانداق كۆككە سورۇلىدىغانلىقىنى كۆرۈش تولىمۇ كۆڭۈللۈك.

— ياقەي، ئەزىزىم! سەن بۈگۈن ئۆلگىن، مەن ئەتىلىككە! — دىدى سېرگەي پلاتونيۆۋىچ غەزىۋىنى ئىچىگە يۇتۇپ.

يانۋار ئېيىدا يېزا - كەنتلەردە راسپۇتىن ①

① راسپۇتىن (1873 — 1916) نىكولاي II زامانىسىدىكى ساراي پوپى. ئۇ پۇرسەتپەرەس ئادەم بولۇپ، ساراي ئاقسۆڭەكلىرى ئارىسىدا چوڭ نوپۇزغا ئىگە ئىدى. دۆلەت ئىشلىرىغىمۇ ئارىلىشاتتى. 1916 - يىلى 12 - ئايدا پادىشاپەرەس بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن — ت.

توغرىسىدىكى ۋە پادىشانىڭ خاندانى توغرىسىدىكى پايتەخت پاراڭلىرى، مىش-مىشلىرى تېخىچە تارقىلىپ يۈرەتتى، مارت ئېيىنىڭ باشلىرىدا بولسا مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ ئاغدۇرۇلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر خۇددى ياۋا غاز تۇتىدىغان توزاق توردەك سېرگەي پلاتونېۋىچنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. كازاكلار چوڭ ئۆزگىرىش توغرىسىدىكى خەۋەرگە سەۋرىچانلىق، تەشۋىش بىلەن، ئاقىۋىتى نىمە بولاركىن دىگەن ئەندىشە بىلەن قاراشتى. شۇ كۈنى موخوپنىڭ تاقالىق دۇكىنىنىڭ ئالدىدا قېرىلار ۋە سەل ياشىراق كازاكلار كەچكىچە توپلىشىپ تۇرۇشتى. يېزا باشلىقى كىروشكا سولداتوپ (بۇ — سېرىق بۇرۇت، سەل - پەل ئالغاي كازاك بولۇپ، ئۇرۇشتا ئۆلگەن مانىتسكوپىنىڭ ئورنىنى باسقان ئىدى) شۇپ - شۇك بولۇپ، دۇكاننىڭ ئالدىدا قىزىپ كەتكەن پاراڭلارغا دىيەرلىك ئارىلاشمىدى. كازاكلارغا ئالغاي كۆزلىرىنى يۈگۈرتۈپ، ئاندا - ساندا پەرىشان ھال توۋلاپ قوياتتى:

— ئۇلار نۇرغۇن ئەسكى ئىشلارنى قىلىشتى!... ھەي، قېنى كۆرەرمىز!... ئەمدىلىكتە قانداق ئۆتەركىن! ...

سېرگەي پلاتونېۋىچ، دۇكاننىڭ ئالدىغا يىغىلىشۋالغان خالايىقنى دەرىزىدىن كۆرۈپ، قېرىلار بىلەن سۆزلىشىپ بېقىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىش قارارىغا كەلدى. ئۇ، يانۇت ياقىلىق پەلتوسىنى كىيىپ، ئىسىم پەملىسى كۈمۈش ھەرپ بىلەن نەقىش قىلىنغان جىگەررەڭ ھاسىسىغا تايىنىپ، ئىشىك ئالدى پىشايۋانغا چىقتى. دۇكان تەرەپتىن گۇرۇڭ - گۇرۇڭ، ۋاراڭ - چۇرۇڭلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

— خوش، پلاتونېۋىچ، سەن ئوقۇمۇشلۇق ئادەمسەن، بىزدەك قارا تۈرك ئادەملەرگە سۆزلەپ بەرگىنە، ئەمدى نىمە قىلىش كېرەك،

كەلگۈسىدە قانداق بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى ماتۋېي كاشۇلىن قور-
قۇش ئارىلاش كۈلۈمسىرەپ، توكلىغان بۇرنىنىڭ ئۇستىدىكى قىي-
پاچ قورۇقلارنى يىغىپ.

سېرگەي پىلاتونېۋىچنىڭ بەرگەن سالىمىغا قېرىلار شەپكىلى-
رىنى بېشىدىن ئېلىپ ئېھتىرام بىلدۈرۈشتى، ئاندىن ئارقىغا سىل-
جىپ يول ئاچتى - دە، ھالقىنىڭ ئىچىدىن ئورۇن بەردى.

— پادىشاسىزكۈن كەچۈرىدىغان ئوخشايمىز... — دىدى سېر-
گەي پىلاتونېۋىچ سۇلامسىيىپ.

قېرىلارنىڭ ھەممىسى بىردىنلا:

— قانداقچە پادىشاسىز ئۆتىدىكەنمىز؟ — دېيىشتى.

— ئاتا - بوۋىلىرىمىز پادىشا قول ئاستىدا ھايات كەچۈردى،
ئەمدى پادىشا كېرەك بولمامدىكەن؟

— كاللاڭنى ئېلىۋەتسە پۇتۇڭ باشسىز قېلىپ ھېچنىمىگە
يارىماس، دەيمەن.

— ئەمدى قانداق ھاكىمىيەت قۇرۇلار؟

— ئەندىشە قىلما، پلاتونېۋىچ! بىز بىلەن ئوچۇق - يورۇق
سۆزلەش... نىمىدىن ئەنسىرەيسەن؟

— بەلكىم، ئۇ ئۆزىمۇ بىلمىسە كېرەك، — دەپ كۈلۈمسى-
رىدى ئاۋدىچ يالغانچى، ئۇ كۈلۈمسىرىگەندە يۈزىدىكى چوڭقۇرچاق-
لىرى تېخىمۇ ئىچكىرىلىدى.

سېرگەي پىلاتونېۋىچ ئۆزىنىڭ كونىراپ كەتكەن ئىگىز قونى-
جىلىق رېزىنكە كالىچىغا تىكىلىپ قاراپ:

— دۆلەت دۇماسى باشقۇرىدۇ. بىزدە جۇمھۇرىيەت بولىدۇ، —
دىدى سۆزىنى ئاراندا چىقىرىپ.

— ئۆزەم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا!

— بىز مەرھۇم ئالېكساندىر ئىككىنچىنىڭ ۋاقتىدا ھەربى

خىزمەتتە بولغاندا ...، — دەپ گەپ باشلىغان ئىدى ئاۋدىچ، ئەمما سۆرلۈك چال بوگاتىرېپ ئۇنىڭ سۆزىنىچورتلا بۆلۈۋەتتى:

— ئۇنى كۆپ ئاڭلىغانمىز! بۇ توغرىلىق گەپ كېتىۋاتقىنى يوق.

— دىمەك، كازاكلارغا ماڭىدىغان يول قالمىدىمۇ؟

— بىز بۇ يەردە ئىش تاشلاش ئېلىپ بارغاندا، نېمىسلار ئاللىقاچان سانكت - پېتېربورگقا بېرىپ بولىدۇ.

— باراۋەرلىك بولىدىكەن، ئۇ چاغدا بىزنى مۇژىكلەر بىلەن تەڭ ئورۇندا قويۇشارمىكىن ...

— قاراپ تۇر، تېخى يېرىمىزگىمۇ قول سالار؟ ...

سېرگەي پلاتونېۋىچ زومو - زو ھىجىيىپ، قېرىلارنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايلىرىغا بىر بىرلەپ قاراپ چىقتى، ئۆزىنىڭمۇ كۆڭلى ئېلىشىپ، كەيپى بۇزۇلدى. ئۇ، ئۇگىنىپ قالغان ئادىتى بىلەن قىزغۇچ ساقىلىنى ئىككىگە ئايرىپ، بىرسىگە ئاچچىقلانغاندەك سۆز باشلىدى:

— مانا، ئاقساقاللىرىمىز، روسىيىنى قانداق ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشتى. سىزلەرنى مۇژىكلار بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشىدۇ، سىزلەرنى ئىمتىيازدىن مەھرۇم قىلىدۇ، بۇنى ئاز دىگەندەك، كونا ئەلەملەرنى ئەسكە سالىدۇ، تېخى، ئېغىر چاغلار كېلىۋاتىدۇ ... ھاكىمىيەت كىمنىڭ قولىغا چۈشسە، شۇنىڭغا بويسۇنىدىغان گەپ، ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇزۇل - كېسىل ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

— تىنىچلا بولساق — كۆرەرمىز! — دىدى بوگاتىرېپ بېشىنى لىڭشىتىپ، شۇنىڭ بىلەن قويۇق قاشلىرىنىڭ ئاستىدىن سېرگەي پلاتونېۋىچقا شۈبھە بىلەن قاراپ قويىدى، — سەن، پلاتونېۋىچ ئۆز يولۇڭنى توغرىلارسەن، شۇ تۈپەيلى، بىزمۇ، بەلكىم،

يېنىكلىشىپ قالارمىز؟ ...

— سىلەر قانداق يېنىكلىشىپ قالىدىكەنسىلەر؟ — سېرگەي پلاتونېۋىچ قەھرى بىلەن سورىدى.

— يېڭى ھاكىمىيەت، بەلكىم، ئۇرۇشقا خاتىمە بېرەر ... ئېھتىمال، شۇنداق بولار؟ ھە؟

سېرگەي پلاتونېۋىچ قولىنى بىرلا شىلتاپ، كونا سىپايى يۈرۈشى بىلەن ھاۋارەڭ سىرلانغان ياسىداق پىشايۋىنىغا ئاقساقلاپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ پەرىشان ھالدا پۇل توغرىلىق، تۆگمەن توغرىلىق ۋە يامانلىشىپ كېتىۋاتقان سودا ـ تىجارەتتى توغرىلىق خىيال سۈرۈپ ماڭاتتى، يىلىزاۋېتانىڭ ھازىر موسكۋادا ئىكەنلىكىنى، ۋلادىمىرنىڭ پات ئارىدا نوۋوچېركاسسكىدىن كېلىدىغانلىقىنى ئېسىگە چۈشۈردى. بالىلىرىنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا چەككەن تەشۋىشى نەشتەردەك سانچىپ تۇرسىمۇ، كاللىسىدا پەيدا بولغان چۇۋالچاق پىكىرلەرنى بۇزالمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ، ئاشۇ بىر كۈن ئىچىدە تۇرمۇشىنىڭ خىرىلىشىپ قالغانلىقىنى، ھەتتا ئۆزىمۇ كۆڭلىدە قاخشاتقۇچ پىكىرلەردىن سولىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، پىشايۋاننىڭ ئالدىغا يېتىپ باردى. ئاغزى لاۋزىلىشىپ، شالى ئاقتى.

سېرگەي پلاتونېۋىچ دۇكاننىڭ ئالدىدىكى قېرىلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن پەلەمپەينىڭ پەنجىرىسىنىڭ ئۈستىدىن شارت قىلىپ تۈكۈردى ـ دە، ئايۋان بىلەن گۈس ـ گۈس مېڭىپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئاننا ئىۋانوۋنا ئېرىنى ئاشخانىدا ئۇچراتقاندىن كېيىن نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن ئېرىنىڭ يۈزىگە پەرۋاسىزلارچە نەزەر تاشلاپ سورىدى:

— چايدىن بۇرۇن ئازراق نەرسە يەۋالامسەن؟

— ياقەي! گېلىمدىن قانداقمۇ تاماق ئۆتسۇن؟ — سېرگەي پلاتېۋىچ يىرگەنگەندەك قول شىلتىدى.

ئۇ كىيىمىنى يېشىۋېتىپ هامان ئاغزى لاۋزىلىشىۋاتقانلىغىنى، كاللىسىنى ناخۇشلۇق قاپلىۋالغانلىغىنى هىس قىلدى.

— لىزىدىن خەت كەلدى.

ئاننا ئىۋانوۋنا ئۇيقۇچان ئادەمدەك يورغىلاپ (ئۇ تۇرمۇشقا چىققان كۈندىن تارتىپ بۇ چوڭ ئائىلىنىڭ ئىشلىرىدىن باش كۆتىرەلمەي، هەمىشەم ئاشۇنداق ماڭاتتى) ياتاق ئۆيگە كىردى ـ دە، ئۇ يەردىن يىرتىلغان لىپاپىنى ئېلىپ چىقتى.

«مىڭىسى يوق ۋە بەلكى ئەقىلسىز قىز بولدى» سېرگەي پلاتونېۋىچ لىپاپىنىڭ قېلىن قەغىزىدىن ئاڭقىغان ئەتىر پۇرىغىدىن بۇرنىنى پۇرۇشتۇرۇپ، بىرىنچى قېتىم قىزى توغرىلىق ئاشۇنداق ئويلىدى. چال بۇ خەتنى ئېتىۋارسىزلىق بىلەن ئوقۇپ چىقتى، نىمىشكىدۇ «كەيپىيات» دىگەن سۆز ئۈستىدە توختىلىپ، بۇ سۆزدىكى چۈشىنىكسىز مەنانىڭ تېگىگە يەتمەكچى بولۇپ، ئۇزاق ئويلاندى، خەتنىڭ ئاخىرىدا يېلىنزاۋېتا پۇل ئەۋەتىپ بېرىشىنى سورىغان ئىدى. سېرگەي پلاتونېۋىچ هامان باش قېتىمچىلىغىنى هىس قىلغان هالدا خەتنىڭ ئاخىرقى قۇرلىرىنى ئوقۇپ چىقتى. كۈتۈلمىگەندە هۆكرەپ يىغلىغۇسى كېلىپ كەتتى، تىك تۇرۇپ كەلگەن هايات شۇئاندا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئىچى قۇرۇق ئىكەنلىگىنى ئاشكارىلىدى.

«ئۇ ماڭايات بولۇپ قالدى، دەپ ئويلىدى سېرگەي پلاتونېۋىچ قىزى توغرىلىق، مەنمۇ ئۇنىڭغا يات. پۇل لازىم بولۇپ قالغان چاغدىلا تۇققانلىق تۇيغۇسى قوزغىلىدۇ ... ئىسپلاس قىز، خۇشتارلىرى بار ... كىچىك چېغىدا ئالتۇن چاچ، ئوماق قىز ئىدى ... ياپەرۋەردىگارا، هەممە نەرسە شۇنداق تېز ئۆزگىرىدىـ

كەن! ... قىرىغىچە ئەخمەققۇ بولۇپ قالدىم، كەلگۈسىدە قانداقتۇر ياخشى تۇرمۇش يۈز كۆرسىتىشىگە ئىشەنگەن ئىدىم، ھەقىقەتتە بولسا، چۆلدىكى كىچىك بۇتخانىغا ئوخشاش يالغۇز قالدىم ... ھارام يول بىلەن بېيىدىم — ھالاللىق بىلەنمۇ بېيىيالمايسەن! — قەللاپلىق قىلدىم، پىخسىقلىق قىلدىم، مانا ئەمدى ئىنقىلاپ مەيدانغا كەلدى، ئەتە يالاقچىلىرىم مىنى ئۆيۈمدىن ھەيدەپ چىقىرىشى مۇمكىن ... مانا شۇنداق بولىدۇ، ھەممىسىنىڭ ئانىسىغا مىڭ لەنەت! ... ئەمدى بالىلارچۇ؟ ۋىلادىمىر ئەخمەق... ئۇلىگىدىن نىمە مەنا چىقىشى مۇمكىن؟ نىمە بولسا بولار، بەرىبىر ...»

سېرگەي پلاتونىۋىچ قانداقتۇربىھۇدە ئوي - پىكىرلەرنى ئويلاپ كېلىپ، بۇرۇنقى چاغدا تۈگمەندە يۈز بەرگەن بىر ۋەقەنى ئېسىگە چۈشۈردى: ئۇن تارتقىلى كەلگەن بىر كازاك تارتىش ھەققى بەك كۆپ بولۇپ كەتتى دەپ جېدەللىشىپ، ئۇنى تۆلەشتىن باش تارتقان ئىدى؛ بۇ چاغدا سېرگەي پلاتونىۋىچ ماشىنا بۆلۈمىدە ئىدى، ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلاپ، تاشقىرىغا چىقتى - دە، جېدەلنىڭ سەۋەبىنى بىلگەندىن كېيىن، تارازىچى بىلەن ئۇن تارتقۇچىلارغا كازاكنىڭ بۇغدىيىدىن تارتىلغان ئۇنىنى بەرمەسلىككە بۇيرۇق قىلدى. كىچىككىنە، كۆرۈمسىز كازاك قاپىنىڭ تېگىدىن تۇتۇۋېلىپ ئۆزىگە تارتتى، يوغان، بەستلىك كەلگەن ئۇن تارتقۇچى زاۋار — ئۆزى تەرەپكە تاتقۇشلىدى. نەتىجىدە كىچىككىنە كازاك ئۇن تارتقۇچىنى ئىتتىرىۋەتتى، ئۇن تارتقۇچى بولسا غۇلىچىنى كەڭ يېيىپ، بازغاندەك مۇشتى بىلەن كازاكنىڭ چېكىسىگە بىرنى سالدى. كازاك بىچارە ئوڭدىسىغا چۈشتى، كېيىن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ دەلدەڭشىپ قالدى؛ سول چېكىسىدىكى مۇشت تەككەن يەر قانغا بويالدى. ئۇ تۇيۇقسىز سېرگەي پلاتونىۋىچ تەرەپكە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ كېلىپ، ئاھ - ئۇھ بىلەن پىچىرلاپ،

ئاران ـ ئاران نەپەس چىقىرىپ:

ــ ئال بۇ ئۈننى! نەپسىڭگە تىق! ــ دىدى ـ دە، ئىككى مۇرىسى دىر ـ دىر تىترەپ چىقىپ كەتتى.

سىرگەي پلاتونىۋىچ ھىچ سەۋەپسىز بۇ ۋەقەنى ۋە ئۈننىڭ ئاقىۋىتىنى ئەسكە ئالدى: كازاك بىچارىنىڭ خوتۇنى ئۈننى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپ كەلدى؛ ئۇ، كۆزىدىن تەسلىكتە ياش ئاققۇزۇپ، ئۇن تارتقىلى كەلگەنلەردىن خەيرىخالىق ئىزلەپ:

ــ بۇ نىمە دىگەن ئىش، ياخشى كىشىلەر؟ بۇ قانداق ھوقۇق! ئۈنۈمنى بەر! ــ دەپ ئۇن سىلىپ يىغلىدى.

ــ كەت، ھاماچا، ياخشىلىقچە يولۇڭغا ماڭ، بولمىسا چىپچىقنى يۇلىمەن! ــ دەپ كۈلدى زاۋار.

ھىلىقى كازاكتەك ئاجىز، پاكار تارازىچى ۋالىيتنىڭ زاۋار بىلەن مۇشتلىشىپ قىلىشىغا قاراپ تۇرۇش، ئارقىدىنلا قاتتىق تاياق يىگەن ۋالىيتنىڭ: ھىساپ ـ كىتاپ قىلىشايلى، مەن كىتىمەن، دەپ سىرگەي پلاتونىۋىچنىڭ ئالدىغا ئۆتۈنۈش قىلىپ كىلىشى بەكمۇ كۆڭۈلسىز ۋە ئەلەملىك ئىش بولغان ئىدى. مانا شۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى سىرگەي پلاتونىۋىچنىڭ كاللىسىدىن قولىدىكى خەتنى كۆزى ئوچۇق تۇرۇقلۇق ھىچنىمىنى كۆرمەستىن قاتلاپ بولغىچە ئارىلىقتا يالت قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى.

شۇ كۈنى كەچكىچە كۆڭلى غەش بولۇپ، بىر قىسما ئاغرىق يۈرىگىنى مۇجىدى. سىرگەي پلاتونىۋىچ كىچىسى تىنچ ئۇخلىيالمىدى، مەنىسىز ئوي ـ پىكىرلەر ۋە چۈشىنىكسىز ئارزۇ ـ ئىستەكلەر بىلەن بەنت بولۇپ ئىغناپ چىقتى؛ يىرىم كىچىدىن ئۆتكەندە ئاندىن ئۇخلىدى، ئەتىسى ئەتىگەن،يىۋگىنىي لىستىنتىسكىفورونتىتىن ياگودنويىغا ــ ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كىلىپتۇ دىگەن خەۋەرنى ئاڭلىغاچ، شۇ يەرگە بىرىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر سۆزلىشىپ

باقاي، ھەقىقى ئەھۋالنى ئۇقۇپ، كۆڭلۈمدىكى ھەر خىل تەشۋىشلەرنىڭ ئاچچىق غەلدىغاشلىرىنى چىقىرىپ تاشلاي دىگەن قارارغا كەلدى. يېمېليان، تاماكا تۈرۈپكىسىنى شوراپ يۈرۈپ شەھەرگە خاس يېنىك چانىغا كۈچلۈك ماشتاك ئاتنى قوشتى ـ دە، خوجايىننى ياگودنويىغا ئېلىپ ماڭدى.

يېزىنىڭ ئۈستىدە قۇياش پېشقان سېرىق ئۈرۈكتەك پىلدىلاپ، ئاستى ۋە ئۈستىدە بۇلۇت تۇتەپ تۇراتتى. سانچىپ تۇرىدىغان سوغاق ھاۋا شىرىلىك مىۋە پۇرىقى بىلەن تولغان ئىدى، ماشتاكنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدا يول ئۈستىدىكى مۇز غارىسلايتتى. ئاتنىڭ بۇرنىدىن چىققان ھورنى شامال ئارقىغا ئۇرغاچ، ھورقىروغا ئايلىنىپ ئاتنىڭ يايلىغا قوناتتى. ناھايىتى تېز يۈرۈشتىن ۋە سوغاقتىن كۆڭلى تىنچىپ قالغان سېرگەي پلاتونوۋىچ ئۆگدەشكە باشلىدى، ئۇ، چانىنىڭ گىلەم سېلىنغان ئارقا يۆلەنچۈكىگە يۆلىنىپ ـ تەۋرىنىپ كېلەتتى. يېزىدىكى مەيداندا جۇۋا كىيگەن كازاكلار توپى قارىيىپ كۆرۈنەتتى. قوڭۇر قۇندۇز ياقىلىق دونچە جۇۋىغا ئورۇلۇۋالغان ئاياللار قوي پادىسىدەك زىنچىردا توپلىشىۋېلىپتۇ.

كۆكىرىپ كەتكەن ئاغزىنى رومال بىلەن تېڭىۋالغان، كالتا جۇۋىسىنىڭ پەتلىمىسىگە قىزىل جىيەك تۇتۇلغان ئوقۇتقۇچى بالىلارنىڭ كۆزلىرىنى ئوتتەك چاقنىتىپ توپنىڭ ئىچىدە سۆزلەۋاتاتتى:

... — قاراڭلار، لەنىتى مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ ئۆمرى ئاخىرلاشتى! ئەمدى ئىشچىلارنى قامچا بىلەن تىنچىتىشقا سىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىڭلارنى ئەۋەتمەيدۇ. قانخور پادىشاغا شەرمەندىلەرچە خىزمەت قىلىشىڭلار ئاياقلاشتى، تەسىس مەجلىسى يىغىلى، ئازات روسىيىنىڭ خوجىسى بولىدۇ. بۇ مەجلىس باشقىچە ھايات، مۇنداقچە ئېيتقاندا، پارلاق ھايات قۇرۇشنى

بىلىدۇ،

ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە تۇرىدىغان ئايال ئارقا تەرەپتە ئۇنىڭ كالتە جۇۋىسىنىڭ بۆرمىسىدىن تارتىپ:

— مىتە، قوي، سۆزلىمە! سۆزلەش ساڭا زىيانلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەنگىن. ئۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ! يەنە قان تۈكۈرىسەن... مىتە! — دەپ يالۋۇرۇپ پىچىرلايتتى.

كازاكلار بالاندىنىڭ سۆزىنى خىجىللىق ئىچىدە يەرگە قاراپ، كۈلكىسىنى يوشۇرۇپ ئاڭلىشاتتى. ئۇنىڭغا سۆزىنى تۈگىتىۋېلىش ئىمكانىيىتىنى بېرىشمىدى. ئالدىنقى قاتاردىن ھەسەداشلىق قىلغۇچى بىرسى يوغان ئاۋاز بىلەن:

— قارىغاندا، ھايات پارلاق بولىدىكەن، ئەمما سەن بىچارىنىڭ ئۆمرى بۇنىڭغا يار بەرمەيدۇ. ئۆپكەڭگە كەتسەڭ بولاتتى، ئۇنداق بولمىغاندا ھويلاڭ بەك سوغاق...، — دېدى.

بالاندا چالا قالغان سۆزىنى تومتاقلا تۈگىتىپ، سولىشىپ توپىنىڭ ئىچىدىن چىقتى.

سېرگېي پلاتونوۋىچ ياگودنويىغا چۈش ۋاقتىدا يېتىپ كەلدى. يېمىليان ماشتاكنى چۇلۇۋۇرىدىن يېتىلەپ، ئات قوراسىنىڭ يېنىدىكى قاشا ئوقۇرغا ئېلىپ كەلدى-دە، خوجايىن چانىدىن چۈشۈپ، جۇۋىسىنىڭ پېشىنى قايرىپ قولياغلىقىنى ئالغىچە، ئاتنىڭ يۈگىنىنى ئاغزىدىن ئېلىپ، ئۈستىگە يوپۇق يېپىپ ئۈلگۈردى. پەلەمپەينىڭ ئالدىدا سېرگېي پلاتونوۋىچنى ئېگىز، تۈكلىرى ئاق، چېكىم - چېكىم قىزغۇچ خاللىق يوغان بۇۋۇ ئىتى قارشى ئالدى. ئۇ، تونۇمايدىغان يات ئادەمنىڭ ئالدىدا توختاپ، يوغان ھېسگەرلىك شادا پاچاقلىرىنى سوزۇپ، بىر ئەسنىۋالدى؛ ئۇنىڭ كەينىدىنلا پەلەمپەينىڭ تۆۋىدە قاپ - قارا تۈكلۈك ياتقان باشقا ئىتلارمۇ

خۇددى شۇنداق ھورۇنلۇق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇشتى.

«ۋاي — ۋۇي، بۇ لەنتىلەر، ئىمانچە جىق!..» — سىرگەي پلاتونىۋىچ ئىتلارغا قورقۇمسىراپ قاراپ، ئارقىسىچە مېڭىپ پەلەمپەيدىن يۇقۇرىغا چىقتى.

قۇرۇق، يوپ — يورۇق ئېغىز ئۆيدە ئىتنىڭ قاڭسىق پۇرىغى گۇپۇلدەپ تۇراتتى، ساندۇقنىڭ ئۈستىدە بوغا مۈڭگۈزىنىڭ كەڭ ئىككى شېخىدا ئوفىتسېر كىيىدىغان بىر كاراكۇل پاپاخ، بىر كومۇش پۆپۈكلۈك باش كىيىمى ۋە بىر دانە يەڭسىز كىڭىر چەكمەن ئېسىقلىق ئىدى. سىرگەي پلاتونىۋىچ شۇ تەرەپكە كۆز يۈگۈرتكەن ئىدى، بىر دەقىقە ئۇنىڭغا ساندۇقنىڭ ئۈستىدە پاخماققىنا قاپ — قارا بىر ئادەم ھاڭ — تاڭ بولۇپ ئىككى مۈرىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. يان ئۆيدىن سىمىزغىنە قاراكۆز ئايال چىقتى. ئۇ، ئۈستى كىيىمىنى سىلىۋاتقان سىرگەي پلاتونىۋىچقا دىققەت بىلەن قاراپ چىققاندىن كېيىن قارا قومچاق — چىرايلىق يۈزىدىكى جىددىي ئىپادىنى بۇزماستىن:

— سىز نىكولاي ئالېكسېيېۋىچنىڭ قېشىغا كەلگەنمىدىڭىز؟ مەن ھازىرلا خەۋەر قىلاي، — دېدى.

ئايال ئىشىكنى چەكمەستىنلا زالغا كىرىپ، ئىشىكنى مەھكەم ياپتى. بۇ راسا تولۇشقان قارا كۆز چىرايلىق ئايالنىڭ ئاكسىنىيە ئاستاخوۋا ئىكەنلىكىنى سىرگەي پلاتونىۋىچ تەسلىيكتە تونۇدى. ئاكسىنىيە بولسا ئۇنى بىردىنلا تونۇغان ئىدى، ئۇ، گىنلاسىنى تەك لەۋلىرىنى قاتتىق قىسىپ، كومۇشرەڭ يالىڭاچ جەينەكلىرىنى سەل — پەل مىدىرلىتىپ، ئۆزىنى غەيرىي تەبىئىي تۈز تۇتۇپ شاپاشلاپ مېڭىپ كەتكەن ئىدى. بىر مىنۇتتىن كېيىن ئاكسىنىيىگە ئەگىشىپ قېرى لىستنىتسكىي ئۆزى چىقىپ كەلدى. ئۇ بىر قەدەر

ئىللىق كۈلۈمسىرەپ، تەكەببۇرانە يوغان ئاۋاز بىلەن:
— ھۇ! قەدىردانىم! سىزنى بۇياققا قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ مەرھەمەت ...—دىدى - دە، قول ئىشارىسى بىلەن مېھماننى زالغا تەكلىپ قىلىپ، ئۆزى چەتكىرەك تۇردى.
سېرگەي پلاتونېۋىچ چوڭلارغا تۇتۇلىدىغان مۇئامىلىدە ئۇزاقتىن بۇيان ئۆزلەشتۈرۈۋالغان ئېھتىرام بىلەن تازىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن زالنىڭ ئىچىگە قەدەم قويدى. يېۋگېنىي لىستىنىتىسكى كۆزەينىكىنىڭ ئاستىدىن كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ كېلىۋاتاتتى.
— بۇ نىمە دىگەن كارامەت ئىش، ئەڭ قەدىرلىك سېرگەي پلاتونېۋىچ! سالامەتمۇ سىز؟ بۇ قانداق بولغىنى، قېرىپ كېتىۋاتامسىز؟ نىمە؟ ھە؟
— قويۇڭە، يېۋگېنىي نىكولايېۋىچ! مەن تېخى سىزنى قېرىتىۋېتىمەن، دىگەن ئويدىمەن، ئۆزىڭىز قانداق تۇرۇدىڭىز؟ ئېسەن - ئامانمۇ؟
يېۋگېنىي ئالتۇن چىشلىرىنى پاقىرىتىپ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا مېھماننىڭ قولتۇغىدىن تۇتۇپ، يۇمشاق ئورۇندۇققا ئېلىپ كەلدى. ئۇلار كىچىك يۇمۇلاق شىرەنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشتى - دە، ئۇششاق - چۈششەك پاراڭلارنى سوققاچ، كېيىنكى ئۇچرىشىشلاردىن بۇيان بىر - بىرىنىڭ يۈز - چىرايلىرىدا پەيدا بولغان ئۆزگىرىشلەرنى بايقاشقا تىرىشتى. قېرى خوجايىن چاي ئېلىپ كىرىشكە بۇيرۇق بەرگەندىن كېيىن ئۆزىمۇ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئاغزىدا ئەگرى تاماكا تۇرۇپكىسى تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ، سېرگەي پلاتونېۋىچ ئولتۇرغان يۇمشاق ئورۇندۇقنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى - دە، قېرىلارغا خاس قورۇق ئۇستىلغان بولۇپ قالغان ئۇزۇن ئالقىنىنى شىرەنىڭ

ئۈستىگە قويۇپ:

ــ سىلەرنىڭ يېزىدا ئەھۋال قانداق؟ ئاڭلىدىڭىزمۇ...
خوش خەۋەرنى؟ــدەپ سورىدى.

سېرگەي پلاتونېۋىچ تۆۋەندىن يوقۇرىغا كۆز تىكىپ،
گېنېرالنىڭ ئىڭىكى بىلەن بوينىدىكى قورۇقلارغا قاراپ
خۇرسىنىپ قويدى.

ــ ئاڭلىمايچۇ! ...

ــ قايسى شۇم تەقدىر شۇنىڭغا ئېپكېلىپ قويدىكىنا ...،ــ
دىدى گېنېرال كىكىرتىكى تىترىگەن هالدا تاماكا تۇتۇنىنى ئىچىگە
يۇتۇپ، ــ مەن ئۇرۇش يېڭى باشلانغان چاغدىلا مۇشۇنداق بولۇ-
شىنى سەزگەن ئىدىم. ئىمىمۇ دەيمىز ... سۇلالىنىڭ زاۋاللىقا
مەھكۇم بولغانلىغى تۇرغان گەپ ئىدى. شۇ تاپتا مېرېژ كوۋىسكى①
يادىمغا چۈشتى ... ئېسىڭىزدىمۇيېۋگېنىي؟ ــ «پېتېر ۋە ئالېكسەي».
مۇشۇ كىتاپتا تەسۋىرلىنىشچە، قىيناق ـ ئازاپتىن كېيىن شاھزادە
ئالېكسەي، ئاتىسىغا: «مېنىڭ قېنىم سېنىڭ ئەۋلاتلىرىڭنىڭ ئۈس-
تىگە ئېقىپ چۈشىدۇ ...» دەيدۇ.

ــ بىزنىڭ يېزىدا ئىشلارنىڭ هىچقانداق مەنىسى يوق، ــ
دەپ سۆز باشلىدى سېرگەي پلاتونېۋىچ هاياجانلىنىپ؛ ئۇ، ئو-
رۇندۇقتا بىردەم تىپىرچىلاپ تاماكا تۇتاشتۇردى ـ دە، سۆزىنى
داۋام قىلدۇردى، ــ گېزىت ئالمىغىنىمىزغا بىر هەپتە بولۇپ قال-
دى. ئەڭ كۆڭۈلسىز مىش ـ مىش گەپلەر، ساراسىمە، گاڭگىراش.
هەي خۇدا، بالا بولدىغۇ! مەن يېۋگېنىي نىكولايېۋىچنىڭ دەم ئې-

① مېرېژ كوۋىسكى (1865 ــ 1941) ــ ئەكسىيەتچى رۇس يازغۇچىسى.
ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن چەتئەلگە قېچىپ بېرىپ، سوۋېت هاكى-
مىيىتىگە قارشى هەركەت بىلەن شۇغۇللانغان ــ ت.

لىشقا كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، بۇ يەردە نېمە گەپ بولۇۋاتقانلىقىنى، نېمىنى كۈتۈش لازىملىقىنى سوراپ باقاي دېگەن نىيەت بىلەن بۇ يەرگە، سىزلەرنىڭ قېشىڭىزلارغا كېلىۋىدىم.

ساقال – بۇرۇتى پاكىز قىرىلغان ئاقۇش يۈزىدە تەبەسسۇمدىن ئەسەر قالمىغان يېۋگېنىي مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى:

— ئەھۋال ئېغىر ... سولداتلار پۈتۈنلەي بۇزۇلغان، ئۇلار ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايدۇ — ھەممىسى ھېرىپ-چارچىغان. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ يىل ئومۇمنىڭ چۈشەنچىسىگە سىڭگەن سولدات دېگەن سۆز ئۆز مەنىسىدىن قالدى. سولداتلار يۈگەنسىز، ياۋايى جىنايەتچىلەر توپىغا ئايلاندى. مەسىلەن، مانا دادامنى ئالساق ... ئۇ بۇنى پەقەتلا چۈشىنەلمەيدۇ. ئۇ بىزنىڭ ئارمىيىمىزنىڭ بۇزۇلۇپ، قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ ... سولداتلار ئۇرۇش مەيدانلىرىدىن ئىختىيارىچە كېتىشىۋاتىدۇ، ئاھالىلەرنى بۇلاڭ – تالاڭ قىلىۋاتىدۇ، ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ، ئوفىتسېرلەرنى ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ. كېپەن ئوغرىسى كەسپىنى قىلىۋاتىدۇ ... جەڭگىۋار بۇيرۇقنى ئورۇنلىماسلىق — ھازىر ئادەتتىكى نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى.

— بېلىق بېشىدىن چىرىيدۇ، — دېدى قېرى لىستنىتسكى ئاغزىدىن تۈتۈن چىقىرىپ تۇرۇپ.

— مەن بۇنى دېمىگەن بولاتتىم، — يېۋگېنىي يۈزىنى پۈرۈشتۈردى، قاپىقى ئەسەبىلەرچە تىترەپ كەتتى، — مەن بۇنداق دېمىگەن بولاتتىم ... بولشېۋىكلار تەرەپتىن ئازدۇرۇلغان ئارمىيە تۆۋەندىن چىرىۋاتىدۇ، ھەتتا كازاك قىسىملىرى، بولۇپمۇ پىيادە ئەسكەرلەر بىلەن يېقىن ئالاقە باغلىغان كازاكلار ئەخلاقىي جەھەتتىن تۇراقسىز. ئۇلار قاتتىق چارچىغان، ئۆزلىرىنىڭ تۇغۇلۇپ –

ئۆسكەن يۇرتلىرىغا، ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىشقا تەلپۈنۈپلا تۇرىدۇ... بىر تەرەپتە بولسا بولشېۋىكلار...

— ئۇلار نېمە قىلماقچى؟ — دېدى سېرگېي پلاتونوۋىچ چىداپ تۇرالماي.

— ھە!..، — دەپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى لىستىنىتىسكى، — ئۇلارنىڭ قىلماقچى بولغىنى... بۇ ۋابامىكروپلىرىدىنمۇ يامان! شۇ جەھەتتىن يامانكى، ئادەمگە ئاسانلا يۇقۇپ، سولداتلار ئامىسىنىڭ ئەڭ قويۇق يېرىگە سىڭىپ كىرىۋالىدۇ. مېنىڭ گېپىم ئىدىيە توغرىسىدا كېتىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن ھېچقانداق كارانتىن بىلەن قۇتۇلالمايسەن. بولشېۋىكلارنىڭ ئارىسىدا تالانتلىق كىشىلەرنىڭ بارلىقى شۈبھىسىز، بەزىلىرى بىلەن مەن ئارىلىشىپمۇ كۆرگەن ئىدىم، جاھىل مۇتەئەسسىپلىرىمۇ بار، ئەمما مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۆز بېشىمچى، ئەخلاقسىز شەخسلەر. ئۇلارنى بولشېۋىستىك تەلىماتنىڭ ماھىيىتى قىزىقتۇرمايدۇ، ئىمكانىيەتلا بولسا بۇلاڭ-تالاڭ قىلساق، ئۇرۇش مەيدانلىرىدىن كەتسەك دەيدۇ. ئۇلار ھەممىدىن بۇرۇن ھاكىمىيەتنى ئۆز قوللىرىغا ئېلىشنى خالايدۇ، ھەر قانداق شارائىتتا، مەيلى بىر تەرەپلىمە سۈلھە تۈزۈش يولى بىلەن بولسىمۇ، ئۆزلىرى ئاتىۋالغان «جاھانگىرلىك ئۇرۇش»نى توختىتىشنى خالايدۇ، يەرنى دېھقانلارغا، فابرىكىلارنى ئىشچىلارغا بېرىشنى خالايدۇ. بۇ، ئەلۋەتتە، ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئەخمىقانە خام خىيال بولسىمۇ، ئەمما ئاشۇنداق ساددا ئۇسۇل بىلەن سولداتلارنىڭ مايىللىغىنى ئۆز تەرىپىگە قارىتىۋالىدۇ.

لىستىنىتىسكى ئىچىدىكى غەزەپنى ئارانلا بېسىپ سۆزلەيتتى. پىل سۆڭىكىدىن ياسالغان مۈشتىكى بارماقلىرى ئارىسىدا تىترەيتتى. سېرگېي پلاتونوۋىچ خۇددى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتمەكچى بولغان ئادەمدەك ئالدىغا بويىنىنى سوزۇپ، گەپكە قۇلاق

سالاتتى. قىرى لىستىنىتىسكى بولسا يىشلغا مايىل ئاپپاق بۇرۇت- لىرىنى چىشلەپ، قارا موۋۇتتىن تىكىلگەن يەڭسىز چەكمەنىنى پولنىڭ ئۈستىدە شىپىرلىتىپ زالنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭاتتى.

يىۋگىنىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىشتىن ئىلگىرىلا كازاكلارنىڭ ئۈچ ئىلىشىدىن قورقۇپ، پولكتىن قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانـ لىقىنى؛ پېتروگرادتا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەردى.

پاراڭ بىر مىنۇتچە جىمىپ قالدى. قىرى لىستىنىتىسكى، سىرـ گەي پلاتونىۋىچنىڭ قاشىرىغا تىكىلىپ قاراپ:

ـــ خوش، سەن ھېلىقى كۈزدە ئۆزەڭ كۆرگەن بوز ئاتنىـ ئىسلزادىنى سېتىۋالامسەن؟ ـــ دەپ سورىدى.

ـــ ھازىر ئات ئالىدىغان چاغمۇ، نىكولاي ئالېكسىيېۋىچ؟ ـــ موخوپ چىرايىنى ئىچىنىشلىق پۈرۈشتۈردى ـ دە، ئۈمىتسىزلىك بىلەن قولىنى شىلتىدى.

بۇ چاغدا يېمىلەن خىزمەتكارلار ئۆيدە ئىسسىنىپ،چاي ئىـ چىپ ئولتۇراتتى، قىزىلچىندەك يۈزلىرىدىكى تەرنى قىزىل ياغلىقـ بىلەن پات ـ پات ئېرتىپ، يېڭا توغرىلىق، يېڭىلىقلار توغرىلىق سۆزلەپ بەردى. ئاكسىنىيە كارۋاتنىڭ نەقىشدار بېشىغا كۆكسىنى قويۇپ، تىۋىت رومىلىغا پۈركۈنۈپ، ئۆرە تۇراتتى.

ـــ ئىھتىمال، بىزنىڭ ئۆي بۇزۇلۇپ ۋەيران بولۇپ كەتكەنـ دۇر؟ ـــ دەپ سورىدى ئۇ.

ـــ ياقەي، نېمىشكە ۋەيران بولسۇن، ساق تۇرۇپتۇ! ئۇ نېمە بولماقچىتى؟ ـــ دەپ جاۋاپ بەردى يېمىلىيان بىر يېرى ئازاپلىنىـ ۋاتقاندەك گېپىنى سوزۇپ.

— پېرىنىڭ خوشنىمىز مىلىخوپلارنىڭ تۇرمۇشى قانداقراق كېتىۋاتىدۇ؟

— يامان ئەمەس.

— پېترو دەم ئېلىشقا كەلمىدىمۇ؟

— كەلمىگەندەك تۇرىدۇ.

— گىرىگورىيچۇ؟ ئۇلارنىڭ گىرىشكىسىنى دەۋاتىمەن؟

— گىرىشكا روژدېستوۋ بايرىمىدىن كېيىن كېلىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ خوتۇنى مۇشۇ يىل قوشكېزەك تۇغدى... گىرىگورىينى نىمشكىمۇ كەلمىسۇن — ياردار بولۇپ قايتىپ كەلگەن ئىدى.

— ياردار بولۇپتىمۇ؟

— شۇنداق بولمايچۇ. قولىغا ئوق تېگىپتۇ. تالاشقان ئىتلاردەك پۈتۈن ئەزايى تىتماكاتاڭ بولۇپكېتىپتۇ: ئۇنىڭ ئېسىۋالغان كرېستلىرى كۆپمۇ، تارتۇغى كۆپمۇ ئايرىۋالالمايسەن.

— گىرىشكا ئۆزى قانداقراق ئىكەن؟ — دەپ سورىدى ئاكسىنيە تامىغىغا قۇرۇق تىترەك تىقىلىپ، ئاندىن پۈتۈپ قالغان ئاۋازىنى ئوڭلاپ يۆتىلىپ قويدى.

— شۇ پېتى تۇرۇپتۇ... يەنە شۇ قۇش بۇرۇن، چىرايى قارا، ئۆزى تۈرك نەسلىدىن بولغاچقا، تۈركلىكى چىقىپ تۇرىدۇ.

— مەن بۇنى سوراۋاتقىنىم يوق ... بىر ئاز قېرىدىمۇ يوق؟

— بۇنىسىنى شەيتان بىلەر، بىرئاز قېرىپ قالغاندەكمۇ تۇرىدۇ. خوتۇنى قوشكېزەك تۇغدى ئەمەسمۇ، دىمەك، بەك قېرىپ كەتتى دىگىلىمۇ بولمايدۇ.

— بۇ يەر ئەجەپ سوغاق...، — ئاكسىنيە يەلكىسىنى تىترىتىپ تۇرۇپ شۇ سۆزنى دىدى - دە، چىقىپ كەتتى.

يېمىلـەن 8 - چىنىگەچاي قۇيۇۋېتىپ، ئاكسىنىيىنىڭ ئار-
قىسىدىن قاراپ تۇرۇپ، ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قارغۇ
ئادەم ئاستا تەمتىلەپ ماڭغاندەك ھەر بىر سۆزنى ھەجىلەپ مۇنداق
دېدى:

— ئىپلاس، سېسىق سىكە، ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر مەخلۇق، تې-
غى يېقىندىلا پۇتىغا چورۇق كىيىپ، يېزا بويىلاپ يۇگۇرۇپ يۇرىدى-
غان بىر نىمە، ئەمدىلىكتە «بۇجاي» دېيىشىنىڭ ئورنىغا «بۇ يەر»
دەۋاتقىنىنى قارىمامدىغان... مۇنداق خوتۇنلارغا مەن بەك ئۆچ.مەن
مۇنداق مەخلۇقلارنى... سېسىق يىلان پوستى! نەگە بارساڭ بـار...
«بۇ يەر سوغاق» ئىمىش... ماڭقا بايتال! نەق ئۆزى!

ئۇ خاپا بولۇپ، 8 - چىنىدىكى چاينى تۈزۈك ئىچمەيلا ئور-
نىدىن تۇرۇپ چوقۇنۇۋالدى. ئاندىن ئەتراپىغا راسا بىر قارىۋېلىپ،
پـاكىز ئېرتىلگەن پولنى قەستەن ئۆتۈكى بىلەن لاي قىلىپ چى-
قىپ كەتتى.

ئۇ قايتىشتا پۈتۈن يول بويى خوجايىنىغا ئوخشاش قاپىغى
سىلىق، خاپا قايتتى. ئاكسىنىيىدىن ئالالمىغان ئۆچىنى ماشتاكتىن
ئالدى، ھەدىسە ماشتاكنىڭ ئۇياتلىق يېرىنى قامچىنىڭ ئۇچى
بىلەن ساۋىلاپ، «ھۇ، پىسەندە»، «ھۇ، توكۇر» دەپ زەھەرلىك تىل
بىلەن تىللاپ ماڭدى، يېمىلەن ئۆز ئادىتىگە خىلاپ ھالـدا تاكى
يېزىغا يېتىپ بارغىچە خوجايىنى بىلەن لام - جىم دېيىشمىدى.
سېرگەي پلاتونېۋىچمۇ ئەندىشە ئىچىدە سۈكۈت ساقلىدى.

# 8

غەربىي جەنۇپ فرونتىنىڭ زاپاس كۈچلىرى ھىساۋىدا تۇرۇۋاتقان پىيادىلەر دىۋىزىيىلىرىدىن بىرىنىڭ بىرىنچى بىرىگادىسىنى ۋە بۇ بىرىگادىغا قوشۇپ بېرىلگەن 27 - دون كازاكلىرى پولكىنى فېۋرال ئۆزگىرىشى ئالدىدا باشلىنىپ قالغان تەرتىپسىزلىكلەرنى باشقۇرۇش مەقسىدىدە پايتەخت ئەتراپىغا ماڭدۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇش سېپىدىن يۆتكەپ كەتكەن ئىدى. بىرىگادىنى ئارقاسەپكە ئېلىپ كېلىپ، قىشلىق يېڭى كىيىم - كېچەكلەر بىلەن كىيىندۈردى، بىر كېچە - كۈندۈز ئوبدان غىزالاندۇردى، ئەتىسى ئۇلارنى ۋاگون - ۋاگونغا ئولتۇرغۇزۇپ، يولغا سالدى، ئەمما ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىياتى مىنىسك شەھىرىگە كېتىۋاتقان پولكلاردىن ئۆزۈپ كەتكەن ئىدى: بىرىگادىنى يولغا سالغان كۈنىلا ئىمپېراتور باش قوماندانىنىڭ ئىشتاۋىدا تەختتىن ۋاز كەچكەنلىكى توغرىسىدىكى ھۆججەتكە قول قويۇپتۇ، دىگەن ۋاراڭ - چۇرۇڭ گەپ - سۆزلەر تاراپ كەتكەن ئىدى.

بىرىگادا يېرىم يولدىن ئارقىسىغا قايتۇرۇلدى. رازگون ئىستانسىسىدا 27 - پولكقا ۋاگوندىن چۈشۈش توغرىلىق بۇيرۇق كەلدى. يوللارغا ۋاگون توشۇپ كەتتى. ۋاگزال سەھنىسىدە شىنېللىرىغا قىزىل شەلپەر تاقىغان ئەسكەرلەر رۇس نۇسخىسىدا، ئەمما ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن پوختا، يېڭى مىلتىقلارنى تۇتۇپ يۈرۈشەتتى؛

بۇ سولداتلارنىڭ كۆپى يۈز - يۈزدىن سەپكە تىزىلىشۋاتقان كازاكلارغا ئەيمىنىپ قارىشىپ، سەگەك بولۇپ تۇرۇشتى.

بۇلۇتلۇق كۈن كەچكە يېقىنلاپ قالغان ئىدى. ئىستانسا بىنالىرىنىڭ ئۆگزىسىدىن سۇ شىرىلداپ ئاقاتتى، يوللاردىكى نېفىت ئارىلاشپاقىراپ تۇرغان توختاق سۇلاردا سۇر بۇلۇتلۇق ئاسمان ئەكس ئېتەتتى. مانېۋىردا يۈرگەن پاراۋۇزلارنىڭ ھۆكىرىشى بوغۇنىقىپ ئۈزۈك - ئۈزۈك ئاڭلىناتتى. يۈك ئامبىرىنىڭ تېشىدا پۈتۈن پولك ئاتلىق سەپ تۈزۈپ برىگادا كوماندىرىنى قارشى ئالدى. پۈتىنىڭ ئوشۇغىغىچە چىلىپلاپ سۇ بولۇپ كەتكەن ئاتلاردىن ھور چىقىپ تۇراتتى. قارا قاغىلار سەپنىڭ ئارقىسىغا قورقماستىن قونۇپ، ئات تېزەكلىرىنى چوقۇشاتتى.

ئىگىزلىكى 2 گەز 3 ۋىرشوك كېلىدىغان قارا ئات مىنگەن برىگادا كوماندىرى پولك كوماندىرىنىڭ ھەمرالىقىدا كازاكلارنىڭ قېشىغا كەلدى. ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، يۈزلۈك بۆلۈنمىلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. گويا ئۆزىنىڭ ئىشەنچىسىز، بوغۇق سۆزلىرىنى يالىڭاچ بىلىكى بىلەن ئىتتەرگەندەك ئاران - ئاران سۆزلىدى:

— كەنتداشلار! ھازىرغا قەدەر پادىشالىق قىلىپ كەلگەن ئىمپېراتور نىكولاي ئىككىنچى... ئې - ئې - ئې ... تەختتىن چۈشۈرۈلدى. ھاكىمىيەت دۆلەت دۇماسىنىڭ ۋاقىتلىق كومىتېتى قولىغا ئۆتتى. ئارمىيە، جۈملىدىن سىزلەر بۇ... ئې - ئې - ئې... خەۋەرگە سەۋرچانلىق بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇشۇڭلار كېرەك... كازاكلارنىڭ ئىشى — ئۆز ۋەتىنىنى تاشقى تاجاۋۇزچىلىقتىن ... ۋە ... ئې - ئې - ئې... مۇنداقچە ئېيتقاندا، تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن قوغداشتىن ئىبارەت. يېڭى باشلانغان باشباشتاقلىقلارغا بىز ئارىلاشمايمىز. يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇشنىڭ يولىنى تاللىۋېلىشنى ئاھالىلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارىغا تاپشۇرىمىز. بىز چەتتە تۇرۇشىمىز كېرەك! ئۇرۇش

ۋە سىياسەت ئارمىيە ئۈچۈن سىغىشالمايدىغان نەرسە... پۈتۈن ئا-
ساسلار... ئې - ئې - ئې... تەۋرىنىپ قالغان مۇنداق كۈنلەردە بىز
مۇستەھكەم تۇرۇشىمىز كېرەك، شۇنداقكى...،— كۆپچىلىكنىڭ ئال-
دىدا سۆز قىلىپ ئۆگەنمىگەن، قېرى ۋە قابىلىيەتسىز گېنېرال سۆ-
زىنى تاپالماي تەمتىرەپ قالدى؛ ئۇنىڭ كېكەچلىكتىن ئازاپ چەك-
كەن مايلىشاڭغۇ يۈزىدە قاشلىرى ئويناپ كەتتى؛ بۆلۈنمىلەر سەۋ-
رىچانلىق بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى كۈتەتتى،— ئې - ئې - ئې... شۇن-
داق، پولاتتەك چىڭ بولۇشىمىز كېرەك. سىزلەرنىڭ كازاكلىق
ھەربى بۇرچۇڭلار سىزلەرنى ئۆز باشلىقلىرىڭلارغا بويسۇنۇشقا
چاقىرىدۇ. بىز دۈشمەن بىلەن بولغان جەڭدە بۇرۇن قانداق باتۇر-
لۇق كۆرسەتكەن بولساق، ھازىرمۇ خۇددى شۇنداق جەسۇرلۇق بى-
لەن ئۇرۇش قىلىمىز، خوش، ئۇ يەردە...،— قولىنى ئارقىسىغا يان-
تۇ ئىشارەت قىلدى،— دۆلەت دۇماسى مەملىكەتنىڭ تەقدىرىنى ئۆزى
ھەل قىلسۇن. بىز ئۇرۇشنى تۈگىتەيلى، ئەنە شۇ چاغدىلا بىزمۇ
ئىچكى ھاياتقا قاتنىشىمىز، ھازىرچە بىزگە... ئې - ئې - ئې... مۇم-
كىن ئەمەس. بىز ئارمىيىنى تاپشۇرۇپ بېرەلمەيمىز، ئارمىيىدە
سىياسەت بولماسلىقى لازىم!

بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مۇشۇ ئىستانىسىدىلا ۋا-
قىتلىق ھۆكۈمەتكە قەسەم بېرىشتى، ھەرقايسىسى ئۆز يۇرتلۇقلى-
رى بىلەن چوڭ - چوڭ گۇرۇپپا بولۇشۇپ، ئىستانىسىغا تۇشۇپ
كەتكەن سولداتلاردىن ئۆزلىرىنى ئايرىم تۇتۇپ يىغىن-
لارغا قاتنىشىپ يۈردى. كېيىن ئاڭلىغان نۇتۇقلارنى
ئۇزۇن مۇھاكىمە قىلىشتى؛ ئىشەنچ قىلالمىغان
ھەر بىر شۈبھىلىك سۆزنى بىر قۇر ئەسلەپ، دەڭسەپ كۆرۈشتى.
نىمىشكىدۇ ھەممەيلەندە: ئەگەر ئەركىنلىك بولۇپ قالسا — ئۇرۇش
تۈگەيدۇ، دىگەن بىر ئىشەنچ شەكىللىنىپ قالغان ئىدى، شۇنىڭ

بىلەن بىللە رۇسىيە ئاخىرغىچە ئۇرۇش قىلىشى كېرەك، دەپ داۋ-
راڭ سالىدىغان ئوفىتسېرلەرنىڭ ئاشۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتقان
ئېتىقاتقا قارشى كۆرەش ئېلىپ بېرىشىمۇ تەس بولۇپ قالغان
ئىدى.

ئۆزگىرىشتىن كېيىن ئارمىيىنىڭ يۇقۇرى قاتلاملىرىنى
قاپلىۋالغان ساراسىمە تۆۋەنكى قاتلاملاردىمۇ ئەكس ئەتكەن ئىدى؛
يېرىم يولدا تۇرۇپ قالغان بىرىگادىنىڭ مەۋجۇتلۇغىنى دىۋىزىيە
ئىشتاۋى ئۇنتۇپ قالغاندەكلا ئىدى. بىرىگادا پويىزدىن چۈشكەن-
دىن كېيىن 8 كېچە - كۈندۈزگە بەلگىلەپ بېرىلگەن ئوزۇق -
تۈلۈكنى يەپ تۈگىتىپ قويدى؛ سولداتلار توپ - توپ بولۇشۇپ،
يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلارغا كېتىشتى، بازاردا قەيەردىندۇ سېتىلى-
دىغان ئىسپىرت پەيدا بولدى، شۇ كۈنلەردە تۆۋەن دەرىجىلىكلەر
بىلەن ئوفىتسېرلەرنىڭ مەس يۈرگەنلىكىنى كۆرۈش ھەيران قالار-
لىق ئىش ئەمەس ئىدى.

ئالدىنقى سەپتىن قايتۇرۇپ، باشقا جايغا يۆتكەش سەۋىۋى
بىلەن ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى خىزمەت - ۋەزىپە دائىرى-
سىدىن ئايرىلىپ قالغان كازاكلار ئىسسىتىلغان ۋاگونلاردا ئولتۇرۇپ،
دونغا ئەۋەتىلىشىنى كۈتە - كۈتە زېرىكىپ كېتىشتى (2 -
نۆۋەتتە ئېلىپ كېلىنگەن كازاكلارنى ئۆيلىرىگە قويۇپ بېرىدىكەن
دېگەن مىش - مىش گەپ ئەۋج ئېلىپ كەتكەن ئىدى)، ئۇلار
ئاتلارنى بېقىش ئىشىغا سۇس قاراشتى، كۈندۈزى بازار مەيدانىدا
تىقىلىشىپ يۈرۈپ، ئالدىنقى سەپتىن يىغىپ ئېلىۋالغان، دەرمەھەل
سېتىشقا بولىدىغان نەرسىلەرنى: نېمىس ئەدىياللىرى،نەيزە - ھە-
رە، شىنېل، كۆن سومكا، تاماكا قاتارلىق نەرسىلەرنى ساتقىلى
تۇردى...

ئۇرۇش سېپىگە قايتىش توغرىسىدىكى بۇيرۇق ئاشكارا زار-

لىنىش، نارازىلىق كەيپىياتىقا ئۆچرىدى. 2 - يۈزلۈك بۆ-
لۈنمە يولغا چىقىشتىن باش تارتتى، كازاكلار پاراۋۇزنى ۋاگونلارغا
چېتىشقا يول قويمىدى. ئەمما پولك كوماندىرى قورالسىزلاندۇرۇ-
مەن دەپ تەھدىت سالغاندىن كېيىنلا، دولقۇن پەسىيىپ، بېسىقىپ
قالدى. ھەربىي ۋاگونلار ئالدىنقى سەپكە قاراپ يول ئالدى.

— بۇرادەرلەر، بۇ قانداق گەپ؟ ئەركىنلىك - ئەركىنلىك،
ئەمدىلىكتە ئۇرۇش سېپىگە بارساق، دىمەك يەنە قان تۆكىمىزمۇ؟

— كونا زۇلۇم يەنە باشلىنىۋاتىدۇ!

— ئۇنداق بولسا، پادىشانى نىمە دەپ بىقىشتى؟

— ئۇ تەختتە ئولتۇرغان چاغدا بىز نىمە خوپلىق كۆردۇق،
ھازىرمۇ بەرىبىر ئوخشاش...

— شالۇۋۇر ئوخشاش، پەقەت ئېغى ئارقىسىغا قارىغان.

— توغرا - توغرا!

— بۇ ئەھۋال قاچانغىچە داۋاملىشار؟...

— مۇرىمىزدىن مىلتىق چۈشمىگىلى 3 يىل بولۇپقالدى!—
ۋاگونلاردا شۇ تەرىقىدە گەپ - سۆز كېتىۋاتتى.

تۆمۈر يول تۈگۈنلىرى كۆپ تۇتاشقان بىر ئىستانسىدا
كازاكلار بۇرۇنلا تىل بىرىكتۈرۈۋالغاندەك، پولك كوماندىرىنىڭ
ۋەز - نەسىھەت، دوق - پوپوزىلىرىغا قۇلاق سالماستىن، ۋاگونلار-
دىن يۈگۈرۈپ چۈشۈشتى - دە، چوڭ يىغىن ئاچتى. كازاكلارنىڭ
كۆلىرەك شىنېللىرىنىڭ چەكسىز قاينىمى ئارىسىدا گارنىزون باش-
لىغى بىلەن ياشىنىپ قالغان ئىستانسا باشلىغى كازاكلارغا: ۋاگون-
لىرىڭلارغا چىقىڭلار، يولنى بوشىتىڭلار دەپ يېلىنىپ يالۋۇرۇپ،
بىھۇدە ئاۋارە بولۇشتى. كازاكلار 3 - بۆلۈنمىدىكى ئورەدنىك-
نىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن تىڭشاشتى. ئورەدنىكتىن كېيىن ۋې-
چىكرەك، قامەتلىك كازاك مانجۇلۇق سۆزلىدى. ئۇنىڭ ئاپپاق تا-

تىرىپ، غەزەپتىن قىيشىيىپ كەتكەن ئاغزىدىن زەھەرلىك سۆزلەر ئاران ـ ئاراندا چىقاتتى:

ــ يولداشلار! بۇنداق كېتىۋەرسە بولمايدۇ! بىزنى يەنە ئۇيات ئاستىغا قويۇشتى. ئالدىماقچى بولۇشۇۋاتىدۇ! ئىنقىلاپ بولغان ئىكەن، پۈتۈن خەلققە ئەركىنلىك بېرىلىشى كېرەك، دىمەك، بىز ئۇرۇشنى توختىتىشىمىز كېرەك، چۈنكى خەلق بىلەن بىز ئۇرۇشنى خالىمايمىز! مۇشۇ دىگىنىم جايىدىمۇ؟ توغرىمۇ؟

ــ توغرا!

ــ قۇرۇپ كەتسۇن!

ــ ھەممىمىز تويدۇق!

ــ شالۋۇرنىڭ ئەھۋالى مۇنۇ... كىيگۈچىلىگى قالمىدى... يەنە قانداق ئۇرۇش!؟

ــ ئۇرۇشنى خالىمايمىز!...

ــ ئۆيىمىزگە قايتىمىز!

ــ پاراۋۇز، ئۆز يولۇڭغا ماڭ! فېدوت، بۇ ياققا كەلگىنە!

ــ يۇرتداشلار! توختاپ تۇرۇڭلار! يۇرتداشلار! بۇرادەرلەر! قۇرۇپ كەتكۈرلەر، ئاغزىڭلارغا، جىگىرىڭلارغا، يۈرىگىڭلارغا نەرسە تىقىپ قويايمۇ!... بۇرادەرلەر! ــ مانجۇلوپ مىڭلىغان ئاۋازلارنى بېسىپ كېتىشكە تىرىشىپ، كانىيى يىرتىلغۇدەك ۋاقىرىدى، ــ توختاپ تۇرۇڭلار دەيمەن! پاراۋۇز بىلەن ئىشىڭلار بولمىسۇن! ئۇنىڭ بىزگە لازىمى يوق، ئۇلار پەقەت بىزنى ئالدىماقچى... ئالىي ھەممەتلىك پولك كوماندىرى ھۆججەتلەرنى ئېلان قىلسۇن: ئۇلار راستىنلا بىزنى فۇرونتقا چاقىرىۋاتامدۇ ياكى ئۇلارنىڭ ئويلاپتاپقان ھىلە ـ مىكرىسىمۇ؟...

ھۇدۇقۇپ ئۆزىنى يوقتىسپ قويغان پولك كوماندىرى كالپۇكلىرىنى تىترىتىپ، دېۋىزىيە ئىشتاۋىدىن تاپشۇرۇۋېلىنغان پولكنى

فۇرونتقا چاقىرىش توغرىسىدىكى تېلېگىراممىنى ئۇنىڭ ئوقۇپ بەر-گەندىن كېيىنلا، پولكتىكى ئەسكەرلەر ۋاگونغا چىقىشتى.

بىر ئىسسىتىلغان ۋاگوندا تاتارىسكى يېزىسىدىن بولغان 27 - پولكتا خىزمەت قىلىدىغان 6 كىشى كېتىۋاتاتتى، ئۇلار: پېترومېلېخوپ، مىشكا كوشېۋوينىڭ تاغىسى — نىكولاي كوشېۋوي، ئانىكۇشكا، فېدوت بودوۋىسكوپ، سىگانغا ئوخشاپ كېتىدىغان قارا چاگاساقال، سارالڭ قېتىش سۇس قوڭۇر كۆز مېركولوپ ۋە كورشۇنوپلارنىڭ خوشنىسى، يولدىن ئازغان خۇشخۇي كازاك ماكسىمكا گرەزنوپلار ئىدى، گرەزنوپ ئۇرۇشتىن ئىلگىرى پۈتۈن يېزا ئايماقلاردا قورقماس ئات ئوغرىسى دەپ ئەسكى نام چىقارغان ئىدى.«ئات ئوغرىلاش مېركولوپقا باپ كېلەتتى، چۈنكى ئۇ سىگانغا ئوخشايدۇ، پۈتۈن تۇرقى شۇنداق... ئەمما ئۇ ئات ئوغرىلىمايدۇ. لېكىن سەن، ماكسىم، ئاتنىڭ قۇيرۇغىنى كۆرۈش بىلەنلا ئۆزەڭنى قويىدىغان يەر تاپالمايسەن!» دەپ كازاكلار گرەزنوپنى ھەمىشەم مازاق قىلىشاتتى. ماكسىمكا قىزىرىپ كېتەتتى - دە، زىغىر چېچىكىدەك ھاۋارەڭ كۆزلىرىنى قىسىپ: «مېركولوپنىڭ ئانىسىنى سىگان قۇچاغلاپ ياتقاندا، ئىبھىتىمال، مېنىڭ ئانام كۈندەشلىك قىلغان بولسا كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا، مەن... خۇدا كۆرسەتمىسۇن، ئوغرىلىق قىلىشقا ئۇگەنمىگەن بولاتتىم!...» دەپ سەت تىل بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇپ قۇتۇلاتتى.

ۋاگوننىڭ ئىچىگە تەتۈر شامال غۇيۇلداپ سوقۇپ تۇراتتى؛ يوپۇق يېپىلغان ئاتلار ۋاقىتلىق ياسالغان ئوقۇرلارنىڭ ئالدىدا تۇرۇشاتتى؛ ۋاگوننىڭ ئوتتۇرىسىدا — مۇز قاتقان توپا دۆمبەچەكنىڭ ئۈستىدە — ھۆل ئوتۇن پىقسىراپ تۇراتتى — ئاچچىق تۈتۈن ئىشىكنىڭ يوچۇقلىرىدىن ئۆزۈلمەي كىرەتتى. كازاكلار ئوتنى چۆرىدەپ ئىگەر - توقۇمنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشۇپ، تەردىن سىبىسىپ

گەتكەن هۆل پايتىمىلىرىنى قۇرۇتۇشاتتى. فېدوتبودووۋىسكوپ يالىـ
ڭاياق ئەگرى پۇتلىرىنى ئوتقا قاقلاپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ياڭاق
سۆڭگى دومبىيىپ چىققان قالماق چىراي يۈزىدە مەمنۇنلۇق نەـ
بەسسۇمى جىلـۋىلىنەتتى. گرەزنوپ ئۆتۈگىنىڭ سوكـىلىپ كەتكەن
چەمىنى مومىلانغان يىپ بىلەن ۋاقتىنچەتىكىۋېتىپ، كىمگىدۇر بىرـ
سىگە قارىتا ئىستىن دىمىقىپ كەتكەن بوغۇق ئاۋاز بىلەن مۇڭداق
دەيتتى:

— ... كىچىك ۋاقتىمدا قىش كۈنى مەشنىڭ ئۈستىدە ياتىدىـ
غان ئىدىم. شۇچاغدا چوڭئانام (شۇ يىللىرى چوڭ ئانامنىڭ يېشى
يۈزدىن ئاشقان ئىدى!) بېشىمنى سىلاپ پىت بېقىپ چۆچەك ئېيىـ
تىپ بېرەتتى: «قوزىچىغىم، ماكسىمۇشكام! بۇرۇنقى زاماندا خەلق
مۇنداق ياشىمايتتى — مۇستەهكەم هايات كەچۈرەتتى،قائىدە بويىچە،
هېچقانداق بالايى - ئاپەتكە ئۇچرىمايتتى. سەن ئامرىغىم بالام،دۇنـ
يادا هايات بولساڭ، شۇنداق بىر زامان بولىدۇكى، پۈتۈن يەر- زىـ
مىننى سىم بىلەن ئوراپ، باغلىۋېتىدىغانلىقىنى كۆرىسەن، كۆك
ئاسماندا تۆمۈر تۇمشۇقلۇق قۇشلار ئۇچۇپ يۈرىدۇ. قاغا - قۇزغۇنلار
تاۋۇزنى چوقىلىغاندەك، ئۇلار ئادەملەرنى چوقىلايدۇ ... خەلق ئارىـ
سىغا ۋابا تارقىتىلىدۇ، ئاچارچىلىق بولىدۇ، ئاكىغا ئىنى ۋە
ئاتىغا ئوغۇل قارشى قوپىدۇ... خەلق يانغىنىدىن قالغان ئوتـ
چۆپتەك بولۇپ قالىدۇ». مانا شۇلارنى سۆزلەپ بېرەتتى، — ماكـ
سىم بىردەم سۈكۈت قىلىپ، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — دىـ
گەندەك چوڭ ئانامنىڭ ئېيتقىنى كەلدى ئەمەسمۇ؛ تېلېگرافنى
ئويلاپ چىقىرىشتى — مانا سىم دېگىنى ئاشۇ! تۆمۈر قۇش دېگىـ
نى يېروپىلانلار ① ئۇلار بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىزنى ئاز چوقىلىدىـ

① يېروپىلانلار — ئايرۇپىلانلار دىمەكچى.

مۇ؟ ئاچارچىلىقمۇ بولىدۇ! مېنىڭ ئۆيۈمدىكىلەر ئاشۇ يىللارغا قارىغاندا ئاشلىقنى بۇ يىل 2 ھەسسە ئاز تېرىپتۇ، باشقا خوجايىنلارمۇ شۇنداق، يېزا ـ كەنتلەردە پەقەت قېرىلار بىلەن كىچىك باللارلا قېپقالغان، ھوسۇل چىقمىسا ــ «ئاچارچىلىق» دىگەن مانا شۇ.

ــ ئاكىغا ئىنى مۇشت كۆتىرىدۇ دىگەن سۆز ــ يالغانمۇ، قانداق؟ ــ دەپ سورىدى پېتروميلىخوپ ئوتنى چۇقچىلاپ تۇرۇپ.

ــ توختاپ تۇر، خەلق بۇنداق ئىشنى كۆرىدۇ تېخى.

ــ ھاكىمىيەتنى تۇرغۇزالماي، قوساق تۇرۇشى قىلىدۇ،ــ دەپ سۆزگە ئارىلاشتى فېدوت بودوۋىسكوپ.

ــ بۇ شەيتانلارنى يۇۋاشلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ــ سەن ئاۋال گېرمانلارنىڭ ئەدىۋىنى بەر، ــ دەپ كۈلدى كوشىۋوي.

ــ خوش، نىمە بولۇپتۇ، سوقۇشساق، سوقۇشمامدۇق...

ئانىكۇشكا ئۆزىنى قورققانغا سېلىپ ئايال كىشىنىڭكىدەك كۈسا يۈزىنى پۈرۈشتۈرۈپ:

ــ بىزنىڭ يۈك پاچاق مەلىكىمىز قاچانغىچە «تۇرۇشىمىز» دەپ جار سالىدىكىنە؟ ــ دىدى ئاۋازىنى كۆتىرىپ.

ــ سەندەك ئاختا قىلىنغان كۈسىنىڭ بەدىنىنى تۈك باسقانغا قەدەر، ــ دىدى كوشىۋوي ئۇنى گەپتە چېقىۋېلىپ.

ئوتنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغانلار پاراققىدە كۈلۈشتى. پېترو تو-تۇندىن قېقىلىپ يۆتەلدى ـ دە، ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن ئانىكۇشكىغا تىكىلىپ، بارمىقىنى تۇرتۇپ قويدى.

ــ موي دىگەن نەرسە ــ ئەخمەقلىقنىڭ ئالامىتى...،ــ

دەپ‌غۇدۇڭشىدى ئانىكۇشكا ئىزا تارتىپ، — ئۇ لازىمى يوق يەردىمۇ ئۈسۈۋېرىدۇ ... سەن كوشېۋوي ئاياقلىرىمنى بىكارلا لىكىلدىتىسەن...

— ياق - ياق، بولدى ئەمدى! بەك چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتتۇق! — دىدى گرەزنوپ تۇساتتىن ئاچچىقلىنىپ، — بىز بۇ يەردە ئازاپ چېكىۋاتىمىز، پىتقا يەم بولۇپ تۈگەشتۇق، ئائىلە، بالا - چاقىلىرىمىز ئۇ يەردە مۇھتاجلىق تارتىۋاتىدۇ، بۇ زادى قانداق ئىش؟ ... كەسسەڭ قان چىقمايدۇ.

— سەن نىمىگە چېچىلىسەن؟ — دەپ ئىستېھزا بىلەن سورىدى پېترو بۇغداي رەڭ بۇرۇتىنى چىشلەپ.

— نىمىگە ئىكەنلىكى مەلۇمغۇ...، — گرەزنوپ ئۇچۇن مېركولوپ جاۋاپ بەردى، ئۇ، كۈلكىسىنى بىلىندۇرمەي، سىگانچە چاڭگا ساقىلىغا ئىشەنچ بىلەن يوشۇردى، — ھەممىگە مەلۇم، كازاك ھېرىپ - چارچىماقتا ... ئائىلە، بالا - چاقىسىنى سېغىنماقتا... بەزىدە پادىچى پادىسىنى ئوتلاققا ھەيدەپ چىقىدۇ: قۇياش شەبنەمنى قۇرۇتقىچە، ماللار خاتىرجەم يايلاۋېرىدۇ. قۇياش دۇپ دەرەخى بويى كۆتىرىلگەندە، كۆكۈيۈن چېقىشقا باشلايدۇ، مانا شۇ چاغدا ...، — مېركولوپ كازاكلارغا مۇغەمبەرلىك بىلەن كۆز يۈگۈرتۈپ، پېتروغا قايرىلدى - دە، سۆزىنى داۋام قىلدۇردى، — مانا شۇ چاغدا، جانابى ۋاخمىستىر، مالغا غەلىتە بىر ئەھۋال يۈزلىنىدۇ، بۇنى، ئەلۋەتتە، ئۆزەڭمۇ بىلىسەن! سەن، ئېھتىمال، زىيالىلاردىن ئەمەسقۇ! ئۆزەڭ تالاي ئۆكۈزلەرنىڭ قۇيرۇغىنى تولغىغانسەن... ئادەتتە بىرەر غونۇجىن قۇيرۇغىنى دۈمبىسىگە خادا قىلىپ بىر مۆرەيدۇ - دە، ئاندىن پاچىقىنى سوزۇپ يۈگۈرۈپ كېتىدۇ! ئاندىن پۈتۈن پادا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئارقىسىدىن چاپىدۇ. پادىچى: «ئايھاي! — ئايھاي!...» دەپ يۈگۈرىدۇ. ئەمما ئۇ نىمە چارە

قىلالىسۇن؟! پادا تارىلىپ چىپىشقا باشلايدۇ، نىزۋىسكا قىشىدا نىمىسـ
لارغا بىزنىڭ تارىلىپ ھۇجۇم قىلغانلىغىمىزدىن زادى قىلىشمايدۇ.
ئۇلارنى توختىتىشۋېلىشنىڭ نەدىكى گەپ؟
— سەن گەپنى نەگە ئەگىتىۋاتىسەن؟
مىركولوپ بىردىنلا جاۋاپ بەرمىدى. قاپ - قارا ساقىلىنىڭ
بىر ئۇرامىنى بارمىغىغا يۆگەپ، ئۇنى قاتتىق بىر تارتتى - دە،
كۆلۈمسىرىمەستىن، جىددى قىياپەتتە سۆزلەشكە باشلىدى:
— ئۇرۇشۇۋاتقىنىمىزغا 3 يىل بولۇپ قالاي دىدى...
شۇنداقمۇ؟ بىزنى 3 يىلدىن بۇيان ئاكوپنىڭ ئىچىگە ھەيدەپ ئېـ
لىپ كىرىشتى. بۇ نىمە ئۈچۈن؟ — بۇنى ھىچكىم چۈشەنمەيدۇ..
مەن شۇنى دەپ قويايكى، پات ئارىدا، قانداقلا بولمىسۇن گىرەزنوپ
ياكى مىلىخوپ ئالدىنقى سەپتىن كىتىپ قالىدىغان بولسا، ئۇنىڭ
ئارقىسىدىن پولك، پولكنىڭ ئارقىسىدىن ئارمىيە ... ئەگىشىپ
كىتىۋېرىدۇ!
— سىنىڭ قاچىدىغان ئېپىڭ شۇنداق ئىكەن - دە ...
— نەق شۇنداق! مەن قارغۇ ئەمەس، كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن:
ھەممە قىلنىڭ ئۇستىدە تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ يەردە بىرسى «ئاتلان»دەپ
ۋاقىرىسىلا بولدى، يەلكىدىن ئەسكى چاپان چۈشكەندەك ھەممىسى
سىرىلىپ چۈشۈشكە باشلايدۇ. 3 - يىلدا بىزگىمۇ قۇياش دۇپ
دەرىخى بويى بولۇپ قالدى.
— سەن ئاۋايلاپ سۆزلىسەڭ بولاتتى! — دەپ مەسلىھەت
بەردى بودوۋىسكوپ، — بۇ يەردە پېترو تۇرۇپتۇ... ئۇ ۋاخمىستىرغۇ...
— مەن ئەزەلدىن يولداشلىرىمنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماي
كەلدىمغۇ ! — دەپ بىردىن ئاچچىقلاندى پېترو.
— ئاچچىغىڭ كەلمىسۇن، چاخچاق قىلىپ ئېيتىپ قويـ
دۇم، — دىدى بودوۋىسكوپ خىجىل بولۇپ، ئۇ يالغاياق پۈتلىرىـ

نىڭ تۇگۈن — تۈگۈن بارماقلىرىنى مىدىرلىتىپ، ئورنىدىن تۇردى۔
دە، شىپىلداپ ئوقۇر تەرەپكە كەتتى.
بىر بۇلۇڭدا، چىلىڭ باغ قىلىنغان قورۇق ئوت بېسىلغان يەرنىڭ يېنىدا باشقا يېزىنىڭ كازاكلىرى ئۇنىنى ئاستا چىقىرىپ پاراڭلىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت كارگىن بىلەن فادىيىپ ئىككىسى كارگىن يېزىسىدىن بولۇپ، قالغان 8 ى ھەرقايسى يېزا۔ كەنتلەرنىڭ كازاكلىرى ئىدى.
بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئۇلار ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. چىر كازاكى ئالىموپ ناخشىنى باشلاپ بەردى. ئۇ، ئۇسۇل ناخشىسىنى باشلىغان ئىدى، ئەمما بىرسى ئۇنىڭ دۈمبىسىنى شاپىلاقلاپ، شامال تەككەن ئاۋاز بىلەن:
— توختاپ تۇر!...— دەپ توۋلىدى.
— ھەي، يېتىم باللار، ئوتقا يېقىن كېلىڭلار!— دەپ چاقىردى كوشىۋوي.
يېرىم ئىستانسىدا تاختاي تامدىن سۇندۇرۇلغان تارىشا ئوتۇنلارنى گۈلخانغا تاشلاشتى. ئوتنىڭ چۆرىسىدە ئەمدى كۆڭۈللۈك ناخشا ياڭراشقا باشلىدى:

يۇرۇشكە جابدۇلغان بىر جەڭگىۋار ئات،
چېركاۋنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ كىشنەپ.
موماي يىغلار شۇندا، نەۋرىسى ياندا،
نەۋجۇۋان كېلىنى ياش تۆكەر ھەدەپ.

ئەنە چىقىپ كەلدى قورالىق كازاك،
ئىبادەتخانىدىن، مۇقەددەس جايدىن.
ئېلىپ كەلدى ئاتنى يارى يېتىلەپ،
سۇندى نەيزىسىنى جىيەنى ياندىن.

ـل . ياندىكى ۋاگوندا قوش قاتار گارمۇن يەل كۆرۈكىنى خىرىلـ
دىتىپ، «كازاچوك» ① كۈيىگە چېلىپ، چاڭ چىقىرىدۋاتاتتى. دۆلەت
تارقاتقان ئۆتتۈكنىڭ پاشنىلىرى تاختاي پولنى ئايىماستىن دۆكۈر-
لىتەتتى، كىمدۇ بىرسى سەت ئاۋاز بىلەن ۋاقىلداشقا باشلىدى:

ئېھ، يـۇگۇر - يېتىم دىشلەر، سىز جاپالىق ھەممە چاق،
ئاق پاشانىڭ خامۇتى ئىسكەنجىدەك قىسىنچاق!
كازاك بويىنىنى قىسسا، ئۇھ دىيىشكە يوق ئىمكان،
نەپەسمۇ ئالالمايسەن، يۈز جىننىڭ قالىماس ئامان.
پۇگاچىيېنىڭ خىتاۋى دوننى بويلاپ ياڭرىدى،
ئاستا - ئاستا تارىلىپ، تۆۋەن ياققا يامرىدى.
«ئاتامانلار، كازاكلار!...»

ئىككىنچى بىرسىنچىسـكـە جاۋىلداق ئاۋاز، ئاۋالقى ئاۋازنى
بېسىپ چۈشۈپ، تېتىقسىزلىق بىلەن چىقىراشقا باشلىدى:

چار پاشاغا سادىقمىز، ھاللال خىزمەت ئەيلەيمىز،
يارىمىزدىن ئەنسىرەپ، بىز ھەسرەتتە ئەسلەيمىز.
بىر ئايالنى تاپارمىز - دە، ئەسلەشنىمۇ قويارمىز،
لېكىن شاھقا جانىمىزنى، يارىمىزنى ئاتارمىز.
ھاي، كۆيدۈرگىن! ياندۇرغىن!...
ئۇ - ئوھ! ئوھ! ھا - ھا - ھا!
ھا - ھا - ھى - ھۇ - ھا - ھا - ھا!

كـازاكلار ئـالىلقـاچـان نـاخشىنـى ئـۈزۈپ قويۇپ، خوشنا
ۋاگـونـدىكـى ئـەۋجىـگـە چـىقىۋاتـقـان قـىقـاس - چـۇقـان،
ۋاراڭ - چۇرۇڭغا قـۇلاق سـېلىشىپ، بىر بىرىگە كۆز قىسىشاتتى،

① «كازاچوك» — ئوكراينىچە خەلق ئۇسۇلى.

ھىسداشلىق بىلەن كۆلۈپ قويۇشاتتى، پېترو مېلىخوپ ئۆزىنى با-
سالماي، قاقاقلاپ كۆلۈپ كەتتى:
— ئېھھى! مۇنۇ شەيتانلار خوشاللىقتىن خۇدىنى
يوقاتماقتا!
مېركولوپنىڭ ساغۇچ ئۇچقۇن باسقان قوڭۇر كۆزلىرى شات-
خوراملىقتىن چاقنايتتى؛ ئۇ، ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە،
كۆينىڭ پەدىسىگە ماسلىشۇپ، ئۆتۈكنىڭ تۇمشۇغى بىلەن
ناھايىتى ئۇششاق دەسسەپ، كېيىن بىردىنلا پولنى تېپىپ ئۇسۇل-
غا چۈشۈپ كەتتى، ئۇ ناھايىتى يېنىك، ئەپچىللىك بىلەن زوڭزى-
يىپ، پىر - پىر ئايلىنىشقا باشلىدى. ھەممەيلەن نۆۋەت بىلەن
ئۇسۇلغا چۈشۈپ — توختىغان بەدىنىنى ھەركەت بىلەن ئىسسىتتى،
ياندىكى ۋاگوندا قوش تۆكمىلىك گارمۇننىڭ ئاۋازى تىنىدى —
ئەمدى بۇ يەردە خىرىلدىغان ئاۋازلار بىر بىرىنى قاتتىق تىللىشات-
تى. بۇ يەردە بولسا ئۇسۇل قىزىپ، ئاتلارنى بىسەرەمجان قىلىۋەت-
تى. قوترىغاندەك، جان - جەھلى بىلەن ئۇسۇل ئويناۋاتقان ئانى-
كۇشكا ئىنتايىن مۇرەككەپ تېز ھەركىتىنى ئورۇنلاۋاتقان پەيتتە
توساتتىن ئۆتنىڭ ئۈستىگە ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى - دە،
شۇنىڭ بىلەن ئۇسۇل ئويناش توختىدى. ئانىكۇشكىنى قاقاقلىشىپ
كۆلگەن پېتى كۆتىرىۋېلىشتى، كۆيۈپ توگەي دەپ قالغان شام-
نىڭ يورۇغىدا ئۇنىڭ ئېغى كۆيۈپ كەتكەن يىپ - يېڭى شالۋۇرى-
غا، ئوت يالاپ يېرىم - ياتا كۆيدۈرگەن پاختىلىق چاپىنىنىڭ ئى-
تەك - پەشلىرىگە ئۇزاققىچە قاراشتى.
— شالۋۇرۇڭنى سېلىپ تاشلا! — دەپ مەسلىھەت بەردى
مېركولوپ ئېچىنىپ.
— ھەي سىگان، ئەخمەق بولۇپ قالدىڭمۇ؟ ئۇ چاغدا نىمى-
نى كىيىمەن؟

مېركولوپ خۇرجۇننى ئاختۇرۇپ، خوتۇنىنىڭ ماتا كۆينىكى-نى تېپىپ بەردى. ئۇنى پۇلەپ يېگىۋاشتىن ئۇلغايتتى، مېركو-لوپ كۆينەكنى تار يەلكىسىدىن تۇتۇپ تۇردى. ئاندىن بىرئاز ئار-قىغا قايتىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ مۇنداق دىدى:

— مانا! ... ئوھ ئوھ! بۇنى مەن ئىستانسىدا، تاختاي تامنىڭ ئۈستىدىن ئوغرىلىغار ئىدىم ... بۇنى پۇتۇمغا پايتىما قىلارمەن دەپ ساقلاپ يۈرەتتىم ... ئوھ! بۇنى يىرتىپ نىمە قىلاي ... سەن ئالغىن!

ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىغىنىغا قارىماستىن ئانىسكۇشكىغا كۆينەك-نى زورلاپ ئاران كىيگۈزۈپ، شۇنداق تېلىقىپ كۈلۈشتىكى، ياندى-كى ۋاگوننىڭ ئىشىگىدىن كىشىلەر بېشىنى چىقىرىشىپ، نىمە ۋەقە بولغاندۇر دەپ قاراشقا باشلىدى، تۆن قاراڭغۇسىدا ئۇلار زوقلانغان ئاۋازدا ھايھايلاشتى:

— نىمە قىلىۋاتىسىلەر، ئۇ يەردە؟

— لەنىتى ئايغىرلار!

— نىمىگە شۇنچىلىك خوشال بولۇپ كەتتىڭلار؟

— مەجنۇن ئاشقلار، تۆمۈر تېپىۋالدىڭلارمۇ؟

كېينكى ئىستانسىدا توختىغاندا ئالدىنقى ۋاگوندىن بىر گارمۇنچىنى تارتىپ ئېلىپ كېلىشتى، باشقا ۋاگونلاردىنمۇ كازاكلار كېلىپ تولۇپ كەتتى، ئوقۇرلارنى سۇندۇرۇپ، ئاتلارنى تامغا قىس-تاپ، چوڭ توپ ھاسىل قىلدى، كىچىككىنە دائىرە ئىچىدە ئانى-كۇشكا پىقىراپ ئۇسۇلغا چۈشتى، كىيىۋالغان ئاق كۆينەك، قارىغان-دا، بەستلىك ئايالنىڭ كۆينىكى بولسا كېرەك، بويىغا ئۇزۇن كەل-گەنلىكتىن، پۇتىغا يۆگىشىپ قالاتتى، ئەمما كىشىلەرنىڭ قىقاس-چۇقانلىرى، «ھۇبەللى!» دەپ تۇۋلاشلىرى ئۇنىڭ روھىنى ئۇرغۇت-قاچقا، ھالىدىن كەتكىچە ئوينىدى.

قانغا غەرق بولغان بېلارۇس ئاسمىنىدا يۇلتۇزلار قايغۇ ئىچىدە كۆز يېشىنى تۆكەتتى. تۈن ئاسمىنىنىڭ قاراڭغۇلۇغى تۈتۈنىدەك لەيلەپ، قاپ ـ قارا ھاڭدەك ئاغزىنى ئېچىپ ۋەھىمىلىك كۆرۈنەتتى. غازاڭ ـ ياپراقلارنىڭ، ساپ ـ سېرىق كۆپۈكلەپ پىخسىرىغان ساسلىقنىڭ، مارت ئېيىدىكى قارنىڭ ئاچچىق پۇراقلىرىدىن نەپەس ئالغان يەرنىڭ ئۈستىدە شامال سوقۇپ تۇراتتى ...

## 9

بىر سوتكىدىن كېيىن پولك فرونتنىڭ قېشىغىلا بېرىپ قالغان ئىدى. ھەربىي پويىز بىرنەچچە تۆمۈر يول تۇتاشقان ئىستانسىدا توختىدى. ۋاخمىستىرلار: «ۋاگوندىن چۈشۈڭلار!»دىگەن بۇيرۇقنى تارقاتتى. كازاكلار تاختاي كۆۋرۈكلەر بىلەن ئاتلىرىنى ئالدىراش چۈشۈرۈشۈپ، ئىگەرلەشتى، ئاندىن ۋاگوندا ئۇنتۇپ قالغان نەرسىلىرىنى يۈگۈرۈپ بېرىپ ئېلىپ كېلىشتى، چېچىلىپ ياتقان ئوت ـ چۆپلەرنى نەم، قۇملۇق يولنىڭ ئۈستىگىلا ئىرغىتىپ تاشلاپ، نېرى ـ بېرى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار بىلەن ئاۋارە بولۇشتى.

پېترو مېلېخوپنى پولك كوماندىرىنىڭ چاپارمىنى چاقىرغىلى كەلدى.

— ۋاگزالغا بارغىن، كوماندىر چاقىرىۋاتىدۇ.

پېترۇشىنېلىنىڭ ئۈستىگە باغلىغان كەمىرىنى تۈزىتىپ، ئالدىرىماستىن ۋاگزال سۇپىسى تەرەپكە يول ئالدى.

— ئانىكەي، مېنىڭ ئېتىمغا قاراپ قوي، —

دەپ تاپىلاپ قويدى ئۇ ئاتلارنىڭ قېشىدا پايپاسلاپ يۈرگەن ئانىكۇشكىغا.

ئانىكۇشكا لام ـ جىم دىمەستىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى، ئانىكۇشكىنىڭ كەيىپسىز، تۇتۇق چىرايىدا ئادەتتىكى زېرىكىش بىلەن تەشۋىشلىنىش ئىپادىسى بىللە قوشۇلۇپ ئەكس ئېتەتتى. پېترو گىلگە ئوخشاش قىزىل لاي چاچرىغان ئۆتۈكىگە قارىغان پېتى چامداپ كېتىۋېتىپ، مەن پولك كوماندىرىغا نىمىشكە لازىم بولۇپ قالغاندىمەن؟ دەپ ئويلاپ كەتتى، ۋاگزال سۇپىسىنىڭ بىر بېشىدا قايناقسۇ توشقۇزۇلغان باكنىڭ ئالدىدا يىغىلىشىۋالغان كىچىكرەك بىر توپ كىشى ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى، پېترو ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە يىراقتىنلا قۇلاق سېلىپ، ئاستا يېقىنلىشىپ كەلدى. باكقا ئارقىسىنى قىلىپ، ئوڭغايسىز، ئالاقزادە بىر ھالەتتە تۇرغان ئۇزۇنتۇرا ئاقسېرىق بىر كازاكنى يىگىرمىدەك سولدات قورشىۋالغان ئىدى. پېترو بويىنىنى سوزۇپ، ئاتامان پولكىدىن بولغان ئاقسېرىق كازاكنىڭ ساقال باسقان يېرىم ـ ياتا تونۇش يۈزىگە سەپسېلىپ قارىدى، كۆك رەڭلىك ئۇزەدىنكىلىك پاگوندىكى «52» نومۇرغا كۆزى چۈشۈپ، بۇ ئادەمنى مەن بىر چاغدا قەيەردىدۇر بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەن، دەپ ئويلىدى.

— سەن بۇ چارىنى قانداق ئويلاپ تاپتىڭ؟ تېخى مۇرەڭگە چەن تاقاپ قويۇشۇپتۇغۇ...، — زىرەك، سەپكىل يۈز بىر ئىمتىيازلىق ئەسكەر ئاشۇ ئاقسېرىق كازاكتىن ئىچى يامانلىق بىلەن ھەدەپ سۈرۈشتە قىلاتتى.

— نىمە ئىش؟ — دەپ قىزىقىپ سورىدى پېترو، ئۆزىگە ئارقىسىنى قىلىپ تۇرغان بىر سولداتنىڭ مۈرىسىدىن قېقىپ.

سولدات ئارقىسىغا قايرىلىپ، خالار ـ خالىماس جاۋاپ

بەردى:

— بىر قاچقۇننى قولغا چۈشۈردۇق ... سىلەرنىڭ كازاكلىرىڭلاردىن ئىكەن ...

پېترو، بۇ سېرىق شاپ بۇرۇت، سېرىق قاش ئاتامانچى كازاكنى نەدە كۆرگەندىمەن، دەپ تازا ئەسلەپ، يادىغا چۈشۈرۈشكە تىرىشتى. ئاتامانچى ھېلىقى ئىمتىيازلىق ئەسكەرنىڭ ئىنجىق سوئاللىرىغا جاۋاپ بەرمەستىن، توپئوقنىڭ گىلىزىسىدىن ياسىۋالغان مىس كۇرۇشكىدىن قولتۇم - قولتۇم قايناقسۇ ئىچىپ، سۇدا ئىشتىلگەن قارا سۇخارىنى كوس - كوس چايناپتتى. بىر بىردىن يىراق جايلاشقان ئىششىق كۆزلىرى پىلدىرلاپ تۇراتتى: ئۇ نانىنى چايناپ يۇتۇۋېتىپ، قاشلىرىنى مىدىرلىتىپ، تۆۋەنگە ۋە ئەتراپقا كۆز سالاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئۇنى ھەيدەپ كەلگەن چوڭ ياشلىق بەستلىك بىر كازاك مىلتىغىنىڭ شتىكىنى سىقىمداپ تۇراتتى. ئاتامانچى - قاچقۇن كۇرۇشكىدىكى قايناقسۇنى ئىچىپ تۈگەتكەندىن كېيىن ئۆزىگە ئەدەپسىزلىك بىلەن تىكىلىشىپ تۇرغان سولداتلارنىڭ يۈزىگە ھارغىن كۆزلىرىنى يۈگۈرتتى - دە، ئۇنىڭ كۆپ-كۆك، باللارچە ساددا كۆزلىرىدە توساتتىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇ ئاغزىدىكى نانىنى ئالدىراش يۇتۇۋېتىپ، كالپۇكلىرىنى يالىدى، ئاندىن قوپال، غاراڭ - غۇرۇڭ يوغان ئاۋاز بىلەن ۋاقىراپ كەتتى:

— تاماشا كۆرۈۋاتامسىلەر؟ تاماق يىگىلى قويمامسىلەر، ئىتنىڭ بالىلىرى! نىمە، سىلەر، ئادەم كۆرمىگەنمۇ؟

سولداتلار تازا كۈلۈشۈپ كەتتى، ئەمما پېترو قاچقۇننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەنلا، گويا ھەر دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئىشتەك،بۇ ئاتامانچى كازاكنىڭ يېلانىسكايا كەنتىگە قاراشلىق رۇبېژىن يېزىسىدىن ئىكەنلىگىنى، پەمىلىسى فومىن ئىكەنلىگىنى ۋە

ئۇرۇش باشلىنىش ئالدىدىلا يېلانىسكايانىڭ يىللىق يەرمەنكىسىدە پېترو ئاتىسى بىلەن بىللە مۇشۇ كازاكتىن دونەن ئۈكۈز سېتىۋال-غانلىقىنى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ناھايىتى ئېنىق ئېسىگە چۈشۈردى.

— فومىن! ياكوپ! — دەپ توۋلىدى پېترو ئاتامانچى كا-زاكقا ئىنتىلىپ.

ئاتامانچى ئوڭايسىزلىق بىلەن تەمتىرەپ كۇرۇشكىنىباكىنىڭ ئۇستىگە قويدى - دە، چايناۋاتقان ناننى يۇتۇۋېتىپ، خىجىللىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، پېتروغا قارىدى:

— تونۇيالمايۋاتىمەن، بۇرادەر...

— سەن رۇبىژىن يېزىسىدىنغۇ؟

— توغرا، شۇ يەرلىكمەن. سەن يېلانىسكىلىقمۇ؟

— مەن ۋېشىنىسكىلىق، ئەمما سېنى تونۇيمەن، ئېسىمدە تۇرۇپسەن. بۇنىڭدىن 5 يىل بۇرۇن دادام ئىككىمىز سەندىن بىر ئۈكۈز سېتىۋالغان ئىدۇق.

فومىن ھامان گاڭگىراپ، باللارچە تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈم-سىرەپ، كۆچۈنۈپ ئەسكە چۈشۈرمەكچى بولاتتى.

— ياق، ئۇنتۇپ قاپتىمەن ... سېنى ئەسكە ئالالمىدىم، — دىدى ئۇ ئوچۇق ئەپسۇسلىنىش بىلەن.

— سەن 52 - پولكتىمۇ؟

— 52 - پولكتا.

— قاچقان ئوخشايسەن ھە؟ بۇ نىمە قىلغىنىڭ، بۇرادەر؟

بۇ چاغدا فومىن بېشىدىن پاپاخنى ئېلىپ،ئىچىدىن كونىراپ كەتكەن تاماكا خالتىسىنى ئالدى. ئۇ مۇكچىيىپ پاپىغىنى ئاستا قول-تۇغىغا تىقتى، قەغەزنى 3 بۇرجەك قىلىپ يىرتتى، ئەنە شۇ چاغ-دىلا ئۇ پىلىلداپ تۇرغان ياشاڭغۇ كۆزىنى پېتروغا قاتتىق

قادىدى.

— چىدىغۇچىلىكىم قالمىغان ئىدى، ئىنىم...، — دىدى مۇجمەل قىلىپ.

ئۇنىڭ بۇ قارىشى پېترونىڭ بەدىنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. پېترو تامىغىنى قىرىپ، ساغۇچ بۇرۇتىنى كالپۇكى بىلەن شۇمۇشكە باشلىدى.

— خوش، يۇرتلۇقلار، پاراڭنى بولدى قىلىڭلار، سىلەرنىڭ كاساپىتىڭلار بىلەن مەن بىر ئىشقا يولۇقۇپ قالماي يەنە، — دەپ خۇرسىنىپ قويىدى ساقچىلىق قىلىپ تۇرغان بەستلىك سولدات مىلتىغىنى مۇرىسىگە ئېلىۋېتىپ، — يۇر قېنى، چوڭ دادا!

فومىن، ئالدىراشلىق بىلەن كۇرۇشكىسىنى خۇرجۇنىغا سېلىپ، ئىككى يېنىغا بىر قارىۋالدى - دە، پېترو بىلەن خوشلاشتى؛ ئۇ ئېپىقتەك ئىغاڭلاپ كومېندانت ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى.

ۋاگزالدا. بۇرۇنقى بىرىنچى دەرىجىلىك بۇفېت تاماقخانىدا پولك كوماندىرى بىلەن 2 بۆلۈنمە كوماندىرى كىچىككىنە يۇمۇلاق شىرە يېنىدا ئىنگىشىپ ئولتۇراتتى.

— سەن، مېلېخوپ، بىردەم كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇرسەن، — دىدى پولكوۋنىك ھارغىن ئەلەملىك كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ.

پېترو ئۆز بۆلۈنمىسىنىڭ دىۋىزىيە ئىشتاۋى قارمىقىغا ئۆتتىدىغانلىقى ۋە كازاكلارنىڭ ھەركەتلىرىگە كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇرۇش لازىملىقى، ئۇلارنىڭ كەيپىياتىدا ھەرقانداق ئۆزگىرىش كۆرۈلگەن ھامان بۆلۈنمە كوماندىرىغا يەتكۈزۈش زۆرۈر ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىدى. ئۇ كىرپىك قاقماستىن، پولكوۋنىكنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ، سۆزگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى، ئەمما ئۇنىڭ خاتىرىسىدە فومىننىڭ پىلىلداپ تۇرغان ياشاڭغۇ كۆزلىرى ۋە ئاستا ئېيتقان «چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، ئىنىم...»

دىگەن سۆزلىرىنى تېخىچىلا يىلىـم بىلەن يېپىشتۇرۇپ قويغاندەك،
مەھكەم تۇرۇۋالغان ئىدى.

ئۇ ھور قاپلىغان ئىللىق ۋاگزالدىـن چىقىپ، بۆلۈنمىگە قاـ
راپ يول ئـالـدى. بـۇ يـەردىكى ئىستانسىدا پـولكنىڭ 2 ـ دەـ
رىجىلىك كارۋان ھارۋىلىرى تۇراتتى. پېـترو ئۆزىنىڭ ئىللىق ۋاـ
گونىنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەندە، كارۋان كازاكلىرى بىلەن بۆلۈنـ
مىنىڭ تاقىچىسىنى كـۆردى. تـاقـىچـىغا كۆزى چۈشۈش بىلەنـلا
پېترونىڭ خاتىرىسىدىن فـومىن ۋە ئۇنىڭ قىلغان سۆزلىرى بىرـ
دىنلا كۆتىرىلىپ كەتتى، ئـۇ ئـاتنى يېڭىۋاشتىن تـاقىلىتىش توغـ
رىلىق سۆزلەشمەكچى بـولـۇپ، قـەدىـمـىـنـى تـېـزلەتتـى (بـۇ
مـەزگـىـلـدە پـېـتـرونـى ئـۇشـشـاق ـ چۈششەك ئىشـلار ۋە
تەشۋىشلەر ئىلكىگە ئـالغان ئىدى)، بىراق شۇ پەيتتە قىزىل ۋاگونـ
نىڭ بىر بۇرجىكىدىن چىرايلىق ئاق تىۋىتشارپا ئورىۋالغان، ئۇسـ
تىگە كىيگەن كىيىمى بۇ تەرەپنىڭ ئادەملىرى كىيىدىغان كىيىمگە
ئوخشىمايدىغان بىر ئايال چىقىپ كەلدى. تەن قۇرۇلۇشى ئاجايىپ
تونۇش كۆرۈنگەچكە، پېترو ئايالغا دىققەت بىلەن قـاراشقا مەجبۇر
بولدى. ئايال بىردىنلا ئۇنىڭغا قايرىلىپ قارىدى ـ دە، ئىككى مۈرىسىنى
نازۇك قىزلارچە قامىتىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس جىلۋىلەندۈرۈپ، ئالـ
دىراش ئۆمتۈلۈپ كەلدى. چىرايىغا قاراپ ئۆلگۈرمەستىنلا مۇشۇ يېـ
نىك شىپىر ـ شىپىر مېڭىشتىنلا پېترو ئۆز ئايلى ئىكەنلىكىنى بىلـ
دى. ئۇ يۈرىكىگە يېقىملىق بىر سالقىن سـانچىغاندەك بـولدى. بۇ
ئۇچرىشىشنىڭ خوشاللىقى تەسادىپىلىكتىنمۇ كۈچلۈك بولدى. پېترو
بۇ يەردە كۆز تىكىپ تۇرغان كارۋانچى سولداتلار ئۆزىنى بەك خوـ
شال بولۇپ كەتتى دەپ ئويلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئەتەي قەدىمـ
نى ئاستىلىتىپ، ئالغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئايلىنى ۋەزمىنلىك بىلەن

قۇچاقلاپ، ئۇنى 3 قېتىم سۆيدى، ئۇ بىر نىمىنى سورىماقچى بو-
لۇۋىدى، ئەمما ئىچىدىكى ھاياجىنى تېشىغا تەپتى - دە، لەۋلىرى
دىر - دىر تىترەپ، تىلى تۇتۇلۇپ قالغاندەك بولدى.

— كېلىشىڭنى ھېچ ئويلىمىغان ئىدىم...، — دىدى ئاخىرىدا
پېترو كېكەچلىنىپ.

— كەپتەر چېغىم! پو - پو، نىمانچە ئۆزگىرىپ كەتكەن-
سەن!...، — دىدى دارىيە چاۋاك چالغاندەك قولىنى بىر بىرىگە
ئۇرۇپ، — سەن ياتلا بىر ئادەم بولۇپ قېلىپسەن... بىلىۋاتامسەن،
مەن سېنى كۆرگىلى كەلدىم... ئۆيدىكىلەر: «نەگە بارىسەن؟» دەپ
يول قويمىغان ئىدى. ياق باراي، مېھرىۋان ئادىمىمنى كۆرۈپ كې-
لەي دىدىم...، — دارىيە تاراقشىپ، ياش يۇقى كۆزلىرى بىلەن
ئېرىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ، ئۇنى قاتتىق قۇچاقلاپ كەتتى.

ۋاگوننىڭ ئالدىغا كازاكلار توپلاشتى؛ ئۇلار بۇ ئىككىسىگە
قاراپ، كۇسۇلداشقا باشلىدى، كۆزلىرىنى قىسىشتى.

— پېترونىڭ بېشىغا بەخت قۇشى قوندى...

— مېنىڭ قانجۇغۇم كەلمەيدۇ، ئۇۋىسىغا بېكىنىۋالدى.

— ئۇ يەردە نەستەرنى ھىساپقا ئالمىغاندا قېشىدا يەنە 10
كىشى بار!

— مېلېخوپ، ئايلىنى ئۆز ۋىزۋودىغا ئېلىپ بېرىپ بىر كې-
چىنى قۇربان قىلار بەلكىم ... بىز بىچارىلەر بۇ يەردە...
ھىم - م!...

— كېتەيلى، يىگىتلەر! ئايلىنىڭ ئۇنىڭغا قانداق يېپىشى-
ۋالىدىغانلىغىنى كۆرىمىز، دەپ قانسىراپ ھالىمىزدىن كەتمەيلى!

بۇ پەيتتە پېترو خوتۇنىنى ئۆلگۈدەك ئۇرماقچى بولغانلىغىنى
ئالىقاچان ئېسىدىن چىقىرىۋەتكەن ئىدى — ئۇنى كىشىلەرنىڭ

ئالدىدىلا ئەركىلەتتى، تاماكىدىن سارغىيىپ كەتكەن چوڭ - چوڭ بارماقلىرى بىلەن ئۇنىڭ كامانىدەك قاشلىرىنى سىلىدى. شاتلىققا چۆمدى. دارىيەمۇ بۇنىڭدىن 2 كېچە بۇرۇن خاركوفتىن پولكقا ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن دراگۇن ئاتلىق قىسمىنىڭ مال دوختۇرى بىلەن ۋاگوندا بىللە ئۇخلىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدى. مال دوختۇرىنىڭ مامۇقتەك ئىنتايىن يۇمشاق ۋە قاپ - قارا بۇرۇتى بار ئىدى، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى 2 كېچە بۇرۇن بولغان ئىشقۇ، ھازىر بولسا دارىيە كۆزىگە ياش ئېلىپ، ئېرىنى سەمىمى خوشاللىق بىلەن قۇچاقلىدى، ئۇنىڭغا چىن ساداقەتلىك، روشەن كۆزلىرى بىلەن قارىدى.

## 10

ياساۋۇل يېۋگېنىي لىستنىتسكى دەم ئېلىشتىن قايتىپ كېلىش بىلەنلا 14 - دون كازاكلىرى پولكىغا خىزمەتكە بەلگىلەندى. ئۆزى بۇرۇن خىزمەت قىلغان ۋە شۇ خىزمەت ئورنىدىن فېۋرال ئۆزگىرىشى ئالدىدا شەرمەندىلەرچە قېچىپ كەتكەن ئۆز پولكىغا ئۇ ئىككىنچى كۆرۈنمەي، توپ - توغرا دىۋىزىيە ئىشتاۋىغا يېتىپ باردى. ئىشتاپ باشلىقى، دوندا نام - نەسىبى مەشھۇر ئاقسۆڭەك كازاك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ياش گېنېرال ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئاسانلا يۆتكەپ قويدى.

— مەن بىلىمەن، ياساۋۇل، — دېدى ئۇ لىستنىتسكىگە ئۆز ئىشخانىسىدا ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز ئولتۇرغان چاغدا، — سىزگە كونا شارائىتتا خىزمەت قىلىش تەس بولىدۇ، چۈنكى كازاكلار سىز-

گە قارشى كەيپىياتتا، سىزنىڭ نامىڭىز ئۇلار ئۈچۈن قاباھەتلىك،
شۇڭا، سىز 14 - پولكقا بارسىڭىز، ئەلۋەتتە ئاقلىنىراق بولىدۇ.
ئۇ يەردە ئىنتايىن داڭدار خىل ئوفىتسېرلەر بار، يەنە كېلىپ كا-
زاكلارمۇ بىر قەدەر مۇستەھكەم، ئاددى - ساددا — ئۇلارنىڭ كۆپ-
چىلىگى ئۇست - مېدۋېدىنسكى رايونىنىڭ جەنۇبىي كەنتلىرىدىن
كەلگەن. سىزگە شۇ يەر ياخشىراق... چۈنكى سىز نىكولاي ئالېك-
سېيېۋىچ لىستىنتسكىنىڭ ئوغلى ئەمەسمۇ؟ — گېنېرال شۇ سو-
ئالنى قويغاندىن كېيىن بىر ئاز ئۈنچىقماي تۇردى - دە، ماقۇللۇق
جاۋابىنى ئالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن ئۆز
تەرىپىمدىن شۇنداق ئىشەنچ بىلدۈرىمەنكى، بىز سىزگە ئوخشاش
ئوفىتسېرلەرنىڭ قەدرىگە يېتىمىز. ھازىرقى ۋاقىتتا ھەتتاكى ئو-
فىتسېرلەرنىڭ ئارىسىدا كۆپچىلىگى ئىككى يۈزلىمىچى. دىنىي ئې-
تىقادىنى ئۆزگەرتىشتىن ئاسان نەرسە يوق، ھەقىقەتتە 2 خۇداغا
تېپىنىشقىمۇ بولىدۇ...، — ئىشتاپ باشلىغى سۆزىنى ئاچچىق ئەلەم
بىلەن تۈگەتتى.

لىستىنتسكى خىزمىتىنىڭ يۆتكەلگەنلىكىنى خوشاللىق بى-
لەن قوبۇل قىلدى. شۇ كۈنىلا ئۇ دىۋىزىنسكىگە يۈرۈپ كەتتى، 14 -
پولك شۇ يەردە تۇراتتى، بىر سوتكىدىن كېيىن پولك كوماندىرى
پولكوۋنىك بىكادوروپقا ئۆزىنى تونۇشتۇردى ۋە دىۋىزىيە ئىشتاپ
باشلىغى ئېيتقان سۆزنىڭ راست ئىكەنلىكىگە قانائەتلىنىش ھاسىل
قىلدى: ئوفىتسېرلەرنىڭ كۆپچىلىگى موناrخىست① ئىكەن؛ بۇ
يەردىكى كازاكلار ئۇست - خوپېرسكايا، كۇمىلژېنسكايا، گلازۇنو-

① موناrخىست — پادىشاپەرەس، يەنى ھاكىمىيەت بىرلا پادىشانىڭ
قولىدا بولۇش كېرەك دەيدىغان ئەكسىيەتچى سىياسىي ئېقىم تەرەپ-
دارلىرى — ت.

ۋىسكايادىن ۋە باشقا كەنتلەردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈچتىن بىر
قىسمىغا كونا دىندىكىلەر ئارىلىشىپ كەتكەن ئىكەن، ئۇلاردا ئىن-
قىلاۋىي كەيپىياتتىن ھېچقانداق ئەسەر يوق ئىدى، ۋاقىتلىق ھۆ-
كۈمەتكە سادىق بولۇشقا خالار - خالىماستىن قەسەم ئىچىشىپتۇ؛
ئەتراپىدا قايناپ - تاشقان ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمەي-
دىكەن ھەم چۈشىنىشنىمۇ خالىمايدىكەن؛ پولكنىڭ ۋە يۈزلۈك-
بۆلۈنمىلەرنىڭ كومىتېتلىرىغا تەخسىكەش ۋە يۇۋاش كازاكلار كى-
رىپتۇ... لىستىنتىنسكى يېڭى مۇھىتتا شات - خوراملىق بىلەن نە-
پەس ئالدى.

ئۇ، ئوفىتسېرلەر ئارىسىدا بۇرۇن ئاتامان پولكىدا ئۆزى
بىلەن بىللە خىزمەت قىلغان، ئۆزلىرىنى ئايرىمچە ئالىپتە تۇتىدى-
غان 2 خىزمەتدىشىنى ئۇچراتتى؛ قالغانلىرى تولىمۇ زىچ ئىتتىپاق-
لاشقان بىر نىيەتتىكى كىشىلەر بولۇپ، پادىشا سۇلالىسىنىڭ قاي-
تا تىكلىنىشى توغرىسىدا ئوچۇق - ئاشكارا سۆزلىشىپ يۈرەتتى.

پولك تۈگۈلگەن مۇشتەك ئالدى - كەينى بىر يەرگە يىغى-
لىپ، ئۆزىنى بىر قۇر تەرتىپكە سېلىش ئەسناسىدا دەم ئېلىش
بىلەن بولۇپ،2 ئايچە دىۋىنىسكىدە تۇرۇپقالدى.ئاخىرچە پىيادىلەر
دىۋىزىيىلىرىگەتىركەلگەنيۈزلۈك - بۆلۈنمىلەر رىگادىن دىۋىنىسكىگى-
چە سوزۇلغان فۇرونت بويلاپ بىكار كېزىشىپ يۈردى، ئەمما ئاپرېل
ئېيىدا بىرسىنىڭ غەمخورلۇق قولى پۈتۈن بۆلۈنمىلەرنى بىرلەشتۈر-
دى - دە، پولك تەپ - تەييار بولۇپ تۇردى. ئوفىتسېرلەرنىڭ
قاتتىق نازارىتى ئاستىدا ھالسىدىن خەۋەر ئېلىنىۋاتقان كازاكلار
مەشىق - تەلىمگە چىقىپ تۇردى، ئاتلىرىنى بېقىشتى، سىرتنىڭ
ھېچقانداق ياردىمىگە تايانماي، قۇلۇلىنىڭ ھاياتىدەك بىر خىلدا
كۈن ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشتى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پولكنىڭ بىجىرىشكە تېگىشلىك بولغان ھەقىقىي ۋەزىپىسى توغرىسىدا مۇجمەل پەرەزلەر بار ئىدى، ئەمما ئوفىتسېرلەر پات ئارىدا پولك ئىشەنچلىك بىرىسىنىڭ قولىغا چۈشۈپ تارىخ چاقىنىنى ئايلاندۇرىدۇ، دىگەننى يوشۇرماستىن ئېيتىپ يۈرۈشەتتى.

يېقىن جايدىكى ئۇرۇش سېپى پاتپاراقچىلىققا چۈشتى. ئارمىيە سەكراتقا چۈشكەندەك نەپەس ئالماقتا ئىدى، ئوق - دورا، ئاشلىق - تۆلۈك يېتىشمەيتتى؛ ئارمىيىلەر «تىنلىق - سۆلىھ» دىگەن شەپىسمان سۆزگە ئومۇمى يۈزلۈك تەلپۈنمەكتە ئىدى؛ جۇمھۇرىيەتنىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمدارى كېرېنىسكىنى ھەرقايسى ئارمىيە ئوخشاشمايدىغان دەرىجىدە قارشى ئېلىشتى؛ ئۇنىڭ ئەسەبىلەرچە ۋاقىراشلىرىنىڭ تۆرتكىسى بىلەن ئارمىيە ئىيۇن ئېيىدىكى ھۇجۇمدا قىرغىنچىلىققا ئۇچرىدى. ھەرقايسى ئارمىيىدە غەزەپ پىشىپ يېتىلگەن بولۇپ، بۇلاقنىڭ تېگىدىن ئېتىلىپ چىققان سۇدەك قايناشقا باشلىدى...

دېۋىنىسكىدە بولسا كازاكلار تىنچ، ئاسايىشتا كۈن ئۆتكۈزۈشەتتى: ئاتلارنىڭ ئاشقازىنى سۇلۇ بىلەن كۆنجۈرىنى قايىنتاتتى، ئالدىنقى سەپتە باشتىن كەچۈرگەن قىيىنچىلىق كازاكلارنىڭ ئېسىدىن چىققان ئىدى، ئوفىتسېرلەر ئىزچىل رەۋىشتە ئوفىتسېرلەر مەجلىسىگە قاتنىشىپ تۇردى، تامىغىمۇ يامان ئەمەس ئىدى، روسىيەنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا قىزغىن بەس - مۇنازىرە قىلىشاتتى...

ئىيۇلنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىگىچە ئەھۋال ئاشۇنداق ئۆتتى. 3 - كۈنى «بىر مىنۇت كېچىكمەستىن ئاتلىنىش كېرەك» دىگەن بۇيرۇق كەلدى. پولك چۈشكەن ھەربىي پويىز پېتروگرادقىچە باردى. 7 - ئىيۇل كۈنى كازاك ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرى ياغاچ ياتقۇزۇلغان

پايتەخت كوچىلىرىدا تارقىلىشقا باشلىدى.

پولك نېۋىسكى كوچىسىغا ئورۇنلاشتى. لىستىنىتىسكىنىڭ بۆلۈنمىسىگە بوش قالغان بىر سودا ئورنىنىڭ بىناسى بېرىلدى. ئىنقىلاپنىڭ دۈشمەنلىرى كازاكلارنىڭ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن ۋە شات ـ خوراملىق ئىچىدە كۈتۈشكەن ئىكەن ـــ پايتەختتىكى ھەرقايسى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئالايتەن كۆكۈل بۆلۈپ، كازاكلارغا بەلگىلەنگەن ئۆيلەرنى بالدۇرلا ياساپ ـ جابدۇپ قويغانلىغى بۇ توغرىلىق ئوچۇق گۇۋالىق بېرەتتى. تامـلار ھـاك بىلەن يېڭىۋاشتىن ئاقارتىلغان بولۇپ، ئاپپاق پاقىرايتتى، پاكىز يۇيۇلغان تاختاي پوللار ۋالىلدايتتى؛ ياش قارىغايدىن ياسالغان سۇپىلاردىن خۇشبۇي ھىد گۈپۈلدەپ پۇرايتـتـى؛ يوپ ـ يورۇق، ئازادە يېرىم پودۋال بۆلۈملەرنىڭ ئىچى دېيەرلىك بەك ھوزۇر ئىدى. لىستىنىتىسكـى كـۆزەينىگىنىڭ ئاستىدىن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ئۆيلەرنى دىققەت بىلەن قاراپ چىقتى، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئاپپاق تاملارنىڭ تۈۋىدە مېڭىپ يـۈرۈپ، قـولايلىق جەھەتتە بۇنىڭدىن ياخشىراغىنى تەلەپ قىـلىـشـقـا بـولـمـاس، دىـگـەن قارارغا كەلدى. شەھەرلىك ھۆكۈمەت كازاكلارنى قارشى ئېلـىـش ئۈچۈن ئەۋەتكەن بويى پاكار، ئالىپتە كىيىنگەن ۋەكىلنىڭ ھەمرالىغىدا لىستىنىتىسكى ئۆيلەرنى قانائەتلىنىش بىلەن كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ھويلا ئىشىگىگە قاراپ يول ئالدى.

ئەتراپى زىچچىدا ئۆيلەر بىلەن قورشالغان ھويلىنىڭ كەڭ ـ ئازادە سەيناسىغا قۇياش نۇرى تىك چۈشۈپ تۇراتتى. كۆپ قەۋەتلىك ئۆيلەرنىڭ دەرىزىلىرىدىن ئـۆي ئىگىلىرى بويۇنلىرىنى سوزۇپ، ھويلىغا لىق تولغان كازاكلارغا سىـنـچىـلاپ قارىشاتتى ـــ بۆلۈنمە ئېغىلىغا ئاتلىرىنى ئـورۇنـلاشتۇرۇۋاتـاتتى. ئىشتىن قولى بوشىمىغان كازاكلار تامنىڭ تۈۋىدە، سالقىندا تـوپ ـ توپ بولۇپ

تۇرۇشاتتى، بەزىلىرى زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشقان.

— يىگىتلەر، نىمىشكە ئۆيگە كىرمەيسىلەر؟ — دەپ سورىدى لىستىنىتىسكى شۇ يەردە تۇرغانلاردىن.

— كىرىپ ئولگۇرىمىز تېخى، جانابى ياساۋۇل.

— ئۆيگىمۇ بۇرنى - قۇلىغىمىزغىچە تويارمىز...

— ئاۋال ئاتلارنى ئورۇنلاشتۇرۇۋالايلى، ئۇندىن كېيىن كىرسەكمۇ بولىدۇ.

لىستىنىتىسكى ئات ئېغىلى قىلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئامبارنى كۆزدىن كەچۈردى - دە، يېنىدا ھەمرا بولۇپ ماڭغان ۋەكىلگە نىسبەتەن ئاۋالقى ئۆچمەنلىكى بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا تىرىشىپ، قەتئىيلىك بىلەن:

— سىز تېگىشلىك كىشى بىلەن بىر كېلىشىمگە كېلىپ، مۇنۇ توغرىلىق توختام تۈزۈپ: بىزگە يەنە بىر ئېشىك ياساپ بېرىش كېرەك. چۈنكى 120 ئاتقا 3 ئېشىك بىلەن تۇرۇش مۇمكىن ئەمەسقۇ! مۇبادا تىرېۋوگا بىلدۈرۈلۈپ قالسا، بۇ ئەھۋالدا ئاتلارنى چىقىرىش ئۈچۈن بىزگە يېرىم سائەت ۋاقىت كېرەك بولىدۇ... قىزىق گەپ! بۇ ئەھۋال ئۈز ۋاقتىدا نىمىشكە ھىساپقا ئېلىنمىدىكىن؟ مەن بۇ ئىشنى پولك كوماندىرىغا مەلۇم قىلىشقا مەجبۇرمەن.

لىستىنىتىسكى بىر ئېشىك ئەمەس،بۇگۈنلا 2 ئېشىك ئېچىپ بېرىدىغانلىقىغا جىددى ۋەدە ئالغاندىن كېيىن ۋەكىل بىلەن خوشلاشتى؛ ۋەكىلنىڭ جان كۆيدۈرگەنلىكىگە قۇرۇقلا تەشەككۇر بىلدۈرۈپ، كۇندىلىك قاراۋۇل بەلگىلەشكە بۇيرۇق بەردى - دە، ئاندىن بۆلۈنمىنىڭ ئوفىتسېرلىرىگە ئاجرىتىلغان 2 - قەۋەتتىكى ۋاقىتلىق ئۆيگە قاراپ يول ئالدى. ئۇ مېڭىپ كېتىۋېتىپ ھەربىچە كەمزۇلىنىڭ تۈگمىلىرىنى يەشتى، پىشانىسىدىكى تەرنى ئېرتتى،

قارا پەلەمپەي بىلەن ئۆز بۆلمىسىگە چىقتى ـ دە، بۇ يەردىكى ئۆيلەرنىڭ نەمرەك سالقىنىدىن راھەت ھىس قىلدى. بۇ ئۆيدە مۇئاۋىن ياساۋۇل ئاتارشىكوپتىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى.

— باشقىلار نەگە كەتتى؟ — دەپ سورىدى لىستىنىتىنىسكى بىرىنچىنىت كارۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ، ئاندىن ئۆتۈكىگە چاڭ قونغان پۇتلىرىنى تەسلىكتە سوزدى.

— ئۇلار كوچىغا چىقىپ كەتتى. پېتروگىرادنى تاماشا قىلىشۋاتىدۇ.

— سەن نېمىشكە چىقمىدىڭ؟

— ئۆزەڭ بىلىسەن، نېمە پايدىسى بار. شەھەرگە كىرە-كىرمەستىنلا كوچىغا چىقىۋېلىش ئۇياتقۇ. مەن گېزىتتىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇن بۇ يەردە يۈز بەرگەن بىر ۋەقەنى ئوقۇۋاتىمەن. غەلىتە ئىش!

لىستىنىتىنىسكى تەردىن ھۆل بولۇپ كەتكەن كۆينىكىدىن دۈمبىسى سالقىنلاپ راھەتلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۇنچىقماستىن جىم ياتتى، ئورنىدىن تۇرۇپ يۇيۇنۇشقا ھەپىلىسى يوق بولۇپ، يولنىڭ ھارغىنلىقى ئۇنىڭغا ئەمدى بىلىنگەن ئىدى. ئۇ چىدامىلىق كۆزىستىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، چاپارمىنىنى قىچقاردى. ئىچ كېيىمىنى يەڭگۈشلەپ، ئۇزاق يۇيۇندى، راھەتلىنىپ بىر چۈشكۈردى، قارىيىپ كەتكەن يوغان بوينىنى تۇۋىتلىك لۆڭگە بىلەن ئېرتتى.

— سەنمۇ يۇيۇنۇۋال، ۋانە، — دەپ ئاتارشىكوپقا مەسلىھەت بەردى ئۇ، — يەلكەڭدىن تاغنى چۈشۈرۈۋەتكەندەك يېنىكلىشىپ قالىسەن... خوش، گېزىتتە نېمىلەرنى دەپتۇ؟

— راستىنلا، يۇيۇنسام يۇيۇنۇۋالاي جۇمۇ. يۇيۇنۇۋالغان ياخشى دىدىڭمۇ؟ ... گېزىتتە نېمە دەيتتى؟ بولشېۋىكلارنىڭ

باش كۆتىرىپ چىقىشى، ھۆكۈمەتنىڭ قوللانغان چارە - تەدبىر-
لىرى يېزىلىپتۇ... ئۆزەڭ ئوقۇپ كۆر!

يۇيۇنغاندىن كېيىن كۆڭلى ئېچىلىپ قالغان لىستىنىتىنسكى
گېزىتنى قولغا ئالماقچى بولۇۋىدى، ئاڭغىچە ئۇنى پولك كوماندى-
رىنىڭ قېشىغا چاقىرىپ قالدى. ئۇ، خوشياقماستىن ئورنىدىن تۇر-
دى - دە،يول ئۈستىدە پۇرلىشىپ ئەبجىغى چىقىپ كەتكەن، سۇپۇن
پۇراپ تۇرىدىغان يېڭى 4 يانچۇقلۇق گېتىلىنى كىيدى، قىلىچىنى
ئېسىپ، چوڭ كوچىغا چىقتى. يولنىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئۆتكەندىن
كېيىن بۆلۈنمە جايلاشقان ئۆيگە بىر قۇر كۆز سېلىپ دوقمۇشتىن
ئەگىدى. سىرتقى كۆرۈنۈشتە، نۇسخا جەھەتتىن بۇ ئۆينىڭ باشقا
ئۆيلەردىن ھېچقانداق ئۆزگىچىلىكى يوق ئىدى؛ 5 قەۋەتلىك تۇ-
تۇن رەڭگىدە چوقۇر تاشتىن نەقىش قىلىنىپ ياسالغان بۇ ئۆي،شۇ
خىلدىكى باشقا ئۆيلەرنىڭ قاتارىدا تۈپ - تۈز قەد كۆتەرگەن.
لىستىنىتىنسكى تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇۋېلىپ، پىيادىلەر يولى بىلەن
ئاستا يۈرۈپ كەتتى. ئەرلەرنىڭ چىغ شىلەپىلىرى، قالپاقلىرى،
كەپكىلىرى ، ئاياللارنىڭ ئاددى - ساددا يارىشىملىق ۋە ھەشەمەت-
لىك شىلەپىلىرى قېلىن توپنىڭ ئۈستىدە كۆپۈكتەك مىژىلدايتتى.
بۇ ئومۇمى دولقۇننىڭ ئىچىدە ئاندا - ساندا يېشىل ھەربىفۇراژكا
كۆزگە چېلىقىپ، ھەرخىل رەڭدىكى يۇمۇلاق چەمبەرلەرنىڭ ئارى-
سىغا كىرىپ غايىپ بولاتتى.

دېڭىز تەرەپتىن دولقۇننىڭ تەسىرى بىلەن كىشىنى سەگى-
تىدىغان سالقىن شامال سوقۇپ تۇرسىمۇ ئەمما كۆككە بوي سوزغان
ئەزىم بىنالارغا ئۇرۇلۇپ، تەكشىسىز شالاڭ ئېقىملارغا بۆلۈنۈپ تو-
زاڭدەك تاراپ كەتتى. پولات رەڭگىدىكى كۆكۈمتۇل ئاسماننىڭ
قەھرىدە قارا بۇلۇت جەنۇپقا تامان ئۈزمەكتە. ئۇنىڭ سۈتتەك

ئاپپاق جىيەكلىرى ھەرە چىشىدەك ئېنىق ۋە ئۆتكۈر دانىمۇ ـ دانە
كۆرۈنەتتى. شەھەر ئۈستىدە يامغۇر يېغىش ئالدىدىكى تۇمانلىق
دىمىق ھاۋادا لەيلەپ تۇراتتى. ھەممە يەردە قىزىپ كەتكەن ئاس-
فالت يولنىڭ پۇرىغى، بېنزىن پۇرىغى، يېقىن جايدىكى دېڭىز-
نىڭ پۇرىغى، ئاياللارنىڭ كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان نازۇك
ئەتىر ھىدى ۋە ئاھالىسى كۆپ شەھەرلەرگە خاس باشقا ھەر تۈرلۈك
پۇراقلار بىرگە قوشۇلۇپ گۇپۇلدەپ پۇرايتتى.

لىستىنتىسكى تاماكىسىنى شورىغاچ كوچىنىڭ چېتىدىكى
پىيادىلەر يولىنىڭ ئوڭ تەرىپى بىلەن ئاستا مېڭىپ كېلەتتى، ئۇچ-
رىغان كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ھۆرمەت كۆرسىتىپ كۆز قىرى بىلەن
نەزەر تاشلىغانلىرىنى ئاندا ـ ساندا بايقىدى. دەسلىۋىدە ئۇ كىيى-
مىنىڭ پۇرلىشىپ كەتكەنلىكى ۋە بېشىدىكى فۇراژكىنىڭ كونىراپ
قالغانلىغى ئۈچۈن بىرئاز قىسىلغاندەك بولدى، ئەمما كېيىن ئۇ،
مەن ئالدىنقى سەپتىن كەلگەن ئوفىتسېر بولغانلىغىم ئۈچۈن بۇ
تۇرقۇم بىلەن ئىزا تارتىشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى بولمىسا كېرەك،
ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى بۇگۈنلا ۋاگوندىن چۈشكەن تۇرسام، ھېچ
ۋەقەسى يوق ئەمەسمۇ،دەپ ئويلىدى. ئىككى چەتتىكى پىيادىلەر يولىدا،
ماگىزىنلار بىلەن كوفىخانىلارنىڭ ئىشىگى ئۈستىگە تارتىلغان
يەلكەنسىمان سايىۋەنلەردىن چۈشكەن كۆلەڭگىلەر ساپ ـ سېرىق
داغدەك جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئاپتاپتا كۆيگەن سايىۋەننى شامال
يەلپۈلدىتەتتى، يولغا چۈشكەن داغ كۆلەڭگە تەۋرىنىپ، ئادەملەرنىڭ
قەدىمى ئاستىدا ئۈزۈلۈپ كەتكەندەك بولاتتى. چۈشتىن كېيىنكى
ۋاقىت بولۇشىغا قارىماستىن چوڭ كوچا غۇژ ـ غۇژ قاينام ـ تاش-
قىنلىق ئىدى. ئۇرۇش يىللىرىدا شەھەر ھاياتىدىن چەتلىشىپ قال-
غان لىستىنتىسكى قىقاس كۈلكە ئاۋازلىرى، ئاپتوموبىللارنىڭ

گۈدۈكلىرى،گېزىت ساتقۇچىلارنىڭ ۋاقىراشلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن ھەرخىل ئاۋازلاردىن خوشال - خورام ھوزۇر ئالاتتى، كاتتا كىيىنگەن، قوسىغى توق ئادەملەرنىڭ تۇپى ئىچىدە ئۆزىنى شۇ كىشىلەرگە يېقىن، يار - بۇرادەرمەنغۇ دەپ ھىس قىلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ مۇنداق ئويلايتتى:

«ھازىر ھەممىڭلار مەمنۇن، شات - خورام، بەختىيارسىزلەر ــ ھەممىڭلار مەيلى سودىگەر، مەيلى سودا دەلاللىرى، مەيلى ھەردەرىجىلىك ئەمەلدارلار، مەيلى پومىششىكلار، مەيلى كۆك قاندىكى كىشىلەر① بولۇڭلار، ئاشۇنداق! ئەمما 3 كۈن بۇرۇن سىلەر قانداق ئىدىڭلار؟ مۇشۇ چوڭ كوچا ۋە تار كوچىلاردا ئاۋام خەلق بىلەن سولداتلار ئېرىتىلگەن مەدەندەك ئېقىشقا باشلىغان چاغدا سىلەر قايسى تۆشكە كىردىڭلار ؟ ۋىجدانەن ئېيتقاندا، مەن سىزلەردىن ھەم خۇرسەنمەن، ھەم خۇرسەن ئەمەسمەن. سىلەرنىڭ ئېسەنئامانلىغىڭلارغا قانداق خوشال بولۇشۇمنىمۇ بىلمەيمەن...»

ئۇ، ئۆزىنىڭ 2 خىل تۇيغۇسىنى تەھلىل قىلىشقا، ئۇنىڭ مەنبەلىرىنى تېپىشقا تىرىشتى - دە، ئاسانلا خۇلاسىگە كەلدى: ئۆزىنىڭ مۇنداق ئويلىشىغا ۋە ھىس قىلىشىغا ئۇرۇش سەۋەپچى بولغان ئىكەن ۋە شۇ ئۇرۇشتا چەككەن جاپاسى ئۆزىنى ئاشۇ قوسىغى توق، تۇرمۇشىدىن مەمنۇن بولغان گۇرۇھلاردىن ئايرىۋەتكەن ئىكەن.

«مانا ماۋۇ ياپ - يماش، سېمىز يىگىت ئىكەن، دەپ ئويلىدى ئۇ،ئىككى مەڭزى قىپ - قىزىل، بەستلىك، بۇرۇتسىزبىر ئەرگە كۆزى چۈشكەچ، نىمىشكە ئۇ ئالدىنقى سەپكە بارمىغان؟ ئېھتىمال، زاۋۇت خوجايىنىنىڭ ياكى بىرەر جاھىل سودىگەرنىڭ ئوغلىدۇر، يا

① چاررۇسىيە دەۋرىدە ئاقسۆڭەكلەر كۆك قاندىكى كىشىلەر دەپ ئاتىلاتتى.

بولمىسا، ھەربى خىزمەتتىن قاچقان رەزىلدۇر، ئۇنىڭ قەلبىدە ۋەتەن نىمە قىلسۇن — «مۇداپىئە خىزمىتىنى قىلىدۇ»، توغرىسى يەپ - ئىچىپ سەمرىيدۇ، پۇرسەت تاپقاندا ئاياللارنى ياخشى كۆرىدۇ...»

«ئەمماسەن زادى كىم بىلەن» بىللە؟ ئۇ ئۆزىگە ئۆزى مۇشۇ سوئالنى بەردى - دە، كۈلۈپ قويۇپ، كېيىنچە ئېيتتى: «مەن، ئەلۋەتتە، مانا مۇشۇلار بىلەن بىللە! مېنىڭ زەررەم ئاشۇلارنىڭ ئىچىدە، مەن بولسام ئاشۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر زەررە ... ئۇلاردىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقلار مەلۇم دەرىجىدە مەندىمۇ بار. بەلكىم، مۇنۇ سەمرىگەن چوشقىدىن مېنىڭ تېرەم نېپىزرەكتۇر، شۇ سەۋەپتىن مەن ھەممە نەرسىگە دەرتمەنلىك بىلەن قارايدىغاندىمەن، مەن «مۇداپىئە خىزمىتى»دە بولماي، ئۇرۇشتا ھالال خىزمەت ئۆتىگەنلىكىم شۇ سەۋەپتىن بولسا كېرەك، مەن قىش كۈنى موگىلىفتا تەختتىن ئاغدۇرۇلغان ئىمپېراتور ئۆز قارارگاھىدىن ئاپتوموبىلغا چۈشۈپ كېتىۋاتقىنىدا كالپۇكلىرى ئۈمچىيىپ، دەرمانسىز قوللىرى تىزىنىڭ ئۈستىدە تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بولمايدىغان دەرىجىدە غال - غال تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قارنىڭ ئۈستىگە ئۆزەمنى تاشلاپ، كىچىك بالىدەك ھۆكرەپ يىغلىغانلىقىم دەل شۇسەۋەپتىن بولسا كېرەك... چۈنكى مەن ۋىجدانەن ئېيتقاندا، ئىنقىلاپنى قوبۇل قىلالمايمەنغۇ، قوبۇل قىلىشىممۇ مۇمكىن ئەمەس! يۈرىكىممۇ، ئەقىل - پاراسىتىممۇ بۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ... مەن كونا تۈزۈم ئۈچۈن جېنىمنى تىكىپ قويدۇم، ھېچ ئىككىلەنمەستىن، ساختا قىياپەت كۆرسەتمەستىن، ئاددى بىر سولداتتەك ئۆز ھاياتىمنى بېغىشلايمەن، ھالبۇكى مۇشۇنداق قىلالايدىغانلار كۆپمۇ؟»

ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، فېۋرال ئېيىنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنىدىكى رەڭگا - رەڭ بوياق بىلەن بويالغان كەچكى پەيتىنى،

شۇچاغدا پادىشانىڭ قارارگاھى جايلاشقان موگىلېۋ شەھىرىدىكى باش ۋالىنىڭ ئۆيىنى، سوغاقتىن قىروداپ كەتكەنچۆيۈن سالاسۇنلۇق قورانى ۋە ئۇنىڭ نېرىسىدىكى قىشنىڭ تۇمانلىق پەردىسى بىلەن قاپلانغان قۇياشنىڭ سېرىق ئالتۇندەك نۇرى چېچىلغان قارنى چوڭقۇر ھاياجان بىلەن ناھايىتى ئېنىق ئېسكە ئالدى. دىنېپېرنىڭ تىك قىرغىقىنىڭ نېرىسىدا ئاسمان زەڭگەر، قىزغۇچ، ئالتۇنسىمان سېرىق تۇسكە كىرگەن ئىدى، ئۇپۇقتىكى ھەربىر ئىنچىكە سىزىق شۇنچىلىك سېزىلمەس دەرىجىدە تارتىلغانكى كۆزنىگە قاتتىق سانچىلغاندەك بولاتتى، چوڭ ئىشىكنىڭ ئالدىدا قارارگاھنىڭ ئەمەلدارلىرى، ھەربىلەر، مەمۇرى ئەمەلدارلاردىن ئىبارەت كىچىككىنە بىر توپ يىغىلغان ئىدى. ئۇستى يېپىق بىر ئاپتوموبىل چىقىپ كەلدى، ئەينەكنىڭ تۇۋىدە ئولتۇرغان، ئېھتىمال، فرېدېرىكس① بولسا كېرەك، پادىشامۇ ئارقا ئورۇندۇقتا يۆلىنىپ ئولتۇرغان. ياداپ قالغان يۈزى بىر تۇرلۇك بىنەپشەرەڭ تۇس ئالغان ئىدى. كازاك كانۋاي ساقچىلىرى كىيىدىغان فورمىدىكى قارا پاپىقى ئاقىرىپ كەتكەن پىشانىسىدە قىيا يېرىم دائىرە قىيىسسىپ تۇراتتى.

ئۆزنىگە ھەيران بولۇپ قارىغان كىشىلەرنىڭ يېنى بىلەن لىستنىتسكى يۈگۈرگەندەك تېز ماڭدى. ئۇنىڭ كۆزنىگە پادىشانىڭ چېپىت بەرگەن قولى قارا پاپىقىنىڭ لېۋىدىن پەسكە چۈشۈپ كەتكەندەك كۆرۈندى، كېتىۋاتقان ماشىنىنىڭ ئاۋاز چىقارماستىن يورۇشى قۇلىقىدا جىرىڭلىغاندەك بولدى، ئاخىرقى پادىشانى سۈكۈت ئىچىدە ئۇزىتىپ قويغان كىشىلەرنىڭ توپى خورلۇق كەلتۈرىدىغان دەرىجىدە جىمجىتلىققا چۆككەن ئىدى ...

پولك ئىشتاۋى جايلاشقان ئۆينىڭ پەلەمپىيى بىلەن لىستى-

① فرېدېرىكس ۋ. — پادىشا سارىيىنىڭ مىنىستىرى.

ىنتىسكى ئاستا يۇقۇرىغا چىقتى. ئۇنىڭ يۈزلىرى ھىلىمۇ دىرىلداپ
تىترەيتتى، يىغلاپ ئىششىغان كۆزلىرى ياشتىن قىزىرىپ كەتكەن
ئىدى. 2 - قەۋەتنىڭ كىچىككىنە سەھنىسىدە ئۇ ئارقا - ئارقىدىن
ئۇلاپ 2 پاپىروس چەكتى - دە، كۆزەينىگىنى سۈرتۈپ، 2 پەلەم-
پەي - 2 پەلەمپەي ئاتلاپ، 3 - قەۋەتكە يۈگۈرۈپ چىقتى.
پولك كوماندىرى پېتروگرادنىڭ خەرىتىسىدىن لىستىنىتىس-
كى بۆلۈنمىسى گۈزەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ھۆكۈمەت ئىدا-
رىلىرى جايلاشقان رايوننى بەلگە بىلەن كۆرسەتتى، مەھكىمىلەرنى
بىربىرلەپ ساناپ چىقتى، ئاندىن قايسى قاراۋۇلنى قايسى چاغدا
قويۇپ، قايسى چاغدا ئالماشتۇرۇش كېرەكلىكىنى ئۇششاق تەپسى-
لاتلىرىغىچە چۈشەندۈرۈپ كېلىپ ئاخىرىدا:
— قىشلىق سارايدىكى كېرېنسكىگە ...، — دىگەن ئىدى.
— كېرېنسكىنى ئېغىزغا ئالماي تۇرسىڭىزچۇ! — دىدى
ئۆلگۈدەك تاتىرىپ كەتكەن لىستىنىتىسكى ئاچچىغى بىلەن
پىچىرلاپ،
— يېۋگېنىي نىكولايېۋىچ، ئۆزىڭىز تۇتۇۋېلىشىڭىز كېرەك...
— پولكوۋنىك، مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ سورايمەن!
— ئەمما، ئەزىزىم ...
— مەن سىزدىن ئىلتىماس قىلىمەن!
— سىزنىڭ نېرۋىڭىز ...
— پۈتىلوپ زاۋودىغا چارلىغۇچىلار ئەۋەتىشكە ھازىر بۇيى-
رۇق بېرەمسىز؟ — دەپ سورىدى لىستىنىتىسكى ئېغىر نەپەس
ئېلىپ.
پولكوۋنىك لېۋىنى چىشلەپ كۈلۈپ قويىدى - دە، مۇرىسى-
نى قىسىپ جاۋاپ بەردى:
— ھازىرلا ئەۋەتىڭ! ۋىزۋوت ئوفىتسېرلىرىمۇ چوقۇم بارسۇن.

لىستىنىتسكى باشتىن كەچۈرگەن ئىشلارنى ئەسلەش ۋە پولك كوماندىرى بىلەن بولغان گەپ - سۆزلەر ئارقىسىدا ھەپىلىسى پۈر بولۇپ، روھىي چۈشكەن ھالدا ئىشتاپتىن چىقتى. ئۆينىڭ يېنىدىلا پېتروگىرادتا تۇرۇۋاتقان 4 - دون پولكىنىڭ كازاك چارلىغۇچى قىسىملىرىنى كۆردى. ئوفىتسېرنىڭ جەرەن ئېتىنىڭ يۈگىنىگە قىستۇرۇپ قويۇلغان يېڭى ئۈزۈلگەن گۈل سولىشىپ، پەسكە سالپىيىپ قاپتۇ. ئاق بۇرۇتلۇق ئوفىتسېرنىڭ يۈزىدە تەبەسسۇم جىلۋىلىنەتتى.

— ياشىسۇن، ۋەتەننىڭ خالاسكارلىرى! ...، — دەپ توۋلىدى قاتتىق ھاياجانلانغان بىر جاناپ پىيادىلەر يولىدىن پەسكە چۈشۈۋاتقاندا شلەپىسىنى پۇلاڭشىتىپ.

ئوفىتسېر ھۆرمەت يۈزىسىدىن قولىنى شەپكىسىنىڭ كوزىركىسىغا جۈپلىدى. چارلىغۇچىلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېتىشتى. لىستىنىتسكى ھېلىقى كازاكلارغا ئاق يول تىلىگەن جاناپنىڭ ھاياجانلىنىپ، لەۋلىرى نەملىشىپ كەتكەن يۈزىگە، ئۇنىڭ بويىنىدىكى ئەپچىل باغلانغان گۈللۈك گالىستۇكىغا قارىدى - دە، قاپىغىنى تۈرۈپ، بىر ئاز مۆكچىيىپ، ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

## 11

گېنېرال كورنىلوپنىڭ غەربىي جەنۇپ فۇرونتىنىڭ باش قوماندانى بولۇپ بەلگىلەنگەنلىكى 14 - پولكنىڭ ئوفىتسېرلىرى تەرىپىدىن زور ھېسداشلىق بىلەن قارشى ئېلىندى. ئۇنىڭ ھەققىدە ئوفىتسېرلەر مىجەزى تۆمۈردەك قاتتىق ئادەم، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت

تۇيۇق يولغا كىرگۈزۈپ قويغان مەملىكىتىمىزنى بۇ يولدىن قۇ-
تۇلدۇرۇشقا شۈبھىسىز قۇدرىتى يېتىدۇ دېيىشەتتى.

بۇ كىشىنىڭ بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشىنى بولۇپمۇ لىستى-
نىستىسكى قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇ بۆلۈنمىدىكى تۆۋەن دەرىجى-
لىك ئوفىتسېرلەر ۋە ئۆزىگە يېقىن كازاكلار ئارقىلىق بۇ ئادەمگە
كازاكلارنىڭ قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلىشكە ئۇرۇنۇپ كۆرگەن
بولسىمۇ، ئەمما ئېلىنغان مەلۇماتلار ئۇنى خوشال قىلالمىدى. چۈن-
كى كازاكلار سۈكۈت قىلىشتى ياكى خوشياقمىغاندەك جاۋاپ بېرىپ
قۇتۇلۇشتى:

— بىزگە بەرىبىر ...

— ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى كىم بىلىدۇ ...

— كاشكى پۈتۈم تۈزۈشكە تىرىشقان بولسىغۇ، ئۇ چاغدا،
ئەلۋەتتە ...

— ئۇنىڭ يۇقۇرى مەرتىۋىگە چىقىشىدىن ئېھتىمال، بىزگە
ئۇنچىلىك يېنىكلىك بولمايدۇ!

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن تېخىمۇ كەڭرەك ئاۋام خەلق بىلەن
ھەربىلەرگە ئارىلاشقان ئوفىتسېرلەر ئارىسىدا گويا كورنىلوپ ۋا-
قىتلىق ھۆكۈمەتكە بېسىم ئىشلىتىۋېتىپتۇ، ئالدىنقى سەپتە ئۆلۈم
جازاسى بېرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئارمىيىنىڭ تەقدىرى ھەم
ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتىگە باغلىق بولغان بىر قاتار كەسكىن چارە -
تەدبىرلەرنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلىپتۇ دەيدىغان مىش - مىش
گەپلەر تارىلىپ يۈردى. كېرېنىسكى، كورنىلوپتىن قورقىدىكەن، شۇ-
گا، ئېھتىمال، بۇنى ئالدىنقى سەپنىڭ باش قوماندانلىق ۋەزىپى-
سىدىن ئېلىپ، ئورنىغا باشقا بىر گەپكە كىرىدىغان گېنېرالنى
قويۇشقا يار كۈچىنى سەرپ قىلىۋېتىپتۇ، دىگەن گەپ - سۆزلەرمۇ
ئېقىپ يۈردى. ھەربىلەر ئارىسىدا مەشھۇر بولغان گېنېراللارنىڭ

نامىرى تىلغا ئېلىندى.

19 - ئىيۇلدا كورنىلوپنىڭ ئالىي باش قوماندانلىقتا تەيىنلەنگەنلىكى توغرىسىدىكى ھۆكۈمەت خەۋىرى ھەممىنى ھەيران قالدۇردى. كۆپ ئۆتمەي ئوفىتسېرلەر ئىتتىپاقىنىڭ باش كومىتېتىدا تونۇشى كۆپ بولغان مۇئاۋىن ياساۋۇل ئاتارشىكوپ تولۇق ئىشەنچلىك مەنبەلەرگە ئاساسلىنىپ، كورنىلوپ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە دوكلات قىلىش ئۈچۈن تەييارلىغان خېتىدە تۆۋەندىكى ئەڭ ئاساسىي چارە - تەدبىرلەرنى يۈرگۈزۈش لازىملىغىنى تەلەپ قىلىپتۇ: پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئارقا سەپتىكى ئەسكەرلەر بىلەن ئاھالىگە قارىتا ھەربىي - دالا سوتلىرىنىڭ سوت قىلىش ھوقۇقى يۈرگۈزۈلۈشىنى،ئۆلۈم جازاسى بېرىش يولغا قويۇلۇشىنى، ھەربىي باشلىقلارنىڭ تەرتىپ - ئىنتىزام جەھەتتىكى ھوقۇقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشىنى؛ ھەربىي قىسىملاردىكى كومىتېتلارنىڭ پائالىيىتى تار دائىرىگە سىلىنىشىنىۋە باشقا مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ، دەپ ئېيتىپ بەردى.

شۇكۇنى كەچقۇرۇن لىستىنتىسكى ئۆز بۆلۈمىسىدىكى ۋە باشقا بۆلۈمىدىكى ئوفىتسېرلەر بىلەن بولغان سۆھبەتتە توغرىدىن توغرا: سىلەر كىم بىلەن بىللەمادىسىلەر؟ — دەپ كەسكىنلا سوئال قويدى.

— جانابىي ئوفىتسېرلەر!—دىدى ئۇئۆزھاياجىنىنىبېسىپ،—بىز ئىناق ئائىلىدەياشاۋاتىمىز. بىز بىر بىرىمىزنىڭ قانداقلىغىنى بىلىمىز، ئەمما مۇشۇ كۈنگىچە ئارىمىزدا بىر مۇنچە باش قاتۇرىدىغان مەسىلىلەر ھەل قىلىنماي كېلىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ ھازىرقى كۈندەئالىي باش قوماندانلىق بىلەن ھۆكۈمەت ئارىسىدا ئىختىلاپ - زىددىيەت پەيدا بولۇشى ئايدىڭلىشىۋاتقان بىر چاغدا، بىز كىم بىلەن بىللە ماڭىمىز ۋە كىمنى ياقلايمىز دىگەن مەسىلىنى كۆندىلەڭ قويۇ-

شىمىز لازىم. قېنى ئۇچۇق ـ ئاشكارە يولداشلارچە سۆزلىشىپ باقايلى.

مۇئاۋىن ياساۋۇل ئاتارشىكوپ بىرىنچى بولۇپ جاۋاپ بەردى:

— مەن گېنېرال كورنىلوپ ئۈچۈن ئۆز قېنىمنى ۋە باشقىلارنىڭ قېنىنى ئاققۇزۇشقا تەييارمەن! بۇساپ ۋىجدانلىق ئادەم، پەقەت مۇشۇ ئادەم روسسىيىنى تىنىك تۇرغۇزالايدۇ. ئارمىيىدە نىمەئىش قىلىۋاتقانلىغىنى بىر قاراپ بېقىڭلار! پەقەت مۇشۇ ئادەم تۈپەيلى ھەربى باشلىقلارنىڭ قولى خېلىلا ئۇزىراشقا باشلىدى، بۇرۇن كومىتېتلارنىڭ بىر تۇتاش زوراۋانلىغى، دۈشمەن بىلەن دوستلىشىش ۋە قاچقۇنلۇق كۆپىيىپ كەتكەن ئىدىغۇ. يەنە قانداق گەپنىڭ بولۇشى مۇمكىن؟ ھەربىر ۋىجدانلىق ئادەم كورنىلوپنى ھىمايە قىلىشى كېرەك!

شادا پاچاق، كۆكرىگى كېلەڭسىز، كەڭ يەلكىلىك ئاتارشىكوپ زەردە بىلەن سۆزلىدى. كۆتىرىلگەن بۇ مەسىلە ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىغا تەككەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئۇ سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن شىرەنى چۆرىدىشىپ ئولتۇرغان ئوفىتسېرلەرگە بىر قاراپ چىقتى ـ دە، پەيت كۈتۈپ تۇرغاندەك تاماكا قۇتىسىنى مۈشتىكى بىلەن تاكىلدىتىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆزىنىڭ تۆۋەنكى قاپىغىدا قىزىل پۇرچاقتەك مېڭى بار ئىدى. بۇ مەڭ تۆپە قاپىغىنىڭ كۆزىنى زىچ يۇمۇشىغا توسقۇنلۇق قىلاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتارشىكوپقا بىرىنچى قاراشتىلا گويا ئۇنىڭ كۆزىدە ھەمىشەم بىر خىل تەكەببۇرانە كۈلكە پەيت كۈتۈپ تۇرغاندەك بىر تەسىرنى قالدۇراتتى.

— ئەگەر بولشېۋىكلارنىڭ ئارىسىداكېرېنسكى بىلەن كورنىلوپنى تاللاشقا توغرا كەلسە، ئۇ چاغدا بىز ئەلۋەتتە، كورنىلوپنى ياقلايمىز.

— كورنىلوپنىڭ نىمە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا بىر نەرسە دېيىشىمىز قىيىن: ئۇ روسىيىدە تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچىمۇ ياكى باشقا بىر نىمىنى ئورناتماقچىمۇ...

— بۇ — پىرىنسىپال مەسىلىگە جاۋاپ ئەمەس!

— ياق، جاۋاپ!

— ئەگەر جاۋاپ بولغان تەقدىردىمۇ، ھەر ھالدا ئاقىلانە جاۋاپ ئەمەس.

— نىمىدىن قورقىسىز، يۈزبېشى؟ پادىشالىق تۈزۈمىنىڭ قايتا تىكلىنىشىدىنمۇ؟

— مەن بۇنىڭدىن قورقمايمەن، ئەكسىچە، شۇنى خالايمەن.

— ئۇنداق بولسا گەپ نىمىدە؟

— جاناپلار! — دەپ سۆز باشلىدى يېقىنداجەڭدىكى پىداكارلىغى ئۈچۈن ۋاخمىستىرلىكتىن خورۇنجى دەرىجىسىگە ئۆسكەن دولگوپ قەتئى، غاراڭلىغان ئاۋاز بىلەن، — نىمىسىنى تالىشىسىلەر؟ بىز كازاكلار ئانىسىنىڭ ئىتىگىگە يېپىشقان بالىدەك، گېنېرال كورنىلوپنىڭ پېشىدىن مەھكەم تۇتىمىز دىسەڭلارچۇ مەغرۇرلۇق بىلەن. گەپنىڭ پوس كاللىسى مانا مۇشۇ! ئۇنىڭدىن ئاجرالساق — تۈگىشىمىز! روسىيە بىزنى ئەخلەت دۆۋىسىگە ئېلىپ بېرىپ تاشلايدۇ. بۇنىڭدا مەسىلە ناھايىتى روشەن: ئۇ نەگە بارسا، بىزمۇ شۇ يەرگە بارىمىز.

— مانا مۇشۇ توغرا!

ئاتارشىكوپ خۇرسەندلىك بىلەن دولگوپنىڭ يەلكىسىدىن قېقىپ قويدى ـ دە، كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن لىستنىتسكىگە تىكىلدى. لىستنىتسكى ھېجىيىپ، ھاياجانلانغان ھالدا شىمىنىڭ تىزىنى سىپىلاپ قويدى.

— خوش، شۇنداق بولسا بولامدۇ، جانابى ئوفتسېرلەر، ئاتامانلار؟ — دەپ كۆتىرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن خىتاپ قىلدى ئاتارشكوپ. — بىزكورنىلوپنى ياقلامدۇق؟

— شۇنداق، ئەلۋەتتە!

— دولگوپ چېكىش تۈگۈننى بىردىنلا يەشتى.

— ئوفتسېرلەرنىڭ ھەممىسى شۇنى ياقلايدۇ!

— بىز بۇنىڭ سىرتىدا بولۇشنى خالىمايمىز.

— كازاك قەھرىمان، قەدىردان لاۋر گېئورگىيېۋىچقا — ھۇررا!

ئوفتسېرلەر كۈلۈشۈپ، ئىستاكانلىرىنى سوقۇشتۇرۇپ چاي ئىچىشتى. پاراڭ بايىقى جىددىيلىكتىن پەسىيىپ، كېيىنكى كۈنلەردە يۈزبەرگەن ۋەقەلەرگە كۆچتى.

— بىزغۇ ئالى قوماندانلىقنى ياقلايمىز، ئەمما مۇنۇ كازاكلار ئارىسالدابولارمىكىن ...، — دىدى دولگوپ مۇجمەل ھالدا.

— «ئارىسالدا بولارمىكىن» دىگەن قانداق گەپ؟ — دەپ سورىدى لىستنىتسكى.

— بۇ شۇنداق. ئارىسالدا بولىدۇ — ئىش تامام، ۋەسسالام... ئۇ ئىتنىڭ باللىرى ئۆيلىرىگە قايتىشقا، خوتۇنلىرىنىڭ قېشىغا بېرىشقا خۇشتار... مەزىسىز ھايات ئۇلارنى بىزار قىلىۋەتكەن...

— بىزنىڭ ئىشىمىز — كازاكلارنى ئۆزىمىزگە تارتىش! — يۈز بېشى چېرنوكۇتوپ مۇشتى بىلەن شىرەنى بىرنى ئۇردى، — ئۇلارنى ئارقىمىزغا ئەگەشتۈرۈشىمىز كېرەك! بىز ئوفتسېرلىك پاگونىنى شۇنىڭ ئۈچۈن تاقاپ يۈرىمىز! كىم بىلەن مېڭىش كېرەكلىگىنى كازاكلارغا سەۋرىچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈش كېرەك.

لىستنىتسكى قوشۇق بىلەن ئىستاكاننى تاكىلداتتى؛

كازاكلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ، دانىمۇ - دانە سۆزلىدى:
— جاناپلار، شۇنى ئەستە تۇتۇشۇڭلارنى ئۆتۈنىمەنكى، ها-
زىر بىزنىڭ ئىشىمىز، ئاتارشكوپ ئېيتقاندەك، ئەھۋالنىڭ ھەقى-
قى ماھىيىتىنى كازاكلارغا چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇشى كې-
رەك، كازاكلارنى كومىتېتلارنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش لازىم.
فېۋرال ئۆزگىرىشىدىن كېيىن كۆپچىلىگىمىز ئاز - تولا نەرسىلەر-
نى باشتىن كەچۈردۇق، شۇنداقتىمۇ، بىز ئۆز مىجەز - خۇلقىمىزنى
ئۆزگەرتىشىمىز لازىم. بۇرۇنقى چاغدا، مەسىلەن، 1916 - يىلدا —
مەن تەۋەككۈلچىلىك بىلەن، مەيلى جەڭ ۋاقتىدا گەجگەمگە بىر
پاي ئوقنى ئاتسا - ئاتسۇن دەپ، قورقماستىن بىرەر كازاكنى ئۇ-
رۇپ يىقىتىشقا جۈرئەت قىلالايتتىم، ئەمما فېۋرال ئۆزگىرىشىدىن
كېيىن بۇ يولدىن يېنىشقا توغرا كەلدى، چۈنكى مەن ھازىر بىرەر
ئەخمەقنى ئۇرغان بولسام، ئۇ پۇرسەت كۈتمەستىنلا، ئاكوپنىڭ
ئىچىدە مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىۋېرىدۇ. ھازىر ئىش پۈتۈنلەي باشقا. بىز
كازاكلار بىلەن ئەپ ئۆتۈشىمىز لازىم! — لىستنىتسكى بۇ سۆز-
نى ئالايىتەن تەكىتلەپ ئېيتتى، — ھەممە نەرسە مانا مۇشۇنىڭ-
غا باغلىق. سىلەر ھازىرقى ۋاقىتتا 1 - ۋە 4 - پولكلاردا نىمە
ئىش بولۇۋاتقانلىغىنى بىلەمسىلەر؟
— ئىنتايىن بولمىغۇر ئىش!
— خۇددى شۇنداق — بولمىغۇر ئىش بولۇۋاتىدۇ! — دەپ
سۆزىنى داۋام ئەتتۈردى لىستنىتسكى، — ئوفىتسېرلەر بۇرۇنقى-
دەكلا كازاكلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئالغان بولۇپ، نەتىجىدە كازاكلار-
نىڭ ھەممىسى بولشېۋىكلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، 90 پىرسەنتى
بولشېۋىكقا ئايلانغان. دەھشەتلىك ۋەقەلەردىن ئۆتۈپ كېتەلمەيدى-

غانلىغىمىز ئايانغۇ... 3 - ۋە 5 - ئىيۇل كۈنلىرى① — بىپەرۋالار-نىڭ ھەممىسىگە جىددى ئاگاھلاندۇرۇش بولدى ياكى بىز كورنى-لوۋنى ياقلاپ، بولشېۋىكلار بىلەن ئېلىشىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، ياكى بولشېۋىكلار كۈچ توپلاپ ۋە تەسىر دائىرىسىنى كې-ڭەيتىپ، يەنە بىر ئىنقىلاپنى قوزغايدۇ. ئۇلار ئارام ئېلىپ كۈچ توپلىماقتا، بىز بولساق، بوشاڭلىق، ئىنتىزامسىزلىق ئىچىدە تۇرۇ-ۋاتىمىز... مۇشۇنداق قىلساق، بولامدۇ؟!... مانا كەلگۈسىدىكى زور ئۆزگىرىشتە ئىشەنچلىك كازاكلار كېرەك بولىدۇ...

— كازاكلار بولمىسا، ئەلۋەتتە، بىز ھېچنېمىگە ئەرزىمەي-مىز، — دىدى دولگوپ خۇرسىنىپ.

— توغرا، لىستنىتسكى!

— ھەتتاكى ناھايىتى توغرا.

— رۇسىيىنىڭ بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلاپ قالدى...

— بىزنى سەن بۇنى چۈشەنمەيدۇ، دەپ ئويلامسەن؟ چۈشى-نىمىز، ئەمما بەزىدە بىر نەرسە قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىمىز. «1 - نومۇرلۇق بۇيرۇق»② بىلەن «ئاكوپ

① 1917 - يىلى 3 - ۋە 5 - ئىيۇل كۈنلىرى (يېڭىچە يىل ھىساۋىدا 16 - ۋە 18 - ئىيۇل كۈنلىرى) ئىشچى - سولداتلارپېتروگىراد ۋاقىت-لىق ھۆكۈمەتكە قارشى نامايىش ئۆتكۈزگەن — ت.

② «1 - نومۇرلۇق بۇيرۇق» 1917 - يىلى 1 - مارتتا ئىنقىلاۋىي كەيى-پىياتتىكى ئاممىنىڭ بېسىمى بىلەن پېتروگىرادسوۋېتى ئىجرائىيە كو-مىتېتى تەرىپىدىن چىقىرىلغان بولۇپ، بۇ بۇيرۇق بويىچە ھەربى قى-سىملاردا سايلانما تەشكىلاتلار قۇرۇلغان ئىدى، بۇ تەشكىلاتلار چار پادىشاسىنىڭ بۇرۇنقى كوماندا تەركىبىنىڭ ھەركىتى ئۈستىدىن نازا-رەت قىلىپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى.

ھەقىقىتى»① ئۆزىنىڭ ئورۇغىنى چاچماقتا.

— لېكىن بىز شۇ ئورۇقنى پېتىقلاپ دەسسەپ، پۇتتۇنلەي كۆيدۈرۈپ تاشلاشنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭ ئۈنۈپ چىقىشىغا قىزىقىۋاتىمىز! — دەپ ۋاقىرىدى ئاتارشىكوپ.

— ياق، قىزىقمايمىز، بىز كۈچسىز!

— يالغان ئېيتىسىز، خورۇنجى! بىز مۇنداقچە ئېيتقاندا ھورۇن!

— توغرا ئەمەس!

— ئىسپاتلا!

— ئاستىراق سۆزلەڭلەر، جاناپلار!

— بولشېۋىكلەرنىڭ «ھەقىقەت» گېزىتىنى بىتچىت قىلىۋەتتى... كېرېنسكىنىڭ ئەخمىقانە كاللىسى ئىشلەيدىكەن...

— بۇ نىمە گەپ، بۇ يەر بازارمۇ؟ بۇنىڭغا يول قويۇش مۇمكىن ئەمەس!

كۆتىرىلگەن ۋاراڭ - چۇرۇڭلار، مەنىسىز ۋاقىراشلار بىر ئاز بېسىلدى، لىستنىتسكىنىڭ سۆزىگە ئېنتايىن قىزىقىش بىلەن قۇلاق سېلىپ تۇرغان بىر يۈز بېشى كوماندىر دىققەت قىلىشنى ئۆتۈندى.

— مەن ياساۋۇل لىستنىتسكىنىڭ سۆزىنى تۈگىتىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

— مەرھەمەت، سۆزلىسۇن!

لىستنىتسكى تېزىغا مۇشتىنى سۈركەپ تۇرۇپ سۆزىنى

① «ئاكوپ ھەقىقىتى» — بولشېۋىكلارنىڭ ھەربى گېزىتى بولۇپ، سولداتلارغا ئىنقىلاۋىي روھ سىڭدۈرۈش يولىدا زور رول ئوينىغان ئىدى.

ۋامىلاشتۇردى:

— مەن دەيمەنكى، شۇ چاغدا، يەنى كەلگۈسىدىكى جەڭلەر-
دە، ئىچكى ئۇرۇشتا — بۇ ئۇرۇشنىڭ مۇقەررەرلىگىنى مەن تېخى
ھازىرلا چۈشەندىم — سادىق كازاكلار ئىنتايىن زۆرۈر. ئۇلارنى
بولشېۋىكلارغا مايىل كومىتېتلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن
كۈرەش قىلىشىمىز لازىم. بۇ ئىنتايىن زۆرۈر ئىش! چۈنكى مۇبادا
يېڭىدىن توپلاڭ كۆتىرىلىپ قالسا 1- ۋە 4 - پولكنىڭ كازاكلىرى
ئۆز ئوفىتسېرلىرىنى پۈتۈنلەي ئېتىپ تاشلايدۇ...

— بۇ ئىش ناھايىتى ئېنىق!

— تەكەللۇپ - پەكەللۇپنى يىغىشتۇرۇپ قويۇشىدۇ!

— ... ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى — بۇ سۆزنى تىلغا ئېلىش
ئىنتايىن ئەلەم قىلىدۇ — ئۆگىنىشىمىز كېرەك. 1 - ۋە 4 - پولك-
نىڭ كازاكلىرىنى — گەرچە، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلارنى قانداق كا-
زاك دىگىلى بولسۇن؟ — كەلگۈسىدە نەق يېرىمىنى دارغا ئېسىشقا
توغرا كېلىدۇ ياكى پۈتۈنلەي ھەممىسىنى ئېتىپ تاشلاش كېرەك...
ياۋايى ئوتنى ئېتىزدىن يۇلۇپ تاشلاش كېرەك! بىز ئۆز كا-
زاكلىرىمىزنى خاتالاردىن ساقلاپ قالايلى، بۇ خىل خاتالارنىڭ كا-
ساپىتى بىلەن ئۇلار كەلگۈسىدە جازاغا ئۇچراپ قالمىسۇن.

لىستنىتسكىدىن كېيىن بايا ئۇنىڭ سۆزىگە ئىنتايىن
دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ تۇرغان ھېلىقى يۈز بېشى سۆز ئالدى.
پولكتا 9 يىل خىزمەت قىلغان، ئۇرۇش مەزگىلىدە 4 قېتىم يارىدار
بولغان بۇ پىشقەدەم ئوفىتسېر ئىلگىرىكى چاغلاردا خىزمەت قىلىش-
نىڭ ئېغىر بولغانلىغىنى سۆزلىدى. كازاك ئوفىتسېرلەر چەتكە قې-
قىلغان، ئۇلار ئىتتىنىڭ ئورنىدا تۇتۇلغان، خىزمەتكە ئۆستۈرۈش
ناھايىتى ئاستا بولغان، كازاك ئوفىتسېر كادىرلىرىنىڭ كۆپچىلىگى-

گە قوشۇن ستارشىناسى ئۇنۇۋانى ئۆلگەندىن كېيىن بېرىلگەن؛ ئۇنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، بۇنداق ئەھۋال شۇنىڭغا سەۋەپ بولغانكى، پادىشا ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلغان پەيتتە كازاكلاردىن چىققان يۇقۇرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلەرنىڭ پائالىيىتى ناھايىتى سۇس بولغان. ئەمما شۇنىڭغا قارىماستىن دىدى ئۇ: — كازاك ھەربىلەر ئىتتىپاقى كېڭىشى بىلەن ئوفىتسېرلەر ئىتتىپاقى باش كومىتېتى ئارقىلىق كورنىلوپنى ھەر جەھەتتىن قوللاپ - قۇۋۇەتلەپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇستەھكەم ئالاقە باغلىشىمىز لازىم.

— بولۇپمۇ، كورنىلوپ دىكتاتۇر بولسۇنچۇ — كازاك ئەسكەرلىرىنىڭ نىجات يۇلتۇزى مانا مۇشۇ ئادەم. پادىشا دەۋرىدىكىگە قارىغاندا بىز، بەلكىم، ئۇنىڭ دەۋرىدە ياخشىراق كۈن ئۆتكۈزەرمىز.

ۋاقىت يېرىم كېچىدىن خېلىلا ئۇزاپ كەتكەن ئىدى. پەغەپەغە چېچىلاڭغۇ بۇلۇت قاپلاپ تۇرغان ئادەتتىكى ئاق - سۇررەڭ كېچە شەھەر ئۇستىدە ئېسىلىپ تۇراتتى، دەرىزىدىن ئالى ھەربى دېڭىز باشقارمىسى مۇنارىسىنىڭ قارامتۇل نەيزىدەك تىك ئۇچى ۋە چىراقلارنىڭ شولىسى جىلىۋىلىنىپ تۇرغان ساغۇچ تاشقىن سۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئوفىتسېرلەر تاڭ يورۇغىچە سۆزلىشىپ ئولتۇردى. بىر ھەپتىدە 3 قېتىم كازاكلار بىلەن سىياسى تېمىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈش قارار قىلىندى، بوش ۋاقىتنى مەشغۇلات بىلەن تولدۇرۇش ۋە چىرىتكۈچ سىياسى ھاۋادىن كازاكلارنىڭ مىڭىسىنى خالى قىلىش ئۈچۈن ۋىزۋوتلاردا ھەر كۈنى تەنتەربىيە مەشقى بىلەن گېزىت ئوقۇشنى يولغا قويۇش ۋىزۋوت ئوفىتسېرلىرىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى.

تارقىلىش ئالدىدا ئۇلار «تەۋرەندى، دولقۇنلاندى پراۋوس-

لاۋتىنچ دون» دىگەن ناخشىنى ئېيتىشتى، 10-ساماۋارنىڭ چېيىنى ئىچىپ
تۈگىتىشتى، چاخچاقلىشىپ، ئىستاكانلارنى سوقۇشتۇرۇپ، قەدەھ كۆ-
تىرىشتى، ئەڭ ئاخىرىدا ئاتارشكوپ، دولگوپ بىلەن پىچىر-
لىشىپ بىرنىمىلەرنى دىگەندىن كىيىن ئۈنىنى چىقىرىپ مۇنداق
دىدى:

— ھازىر، ئېغىزنى تاتلىق ئېتىدىغان شىرنىلىك ئورنىدا
بىز سىزلەرنى قەدىمقى كازاك قوشىغى بىلەن مېھمان قىلىمىز، قې-
نى ئەمىسە، جىم بولۇڭلار! دەرىزىنى ئېچىۋەتسەك تۈزۈك بولار، چۈن-
كى ئۆيگە تاماكا ئىسى توشۇپ كەتتى.

2 تاۋۇش — دولگوپنىڭ لەرزان، چۈرۈك يوغان ئاۋازى بى-
لەن ئاتارشكوپنىڭ يۇمشاق، ئادەتتىن تاشقىرى يېقىملىق، ئىنچى-
كە ئاۋازى — دەسلىۋىدە توقۇنۇشۇپ، چىگىشلىنىپ كەتتى، چۈنكى
ھەرقايسىسى ناخشىنى ئۆز مۇقامى بويىچە ئېيتقان ئىدى، ئەمما كې-
يىن بىر بىرىگە جىپسىلىشىپ، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان دە-
رىجىدە لەتىپ ياڭراشقا باشلىدى:

... تىنچ دون، ئاتىمىز، ئىپتىخارىمىز —
باش ئەگمەس تۈركلەرگە، موسكۋاغا ھەم.
قىلىچى چىنىقتى ئەسىرلەر جەڭدە ...
دون چۆلى گۈللەندى يىلدىن - يىل كۆركەم،
مەريەم ئانا ئۈچۈن، ئەركىن دون ئۈچۈن،
مۇقەددەس دىن ئۈچۈن بەرگەندۇر قەسەم،
ئەركىن دون دۈشمەنگە جەڭ ئېلان قىلىپ،
دولقۇنلۇق، شاۋقۇنلۇق ئاقىدۇ ھەردەم ...

ئاتارشكوپ تىزىنىڭ ئۈستىدە بارماقلىرىنى بىر بىرىگە
گىرەلەشتۈرۈپ، ناخشىنى ئەۋجىگە كۆتەردى، ئۆزگەرتىۋېرەك ئېيت-

سىمۇ، لېكىن بىر قېتىممۇ يېڭىلىشمىدى، دولگوپىنىڭ جۇشقۇن باس ئاۋازىنى خېلىلا ئارقىدا قالدۇردى؛ ئاتارشكوپىنىڭ چىرايى ئادەتتىن تاشقىرى سۇرلۇك ئىدى، پەقەت ئاخىرىغا كەلگەندىلا لىستىنتىنسكىي ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئۈستىدىكى زىغىررەڭ مەڭىنىڭ ئاستىدىن پاقىراپ چۈشكەن سوغاققىنە بىر تامچە ياشنى بايقاپ قالدى.

باشقا بۆلۈنمىلەرنىڭ ئوفىتسېرلىرى تارقاشقاندىن كېيىن، قالغانلار ئۇخلاشقا ياتتى، ئاتارشكوپ، لىستىنتىنسكىنىڭ كارۋىتىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ دۇمچەك گەۋدىسىدىكى ئۆكۈپ كەتكەن ھاۋارەڭ شىمىنىڭ ئاسما بېغىنى سىلاپ تۇرۇپ پىچىرلىدى:

— سەن چۈشىنىسەن، يېۋگېني ... مەن دوننى جاندىن ياخشى كۆرىمەن، مانا شۇ ئەسىرلەر داۋامىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن پۈتۈن كونا كازاك تۇرمۇشىنى جان - دىلىمدىن ياخشى كۆرىمەن، ئۆزىمىزنىڭ كازاكلىرىنى ياخشى كۆرىمەن، كازاك ئاياللىرىنى ياخشى كۆرىمەن — ھەممىنى ياخشى كۆرىمەن! دالاشۋاقلىرىنىڭ ھىدى ئاڭقىغاندا مېنى يىغا تۇتىدۇ ... يەنە تېخى، ئاپتاپپەرەس گۈللىگەندە ۋە يامغۇر ھۆل قىلغان ئۈزۈمتاللىرى دوننىڭ ئۈستىدە خۇشپۇراق چاچقان چاغدا — شۇ يەرلەرنى بەك - بەك ياخشى كۆرىمەن ... بۇنى سەن چۈشىنىسەن ... لېكىن ھازىر شۇنى ئويلايمەنكى، بىز مۇشۇ كازاكلارنى ئالدىيالايمىزمۇ؟ئۇلارنى يەنە مۇشۇ سوقماق يولغا باشلىماقچىمىزمۇ؟ ...

— سەن نىمە دەۋاتىسەن؟ — دەپ لىستىنتىنسكىي سەگەكلىك بىلەن سورىدى.

ئاتارشكوپىنىڭ ئاق سوروچكا كۆينىكىنىڭ ئاستىدىن ساددا گۆدەكلەرچە بوينى كىشىگە تەسىر قىلىدىغان دەرىجىدە قارىيىپ كۆرۈندى، زىغىررەڭ مەڭىنىڭ ئۈستىدە قاپېغىنىڭ كۆكۈش جىيىكى

ئېسىلىپ تۇراتتى، چالا يۇمۇلغان سىڭا كۆزىنىڭ بىر بۇرجىكىدە تەملەشكەن خىرە قارىچۇغى كۆرۈندى.

— مەن ئويلايمەن: كازاكلارغا مۇشۇ كېرەك بولۇپ قالدىمۇ؟

— بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارغا زادى نىمە كېرەك؟

— بىلمەيمەن ... ئەمما ئۇلار نىمىشكە بىزدىن ئۆزلۈكىدىن قېچىشىپ كېتىدۇ؟ ئىنقىلاپ بىزنى گويا قوي بىلەن ئۆشكىدەك ئىككىگە ئايرىدى، بىزنىڭ مەنپەئەتلىرىمىزمۇ ئوخشاشمايدىغاندەك بولۇپ قالدى.

— بايقىدىڭمۇ، — دەپ ئېھتىيات بىلەن سۆز باشلىدى لىستىنىتسكى. — ۋەقەلەرنى چۈشىنىشتىكى پەرق مانا مۇشۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز يۇقۇرىراق، بىز ئۇ ياكى بۇ پاكىتقا تەنقىدىي باھا بېرەلمەيمىز. ئەمما ئۇلارنىڭ ئوي - پىكرى ئاددىي - سادda. بولشېۋىكلار: ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىش كېرەك، توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇنى ئىچكى ئۇرۇشقا ئايلاندۇرۇش كېرەك، دەپ ئۇلارنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرماقتا. ئۇلار كازاكلارنى بىزگە قارشى گىژ - گىژگە سالماقتا، ئەمما كازاكلار چارچىغانلىقتىن، ئۇلاردا ھايۋانى سېزىم كۈپىرەك، بىزدە بار بولغان ۋەتەن ئالدىدىكى بۇرچنى ۋە جاۋاپكارلىقنى مەنىسىۋى جەھەتتىن قاتتىق ھىس قىلىش ئۇلاردا يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈنلەي چۈشىنىشلىككى، بولشېۋىكلارنىڭ تەسىرى قۇلاي زىمىنگە ئىگە بولىدۇ. دېمىسىمۇ، ئۇلار ئۈچۈن ۋەتەن دىگەن نىمە؟ ھەر ھالدا، بۇ بىر ئابستراكت چۈشەنچە. «دون ھەربى ئوبلاستى فرونتتىن يىراق، نېمىسلار ئۇ يەرگە يېتەلمەيدۇ» — دەپ ئاشۇ تەرىقىدە مۇلاھىزە قىلىشىدۇ. ھەممە بالا - قازا مانا شۇنىڭدا. بۇ ئۇرۇشنى ئىچكى ئۇرۇشقا ئايلاندۇرۇشنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە ئېلىپ بارىدى-

غانلىقىنى ئۇلارغا توغرا چۈشەندۈرۈش كېرەك.

لىستىنىتىسكى ئاشۇ سۆزلەرنى قىلىۋېتىپ، ئۆز سۆزىنىڭ كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلمەيدىغانلىقىنى ۋە ئاتارشكوپ ھازىر ئۇنىڭ ئالدىدا روھىي دۇنياسىنىڭ قاپقىقىنى ئېتىۋېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى سەل - پەل ھېس قىلدى.

خۇددى شۇنداق بولۇپ چىقتى: ئاتارشكوپ چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر ئىسىملەرنى غۇدۇڭشىپ، ئۇزاق جىم ئولتۇرۇپ كەتتى. لىستىنىتىسكى قانچىلىك تىرىشقان بولسىمۇ، جىم ئولتۇرۇۋالغان خىزمەتدىشىنىڭ ئوي - پىكرى ھازىر قانداق قاراڭغۇلۇقلار ئىچىدە كېزىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى.

«ئاپلا، ئۇنىڭغا ئۆز پىكرىنى ئېيتىپ تۈگىتىۋېلىشقا ئىمكان بېرىش كېرەك ئىكەندۇق...» دەپ ئەپسۇسلاندى لىستىنىتىسكى.

ئاتارشكوف، ئۇنىڭغا خەيرلىك كېچە تىلىدى - دە، باشقا بىرەر ئېغىز گەپ قىلماستىنلا چىقىپ كەتتى. بىر مىنۇتقا سوزۇلغان سەمىمى سۆھبەت جەريانىدا ئۇ، ئۆز ئارا بىر بىرىدىن سىر تۇتىدىغان ئىچكى دۇنياسىنىڭ قاراڭغۇ پەردىسىنى سەل - پەل قايرىپ، يەنە دەرھاللا يېپىۋالدى.

يات ئادەمنىڭ قوسىغىدىكى ئوي - پىكرىنى بىلىۋالالمىغانلىقى لىستىنىتىسكىگە ئىنتايىن ئەلەم قىلدى. ئۇ بىر تال تاماكا چېكىپ، سۇر، پاختىدەك غۇۋا كۆلەڭگىگە قاتتىق تىكىلىپ، بىردەم ياتتى - دە، توساتتىن ئاكسىنىيىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن دائىم دىڭۇدەك بىللە ئۆتكۈزگەن دەم ئېلىش كۈنلىرىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ تۈرلۈك ئوي - خىياللارغا چۆمۈپ ۋە قاچاندۇر ئۆزى بىلەن باردى - كەلدى قىلىشىپ يۈرگەن ئاياللار توغرىسىدىكى تاسادىپىي، ئۈزۈك خاتىرىلەرنى ئەسلەپ ئۇيقۇغا كەتتى.

# 12

لىستىنىتىسكىنىڭ بۆلۈنمىسىدە بۇكانوۋىسكايا كەنتىلىك لاگوتىن ئىۋان دىگەن بىر كازاك بار ئىدى. ئۇ دەسلەپكى سايلامدا پولكنىڭ ھەربى - ئىنقىلاۋىي كومىتېتىغا ئەزا بولۇپ ئۆتكەن ئىدى. پولك پېتروگىرادقا كېلىشتىن بۇرۇن ئۇ ئانچىلىك كىشىنىڭ كۆزىگە چۈشمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىيۇل ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە ۋىزۇوت ئوفىتسېرى لىستىنىتىسكىگە بىر خەۋەرنى يەتكۈزۈپ، لاگوتىنىڭ ئىشچى-سولداتلار دېپۇتاتلىرى پېتروگىرادسوۋېتىنىڭ ھەربى بۆلۈمىگە دائىم بېرىپ تۇرىدىغانلىغىنى، بۇ سوۋېت بىلەن ئالاقە باغلىغان بولۇش ئېھتىمالى بارلىغىنى، چۈنكى ئۇ ئۆز ۋىزۇودىنىڭ كازاكلىرى بىلەن يات - يات سۆھبەت ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارغا يامان تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىغى بايقالغانلىغىنى مەلۇم قىلدى. بۆلۈنمىدە قاراۋۇللۇققا ۋە چارلاشقا چىقىشقا ئادەم بەلگىلەنگەندە 2 قېتىم باش تارتىش ئەھۋاللىرى يۈز بەرگەن. ۋىزۇوت ئوفىتسېرى بۇ ھادىسىلەرنى لاگوتىنىنىڭ كازاكلارغا كۆرسەتكەن تەسىرىدىن بولغان دەپ قەيت قىلدى.

لىستىنىتىسكى قانداق بولمىسۇن لاگوتىنىنىڭ ئەھۋالىنى ئىنچىكىرەك بىلىش زۆرۈر، ئۇنىڭ تومۇرىنى بىر تۇتۇپ باقاي دىگەن قارارغا كەلدى. بۇ كازاكنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق سۆھبەتكە چاقى-

رىش ئەخمەقلىق ۋە ئېھتىياتسىزلىق بولاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن لىس-
تىنتىسكى پۇرسەت كۈتۈش قارارىغا كەلدى. پۇرسەتمۇ تېز كې-
لىپ قالدى. ئىيۇل ئېيىنىڭ ئاخىرىدا 3 - ۋىزۋوت نۆۋەت جەدۋىلى
بويىچە، پۇتىلوپ زاۋۇدىنىڭ بېقىنىدىكى كوچىلارنى كېچىسى
كۆزىتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى.
— كازاكلار بىلەن ئۆزەم بىللە بارىمەن، — دەپ ئالدىن-
ئالا ئەسكەرتىپ قويدى لىستىنتىسكى، ۋىزۋوت ئوفىتسېرىگە،—
ئۇقتۇرۇپ قويىسىڭىز، ماڭا قارا ئاتنى ئىگەرلىسۇن.
لىستىنتىسكىنىڭ 2 ئېتى بار ئىدى، «ھەر ھالدا»دىدى ئۇ،
چاپارمىنىنىڭ ياردىمى بىلەن كىيىنىپ، ئۇ يۇقۇرقى قەۋەتتىن ھويى-
لىغا چۈشتى. ۋىزۋوت ئاتقا مىنىپ تەييار بولۇشقان ئىكەن. چىراق-
لارنىڭ يورۇغى چۈشۈپ تۇرغان كۆكۈمگا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۇلار
بىر قانچە كوچىنى بېسىپ ئۆتتى. لىستىنتىسكى ئەتەي كەينىدە
قېلىپ، ئارقىدا كېلىۋاتقان لاگوتىننى قىچقاردى. لاگوتىن ئۆزىنىڭ
كۆرۈمسىز كىچىككىنە ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ يېقىنلىشىپ كەل-
دى - دە، نىمە گېپى بار ئىكەن دەپ ياساۋۇلغا يان تەرەپتىن كۆز
تىكتى.
— سىلەرنىڭ كومىتېتىڭلاردا نىمە يېڭىلىق بار؟ — دەپ
سورىدى لىستىنتىسكى.
— ھېچ ئىش يوق.
— سەن قايسى كەنتتىن، لاگوتىن؟
— بۇكانوۋسكايادىن.
— يېزاڭچۇ؟
— مىتەكىن.
ئەمدىلىكتە ئۇلارنىڭ ئاتلىرى قاتارلىشىپ كېتىۋاتاتتى.
لىستىنتىسكى كوچىدىكى پانۇسنىڭ يورۇغىدا كازاكنىڭ ساقال

باسقان يۈزىگە كۆز قىرى بىلەن قاراپ قويدى. لاگوتىننىڭ فوراژكىسى ئاستىدىن سىلىق تارالغان چېچى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ھوپپىدە كەلگەن ئىككى مەڭزىدە تەكشىسىز ئۇزۇن-قىسقا ساقىلى سالپىيىپ تۇراتتى، دومباق قاپىغىدىكى كامانىدەك قاشلىرى يېپىپ تۇرغان ئەييار، ئېچىشلىق كۆزلىرى ئىچكىرىگە ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئىدى.

«تۇرقىدىن ساددا، گومۇشتەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما ئىچكى دۇنياسى قانداقتۇ؟ ئېھتىمال، ھەممە ئادەملەرگە ئوخشاش، ئۇمۇ مېنى يامان كۆرىدىغاندۇ، بۇ نەرسە كونا تۈزۈم بىلەن، (تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرنىڭ قول - چومىقى...) بولۇش بىلەن باغلىنىشلىق بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى لىستىنىتىسكى، ئاندىن نىمىشقىدۇ لاگوتىننىڭ ئۆتمۈشتىكى ھاياتىنى بىلگۈسى كېلىپ قالدى.

— بالا - چاقاڭ بارمۇ؟

— خوددى شۇنداق، ئايالىم ۋە 2 بالام بار.

— ئىگىلىك ئىشلىرىڭ قانداق؟

— بىزدە نىمە ئىگىلىك ئىشلىرى بولسۇن؟— دىدى لاگوتىن ئىستىھزا ۋە ئەپسۇسلىنىش ئاھڭى بىلەن. — قەدرى ئەھۋال كۈن ئۆتكۈزىمىز. ئۆكۈز كازاكقا، كازاك ئۆكۈزگە ئىشلەپ، جاھاندارچىلىق قىلىمىز... بېرىمىز قۇملۇق،— دەپ بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن جىددىيلىك بىلەن قوشۇپ قويدى.

لىستىنىتىسكى بىر زاماندا سىبىرەكوۋو پويىز ئىستانىسىغا كېتىۋاتقاندا بۇكانوۋىسكايا كەنتى بىلەن ئۆتكەن ئىدى. ئۇ چوڭ يولنىڭ چېتىدىكى بۇ قاقاس كەنتنى ئېنىق ئېسىگە ئالدى، جەنۇپ تەرىپىنى بىپايان تۈپ - تۈز چىمەنلىك قاپلىغان بولۇپ، خوپېر دەرياسىنىڭ ئىنجىق بۇرۇلۇشى بەلۋاغسىمان ئايلىنىپ ئۆتەتتى. شۇ چاغدا ئۇ، يېلانىسكايا چېگرىسىدىن 12 چاقىرىم كېلىدىغان ئىگىز قىرغاقنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، ئويمانلىقتىكى باغلارنىڭ ياپ -

يېشىل باراقسان قوينىنى، ئىگىز چىركاۋنىڭ ئاپپاق مۇنارىنى كۆر-
گەن ئىدى.

— بىزنىڭ يەرلىرىمىز قۇملۇق، — دېدى لاگوتىن
خۇرسىنىپ.

— ئۆيۈڭگە قايتىشنى خالايدىغانسەن، نەلكىم؟

— خالىمايچۇ، جانابى ياساۋۇل! ئادەمنىڭ بالدۇرراق قايت-
قۇسى كېلىدۇ، ئەلۋەتتە،سوقۇش داۋامىدا مۇھتاجلىقنى ئاز تارتتۇقمۇ.

— ئۇكام، تېز قايتىشقا توغرا كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ...

— قايتارمىز.

— ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرغىنىمىز يوققۇ؟

— تېز تۈگەيدۇ. ئۆيلىرىمىزگە پات ئارىدا قايتىمىز، — دەپ
ئۆز پىكرىدە قاتتىق تۇردى لاگوتىن.

— يەنە شۇ ئۆز ئارا ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كېلەر. سېنىڭچە
قانداق؟

لاگوتىن ئىگەرنىڭ لوككىسىدىن كۆزىنى ئالماستىن، بىردەم
ئۈنچىقماي ماڭدى-دە:

— كىم بىلەن ئۇرۇشىمىز؟ —دەپ سورىدى.

— ئۇرۇشىدىغان ئادەملەر ئازمۇ ... مەسىلەن، بولشېۋىكلار
بىلەن.

لاگوتىن يەنە ئۇزاققىچە لام - جىم دېمەي ماڭدى، گويا بىر
ۋەزىندە تاراق - تاراق چىقىۋاتقان تۇياق ئاۋازىدا ئۇگدەپ قالغان-
دەك ئىدى،3مىنۇتچە جىمجىت مېڭىشتى، لاگوتىن سۆزىنى دانىمۇ-
دانە قىلىپ ئالدىرىماستىن:

— بىزنىڭ ئۇلار بىلەن تالىشىدىغان ھېچنېمىمىز يوققۇ؟—
دېدى.

— يەرچۇ؟

— يەر ھەممىسىزگە يېتىدۇ.

— بولشېۋىكلارنىڭ نېمىگە ئىنتىلىۋاتقانلىقىنى سەن بىلەمسەن؟

— قۇلىقىمغا ئازراق گەپ - سۆز كىرىپ قالدى...

— خوش، ئەگەر بولشېۋىكلار بىزنىڭ يەرلىرىمىزنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش ۋە كازاكلارنى قۇل قىلىش مەقسىدىدە بىزگە قارشى چىقسا، ئۇ چاغدا، سېنىڭچە قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ گېرمانلار بىلەن سەن سوقۇشتۇڭ، روسىيىنى قوغدىدىڭ ئەمەسمۇ؟

— گېرمانلار — بۇ باشقا گەپ.

— بولشېۋىكلارچۇ؟

— نېمە بولاتتى، ياساۋۇل جاناپلىرى، — دېدى لاگۇتىن بېشىنى كۆتىرىپ، لىستنىتسكىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ، ئۇ گەپتە بىر ئېلىشىپ بېقىشقا بەل باغلىغاندەك قىلاتتى، — بولشېۋىكلار مېنىڭ ئاخىرقى ئالقاندەك يېرىمنى تارتىۋالمايدۇ. مەندە پەقەت بىر ئۈلۈش يەر بار، مېنىڭ يېرىمنىڭ ئۇلارغا كېرىكى يوق... ئەمما، مەسىلەن، سىز پەقەت رەنجىمەڭ! — سىزنىڭ دادىڭىزدا 10 مىڭ پاتمان يەر...

— 10 مىڭ ئەمەس، 4000.

— خوش، مەيلى، 4 مىڭ پاتمانمۇ بولسۇن، شۇنداقتىمۇ، بۇ يەر ئازمۇ؟ مۇنداق تەرتىپنى نېمە دېيىش مۇمكىن؟ پۈتۈن روسىيىگە نەزەر سالسىڭىز، سىزنىڭ دادىڭىزدەك ئادەملەر تولۇپ يېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۆزىڭىز بىر ئويلاپ كۆرۈڭ، ياساۋۇل جاناپلىرى، ھەركىمنىڭ ئاغزى بىر پارچە نان دەيدۇ. سىزنىڭمۇ يېگۈڭىز كېلىدۇ، باشقا ئادەملەرنىڭ ھەممىسىمۇ يېسەم دەيدۇ. پەقەت بىر سىگان بايتالىغا يەم يېمەسلىكنى تەلىم بەرگەن ئىكەن، — يەم -

چۆپسىزمۇ ئۆتتۇشكە كۆنۈپ قالىدۇ، دىگەن ئىمىش. ئەمما بايتال بىچارە ئامالسىز ئادەتلىنىپ يورۇپتۇ ـ دە، 10 كېچە ـ كۈندۈز ئۆتكەندە ئۆلۈپ قىلىپتۇ... پادىشا زامانىدا تەرتىپ ئەگرى بولۇپ، كەمبەغەل خەلق ئۇچۇن تولىمۇ پۇتىغى كۆپ ئىدى... سىزنىڭ دادىڭىزغا خۇددى سامىسىنىڭ بىر چېتىنى كېسىپ بەرگەندەك، 4 مىڭنى بىراقلا كېسىپ بەرگەن، ئەمما ئۇ كىشى ئىككى گېلىغا تاماق يىمەيدىغۇ، بىز ئاددى خەلقلەرگە ئوخشاش بىر گېلىغا يەيدىغۇ. ئەلۋەتتە، بۇ خەلق ئۇچۇن تولىمۇ ئەلەملىك ئىش! ... بولشېۋىكلارنىڭ كۆزلىگەن نىشانى توغرا، ئەمما سىز سوقۇشمىز دەۋاتىسىز...

لىستىنىتىسكى ئۇنىڭ سۆزىگە ھاياجىنىنى ئاران بېسىپ قۇلاق سالدى، پاراڭنىڭ ئاخىرىدا ئۇ قانداق بولمىسۇن ئۇنىڭغا بىرەر كەسكىن دەلىل كەلتۈرۈشكە ئاجىزلىق قىلىۋاتقانلىغىنى چۈشەندى، بۇ كازاكنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك ئاددى دەلىللەر بىلەن ئۆزىنى ئاسانلا تامغا نىختاپ قويغانلىغىنى ھېس قىلدى، كاللىسىغا مەھكەم ئورنىشىپ قالغان ناتوغرا پىكىر ئاغدۇرۇلۇشقا باشلىغانلىقتىن، لىستىنىتىسكى گاڭگىراپ، غەزەپكە تولدى.

— سەن نىمە — بولشېۋىكمۇ سەن؟

— بۇ يەردە لەقەم قويۇپ، قالپاق كىيگۈزۈشنىڭ ھاجىتى يوق...، — دەپ ئىستىھزا بىلەن گېپىنى سوزۇپ جاۋاپ بەردى لاگوتىن، — گەپ لەقەم قويۇشتا ئەمەس، ھەقىقەتتە. خەلققە ھەقىقەت كېرەك، ئەمما ئۇنى ھەممەيلەن دەپسەن قىلىپ، كۆمۈپ تاشلاۋاتىدۇ. ئېيتىشلىرىچە، ھەقىقەت ئاللىقاچان مەرھۇم بولغان ئىمىش.

— ئىشچى ـ سولداتلار دېپۇتاتلىرى سوۋېتىنىڭ بولشېۋىكلىرى سېنى ئازدۇرۇشنى مانا مۇشۇنىڭدىن باشلايدۇ... سېنىڭ ئۇلار بىلەن ئوبدانچاق بولۇپ يۈرگىنىڭ بىكار ئەمەسكەن ـ دە،

— ئېھ، ياساۋۇل جاناپلىرى، بىزدەك سەۋرىچان كىشىلەرنى ھاياتنىڭ ئۆزى مۇشۇ يولغا سېلىشقا باشلىدى، بولشېۋىكلار بولسا پىلىككە ئوت تۇتاشتۇرۇپ بېرىدۇ خالاس...

— سەن بۇ قۇرۇق گېپىڭنى قوي! بۇ يەردە چاخچاقلىشىشنىڭ ھاجىتى يوق! — دەپ ئاچچىغى بىلەن سۆزلىدى لىستنىتسكى، — قېنى ماڭا جاۋاپ بەرگىنە: سەن ئاتامنىڭ يېرى توغرىلىق، ئومۇمەن پومېششىكلارنىڭ يېرى توغرىلىق گەپ ئاچتىڭ، ھالبۇكى بۇ — ئۇلارنىڭ ئۆز مۈلكىغۇ. ئەگەر سېنىڭ 2 كۆينىگىڭ بولسا، مېنىڭ بىرمۇ كۆيندىگىم بولمىسا، ئۇ چاغدا سېنىڭچە، مەن سېنىڭ كۆينىگىڭنى تارتىۋېلىشىم كېرەكمۇ؟

لىستنىتسكى قاراڭغۇدا كۆرمىسىمۇ، لاگوتىننىڭ خىرىلداپ كۈلۈمسىرىگەنلىگىنى بايقاپ قالدى.

— مەن ئارتۇق كۆينىگىمنى ئۆزەملا بېرىۋېتىمەن، يەنە كېلىپ مەن فرونتتا ئارتۇق كۆينەكلا ئەمەس، بەلكى ئاخىرقى كۆينىگىمنىمۇ بەرگەنمەن، ئۇچامغا شىنېلنىلا كىيىپ يۈرىمەن، يەر مەسىلىسىگە كەلسەك، ھېچكىم ئۆز يېرىنى كېسىپ بەرمەيدۇ...

— خوش، سەن يەرگە مۇھتاجمۇ؟ يېرىڭ يېتىشمەمدۇ؟ — دىدى لىستنىتسكى ئۈنىنى يۇقۇرى كۆتىرىپ.

چىرايى ئۆڭگەن لاگوتىن ھاياجاندىن ھاسىراپ، بۇ سوئالغا دىيەرلىك ۋاقىراپ جاۋاپ بەردى:

— سەن تېخى مېنى ئۆزى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈۋاتىدۇ، دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ بىز پولشىدا بولدۇق — ئۇ يەردە كىشىلەر قانداق ياشاۋاتىدۇ؟ سەن كۆرگەنمۇ؟ ئەتراپىمىزدىكى مۇژىكلار قانداق ھايات كەچۈرۈۋاتىدۇ؟ ... مانا مەن كۆرگەنمەن! يۈرەك قېنى قاينايدۇ!... سەن قانداق ئويلايسەن، ئۇلارغا مېنىڭ ئىچىم ئاغرىمامدۇ؟ بەلكىم، مەن ئاشۇ پولەك ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ

ئۇنىڭ شورتاڭ يېرى ئۇچۇن قىزىقىدىغاندىمەن.

لىستىنىتىسكىنىڭ زەھەرلىك بىر سۆز ئېيتقۇسى كېلىۋىدى، لېكىن پۇتىلوپ زاۋۇدىنىڭ كەڭ ماڭلايلىق سۇر بىناسى تەرەپتىن «تۇت!» دېگەن قاتتىق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئات تۇياقلىرى دۇپۇر-لەشكە باشلىدى، مىلتىقتىن ئېتىلغان بىر پاي ئوق چاڭىلداپ ئۆتۈپ كەتتى. لىستىنىتىسكى قامچىسىنى شىلتاپ، ئاتنىڭ تىزگى-نىنى بولۇشىغا قويۇۋەتتى.

لاگوتىن بىلەن ئىككىسى بىرلا ۋاقىتتا زاۋۇت تەرەپكە، 4 كوچا يېنىدا يىغىلىشىۋالغان كىشىلەر توپىغا قاراپ ئات چاپتۇ-رۇپ كېتىشتى، كازاكلار قىلىچىنى جىرىڭلىتىپ، پىيادە يۈگۈرۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. تۇتۇۋېلىنغان ئادەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تاياق يەۋاتاتتى.

— نىمە گەپ؟ نىمە بولدى؟ — دەپ گۈگىرىدى لىستىنى-تىسكى ئېتى بىلەن توپنىڭ ئىچىگە يېرىپ كىرىپ.

— بىر ئەبلەخ تاش بىلەن...

— ئۇرۇپلا قاچقان ئىدى.

— ئاغزىغا سال، ئارژانوپ!

— سەن ئىتنىڭ بالىسى تېخى! تاش ئېتىشىپ ئويىنماق-چىمىدىڭ؟

ۋىزۋوت ئۇرەدنىگى ئارژانوپ ئىگەرنىڭ ئۈستىدىن ئىڭى-شىپ، تۆگمىسى ئېتىلمىگەن قارا كۆينەك كىيگەن ۋىجىككىنە ئادەمنىڭ ياقىسىدىن تۇتتى. ئاتتىن چۈشكەن 3 كازاك ئۇنىڭ قو-لىنى باغلىدى.

— سەن كىم؟ — دەپ ۋاقىرىدى لىستىنىتىسكى ئۆزىنى تۇتالماي.

تۇتۇۋېلىنغان ئادەم بېشىنى كۆتەردى، ئۇنىڭ خىرە ئېقىش

يۈزىدە ئۆتكۈنسىز لەۋلىرى قىيشىيىپ، زىچ يىمىلەشكەن ئىدى.

— سەن كىم؟ — لىستىنىتىسكى سوئالىنى قايتا تەكرارلىدى، — سەن تاش ئاتماقچىمۇ، ئەبلەخ؟ خوش، سۆزلىمەمسەن؟ ئارژانوپ...

ئارژانوپ ئىگەردىن سەكرەپ چۈشتى، تۇتۇۋېلىنغان ئادەمنىڭ ياقىسىنى قويۇۋېتىپ، غۇلىچىنى كەڭ يېيىپ يۈزىگە بىرنى سالدى.

— جاجىسىنى بېرىڭلار، ئۇنىڭ! — لىستىنىتىسكى ئىتىنىڭ بېشىنى بۇراپ بۇيرۇق بەردى.

3 ياكى 4 پىيادە كازاك باغلانغان ئادەمنى يەرگە دومىلىتىپ، قامچا بىلەن ساۋاشقا باشلىدى. لاگوتىن ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، لىستىنىتىسكىنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى.

— ياساۋۇل جاناپلىرى!... نىمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ جانابى ياساۋۇل! — ئۇ دىرىلدەپ تىترىگەن قاداق چاڭگىلى بىلەن ياساۋۇلنىڭ تىزىنى قىسىپ ۋاقىرىدى، — بۇنداق قىلساق بولمايدۇ!... ئادەمغۇ! سىز نىمە قىلىۋاتىسىز؟

لىستىنىتىسكى ئىتىنى تىزگىن بىلەن ھەيدىدى، ئەمما ئۇنى چىقارمىدى. لاگوتىن كازاكلارغا ئېتىلىپ بېرىپ، ئارژانوفنى قۇچاغلىۋالدى، پۇتلىشىپ كېتىپ، ئاياقلىرى قىلىچىنىڭ بېغىغا چىرمىلىپ قالدى، ئۇنى تارتىپ ئېلىپ كېتىشكە ئۇرۇندى. ئارژانوپ قارشىلىق كۆرسىتىپ:

— سەن بەك قىزىشىپ كەتمە! قىزىشما دەيمەن! ئۇ بىزگە تاش ئېتىۋاتسا، گەپ قىلماي قاراپ تۇرامدۇق؟... مېنى قويۇۋەت!... مەن ساڭا ياخشىلىقچە ئېيتىۋاتىمەن، قويۇۋەت!...، — دەپ غۇدۇڭشىدى.

كازاكلارنىڭ بىرسى ئېڭىشىپ، يەلكىسىدىن مىلتىقنى ئال-دى - دە، يۈملاپ ياتقان ئادەمنىڭ شىپىرلاپ تۇرغان بەدىنىگە قونداق بىلەن ئۇردى. بىر مىنۇتتىن كېيىن، ھايۋاندەك ئىڭرىغان ياۋايى ئاھ - ئۇھ ئاۋاز تاشيول ئۈستىدە سىپىلاشقا باشلىدى.

شۇندىن كېيىن بىرنەچچە سېكۇنت جىم بولۇپ قالدى - دە، يەنە شۇ ئاۋاز ئاڭلاندى، ئەمما ئەمدىلىكتە ياش بالىنىڭ ئاۋازىدەك چىقىراپ، ئىسسەدەپ، ئاغرىقنىڭ دەردىدە بوغۇنۇقۇپ، ھەر بىر تاياقتىن كېيىن قىسقا - قىسقا ۋاقىراپ كېتەتتى:

— رەزىل ئىپلاسلار!... ئەكسىلئىنقىلاپچىلار!... ئۇرۇڭلار! ۋاي - ۋاي - ۋاي!...

پاق! پاق! پاق! تېگەتتى تاياق.

لاگوتىن لىستىنىتسكىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ باردى؛ ئۇنىڭ تىزىغا مەھكەم يېپىشىپ، ئىگەرنىڭ قانىتىغا تىرناقلىرى بىلەن تاملاپ بوغۇق ئاۋاز بىلەن:

— رەھىم قىلغىن! — دېدى.

— نېرى كەت!

— ياساۋۇل!... لىستىنىتسكى!... ئاڭلىدىڭمۇ؟ جاۋاپكارلىققا تارتىلىسەن!

— يۈزۈڭگە تۈكۈرىمەن! — دەپ خىرىلدىدى لىستىنىتسكى ئېتىنى لاگوتىننىڭ ئۈستىگە ھەيدەپ.

— بۇرادەرلەر! — دەپ ۋاقىرىدى لاگوتىن بىرچەتتە تۇرغان كازاكلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، — مەن پولك ئىنقىلاۋى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى... مەن سىلەرگە بۇيرۇق قىلىمەن: مۇنۇ ئادەمنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇڭلار!... جاۋاپ... جاۋاپ... جاۋاپكار بولۇپ قالىسىلەر! ھازىر بۇرۇنقى چاغ ئەمەس!

لىستىنىتسكىنىڭ ۋۇجۇدىنى تەلۋىلەرچە قارام ئۆچمەنلىك

قاپلىۋالدى. ئۇ ئىتنىڭ ئىككى قۇلىقى ئارىلىقىغا بىر قامچا سىلىپ، لاگوتىننىڭ ئۇستىگە بىسىپ كەلدى ـ دە، مىلتىق مىيى پۇراپ تۇرغان ناگاننىڭ قارا ستۋولىنى ئۇنىڭ يۈزىگە قاداپ جاقىردى:

ــ ئۇنۇڭنى ئۆچەر، خائىن! بولشىۋىك! ئىتىپ تاشلايمەن!

ئۇنىڭ ئىرادىسى ناھايىتى زور تىرىشچانلىق بىلەن بارمىقىنى تاپانچىنىڭ چاقمىقىدىن ئاجرىتىۋالدى ـ دە، ئىتنى تىككە ئاسمانغا بىر چاپچىتىپ، نىرىغا چىپىپ كەتتى.

بىر نەچچە مىنۇتتىن كىيىن 3 كازاك ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئات چاپتۇرۇپ ماڭدى. ئارژانوپ بىلەن لاپىننىڭ ئاتلىرى ئارىلىغىدا ھۆل كۆپىنىگى بەدىنىگە چاپلىشىپ قالغان ئادەم پۈتىنى راستلىيالماي سۆرۈلۈپ باراتتى. كازاكلار قولتۇغىدىن يۆلىۋالغان بولۇپ، ئاستا چايقىلىپ پۇتلىرى بىلەن يەر سىزىپ باراتتى، قانغا بۇلانغان، خىمىردەك يۇمشاپ كەتكەن بىشى چوخچىيىپ تۇرغان ئىككى مۈرىسى ئارىلىغىدا ئارقىسىغا ساڭگىلاپ، تىككە كۆتىرىلىپ تۇرغان ئاپپاق ئىڭىگى گىلدىڭلاپ تۇراتتى. 3 ـ كازاك بىرئاز يىراقتا كىتىۋاتاتتى. ئۇ چىراق يورۇغى چۈشۈپ تۇرغان تار كوچىنىڭ بۇرجىگىدە بىر پوچتىكەشنى كۆردى ـ دە. ئۇزەڭگىنىڭ ئۇستىدە سەل كۆتىرىلىپ، شۇنىڭغا قاراپ چىپىپ كەتتى. ئۇ قىسقىچە بىرنىمە دىگەندىن كىيىن قامچىسىنى ئۆتۈكىنىڭ قونجىغا مەنىلىك ئۇرۇپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن پوچتىكەش ئىتائەتمەنلىك بىلەن كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ تۇرغان ئارژانوپ بىلەن لاپىن تەرەپكە ئالدىراش يۈرۈپ كەتتى.

ئەتىسى لىستنىتسكى تونۇگۈن ئۆزى ئۆتكۈزگەن ئەمما

تۅزىتىپ بولمايدىغان زور خاتانى سەزگەن ھالدا ئۅيقۇدىن ئويغان-
دى . ئۇ لەۋلىرىنى چىشلەپ، كازاكلارغا تاش ئاتقان ئادەمنى تا-
ياق بىلەن ئۇردۇرغان مەنزىرىنى ۋە ئۇندىن كېيىن لاگوتىن بى-
لەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەنى ئېسىگە ئالدى، قاپىغى
تۅرۈلدى. ئويغا چۆمۈپ بىرئاز يۆتەلدى. كىيىمىنى كىيىۋېتىپ،
ھازىرچە پولك كومىتېتى بىلەن مۇناسىۋەتنى كەسكىنلەشتۈرمەسلىك
ئۈچۈن لاگوتىنغا تەگمەسلىك كېرەك، ئەڭ ياخشىسى، تونۇلغان
لاگوتىن بىلەن بولغان جاڭجال مۇشۇ ئىش ئۈستىدە بولغان كازاك-
لارنىڭ ئېڭىدىن چىقىپ كەتكەنگە قەدەر پۇرسەت كۈتۈش لازىم،
شۇ چاغدىلا لاگوتىننى ئاستا - ئاستا يولدىن چىقىرىش مۈمكىن
دەپ ئويلىدى.

«بۇ تېخى كازاكلار بىلەن يېقىنلاشقانلىقمۇ...» — دەپ لىس-
تنىتسكى ئۆزى ئۈستىدە ئاچچىقىنا ئىستېھزا بىلەن كۈلۈپ قوي-
دى - دە، كېيىنكى كۈنلەردە ئاشۇ بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئوي-
لاپ، كۆڭلى غەش بولۇپ يۈردى.

ئاۋغۇستنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە، ھاۋا ئوچۇق
ئاپتاپلىق بىر كۈنى لىستنىتسكى، ئاتارشىكوپ بىلەن شەھەرنى
ئارىلىدى. ئوفىتسېرلەر مەجلىسى بولغان كۈندىكى گەپ - سۆزدىن
كېيىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا شۇ چاغدىكى يۈز بەرگەن كېلىشمەسلىك-
نى بىر تەرەپ قىلالىغۇدەك بىر ئىش بولمىغان ئىدى. ئاتارشىكوپ
كىشىلەرگە ئارىلاشماي يەككە يۈردى، ئېيتىلمىغان ئوي - پىكىرلى-
رىنى ئىچىدە ساقلىدى، لىستنىتسكى ئۇنى ئوچۇق - ئاشكارا
سۆزلىشىپ باقايلى دەپ كۆپ قېتىم دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، ئاتار-
شىكوپ ئۆزىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى تېخىمۇ قاتتىق يوشۇردى، ئا-
دەتتە نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھەقىقى قىياپىتىنى يات كۆزلەر-

دىن توساش ئۇچۇن تارتىۋالىدىغان ھېچنېمە ئۆتمەس پەردىگە بۇمۇ مەھكەم يۆركەندى. لىستىنىتىسكى باشقا كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشقاندا، گويا ئۇنىڭغا ھەر بىر ئادەم تاشقى قىياپىتىنىڭ تېگىدە ئۆزىنىڭ قانداقتۇ باشقا بىر قىياپىتىنى يوشۇرۇن ساقلاپ يۈرىدىغاندەك، مۇنداق قىياپەت ئېنىقلانماستىن شۇ پېتى قېلىپ قالىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ شۇنىڭغا قاتتىق ئىشىنەتتىكى، ئەگەر ھەر قانداق ئادەمنىڭ سىرتقى پوستىنى شۇلۇپ تاشلايدىغان بولسا، ئۇنىڭ نەق، يالىڭاچ، ھېچقانداق يالغان بىلەن بىزەلمىگەن ھەقىقى مايەسى ئاشكارىلانغان بولاتتى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ تۈرلۈك ئادەملەرنىڭ قوپال، قاتتىق، قورقۇمسىز، ئارىسىز، خاتىرجەم، شادمان تاشقى كۆرۈنۈشىنىڭ ئاستىدا نىمە بارلىغىنى ئىنتايىن بىلگۈسى كېلەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئاتارشكوپ توغرىلىق پىكىر يۈرگۈزۈپ، پەقەت بىرلا نەرسىنى ئويلاپ بىلىۋالدىكى، بۇ ئادەم پەيدا بولۇۋاتقان قارىمۇ - قارشىلىقتىن قۇتۇلۇپ كېتىش يولىنى جېنىنىڭ بېرىچە ئىزلەپ، كازاكلارنىڭ كەيپىياتىنى بولشېۋىكلارنىڭ كەيپىياتى بىلەن ماسلاشتۇرۇشنى ئويلىماقتا. بۇ خىل پەرەز ئۇنى ئاتارشكوف بىلەن يېقىنلىششقا بولغان ئۇرۇنۇشنى توختىتىپ، ئۆزىنى چەتتە تۇتۇشقا مەجبۇر قىلدى.

ئۇلار نېۋسكى كوچىسىدا كېتىۋېتىپ ئاندا - ساندا ئانچەكىم سۆزلەرنى قىلىشىپ ماڭدى.

— كىرىپ بىرنەرسە يەپ چىقمىزمۇ؟ — دەپ تەكلىپ قىلدى لىستىنىتىسكى رېستوراننىڭ ئىشىگىنى كۆزى بىلەن كۆرسىتىپ.

— كىرسەك كىرەيلىك، — دەپ ماقۇل بولدى ئاتارشكوپ.

ئۇلار كىرىپ توختاشتى - دە، ئەتراپقا تەلمۈرۈپ خېلىلا كۆز

يۈگۈرتۈپ چىقىشتى: ھەممە شىرە بوش ئەمەس ئىكەن. ئاتارشىكوپ ئارقىغا يانماقچى بولۇپ ئۆرۈلگەن ئىدى. ئەمما دەرىزە يېنىدىكى شىرەدە 2 خانىم بىلەن بىللە ئولتۇرغان، ئاللىپتە كىيىنگەن سىپمىز- غىنە بىر جاناپ بۇلارغا دىققەت بىلەن كۆز تىكىپ ئورنىدىن تۇر- دى - دە، يۇمىلاق شىلەپىسىنى ئەدەپ بىلەن كۆتىرىپ قويۇپ يې- قىن كەلدى.

— ئەپۇ سورايمەن! بىزنىڭ شىرەگە ئولتۇرسىڭىزلارمىكىن؟ بىز كېتىمىز! — ئۇ تاماكىدىن سارغىيىپ كەتكەن شالاڭ چىشلىرىنى ھىجايتىپ تەبەسسۇم قىلدى - دە، قول ئىشارىسى بىلەن ئورۇنغا تەكلىپ قىلدى، — مەن جانابى ئوفىتسېرلەرگە خىزمەت قىلىشنى خوشاللىق دەپ بىلىمەن، سىزلەر — بىزنىڭ ئىپتىخارىمىز.

شىرە يېنىدا ئولتۇرغان خانىملار ئورنىدىن تۇرۇشتى. ئىگىز بويلۇق قارامتۇل بىرسى چېچىنى تۈزەتتى، ئاقىغىچە يەنە بىر ياشراقى كۆنلۈكنى ئويناپ كۈتۈپ تۇردى.

ئوفىتسېرلەر ئۆزلىرىگە ئالايىتەن مەرھەمەت كۆرسىتىپ شىرە يېنىدىن ئورۇن ئېلىشقا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بەرگەن جاناپقا تە- شەككۈر ئېيتىپ، دەرىزە تەرەپكە ئۆتۈشتى. پەسكە چۈشۈرۈلگەن پەردىدىن ساپ - سېرىق يىڭنىسىمان سانچىپ ئۆتكەن قۇياش نۇرى داستىخان ئۈستىدە جىلۋىلىنەتتى. غىزالارنىڭ پۇرىقى شىرە- شىرەگە قويۇلغان ياش گۈللەرنىڭ ئەتىردەك خوش ھىدىنى بېسىپ چۈشكەن ئىدى.

لىستىنىتىسكى مۇز قوشقان بوتۈنىيە① ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپ، ئالدىدىكى ۋازىدىن بىر تال ساغۇچ - قىزىل ناستۇرسىيە گۈلىنى سۇغۇرۇپ ئالدى - دە، ئويچانلىق بىلەن بەرگلىرىنى

① بوتۈنىيە — بىلىق، كۆكتات، كۋاستىن ياسالغان سوغاق تاماق.

يۈلۈپ، تاماقنى كۈتۈپ ئولتۇردى. ئاتارشكوپ قولياغلىغى بىلەن ماڭلىيىدىكى تەرنى سۈرتتى، هارغىنلىقتىن قاپىغى ساڭگىلاپ قالـغان كۆزلىرىنى پات - پات چىمىلدىتىپ، ياندىكى شىرەنىڭ يۈتىدا چىمىرلاپ تۇرغان كۈننىڭ شولىسىنى كۆزىتىپ ئولتۇردى.

بۇلار تېخى تامىغىنى يەپ بولمىغان ئىدىكى، رېستورانـنىڭ ئىچىگە 2 ئوفىتسېر ۋاراڭ - چۇرۇڭ سۆزلىشىپ كىرىپ كېلىشتى.

ئالدىنىقىسى كۆزلىرى بىلەن بوش شىرە ئىزلەپ، ئاپتاپتا قارىيىپ كەتكەن يۈزىنى لىستىنىتىسكىگە بۇرىدى. ئۇنىڭ ئالغاي قارا كۆزلىرىدە خوشاللىق چاقناپ كەتتى.

— لىستىنىتىسكى! ۋاي، بۇ سەنمۇ؟...، — ئوفىتسېر قىلچە تارتىنماستىن، ئىشەنچ بىلەن توۋلاپ، ئالدىغا كەلدى.

قارا بۇرۇتىنىڭ ئاستىدا چىشلىرى سەدەپتەك پاقىرايتتى. لىستىنىتىسكى، ياساۋۇل قالماقوپنى دەرهال تونۇدى، ئۇنىڭ كەينىـدىن چۇبوپ يېقىنلىشىپ كەلدى. ئۇلار قاتتىق قول سىقىشىپ كۆرۈشتى. لىستىنىتىسكى سابىق خىزمەتداشلىرىنى ئاتارشكوپ بىلەن تونۇشتۇرغاندىن كېيىن سورىدى:

— سىلەرنى بۇ يەرگە قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟

قالماقوپ بۇرۇتىنى تولغاپ قويۇپ، بېشىنى ئارقىغا قاتايتـتى - دە، ئىككى تەرىپىگە كۆز قىرىنى سېلىپ دىدى:

— بىز كاماندۇرۇپكا بىلەن كەلدۇق. كېيىن سۆزلەپ بېرىمەن. قېنى، ئۆزەڭ توغرىلىق سۆزلىگىنە.

## 14 - پولكتا قانداق ئۆتۈۋاتىسەن؟

... ئۇلار بىللە چىقىشتى. قالماقوپ بىلەن لىستىنىتىسكى ئارـقىدىراق قېلىپ، دەسلەپكى تار كوچىغا بۇرۇلدى - دە، يېرىم

سائەتتىن كېيىن شەھەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاۋاتيېرىگە چىقىپ، ئەتراپقا ئېھتىيات بىلەن قاراپ، ئاستا غۇدۇڭشىپ مېڭىشتى.

— بىزنىڭ 3 ـ كورپۇس رۇمىنىيە فۇرونتىنىڭ زاپاستىكى قىسىملىرى ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ، — قالماقوپ زوق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى، — بۇنىڭدىن بىر يېرىم ھەپتە بۇرۇن پولك كوماندىرىدىن بۇيرۇق ئالدىم: بۆلۈمنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، يۈز بېشى چۇبوپ بىلەن بىللە دىۋىزىيە ئىشتاۋىنىڭ ئىختىيارىغا بارسۇن دەپتۇ. كاراـ مەت ئىش بولدى، ئۆتكۈزۈپ بەردىم، دىۋىزىيە ئىشتاۋىغا كەلدۇق. ئۇرۇش ھەركەتلىرى بۆلۈمىدىكى پولكوۋنىك م. — ئۇ ئادەمنى سەن بىلىسەن، — دەرھال گېنېرال كېرىموپنىڭ قارمىغىغا كېتىشىم كېرەكلىكىنى ماڭا مەخپىي ئۇقتۇرۇپ قويدى. چۇبوپ بىلەن بىللە كورپۇسقا باردۇق. كېرىموپ مېنى قوبۇل قىلدى. بۇ ئادەم ئۆزىگە قايسى ئوفىتسېرنى ئەۋەتىپبېرىشنى ئېنىق بىلگەچكە، توپ ـ توغرا مۇنۇلارنى ئېيتتى: «ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر مەملىكەتنى ئاخىرقى يوسۇندا ھالاكەت گىرۋىكىگە ئېلىپ بارىدىغان ئادەملەر — ھۆكۈـ مەت باشلىقلىرىنى ئۆزگەرتىش زۆرۈر، ھەتتاكى ۋاقىتلىق ھۆكۈـ مەتنىڭ ئورنىغا ھەربىي دىكتاتۇرا ئورنىتىلىشىنىڭ ئېھتىمالى بار». كورنىلوپنى كاندىدات بولۇش ئېھتىمالى بولغان كىشى سۈپىتىدە ئاتىدى، شۇندىن كېيىن مېنى پېتروگىرادتىكى ئوفىتسېرلەر ئىتتىپاقى باش كومىتېتىنىڭ ئىخـ تىيارىغا بارىسەن دەپ بۇيرۇق قىلدى. بىر نەچچە يۈز ئىشەنچلىك ئوفىتسېرلەر ھازىر شۇ يەرگەيىغىلىشىپتۇ. بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشى ـ مىزنىڭ نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى سەن چۈشىنەمسەن؟ ئوفىتـ سېرلەر ئىتتىپاقىنىڭ باش كومىتېتى بىزنىڭ كازاك قوشۇنلىرى ئىتتىپاقى سوۋېتى بىلەن ھەمكارلىقتا ئىشلەيدۇ، تۆمۈريول تورلىرى

مەركەزلەشكەن ئىستانسىلاردا ۋە دىۋىزىيىلەردە زەربىدار باتالىيونلار تەشكىل قىلىندۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى يېقىن ئارىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ...

— ئاقىۋىتى قانداق بولار؟ سەن قانداق ئويلايسەن؟

— ساڭا بۇ بىر پىشكەللىكقۇ! مەشەدە تۇرۇپ، سىلەر ئەھۋالنى نىمىشكە ئېنىق بىلمەيسىلەر؟ شۈبھىسىزكى، ھۆكۈمەتتە چوڭ ئۆزگىرىش بولىدۇ، كورنىلوپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىدۇ. چۈنكى ئارمىيە ئۇنى ياقلايدۇ. ئۇ يەردىكى بىزنىڭ ئادەملەر مۇنداق ئويلايدۇ: 2 ئاساسىي كۈچ بار: بۇ — كورنىلوپ بىلەن بولشېۋىكلار. كېرېنسكى 2 تۈگمەن تېشى ئارىسىدا تۇرۇپتۇ — ئۇنى بىرىنچىسى ئۇۋاتمىسا، ئىككىنچىسى ئېزىپ تاشلايدۇ. ئۇ ھازىرچە ئالىسا① نىڭ كۆرپىسىدە ئۇخلاپ تۇرسۇن. ئۇ — بىر سائەتلىك خەلپە، — قالماقوپ بىر ئاز ئۇنچىقماي ئويغا چۆمۈپ، قىلىچىنىڭ بېغىنى ئويناپ تۇرغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بىز، ماھىيەتتە — شاخمات تاختىسىدىكى پىيادىلەرمىز. ئويۇنچىنىڭ قولىدىن نەگە سۈرۈلىدىغانلىقىنى پىيادىلەر بىلمەيدىغۇ... مەن، مەسىلەن، بارگاھدا②نىمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى ئومۇمەن تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. شۇنى بىلىمەنكى، گېنېراللارنىڭ ئارىسىدا — كورنىلوپ، لۇكومىسكى، رومانوۋسكى، كېرىموپ، دېنكىن، كالېدىن، ئېردېلى ۋە باشقا نۇرغۇن ئادەملەر ئارىسىدا قانداقتۇر مەخپىي ئالاقە، كېلىشىم بار...

— ئەمما ئارمىيە... پۈتۈن ئارمىيە كورنىلوپنىڭ ئارقىسىدىن

---

① ئالىسا — نىكولاي II نىڭ ئايىلى، ئالېكساندىرا فېدوروۋنا.

② بارگاھ — ئالىي قوماندانلىق ئىشتاۋى، باش قوماندان تۇرىدىغان جاي — ت.

ئەگىشىپ ماڭارمۇ؟ — دەپ سورىدى لىستىنىتسكى بارغانسېرى قەدىمىنى تېزلىتىپ.

— سولداتلار، ئەلۋەتتە، ئەگەشمەيدۇ. بىز ئۇلارنى باشلاپ ماڭىمىز.

— سەن بىلەمسەن، كېرېنىسكى سولچىلارنىڭ بېسىمى بىلەن ئالى قوماندانىنى ئورنىدىن چۈشۈرەرمۇ؟

— بۇنىڭغا جۈرئەت قىلالمايدۇ! ئۇنى ئەتىلا تىز پۈكتۈرىدۇ. ئوفىتسېرلەر ئىتتىپاقىنىڭ باش كومىتېتى بۇ ھەقتىكى كۆزقارىشىنى ئۇنىڭغا خېلىلا كەسكىن قىلىپ ئېيتقان.

— تۈنۈگۈن ئۇنىڭ ئالدىغا كازاك قوشۇنلىرى ئىتتىپاقى سوۋېتىدىن ۋەكىللەر كېلىپتۇ، — دېدى لىستىنىتسكى كۈلۈمسىرەپ، — ئۇلار كازاكلارنىڭ كورنىلوپنى ئورنىدىن ئېلىپ تاشلاش توغرىسىدىكى پىكىرلىرىگىمۇ يول قويمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. سەنمۇ بىلىسەن، كورنىلوپ مۇنداق جاۋاپ بەرگەن: «بۇ — ئىغۋا، ئۆسەك. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت مۇنداق تەدبىر قوللىنىشنى ھېچبىر ئويلىغىنىمۇ يوق». ئۇ بىر تەرەپتىن جامائەتچىلىكنى تىنچلاندۇرۇپ، ئەينى زاماندا بۇزۇق ئايالغا ئوخشاش، دېپۇتاتلار سوۋېتىنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتىغا ھېجىيىپ قارايدۇ.

قالماقوپ مېڭىپ كېتىۋېتىپ ئوفىتسېرلىك قويۇن دەپتىرىنى ئېلىپ ئۈنلۈك ئوقۇدى:

— «جامائەت ئەرباپلىرىنىڭ كېڭەشمىسى سىزنى — رۇس ئارمىيىسىنىڭ ئالى داھىسىنى تەبرىكلەيدۇ. كېڭەشمە شۇنى بايان قىلىدۇكى، سىزنىڭ ئارمىيە ۋە روسىيىدىكى ئابرويىڭىزنى تۆكۈش يولىدىكى ھەر خىل سۇيىقەستنى جىنايەت دەپ ھېسابلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە كېڭەشمە ئوفىتسېرلەرنىڭ، گېئورگى كرېست مېدالىغا ئېرىشكەن ئەزىمەتلەرنىڭ ۋە كازاكلارنىڭ ئاۋازىغا ئۆز

ئاۋازىنى قوشىدۇ. ئېغىر سىناقتا قالغان جىددى پەيتتە پۈتۈن روشەن پىكىرلىك روسىيە سىزگە ئۈمىت ۋە ئىشەنچ بىلەن قارايدۇ. قۇدرەتلىك ئارمىيىنى قايتا قۇرۇش ۋە روسىيىنى قۇتقۇزۇش يولىدىكى ئۇلۇغ پىداكارلىق ئىشىڭىزدا خۇدا سىزگە مەدەت بەرسۇن! رودزىيانكو»①. روشەن ئەمەسمۇ؟ كورنىلوپنى ئورنىدىن ئېلىپ تاشلاش توغرىلىق سۆزنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ... ئېيتماقچى، سەن تۈنۈگۈن ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆردۈڭمۇ؟

— مەن پادىشا يېزىسىدىن تېخى كېچە كەلگەن ئىدىم.

قالماقوپ تەكشى تىزىلغان چىشلىرىنى ۋە قىزغۇچ ساغلام ئىڭىكىنى بىردەك ھىجايتىپ كۈلۈپ قويدى. ئۆمۈچۈكنىڭ تورىدەك ئۇششاق سان - ساناقسىز قورۇق باسقان چېقىر كۆزلىرى پۈرۈلۈپ كەتتى.

— ئاجايىپ گەپ بولدى! قاراۋۇللىرى — تېكىنلىكلەر ئىسكادرونى. پىلىموتلىرى ئاپتوموبىللاردا. بۇلارنىڭ ھەممىسى قىشلىق سارايغا قاراپ ماڭماقتا. خېلىلا مۇقىم مەنىگە ئىگە ئاگاھلاندۇرۇش... ھا - ھا - ھا. سەن مانا شۇ ھۆرپىيىپ تۇرغان پاپاخ كىيگەن ئەپتى - بەشىرىلەرنى بىر كۆرسەڭ ئىدىڭ. ھەي، بىر كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ! ئۆزىگە خاس بىر تۈرلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ!

بۇ 2ئوفىتسېرموسكۋا — نارۋا رايونىنى بىر ئاز ئايلىنىپ، ئايرىلىشتى.

— ژىنە، بىز بىر بىرىمىزنى تاشلىۋەتمەي، پات - پات

---

① رودزىيانكو. ۋ. (1859 — 1924) — چوڭ پومىششىك. 3 -، 4 - مەملىكەتلىك دۇمانىڭ رەئىسى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن چەتئەلگە قاچقان — ت.

كۆرۈشۈپ تۇرايلى، — دىدى قالماقوپ خوشلىشىۋېتىپ، — ئېغىر زامانلار كېلىۋاتىدۇ. يەردە مەھكەم تۇر، بولمىسا يىقىلىپ چۈشىسەن!

ئۇ توختاپ ئارقىسىغا قايرىلدى ـ دە، نېرىدا كېتىۋاتقان لىستىنىتىسكىنى قىچقىرىپ:

— بىر گەپنى ئۇنتۇپ قېلىپتىمەن. بىزنىڭ مېركولوپ يادىڭدا بارمۇ؟ ھېلىقى رەسسامچۇ؟ ـ دىدى.

— ھە، نىمە بولۇپتۇ؟

— ماي ئېيىدا ئۆلتۈرۈپ قويۇشتى.

— مۇمكىن ئەمەس!

— توغرا، قانداقمۇ ئۆلتۈرگەندۇ دەيسەن، — بىلمەستىن، تەسادىپى. بۇنىڭدىنمۇ ئەخمىقانىراق ئۆلۈمنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. رازۋېتچىكنىڭ قولىدىكى گىرانات پارتلاپ كەتكەن. رازۋېتچىكنىڭ بىر قولىنىمۇ جەينىكىدىن چورت ئۈزۈپ تاشلىغان، بىز مېركولوپنىڭ تىتىلىپ كەتكەن ئۇچەي ـ باغرىنىلا تاپتۇق. 3 يىلدىن بۇيان ئەجەل ھېچنىمە قىلمىغان ئىدى...

قالماقوپ يەنە بىر نىمىلەرنى دەپ ۋاقىرىۋىدى، ئەمما شامال چىقىپ، سۇر چاڭ ـ توزاڭ كۆتىرىپ غۇيۇلدىغاچقا، سۆزنىڭ ئاخىرى ئاڭلانماي قالدى. لىستىنىتىسكى قولىنى بىر شىلتاپ قويدى ـ دە، ئاندا ـ ساندا ئەتراپقا قاراپ قويۇپ يۈرۈپ كەتتى.

# 13

6 ـ ئاۋغۇستتا ئالى باش قوماندانلىقنىڭ ئىشتاپ باشلىغى گېنېرال لۇكومىسكى.بارگاھىنىڭ بىرىنچى خوجۇلۇق گېنېرالى گېنېرال رومانوۋىسكى ئارقىلىق، نېۋېل ــ ن ــ سوكولنىكى ــ ۋېلىكى لۇكى رايونىغا يەرلىك دىۋىزىيە بىلەن 3 ـ كورپۇسنى توپلاش توغرىلىق بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدى.

ــ نىمىشكە مۇشۇ رايونغا؟ بۇ ئەسكەرلەر رۇمىنىيە فۇرونتىنىڭ رېزېرۋتىكى قىسىملىرى ئىدىغۇ؟ ــ دەپ سورىدى لۇكومىسكى ھەيران بولۇپ.

ــ بىلمەيمەن، ئالېكساندىر سېرگېيېۋىچ. مەن سىزگەپەقەت ئالى قوماندانلىقنىڭ بۇيرۇغىنىلا يەتكۈزدۈم.

ــ سىز بۇ بۇيرۇقنى قاچان تاپشۇرۇۋالغانىتڭىز؟

ــ تۈنۈگۈن، كېچە سائەت 11 دە ئالى قوماندانلىق مېنى قىچقارتىپ، بۈگۈن ئەتتىگەندىلا بۇنى سىزگە خەۋەر قىلىشىمنى بۇيرۇدى.

رومانوۋىسكى ئايغىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ، دەرىزىنىڭ تۈۋىگە يېقىن باردى، ئاندىن لۇكومىسكىنىڭ كابىنېتىدىكى بىر تامنىڭ يېرىمىنى ئىگەللىگەن ئوتتۇرا ياۋروپانىڭ ئىستىراتېگىيىلىك خەرىتىسىنىڭ ئالدىدا توختاپ، لۇكومىسكىگە ئارقىسىنى قىلىپ،

خەرىتىگە سىنچىلاپ قاراپ چىققاندىن كېيىن دىدى:

— ئۆزىڭىز ئېيتىپ بېقىڭا..ئۇھازىر ئۆز كابىنىتىدا،— دىدى.

لوكومىسكى شىرەنىڭ ئۈستىدىن قەغەزلەرنى ئېلىپ، ئورۇن-دۇقنى سۈرۈپ قويدى؛ ئاندىن بارلىق ياشىنىپ قالغان سېمىزھەر-بىلەرگە خاس ئالايىتەن تەمكىن يۈرۈش بىلەن ئاستا ماڭدى. ئىشىككە كەلگەندە رومانوۋىسكىنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ، ئۆزى ئارقى-دىن چىقتى - دە، بىر نىمىلەرنى ئويلىغاندەك بولۇپ:

— توغرا، دوۋۇست، — دىدى.

لوكومىسكىغا تونۇش بولمىغان ئۇزۇنتۇرا شادا پاچاق بىر پولكوۋنىك، كورنىلوپنىڭ ئالدىدىن يېڭىلا چىقىپ تۇرغان ئىكەن. ئۇ ھۆرمەت يۈزىسىدىن بۇلارغا يول بوشىتىپ بەردى - دە، سەل - پەل ئاقساپ، مېيىپ بولغان مۈرىسىنى كۆلكىلدەك ۋە قاتتىق تىترىتىپ كارىدور بويىلاپ مېڭىپ كەتتى.

كورنىلوپ، ئالدىغا سەل - پەل ئېگىشىپ، قىيا قويۇۋالغان ئىككى ئالقىنى بىلەن شىرەگە تايىنىپ، ئالدىدا تۇرغان ياشانغان ئوفىتسېرگە سۆزلەۋاتاتتى:

— ... كۆتۈپ تۇرۇش لازىم ئىدى. گېپىمنى چۈشىنىۋاتامسىز؟ سىز پىسكوفقا بېرىش بىلەنلا دەرھال ماڭا خەۋەر بېرىڭ. كېتىشىڭىز مۇمكىن.

كورنىلوپ، ئوفىتسېرنىڭ كەينىدىن ئىشىك يېپىلغىچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ياش ئادەمگە خاس ئەپچىللىك بىلەن يۇم-شاق ئورۇندۇققا ئولتۇردى؛ لوكومىسكىغا 2 - ئورۇندۇقنى سۈرۈپ قويۇپ، سوردى:

— سىز رومانوۋسكىدىن 3 - كورپۇسنى يۆتكەش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالدىڭىزمۇ؟

— ھەئە، مەن مۇشۇ ئىش توغرىلىق سۆزلەشكىلى كەلگەن ئىدىم. سىز كورپۇسلارنى بىر يەرگە يىغىش ئۈچۈن نىمىشكە مەزكۇر رايوننى تاللىۋالدىڭىز؟

لۇكومىسكى، كورنىلوپنىڭ قارامتۇل يۈزىگە دىققەت بىلەن قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ چىرايى سىر بەرمەيدىغان، بىپەرۋا، غەمسىز ئىدى؛ ئىككى چېكىسىدە، بۇرنىدىن تارتىپ تۈكۈچىدەك يىرىك بۇرۇت قاپلىغان قۇرغاق ئاغزىغا قەدەر ئاشۇ بۇرۇنقى تونۇش ئەگرى قورۇقلار ئىپسلىپ تۇراتتى. يۈزىدىكى توك، جىددى ئىپادىنى پەقەت باللارچە ماڭلىيىغا چۈشۈپ تۇرغان كوكىلىسى بۇزۇپ تۇراتتى.

كورنىلوپ جەينەكلىنىپ، كىچىككىنە قۇرغاق ئالقىنى بىلەن ئىڭىكىنى تىرەپ، پاقىراپ تۇرغان موڭغۇل كۆزلىرىنى چىمىلداتتى ــ دە، بىر قولى بىلەن لۇكومىسكىنىڭ تىزىنى سىپاپ تۇرۇپ جاۋاپ بەردى:

— مەن ئاتلىقلارنى شىمالىي فورونتىقا ئەتەي توپلاشنى خالاۋاتقىنىم يوق، بەلكى مۇشۇنداق رايوندا تۇرغاندا، بۇ يەردىن لازىم تېپىلغاندا شىمالىي ياكى غەربىي فورونتقا يۆتكەش ئوڭاي بولارمىكىن دەۋاتىمەن. مېنىڭچە، تاللانغان بۇ رايون ئاشۇ تەلەپكە ناھايىتى ياخشى جاۋاپ بېرەلەيدۇ. سىز باشقىچە ئويلامسىز؟ قانداق؟

لۇكومىسكى مۇجمەللا مۇرىسىنى قىسىپ قويدى.

— غەربىي فورونت ئۈچۈن ئەنسىرەشكە ھېچقانداق ئاساس يوق. ئاتلىقلارنى پىسكوف رايونىغا مەركەزلەشتۈرگەن ياخشىراقمىكىن دەيمەن.

— پىسكوفقىمۇ؟ — دەپ قايتا سوئال قويدى كورنىلوپ پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن ئالدىغا ئىنتىلىپ، شۇنىڭ بىلەن رەڭسىز،

يۇققا كالپۇگىنى سەل ـ پەل چىشلەپ، قوشۇلمىغان ئىشارە بىلەن بېشىنى چايقىدى، ــ ياق! پىسكوف رايونى بىئەپ.

لۇكومىسكى هارغىن، قېرىلارغا خاس ھەركەت بىلەن ئورۇن‌ دۇقنىڭ يۆلەنچۈگىگە ئالقىنىنى قويدى. ئۇ ئېھتىياتكارانە سۆز تال‌ لاپ مۇنداق دىدى:

ــ لاۋۇر گېئورگىيېۋىچ، مەن زۆرۈر بۇيرۇقلارنى ھازىرلا بېرىمەن، ئەمما سىز ماڭا بىر نەرسىنى تولۇق ئېيتمايۋاتقاندەك قىلىسىز ... ئەگەر زۆرۈرىيەت تۇغۇلۇپ، ئاتلىقلارنى پېتروگىرادقا ياكى موسكۋاغا يۆتكەش توغرا كەلسە، ئۇ چاغدا سىز تاللىغان را‌ يون ئاتلىقلارنى توپلاش ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى، لېكىن ئاتلىق ئەسكەرلەرنى مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش شىمالىي فورونتنى مۇنۇ بىر جەھەتتە كاپالەتكە ئىگە قىلالمايدۇكى، ئاتلىقلارنى باشقا يەرگە يۆتكەش قىيىن بولىدۇ. ئەگەر مەن يېڭىلىشمىسام، سىز بىر نەر‌ سىنى ھەقىقەتەن تولۇق ئېيتمايۋاتىسىز، شۇنداق بولغاندا، ئىلتى‌ ماس قىلىمەنكى، مېنى ياكى فورونتقا ئەۋەتىڭ، ياكى ئۆز پەرىز‌ ڭىزنى ماڭا تولۇق ئېيتىڭ. ئىشتاپ باشلىقى پەقەت ئۆز باشلىقى‌ نىڭ تولۇق ئىشەنچىسىگە ئىگە بولغاندىلا ئاندىن ئۆز ئورنىدا قالالايدۇ.

كورنىلوپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، گەپكە بېرىلىپ قۇلاق سالسىمۇ، ئەمما لۇكومىسكىنىڭ سوغاق چىرايىغا ھاياجاندىن بىل‌ نەر ـ بىلىنمەس، سۇس قىزىللىق يۈگۈرگەنلىكىنى ئۆتكۈر كۆزى بىلەن بايقاپ ئۈلگۈردى. بىرنەچچە دەقىقە ئويلىغاندىن كېيىن:

ــ سىزنىڭ دىگىنىڭىز توغرا. مېنىڭ بەزىبىر مۇلاھىزىلى‌ رىم بار، بۇ مۇلاھىزىلىرىم توغرىلىق سىز بىلەن تېخى سۆزلەشكى‌ نىم يوق... سىز ئاتلىقلارنى يۆتكەش توغرىلىق بۇيرۇق بېرىڭ ـ دە،

3 ـ كورپۇسنىڭ كوماندىرى گېنېرال كېرىموپنى دەرھال بۇ يەرگە چاقىرتىڭ، مەن پېتروگرادتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سىز بىلەن ئىككىمىز تەپسىلى سۆزلىشەيلى. ئالېكساندىر سېرگېيېۋىچ، ماڭا ئىشىنىڭ، مەن سىزدىن ھېچنەرسىنى يوشۇرۇشنى خالىمايمەن، — كورنىلوپ كېيىنكى جۈملىنى ئالايىتەن تەكىتلەپ ئېيتتى-دە، تاكىلدىغان ئىشىك تەرەپكە شارتلا قايرىلدى، — كىرىڭ، — دەپ جاۋاپ بەردى.

بارگاھ ھوزۇرىدىكى كومىسسارنىڭ ياردەمچىسى فون ۋىزىن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بويى پاكار ئاق سېرىق گېنېرال كىرىپ كېلىشتى. لۇكومىسكى ئورنىدىن تۇردى؛ ئۇ كېتىۋېتىپ، فون ۋىزىننىڭ سوئالىغا كورنىلوپ قەتئىي ئاھاڭ بىلەن:

— گېنېرال مىللېرنىڭ ئىشىنى قايتا قاراشقا مېنىڭ ۋاقتىم يوق. نىمە؟ ... ھەئە، بارماقچىمەن، — دىگىنىنى ئاڭلاپ قالدى.

لۇكومىسكى، كورنىلوپنىڭ ئالدىدىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن دەرىزىنىڭ ئالدىدا ئۇزاق تۇردى. ئاقىرىشقا باشلىغان ئۆشكە ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ، باغدا كاشتان دەرىخىنىڭ باراقسان ياپراقلىرىنى شامال يەلپۈپ،ئاپتاپتا ئەگرى - بۈگرى كۆرۈنگەن ئوتچۆپلەرنى تەۋرىتىۋاتقانلىقىغا ئويچانلىق بىلەن كۆز تىكتى.

بىر سائەتتىن كېيىن 3 ـ ئاتلىق كورپۇسنىڭ ئىشتاۋى ئۆز كورپۇسىنىڭ باشقا يەرگە يۆتكىلىشىگە تەييارلىق كۆرۈش توغرىلىق بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدى. ئۆز ۋاقتىدا كورنىلوپنىڭ خاھىشى بويىچە، 11 ـ ئارمىيىنىڭ قوماندانلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىشتىن باش تارتقان كورپۇس كوماندىرى گېنېرال كېرىموپ شۇ كۈنى مەخپى تېلېگىرامما بىلەن ئالدىراش بارگاھقا چاقىرتىلدى.

ۋ - ئاۋغۇستتا كورنىلوپ ئېكىنلىكلەرئىسكادىرونىنىڭ قارا-ۋۇللۇغى ئاستىدا، مەخسۇس پويىز بىلەن پېتروگىرادقا يۈرۈپ كەتتى.

ئەتىسى بارگاھتا ئالى باش قوماندانىنىڭ ئورنىدىن چۈشكەنلىگى، ھەتتا قولغا ئېلىنغانلىغى توغرىلىق مىش - مىش گەپلەر تارىلىپ كەتكەن ئىدى، ئەمما 11 - كۈنى ئەتىگەندە كورنىلوپ موگىلېفقا قايتىپ كەلدى.

ئۇ قايتىپ كېلىش بىلەنلا لۇكومىسكىينى قېشىغا چاقىردى. تېلېگىراممىلار بىلەن مەلۇماتلارنى بىر قۇر ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن زەيتۇندەك كۆكۈش - سېرىق ئىنچىكە بىلىگىنى روشەن كۆرسىتىپ تۇرغان ئاپپاق كىرسىز مانجېتىنى ئاۋايلاپ تۈزەپ ياقىسىغا قولىنى تەككۈزۈپ قويدى. مانا شۇ شارت - شۇرت ئالدىراش ھەرىكەتلىرىدىن ئۇنىڭدا بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئادەتتىن تاشقىرى بىر ھاياجان بارلىغى سېزىلەتتى.

— بىز ھازىر ئاۋۇ كۈنى ئۈزۈپ قويۇلغان گەپ - سۆزىمىزنى ئېيتىپ تۈگىتەيلى، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازبىلەن، — 3 -كۈرپۇسنى پېتروگىرادقا يۆتكەشكە مېنى مەجبۇر قىلغان مۇلاھىزىلىرىم ئۈستىدە ئەمدى توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن، بۇ توغرىلىق مەن سىز بىلەن تېخى سۆزلەشمىگەن ئىدىم. سىز بىلەمسىز، 3 - ئاۋغۇستتا مەن پېتروگرادتا ھۆكۈمەت مەجلىسىگە قاتناشقىنىمدا كېرېنىسكى بىلەن ساۋىنكوپ①

① ساۋىنكوپ بورىس ( 1925 — 1879) — ئېسېرلەر پارتىيىسى رەھبەرلىرىنىڭ بىرى. 1917 - يىل فېۋرال ئىنقىلاۋىدىن كېيىن كېرېنىسكى ھۆكۈمىتىدە مىنىستىر بولغان. بۇنىڭ تەكلىۋى بويىچە ئۇرۇش سېپىدە ئۆلۈم جازاسى تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن كالېدىن، كورنىلوپ، كولچاك، ۋرانگېلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن بولۇپ، سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى چىققان ئەڭ ياۋۇز دۈشمەنلەرنىڭ بىرى ئىدى. چەتئەل ئاگېنتلىرىنىڭ ئاكتىپ قولىشى بىلەن بىر نەچچە قېتىم ئاق گۋاردىيىچىلەر توپىلىڭىنى ۋە يوشۇرۇن سۇيىقەستلەرنى ئۇيۇشتۇرغان — ت.

مېنى ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇپ، مەجلىستە ئالايىتەن مۇھىم بولغان
مۇداپىئە مەسىلىلىرى ئۈستىدە توختالمىغىن، دىگەن ئىدى، چۈنكى
ئۇلارنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، مىنىستىرلارنىڭ ئارىسىدا ئىشەنچىـ
سىز ئادەملەر بار ئىكەن. مەن ئالى باش قوماندان بولغانلىغىمدىن
ھۆكۈمەت ئالدىدا ھىساپ بەرگىنىمدە ئۇرۇش ھەركەتلىرى پىلانلىرى
توغرىسىدا گەپ ئاچالمايمەن،چۈنكى ئېيتىلغان سۆزنىڭ بىر نەچچە
كۈن ئىچىندىلا گېرمان قوماندانلىغىغا مەلۇم بولماسلىغىغا ھىچقانداق
كاپالەت يوق! مۇشۇمۇ ھۆكۈمەتمۇ؟ ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرسا بۇ ھۆـ
كۈمەتنىڭ مەملىكەتنى قۇتقۇزۇشىغا ئىشىنەلەمدىمەن؟ — كورنىلوپ
تېز - تېز، مەھكەم دەسسەپ، ئىشىكنىڭ يېنىغا باردى - دە، ئاچـ
قۇچنى تولغاپ ئىشىكنى ئەتتى، ئاندىن قايتىپ كېلىپ، شىرە ئالـ
دىدا ھاياجانلانغان ھالدا بىرى - بىرى مېڭىپ دىدى، — شۇنىسى
تولىمۇ ئەلەم قىلىدۇكى، مەملىكەتنى نەدىكى بىرلامزەللە ئادەمـ
لەر ئىدارە قىلماقتا. ئىرادىسىزلىك، بوشاڭلىق، ئىقتىدارسىزلىق،
لىگىتاسىملىق، تولا چاغلاردا ئاددىسى رەزىللىك — مانا قاراڭ،
ئېيتىشقا رۇخسەت قىلسىڭىز، ئاتالمىش بۇ«ھۆكۈمەت»نىڭ ھەركەتـ
لىرىگە رەھبەرلىك قىلماقتا. چېرنوپ① ۋاھاكازالارغا ئوخشاش
جاناپلارنىڭ ئىلتىپات كۆرسىتىپ ئىشتىراك قىلىشىبىلەنبولشېۋىكـ
لەر كېرېنىسكىنى يەر بىلەن يەكسەن قىلىپ تاشلايدۇ.. مانا، ئالېكـ
ساندىر سېرگېيېۋىچ، روسىيە مۇشۇنداق ھالدا تۇرماقتا. سىزگە

① چېرنوپ ۋىكتور (1876 - يىل تۇغۇلغان) — ئېسېرلەر پارتىيىسىنىڭ
رەھبىرى. 1918 - يىلى يازدا ئاق گۋاردىيىچى چېخ - ئېسېر قوزغىـ
لىڭىغا ئاكتىپ قاتناشقان ئادەم. 1918 - يىلى كۈزدە چەتئەلگە قاچـ
قان. 1921 - يىلى كرونشتات توپىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلىشقا ئۇرۇنـ
غان — ت.

مەلۇم بولغان پىرىنسىپلارغا ئەمەل قىلغىنىم ھالدا، مەن ۋەتەننى يېڭى - يېڭى توپىلاڭلاردىن ساقلاشنى خالايمەن. 3 - ئاتلىق ئەسكەرلەر كورپۇسىنى يۆتكەشتىكى سەۋەبىم، ئاساسەن، ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇنى پېتروگرادقا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، مۇبادا بولشېۋىكلار ھۇجۇم قىلىپ قالسا، ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ تولۇق جاجىسىنى بېرىش ئۈچۈن ئۇرۇش ھەركەتلىرىگە بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىشنى گېنېرال كېرىموپقا تاپشۇرىمەن. شۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىلكى، لازىم تېپىلغاندا، ئۇ ئىشچى سولداتلار دېپۇتاتلىرى سوۋېتىنىڭ پۈتۈن تەركىۋىنى دارغا ئېسىشنى ئويلىشىپ كۆرىدۇ. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت... ھە،بىز تېخى ئۇنى كۆرەرمىز...

كورنىلوپ مېڭىشنى توختىتىپ، لۇكومىسكىنىڭ ئالدىدا تۇردى - دە، كەسكىن تۇردە سورىدى:

— مەملىكەت بىلەن ئارمىيىنىڭ كېلىچىكىنى پەقەت مۇشۇنداق چارە - تەدبىرلەر تەمىن ئېتىشى مۇمكىن، سىز مۇشۇ مۇلاھىزىلىرىمغا قوشۇلامسىز؟ سىز مەن بىلەن ئاخىرىغىچە بىللە ماڭامسىز؟

لۇكومىسكى، كورنىلوپنىڭ قۇرغاق، ئىسسىق قولىنى مەھكەم، قىزغىنلىق بىلەن قىسىپ، ئورنىدىن تۇردى.

— سىزنىڭ پىكرىڭىزگە تامامەن قوشۇلىمەن. ئاخىرىغىچە بىللە ماڭىمەن. ئەتراپلىق ئويلاپ، توغرا مۆلچەرلەپ، دەل ئۇستىدىن زەربە بېرىش لازىم. بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇرۇڭ، لاۋۇر گېئورگىيېۋىچ.

— پىلاننى ئۆزەم ئىشلەپ چىقتىم. تەپسىلاتلىرىنى پولكوۋنىك لېبېدېپ بىلەن كاپىتان دوۋبىنكو ئىشلەپ چىقىدۇ. سىز، ئالېكساندىر سېرگېيېۋىچ، ئىش بىلەن كۆمۈلۈپ كەتكەنغۇ. ماڭا

ئىشىنىڭ، ھەممە نەرسىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشقا زۆرۈر تېپىلغاندا، مۇۋاپىق ئۆزگىرىش كىرگۈزۈشكە بىزدە تېخى ۋاقىت بار.

شۇ كۈنلەردە بارگاھتىكى ھايات ساراسىمە ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى. ھەركۈنى موگىلېفتىكى گۇبېرناتورنىڭ ئۆيىگە ئۈستىنى چاڭ باسقان ماشرەڭ گىمناستۇركا كىيىگەن، ئاپتاپتا قارايغان، شامالدا جۇدىگەن ئوفىتسېرلەر خىزمەت قىلىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسنامە بىلەن فۇرونتنىڭ ھەر بىر يېرىدىن كېلىپ تۇراتتى ئوفىتسېرلەر ئىتتىپاقى بىلەن كازاك ئەسكەرلىرى ئىتتىپاقىنىڭ ئالىيتە ۋەكىللىرىمۇ كېلىشتى، دوندىن — كازاكلاردىن بىرىنچى قېتىم يۇقۇرى ھەربى مەنسەپكە قويۇلغان دون ھەربى رايونى كازاك ئەسكەرلىرى ئاتامانى كالېدىندىن چاپارمەنلەر كەلدى. قانداقتۇ مەمۇرى ئەمەلدارلارمۇ باش سوقتى. فېۋرالدا غۇلاپ چۈشكەن كونا روسىينى ئاياققا تۇرغۇزۇشتا كورنىلوپقا ياردەم بېرىشنى چىن كۆڭلىدىن خالىغان كىشىلەرمۇ كېلىشەتتى، ئەمما مەملىكەتنىڭ جان تومۇرىنى كىمنىڭ مۇستەھكەم قولى كېسىپ تاشلايدىغانلىقىنى ئالدىن بايقاپ، زور قان تۆكۈلۈشنىڭ پۇرىقىنى يىراقتىن سېزىپ ئۆزىگە بىرەرنەپ تېپىش ئۈمىدى بىلەن موگىلېفقا ئۇچۇپ كەلگەن قۇزغۇنلارمۇ بار ئىدى. دوبرىنىسكى، زاۋويكو①، ئالادىننىڭ② نامىلىرى ئالى باش قوماندانلىققا يېقىن ئالاقىسى بار كىشىلەرنىڭ نامى سۈپىتىدە بارگاھتا قايتا ـ قايتا تىلغا ئېلىنىپ تۇردى. بارگاھتا ۋە دون قوشۇنلىرى ھەربى يۇرۇش ئاتامانىنىڭ ئىشتاۋىدا

① دوبرىنىسكى،زاۋويكو — چوڭ ئېلىپ ساتارلىق بىلەن ھەدىـ ھېساپسىز بېيىغان تەۋەككۈلچى پومېششىكلار.

② ئالادىن — پادىشالىق تۈزۈمىنى جان تىكىپ قوغدايدىغان ئۇچىغا چىققان مونارخىست، تەۋەككۈلچى.

كورنىلوپ ئۆزىگە ھەددىن تاشقىرى تەمەننا قويىدۇ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە تەۋەككۈلچىلىك دائىرىگە چۈشۈپ قالدى، دەيدىغان پىچىر - پىچىر گەپلەر تارىلىپ يۈردى. ئەمما ئەينى ۋاقىتتا كەڭ ئوفىتسىرلەر دائىرىسى ئىچىدە كورنىلوپ روسىيىسىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ تۇغى دەيدىغان ئىتىقات ھۆكۈم سۈرەتتى. كونا تۈزۈمنى تىكلەشنى قىزغىن خالايدىغانلار ھەريەر - ھەريەردىن مۇشۇ بايراقنىڭ ئاستىغا توپلانماقتا ئىدى.

13 - ئاۋغۇستتا كورنىلوپ موسكۋاغا دۆلەت كېڭەشمىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى.

ھاۋا ئىللىق، بىر ئاز بۇلۇتلۇق كۈن ئىدى. ئاسمان گويا كۆكۈش ئاليومىن يالىتىلغاندەك ئىدى. ئاسماننىڭ قەھرىدەچۆرىسى ئاچ بىنەپشىرەڭ تۈس ئالغان قارا بۇلۇت ئۈزۈپ يۈرەتتى. بۇلۇتتىن دالا - ئىتىزنىڭ ئۈستىگە، تاراقشىپ كېتىۋاتقان پويىز رېلىسلىرىغا، ئاجايىپ قىرو باسقان ئورمانلىققا، يىراقلاردىن خۇددى ئاكۋارېل بوياق بىلەن سىزىلغان رەسىمدەك ئىنىق كۆرۈنگەن قېيىن دەرەخلىرىنىڭ ئۈستىگە، باش كۈزدىكى بوزيەرلەرگە — قېپاچ ھەسەن - ھۈسەننىڭ شولىسىدا مەيۈس تۇسكە كىرىپ سېخى يامغۇر چۈشمەكتە ئىدى.

پويىز كەڭ بوشلۇقنى ئارقىدا قالدۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. پويىزنىڭ ئارقىسىدا مەدەن رەڭگىدە تۈتۈن ئىتەك يايغان، ۋاگوننىڭ ئۈچۈق دەرىزىسى ئالدىدا مەيدىسىگە گېئورگى مېداللىرى تاقالغان ماشرەڭ مۇندىر كىيگەن ۋىجىككىنە گېنېرال ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ قارا، چېقىر كۆزلىرىنى قىسىپ، دەرىزىدىن بېشىنى چىقاردى-دە، هورلانغان يامغۇر تامچىلىرى ئۇنىڭ ئاپتاپتا قارايغان يۈزىنى ۋە قاپ - قارا شاپبۇرۇتىنى ھۆل قىلىشقا باشلىدى؛ شامال شۇۋىرلاپ، ياش

بالىنىڭكىدەك ماڭلىيىغا چۈشۈپ تۇرغان بىر تۇتام چېچىنى ئارقىسى-غا تارايتتى.

## 14

كورنىلوپ موسكۋاغا كېلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن ياساۋۇل لىستىنىتسكى كازاك قوشۇنلىرى ئىتتىپاقى سوۋېتىنىڭ ئالايىتەن مۇھىم تاپشۇرۇغىنى ئېلىپ، بۇ يەرگە كەلگەن ئىدى. ئۇ كازاك پولكىنىڭ موسكۋادىكى ئىشتاۋىغا قەغەز خالتىنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، ئەتىسىكە كورنىلوپنىڭ كېلىدىغانلىغىنى ئاڭلىدى.

چۈش ۋاقتىدا لىستىنىتسكى ئالېكساندىروۋىسكى ۋاگزالىغا باردى. 1 – ۋە 2 دەرىجىلىك كۈتۈش زالىدا ۋە بوفېتلاردا ئادەملەر مىغىلدايتتى. كۆپچىلىگى ئەسكەرلەر ئىدى. ئالېكساندىروپ ھەربى مەكتىۋىنىڭ①ئوقۇغۇچىلىرىدىن تەركىپ تاپقان ھۆرمەت قاراۋۇلى ۋاگزالنىڭ 2ياقتىكى سەھنىسىدە سەپ تۈزۈپ تۇراتتى، كۆتەرمە كۆۋرۈكتە — ئاياللاردىن تەركىپ تاپقان موسكۋا ئەجەل باتالىيونى تۇراتتى②. قىيام سائەت 3 ئۆپچۆرىسىدە

① ئالېكساندىروپ ھەربى مەكتىۋى — چارروسىيىدىكى ھەربى ئوقۇ-تۇش يۇرتى بولۇپ، بۇ يەردە تولىسى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ باللىرى تەر-بىيىلىنەتتى. بۇ يەردە ئوقۇغانلارنى «يۇنكېر» دەپ ئاتىشاتتى. ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر ئوفىتسېرلىك ئۇنۋانى ئالاتتى. گىراژدانلار ئۇرۇشى ۋاقتىدا يۇنكېرلار ئىنقىلاپقا قارشى دەھشەتلىك قوراللىق كۈرەش ئې-لىپ باردى — ت.

② ئەجەل باتالىيونى — بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىدا پەيدائىلاردىن تەشكىل قىلىنغان زەربىدار قىسىم بولۇپ، «ئەجەل با-تالىيونى» دەپ ئاتىلاتتى. كېرېنسكىي دەۋرىدە ئالاھىدە زەربىدار پولك-لار، ھەتتا ئاياللاردىن قۇرۇلغان زەربىدار «ئەجەل باتالىيونى»مۇ بار-لىققا كەلگەن ئىدى. بۇ زەربىدار قىسىملار ئەكسىلئىنقىلاپنىڭ قولچۇ-مىغىغا ئايلاندى — ت.

پويىز كەلدى. ۋاراڭ-چۇرۇڭلار بىردىنلا پەسلەپ قالدى. ئوركېس-
تىرنىڭ جىغىلداپ چىققان جاراڭلىغان ئاۋازى ۋە ھەددى-ھىساپسىز
ئاياقلارنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋۇشى ئارىلىشىپ كەتتى. ئۆرە-تۆپە
بولۇشۇپ كەتكەن ئادەملەرتوپىلىستىنتىسكىنىئۇيان ئىتتىر-بۇيان
ئىتتىر بىلەن ۋاگزال سەھنىسىگە ئىلىپ بېرىپ تاشلىدى. ئۇ بۇ
قىستاڭچىلىقتىن ئاران قۇتۇلۇپ، باش قوماندان چۈشكەن ۋاگوننىڭ
ئالدىدا2قاتار سەپ بولۇپ تىزىلغان تېكىنلىكلەرنى كۆردى. ئۇلار-
نىڭ ئاچقىزىل چاپانلىرىنىڭ شولىسى لاڭ بىلەن پاقىراپ تۇرغان
ۋاگوننىڭ تېمىدا! ئەكس ئېتەتتى، بىر نەچچە ھەربىنىڭ ھەمرا-
لىغىدا! ۋاگوندىن چىققان كورنىلوپ ھۆرمەت قاراۋۇلىنى، گېئورگى
كرېست ئوردېنى ئالغان قەھرىمانلار ئىتتىپاقىنىڭ ۋەكىللىرىنى،
ئارمىيە ۋە دېڭىز فىلوتى ئوفىتسېرلىرى ئىتتىپاقىنىڭ ۋەكىللىرى-
نى، كازاك قوشۇنلىرى ئىتتىپاقى سوۋېتىنىڭ ۋەكىللىرىنى كۆزدىن
كەچۈردى.

باش قوماندانغا تونۇشتۇرۇلغان شەخسلەرنىڭ ئىچىدە لىس-
تىنتىسكى پەقەت دون ئاتامانى كالېدىن بىلەن گېنېرال زايون-
چىكوۋىسكىنىلا بىلەتتى، قالغان ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى قېشىدىكى
ئوفىتسېرلەر ئېيتىپ بەردى:

— كىسلەكوپ — يول ئالاقە ئىشلىرى مىنىستىرىنىڭ
ئورۇنباسارى

— شەھەر باشلىغى رۇدنېپ.

— كىنەز تروبېتىسكى — بارگاھتىكى دىپلوماتىيە ئىشخا-
نىسىنىڭ باشلىغى.

— دۆلەت سوۋېتىنىڭ ئەزاسى مۇسىن - پۇشكىن.

— فرانسىيە ئەلچىخانىسىنىڭ ھەربى ئەمەلدارى پولكوۋنىك
كايو.

— كىنەز گولىتسىن.

— كىنەز مانسۇرۇف...، — دىگەن خوشامەتكويلۇق ئىززەت-ئىكرام تاۋۇشلىرى جاراڭلىدى.

لىستىنىتىسكى ئۆزىگە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان كورنىلوپقا ۋاگزال سۇپىسىدا تىزىلىپ تۇرغان، ئىسىل كىيىنگەن خانىملار گۈل چاچقانلىقىنى كۆردى. بىر دەستە قىزىل گۈل كورنىلوپنىڭ مۇندىرىدىكى كالۋوتون باققا ئىلىنىپ، يېپىشىپ قالدى، كورنىلوف ئۇنى بىر ئاز خىجىللىق بىلەن ئاستا چۈشۈرۈۋەتتى. ئورالىق بومباساقال چال كېكەچلەپ 12 كازاك قوشۇنى نامىدىن تەبرىك نۇتقى سۆزلىدى. لىستىنىتىسكى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاخىرىغىچە ئاڭلىيالمىدى، چۈنكى ئادەملەر لىستىنىتىسكىنى تام تەرەپكە قىستىشىپ، قىلىچىنىڭ تاسمىا بېغى ئۈزۈلۈپ كېتىشكەتاس قالدى، دۆلەت دۇماسىنىڭ ئەزاسى رودىچېفنىڭ نۇتقىدىن كېيىن كورنىلوپ زىچ ئادەملەر توپى بىلەن قورشالغان ھالدا يەنە يولغا چۈشتى. ئوفىتسېرلەر قول تۇتۇشۇپ، زەنجىرسىمان مۇداپىئە چەمبىرىگى ھاسىل قىلدى، ئەمما خالايىق ئۇلارنىڭ مۇھاسىرىسىنى بۇزۇۋەتتى. كورنىلوفقا ئونلىغان قول سوزۇلدى. پاخما چاچ سېمىزغىنە بىر خانىم ئۇنىڭ ئاچ يېشىل مۇندىرىنىڭ يېڭىدىن سۆيۈپ ئالماقچى بولۇپ يان تەرەپتىن ئۇششاق قەدەم بىلەن مېڭىپ كەلدى. ۋاگزال سەھنىسىنىڭ چىقىش ئىشىگى ئالدىدا قۇلاقنى يارغۇدەك ئالقىش سادالىرى ئاستىدا كورنىلوپنى باش ئۈستىدە كۆتىرىشىپ ئېلىپ كېتىشتى. لىستىنىتىسكى بىر ئەمەلدار جاناپنى مورىسى بىلەن قاتتىق بىر ئىتتىرىپ، چەتكە قېقىپ تاشلىدى-دە، كۆز ئالدىدا يالت قىلىپ قالغان كورنىلوپنىڭ لاكلانغان ئۆتۈكىنى تۇتۇۋېلىشقا ئۈلگۈردى. ئۇ ئاياقنى چاققانلىق بىلەن قۇچاغلاپ، مورىسىگە ئالدى-دە، ھېچقانداق ئېغىرلىق ھىس قىلماي، ھاياجاندىن ھاسىراپ، ئۆز قەدىمىنىڭ مۇۋازىنىتى

ۋە تەكشلىگىنى ساقلاشقا تىرىشىپ، پاقىراپ تۇرغان مىس ئوركېستىرنىڭ گۈمبۈرلىگەن ياڭراق ساداسى ئاستىدا، توپنىڭ ئىچىدە ئاستا ئىتتىرىلىپ، ئالغا ئىلگىرىلىدى. تىقىنچىلىقتا كەمىرنىڭ ئاستىدىن چىقىپ كەتكەن كۆينىگىنىڭ قاتلاقلىرىنى ۋاگىزالنىڭ چىقىش ئىشىگى ئالدىدا ئالدىراش تۈزىتىۋالدى. پەلەمپەي بىلەن يۇقۇرىغا چىققاندىن كېيىن مەيدانىغا قاراپ ماڭدى. توپنىڭ ئالدىدا يېشىل كىيىنگەن سەپ ـ سەپ ئەسكەرلەر ۋە بىر كازاك ئاتلىقلار بۆلۈنمىسى تىزىلىپ ماڭغان ئىدى. لىستىنىتىسكى قولىنى فۇراژكىسىنىڭ سايىۋىنىگە تەككۈزۈپ، ياشلانغان كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ، يىغلاپ تاشلىماسلىقا تىرىشقان بولسىمۇ، ئۆمچەيگەن كالپۇكلىرىنىڭ تىترىگىنى توختىتىۋالالمىدى. ئۇ، سۈرەت ئاپاراتلىرىنىڭ شىرتىلداشلىرىنى، ئادەملەر توپىنىڭ قۇتراشلىرىنى، يۈنكېرلەرنىڭ تەنتەنىلىك مارش بىلەن يۈرۈشلىرىنى ۋە قامەتلىك، كېلىشكەن، ۋىجىككىنە، موڭغۇل چىراي گېنېرال ئاشۇلارنىڭ ھەممىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكىچە تۇرۇپ تۇرغانلىغىنى غۇۋا ئەستە قالدۇردى.

× ×

بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن لىستىنىتىسكى پېتروگرادقا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ پويىزنىڭ يۇقۇرقى قەۋىتىگە ئورۇنلىشىۋېلىپ، شىنېلىنى ئاستىغا سالدى ـ دە، تاماكا چەككەچ كورنىلوپنى ئويلىدى:

«ھاياتىنى خەۋپ ئاستىغا قويۇپ، ئەسىرلىكتىن قاچقاندا، ۋەتەن ئۈچۈن شۇنداق قىلىش لازىملىغىنى بىلگەن بولسا كېرەك. قانداق ئاجايىپ شەخس! تەبىئى تاشتىن قۇيۇلغاندەك، قىلچە ئار-

تۆۋق ـ كەم يېرى يوق ... مىجەزىمۇ شۇنداق. شۈبھىسىز، ھەممە
نەرسە ئۇنىڭغا روشەن، ھىساپقا ئېلىپ قويۇلغان. پۇرسەت كەلگەنـ
دە بىزنى يېتەكلەپ ماڭىدۇ. قىزىق ئىش، مەن ئۇنىڭ زادى كىمـ
لىگىنى بىلمەيمەن — مونارخىستمۇ؟ ئاساسىي قانۇنلۇق مونارخىـ
يىنى ياقلامدۇ ... مانا ئۆزىگە ئىشەنمەكچى بولغان ھەر بىر كىشى
ئاشۇ ئادەمدەك بولسا».

تەخمىنەن شۇ تاپتا موسكۋادا، بولشوي تىياتىرخانىسىنىڭ
خاس بۆلۈملىرىنىڭ بىرىدە موسكۋا دۆلەت كېڭەشى ئەزالىرى مەجلىـ
سىنىڭ تەنەپپۇسى ۋاقتىدا ، 2 گېنېرال — بىرسى ۋىجىك، موڭغۇل
چىراي؛ يەنە بىرى گەۋدىلىك، چېچى كىر پەتىكىنىدەك قىرقىلغان،
چاسا كەلگەن بېشى مۇرىسىگە مەھكەم قوندۇرۇلغاندەك، سىلىق
تارالغان، چېكە چاچلىرىغا ئاق سانچىغان، قۇلاق كىمىرچەكلىرى
چېكىسىگە مەھكەم يېپىشقان ئادەم — بىرچەتكىرەك ئۆتۈپ، تاخـ
تاي پولنىڭ قىسقا كاتەكچىلىرىنى بىر بىرلەپ دەسسەپ، ئۇيانـ
بۇيان مېڭىشىپ ئاستا پاراڭغا چۈشكەن ئىدى.

— خىتاپنامىنىڭ بۇ ماددىسى ھەربى قىسىملاردىكى كومـ
تېتلارنى بىكار قىلىشنى كۆزدە تۇتامدۇ؟

— شۇنداق.

— بىرلىكسەپ، ئىتتىپاقلىق سۆزسىز لازىم. مەن مەزكۇر
چارە ـ تەدبىرلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرمىسام، باشقا ئىلاج يوق. ئارمىـ
يە ھازىرقى ھالەتتە سوقۇشقا يارىمايدۇ. مۇنداق ئارمىيىنىڭ غەلىـ
بە قازىنىشى ئۇياقتا تۇرسۇن، ئازراق سىقىنچىلارغىمۇ بەرداشلىق
بېرەلمەيدۇ. بولشېۋىكلارنىڭ تەشۋىقاتى قىسىملارنى پارچىلاپ تاشـ
لىغان. بۇ يەردە، ئارقاسەپتىچۇ؟ ئىشچىلارنى يۈگەنلەشكە چارە
تېپىش ئۇرۇنۇشلىرىغا ئۇلار قانداق پىكىر بىلدۈرۈۋاتقانلىقىنى
كۆرۈۋاتقانسىز؟ — ئىش تاشلاش ۋە نامايىش، كېڭەش ئەزالىرى

پىيادە مېڭىشقا مەجبۇر ... ئۇيات! ئارقا سەپنى ھەربىلەشتۈرۈش، جىددى جازا چارىلىرىنى ئورنىتىش، بارلىق بولشېۋىكلارنى رەھىمسىز قىرىپ تاشلاش — مانا بۇلار بىزنىڭ، ئەڭ يېقىنقى ۋەزىپىلىرىمىز. ئالېكسەي ماكسىموۋىچ، كەلگۈسىدە سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە ئىگە بولۇشقا ئىشەنسەم بولامدۇ؟

— مەن سۆزسىز سىز بىلەن بىللە.

— مەن بۇنىڭغا ئىشىنەتتىم، تەشەككۈر بىلدۈرىمەن. كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، كەسكىن ۋە قەتئىي ھەركەت قىلىش لازىم بولغاندا. ھۆكۈمەت يېرىم - ياتا چارە ۋە جاراڭلىق ئىبارىلەر بىلەن چەكلىنىدۇ ئىمىش. «ئىيۇل كۈنلىرىدىكىگە ئوخشاش خەلق ھاكىمىيىتىگە قارشى چىققانلارنىڭ سۇيىقەستلىرىنى تۆمۈر ۋە قان بىلەن باستۇرىمىز». ياق، بىز ئاۋال ئىشلەشكە، ئاندىن سۆزلەشكە ئادەتلەنگەنمىز، ئۇلار بۇنىڭ تەتۈرسىچە ئىش قىلىۋاتىدۇ. ماقۇل، ۋاقتى كەلگەندە، يېرىم - ياتا چارە قوللىنىش سىياسىتىنىڭ مېۋىسىنى ئۆزلىرى تېتىپ كۆرەر، لېكىن مەن بۇ نومۇسسىز ئويۇنغا قاتنىششىنى خالىمايمەن! مەن ئاشكارا جەڭنىڭ تەرەپدارى ئىدىم ۋە شۇنداق بولۇپ قالىمەن، ئېيقاچتى گەپلەر مېنىڭ مىجەزىمگە توغرا كەلمەيدۇ.

جۇغى كىچىك گېنېرال سۆھبەتچىسىنىڭ ئالدىدا توختاپ، ئۇنىڭ توق ماشرەڭ پەشمىتىنىڭ مېتال تۈگمىسىنى ئويناپ تۇرۇپ، كۆڭلى ئېرىگەن ھالدا بىر ئاز كېكەچلىنىپ مۇنداق دىدى:

— ئۇلار ئېغىزدۇرۇغنى ئېلىپ تاشلاشتى، ئەمدىلىكتە ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلاۋىي دېموكراتىيىسىدىن قورقۇشۇۋاتىدۇ. فۇرونتتىن پايتەختكە ئىشەنچىلىك ھەربى قىسىملارنى يۆتكەشنى ئىلتىماس قىلىۋاتىدۇ، ئەينى زاماندا ئاشۇ دېموكراتىيىگە خوشامەتكويىلۇق مەقسىدىدە بىرەر رىيال چارە قوللىنىشتىن قورقىشىدۇ، بىر

قەدەم ئالغا، بىرقەدەم ئارقىغا ... بىز پەقەت بارلىق كۈچلىرىمىزنى بىر يەرگە توپلاپ، مەنىۋى جەھەتتىن قاتتىق بېسىم ئىشلەتسەك، شۇ چاغدىلا ھۆكۈمەتنى يول قويۇشقا كۆندۈرەلەيمىز، كۆنمىگەن چاغدا قاراپ باقىمىز! مەن ئالدىنقى سەپنى يالىڭاچلاشنى خىيال قىلىپ ئولتۇرمايمەن، مەيلى نېمىسلار ئۇلارنىڭ ئەدىۋىنى بەرسۇن!

— بىز دۇتوپ① بىلەن سۆزلەشتۇق. لاۋۇر گېئورگىيېۋىچ، كازاكلار بار كۈچى بىلەن سىزگە ياردەم كۆرسىتىدۇ. بىزگە ئەمدى كەلگۈسىدە بىرلىكتە ھەركەت قىلىش مەسىلىسىنى مەسلىھەتلىشىشلا قالدى.

— مەجلىستىن كېيىن مەن سىزنى ۋە باشقىلارنى ئۆز ئۆيۈمدە كۈتىمەن. سىزلەرنىڭ دونda كەيپىيات قانداق؟

سېمىز گېنېرال، پاكىز قىرىلغان 4 بۇرجەك ئېڭىكىنى مەيدىسىگە يېقىپ، قاپىقىنى سىلىپ، ھومايغان پېتى ئالدىغا قارىدى. ئۇ جاۋاپ بەرگەن چاغدا، يوغان بۇرۇتىنىڭ ئاستىدا لەۋلىرىنىڭ بۇرجەكلىرى دىر - دىر تىترەپ كەتتى:

— مېنىڭ كازاكلارغا ئاۋالقى ئىشەنچىم يوق ... ئۇلارنىڭ كەيپىياتى توغرىسىدا بىر نەرسە دېيىش ھازىرمۇ تەس، پۈتۈمگە كېلىش لازىم: چەتتىن كەلگەنلەرنى ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتۈرۈش ئۈچۈن كازاكلار بەزى ئىشلارنى قىلىش كېرەك. بۇ جەھەتتە بىز بەزى چارە - تەدبىرلەرنى كۆرۈۋاتىمىز، ئەمما مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلالمايمەن. كازاكلار

① دۇتوپ(1922 — 1864) — چار پادىشاسى گېنېرالى. ئورېنبورگ كازاك ئەسكەرلىرى ئاتامانى. ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋى كۈنلىرىدە — ئىنقىلاپقا قارشى ئاق كازاك ئەسكەرلىرى باشلىقلىرىنىڭ بىرى؛ كولچاك توپىلىڭىغىمۇ ئاكتىپ قاتناشقان.

بىلەن چەتتىن كەلگەنلەرنىڭ مەنپەئەتلىرى توقۇنۇشۇپ قېلىپ، ئارا[1] بۇزۇلۇش يۈز بېرەرمىكىن دەپ قورقىمەن ... يەر ... ھازىر مەيلى كازاكلارنىڭ بولسۇن ياكى چەتتىن كەلگەنلەرنىڭ بولسۇن ئوي - پىكرى ئاشۇ ئوق دائىرىسىدە ئايلانماقتا.

— ئىچكى تەرەپتىن يۈز بېرىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان ھەر تۈرلۈك تەسادىپلاردىن ئۆزىڭىزنى ساقلاش ئۈچۈن، قول ئاستىڭىزدا ئىشەنچلىك كازاك قىسىملىرى بولۇش كېرەك. مەن بارگاھقا قايتىپ بېرىش بىلەنلا لۇكومىسكى بىلەن سۆزلىشىمەن، بىز ئالدىنقى سەپتىن دونغا بىر نەچچە پولك ئەسكەر ئەۋەتىش ئىمكانىيىتىنى ئىزلەپ تاپارمىز.

— مەن سىزدىن ئىنتايىن مىننەتدار بولىمەن.

— شۇنداق قىلىپ، بىز بۈگۈن سىز بىلەن كەلگۈسىدە بىرلىكتە ھەركەت قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە كېلىشىۋالىمىز، ئويلىغان ئىشىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق ئورۇنلىنىشىغا مەن قاتتىق ئىشىنىمەن، لېكىن بەخت ۋاپاسىز، گېنېرال ... ئەگەر ئۇ، ھەممىگە قارىماستىن، ماڭا ئارقىسىنى قىلىۋالسا، — ئۇچاغدا مەن دوندا سىزلەردىن پانا تاپىمەن دەپ ئۈمىت باغلىسام بولامدۇ؟

— پاناجاي تېپىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ھىمايىگىمۇ ئېرىشىسىز، كازاكلار ئەزەلدىن مېھماندوستلۇق ۋە ئاش-تۈزىنى ئايىمايدىغانلىقى بىلەن داڭ چىقارغان.

پۈتۈن سۆھبەت جەريانىدا چىرايى تۈتۈلۈپ ئولتۇرغان كالېدىننىڭ قاپىقى ئېچىلىپ، بىرىنچى قېتىم ھىجىيىپ قويدى.

بىر سائەتتىن كېيىن دون ئاتامانى كالېدىن جىمجىت زالدا ئولتۇرغان كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا «12 كازاك قوشۇنىنىڭ خىتاپنامىسى» دەپ ئاتالغان بىر ماتېرىيالنى ئوقۇپ ئۆتتى.

× ×

ئىنقىلاپ كۈچلىرىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئەۋج ئېلىشى رۇس
پومېششىكلىرى بىلەن رۇس بۇرژۇئازىيىسىنى غالجىرلىتىپلا قال-
ماستىن، بەلكى يەنە ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە جاھانگىرلىرىنىمۇ
خەۋپ سىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغىدى، ئۇلار ئىنقىلاپنى
باستۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ستالىن ئۆز ۋاقتىدا خەلقارادىكى ئەك-
سىيەتچىلەرنىڭ سۈيىقەستلىرىنى پاش قىلىپ مۇنداق يازغان ئى-
دى: «رۇس جاھانگىر بۇرژۇئازىيىسىنىڭ(مىلىكوپ!)، جۈنفالارنىڭ
(كېرېنىسكى!) رۇسىيىنىڭ جانلىق كۈچلىرىگە ياخشىچاق بولۇپ،
قۇللارچە خىزمەت قىلىدىغان ئۇششاق بۇرژۇئازىيە يۇقۇرى قاتلىمى-
نىڭ (سېرېتىلى!) ئىتتىپاقىنى ئىقتىسات بىلەن تەمىنلەۋاتقان
ئامېرىكا جاھانگىر بۇرژۇئازىيىسى — مانا بۇ نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت-
نىڭ ئەمىلىي ئەھۋالى.

موسكۋادىكى كېڭەشكە ئامېرىكا كاپىتالىستىنىڭ «ھىسداشلى-
غى» 5 مىليارت قەرز بىلەن ئىسپاتلاندى — كېڭەشنى چاقىرغان
بەگزادىلەرنىڭ مەقسىدى مۇشۇ ئەمەسمىدى؟...

شۇ كۈندىن باشلاپ دوننى، كۇبانىنى، تېرەك رايونىنى، ئو-
رالنى، ئۇسسۇرىنى، كازاك يەرلىرىنىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگىچە
بولغان پۈتۈن تۇپراقنى، بىر يېزا ئايمىغىدىن يەنە بىر ئايماققىچە
بولغان يەرلەرنى چوڭ سۈيىقەستنىڭ يىپلىرى قارا ئۆمۈچۈك تورى-
دەك قاپلاپ كەتتى.

# 15

ئىيۇن ئېيىدا بولغان جەڭلەردە توپ ئوقلىرى تۆپ - تۈز
قىلىۋەتكەن بىر كىچىك شەھەر خارابىسىدىن بىر چاقىرىم نېرىسىـ
دا، ئورماننىڭ ياقىسىدا يىلان باغرىدەك ئاجايىپ ئاكوپلار سوزۇلۇپ
كەتكەن. ئورماننىڭ ئەڭ چېتىدىكى جايلاردا مەخسۇس بىر كازاك
بۆلۈنمىسى ئورۇنلاشقان ئىدى.

كەينى تەرەپتە، قىزىل سۇۋادانلار بىلەن ياش قېيىنزارلىقـ
نىڭ ياپ - يېشىل چاتقاللىقى ئارقىسىدا تورف يېقىلغۇسى ساسـ
لىغى سارغىيىپ كۆرۈنەتتى، ئۇرۇشتىن بۇرۇن بىر چاغلاردا بۇ يەرـ
لەردىن تورف يېقىلغۇسى قېزىپ ئېلىنغانلىقى ئېنىق ئىدى؛ مۇۋەـ
لىرى مونچاقتەك قىزىرىپ تۇرغان كۆكۈللۈك گۈللىگەن ئوڭ تەرەپـ
تىرەك، ئورمانلار دۇپپىيىپ تۇرغان تۇمشۇقنىڭ نېرىسىدا تېخىچە
ئاياق باسمىغان يوللارنى ئەسلىتىپ، زەمبىرەك ئوقى بىتچىت قىـ
لىپ تاشلىغان تاشيول سوزۇلۇپ ياتاتتى، ئەڭ چەتتە مىلتىق
ئوقى ئۆتمە - تۆشۈك قىلىۋەتكەن نىمجان شىۋاق ئوتلار دۈگدىيىپ،
قاپ - قارا كۆمۈرگە ئايلانغان دەرەخ كۆتەكلىرى دۆۋىلىنىپ تۇراتـ
تى، ئاكوپ توپىلىرىدىن ھاسىل بولغان كۆتەرمە توساقلار سارغىـ
يىپ كۆرۈنەتتى، ئەگرى - بۈگرى ئاكوپلار يالىڭاچ دالا بويلاپ
يىراق - يىراقلارغا سوزۇلۇپ كەتكەن ئىدى، ھەتتا چىم تېزەك كوـ
لاپ ئېلىۋېرىپ، ئوي - دۆڭ بولۇپ كەتكەن ئارقىدىكى ساسلىقـ

تىن، ھەتتا ۋەيران قىلىپ تاشلانغان تاشيولدىن ھاياتنىڭ، بىر زاماندىكى ئەمگەكنىڭ ئىسسى كېلەتتى، ئورماننىڭ ئىستىگىدىكى يەرلەر بولسا ئادەمنىڭ كۆزىگە كۆكۈلسىز، قايغۇلۇقمەنزىرە بولۇپ كۆرۈنەتتى.

ئۆتمۈشتە موخوپىنىڭ ھور تۈگمىنىدە ماشىنىستبولۇپ ئىشلىگەن ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ شۇ كۈنى ھەربىلەرنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك كارۋان ھارۋىلىرى تۇرىدىغان يېقىن بىر يەردىكىشەھەر بازىرىغا بارغان بولۇپ، ئۇ يەردىن كەچ كىرىش ئالدىدىلا قايتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ ئۆز گەمىسىگە كىرىپ كېتىۋېتىپ زاخار كورولېۋ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. زاخار، توپا قاچىلانغان قاپلارنىڭ بۇرجىگىگە قىلىچىنى سۇۋاشتۇرۇپ، قوللىرىنى قالايمىقانپۇلاڭشىتىپ، يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ بىر چەتكە ئۆتۈپ، ئۇنىڭغا يول بەردى، ئەمما زاخار ئۇنىڭ گىمناستېركىسىنىڭ تۈگمىسىدىن تۇتۇۋېلىپ، كېسەلچان ئاغمىخانىدەك پالاقلاپ پىچىرلاپلا كەتتى:

— ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئوڭ تەرەپتىكى پىيادە ئەسكەرلەر كېتىشىۋاتىدۇ! بەلكى، فرونتنى تاشلاپ ماڭغان بولسا كېرەك.

زاخارنىڭ گويا ئېرىتىلگەن قارا چۆيۈندەك قېتىپ قالغان ساقىلى غەلىتىلاتىتەرەپ، كۆزلىرى غەمكىن تەشنالىق بىلەن تىكىلدى.

— تاشلاپ كېتىش دىگەن قانداق گەپ؟

— كېتىشىۋاتىدۇ، قانداقلىغىنى مەنمۇ بىلمەيمەن.

— بەلكىم، ئورۇن ئالماشتۇرغاندۇ؟ يۈر، ۋىزۋوت كوماندىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇقۇپ باقايلى.

زاخار ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، تېپىلغاق نەم يەردە ئايىغىنى سۆرەپ، ۋىزۋوت كوماندىرىنىڭ گەمىسىگە قاراپ ماڭدى.

بىز سائەتتىن كېيىن كىلاژاك ئاتلىق بۆلۈنمىسىنىڭ ئورنىغا پىيادە ئەسكەرلەر كېلىپ، بۆلۈنمە شەھەرچىگە يۈرۈپ كەتتى. ئەتىسى ئەتىگەن ئات باقارلاردىن ئۆز ئاتلىرىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، تېز يۈرۈش بىلەن ئارقا سەپكە راۋان بولدى.

ئۇششاق سىم - سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى، ئاق قېيىنلار مەيۈسلىق بىلەن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، شۈمشىيىپ قالغان. يول ئورمانىنىڭ ئىچىگە يېرىپ كىردى - دە، ئاتلار زەيلىكنى ۋە بولتۇرقى سولغان ياپراقلارنىڭ بۇرۇننى ئېچىشتۇرىدىغان ئاچچىق ۋە قاڭسىق ھىدىنى سېزىپ، پىشقىراتتى، يايىراپ مېڭىشاتتى. توقايلىقتا ئۈست ئۈزۈمى قىزىل مارجاندەك ئېسىلىپ تۇراتتى، يامغۇر يۇيۇپ كۆپۈكلەنگەن سەپتە گۈللەر قىز بالىنىڭ شىلەپىسىدەك ئاپپاق ئاقىرىپ، كۆزنىڭ يېغىنى يەيتتى، دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدىكى قوغۇشۇندەك ئېغىر يامغۇر تامچىلىرىنى شامال سىلكىتىپ، ئاتلىقلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرەتتى، شىنېل بىلەن فۇراژكىلارنى خۇددى چاچما ئوق تەشكەندەك قاپ - قارا داغ قىلىۋەتتى، موخوركا تۈتۈنى قاتار تىزىلىپ كېتىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ ئۈستىدە بۇلۇتتەك ئۈزۈپ ئېرىپ كېتەتتى.

— تۈتۈپ ئېلىپ كېلىشتى، ئەمدى نەگە ھەيدەپ بارىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن.

— ئاكوپتا ئولتۇرۇش ياخشىمىدى؟

— راستىنلا، بىزنى نەگە ھەيدەپ بارىدىغاندۇ؟

— قايتىدىن تەرتىپكە سالارمىكىن.

— مېنىڭچە، ئۇنداق بولمىسا كېرەك.

— ئېخ، كەنت. كەل، تاماكا چېكەيلى، ھەممە غەم - غۇسسىنى ئۇنتۇيلى!

— مەن ئۆز قايغۇمنى خورجۇنۇمغا سېلىپ، يۇدۇپ

گېلىۋاتىمەن ...
— جانابى ياساۋۇل، ناخشا ئېيتىشقا رۇخسەت قىلامسىز؟
— رۇخسەت قىلىدىغۇ، دەيمەن... باشلا، ئارخىپ!
ئالدىنقى قاتاردىكىلەردىن بىرسى، تامىغىنى قىرىپ قويۇپ، ناخشا باشلىدى:

كۆكسىدە كىرىپست ئوردېن، مۈرىسىدە زەرپاگون،
ئەسكەرلىكتىن ئۆيىگە قايتىپ كېلەر مەرت كازاك.

ئەمما تارتقان تاۋۇشلار ناخشىنى خوشياقمىغانىدەك سوزۇپ، توختاپ قالدى، ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ بىلەن بىر قاتاردا ماڭغان زاخار كورولېپ ئۆزەڭگىدە ئورنىدىن كۆتىرىلىپ، مەسخىرە بىلەن ۋاقىرىدى:
— ھەي، قاراڭلار سىلەرنى، قارغۇ قېرىلار! بىز ناخشىنى مۇشۇنداق ئېيتامدۇق؟ ئۇنىڭدىن كۆرە،سىلەر چېركاۋنىڭ بوسۇغىسىدا قولۇڭلارغا سوپى تاياق تۇتۇپ، «لا زار» قوشىقىنى ئېيتىپ، سەدىقە تىلىسەڭلەر بولمامدۇ، تېخى ناخشىچىلار ئىمىش ...
— ئۇنداق بولسا، ئۆزەڭ باشلا!
— ئۇنىڭ بوينى قىسقا، ئاۋازى سىغىدىغان يېرى يوق.
— ئۆزىنى ئۆزى ماختاۋىرىپ، قۇيرۇغى بىر تەرەپكە بولۇپ قالدىمۇ - نىمە؟
كورولېپ كۆزىنى بىردەم يۇمۇپ، تىزگىنىنى، قاتتىق بىر سىلكىدى - دە، دەسلەپكى بىر مىسرانى ئېيتتى:

ھەي، ئويناڭلار، كۈلۈڭلار، دوننىڭ باتۇر كازاگى ...

پۈتۈن بۆلۈنمە ئۈنىڭ چىقىراپ چىققان خوش ئاھاڭدىن ئويغىنىپ كەتكەندەك بىردىن ئۈنىڭغا ئەگىشىپ توۋلاشقا باشلىدى:

شەرەپ ـ شانىڭ، شۆھرىتىڭ بىلەن ياشا ھەممە چاغ!...

ناخشا ھۆل ئورمانىنىڭ ئۈستىدە ۋە دەرەخلىرى كېسىپ تاشلانغان يول ئۈستىدە ياڭراشقا باشلىدى:

مىلتىق بىلەن دۈشمەننى يەر چىشلىتىپ بىئامان،
ئۆلگىمىزنى دوستلارغا كۆرسىتەيلى بىز ئوبدان.
جەڭ قىلىمىز مەيداندا، سېپىمىزنى بۇزماستىن،
قۇلىغىمىز دىڭ تۇرار بۇيرۇققىلا ھەر زامان،
شۇ ئاتا، كوماندىرلار بۇيرۇق بەرسە بىزلەرگە.
ئالغا! چامداپ، ياۋلارنى قىلىمىز كۈلۈم ـ تالقان.

ئۇلار «بۆرە مازىرى» ① دىن قۇتۇلۇپ چىققانلىقىغا خوشال بولۇشۇپ، يول بويى ناخشا ئېيتىپ مېڭىشتى. كەچ بولاي دېگەندە ۋاگونغا چىقىشتى. ھەربى پويىز پىسكوفقا قاراپ يول ئالدى. پەقەت 3 ئىستانسىدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا مەلۇم بولدىكى، بۇ بۆلۈنمە 3 ـ ئاتلىق كورپۇسنىڭ باشقا قىسىملىرى بىلەن بىرلىكتە شۇ كۈنلەردە باشلىنىپ قالغان تەرتىپسىزلىكلەرنى باستۇرۇش ئۈچۈن پېتروگرادقا قاراپ كېتىۋاتقان ئىكەن، شۇندىن كېيىن گەپ ـ سۆزلەرمۇ جىمىپ قالدى. قىزىل ۋاگونلاردا ئۆگدەك باسقان جىمجىتلىق كىشىلەرنى ئۇزاققىچە ئەللەيلىدى.

— ئوتتىن قۇتۇلۇپ، دوزاققا كىرىپ قالدۇقمۇ ـ نىمە!—

① «بۆرە مازىرى» — ئاكوپنى كۆرسىتىدۇ — ت.

دىدى ئۇزۇنتۇرا بورشچېپ كۆپچىلىك ئۈچۈن ئورتاق بولغان پىكىرنى ئىپادىلەپ.

فېۋرال ئېيىدىن باشلاپ بۆلۈنمە كومىتېتىنىڭ ئىزچىل رەئىسى بولۇپ كەلگەن ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ پويىزدەسلەپ توختىغاندىلا بۆلۈنمە كوماندىرىنىڭ قېشىغا باردى.

— كازاكلار بىزاۋىتە بولۇۋاتىدۇ، جانابى ياساۋۇل.

ياساۋۇل، ئىۋان ئالېكسېيېۋىچنىڭ ئىگىگىدىكى چوڭقۇرچاقا ئۇزاق قاراپ تۇردى ـ دە، كۈلۈمسىرەپ:

— ئەزىزىم، مەن ئۆزەممۇ ھاياجانلىنىۋاتىمەن، ـ دىدى.

— بىزنى نەگە ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ؟

— پېتروگىرادقا.

— يۈۋاشلىتىش ئۈچۈنمۇ؟

— سەن توپىلاڭغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟

— بىز ئۇنىسىنىمۇ، بۇنىسىنىمۇ خالىمايمىز.

— توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇلار بىزنىڭ پىكرىمىزنى سوراۋاتقىنى يوق.

— كازاكلارچۇ...

— «كازاكلار» نىمە بولۇپتۇ؟ — غەزەپلىنىپ تۇرغان بۆلۈنمە كوماندىرى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — كازاكلارنىڭ نىمىنى ئويلىشىۋاتقانلىغىنى مەنمۇ بىلمەيمەن. بۇ ۋەزىپىنى ماڭا كۆڭۈللۈك دەپ ئويلامسەن؟ مۇنۇ نەرسىنى ئال،بۆلۈنمىدە ئوقۇپ بەر،كېيىنكى ئىستانسىدا مەن كازاكلار بىلەن سۆھبەتلىشىمەن.

كوماندىر پۈكلەكلىك تېلېگىراممىنى بەردى ـ دە، چىرايىنى تۈرۈپ، ئاشكارا يىرگىنىش بىلەن گۆش كونسېرۋاسىنىڭ ماي باسقان بىر پارچىسىنى چايناشقا باشلىدى.

ئۇۋان ئالېكسېيېۋىچ ئۆز ۋاگونىغا قايتتى، گويا قولىدا چالا گۆيگەن چوغ كۆتىرىۋالغاندەك، تېلېگىراممىنى كۆتىرىپ كەلدى.

— باشقا ۋاگوندىكى كازاكلارنى چاقىرىڭلار.

پويىز قوزغىلىپ ماڭغان بولسىمۇ، ئەما ۋاگونغا هامان كازاكلار سەكرەپ چىقىشىۋاتاتتى. 30چە ئادەم يىغىلدى.

— كوماندىر تېلېگىراممىنى تاپشۇرۇۋېلىپتۇ، بايا ئوقۇدى.

— قېنى، ئۇنىڭدا نىمە يېزىلغان ئىكەن؟ ئوقۇپ كۆرەيلى!

— ئوقۇ، يالغان سۆزلىمە!

— سۆلىھ بولامدىكەن؟

— ئاغزىڭنى يىغساڭچۇ!

جىمجىتلىق ئىچىدە ئۇۋان ئالېكسېيېۋىچ ئالى باش قوماندان كورنىلوپنىڭ مۇراجەتنامىسىنى ئۈنلۈك ئوقۇدى:

مەن ئالى باش قوماندان كورنىلوپ پۈتۈن خەلقنىڭ ئالدىدا شۇنى جاكالايمەنكى، سولداتلىق بۇرچۇم ئازات رۇسىيىنىڭ پىداكار بىر گىراژدانى بولۇشۇم ۋە ۋەتەنگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتىم مەملىكىتىمىزنىڭ هاياتىدىكى مۇشۇ ئېغىر دەقىقىلەردە مېنى ۋاقىتلىق هۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇغىغا بويسۇنماسلىققا ۋە ئارمىيە ۋە دېڭىز فىلوتىنىڭ ئالى قوماندانى بولۇش ۋەزىپىسىنى ئۈزەمدە ساقلاپ قېلىشقا مەجبۇر قىلدى. مېنىڭ بۇ قارارىمنى هەر قايسى ئالدىنقى سەپتىكى بارلىق باش قوماندانلار قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن، شۇنىڭغا بىنائەن پۈتۈن رۇس خەلقىغە شۇنى ئۇقتۇرىمەنكى، مېنى ئالى باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپتاشلاشتىن كۆرە، ئۆلگىنىم مىڭ ياخشى. رۇس خەلقىنىڭ هەقىقى ئوغلى هەر قاچاندا ئۆز خىزمەت ئورنىدا قازا تاپىدۇ، ۋەتەنگە ئەڭ چوڭ نەرسىنى ئايىمايدۇ، هەتتا ئەزىز جېنىنى قۇربان قىلىدۇ.

ۋەتەن مەۋجۇتلۇغىنىڭ مۇشۇنداق ئەڭ جىددى
دەقىقىلىرىدە، تەنتەنە بىلەن كېلىۋاتقان دۈشمەننىڭ
يولى ئېچىلىپ، 2 پايتەختكە ① غەلىبە بىلەن
ئىلگىرىلەۋاتقان بىر پەيتتە، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت،
مەملىكەتنىڭ مۇستەقىل ھايات كەچۈرۈشىگە بىۋاستە مۇناسىۋەت-
لىك بولغان ئەڭ چوڭ مەسىلىنى ئۇنتۇپ، ئەكسىلئىنقىلاپنىڭ
خەۋپى يۈزلەنمەكتە دىگەن يوقىلاڭ ۋەھىمىنى خەلقنىڭ ئىچىگە
تارقاتماقتا، نەق مۇشۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزى مەملىكەتنى ئىدارە
قىلىشقا ئىقتىدارسىزلىغى بىلەن، ھاكىمىيەتنى قولدا تۇتۇشقا
ئاجىزلىغى بىلەن، ھەركەتتىكى بوشاڭلىغى بىلەن ئاشۇ ئەكسىل-
ئىنقىلاپنىڭ تېزرەك باش كۆتىرىشىگە سەۋەپ بولماقتا.

مەن ئۆز خەلقىمنىڭ قېنىدىن تۆرەلگەن ئوغلى بولغان-
لىقتىن، ھەممىنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆز ھاياتىمنى خەلققە پىداكار-
لىق بىلەن خىزمەت قىلىشقا بېغىشلاپ كېلىۋاتىمەن،شۇنداق تۇ-
رۇقلۇق ئۆز خەلقىمنىڭ ئۇلۇغ كېلىچەگىنىڭ ئۇلۇغ ئازاتلىغى-
نى قوغدىماي تۇرالامدىمەن. لېكىن بۇ ئىستىقبال ھازىر ئاجىز،
ئىرادىسىز ئادەملەرنىڭ قولىدا تۇرماقتا. تەكەببۇر دۈشمەن پۇل
بىلەن سېتىۋېلىش، ئۆزىگە تارتىش ۋە خائىنلىق ۋاستىسى بى-
لەن بىزگە خۇددى ئۆز ئۆيىدىكىدەك خوجايىنلىق قىلماقتا، ئەر-
كىنلىكنى يوقىتىپلا قالماستىن، بەلكى رۇس خەلقىنىڭ ھاياتىغى-
مۇ زاۋاللىق ئېلىپ كەلمەكتە. رۇس كىشىلىرى، كۆزۈڭلارنى ئې-
چىڭلار، ۋەتىنىمىز دومىلاپ كېتىۋاتقان تەگسىز ھاڭغا جىددىرەك
بىر نەزەر سېلىڭلار!

مەن، بارلىق داۋالغۇلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى كۆزلەپ،
رۇس خەلقىنىڭ بىرەر تامچىمۇ قېنى تۆكۈلمەسلىگىنى ئاگاھلان-
دۇرۇپ، ئۆز ئارا تىللاشلارنى توختىتىش، بارلىق ئەلەم، خاپى-
لىق، ھاقارەتلەرنى ئۇنتۇشقا دەۋەت قىلىپ، پۈتكۈل خەلق ئال-
دىدا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە مۇنۇلارنى مۇراجەت قىلىمەنكى، مې-

① ئىككى پايتەخت — پېتروگىراد بىلەن موسكۋا.

نىڭ بارگاھىمغا كېلىشكەنلار، سىلەرنىڭ ئەركىنلىكلار
ۋە خەۋپسىزلىكلار مېنىڭ چىن سۆزۈم بىلەن تەمىن ئېتىلگەن؛ مەن بىلەن بىرلىكتە ئولتۇرۇپ خەلق مۇداپىئەسى ھەيئىتىنى تۈزۈڭلار، بۇ ھەيئەت ئەركىنلىكنى تەمىن قىلىپ، رۇس خەلقىنى قۇدرەتلىك، ئەركىن خەلققە مۇناسىپ ئۇلۇغ ئىستىقبالغا يېتەكلەيدىغان بولسۇن.

گېنېرال كورنىلوپ

شۇندىن كېيىن يالغان - ياۋىداقلار بىلەن تولغان بۇ تېلېگراف ۋەرەقىسى تەر باسقان قوللاردىن بىر بىرلەپ ئۆتتى.

كېيىنكى ئىستانسىدا پويىز يەنە توختىدى. پويىز يەنە ماڭغىچە كازاكلار ۋاگوننىڭ يېنىغا يىغىلىشىپ، كورنىلوپنىڭ تېلېگراممىسىنى مۇھاكىمە قىلىشتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۆلۈنمە كوماندىرى بايا ئوقۇپ ئۆتكەن كېرېنسكىنىڭ كورنىلوپنى خائىن ۋە ئەكسىلئىنقىلابچى دەپ ئېلان قىلغان تېلېگراممىسىنمۇ تەھلىل قىلىشتى. كازاكلار گاڭگىرىغان ھالدا ئۆز ئارا سۆزلەشتى. بۆلۈنمە كوماندىرى بىلەن ۋىزۋوت ئوفىتسېرلىرى ساراسىمىغا چۈشۈپ ئېسەنكىرەپ قالدى.

— كاللىمىزنى قاپاق قىلىشىۋەتتىغۇ، — دىدى مارتىن شامىل، — ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ توغرا، قايسىسىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى جىن بىر نىمە دىسۇن!

— ئۇلار ئۆزلىرىمۇ بىر بىرسى بىلەن چوقۇلۇشۇپ، ئەسكەرلەرنىمۇ چوقۇلايدۇ.

— باشقىلار سېمىزلىكتىن قۇتىرىشىۋاتىدۇ.

— ھەرقايسىسىنىڭ باشلىق بولغۇسى كېلىدۇ.

— پومېششىكلار مۇشتلىشىۋاتىدۇ، كازاكلارنىڭ كوكۇلىسى

يۆلۈنۈۋاتىدۇ.

— ھەممە نەرسە ئۆگىتەي - توگىتەي بولۇپ كەتتى... بالا - قازا دىگەن شۇ!

بىر گۇرۇپپا كازاك ئىۋان ئالېكسىيېۋىچنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— نىمە قىلىدىكەنمىز، كوماندىرنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇقۇپ كەلسەگچۇ، — دەپ تەلەپ قوشۇشتى.

بىر توپ ئادەم بۆلۈنمە كوماندىرىنىڭ قېشىغا راۋان بولدى. ئوفىتسېرلەر ئۆز ۋاگونىدا توپلىشىۋېلىپ نىمىنىدۇ مەسلىھەتلىشىـ ۋاتاتتى. ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ ۋاگونغا كىرىپ كەلدى.

— جانابى كوماندىر، كازاكلار ئەمدى نىمە قىلىدىكەنمىز، دەپ قىزىقىشىۋاتىدۇ.

— مەن ھازىر چىقىمەن.

بۆلۈنمە چەتتىكى ۋاگوننىڭ ئالدىغا توپلىشىپ كۈتۈپ تۇرۇـ شاتتى. كوماندىر، كازاكلارنىڭ توپىغا ئارىلىشىپ كەتتى؛ ئوتتۇرىـ سىغا بارغاندا قولىنى كۆتەردى.

— بىز كېرېنسكىگە بويسۇنمايمىز، بەلكى ئالى باش قوـ ماندانغا ۋە ئۆزىمىزنىڭ بىۋاستە باشلىغىمىزغا بويسۇنىمىز. توغرىـ مۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۆز باشلىغىمىزنىڭ بۇيرۇغىنى سۆزسىز ئورۇنلاپ، پېتروگرادقا بېرىشىمىز كېرەك. ھېچبولمىغاندا، دىنو ئىستانسىسىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئەھۋالنى 1 - دون دىۋىزىيىسىنىڭ كوماندىرىدىن ئېنىقلىۋېلىشىمىز مۇمكىن — ئۇ يەردە ھەممە ئىش مەلۇم بولىدۇ. مەن كازاكلارنىڭ بىزاۋىتە بولـ ماسلىغىنى ئۆتۈنىمەن. بىز مۇشۇنداق ۋاقىتنى باشتىن كەچۈـ رۈۋاتىمىز.

بۆلۈنمە كوماندىرى ھەربى ۋەزىپە توغرىلىق، ۋەتەن توغرىـ لىق، ئىنقىلاپ توغرىلىق يەنە ئۇزاق سۆزلىدى ۋە كازاكلارنى تىچـ

لاندۇرۇپ، سوئاللارغا گەپنى چالغىتىپ جاۋاپ بەردى. ئۇ، ئۆز مەقسىدىگە يەتتى: شۇ ۋاقىت ئىچىدە پاراۋۇزغا ۋاگونلارمۇ تىركىلىپ بولدى (كازاكلار ئۆز بۆلۈنمىسىدىكى 2 ئوفىتسېرنىڭ ئىستانسا باشلىغىغا قورال بىلەن تەھدىت سېلىپ، پويىزنى تېز ماڭغۇزۇۋەتكەنلىكىنى بىلمەي قېلىشتى)، كازاكلار ئۆز ۋاگونلىرىغا تارقىلىشتى.

پويىز بىر كېچە - كۈندۈز يول بېسىپ، دىنو ئىستانسىسىغا يېقىنلىشىپ كەلدى. كېچىسى پويىزنى يەنە توختىتىشتى، ئۇسسۇرىيىلەر بىلەن داغىستان پولكىنىڭ پويىزىنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈۋېتىشتى. كازاكلار چۈشكەن پويىزنى ياندىكى زاپاس يولغا باشلاپ قويدى. كېچىنىڭ خىرە - شىرە قاراڭغۇسىدا داغىستان پولكىنىڭ ۋاگونلىرى چىراقلىرىنى ئۇچقۇندىتىپ تېز ئۆتۈپ كەتتى. يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان گۈرۈك - گۈرۈك پاراڭلار، نەينىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى، كارامەت ناخشا - كۈيلەر ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

بۆلۈنمىنى يېرىم كېچە بولغاندىلا ماڭغۇزدى. ھالسىزلانغان پاراۋۇز سۇ چىقىرىدىغان ناسوسلار بىناسىنىڭ ئالدىدا ئۇزاق تۇرۇپ قالدى. پاراۋۇزنىڭ ئوتخانىسىدىن يەرگە ئوتنىڭ يورۇقى چۈشۈپ تۇراتتى. ماشىنىست تاماكىسىنى شورىغىنىچە گويا بىر نەرسىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك دەرىزىگە قاراپ تۇراتتى. پاراۋۇزنىڭ قېشىدىكى ۋاگوندىن بىر كازاك ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ ۋاقىرىدى:

— ھەي گاۋرىلا، بۇياققا چۈش، بولمىسا ئېتىپ تاشلايمىز!

ماشىنىست تاماكىنى تۈكۈرۈپ تاشلاپ، گويا تاماكا قالدۇغىنىڭ كامان شەكلىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا نەزەر سالغاندەك، ئۈنچىقماي تۇردى - دە، بىر يۆتىلىۋېلىپ:

— ھەممەيلەننى بىر يولى ئېتىپ تاشلىيالمايسەن، — دېدى - دە، دەرىزىدىن نېرى كەتتى.

بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن پاراۋۇز ۋاگونلارنى سۆرەپ

ماڭدى، ۋاگون ئارىلىغىدىكى پۇرژىنىلىق ئەگمە تۆمۈر جاراڭلاپ كەت-
تى، پويىزنىڭ تۆيۈقسىز سىلكىنىشىدىن مۇۋازىنىتىنى يوقاتقان
ئاتلارنىڭ تۆياقلىرى دۈپۈرلەپ كەتتى. ۋاگونلار سۇ تارتىدىغان
بىنانىڭ يېنىدىن، ئاندا - ساندا چىراقنىڭ يورۇغى يورۇتۇپ
تۇرغان دەرىزىلەرنىڭ يېنىدىن ۋە تۆمۈريول كۆتەمىسىنىڭ ئار-
قىسىدىكى توپ - توپ بولۇپ كۆرۈنگەن قېيىن دەرەخلىرىنىڭ
يېنىدىن سوزۇلۇپ ئۆتۈشكە باشلىدى. كازاكلار ئاتلارغا يەم بېرىپ
بولۇپ ئۇخلاشتى، بەزىبىرلىرى ئويغاق بولۇپ، يېرىم ئوچۇق ئى-
شىكلەرنىڭ ئالدىدا تاماكا چېكىپ، بىپايان ئاسمانغا كۆز تىكىپ،
ئۆز تەقدىرى توغرىلىق ئوي سۈرەتتى.

ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ كورولېپ بىلەن بىر قاتاردا ياتقان بو-
لۇپ، ئىشىكنىڭ يوچۇغىدىن سىرتقا نەزەر تاشلاپ، ئاسماندا چې-
چىلىپ ياتقان ئاقار يۇلتۇزلارغا كۆز تىكەتتى، ئۇ، تۈنۈگۈنلا ھەم-
مە ئىشنى ئەتراپلىق ئويلىغان بولۇپ، بۆلۈمىنىڭ پېتروگرادقا
يەنە ئىلگىرىلەپ بېرىشىغا قولىدىن كېلىشىچە قارشىلىق كۆرس-
تىشكە قەتئىي نىيەت باغلىدى؛ ئۇ يېتىپ تۇرۇپ، كازاكلارنى
قايسى ئۇسۇل بىلەن ئۆز قارارىغا مايىل قىلىشنى، ئۇلارغا قانداق
تەسىر كۆرسىتىشنى ئويلايتتى.

كازاكلارنىڭ ماڭىدىغان يولى كورنىلوف بىلەن بىر ئەمەسلى-
گىنى ئۇ كورنىلوپنىڭ مۇراجەتنامىسىدىن بۇرۇنلا ئوچۇق سەز-
گەن ئىدى.شۇنىڭدەك كېرېنسكىنى ھىمايە قىلىشمۇ مۇۋاپىق ئەمەس-
لىكىنى ھىس قىلاتتى. ئۇ مىڭىسىنى ئىشلىتىپ، مۇنداق قارارغا
كەلدى: بۆلۈمنى پېتروگرادقا يېقىن يولاتماسلىق كېرەك، ئەگەر
توقۇنۇشۇشقا توغرا كەلسە، كورنىلوپ بىلەن توقۇنۇشۇش كېرەك،
ئەمما كېرېنسكىنىمۇ، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنىمۇ ياقلىماسلىق، بەلكى
ئۇ ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ئورنىتىلغان ھاكىمىيەتنى ھىمايە قىلىش

لازىم. كېرېنسكى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ئۆزى ئارزۇ قىلغان ھەقىقى ھاكىمىيەت ئورنىتىلىدىغانلىقىغا قەتئى ئىشىنەتتى. تېخى يازدىلا ئۇ پېتروگرادتىكى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ھەربى بۆلۈمىدە بولغان ئىدى، ئۇنى بۇ يەرگە بۆلۈنمە كوماندىرى بىلەن كازاكلار ئوتتۇرىسىدا ماجرا تۇغۇلۇش مۇناسىۋىتى بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن بۆلۈنمە ئەۋەتكەن ئىدى؛ ئۇ، ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئىشلىرىغا كۆز سېلىپ، بىر نەچچە بولشېۋىك يولداشلار بىلەن سۆزلىشىپ كۆرگەندىن كېيىن: «بۇ گەۋدە بىزنىڭ ئىشچىلىرىمىزنىڭ گۆشى بىلەن ئەتلىنىپ، يېتىلمەكتە، مانا مۇشۇلا ھەقىقى ھاكىمىيەت بولالايدۇ!... ئىۋان، قۇربان بولساڭمۇ، ئاشۇ ھاكىمىيەتكە چىڭ يېپىش، بوۋاق بالا ئانىسىنىڭ ئەمچىكىگە يېپىشقاندەك، يېپىش!» دەپ ئويلىغان ئىدى.

بۈگۈن كېچە، ئۇ، يوپۇقىنىڭ ئۈستىدە يېتىپ، ئۆزىنىڭ قەتئى ھايات يولىنى سىيلاپ تېپىۋېلىشىغا بولباشچى بولغان ئادەمنى شۇ كەمگىچە ھىس قىلىپ كۆرمىگەن زور، قىزغىن مۇھەببەت بىلەن، ئادەتتىكىدىن كۆپرەك يادىغا كەلتۈردى. ئەتىلىككە كازاكلارغا نىمە دېيىش لازىملىقىنى ئويلاۋېتىپ، شتوكماننىڭ كازاكلار توغرىسىدا ئېيتقان سۆزلىرىنى ئېسىگە ئالدى، شۇ سۆزلەرنى ئۇ گويا قالپىقىنىڭ چۆرىسىگە مىخ قاققاندەك پات - پات تەكرارلايتتى: «كازاكلار ئەسلىدىن كونىلىقنى ياقلايدۇ» سەن كازاكنى بولشېۋىستىك ئىدىيىسىڭ توغرىلىقىغا ئىشەندۈرمەكچى بولغاندا، شۇ چاغدىكى شەرت - شارائىتنى ئېسىڭدىن چىقارما، ئېھتىياتچانلىق بىلەن، ئەتراپلىق ئويلاپ ئىش ئېلىپ بار، ۋەزىيەتكە ماسلىشىشقا ماھىر بول. دەسلەپكى چاغدا سەن ۋە مىشكا كوشىۋوي ھەر ئىككىڭلار ماڭا بىر تۈرلۈك قاراشتا بولغىنىڭلاردەك، دەسلىۋىدە ساڭا ئاشۇنداق ناتوغرا قاراشتا بولۇشى مۇمكىن، لېكىن سەن بۇنىڭدىن دەككە - دۈككىگە

چۈشۈپ قالما. سۇباتلىق بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىڭ. ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيەت بىزنىڭكى».

ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ كازاكلارنى كورنىلوپ بىلەن بىللە ماڭماسلىققا ئۈندىگەندە، ئۇلارنىڭ بەزىبىرلىرىنىڭ قارشىلىققا ئۇچرىشىنى ھىساپقا ئالغان ئىدى، بىراق ئەتىسى ئەتىگەن ئۆز ۋاگونىدا قېشىدىكىلەرگە پېتروگرادقا بېرىپ ئۆز كىشىلىرى بىلەن سوقۇشماستىن، ئالدىنقى سەپكە قايتىشنى تەلەپ قىلىش لازىملىغىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن سۆزلەشكە باشلىۋىدى، كازاكلار بۇنىڭغا جان دەپ رازى بولۇشتى ـ دە، پېتروگرادقا قاراپ ئىلگىرىلەشتىن قەتئى باش تارتىشقا زور تەييارلىق بىلەن نىيەت بېكىتىشتى. زاخار كورولېپ بىلەن چېرنىشېۋىسكايا كەنتلىك تۇربىن دېگەن بىر كازاك ئىۋان ئالېكسىيېۋىچنىڭ ئەڭ يېقىن شېرىگى ئىدى. ئۇلار كۈن بويى ۋاگوندىن ـ ۋاگونغا ئۆتۈپ، كازاكلار بىلەن سۆزلەشتى، كەچقۇرۇن پويىز يۈرۈشنى ئاستىلىتىپ، كىچىكرەك بىر ئىستانسىغا كىرگەندە، ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ ئولتۇرغان ۋاگونغا 3 ـ ۋىزۋوتنىڭ ئۆرەدىنگى پىشېنىچىنكوپ ئىرغىپ چىقتى.

ــ ئالدىمىزدىكى ئىستانسىغا يېتىپ بارغاندا بۆلۈنمە ۋاگوندىن چۈشىدىغان بولدى! ــ دەپ ھاياجان بىلەن توۋلىدى ئىۋان ئالېكسىيېۋىچقا قاراپ،ــ كازاكلارنىڭ نىمە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىغىنى سەن بىلمىسەڭ، قانداق كومىتېت رەئىسى سەن؟ بىزنى ئەخمەق قىلىپ كەلگەنلىكى يېتەر! ئەمدى ئىلگىرىلەپ ماڭمايمىز!... ئوفىتسېرلەر بويىنىمىزغا سىرتماق سالماقتا، سەن بولساڭ، ھېچنەرسىدىن خەۋىرىڭ يوق، ھاڭۋاقتىلىق قىلىپ يۈرىسەن. بىز سېنى مۇشۇنىڭ ئۈچۈن سايلىغانىمىدۇق؟ خوش، نىمە ھېجىيىپ تۇرىسەن؟

ــ بالدۇرراق شۇنداق قىلىش كېرەك ئىدى،ــ دىدى ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ كۈلۈمسىرەپ.

پويىز توختىغاندا ئۇ بىرىنچى بولۇپ ۋاگوندىن سەكرەپ چۈشتى ـ دە، تۇربىنىنى ئەگەشتۈرۈپ ئىستانسا باشلىغىنىڭ قېشىغا قاراپ يول ئالدى.

— بىزنىڭ پويىزنى ئەمدى ماڭدۇرمىغىن. بىز مەشەدە پويىزدىن چۈشىمىز.

— بۇ قانداق گەپ؟ — دەپ سورىدى ئىستانسا باشلىغى گاڭگىراپ، — مېنىڭ قولۇمدا بۇيرۇق بار... يوللانما...

— ئاغزىڭنى يۇم! — دەپ ئاچچىغى بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى تۇربىن.

ئۇلار ئىستانسا كومىتېتىنى ئاختۇرۇپ، تېپىپ رەئىسكە، سىپىرغىنا ئاق سىرىق تېلېگراپ خادىمىغا ئىشنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈردى ـ دە، بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ماشىنىست پويىزنى خوشاللىق بىلەن تۆيۈق يولغا ھەيدەپ ئېلىپ باردى.

كازاكلار تاختاي كۆۋرۈكنى ئالدىراش ئورنىتىپ ئاتلارنى ۋاگوندىن چۈشۈرۈشكە باشلىدى. ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ پاراۋۇزنىڭ ئالدىدا شادا پاچاق پۇتلىرىنى كېرىپ، كۆلۈمسىرىگەن قاراقۇمچاق يۈزىدىكى تەرىنى ئېرتىپ تۇراتتى. رەڭگى ئۆڭگەن بۆلۈنمە كوماندىرى ئۇنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

— سەن نىمە قىلماقچىسەن؟... سەن بىلەمسەن؟...

— بىلىمەن! — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى كېسىپ تاشلىدى ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ، — غوغا كۆتەرمىسەڭچۇ، جانابى ياساۋۇل، — دىدى ـ دە، ئاپپاق تاتىرىپ، بۇرنى تىترەپ ئوچۇقلا ئېيتتى، — ھۆكىرەيدىغان ۋاقتىڭ ئۆتتى، يىگىت! ئەمدى بىز ساڭا خوش دەپ قولاق سېلىپ تۇرمايمىز. گەپ شۇ!

— ئالى قوماندان كورنىلوپ...، — ياساۋۇل قىپ ـ قىزىل بولۇپ

تىلىنى چايناشقا باشلىدى، ئەمما ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ پوك - پوك قۇمغا چوكقۇرلاپ كىرىپ كېتىۋاتقان كونا ئۆتۈككە سىنچىلاپ قاراپ، قولىنى مۇنداقلا شىلتىدى - دە:

— سەن ئۇنى كىرېست ئورنىدا بويۇنغا ئېسىۋال، بىزگە ئۇنىڭ لازىمى يوق، — دېدى.

ياساۋۇل ئۆكچىسى بىلەن تاق قىلىپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئۆز ۋاگونىغا قاراپ چاپتى.

بىر سائەتتىن كېيىن بۆلۈنمە ھېچبىر ئوفىتسېرسىز، ئەمما تولۇق جەڭگىۋار تەرتىپ بىلەن ئىستانسىدىن چىقىپ، غەربىي جەنۇپ تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. بۆلۈنمىنىڭ كوماندىرلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ بىلەن ئۇنىڭ ياردەمچىسى پاكارغىنە تۇرىلىن ۋىزۋوتنىڭ بېشىدا پىلىموتچىلار بىلەن بىر قاتاردا كېلىۋاتاتتى.

بۇرۇنقى كوماندىردىن تارتىۋېلىنغان خەرىتە بويىچە يولنى ئاران ئېنىقلاپ، بۆلۈنمە گورېلىي يېزىسىغىچە يېتىپ باردى - دە، قونۇش ئۈچۈن توختىدى. ئومۇمنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئالدىنقى سەپكە بېرىشقا، مۇبادا توساشقا ئۇرۇنغۇچىلار بولسا — جەڭ قىلىشقا قارار قىلىندى.

ئاتلارنىڭ پۇتىنى تۇشەپ، ئەتراپقا قاراۋۇل قويغاندىن كېيىن كازاكلار تاڭ ئاتقىچە ئۇخلىۋېلىش ئۈچۈن يېتىشتى. ئوت يېقىشمىدى، كۆپچىلىكنىڭ كەيپىياتى جايىدا ئەمەسلىكى ھېس قىلىنىپ تۇراتتى، ئۇلار ئۆز ئوي - پىكىرلىرىنى بىر بىرىدىن يوشۇرۇپ، ئادەتتىكى پاراڭسىز، ئويۇن - چاخچاقسىز يېتىشتى.

«ئەگەر كازاكلار ئۆز پىكرىدىن قايتىۋېلىپ، ئۆز گۇناھىنى بويىنىغا ئېلىپ، ئارقىغا قايتسا، ئۇ چاغدا ئەھۋال قانداق بولار؟»— ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ مانا شۇ ئەندىشە بىلەن ئويغا چۆمۈپ، شىنېلى-

نى يېپىنىپ ياتتى.

خۇددى ئۇنىڭ پىكرىنى ئاڭلىۋالغاندەك، يېنىغا تۇرىلىن كەلدى.

— ئۇخلاۋاتامسەن، ئىۋان؟

— تېخى ئۇخلىغىنىم يوق.

تۇرىلىن ئۇنىڭ ئايىغى ئالدىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن، تاماكىسىنىڭ چوغىنى قىزارتىپ، پىچىرلىدى:

— كازاكلار غۇلغۇلا قىلىشىۋاتىدۇ ... جاڭجال چىقاردى ... ھازىر قورقۇشۇۋاتىدۇ. بىز شويلا پىشۇردۇق دىگەن بىلەن ... قويۇق ئەمەس ئوخشايدۇ، سەن قانداق ئويلايسەن؟

— ۋاقتى كەلگەندە كۆرەرمىز، — دەپ خاتىرجەملىك بىلەن جاۋاپ بەردى ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ، — سەن ئۆزەڭ قورقامسەن؟

تۇرىلىن فۇراژكىسىنىڭ ئاستىدىن گەجگىسىنى قاشلاپ، مىيىغىدا كۈلدى.

— راستىنى ئېيتقاندا، قورقۇۋاتىمەن... بۇ ئىشنى باشلىغاندا قورقمىغان ئىدىم، ھازىر گاڭگىراپ قالدىم.

— قىساس ئېلىش ۋاقتى كەلگەندە يەل قويۇپبېرىۋاتامسەن؟

— ئىۋان، دىگەن بىلەن ئۇلار كۈچلۈك.

ئۇلار ئۇزاق ۋاقىت شۈك بولۇپ كېتىشتى. يىبىزىدا چىراقلار ئۆچتى. قەيەردىندۇ، تالزارلىق بىلەن قاپلانغان ساسلىق، چىمەنلىكنىڭ چەكسىز كەتكەن قولتۇغىدىن ئۆدەكلەرنىڭ قاقىلداشلىرى ئاڭلاندى.

— ئانا ئۆدەكلەر قاقىلداۋاتىدۇ، — دىدى تۇرىلىن ئويچانلىق بىلەن، يەنە جىم بولۇپ قالدى.

چىمەنلىكنىڭ ئۈستىگە يۇمشاق، مەيىن تۇن سۈكۇناتى چۆككەن ئىدى. ئوت - چۆپلەرنى قىرو باسقان. مەيىن شامال سىپسىق

كۆلنىڭ، چىرىگەن قومۇشنىڭ، ساسلىق تـوپىسىنىڭ، قىرو بىلەن ھۆل بولغان كۆكتاتلارنىڭ ئارىلاش ھىدىنى كازاكلارنىڭ مەنزىلىگە ئېپكېلـەتتى. ئـاندا ـ سانـدا ئاتلارغا سېلىنغان ئىشكەل جىرىڭلايتتى، ئېغىنىغان ئاتلارنىڭ ھاسىرىغىنى، پۇشقۇرۇشى ۋە ئىنجىقلىشى ئاڭلىناتتى. شۇندىن كېيىن يەنە ئۇيقۇلۇق سۇكۇنات باشلاندى. يىراق ـ يىراقلاردىن ياۋا ئـەكەك ئـۆدەكلەرنىڭ غاقىلدىغان ئاۋازى ۋە بـۇنىڭغا جاۋاۋەن چـىشى ئـۆدەكلەرنىڭ قېقىلداشلىرى ئاڭلاندى. قاراڭغۇدا كۆرگىلى بولمايدىغان ئۇچار قۇشلارنىڭ قاناتلىرى ھاۋانى شىددەتلىك يېرىپ ئـۇشقۇرتۇپ ئۆتۈپ كەتتى. يېرىم كېچە، جىمجىتلىق، تـۇمان باسقان چىمەنلىكنىڭ زەي پۇرىغى. غەرپتە ئۇپۇقنىڭ ئېتىكىدە قويۇق بىنەپشەرەڭ بـۇلۇت ئېچىتقۇسى كۆرۈنەتتى. ئاسماننىڭ ئوتتۇرىسىدا بولسا، قەدىمقى پىسكوف تۇپرىغىنىڭ ئۈستىدە كەڭ، قارىيىپ تۇرغان چـوڭ يولنى ئەسكە چۈشۈرىدىغان قۇش يولى نەقىشلەنگەندەك ئىدى.

تاڭ ئېتىش بـىلەنلا بۆلۈنمە يۈرۈشكە ئاتلاندى. گورېلو يېزىسىدىن ئۆتتى، كالا باققىلى چىققان ئاياللار بىلەن ئۇششاق باللار ئۇزاققىچە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قېلىشتى. ئـۇلار يېڭى چىققان قۇياشنىڭ شـولىسىغا چـۆمۈلۈپ، قـىزغۇچ تـۇسكە كىرگەن دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقتى. تـۇرىلىن ئـەتراپقا كۆز سـېلىپ، ئىۋان ئالېكسېيېۋىچنىڭ ئۈزەڭگىسىنى پۈتى بىلەن تۈرتتى.

— ئارقاڭغا قارا، كەينىمىزدىن ئاتلىقلار چېپىپ كېلىشىۋاتىدۇ...

قىزىل بەتىسكە ئورالغاندەك چاڭ ـ توزاڭ ئىچىدە 3 ئاتلىق يېزا ئىچى بىلەن چېپىپ كېلىۋاتاتتى.

— بـۆلۈنمە تـوختا! — دەپ كـومـانـدا بـەردى ئـىۋان ئالېكسېيېۋىچ.

كازاكلار ئادەتتىكىچە تېزلىك بـىـلەن 4 ـ بۆرجەك بولۇپ

ئالدىراش سەپكە تىزىلىشتى. ئاتلىقلار يېرىم چاقىرىمدەك يول قالغاندا ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ مېڭىشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر كازاك ئوفىتسېرى قولياغلىقىنى چىقىرىپ بېشى ئۈستىدە پۇلاڭشىتتى. كازاكلار يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلاردىن كۆز ئۈزمىدى. ماشىرەڭ مۇندىر كىيگەن ئوفىتسېر ئالدىدا كېتىۋاتاتتى، چېركەسچە چەكمەن كىيگەن قالغان ئىككىسى ئارقىدىراق ماڭغان ئىدى.

— ھە، نىمە ئىش بىلەن كەلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ.

— مۇزاكىرە ئۆتكۈزۈشكە، — دەپ جاۋاپ بەردى ئوفىتسېر قولىنى چېكىسىگە تۇتۇپ، — قايسىڭلار بۆلۈمنىڭ كوماندىرى؟

— مەن.

— مەن 1 - دون كازاك دىۋىزىيىسىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى بولىمەن. مانا بۇلار — يەرلىك دىۋىزىيىنىڭ ۋەكىللىرى، — ئوفىتسېر تاغلىقلارنى كۆز ئىشارىسى بىلەن كۆرسەتتى-دە، تىزگىنىنى چىڭ تۇتۇپ، ماغزاپتەك تەرگە چۆمگەن ئاتىنىڭ بوينىنى سىلاپ قويدى، — ئەگەر مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىشنى خالىساڭلار، بۆلۈمىنىڭ ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە بولۇشىغا بۇيرۇق بېرىڭ. مەن دىۋىزىيە باشلىقى گېنېرال مايور گرېكوپنىڭ ئاغزاكى بۇيرۇغىنى يەتكۈزمەكچىمەن.

كازاكلار ئاتتىن چۈشتى. كەلگەن ۋەكىللەرمۇ ئاتتىن چۈشتى. ئۇلار كازاكلار توپىنىڭ ئىچىگە شۇڭغۇپ، ئوتتۇرىسىغىچە قىستىلىپ كىردى. كازاكلار ئارقىغا سۈرۈلۈپ كىچىككىنە دائىرىنى بوشىتىپ بەردى.

دەسلەپ كازاك ئوفىتسېرى سۆز ئاچتى:

— يۇرتلۇقلار! بىز سىلەرنى پىكرىڭلاردىن قايتىڭلار دەپ

نەسىھەت قىلغىلى ۋە بۇ قىلمىشىڭلارنىڭ ئېغىر ئاقىۋىتىنىڭ ئال-
دىنى ئېلىش ئۈچۈن كەلدۇق. تۈنۈگۈن دىۋىزىيە ئىشتاۋى سىزلەر-
نىڭ يامان نىيەت ئادەملەرنىڭ گېپىگە كىرىپ، ئۆز بېشىمچىلىق
بىلەن ۋاگوننى تاشلاپ كەتكىنىڭىزلەرنى بىلگەندىن كېيىن، دىنو
ئىستانسىسىغا دەرھال قايتىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى سىزلەرگە
يەتكۈزۈش ئۈچۈن بۈگۈن بىزنى بۇ يەرگە ئەۋەتتى. يەرلىك دىۋى-
زىيىنىڭ ئەسكەرلىرى ۋە قالغان ئاتلىق قىسىملار تۈنۈگۈن پېترو-
گىرادنى ئىشغال قىلىپتۇ — بۈگۈن تېلېگىرامما كەلدى. بىزنىڭ
ئالدىنقى قىسىملار پايتەختكە كىرگەن، پۈتۈن ھۆكۈمەت ئىدارىلى-
رىنى، بانكىلارنى، تېلېگىراپ، تېلېفۇن ئىستانسىلىرىنى ۋە بارلىق
مۇھىم پونكىتلارنى قولغا كىرگۈزدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قېچىپ
كېتىپتۇ، ئەمدى ئۇ ئاغدۇرۇلغان ھىساپلىنىدۇ. پىكرىڭلاردىن قاي-
تىڭلار، بىر يۇرتلۇقلار! چۈنكى سىزلەر ھالاكەتكە قاراپ كېتىۋا-
تىسىلەر! مۇبادا سىلەر دىۋىزىيە كوماندىرىنىڭ بۇيرۇغىغا بويسۇن-
مىساڭلار، ئۇ چاغدا سىزلەرگە قارشى قوراللىق كۈچ ئەۋەتىلىدۇ.
سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلار — جەڭگىۋار ۋەزىپىنى ئورۇنلىمىغانلىق،
خائىنلىق دەپ قارىلىدۇ. سىزلەر پەقەت سۆزسىز بويسۇنۇش ئار-
قىلىقلا ئۆز بۇرادەرلىرىڭلارنىڭ قېنىنى تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى
ئالالايسىلەر.

ۋەكىللەر كەلگەن چاغدا، ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ كازاكلارنىڭ
كەيپىياتىنى ھىساپقا ئېلىپ، مۇزاكىرىدىن قېچىشقا بولمايدىغانلى-
غىنى چۈشەنگەن ئىدى، چۈنكى مۇزاكىرىدىن باش تارتقاندا، مۇقەر-
رەر يوسۇندا ئەكس نەتىجە كېلىپ چىقاتتى. ئۇ بىر ئاز ئويلانغان-
دىن كېيىن كازاكلارغا ئاتتىن چۈشۈشكە بۇيرۇق بەردى، ئۆزى
سەزدۈرمەستىن تۈرىلىنغا كۆز قىسىپ، توپنى يېرىپ ئۆتۈپ

ۋەكىللەرنىڭ قېشىغا يېقىن باردى. ئۇفىتسېر سۆزلەۋاتقان چاغدا
كازاكلار بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، قاپىغىنى تۈرۈپ
قولاق سېلىۋاتقانلىغىنى كۆردى؛ بەزىلىرى ئۆزئارا پىچىرلىشاتتى.
زاخار كورولېپ مىيىغىدا كۈلەتتى؛ بورشوۋ قامچىسىنى ئويناپ،
چەتكە كۆز قىرى بىلەن قارايتتى؛پىشېنىچېنكوپ ئاغزى ئېچىلىپ
قالغان پېتى سۆزلەۋاتقان ئۇفىتسېرنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قالغان
ئىدى؛ مارتىن شامىلى كىر قولى بىلەن ئىككى مەڭزىنى سۈرتۈپ،
پات - پات كۆزىنى چىمىلداتتى؛ ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغان باگروفـ
نىڭ هاڭ - تاڭ بولۇپ قېتىپ قالغان يۈزى سارغىيىپ كۆرۈنەتتى؛
پىلىموتچى كراسنىكوپ بىرنىمىنى كۈتكەندەك كۆزلىرى قىسىلىپ
كېتىۋاتاتتى ؛ تۇرىلىن ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى؛ يۈزىنىسەپكىل
باسقان ئوبىنزوپ فۇراژكىسىنى گەجگىسىگە سۈرۈپ قويۇپ، بويـ
نىغا بويۇنتۇرۇق سېلىنغانلىغىنى سەزگەن ئۆكۈزدەك، كوكۇلاچاچ
بېشىنى هەدەپ تولغايتتى؛ ئىككىنچى ۋىزۋوتنىكلەرنىڭ هەممىسى
ناماز ئوقۇۋاتقاندەك بېشىنى كۆتەرمەستىن تۆۋەن قارىشىپ تۇراتـ
تى؛ بىر تۇتاش كىشىلەر توپى سۈكۈتكە چۆمگەن، ئادەملەر ئىسـ
سىقلاپ كەتكەندەك ئېغىر نەپەس ئالاتتى؛ يۈزلىرىدە سارامسىلىك
جىلۋىلىنەتتى.

ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ كازاكلارنىڭ كەيپىياتىدا جىددى
پەيت يېتىلىپ قالغانلىغىنى چۈشەندى: يەنە بىر نەچچە مىنۇت
ئۆتىدىغان بولسا — گەپدان ئۇفىتسېر پۈتۈن بۆلۈنمىنى ئۆز تەـ
رىپىگە تارتىپ كېتىدىغانلىغى ئېنىق ئىدى، قانداق بولمىسۇن
ئۇفىتسېرنىڭ سۆزلىرى ئۆتكۈزگەن تەسىرنى بۇزۇپ تاشلاش،تېخى
ئېيتىلمىغان، ئەمما كازاكلارنىڭ مېڭىسىدە پەيدا بولۇپ ئۈلگۈرگەن
قارارنى تەۋرىتىۋېتىش زۆرۈر ئىدى. ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ قولىنى
كۆتەردى، چانىغىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ غەلىتە ئالايغان

كۆزلىرى بىلەن توپنى قاراپ چىقتى.

— بۇرادەرلەر! ئازراق سەۋرى قىلىڭلار! — دىدى - دە، ئاندىن ئوفىتسېرگە قارىدى:

— تېلېگراما سىزدىمۇ؟

— قايسى تېلېگراما؟ — ئوفىتسېر ھەيران بولدى.

— پېتروگرادنىڭ ئېلىنغانلىغى توغرىسىدىكى تېلېگراما.

— تېلېگراما دەمسىز؟... يوق، بۇ يەردە تېلېگرامىنىڭ نىمە كېرىگى بار؟

— ئە - ھە! يوق دەڭ!...، — پۈتۈن كازاكلار بىر كۆكرەكتىن نەپەس ئالغاندەك يېنىكلىشىپ قالدى.

شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك بېشىنى كۆتىرىپ، ئۇۋان ئالېكسىيېۋىچقا ئۈمىت بىلەن كۆز تىكىشتى، شۇ پەيتتە ئۇۋان ئالېكسىيېۋىچ خىرىلدىغان يۇقىرى ئاۋاز بىلەن، مەسخىرە - ئىستېھزا بىلەن، ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا قاتتىق ۋاقىراپ، ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلدى:

— يوق دىدىڭمۇ؟ بىز ساڭا ئىشىنەتتۇقمۇ؟ سەن بىزنى ئاسانلا قولغا چۈشۈرمەكچىمىدىڭ؟

— ئالدامچىلىق ئىكەن! — دەپ پۈتۈن بۆلۈنمىدىكىلەر گۇدۇڭلىشىپ كەتتى.

— تېلېگراما مېنىڭ نامىمغا ئەۋەتىلمىگەن! يۇرتداشلار! — ئوفىتسېر كۆپچىلىكنى ئىشەندۈرمەكچى بولۇپ ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويدى.

ئەمما ئۇنىڭ سۆزىنى ئەمدى ھېچكىم ئاڭلىماي قويدى. ئۇۋان ئالېكسىيېۋىچ بۆلۈنمىنىڭ مۇھەببەت ۋە ئىشەنچى يېڭىۋاشتىن ئۆزىگە ئاغدۇرۇلغانلىغىنى ھىس قىلىپ، ئالماس بىلەن

ئەينەك-كەسكەندەك، ئۆتكۈر سۆزلەرنى ئىشقا سالدى:

— خوپ، پېتروگرادنى ئالغانمۇ بولۇڭلار، شۇنداقتىمۇ بىز سىلەر بىلەن بىر يولدا ماڭمايمىز! بىز ئۆز كىشىلىرىمىز بىلەن سوقۇشۇشنى خالىمايمىز. بىز خەلققە قارشى ئاتلانمايمىز! بىزنى كۆشكۈرتمەكچى بولۇۋاتامسىلەر؟ ياق! يوروق ئالەمدە ئۇنداق ئەخمەقلەر تۇغۇلغان! گېنېرال ھاكىمىيىتى بەرپا قىلىشنى خالىمايمىز، گەپ شۇ!

كازاكلار يەكدىللىك بىلەن گۈدۈڭلىشىپ كەتتى، توپ تەۋرەندى، جۇشقۇنلاپ تاشتى.

— گەپ ئەلۋەتتە، شۇدە!

— تازا جايىدا ئېيتىلدى!

— توغرا!

— بۇ جاناپلارنى گەجگىسىگە ئۇرۇپ ھەيدەش كېرەك!

— ساۋچى بولۇپ كېلىشىپتۇ، تېخى ...

— ئەنە پېتروگرادتا 3 پولك كازاك بار، ئۇلارمۇ خەلققە قارشى چىقىشنى خالىمايدۇ.

— قارىغىنا، ئىۋان! قولۇڭغا كوسەي ئېلىپ، ئۇلارنى يولغا سالغىنا، تېزرەك كەتسۇن!

ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ ۋەكىللەرگە يالت قىلىپ قارىدى؛ كازاك ئوفىتسېرى لېۋىنى چىشلەپ، سەۋرىچانلىق بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى؛ ئۇنىڭ ئارقىسىدا 2 تاغلىق ئوفىتسېر مۇرىنى-مۇرىگە تىرەپ تۇرۇشاتتى، — قامەتلىك ياش ئوفىتسېر ئىنگۇش① ھەشەمەتلىك چېركەسچە چەكمىنىنىڭ ئۈستىدە قوللىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ، قارا كۆبانكا قۇلاقچىسىنىڭ ئاستىدىن

① ئىنگۇش — كافكازدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىسمى — ت.

بادام قاپاق ئالىغاي كۆزلىرىنى پاقىرىتىپ تۇراتتى؛ يەنە بىرى ياشانغان سېرىقساقال ئوسېتىن① پۇتلىرىنى پەرۋاسىزلىق بىلەن ئالچاڭلىتىپ تۇراتتى؛ ئۇ، ئەگمەچ قىلىچىنىڭ سېپىغا ئالقىنىنى قويۇپ، مەسخىرە ئارىلاش سىنچى كۆزلىرى بىلەن كازاكلارغا كۆز يۈگۈرتەتتى. ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ مۇزاكىرىنى ئۈزۈۋەتمەي دەپ تۇرۇۋىدى، ئاڭغىچە كازاك ئوفىتسېر ئالدىن گەپ ئاچتى؛ ئۇ ئىنگۇش ئوفىتسېر بىلەن پىچىرلىشىۋېلىپ، بار ئاۋازى بىلەن توۋلاپ:

— دونلۇقلار! ياۋا دىۋىزىيە② ۋەكىلىگە بىر جۈملە سۆز ئېيتىشقا رۇخسەت قىلامسىلەر؟

ئىنگۇش ئوفىتسېر ماقۇللۇقنى كۈتمەستىنلا پاشىنىسىز مەسە بىلەن شىپىر - شىپىر مېڭىپ، دائىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقتى. كۈمۈش بىلەن نەقىش قىلىنغان تار كەمىرىنى ئەسەبىلىك بىلەن تۈزىتىپ، سۆزلەشكە باشلىدى:

— كازاك بۇرادەرلەر! نېمانچە چوڭ غوغا كۆتەرگۈلۈك؟ غەزەپلەنمەي سۆزلەش لازىم. سىلەر گېنېرال كورنىلوپنى خالىمامسىلەر؟ مەيلىڭلار! بىز سوقۇشمىمىز! قورقمايمىز. ھەرگىز قورقمايمىز! سىلەرنى بىز بۈگۈنلا يانچىپ تاشلايمىز. ئارقىمىزدىن 2 پولك تاغلىقلار كېلىۋاتىدۇ. چوقان-سورەننىڭ نېمە كېرىكى، نېمىشكە چوقان كۆتىرىسىلەر؟ — باشتا ئۇ، خېلىلا سالماقلىق بىلەن سۆزلىدى، ئەمما سۆزىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ناھايىتى قىزغىن ئىشتىياق بىلەن كۈچلۈك ئىبارىلەرنى ئىشلەتتى؛ ئۇنىڭ بوغۇق، تەلەپپۇزىنى بۇزۇپ سۆزلىگەن نۇتقى ئۆز ئانا تىلىدىكى سۆزلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى، — مۇنۇ كازاك سىلەرنى غۇلغۇ-

① ئوسېتىن — ئوسېتىن مىللىتى.

② چار روسىيە دەۋرىدە كافكازدىكى تاغلىق خەلقلەردىن تەشكىل قىلىنغان دىۋىزىيە «ياۋا دىۋىزىيە» دەپ ئاتىلاتتى — ت.

لىغا سېلىۋاتىدۇ، ئۇ ــ بولشېۋىك، سىلەر بىزگە ئەگىشىڭلار! ۋا! مەن ھەممىنى كۆرۈۋاتىمەن! ئۇنى قولغا ئېلىڭلار! قورالسىزلاندۇرۇڭلار!

ئۇ دادىل قول ئىشارىتى بىلەن ئىۋان ئالېكسېيېۋىچنى كۆرسەتتى ـ دە، تار دائىرىنىڭ ئىچىدە قىزىرىپ، تاتىرىپ ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ يۈردى. ئۇنىڭ شىرىنگى يېشى چوڭىيىپ قالغان مەللە ساقال ئۇسېتىن مۇزدەك سوكۇت ساقلاپ تۇراتتى. كازاك ئوـ فىتسېر قىلىچىنىڭ گونىراپ كەتكەن بېغىنى تىتكىلىدى. كازاكلار يەنە جىمىپ قالدى. ئۇلارنىڭ سېپىدە يەنە پاراكەندىچىـ لىك باشلاندى. ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ، ئىنگۇش ئوفىتسېرگە، ئۇنىڭ يىرتقۇچلارچە غۇچچۇرلاپ تۇرغان ئاپپاق چىشلىرىغا، سول چېكىسىنى كېسىپ، قىيپاش، تاراملاپ ئاققان سۇر تەرگە كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرۇپ: ئىسست، پۇرسەتنى بىكار قولدىن بېرىپ قويدۇم، مۇزاكىرىنى بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئۈزۈپ تاشلاپ، كازاكلارنى ئېلىپ كېتىش مۇمكىن بولاتتى ئەمەسـ مۇ، دەپ پۇشايمان قىلىشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋالدىن تۈرىلىن قۇتـ قۇزدى. ئۇ توپنىڭ ئوتتۇرىسىغا سەكرەپ چۈشۈپ، قوللىرىنى جانـ جەھلى بىلەن پۇلاڭشىتىپ، كۆينەكنىڭ ياقىسىدىكى تۈگمىلەرنى ئۈزۈپ تاشلاپ، شۆلگەيلەرنى چاچرىتىپ زەردە بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ ئۆملىگۈچى يىلانلار! ... جىن ـ شەيتانلار! ... ئەبلەخلەر! ... ئۇلار قېرى دەللەدەك سىلەرنى ئازدۇرۇۋېتىدۇ ... سىلەر قۇلاق يوپۇرۇپ تۇرامسىلەر! ... ئوفىتسېرلەر ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى دەپ سىلەرنىڭ قېنىڭلارنى تۆكمەكچى! ... نېمە قىلىپ تۇرۇسىلەر؟ نېمە قىلىپ تۇرۇسىلەر دەيمەن؟! ئۇلارنى چېپىپ تاشلاش لازىم، ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىۋاتامسىلەر؟...

كاللىسىنى ئېلىش كېرەك، قېنىنى ئاقـقۇزۇش كـېرەك. سـلەر بۇ يەردە هاكۋاقتىلىق قىلىپ تۇرساڭـلار، بىزنى قورشـاپ بولـدۇ!... پىلىموت بىلەن قىرىپ تاشلايدۇ! ... پىلىموتـنىڭ ئاسـتىدا يىغىن ئۆتكۈزەلمەيسەن! ... ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسكەرلىرى يېتىپ كەلگـچە، كۆزەينەك سۇرتكەن بولۇپ، سىلەرنى ئەتەي ئالداپ تۇرىدۇ ... هەي - هەي، بىزنىڭ كازاكلار! سىلەر خوتۇن كىشى!

— ئاتقا مىنىڭلار! ...، — ئىۋان ئالېكسىيېـۋىچ گۈمبۈرلـگەن دەهشەتلىك ئاۋاز بىلەن ۋاقىرىدى.

ئۇنىڭ ۋاقىرىغىنى توپنىڭ ئۈستىدە زەمبـىرەك ئوقى يېرىـلىپ پارتـلىغاندەك بولدى. كازاكلار ئاتلىرىغا يۈگۈرۈشتـى. بىر مىـنۇتتىن كېيىن بايىلا چېچىلىپ كەتكەن بۆلـۈنمە ۋىزۋوت - ۋىزۋوت بولـۇپ، سەپكە تىزىلدى.

— قولاق سېلىڭلار! يۈرتلۇقلار! — كازاك ئوفىتسېر بىتاـقەت بولۇپ تىپىرلاپ قالدى.

ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ مۇرىسىدىن شارتلا مىلتىغـىنى ئالدى؛ يۇڭ باسقان بارمىغىنى تەپكىنىڭ ئۈستىگە مىخلاپ قويـۇپ، ئويـناقلاپ تۇرغان ئېتىنىڭ يۈگىنىنى چىڭ تارتىپ تۇرۇپ:

— مۇزاكىرە تۈگىدى! ئەمدى بىز بـىلەن سۆزلـەشمـەكچى بولساڭلار مۇنۇ تىل بىلەن سۆزلىشىڭلار، — دەپ ۋاقىرىـدى - دە، مىلتىقنى مەنىلىك سىلكىدى. كازاكلار ۋىزۋوت - ۋىزۋوتبويىچە ئارقا - ئارقىدىن يولغا چىقتى. ئۇلار ئارقـىسىغا قايرىـلىپ، ۋەكىـللەرنىڭ ئاتلىرىغا مىنگەندىن كېيىن بىر نەرسە توغرىلىق مەسلـىهەتلىشىـۋاتقانلىغىنى كۆرۈشتى. ئىنگۇش ئوفىتسېر كۆزىنى تارايـتىپ قىزىـغىنلىق بىلەن نىمىنىدۇ ئىسپاتلىماقچى بولاتتى؛ پات - پات قولـنى كۆتىرىپ قوياتتى. ئۇنىڭ چېركەسچە پەشمـىتىنـىڭ قايـرىلما يېڭىنىڭ يىپەك ئەستىرى ئاپپاق قاردەك تاۋلىناتتى.

ئۇۋان ئالېكسىيېۋىچ ئاخىرقى قېتىم يەنە بىر قاراپ، ئاشۇ كۆزنى چاقناتقۇدەك پاقىراپ تۇرغان يول - يول يىپەك رەختنى كۆردى ۋە نىمىشكىدۇ شامال مەۋجلەندۈرگەن دون دەريانىڭ كۆكرىگى، يېشىل يايلىلىق دولقۇنى، قىيا ئەگىپ كېلىپ، قۇيرۇغى بىلەن دولقۇننىڭ قاق چوققىسىنى چىجىپ ئۆتكەن بېلىقچى قۇشنىڭ ئاپپاق قانىتى كۆز ئالدىدا نامايەن بولدى.

# 16

29 - ئاۋغۇستتا كېرىموپتىن كەلگەن تېلېگراممىدىنلا قورالىق ئۆزگىرىش قىلىشنىڭ ھالاكەتكە ئۇچرىغانلىقى كورنىلوپقا ئېنىق مەلۇم بولدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە بارگاھقا كېرىموپتىن ئىش بېجىرگۈچى ئوفىتسېر كەلدى. كورنىلوپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق سۆھبەتلەشتى، كېيىن رومانوۋىسكىنى چاقىردى؛ ئۇ ئەسەبىلىك بىلەن بىر پارچە قەغەزنى غىجىملاپ مۇنداق دېدى:

— ھەممە ئىش بەربات بولۇۋاتىدۇ! بىزنىڭ قارتىمىزنى ئۇتۇپ كېتىدىغان بولدى ... كېرىموپ كورپۇسنى پېتروگرادقا ئۆز ۋاقتىدا ئېلىپ بارالمايدۇ، پۇرسەت قولدىن كېتىدىغان بولدى. ئاسانلا ئەمەلگە ئاشىدىغاندەك كۆرۈنگەن ئىش مىڭ خىل توساققا ئۇچرىماقتا ... ئىشنىڭ ئاقىۋىتى يامان تەرەپكە قاراپ يۈزلەنمەكتە... مانا... قاراڭ... ئەسكەرلەر قانداق ئاستا تۇشۇلۇۋاتىدۇ - ھە! — ئۇ، رومانوۋىسكىغا 3 - كورپۇس بىلەن يەرلىك دىۋىزىيە چۈشكەن پويىزنىڭ ئاخىرقى توختايدىغان

يېرى بەلگە قىلىنغان بىر خەرىتىنى سۇندى؛ كورنىلوپنىڭ ئۆيىگە قوغداش تەلىپىنى كۆرسىتىپ، ساقچى بۆلۈمدىكى خىزمەتچىلەرنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كېتىشنى ئاشكارە قىلدى: قۇسراپ بوشىشىپ كەتكەن يۈزىدە خىلىلا ئېنىق ئەگرى - بۈگرى قورۇقلار پەيدا بولغان ئىدى.— مۇنۇ تۆمۈريولدىكى كۆچۈكلەرنىڭ ھەممىسى پويىزلىرىمىزنىڭ چاقىغا پۇشاڭ تىقىپ، پۇتلىكاشاڭ تۇغدۇرماقتا. ئۇلار شۇنى ئويلىمايدۇكى، مۇبادا مەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغان بولسام، ئۇلارنىڭ ھەر 10 كىشىدىن بىرىنى دارغا ئېسىشقا بۇيرۇق بېرىمەن، كېرىموفنىڭ ئەۋەتكەن مەلۇماتى بىلەن تونۇشۇپ چىقىڭ.

رومانوۋىسكى، مايلاشقان ئىششىق يۈزىنى يوغان ئالقىنى بىلەن سىلاپ، مەلۇماتنى ئوقۇپ بولغىچە، كورنىلوپ تۆۋەندىكىلەرنى شارتىلدىتىپ يېزىپ بولدى:

نوۋوچېركاسسىك، قوشۇن ئاتامانى ئالېكسەي ماكسىموۋىچ كالېدىنغا:

سىزنىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە بەرگەن تېلېگراممىڭىزنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولدۇم. خائىنلار ۋە ساتقىنلار بىلەن بولغان كۆرەشتە سەۋرى - تاقىتى تۈگىگەن شانلىق كازاك خەلقى، ۋەتەننىڭ مۇقەررەر زاۋاللىقىغا يۈز تۇتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، قولىغا قورال ئېلىپ، مەملىكەتنىڭ ھاياتى ۋە ئەركىنلىكىنى قوغداشقا كىرىشتى، چۈنكى بۇ مەملىكەت ئاشۇ خەلقنىڭ ئەمگىكى ۋە قانى بىلەن ئۆسۈپ روناق تاپقان. سىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز يېقىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە قىسىنچىلىققا ئۇچراپ كەلمەكتە، ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت ۋە كازاكلىق نومۇسنى ئەستە تۇتۇپ، مەن بىلەن ماسلاشقان ھالدا ھەركەت ئېلىپ بېرىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن.

1917 - يىل 28 - ئاۋغۇست

گېنېرال كورنىلوپ.

— بۇ تېلېگىراممىنى دەرھال ئەۋەتىۋېتىڭ، — ئۇ، ئاخىرىنى يېزىپ بولۇپلا رومانوۋىسكىگە ئىلتىماس قىلدى.

— قوشۇننىڭ يۈرۈش تەرتىۋى بىلەن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشى توغرىلىق كىنەز باگراتىئونغا يەنە بىر تېلېگىرامما يوللاشقا بۇيرۇق بېرەمسىز؟

— ھە، ھە، بولىدۇ.

رومانوۋىسكى بىردەم سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغا چۆمۈپ مۇنداق دېدى:

— مېنىڭچە، لاۋۇر گېئورگىيېۋىچ، بىزدە ھازىرچە ئۈمىتسىزلىنىش كەيپىياتىنىڭ بولۇشىغا ھېچبىر ئاساس يوق. ۋەقەلەر تەرەققىياتىدىن ھېچنىمىدىن ھېچنىمە يوق ئەنسىرەپ كېتىۋاتىسىز...

رومانوۋىسكى ئۆزىنىڭ سۆزىگە جاۋاپ كۈتتى، ئەمما كورنىلوف ئۇيغا چۆمدى - دە، قاپىغىنى سىلاپ، زومۇ - زو ھېجىيىپ تۇيدى.

## 17

پېتروگىرادقا يۆتكەلگەن 3 - ئاتلىق كورپۇس بىلەن يەرلىك دىۋىزىيە فىسىملىرى ئەڭ ئۇزۇن مۇساپىلىق 8 تۆمۈريولدىكى پويىزلار بىلەن يولغا سېلىنغان ئىدى؛ رېۋېل، ۋېزېنبېرگ، نارۋا، يامبۇرگ، گاتچىنا، سومرىنو، ۋېرىتسا، چۇدوۋو، گىدوپ، نوۋگورود، دىنو، پىسكوف، لۇگا ۋە باشقا ئارىلىق ئىستانسىلار — تارماق ئىستانسىلارنىڭ ھەممىسى ئاستا سىلجىپ بېرىۋاتقان، يولدا

توختاپ قالغان پويىزلار بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى. پولكلار چوڭ كوماندىرلارنىڭ ئەخلاق - تەربىيە جەھەتتىكى تەسىرىدىن سىرتتا قالغان ئىدى، بۆلۈۋېتىلگەن بۆلۈنمىلەر ئۆزئارا ئالاقىنى يوقىتىپ قويىدى. قالايمىقانچىلىق كۈچىيىشكە باشلىدى، چۈنكى 3 - كورپۇس ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ بېرىلگەن يەرلىك دىۋىزىيە يول يۈرۈش جەريانىدا ئارمىيىگە كېچىكىپ كەلگەن ئىدى؛ چېچىلىپ كەتكەن قىسىملارنى توپلاش، مەلۇم تەرتىپ بويىچە قايتا ئورۇنلاشتۇرۇش، پويىزلارنى يېڭىۋاشتىن گۇرۇپپىلارغا بۆلۈش ئېھتىياجى تۇغۇلدى. مانا مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى چاتاقلىق تۇغدۇردى، كۆپىنچە بىر بىرىگە ماس كەلمەيدىغان تېتىقسىز بۇيرۇقلار نېرۋىنى قىزىتىپ، كەيپىياتنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى.

ئۆز يولىدا تۆمۈريول ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقلىرىغا دۇچكېلىپ، توسالغۇلارنى يېڭىپ، كورنىلوف ئارمىيىسىنىڭ پويىزلىرى بىر بىرلەپ ئاستا پېتروگرادقا قاراپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى، تۈگۈنلەردە توپلىشىپ، ئۇندىن كېيىن يەنە تارىلىپ مېڭىشتى.

ۋاگونلارنىڭ كىچىك - كىچىك قىزىل خانىلىرىدا، يېرىم ئاچ يايتاق ئاتلارنىڭ يېنىدا، قوسىغى ئاچ دون، ئۇسسۇرى، ئورېنبۇرگ، كېرىچ ۋە ئامۇر كازاكلىرى، ئىنگۇشلار، چېركەسلەر، كابارىدىنلىقلار، ئوسېتىنلەر، داغىستانلىقلار توپ - توپ بولۇپ ئورۇنلاشقان ئىدى. پويىزلار ماڭغۇزۇشنى كۈتۈپ، ئىستانسىلاردا سائەتلەپ تۇرۇپ قېلىشاتتى، ۋاگونلاردىن ئاتلىقلار گۈلدۈرلەپ چۈشۈپ، ۋاگزالغا چىكەتكىدەك يېپىرىلاتتى، يوللاردا توپلىشىپ تۇراتتى، بۇرۇنراق ئۆتۈپ كەتكەن پويىزلاردىن قالغان تاماقلارنى نەچچە يالماپلا تۈگىتەتتى، ئاھالىلەرنىڭ نەرسىلىرىنى تۈيدۇرماستىن ئوغرى-

لايىتى، ئاشلىق ئامبارلىرىنى بۇلايىتتى.

كـازاكـلارنىڭ شىملىرىدىكى سـېـرىق ۋە قىزىل جىيەكلەر، دراگۇنچى ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ھەشەمەتلىك كـالتە كەمزۇللىرى، تاغلىقلارنىڭ چىركەسچە چـەكمەنلىرى كـۆزگـە چېلىقاتتى .. رەڭ جەھەتتە كەمبەغەل بولغان شىمالنىڭ تەبىئىتى مـۇنداق باي خىلـ مۇ - خىل رەڭلەرنى ھېچقاچان كۆرمىگەن ئىدى.

29 - ئاۋغۇستتا پاۋلوۋىسكىنىڭ قېشىدىكى بىر يەردە كىنەز گاگارىن قوماندىسى ئاستىدىكى يەرلىك دىۋىزىيىنىـڭ 3 - بىرىگاـ دىسى دۈشمەن بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى. دىۋىزىيىنىڭ باش تەرىـ پىدە كېتىۋاتقان ئىنگۇش ۋە چېركەس پـولكلىرى بـۇزۇلغان يولغا دۇچكېلىپ قېلىپ، ۋاگونلاردىن چـۈشتى - دە، يـۈرۈش تـەرتىۋى بىلەن پادىشا يېزىسىغا قـاراپ مېڭىشتى. ئىنگۇش چارلىغۇچىلىرى سومرىنو ئىستانسىسىغىچە ئىچكىرىلـەپ بـاردى. 2 پـولـك ھۇـ جۇمـى ئاستا قانات.بايدۇرۇپ، گۋاردىيىچىلەرنى بىر تەرەپكە قىسـ تاپ، دىۋىزىيىنىڭ قالغان قىسىملىرى يېتىپ كەلگىچە كۈتۈپ تۇـ رۇشتى. دىۋىزىيىنىڭ كەينىدە قالغان قىسىملار دىنو ئىستانسىسىدا ماشىنىلىشىنى كۈتۈپ تـۇرۇشاتتى. بەزىلىرى تېخى بۇ ئىستانسىغىمۇ يېتىپ كېلەلمىگەن ئىدى.

يەرلىك دىۋىزىيىنىڭ كـومـاندىرى كىنەز باگراتىئون، ئەسـ كەرلىرىنى ۋىرىتساغىچە يۈرۈش تەرتىۋى بىلەن ماشىنىلىشقا تەۋەكـ كۇل قىلالماي، قالغان قىسىملارنىڭ توپلىنىشىنى كۈتۈپ، ئىستانـ سىغا يېقىن بىر چوڭ ئىگىلىكتە تۇراتتى.

28 - ئاۋغۇستتا ئۇ شىمالىي فرونتنىڭ ئىشتاۋىدىن تۆۋەندىكى تېلېگراممىنىڭ كۆچۈرمە نۇسخىسىنى تاپشۇرۇۋالدى:

3 - كورپۇسنىڭ كوماندىرىغا ھەمدە 1 - دون دىۋىزىيەسىنىڭ، ئۇسسۇرى دىۋىزىيەسىنىڭ ۋە كاۋكاز يەرلىك دىۋىزىيەسىنىڭ باشلىقلىرىغا ئالىي باش قوماندانىنىڭ مۇنۇ بۇيرۇغىنى يەتكۈزۈشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىمەن: ئەگەر تەسادىپى بىر ئەھۋال تۈپەيلى ھەربىي پويىزلارنىڭ تۆمۈريولدا ئالغا ئىلگىرىلەپ مېڭىشىغا قىيىنچىلىق دۇچكەلسە، ئۇ ھالدا ئالىي باش قوماندان: ھەرقايسى دىۋىزىيەلەرنى ھەربىي يۈرۈش تەرتىۋى بىلەن ئىلگىرىلەشكە بۇيرۇيدۇ.

1917 - يىل، 27 - ئاۋغۇست، 6411 - نومۇرلۇق

ئەتىگەن سائەت 9 ئۆپچۆرىسىدە باگراتىئون كورنىلوپقا تېلېگراف ئارقىلىق مۇنۇلارنى خەۋەر قىلدى: بۈگۈن ئەتىگەن سائەت 6 دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە پېتروگراد ھەربىي رايونىنىڭ ئىشتاب باشلىقى پولكوۋنىك باگراتۇنى ئارقىلىق كېرېنسكىنىڭ بىر بۇيرۇغىنى تاپشۇرۇۋالدىم، بۇنىڭدا بارلىق ھەربىي پويىزلار ئارقىغا قايتسۇن دېيىلگەن. دىۋىزىيە پويىزلىرى گاچكا تارماق ئىستانسىسىدىن تارتىپ تاكى ئورېدېژ ئىستانسىسىغىچە بولغان يوللاردا توختاپ قالغان، چۈنكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇغىغا بىنائەن تۆمۈريولغا رۇخسەت قەغىزى بېرىلمىگەن.

بۇ خەۋەرنى بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ كورنىلوپتىن مۇنۇ بۇيرۇقنى ئالدى:

كېنەز باگراتىئونغا، تۆمۈريول بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش داۋام ئەتتۈرۈلسۇن. ئەگەر تۆمۈريول بىلەن مېڭىشقا ئىمكانىيەت بولمىسا، ئۇچاغدا لۇگاغىچە بولسىمۇ يۈرۈش تەرتىۋى بىلەن يېتىپ بېرىپ، بۇ يەردە گېنېرال كورنىلوپنىڭ قارمىغىغا پۈتۈنلەي ئۆتۈش كېرەك.

شۇنداق بولسىمۇ، باگراتىئون يـۇرۇش تەرتىۋى بىلەن مىـ
ڭىشقا جـۇرئەت قىلالماي، كـورپۇس ئىشتاۋىنى ۋاگونغا يـۆتكەشكە
بۇيرۇق بەردى.

بىر زاماندا يېۋگېنىي لىستىنىتىسكى خىزمەت قىلغان پولك،
1 - دون كازاك دىۋىزىيىسىنىڭ تەركىۋىدىكى باشقا پولكلار بىلەن
بـىـلـلـە، رېۋېل — ۋېزېنبېرگ — نـارۋا لىنىيىسى بىلەن پېتـ
روگرادقا يۆتكەلگەن ئىدى. 28 - ئاۋغۇست چۈشتىن كېيىن سائەت
5 تـە 2 بـۆلـۈنمە چـۈشـكەن پولك پويىزى نارۋاغا كەلدى. پويىز
كوماندىرى تۆندە يولغا چىقىشقا بولمايدىغانلىغىنى بىلدى: چـۈنكى
نارۋا بىلەن يامبۇرگ ئارىلىغىدىكى يـول بۇزۇلغان ئىكەن، تۆمۈر-
يول باتالىيونىنىڭ بىر قىسمى تېز پويىز بىلەن شۇ يەرگە ئەۋەتىـ
لىپتۇ؛ ئەگەر ئۇلار يولنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بـولالىسا، پويىز سەـ
ھەر يولغا سېلىنىدىكەن. پويىز كوماندىرى نائىلاج مـاقۇل دېيىشكە
مەجبۇر بولدى. ئۇ غۇدۇڭشىپ، ئۆز ۋاگونىغا چىقتى - دە، ئاڭلىغان
يېڭىلىقلىرىنى ئوفىتسېرلەرگە ئېيتىپ، چاي ئىچىشكە ئولتۇردى.

كېچە بۇلۇتلۇق بولدى، دەريا قـولتۇغى تەرەپتىن نەم، ئىنىز-
غىرىن شامال سوقۇپ تۇراتتى. يـوللاردا، ۋاگونلاردا كـازاكلار گۇ-
دۇك - گۇدۇك سۆزلىشەتتى، پـاراۋۇز گـۇدۇكلىرىدىن ئەنسىزلىككە
چۈشكەن ئاتلار تـاختاي پولنى تېپىشـلەيتتى. پويىزنىڭ ئـاخىرقى
بىر ۋاگونىدا بىر ياش كازاك قـاراڭـغۇدا كىمگىدۇ بىرسىگە زارلاپـ
غاندەك ناخشا ئېيتاتتى:

ئەلۋىدا، رازى بول مەن ئۆسكەن شەھەر،
ئەلۋىدا، جانىجان يېزام بول ئامان!
ئەلۋىدا، ياش نىھال، مېھرى ئىسسىق قىز،
ئەلۋىدا، ئەي گۈزەل لاجۇۋەرد رەيھان!

بىر چاغلار سەھەردىن تاكى شامغىچە،
يار قۇچۇپ ياتاتتىم، بەختلىك ئىدىم.
ئەمدىچۇ، سەھەردىن تاكى شامغىچە،
تۇرىمەن، قولۇمدا پەقەت مىلتىغىم...

سۈر، ھەيۋەتلىك يۈك ئامبىرى بىناسىنىڭ ئارقىسىدىن بىر ئادەم چىقىپ كەلدى. ناخشىغا قۇلاق سېلىپ بىردەم تۇردى؛ قاتار تىزىلغان ساغۇچ چىراق يورۇقىنى بەلگە قىلىۋېلىپ يوللارنى بىر قاراپ چىقتى-دە، ھەربىي پويىزغا قاراپ ئىشەنچلىك قەدەم بىلەن يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ قەدەملىرى شىپال ئۈستىدە غىچىلداپ ئاڭلاندى، قاڭدالغان يەرنىڭ ئۈستىدە ماڭغاندا قەدەم ئاۋازى ئاڭلانماي قالدى. ئۇ چەتتىكى ۋاگوندىن ئۆتكەندە، ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرغان كازاك ناخشىنى ئۈزۈپ، ئۇنى توۋلىدى:

— كىم سەن؟

— ساڭا كىم كېرەك؟ — دەپ خالار-خالىماس جاۋاپ قايتۇردى ھېلىقى ئادەم كېتىۋېتىپ.

— نېمە قىلىپ يۈرىسەن كېچىدە؟ بىز سەندەك مۈغەمبىرلەرنى «تاس!» قىلىپ ئېتىپ تاشلايمىز جۇمۇ! قايسى نەرسە ئوغرىلاپ كېتىشكە ئەپلىك-كىن، دەپ مۆلچەرلەپ يۈرەمسەن؟

ئۇ ئادەم جاۋاپ بەرمەستىن ۋاگونلارنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە كەلدى-دە، ۋاگون ئىشىكىنىڭ يوچۇقىغا بېشىنى يېقىن ئېلىپ كېلىپ:

— بۇ قايسى بۆلۈنمە؟ — دەپ سورىدى.

— قولغا ئېلىنغانلار بۆلۈنمىسى، — قاراڭغۇنىڭ ئىچىدىن بىرسى قېقىلداپ جاۋاپ بەردى.

— راستىنلا سوراۋاتىمەن — قايسى بۆلۈنمە؟

— ئىككىنچى بۆلۈنمە.
— 4 - ۋىزۋوت قەيەردە؟
— باش تەرەپتىن 6 - ۋاگون.
پاراۋوزدىن سانىغاندا 6 - ۋاگوننىڭ ئالدىدا 3 كازاك تاماكا چېكىشىپ تۇراتتى. بىرسى زوگزىيىپ ئولتۇراتتى، 2 سى ئۇنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇراتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قېشىغا كېلىۋاتقان ئادەمگە ئۇنچىقماستىن كۆز تىكىشتى.
— سالامەت تۇردۇڭلىمۇ، يۇرتداشلار؟
— خۇداغا شۈكۈر، — دەپ جاۋاپ بەردى بىرسى كەلگەن ئادەمنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قاراپ.
— نىكىتا دۇگىن تىرىكمۇ؟ ئۇ مەشەدىمۇ؟
— مانا مەن شۇ كىشى، — زوگزىيىپ ئولتۇرغان ئادەم چاقىلداپ جاۋاپ بەردى - دە، تاماكىسىنى پاشىنىسىغا بېسىپ ئۆچۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى، — سېنى تازا تونۇيالمىدىمغۇ؟ كىم بولىسەن؟ نەدىن كېلىشىڭ؟ — ئۇ ساقاللىق يۈزى بىلەن ئالدىغا ئۇمەتۇلۇپ، ئۇستىگە شىنېل، بېشىغا كونىراپ كەتكەن سولداتچە فۇراژكا كىيگەن ناتونۇش ئادەمگە تازا سەپسالغاندىن كېيىن ھەيران بولۇپ بىردىنلا ۋاقىرىۋەتتى، — ئىليە! بۇنچۇك؟ قەدىردانىم، سېنى قانداق شامال بۇ يەرگە ئۇچۇرۇپ كەلدى؟
ئۇ قاداق قولى بىلەن بۇنچۇكنىڭ يۇڭ باسقان قولىنى تۇتۇپ ئۇنىڭغا بىرئاز ئېگىلىشتى - دە، ئاستا:
— بۇ ئۆز يىگىتلىرىمىز، سەن ئۇلاردىن قورقما، ئۆزەڭ نەدىن پەيدا بولۇپ قالدىڭ؟ ئېيتقۇەر، كىرپە سانجىغۇر! — دىدى.
بۇنچۇك قالغان كازاكلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن كەپسىز، چۆيۈندەك ئېغىر ئاۋاز بىلەن جاۋاپ بەردى:

— پېتىردىن كەلدىم، سىلەرنى مىڭ تەسلىكتە تاپتىم. بىر ئىش بار، سۆزلىشىۋالايلى. بۇرادىرىم، مەن سىزنى تىرىك، ساق ـ سالامەت كۆرگىنىمگە خۇشالمەن.

ئۇ كۈلۈپ قويدى، پېشانىسى كەڭ، سۇر چاسا يۈزىدە چىشلىرى ئاقىرىپ كۆرۈندى. كۆزلىرى ئىللىق، مۇلايىم چاقنايتتى.

— سۆزلىشىۋالامدۇق؟ — ساقاللىق كازاك چاڭىلداپ سورىدى، — سەن ئۇفىتسېر تۇرۇقلۇق، بىز بىلەن ئۆلپەتداش بولۇپ سۆزلەشسەڭ، دىمەك، خاتا قىلغان بولمامسەن؟ خوپ، رەھمەت، ئىلىيۇشا، خۇدا يار بولسۇن، بىز بولساق ئىللىق سۆزنى چۈشىمىزدىمۇ كۆرگەن ئەمەسمىز ...، — ئۇنىڭ ئاۋازىدا مۇلايىملىق، ساددىلىق كۈلكە ئاھىڭى جاراڭلايتتى.

بۇنچۇكمۇ سەمىمى چاقچاق قىلدى:

— بولدى ـ بولدى ـ يېتەر، سۆزنى لايلاتما! سەن ھامان ئۇيىنغىنىڭ ـ ئۇيىنغان! چاقچاقنى قولدىن بەرمەيسەن، ساقىلىڭ پىلەك تارتىپ، كىندىكىڭدىن تۆۋەن چۈشۈپ كېتىپتۇ.

— ساقال دىگەننى خالىغان ۋاقىتتا قىرىپ تاشلىساق بولۇۋېرىدۇ، ئەمما سەن ئېيتقىنا، پېتىردا نىمە ئەھۋال بولۇۋاتىدۇ؟ قوزغىلاڭ باشلاندىمۇ؟

— يۈر، ۋاگونغا كىرەيلى، — بۇنچۇك بىر نەرسە ئېيتىپ بېرىدىغان تەرزدە تەكلىپ قىلدى.

ئۇلار ۋاگونغا كىرىشتى. دۇكىن ئايىغى بىلەن بىرسىنى ئىتتىرىپ پىچىرلىدى:

— تۇرۇڭلار، يىگىتلەر! كېرەكلىك ئادەم بىزگە مېھمان بولۇپ كەلدى. خوش، تېزرەك بولۇڭلار، سەپداشلار!

كازاكلار ئوھ ـ ئوھلىشىپ ئورنىدىن تۇرۇشتى. كىمدۇ بىرسى قاراڭغۇدا تاماكا پۇرىغى ۋە ئاتنىڭ تەرى پۇراپ تۇرغان يوغان

ئالقانلىرى بىلەن ئىگەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان بۇنچۇكنىڭ يۈزىنى سىلاپ - سىيپىلىدى؛ ئۇ تىنجىق، يوغان، باس ئاۋاز بىلەن:

— بۇنچۇكمۇ؟

— هە، مەن. بۇ سەنمىدىڭ، چىكاماسوف؟

— مەن، مەن. سالام دوستۇم!

— سالام!

— مەن هازىر يۈگۈرۈپ بېرىپ 3 - ۋىزۋوتتىكى بالىلارنى چاقىرىپ كېلەي.

— خوپ بولىدۇ! ... يۈگۈر.

3 - ۋىزۋوتتىكىلەرنىڭ دىگۈدەك هەممىسى كەلدى، پەقەت 2 كىشى ئاتلارنىڭ يېنىدا قالغان. كازاكلار بۇنچۇكنىڭ قېشىغا يېقىن كېلىشتى - دە، قېتىپ قالغان ناندەك ئالقانلىرىنى ئۇزاتتى، ئاندىن ئېگىشىپ، چىراقنىڭ يورۇغىدا ئۇنىڭ داپتەك يوغان، قاپقىغى سېلىنغان يۈزىگە سىنچىلاپ قاراشتى، ئۇنى بىردەم بۇنچۇك، بىردەم ئىليە مىترىچ، بىردەم ئىليوشا دەپ ئاتىشاتتى، ئەمما هەممە ئاۋازدا يولداشلارچە ئىللىق سالاملىشىش ئاهىڭى جاراڭلايتتى.

ۋاگوننىڭ ئىچى دىمىقىشقا باشلىدى. تاختاي تاملاردا چىراقنىڭ شولىسى جىلۋىلىنىپ، ئۇسۇل ئوينايتتى، هەر خىل سايىلەر كۆپىيىپ، تەۋرىنىشكە باشلىدى. پانۇسنىڭ يورۇغى جىن چىراقتەك غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى.

بۇنچۇكنى ئەتىۋارلاپ چىراققا يېقىن ئولتۇرغۇزۇشتى. ئالدىنقى قاتاردىكىلەر زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشتى، قالغانلار ئەتراپىنى ئوراپ، دائىرە بولۇپ ئۆرە تۇرۇشتى. ئىنچىكە ئاۋازلىق دۇگىن يۆتىلىپ قويۇپ:

— ئىليە مىترىچ، سېنىڭ خېتىڭنى يېقىندا تاپشۇرۇۋالغان

ئىدۇق، شۇنداق بولسىمۇ، سۆزۈڭنى ئۆز ئاغزىڭدىن ئاڭلاشنى خالايمىز، بۇندىن كېيىن قانداق قىلىشىمىز كېرەك. بۇ توغرىلىق بىزگە مەسلىھەت كۆرسەتكىن. بىزنى پېتىرگە ئېپكېتىۋاتىدۇ — نىمە چارە قىلارمىز؟ — دىدى.

— ئىشىنىڭ قانداقلىغىنى كۆرۈۋاتامسەن، مىستىرىچ، — دەپ سۆز باشلىدى ئىشكىنىڭ تۈۋىدە تۇرغان قۇلىغىدا سىرغىسى بار كازاك، بۇ ھېلىقى بىر چاغدا ئاكوپنىڭ ئالدىدا چاي قاينىتىشقا رۇخسەت قىلماي لىستنىتسكى ئازار بەرگەن كازاك ئىدى، — بۇ يەردە بىزنىڭ قېشىمىزغا تۈرلۈك تەشۋىقاتچىلار قاتراپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. پېتروگرادقا بارماڭلار، ئۆز ئارا سوقۇشتىن ھىچنىمە چىقمايدۇ، دەپ گەپ سېتىۋاتىدۇ. بىز ئاڭلاشنىغۇ ئاڭلايمىز، ئەمما ئۇلارغا تازا ئىشەنگۈمىز كەلمەيدۇ. چۈنكى يات خەلق. ئېھتىمال، ئۇلار بىزنى مۇناستىرىنىڭ بوسۇغىسىغا سەدىقە تىلەشكە ئېلىپ بارار — ئۇلارنى كىم بىلىدۇ؟ پېتروگرادقا بارمايمەن دىسەڭ، كورنىلوف چېركەسلەرنى ئاتلاندۇرىدۇ — ئۇ چاغدا يەنە قان تۆكۈلۈش يۈز بېرىدۇ. مانا، سەن ئۆز كىشىمىز، سەن بىر كازاك، بىز ساڭا كۆپرەك ئىشىنىمىز، يەنە كېلىپ سەندىن ئىنتايىن مىننەتدارمىز. چۈنكى بىزگە پېتىردىن خەت يېزىپ تۇردۇڭ. يەنە تېخى گېزىت... بۇ يەردە، راستىنى ئېيتساڭ، قەغەزنىڭ قەھەتچىلىگىنى تازا تارتقان ئىدۇق، گېزىت تاپشۇرۇۋېلىپ تۇردۇق...

— ھەي ئەخمەق كاللا، نىمە ۋالاقشىيسەن، نىمىشكە يالغان سۆزلەيسەن؟ — بىرسى ئاچچىغى بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — سەن — بىر ساۋاتسىز، باشقىلارنىمۇ ئۆزەڭگە ئوخشاش قارا نادان دەپ ئويلامسەن؟ گويا بىز گېزىتنى پەقەت تاماكا چېكىشكە ئىشلىتىدىغاندەك! ئېلىيە مىستىرىچ، بۇ گېزىتلەرنى ئالدى بىلەن باشتىن - ئاياق ئوقۇپ چىقىمىز.

— گىزەندە شەيتان، يالغان سۆزلەيدۇ!

— «تاماكا چېكىشكە» دىگىنىنى قاراڭلار!

— ئەخمەقنىڭ ئاغزىدىن يالغان سۆز قۇيۇلۇپ تۇرىدۇ!

— ئىنىلىرىم، مېنىڭ ئېيتقانلىرىم ئۇ چۈشەنچىدە ئەمەس ئىدى،— قولىغىدا سىرغىسى بار كازاك ئۆزىنى ئاقلاشقا باشلىدى،— ئەلۋەتتە، بىز ئەڭ ئاۋال گېزىتنى ئوقۇپ چىقىمىز...

— سىز ئۆزىڭىز ئوقۇدىڭىزمۇ؟

— مېنىڭ ئانچە ساۋادىم يوق... شۇنىڭ ئۈچۈن دەيمەنكى، ئومۇمەن ئوقۇيمىز، شۇندىن كېيىن تاماكا چېكىشكە...

بۇنچۇك ئېرىنىپ كۈلۈپ قويىدى - دە، ئىگەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ كازاكلارغا قاراپ قويدى؛ ئولتۇرۇپ سۆزلەشكە ئوڭايسىزلانغانلىقتىن، ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ، چىراققا ئارقىسىنى قىلىپ، زومو - زو، ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى:

— سىلەرگە پېتروگرادتا قىلىدىغان ھېچ ئىش يوق. ئۇ يەردە ھېچقانداق قوزغىلاڭ بولغىنى يوق. بىلەمسىلەر، نىمە ئۈچۈن سىلەرنى ئۇ يەرگە ئەۋەتىشىدۇ؟ پېتىرئىشچىلىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ... مانا شۇنداق! سىلەرنى كىم يېتەكلەۋاتىدۇ؟ — چار گېنېرالى كورنىلوپ. كېرېنىسكىنى ئاغدۇرۇش نىمە ئۈچۈن لازىم بولۇپ قالدى؟ ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزى ئولتۇرۇش ئۈچۈن. ماڭا قاراڭلار، بىر يۇرتلۇقلىرىم! ئۇلار سىلەردىن ياغاچ بويۇنتۇرۇقنى ئېلىپ تاشلىماقچى بولۇشۇۋاتىدۇ، ئەگەر قايتىدىن كيىگۈزىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا پولات بويۇنتۇرۇق كيىگۈزىدۇ! ئىككى بالا - قازانىڭ قايسىسى يېنىكرەك بولسا، شۇنى تاللاش كېرەك. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ مانا ئەمدى ئۆزەڭلار مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈڭلار؛ چار دەۋرىدە سىلەرنىڭ چىشىڭلارنى سۇندۇرغان ئىدىغۇ، سوقۇشتا سىلەرنىڭ قولۇڭلار بىلەن باشقىلارغا زەربە بەرگەن ئىدىغۇ. كېرېنىسكى

زامانىسىدىمۇ شۇنداق قىلماقچى. پەقەت چىشىڭلارنى سۇندۇرمايدۇ. ئەمما كېرېنىسكى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ھاكىمىيەت بولشېۋىكلارنىڭ قولىغا ئۆتكەندە پۈتۈنلەي باشقىچە بولىدۇ. بولشېۋىكلار ئۇرۇشنى خالىمايدۇ. ھاكىمىيەت ئۇلارنىڭ قولىغا ئۆتسە، دەرھاللا تىنچلىق ئورنىتىلغان بولاتتى. سولداتلار ئەمگەك بىلەن تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئۆيلىرىگە قايتاتتى. مەن كېرېنىسكىنى ياقلىمايمەن، ئۇ شەيتان بىلەن بىر تۇققان — ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر بۆرۈندىن نەپەس ئېلىشىدۇ! — بۇنچۇك كۈلۈمسىرەپ قويدى - دە، يېڭى بىلەن پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتۈپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. — ئەمما مەن سىلەرنى ئىشچىلارنىڭ قېنىنى تۆكمەسلىككە دەۋەت قىلىمەن. ئەگەر ھاكىمىيەت كورنىلوپنىڭ قولىغا ئۆتسە، ئۇ چاغدا روسىيە ئىشچىلارنىڭ قېنىنى تىزىغىچە كېچىدۇ، ئۇنىڭ دەۋرىدە ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، ئۇنى ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇش قىيىن بولىدۇ.

— كىچىككىنە توختاپ تۇرغىنا، ئىلىيەمىترىچ! — دېدى بۇنچۇككا ئوخشاشلا دوغىلاق كەلگەن پاكار بىر كازاك ئارقىدىكى قاتاردىن چىقىپ؛ ئۇ سۇ كولاپ ئىچىۋەتكەن قېرى ئەمەن دەرەخنىڭ يىلتىزلىرىغا ئوخشاش قوللىرىنى ئىشقىلاپ، تامىغىنى قىرىپ قويدى - دە، يۇمران ياپراقتەك ئاچ يېشىل، يىلىملاشقان كۆزلىرى بىلەن بۇنچۇككا قاراپ سورىدى. — باياسەن بويۇنتۇرۇقتوغرىلىق بىر نىمە دەۋاتاتتىڭ... خوش، بولشېۋىكلار ھاكىمىيەتنى قولغا ئالسا، ئۇلار بوينىمىزغا قانداق بويۇنتۇرۇقنى سالار؟

— سەن نىمە بولدۇڭ، ئۆزەڭگە ئۆزەڭ بويۇنتۇرۇق سالماقچىمۇ؟

— مەن قانداق قىلىپ ئۆزەمگە بويۇنتۇرۇق سالىدىكەنمەن؟

— ھوببەللى. بولشېۋىكلار دەۋرىدە ھاكىمىيەت بېشىدا كىم

بولىدۇ؟ خەلق سايلىساسەن بولىسەن ياكى دۇگىن، ياكى مۇنۇ تاغام بولىدۇ. سوۋېت دىگىنىمىز سايلام ھاكىمىيىتى دىگەن سۆز. چۈشەندىڭمۇ؟

— خوش، يۇقۇرىدا كىم بولىدۇ؟

— يەنىلا خەلق كىمنى سايلىسا، شۇ بولىدۇ. سىنى سايلىسا، سەنمۇ يۇقۇرى ئورۇندا بولۇۋېرىسەن.

— راستمۇ؟ يالغان سۆزلىمەيۋاتقانسەن، مىترىچ؟ — كازاكلار كۈلۈشۈپ، ھەممەيلەن بىردىنلا جاۋىلدىشىپ كەتتى، ھەتتا ئىشىكتە تۇرغان نۆۋەتچىمۇ بىر مىنۇت يېقىن كېلىپ، پاراڭغا ئارىلاشتى:

— ئۇنداق بولسا، يەر مەسىلىسىگە ئۇلار قانداق قارايدۇ؟

— يەرلىرىمىزنى تارتىۋالماسمۇ؟

— ئۇرۇشنى تۈگىتەرمۇ؟ ياكى، بەلكىم، ئۆزلىرىگە قول كۆتەرگۈزۈپ ھىمايىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئاغزىنىڭ ئۈچىدىلا ۋەدە بېرىشىۋاتقاندۇ؟

— سەن بىزگە ھەممىسىنى ۋىجدانەن سۆزلەپ بەرگىنە!

— بىز بۇ يەردە قاراڭغۇدا ئادىشىپ يۈرىمىز.

— بىگانە ئادەمگە ئىشىنىش خەتەرلىك، يالغىنى كۆپ ...

— تۈنۈگۈن بىر ماتروس كېرېنىسكى ئۈچۈن بىغلىدى، بىز بولساق ئۇنىڭ چېچىدىن سۆرەپ، ۋاگوندىن چۆرۈۋەتتۇق.

— «سىلەر ئەكسىيەتچىلەر!...» دەپ غوغا كۆتىرىدۇ.سارائ- تەلۋە!

— بىز بۇ سۆزلەرنى چۈشەنمەيمىز، ئۇلار نىمە دىمەكچى؟ بۇنچۇك ھەممەيېقىغا بۇرۇلۇپ قاراپ. كازاكلارنى كۆزدىن كەچۈر- گەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ جىمىقىشىنى كۈتتى. ئۇ دەسلەپتە ئۆزى

باشلىغان ئىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا تازا ئىشەنچ قىلال-
مىغان ئىدى، ئەمدى بۇ ئىشەنچسىزلىكى پۈتۈنلەي
يوقالدى-دە، كازاكلارنىڭ خاھىشىنى ئىگەللىۋالغاندىن كېيىن
پويىزنى قانداقلا بولمىسۇن نارۋادا توختىتىپ تۇرۇشقا قەتئىي ئىشەنچ
ھاسىل قىلدى. ئۇ بىر كۈن بۇرۇن بولشېۋىكلار پارتىيىسى
پېتروگراد رايونلۇق كومىتېتىغا بارغاندا، پېتروگرادقا يېقىنلىشىپ
كېلىۋاتقان 1 - دونېۋىزىيىسى قىسىملىرى ئارىسىدا تەشۋىقاتچى
بولۇپ ئىشلەي دىگەن تەكلىپنى قويغان بولۇپ، ئۇتۇقلۇق
ئىش ئېلىپ بېرىشىغا ئىشەنچىسى باز ئىدى، لېكىن نارۋاغا يېتىپ
بارغاندىن كېيىن بۇ ئىشەنچىسى تەۋرىنىپ قالدى. كازاكلار بىلەن
قانداقلا بولمىسۇن، باشقىچە سۆز - ئىبارىلەر بىلەن گەپلىشىش
لازىملىقىنى چۈشىنەتتى، ئۇلار بىلەن سۆزلەشكەندە ئورتاق تىل
تاپالماسمەنمىكىن دىگەن ئەندىشىدىمۇ بولدى، چۈنكى ئۇ، مۇندىن
9 ئاي ئىلگىرى ئىشچىلار زىچ يەرگە قايتىپ بارغاندا، ئۇلار بىلەن
يېگىشىۋاشتىن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ كېتەلىگەن ئىدى،
سۆزگە چىققاندا، شۇنداق بىر ئادەت شەكىللەنگەن ئىدىكى، ئۇنىڭ
ئاغزىدىن بىرەر - يېرىم ئېغىز سۆز چىقىش بىلەنلا ئىشچىلار
ئۇنىڭ نىمە دىمەكچى بولغانلىقىنى سېزەتتى ۋە چۈشىنەتتى، بۇ
يەردە بولسا ئۆز يېزىداشلىرى بىلەن سۆزلەشكەندە، يالغۇز ئۇلارنىڭ
يۈرىكىگە ئوت تۇتاشتۇرۇپلا قالماي، بەلكى يۈرىكىنى يالقۇنجىتىۋې-
تىش ئۈچۈن، ئەسىرلەردىن بۇيان قېلىپلىشىپ قالغان ئىتائەتسىز-
لىك قورقۇنچىسىنى يوقىتىش ئۈچۈن، مۇتەئەسسىپلىكنى يەنچىپ
تاشلاش ئۈچۈن، سۆزىنىڭ توغرىلىقىنى ھىس قىلدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ
ئارقىسىدىن ئەگەشتۈرەلەيدىغان بولۇش ئۈچۈن باشقىچە بىر تىل،
يېرىم ئۇنتۇلغان يەرلىك دىخان تىلى زۆرۈر ئىدى. يۈكسەك دەرىجى-
دە ئەپچىللىك، ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈش لازىم ئىدى، ھەر بىر

سۆز قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇش كېرەك ئىدى.

دەسلەپتە، سۆز باشلاش بىلەنلا ئۆزىنىڭ تاۋۇشىدا ئىشەنچسىزلىك، سۇنئىيلىك بارلىقىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن بايقاپ قالدى، گويا ئۆزىنىڭ شېئىرسىز سۆزلىرىگە يان تەرەپتىن قۇلاق سالغاندەك بولدى، كەلتۈرگەن دەلىللىرىنىڭ ئىشەنچسىزلىكىدىن ۋەھىمە قىلدى، قېيىنىلىپ كاللىسىدىن سۆز ئاختۇردى، ئاشۇ ئىشەنچسىزلىك، ۋەھىمىسىنى بىتچىت قىلىش ئۈچۈن بىر قەدەر كۈچلۈك، سالماقلىق سۆز-جۈملىلەرنى ئىزلىدى... ئەمما ئۇنىڭ ئورنىغا ئاغزىدىن سوپۇنىنىڭ ماغزىۋىدەك ھېچبىر سالمىقى يوق سۆز - ئىبارىلەر تۆكۈلۈۋاتقانلىغىنى، كاللىسىدا بولسا پۇچەك تېپىلغاق پىكىرلەر چۇۋۇلۇشۇپ كەتكەنلىكىنى تەسۋىرلەپ بولمايدىغان بىر ئەلەم بىلەن ھېس قىلدى. ئۇ ئاچچىق تەرگە چۆمۈپ، ئېغىر نەپەس ئېلىپ ئۆرە تۇراتتى. ئۇ سۆزلەۋېتىپ: «ماڭا مۇنچىلىك زور ئىشنى ئىشىنىپ تاپشۇرغان ئىدى، مەن ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن ھارام قىلىۋاتىمەن... سۆزلەرنى باغلاشتۇرالمايۋاتىمەن... بۈگۈن ماڭا نېمە بولدى؟ مېنىڭ ئورنۇمدا باشقا بىرسى بولسا مېنىڭ ھەسسە ياخشى سۆزلىگەن، ئوبدان چۈشەندۈرگەن بولاتتى.... ھەي لەنىتى پىشكەللىك، قانداق لاياقەتسىز ئادەممەن!» دېگەن بىرلا پىكىر بىلەن سۆزلەرنى بۇرمىلاۋەردى.

بويۇنتۇرۇق توغرىلىق سوئال قويغان، كۆزىنى يېشىل چاپاق باسقان كازاك ئۇنى ئاشۇ يامان ئۇنتۇقاقلىق ھالەتتىن چىقاردى؛ شۇندىن كېيىن كۆتىرىلگەن ۋاراڭ - چۇرۇڭ، گەپ - سۆزلەر بۇنچۇقتا تېتىكلىشىش، ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش ئىمكانىيىتىنى بەردى - دە، ئاندىن ئۇ، ئۆزىگە ئۆزى ھەيران بولۇپ، ۋۇجۇدىدا ئادەتتىن تاشقىرى كۈچ - قۇۋۋەت پەيدا بولغانلىقىنى ۋە روشەن، ئۆتكۈر، باي، مارجاندەك سەرخىل سۆزلەرنىڭ تىزىلىپ چىقىۋاتقانلىقىنى ھېس

قىلدى، ئۇ قىزىشقا باشلىدى، دولقۇنلاپ تاشقان ھاياجىنىنى تاشقى خاتىرجەملىك بىلەن يوشۇرۇپ، يامان غەرەزلىك سوئاللارغا ئاساسلىق دەلىل بىلەن رەھىمسىز، كەسكىن زەربە بەردى، بۇرۇن مىنىشكە ئۆگىتىلمىگەن، ئاغزىدىن ئاپپاق كۆپۈك ئېقىتىپ چىچاڭشىپ تۇرغان شاش ئاتنى كۆندۈرگەن چەۋەندازدەك سۆزلەشكە باشلىدى.

— خوش، ئېيتقىنا، تەسىس مەجلىسى نىمىشكە يامان؟

— سىلەرنىڭ لېنىنگلارنى نېمىسلار ئېلىپ كېلىپتىغۇ... شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا ئۇ نەدىن كېلىپ قالدى ... قىزىل تالنىڭ ئارىسىدىن چىقتىمۇ؟

— مىترىدىچ، سەن ئۆز خاھىشىڭ بىلەن كەلدىڭمۇ ياكى سېنى يوشۇرۇن ئەۋەتىشتىمۇ؟

— ھەربىلەرگە قاراشلىق يەرلەرنى كىمگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ؟

— بىز پادىشا دەۋرىدە نىمىشكە يامان تۇرمۇش كەچۈردۇق؟

— مېنشېۋىكلارمۇ خەلقنى ھىمايە قىلامدۇ؟

— بىزدە ھەربى تەشكىلات بار، ھاكىمىيەت خەلقنىڭ قولىدا — بىزگە سوۋېتلەرنىڭ نىمە كېرىگى بار؟ — دەپ سوراشتى كازاكلار.

ئۇلار يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە تارقاشتى. ھەر ئىككى بۆلۈنمە ئەتە ئەتىگەن چوڭ يىغىنغا يىغىلىشماقچى بولۇشتى. بۇنچۇك ۋاگوندا قونۇپ قالدى. چىكاماسوپ مېنىڭ قېشىمدا ياتقىن دەپ تەكلىپ قىلدى. ئۇخلاش ئالدىدا چوقۇنۇۋېلىپ، يېشىنىپ ياتقاندىن كېيىن مۇنۇنى ئالدىدىن ئېيتىپ قويدى:

— ئىلىيە مىترىچ، سەن خاتىرجەم خۇدۇكسىرىمەي يېتىپ ئۇخلاۋە، ئەمما ئەپۇ قىل ... بىزدە، دوستۇم، پىلەر ئوۋا قۇرغان، ئەگەر ئۇستۈڭگە يامىشىپ چىقسا — خاپا بولمايسەن. بىز غەم-

غۇسسە، سېغىنىش ئازاۋىدىن ئاشۇنداق دىۋىدەك پىتلەرنى بېقىپ كۆپەيتتۇق، بۇ توغرىسى بىر بالا بولدى! ھەر بىرىنىڭ ئىگىزلىگى غونۇجىندەك كېلىدۇ، — بىردەم جىم بولۇپ، ئاستاغىنا سورىدى:

— ئىليە مىترىچ، لېنىن قايسى خەلقتىن بولىدۇ؟ فىسقىسى، ئۇ قەيەردە تۇغۇلۇپ، قەيەردە چوڭ بولغان؟

— لېنىنمۇ؟ رۇس.

— ھە؟!

— راست گەپ، رۇس.

— ياق، بۇرادىرىم! سەن ئۇنى ياخشى بىلمەيدىكەنسەن، — دېدى چىكاماسوپ ئۆزى ياخشى بىلىدىغاندەك ئاھاڭدا. — ئۇنىڭ قايسى قاندىن ئىكەنلىگىنى بىلەمسەن؟ بىزنىڭ قېنىمىزدىن. ئۇ ئۆزى دون كازاكى، تۇغۇلغان يېرى سالىسكى ئوكرۇگى، ۋېلىكوكنەژ ىسكايا كەنتىدىن، چۈشەندىڭمۇ؟ توپچى ئەسكەر بولۇپتىكەن دېيىشىدۇ. تۇرقىمۇ بىزگە ئوخشايدۇ. تۆۋەنكى دون كازاكىنىڭ نەق ئۆزى: ياڭاق سۆڭەكلىرى ساغلام، يەنە تېخى كۆزلىرىچۇ.

— بۇنى سەن نەدىن ئاڭلىغان؟

— كازاكلار ئۆز ئارا پاراڭلاشقاندا قۇلىغىمغا يەتكەن ئىدى.

— ياق، چىكاماسوپ! ئۇ — رۇس، سىمبىرسىك ئۆلكىسىدە تۇغۇلغان.

— ياق، ئىشەنمەيمەن. ھەتتا قەتئى ئىشەنمەيمەن! پۇگاچ① كازاكلاردىن چىققان ئەمەسمۇ؟ ستېپان رازىنچۇ؟ يېرماك تىموفېيېۋىچچۇ؟ مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى! كەمبەغەل خەلقنى چارپادىشاغا قارشى ئىسيان كۆتەرگۈزگەنلەرنىڭ ھەممىسى كازاكلاردىن چىققان. خوش، سەن ئۇنى سىمبىرسىك ئۆلكىسىدىن دەيسەن. سەندىن بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلاش ھەتتا كىشىگە ئەلەم قىلىدۇ، مىترىچ...

① پۇگاچ — پۇگاچېپ دېمەكچى — ت.

بۇنچۇك كۈلۈمسىرەپ سورىدى:

— شۇنداق دېيىشىۋاتامدۇ. كازاك دەۋاتامدۇ؟

— ئۇنىڭ كازاك ئىكەنلىكى شەكسىز، پەقەت ئۆزىنى ھازىر ئاشكارىلىماي يۈرىدۇ. مەن قىياپىتىگە كۆز سالساملا دەرھال تونۇۋالاتتىم، — چىكاماسوپ تاماكىنى بىر شوراپ ئىچىگە تارتتى – دە، موخوركىنىڭ قويۇق تۈتۈنىنى بۇنچۇكنىڭ يۈزىگە پۇقۇرىتىپ، ئويچانلىق بىلەن يۆتەلدى، — توۋا دەيمەن، بىز بۇيەردە مۇشتلاشقۇدەك دەرىجىدە سۆز تالىشىپ قالدۇق: ئەگەر ئۇ، ۋىلادىمىر ئىلىئىچ بىزنىڭ كازاكلاردىن بولسا، توپچى ئەسكەر بولغان بولسا، ئۇ ھالدا شۇقەدەر زور ئىلىمنى نەدىن ھاسىل قىلىدۇ؟ ئېيتىشلىرىچە ئۇرۇشنىڭ دەسلىۋىدە ئۇ نېمىسلارغا ئەسىرگە چۈشكەن بولۇپ، بارلىق ئىلىملەرنى شۇ يەردە ئۆگەنگەن ئىمىش، شۇندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىشچىلىرىغا قوزغىلاڭ كۆتىرىشنى، ئالىملىرىغا كۆزەينەك تاقاشنى تەلىم بېرىپتۇ، نېمىسلار ئۆلگىچە قورقۇشۇپتۇ، ئۇلار: «ھەي سائادەتلىك كىشى، يۇرتۇڭغا قايتىپ كەت، خۇدا ياربولسۇن، ئۇنداق بولمىغاندا، بىزگە باش ئاغرىغىتىپىپ بېرىسەن – دە، ئۇنىڭدىن ئۆمۈر بويى قۇتۇلالمايمىز!» — دېيىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى روسىيىگە ئېپكېلىپ قويۇشۇپتۇ، ئىشچىلارنى قوزغىتىۋەتمىسۇن، دەپ قورقسا كېرەك. ئوھۇ! ئۇچۇ، ئىنىم، زىرەك ئادەم ئىكەن!

كېيىنكى جۈملىنى چىكاماسوپ ماختىنىش تەلەپپۇزى بىلەن ئېيتتى ۋە قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچىگە قاراپ سۆيۈنۈنۈچ بىلەن كۈلۈپ قويدى.

— سەن مىتىرىچ، — دىدى ئۇ، — ئۇنى كۆرگەنمۇ؟ ئەپسۇس. ئېيتىشلىرىچە، ئۇنىڭ باش بىچىمى ناھايىتىچوڭ ئىكەن، — چىكاماسوپ يۆتىلىپ قويدى. ساغۇچ تاماكا تۈتۈنىنى بۇرنىدىن پۇقۇرىتىپ چىقىرىپ تاماكىنى چېكىپ تۈگەتتى – دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇر–

دى، — ئاشۇنداق ئادەملەرنى ئايالالار كۆپرەك توغۇپ چوڭقىلىسچۇ. قالتىس ئەقىللىق! ئۇ نېخى بىرلا چارپادىشانىڭ بېشىنى ئايلاندۇ- رۇپ قالماس..... — ئۇ خۇرسىندى، — ياق، مىترىنىچ، سەن مەن بىلەن سۆز تالاشما: ئىلىئىچ — كازاك .. ئوشۇق گەپنىڭ لازىمى يوق! سىمبىرسىك ئۆلكىسىدىن بۇنداق ئادەملەر چىقمايدۇ.

بۇنچۇك ئۇنچىقمىدى، كۆلۈمسىرەپ، ئۇزاققىچە كۆز يۇمماس- تىن ياتتى.

ئۇ هە دىگەندىلا ئۇخلاپ كېتەلمىدى — راستىنلا بەدىنىنى پىت قاپلاپ، كۆينىگىنىڭ ئىچىدە لۆمۈلدەشكە باشلىدى؛ بەدىنىنى قاشلاۋېرىپ جاندىن تويدى؛ ئۇنىڭ يېنىدا ياتقان چېكاماسوفمۇ ئەزايىنى كارت - كارت قاشلاپ، پۇشۇلدايتتى، بىرسىنىڭ ئەنسىز ئېتى هە دىسە پۇشقۇرۇپ، ئۇيقۇنى قاچۇراتتى. بۇنچۇكنىڭ كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا باراي دىگەندە ئۆزئارا چىقىشالمىغان ئاتلار چىش- لىشىپ، تېپىشىپ، چىقىراشقىلى تۇردى.

— هاي، قوتۇر، شەيتان!... تىر-ر-ر! تىر-ر-ر، لەنە- تى!...، — دۈگىن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن ۋاقىرىدى - دە، يېقىندىكى بىر ئاتنى بىر نىمە بىلەن كەلتۈرۈپ بىرنى سالدى.

پىتقا يەم بولغان بۇنچۇك ئىنجىقلاپ، يەنە بىر يېنىغا ئۆ- رۈلدى - دە، ئۇيقۇسىنىڭ پۈتۈنلەي قېچىپ كەتكەنلىگىنى هىس قىلىپ، ئەتىكى بولىدىغان چوڭ يىغىننى ئويلاشقا باشلىدى. ئوفىت- سېرلەرنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى قانداق ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چى- قىراركىن دىگەننى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ، مېيىغىدا كۈلۈپ قويىدى: «ئەگەر كازاكلار بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ نارا- زىلىق بىلدۈرسە، ئېهتىمال ئوفىتسېرلەر قېچىپ كېتەر، ئەمما

ئۆلارنىڭ نىمە قىلىشىنىكىم بىلىدۇ! ھەر ھالدا گارنىزون كومىتېتى
بىلەن ئالدىن سۆزلىشىپ قويغان ياخشى». قانداقتۇر ئۇرۇشتىن قىسـ
قا بىر جەڭ مەنزىرىسى، 1915 - يـــىل ئۆكتەبىردىكى بىر ھۇجۇم
ئۆزىچە ئېسىگە چۈشتى، ئـۇنـدىــن كېيىن ئۆز كۆڭلىدە خوشاللىق
بىلەن تونۇش، چىگدىلىپ كەتكەن بىر سوقماق يـولـغا چىققاندەك
بولدى، ئاندىن بارچە ئەسلىمىلەر كاللىسىدا ئىنچىقلىق بىلەن باش
كۆتەرگىلى تۇردى؛ ئۆلتۈرۈلگەن رۇس ھەم نېمىس سولداتلىرىنىڭ
يۈز - چىرايلىرى، بـەتبەشرە ھالەتلىرى، ھەر خىل ئاھاڭدىكى ۋاـ
راڭ - چۇرۇڭ گەپ - سۆزلەر، قاچان بىر چـاغـدا ئۆزى كۆرگەن،
ئەمما ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتكەنلىكتىن رەڭگى ئۆڭگەن تەبىئەت
مەنزىرىلىرىنىڭ پارچە - بۆلەكلىرى، ئېيتىلمىغان، ئەمما ئىمشىكىدۇر
ساقلىنىپ قالغان ئۆي - پىكىرلەر، زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ كۆكۈلدە
ئاراـ - ئاراـ سېزىلگەن ياڭراشلىرى، پىلىموتنىڭ تونۇش تاتىلـ
داشلىرى، ئوق لېنتىلىرىنىڭ شارىلداشلىرى، شوخ كۈيلەر، بىر زاـ
ماندا ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئايالنىڭ ئـۆزىـگـە تونۇش ئاغزىنىڭ
ناھايىتى چىرايلىق، سەل - پەل ئۆڭگەن سۈرىتى، سوقۇشتىن يەنە
بىر ئۇرۇندە — بۇرغۇن ئۆلۈكلەر، قېرىنداشلار مازىرىدىكى ئولتۇـ
رۇشۇپ كەتكەن دۈمبەچەكلەر...

بۇنچۇك تىت - تىت بولۇشقا بـاشلىــدى؛ بېشىنى كۆتىرىپ
ئولتۇردى - دە، ئۇنىنى چىقىرىپ ئېيتتىمۇ ياكى ئىـچىدە ئويلىدىـ
مۇ، ئىش قىلىپ: «بۇ ئەسلىمىلەرنى ئۆلگىچە ئۇنـتۇمايمەن، يالغۇز
مەنلا ئەمەس، ھايات قالغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنتۇمايدۇ، ئادەملەرنى
مېيىپ قىلىپ، ھاياتنـى ئـايـاق ئـاستـى قىلىشتى!... لەنىتىلەر!
قاغىش تەككۈرلەر!... سەنلەر ئۆز گۇنايىڭلارنى ئـۆلگىچە ياپالمايـ
سىلەر!...» — دەپ تولغاندى.

ئۇ يەنە 12 ياشلىق لۇشانى ئېسىگە چـۈشۈردى، ئۇ، ئۇرۇشتا

ئۆلگەن پېتروگراد پولات زاۋۇدى ئىشچىسىنىڭ قىزى ئىدى،
بۇ قىزنىڭ ئاتىسى بىلەن بۇنچۇك بىر زاماندا تولادا
بىللە خىزمەت قىلغان ئىدى. بىر كۈنى كەچتە بۇنچۇك دەرەخزار
كوچىدا كېلىۋاتاتتى. لۇشا — قوپالراق كەلگەن بۇ نىمچان قىز —
چەتتىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئىنچىكە پۇتلىرىنى يىگىتلەرگە خاس
مەردانەكېرىپ تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ سۇلغۇن يۈزىدە — كۆزلىرى
هارغىن، ئەگىلىك سۇرتۈلگەن، بىمەزگىل يېتىلىپ ئۈزىراپ كەتكەن
كالپۇكلىرىنىڭ بۇرجەكلىرىدە ھەسرەت — ئەلەم بار ئىدى. «مېنى
تونۇمىدىڭىزمۇ، تاغا؟» — قىز ئۆزىگە كەسىپ — ياد بولۇپ كەتـ
كەن ئادىتى بويىچە تەبەسسۇم قىلىپ، خىرىلدىغان ئاۋاز بىلەن
سورىدى — دە، ئورنىدىن تۇردى، ئاندىن مۈكچىيىپ، بۇنچۇكنىڭ
جەينىگىگە بېشىنى يېقىپ، پۇتۇنلەي بالىلارغا خاس ئاجىزلىق بىـ
لەن ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى.
بۇنچۇك بەدىنىنى قاپلىغان زەھەرلىك گازغا ئوخشاش نەپـ
رەتتىن دېمى سىقىلىپ ئۆلەي دىدى؛ چىرايى ئۆڭۈپ، چىشلىرىنى
غۇچۇرلىتىپ، ئۇھ — ئۇھلىدى. ئاندىن موي قاپلىغان كۆكرىگىنى
ئۇزاققىچە سىلىدى، لەۋلىرى تىترەپ كەتتى؛ بىر ئۆچمەنلىك ئۇ—
نىڭ كۆكرىگىدە گويا بىر پارچە قىزىق داشقالدەك قايناۋاتقانلىغـ
نى، ئىچى ئۆرتىنىپ، نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىۋاتقانلىغىنى،
سول تەرىپىدىكى يۈرەك ئاستىنى ئاغرىق سانچىۋاتقانلىغىنى
هىس قىلدى.
ئۇ سەھەرگىچە ئۇخلىيالمىدى. تاڭ يورۇش بىلەنلا سارغىـ
يىپ — تاتىرىپ، بۇرۇنقىدىنمۇ چىرايى تۇتۇلۇپ، تۈمۈريولچىلار
كومىتېتىغا باردى. كازاكلار چۈشكەن ھەربى پويىزنى نارۋادىن چىـ
قارماسلىقا كېلىشىۋالدى، شۇندىن بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن
گارنىزون كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى ئىزلەش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى.

سائەت 8 بولغاندا ئەسكەرلەر چۈشكەن پويىزغا قايتىپ كەلدى. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىللىق سەھەر سالقىنىدىن راھەتلىنىپ، ھەم بۇ قىتىمقى سەپەرنىڭ ئۇتتۇقلۇق بولۇش ئېھتىمالى بارلىقىغا خوشال بولۇپ، ھەم مال ئامبىرىنىڭ دات باسقان ئۆگزىسىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كۆتىرىلىۋاتقان قۇياشقا شاتلىنىپ، ھەم قەيەردىندۇر ئاڭلىنىۋاتقان ئايالنىڭ يېقىملىق ناخشائاۋازىدىن شادىمان بولۇپ مېڭىپ كېلىۋاتاتتى. تاڭ ئالدىدا ئۆتكۈنچى يامغۇر شارىلداپ قۇيۇۋەتتى. يوللاردىكى قۇمساز يەرلەر ئويۇلۇپ، ئەگرى - بۈگرى ئۇششاق ئېرىقچىلار پەيدا بولدى، يامغۇرنىڭ چۇچۇمەل پۇرىقى ئاڭقىپ تۇراتتى، يامغۇر تامچىلىرى چۈقىغان يەرنىڭ يۈزىدە گويا چېچەك ئىزىدەك چوقۇرلار — سەل - پەل قۇرۇشقا باشلىغان ئۇششاق ئورىچەكلەر كۆزگە چېلىقاتتى.

شىنېل كىيگەن، ئېگىز پاشنىلىق ئۆتۈكى پاتقاققا مىلەنگەن بىر ئوفىتسېر پويىزنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئايلىنىپ ئۇدۇل بۈنچۈك تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. بۈنچۈك ياساۋۇل قالماقوپنى تونۇپ، قەدىمىنى سەل ئاستىلىتىپ، كۈتۈپ تۇردى. ئۇلار ئۇچراشتى. قالماقوپ قارا ئالىغاي كۆزلىرىنى چاقنىتىپ، توختاپ قالدى.

—خورۇنجى بۈنچۈكمۇ سەن؟ سەن ئەركىنلىكتىمۇ؟ ئەپۇ قىل، قولۇمنى ساڭا بەرمەيمەن...

ئۇ لەۋلىرىنى مەھكەم چىشلەپ، قولىنى شىنېلىنىڭ يانچۇقىغا سالدى.

— مەنمۇ ساڭا قول سوزماقچى ئەمەسمەن... سەن بەك ئالدىراپ كەتتىڭ، — بۈنچۈك ئىستېھزا بىلەن جاۋاپ بەردى.

— خوش، سەن بۇ يەردە ئۆزەڭنى پاناغا ئېلىپ يۈرەمسەن؟ ياكى... پېتروگرادتىن كەلدىڭمۇ؟ كېرېنسكىنىڭ قۇشقاچتەك جېنى قالغان يەردىن كەلدىڭمۇ؟

— بۇ نىمە — سوراقمۇ؟

— بىر زاماندا ئەسكەرلىكتىن قاچقان خىزمەتداشىنىڭ تەقدىرىنى بىلىشكە قانۇنسىي قىزىقىش.

بۇنچۇك كۈلكىسىنى يوشۇرۇپ، مۇرىسىنى قىسىپ قويدى.

— سېنى خاتىرجەملەندۈرۈشۈم مۇمكىنكى، مەن بۇ يەرگە كېرىنسكىنىڭ قېشىدىن كەلگىنىم يوق.

— ئەمما سىلەر هازىر، خەۋپ يۈزلىنىپ تۇرغان بىر پەيتتە بىر ئوبدان بىرلىشىۋېتىپسىلەر. خوش، شۇنداق قىلىپ، سەن ئۆزەڭ كىم؟ پوگونىڭ يوق، شىنېلىڭ سولداتچە...، — قالماقوپ دېمىغىدا خىڭىلداپ سۆزلەپ، بۇنچۇكنىڭ سەل مۇكچەيگەن گەۋدىسىگە يىرگەنگەن ۋە ئىچ ئاغرىتقاندەك نەزەردە قاراپ قويدى، — سەن سىياسى دەللالمۇ؟ تاپتىممۇ؟ — ئۇ جاۋاپ كۈتمەستىنلا شارتلا ئارقىسىغا بۇرۇلدى - دە، چوڭ - چوڭ چامداپ كېتىپ قالدى.

دۈگىن ئۆز ۋاگونىنىڭ ئالدىدا بۇنچۇكقا ئۇچرىشىپ قالدى.

— نەدە يۈرىسەن؟ يىغىن باشلىنىپ قالدى.

— قانداقچە باشلىنىپ قالدى؟

— شۇنداقچە. بىزنىڭ بۆلۈنمىمىزنىڭ كوماندىرى ياساۋۇل قالماقوپ بىر يەرگە كەتكەن ئىدى، بوگۇن پېتېردىن پاراۋۇز بىلەن كېلىپلا كازاكلارنى يىغدۇردى. هازىر شۇلارنى ئۆز گېپىگە كۆندۈرۈشكە كەتتى.

بۇنچۇك مېڭىشتىن توختاپ، قالماقوپنىڭ پېتروگرادقا قاچان ئەۋەتىلگەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلدى، دۈگىننىڭ سۆزىدىن ئۇنىڭ بىر ئايچە ۋاقىت بۇ يەردە بولمىغانلىغىنى بىلىۋالدى.

«بۇ كاساپەت بومبا ئېتىشنى ئۆگىنىش بانىسى بىلەن كورنىلوپ ئەتەي پېتېرگە ئەۋەتكەن ھېلىقى ئىنقىلاپنى تۇنجۇقتۇرغۇ-

چىلازنىڭ بىرسى ئىكەن - دەدىمەك — ساداقەتلىك كونىلوفچى! خوپ ماقۇل!» — بۇنچۇك دۈگىن بىلەن بىللە يىغىن مەيدانىغا كېتىۋېتىپ فىسقىلا شۇلارنى ئويلىدى.

يۇك ئامبىرىنىڭ ئارقىسىدا كازاكلارنىڭ ئاچ يېشىل گىمناس- تيوركىلىرى ۋە شىنېللىرى زىچچىدا سېپىل تام ھاسىل قىلغان ئىدى. قاپ ئوتتۇرىدا، ئوفىتسېرلەر قورشاپ تۇرغان قالماقوپ، دۇم كۆمتۈرۈلگەن بوچكىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، جىددى، سۆز - جۈملىلەرنى ئۈزۈپ - ئۈزۈپ، ۋاقىراپ سۆزلەۋاتاتتى:

— ... ئىشنى ئاخىرغىچە غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىش كې- رەك! بىزگە ئىشەنگەن ئىكەن — بىزمۇ بۇ ئىشەنچنى ئاقلىشىمىز لازىم! ھازىر مەن گېنېرال كورنىلوۋنىڭ كازاكلارغا ئەۋەتكەن تې- لېگراممىسىنى ئوقۇپ ئۆتىمەن.

ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ ھەربىچە كالتا كەمزۇلىنىڭ يان يان- چۇغىنى ئاختۇرۇپ، بىر ۋاراق پۇرلىشىپ كەتكەن قەغەزنى ئالدى - دە، ھەربى پويىز باشلىغى بىلەن پىچىرلاشتى.

بۇنچۇك بىلەن دۈگىن يېتىپ كېلىپ، كازاكلار بىلەن ئارى- لىشىپ كەتتى.

«كازاكلار، قەدىرلىك كەنتداشلار! — قالماقوپ مەنىلىك قىلىپ، يۇقۇرى ئاۋازدا ئوقۇشقا باشلىدى، — روسىيە دۆلىتىنىڭ چېكىرىسى سىلەرنىڭ ئاتا - بوۋىلارنىڭ ئۈستىخانلىرى ئۈستىدە كېڭەيگەن ۋە چوڭىيغان ئەمەسمىدى؟ ئۇلۇغ روسىيە سىزلەرنىڭ تەڭداشسىز جاسارىتىڭلار، پىداكارلىقلىرىڭلار، بەرگەن قۇربانلىرىڭلار ۋە قەھرىمانلىقلىرىڭلار بىلەن قۇدرەتلىك بولغان ئەمەسمىدى؟ سىزلەر، تىنچ دوننىڭ، گۈزەل كۇبانىنىڭ، جۇشقۇن تېرېكنىڭ ئەركىن، ئازات ئوغلانلىرىسىزلەر، ئورالنىڭ، ئورېنبۇرگ- نىڭ، ئاستىراخاننىڭ، يەتتەسۇنىڭ، سىبىر داللىرى ۋە تاغلىرىنىڭ،

يىراق زابايكالىيە، ئامۇر ۋە ئۇسسۇرىيىنىڭ ئۇچقۇر، قۇدرەتلىك بۆركۈتلىرىسىزلەر، سىزلەر ھەر دائىم ئۆز بايراقلىرىڭلارنىڭ شان - شەرىپىنى قوغدىدىڭلار، رۇس تۇپرىغى سىلەرنىڭ ئاتا-بوۋاڭلارنىڭ پىداكارلىقلىرى توغرىسىدىكى رىۋايەت، داستانلىرى بىلەن تولغان. بۈگۈن سىزلەرنىڭ ۋەتەنگە ياردەملىشىدىغان ۋاقتىڭلار كەلدى. مەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ بوشاڭلىقىنى، باشقۇرۇشتىكى ئىقتىدارسىزلىقى ۋە قابىلىيەتسىزلىكىنى، نېمىسلارنىڭ ئېلىمىزنىڭ ئىچىگە بېسىپ كىرىپ، خوجايىنلىق قىلىشىغا يول قويغانلىقىنى ئەيىپلەيمەن، قازاندىكى پارتلاش ۋەقەسى بۇ توغرىلىق دەلىل - ئىسپات بولالايدۇ، بۇ يەردە بىر مىليونغا يېقىن سىنارەت پارتلاپ 12 مىڭ پىلىموت نابۇت بولۇپ كەتتى. بۇلا ئەمەس. مەن بەزىبىر ھۆكۈمەت ئەزالىرىنى ۋەتەنگە توغرىدىن-توغرا خائىنلىق قىلدى دەپ ئەيىپلەيمەن ۋە بۇنىڭغا مۇنداق دەلىل كەلتۈرىمەن: مەن 3 - ئاۋغۇست كۈنى قىشلىق سارايدا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ مەجلىسىدە بولغان ئىدىم، مىنىستىر كېرېنىسكى بىلەن ساۋىنكوپ ماڭا ھەممە نەرسىنى مەجلىستە ئېيتىشقا بولمايدۇ، چۈنكى مىنىستىرلارنىڭ ئارىسىدا ئىشەنچىسىز كىشىلەر بار، دەپ كۆرسەتتى. روشەنكى، مۇنداق ھۆكۈمەت مەملىكەتنى زاۋاللىققا ئېلىپ بارىدۇ، مۇنداق ھۆكۈمەتكە ئىشىنىش مۇمكىن ئەمەس ۋە مۇنداق ھۆكۈمەت بىلەن بولغاندا، روسىيىنى بەختسىزلىكتىن قۇتقۇزۇش مۇمكىن بولمايدۇ... شۇنىڭ ئۈچۈن، تۈنۈگۈن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت دۈشمەننىڭ مەنپەئەتلىرى يولىدا مېنىڭ ئالىي باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىشىمنى تەلەپ قىلغاندا، مەن، كازاك بولغانلىقىم ئۈچۈن ئار - نومۇس ۋە ۋىجدانىمنىڭ بۇرچى بويىچە بۇ تەلەپنى ئورۇنلاشتىن باش تارتىشقا مەجبۇر بولدۇم. ۋەتەننىڭ شەنىگە داغ تەككۈزدى، خائىنلىق قىلدى دىگەن بەتنامغا قالغاندىن كۆرە، جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈشنى ئەۋزەل

كۆردۈم. كازاكلار رۇس تۇپرىغىنىڭ مەرت چەۋەندازلىرى! سىز-
لەر،مەن زۆرلۇر تاپقان پەيتتە مەن بىللە ۋەتەننى قۇتقۇ-
زۇشقا ۋەدە بەرگەن ئىدىڭلار. جىددى پەيت يېتىپ كەلدى —
ۋەتەن ئەجەل ئالدىدا تۇرماقتا! مەن ۋاقىتلىق ھۆكۈ-
مەتنىڭ بۇيرۇغىغا بويسۇنمايمەن ھەمدە ئەركىن
روسىيەنى نىجات تاپشۇرۇش يولىدا، بۇ ھۆكۈمەتكە قارشى ۋە
بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ۋەتەننى ساتىدىغان مەسئۇلىيەتسىز مۇشاۋىر-
لىرىغا قارشى ئاتلىنىمەن. كازاكلار، سىزلەر كازاكلارنىڭ تەڭ-
داشسىز شەۋكىتىنىڭ داڭقى - شۆھرىتىنى ساقلاڭلار، بۇنىڭ بى-
لەن سىزلەر ۋەتەننى ۋە ئىنقىلاپ بىلەن قولغا كەلگەن ئەركىن-
لىكنى قۇتقۇزۇپ قالغان بولىسىزلەر. مېنىڭ بۇيرۇقلىرىمنى ئاڭ-
لاڭلار ۋە ئىجرا قىلىڭلار! ماڭا ئەگىشىپ مېڭىڭلار! 1917 - يىل
28 - ئاۋغۇست. ئالى باش قوماندان گېنېرال كورنىلوپ»

قالماقوپ بىر دەم ئۈنچىقماي تۇردى؛ قەغەزنى پۈكلەپ
قاتلىغاندىن كېيىن يەنە ۋاقىراپ سۆزلىدى:
— بولشېۋىكلار بىلەن كېرېنىسكىنىڭ گۇماشتىلىرى بىزنىڭ
قىسىملىرىمىزنىڭ تۆمۈر يول بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىگە توسقۇن-
لۇق قىلماقتا، ئالى باش قوماندانىنىڭ بۇيرۇغى تاپشۇرۇۋېلىن-
دى: مۇبادا قىسىملارنى تۆمۈر يول بىلەن يۆتكەش مۇمكىن بول-
مىغان تەقدىردە، پېتروگرادقا يۈرۈش تەرتىۋى بىلەن بولسىمۇ مې-
ڭىپ كېتىمىز. بۈگۈنلا يولغا چىقىمىز. پويىزدىن چۈشۈشكە تەييار-
لىنىڭلار!
بۇنچۇك قوپال تۇردە ئىككى جەينىگى بىلەن يول ئېچىپ، ئوت-
تۇرىغا يېرىپ كىردى؛ ئوفىتسېرلەرنىڭ توپىغا يېقىن بارماستىن،
خۇددى چوڭ يىغىندا سۆزگە چىققاندەك قاتتىق ئاۋاز بىلەن ۋا-
قىراپ سۆزلىدى:

— كازاك يولداشلار! مېنى سىزلەرگە پېتروگىرادنىڭ ئىشـ
چى - سـولداتلىرى ئەۋەتتى. سىزلـەرنى ئۆز قېرىنداشلىرىڭلارنى
قىرغىن قىلىدىغـان ئۇرۇشقا، ئىنقىلاپنى تـارمار قىـلىشقا ئـېلىپ
بارماقچى بولۇشۇۋاتىدۇ. ئەگەر سىزلەر خەلققە قارشى ئـاتلىنىشنى
خالىساڭلار، ئەگەر پادىشالىق تـۈزۈمىنـى تىكلەشنى خـالىساڭلار،
ئۇ چـاغدا بارساڭلار بېرىۋېرىڭلار! لېكىن پېتروگىرادنىڭ ئىشچى
ھەمسولداتلىرى سىلەرنىڭ ئـۆز قېرىنداشلىرىڭلارنى ئـۆلتـۈرىدىغان
جاللاتقا ئايلىنىشىڭلارغا ئىشەنمەيدۇ. ئۇلار سىلەرگە قېرىنداشلارچە
يالقۇنلۇق سالام يوللايدۇ ۋە سىلەرنىڭ دۈشمەن بولۇپ ئۇتتۇرىغـا
چىقىشىڭلارنى ئەمەس، بەلكى ئىتتىپاقچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىـ
شىڭلارنى كۆرۈشنى خالايدۇ...
ئـۇنىڭ سـۆزىنـى تـۈگىتىــشىـگـە ئـىمكـان بـولمىدى.
قاتتىق ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتىرىلىپ كـەتتى، بۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭلارنىڭ
بورىنى گويا قالماقوپنى بوچكىنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇرۇپ چۈشۈرۈـ
ۋەتكەندەك بولدى. قالماقوپ ئىڭىشىۋېلىپ، تېـز - تېز چامداپ،
بۇنچۇك تەرەپكە ماڭدى؛ بىر نەچچە قەدەم قالغاندا، پاشنىسى بىـ
لەن ئارقىسىغا ئۆرۈلدى.
— كازاكلار، — دېدى ئۇ، — خورۇنجـى بۇنچۇك ئـۆتكەن
يىلى فۇرونتتىن قاچقان — بۇنى سىلەر بىلىسىلەر. خوش، شۇنداق
ئىكەن، بىز ئاشۇ قورقاق، خائىننىڭ سۆزىگە قۇلاق سالامدۇق؟
6 - بۆلۈمنىڭ كوماندىرى، قوشۇن ستارشىـناسى سۇكـىن
گۈلدۈرمامىدەك ياڭراق ئاۋاز بىلەن سۆزلەپ قالماقوپنىڭ ئاۋازىنى
بېسىپ چۈشتى:
— بۇ ھارامزادىنى قولغا ئېلىـش كېرەك! بـىز قـېنىمىزـ
نى تۆكتۇق، ئۇ بولسا ئارقاسەپتە جان ساقلاپ يۈردى!... تۇتۇڭلار
ئۇنى!

— ئۇنى تۇتماي تۇرايلى!

— ئېنى سۆزلەپ باقسۇن!

— بىراۋنىڭ ئاغزىنى يېپىۋېلىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ ئۆز مەقسىدىنى چۈشەندۈرۈپ باقسۇن.

— قولغا ئېلىش كېرەك!

— بىزگە قاچقۇنلارنىڭ لازىمى يوق!

— سۆزلە، بۇنچۇك!

— مىترىچ! ئۇلارنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلا!

— يو - قا - لىسۇن!...

— ئىت ئەمچىگىنى تارتىپ قوي!

— ئەدىۋىنى بەر! ئەدىۋىنى بەر ئۇلارنىڭ، بۇنچۇك! ئۇلارغا يول قويما! يول قويما!

بوچكىنىڭ ئۈستىگە ئىگىز بويلۇق، بېشىدا فۇراژكىسى يوق، چېچى پاكىز قىرىلغان بىر كازاك — پولك ئىنقىلاۋىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى سەكرەپ چىقتى. ئۇ قىزغىن سۆز سۆزلەپ، كازاكلارنى ئىنقىلاپنى تۇنجۇقتۇرغۇچى گېنېرال كورنىلوپقا بويسۇنماسلىققا چاقىردى، خەلققە قارشى ئۇرۇشنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتىنى بايان قىلدى. سۆزىنى بۇنچۇككە قاراپ تۇرۇپ ئاياقلاشتۇردى:

— يولداش بۇنچۇك، بىزنى سىز، ماڭا جانابى ئوفىتسېرلەرگە ئوخشاش نەپرەت بىلەن قارايدۇ، دەپ ئويلاپ قالماڭ. بىز سىزنىڭ كەلگىنىڭىزگە خۇشالمىز ۋە سىزنى خەلقنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ھۆرمەت قىلىمىز، بەنە شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆرمەت قىلىمىزكى، سىز بۇرۇن ئوفىتسېر بولغان بولسىڭىزمۇ، كازاكلارغا جەۋر قىلمىغان ئىدىڭىز، بەلكى بىز بىلەن قېرىنداشلارچە ئىناق ئۆتكەن ئىدىڭىز. بىز سىزدىن قوپال سۆزلەرنى ئاڭلىغىنىمىز يوق، ئەمما سىز بىزنى ئۇقۇمىغان نادان ئادەملەر، ئەدەپ - قائىدىلەرنى چۈشەنمەيدۇ، دەپ

ئۇيلاپ قالماڭ — يۇمشاق سۆزلەرنى ئادەم تۇگۇل، هايۋانمۇ چۈ-
شىنىدۇ. سىزگە باش ئېگىپ تازىم قىلىمىز ۋە پېتىرنىڭ ئىشچى-
سولداتلىرىغا شۇنى يەتكۈزۈپ قويۇشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىمىزكى،
بىز هەرگىز ئۇلارغا قارشى قول كۆتەرمەيمىز!

گۇرۇلدەپ چىققان ماقۇللاش ئاۋازلىرى خۇددى ناغراسادا-
دەك كۆكتەياڭراپ، ئاخىرقى چەككە يەتتى - دە، كېيىن بارا - بارا
پەسىيىپ جىمىپ قالدى.

قالماقوپ قامەتلىك گەۋدىسى بىلەن لىڭشىپ - تەۋرىنىپ،
بوچكىنىڭ ئۈستىگە يەنە چىقتى. قەدىمي دونىنىڭ شان - شۆھ-
رىتى توغرىلىق، كازاكلارنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسى توغرىلىق، ئوفىت-
سېرلەر بىلەن كازاكلارنىڭ بىرلىكتە قان تۆككەنلىگى توغرىلىق،
ئۆلۈكتەك ئاپپاق تاتىرىپ، هاسىراپ - هۆمىدەپ گەپ ساتتى ئۇ.

ئاق سېرىق دىقماققىنا بىر كازاك قالماقوپنىڭ ئورنىغا چى-
قىپ، بۇنچۇكقا قارشى سۆز قىلغان ئىدى، ئۇنىڭ زەهەرلىك سۆ-
زىنى كۆپچىلىك بۆلۈۋەتتى — سۆزلىگۈچىنىڭ قولىدىن تارتىپ
پەسكە چۈشۈرۈۋەتتى. بوچكىنىڭ ئۈستىگە چىكاماسوپ ئىرغىپ
چىقتى. ئۇ ئوتتۇن يارغاندەك قوللىرىنى پۇلاڭشىتىپ، زەردە بىلەن
ۋاقىراپ سۆزلىدى:

— بارمايمىز! پويىزدىن چۈشمەيمىز! تېلېگىرامىدا،
گويا كازاكلار كورنىلوپقا ياردەم بېرىشكە ۋەدە قىلغاندەك يېزىلىپ-
تۇ — بىزدىن كىم سوراپتۇ؟ بىز ئۇنىڭغا ۋەدە بەرگىنىمىز يوق!
كازاكلار ئىتتىپاقى كېڭەشىدىكى ئوفىتسېرلەر ۋەدە بېرىشكەن! ئۇ-
نىڭغا قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ يۈرگەن گېنېرال كرېكوپقۇ — ئاشۇ
ئادەم ياردەم قىلسۇن!...

سۆزگە چىققۇچىلار بارغانسېرى كۆپىيىپ ئالمىشىپ تۇردى.
بۇنچۇك كەڭ پېشانىلىك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇراتتى، گىلدەك

قىزىل يۈزى قارىيىپ كەتتى، بـويۇن ۋە چـېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ
شىددەتلىك سوقۇشقا باشلىدى. مەيداندىكى كەيپىيات تېخىمۇ جىددـ
ىيلەشتى. يـەنە ئـازراقلا ئەقىلسىزلىق ھەركەت بولۇپ قالسا، بـۇ
جىددىيلىك قان تۆكۈلۈشكە سەۋەپ بولىدىغانلىقى سېزىلىپ تۇراتتى.

ئىستانسا تەرەپتىن گارنىزوننىڭ بىر توپ سولداتلىرى كېـ
لىشى بىلەنلا ئوفىتسېرلەر يىغىننى تاشلاپ كېتىشتى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن بۇنچۇكنىڭ قېشىغا دۇگىن ھاسىراپ
يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلدى.

— مىتىرىچ، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟... قالماقوپ بىر ئىشنى
پىلانلاپ يۈرىدۇ. ھازىر پىلىموتلارنى ۋاگوندىن چۈشۈرۈۋاتىدۇ، بىر
ئاتلىق چاپارمەننى نەگىدۇر ئەۋەتىشتى.

— شۇ يەرگە بارايلى. ئۆز يېنىڭغا 20 كازاك ئېلىۋال. چاقـ
قان بول!

پويىز باشلىغىنىڭ ۋاگونى ئالـدىدا قالماقوپ ۋە 3 ئوفىتسېر
ئاتلارغا پىلىموتلارنى يۈكلەۋاتاتـتى. بۇنچۇك ئـەڭ ئالـدىدا يېتىپ
كەلدى ـ دە، كازاكلارغا بىر قاراپ قويۇپ، شىنېلىنىڭيانچۇغىغاقولـ
ىنى سېلىپ، يېپ ـ يـېڭى، پاكىز سۈرتۈلـگەن ئوفىتسېر ناگىنىنى
چىقاردى.

— قالماقوپ، قولغا ئېلىندىڭ! قولۇڭنى كۆتەر!...

قالماقوپ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئىڭىشىۋالدى ـ دە، تاـ
پانچا قېپىغا قول سالدى، ئەمما تاپانچىنى ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى؛
بېشىنىڭ ئۈستىدىن بىر پاي ئوق غۇيۇلـداپ ئۆتتۈپ كەتـتى؛ بۇنـ
چۇك مىلتىق ئوقىنىڭ ئاۋازىدىن بۇرۇنلا دەھشەتـلىك ئاۋاز بىلەن
ۋاقىرىدى:

— قولۇڭنى كۆتەر!...

ئۇنىڭ ناگىنىنىڭ ئاغزى چاپسانلا چوخچىيىپ، تەپكىسى ئاستا

قايرىلىپ، يېرىمغىچە كۆتىرىلگەن ئىدى، قالماقوپ قىسىلغان كۆز-لىرى بىلەن بۇنى كۆزىتىپ تۇرغاندىن كېيىن نائىلاج قولىنى كۆتەر-دى، بارماقلىرىنى قارىسىلدىتىپ قويدى.

ئوفىتسېرلەر ئامالسىز قوراللىرىنى تاپشۇرۇشتى.

— قىلىچلىرىمىزنىمۇ يېشەمدۇق؟ — دەپ ئىھتىرام بىلەن سورىدى ياش خورۇنجى پىلىموتچى.

— ھە - ئە.

كازاكلار ئاتلارغا ئارتىلغان پىلىموتلارنى چۈشۈرۈپ ۋاگونغا كىرگۈزدى.

— مۇنۇلارغا كۆزەتچى قويۇلسۇن، — دېدى بۇنچۇك دۇگىن-غا قاراپ، — قالغانلارنى چىكاماسوپ قولغا ئېلىپ، مەشەگە ئېلىپ كەلسۇن. ئاڭلىدىڭمۇ، چىكاماسوپ؟ قالماقوپنى سەن بىلەن ئىككى-مىز گارنىزون ئىنقىلاۋىي كومىتېتىغا ئېلىپبارىمىز. ياساۋۇل قالما-قوپ، سىز ئالدىمىزدا مېڭىڭ.

— ئەپچىل ئىش بولدى! ئەپچىل ئىش بولدى! — ئوفىت-سېرلەرنىڭ بىرى ۋاگونغا سەكرەپ چىقىپ، يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان بۇنچۇك، دۇگىن ۋە قالماقوپلارنىڭ ئارقىسىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ، زوقلىنىش بىلەن ۋاقىرىدى.

— جاناپلار، ئۆيات بولدى، جاناپلار! بىز باللارنىڭ قىلى-غىنى قىلدۇق! بۇ هارامزادىنى ئۆز ۋاقتىدا شارت - شۇرتلائۇرۇپ، ئەدىۋىنى بېرىش ھېچقايسىمىزنىڭ ئەقلىگە كەلمەپتۇ! ئۇ قالماقوپ-قا تاپانچا تەڭلىگەندە، كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالغان بولساق، ئىشى تامام بولغان بولاتتى! — قوشۇن ستارشىناسى سۇگىن غەزەپ بى-لەن ئوفىتسېرلەرگە قارىدى، قوللىرى تىترەپ، تاماكا قۇتىسىدىن پاپىروسنى ئۈزاقتا ئالدى.

— ئۇلار ساق بىر ۋىزۋوت ئادەم ئەمەسمۇ،... ئوق چىقارغان

بولسا، — خورۇنجى پىلىموتچى ئەيىپكارارچە ئەسكەرتىپ قويدى.

ئوفىتسېرلەر ئۈنچىقماستىن تاماكا چېكىشتى. ئاندا - ساندا بىر بىرىگە قاراپ قويۇشاتتى. بۇ ئىشلارنىڭ شۇنچە تېز يۈز بەرگەنلىكىگە ھەممىسى ھەيران بولۇشتى.

قالماقوپ قاپ - قارا بۇرۇتىنىڭ ئۇچىنى چىشلەپ، بىر ئاز ۋاقىت ئۈنچىقماي ماڭدى. ئۇنىڭ سۆڭگى تومپىيىپ تۇرغان سول ياڭىقى كاچات يېگەندەك قىزارغان ئىدى. يولدا ئۇچراشقان ئاھالىلەر ھەيران بولۇپ قارىشاتتى، مېڭىشتىن توختاپ، ئۆز ئارا پىچىرلىشاتتى. ناۋرۇزنىڭ كەچ كىرىش ئالدىدىكى بۇلۇتلۇق ئاسمىنى قاپىغىنى تۈرگەن، يوللاردا قېيىن دەرەخنىڭ ياپراقلىرى قىپ - قىزىل ئالتۇندەك يەرنى قاپلىغان بولۇپ، ئاۋغۇست ئېيى چىقىپ كېتەشىدە بۇ ياپراقلارنى قېقىپ چۈشۈرگەن. چېركاۋنىڭ يېشىل گۈمبىزىنىڭ ئۈستىدىن قارا قاغىلار ئۇچۇپ ئۆتۈشەتتى. ئىستانسىنىڭ نېرىسىدا، قاراڭغۇلۇق قاپلىغان دالىنىڭ چېتىدە سالقىن تۈن ئىتەك يايغان، ناۋرۇزدىن تاكى پىسكوف، لۇگاغىچە بولغان ئارىلىقتا بوز ئاسماندا قوغۇشۇندەك پاقىراق تۇس ئالغان پارچە - پۇرات ئاخشام بۇلۇتلىرى يولنى يۈتتۈرۈپ قويغاندەك ھېلىغىچە كېزىپ يۈرەتتى؛ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان چېگرىدىن ئۆتكەندە، كەچ قاراڭغۇلىشىپ بۇ بۇلۇتلارنى بىر ياققا سىقىپ قويدى.

ئىستانسىنىڭ ئالدىدا قالماقوپ شارتلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، بۈنچۈكنىڭ يۈزىگە بىرنى تۈكۈردى.

— ئەبلە - خ! ...

بۈنچۈك تۈكۈرۈكتىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، لېپپىدە قېشىنى كۆتەردى، يانچۇغىغا سىپىلاپ كىرىپ كېتىۋاتقان ئوڭ قولىنىڭ بېغىشىنى سول قول بىلەن بىرھازاغىچە مەھكەم سىقىمدىۋالدى.

— ماڭ! ...، — دېگەن سۆز ئارانلا ئاغزىدىن چىقتى.

قالماقوپ، ئاغزىغا كەلگەننى تىللاپ، ئەسكى سۆزلەر بىلەن تۈكۈرۈگىنى چاچرىتىپ ماڭدى.

— سەن ساتقىن! خائىن! سەن بۇنىڭ ئۈچۈن جازايىڭنى تارتىسەن! — ئۇ بىردەم ـ بىردەم توختاپ، بۇنچۇكقا ھەملە قىلىپ ۋاقىرايتتى.

— ماڭ! ماڭ دەيمەن ...، — دەيتتى بۇنچۇك ھەر قېتىمدا.

شۇنىڭ بىلەن قالماقوپ مۇشتۇمىنى تۈگۈپ، يەنە جايىدىن قوزغىلاتتى ـ دە، دەرمانى قۇرىغان ئاتتەك لوكىلداپ ماڭاتتى. ئۇلار ئاسوس جايلاشقان ئۆيگە يېتىپ كېلىشتى. قالماقوپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ۋاقىرىدى:

— سىلەر پارتىيە ئەمەس، جەمىيەتتىكى سېسىق چۈپرەندىلەرنىڭ گۇرۇھى! سىلەرگە كىم رەھبەرلىك قىلىدۇ؟ — نېمىسلارنىڭ باش ئىشتاۋى! بول ـ شېۋىك ـ لار ... ھا ـ ھا ـ ھا! ئۆلۈمتۈكلەر! سىلەرنىڭ پارتىيەڭلارنى، ئاشۇ قاسىرىقلارنى ... سېتىۋالماقتا، خۇددى بىر ... مۇتىھەملەر! مۇتىھەملەر ... ۋەتەننى ساتتىڭلار!... مەن ھەممەڭلارنى بىر تال تۇسما ياغاچقا ... ئو ـ و ـ و ـ و! پۇرسەت كېلىدۇ! ... سىلەرنىڭ لېنىن روسىيىنى 30 نېمىس ماركىغا ساتتى ئەمەسمۇ؟! ... مىليوننى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ، يوشۇرۇندى ...

— تامنىڭ قېشىغا بېرىپ توختا! — دەپ بۇيرۇق قىلدى بۇنچۇك ئاۋازىنى سوزۇپ.

دۇگىن چۆچۈپ سارامسىمىگە چۈشۈپ قالدى.

— ئىلىيە مىترىچ، توختاپ تۇر! نىمە قىلاي دەيسەن توختا! ...

قەھرى ـ غەزەپتىن چىرايى بۇزۇلۇپ، يۈزى قارىيىپ كەتكەن بۇنچۇك، قالماقوپنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، چىكىسىگە قاس

قىلىپ بىرنى سالدى. قالماقوپنىڭ بېشىدىن ئۇچۇپ چۈشكەن فۇراژكىسىنى دەسسەپ چەيلىۋەتتى، ئۆزىنى ناسوس بىناسىنىڭ قاراڭغۇ خىش تېمىنىڭ قېشىغا سۆرەپ ئېلىپ كەلدى.

— ئاشۇنداق تۇر!

— نىمە قىلماقچىسەن؟!... سەن! ... ھەددىڭ ئەمەس! ... قولۇڭنى يىغىشتۇر! ...، — قالماقوپ قارشىلىق كۆرسىتىپ، كالدىرلىدى.

ئۇ ناسوس بىناسىنىڭ تېمىغا ئارقىچە گۈپپىدە ئۆرۈلۈپ تىك تۇرۇپ قالدى - دە، ئەمدى چۈشەندى:

— ئۆلتۈرمەكچىمۇسەن؟

بۇنچۇك ئىڭىشىپ تۇرۇپ، يانچۇغىنىڭ ئەستىرىگە ئىلىنىپ قالغان تاپانچىسىنى ئالدىراش يۇلۇپ ئالدى.

قالماقوپ شىنېلىنىڭ ھەممە تۈگمىلىرىنى تېز - تېز ئېتىپ، بىر قەدەم ئالغا چامدىدى.

— ئات، ئىتنىڭ بالىسى! ئات! رۇس ئوفىتسېرلىرىنىڭ قانداق ئۆلۈشىنى بىلىدىغانلىغىنى كۆرۈپ قوي! ... مەن ئۆلۈم ئالدىدا ...

ئوق ئۇنىڭ ئاغزىغا تەگدى. ناسوس بىناسىنىڭ ئارقىسىدىن، پەلەمپەي شەكلىدىكى ئىگىزلىككە ئۆرلەپ، ۋىژىلداپ ئۆتكەن ئاۋاز ئاڭلاندى. قالماقوپ سول قولى بىلەن بېشىنى تۇتۇپ 2 - قەدەمدە دەلدەڭشىپ پۇلاڭشىدا يىقىلدى. گەۋدىسى يادەك ئېگىلىپ، قانغا مىلەنگەن قاپ - قارا چىشلىرىنى مەيدىسىگە تۈكۈرۈپ تاشلىدى، تىلىنى تاتلىق تامشىپ شۈمۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ دۈمبىسى سەل رۇسلىنىپ، ھۆل شىغىل تاشقا قىيشايغاندا، بۇنچۇك يەنە بىر قېتىم ئاتتى. قالماقوپ تىترەپ، يانغا ئۆرۈلدى - دە، ئۇخلاۋاتقان قۇشتەك، بېشىنى قولتۇغىغا تىقىپ، قىسقىلا بىر ئىڭرىدى.

دەسلەپكى 4 كوچا ئاغزىدا دۈگىن بۈنچۈكنى قوغلاپ يەتتى.
— مىترىچ ... بۇ نىمە قىلىغىڭ، مىترىچ؟... نىمىشكە سەن ئۇنى ئاتتىڭ؟
بۈنچۈك، دۈگىنىنىڭ مۈرىسىنى قىسىپ تۇتۇپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە پولات بىگىزدەك نەزىرىنى قاداپ، ئاجايىپ خاتىرجەم، ئاستا ئاۋاز بىلەن:
— ئۇلار بىزنى ئۆلتۈرىدۇ ياكى بىز ئۇلارنى ئۆلتۈرىمىز!... ئوتتۇرا يول يوق. قانغا - قان، كىم - كىمنى... چۈشەندىڭمۇ؟ قالماقوپتەك ئادەملەرنى يوقىتىش كېرەك، زەھەرلىك يىلاندەك يەنچىپ تاشلاش لازىم. كىمكى ئاشۇنداقلارغا ئىچ ئاغرىتىپ شالىنى ئېقىتسا، ئۇنداقلارنىمۇ ئېتىپ تاشلاش كېرەك ... چۈشەندىڭمۇ؟ نىمىشكە شالىڭنى ئېقىتىسەن؟ ئاغزىڭنى يۇم! رەھىمسىز بول! ئەگەر ھاكىمىيەت قالماقوپنىڭ قولىدا بولغان بولسا، تاماكىسىنى چىشلەپ تۇرۇپ، بىزنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن بولاتتى. سەن بولساڭ... ھەي ئاغزىدىن شالى قۇرىمايدىغان! — دىدى.
دۈگىنىنىڭ بېشى ئۇزاققىچە تىترىدى، ئاندا - ساندا چىشلىرى غۇچۇرلىدى. نىمىشكىدۇ كونىراپ كېپەك رەڭگە كىرگەن ئۆتۈك ئىچىدە يوغان پۇتلىرى ھېچ قولاشماي كەتتى.
ئۇلار ئىنسى - جىن يوق تاركوچىدا ئۈنچىقماي مېڭىشتى. بۈنچۈك ئاندا - ساندا ئارقىسىغا قاراپ قوياتتى. شەرققە سىلجىپ كېتىۋاتقان قارا بۇلۇت ئۇلارنىڭ بېشى ئۈستىدىلا قاراڭغۇلۇقتا كۆپۈكلىنەتتى. ئاۋغۇست ئاسمىنىنىڭ ئۇششاق پارچە بۇلۇتلىرى ئارىلىقلىرىدىكى يورۇقلۇقتىن كېچە ياققان يامغۇر بىلەن يۇيۇنغان پۇچۇق ئاي يېشىل ئالىغاي كۆزى بىلەن پەسكەقارايتتى. يېقىن يەردىكى 4 كوچىنىڭ ئاغزىدا بىر سولدات بىلەن يەلكىسىگە ئاق رومال سالغان بىر ئايال بىر بىرىگە مەھكەم يېپىشىپ تۇراتتى.

سولدات ئايالنى ئۆزىگە تارتىپ، قۇچاغلاپ، بىر نىمىلەرنى پىچىرلايتتى، ئايال بولسا ئۇنىڭ كۆكرىگىگە قولىنى تىرەپ، بېشىنى ئارقىغا تاشلاپ، دۇدۇققان ئاۋاز بىلەن: «ئىشەنمىيمەن! ئىشەنمەيمەن!» — دەيتتى - دە، ئارقىدىنلا پەس ئاۋاز بىلەن پىسىڭشىدە كۈلەتتى.

## 18

كېرېنسكى تەرەپتىن پېتروگرادقا چاقىرتىپ كېلىنگەن گېنېرال كېرىموپ 31 - ئاۋغۇست كۈنى بۇ يەردە ئۆزىنى ئۆزى ئېتىپ ئۆلتۈردى.

كېرىموپ ئارمىيىسىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىگى بىلەن قىسىم كوماندىرلىرى كەچۈرۈم سوراش ئۈچۈن قىشلىق سارايغا ئاققىلى تۇردى. يېقىندىلا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا ئاتلانغان كىشىلەر ئەمدىلىكتە مۇلايىملىق بىلەن قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ساداقەت بىلەن بويسۇنىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشەتتى. مەنىۋى جەھەتتىن بىتچىت بولۇپ كەتكەن كېرىموپ ئارمىيىسى تېخىچە جان تالىشىۋاتاتتى، بىر بۆلۈك قىسىملىرى كونا پېتىچە ئاستا پېتروگرادقا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتاتتى، ئەمما بۇ ھەركەتنىڭ ئەمدى ھېچقانداق مەنىسى قالمىغان، چۈنكى كورنىلوپنىڭ ئىغۋاسى خاتىمە بېرىلىشكە ئاز قالغان ئىدى، ئەكسىيەتچىلىكنىڭ بىر مەھەل بېنگال ئوتىدەك چاراسلاپ يالقۇنجىشى ئۆچۈشكە باشلىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن جۇمھۇرىيەتنىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمدارى — دۇرۇست، شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ئىششىپ كەتكەن گۆشلۈك يۈزى ساراسىمدىن

سولغان ئىدى — قونجۇلۇق تارتىۋالغان ئىككى پاچىغىنى ناپالېيونچە-
تىترىتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ نۆۋەتتىكى مەجلىسىدە «سىياسى ۋەزىيەت-
نىڭ پۈتۈنلەي تۇراقلىشىشى» توغرىلىق گەپ ساتقان ئىدى.

كېرىموپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتىن بىركۈن بۇرۇن پادىشاپەرەس
گېنېرال ئالېكسىيېۋ ئالى باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەن-
گەنلىك توغرىلىق بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالغان ئىدى. مۇئامىلىسى يۇمشاق،
مىجەزى نازۇك ئالېكسىيېۋ ئۆز مەۋقەئىنىڭ پۈتۈنلەي كۆرۈمسىز، مۇ-
جىمەل ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، دەسلىۋىدە بۇ ۋەزىپىنى قەتئى رەت
قىلدى، ئەمما كېيىن قوبۇل قىلىۋالدى، بۇنىڭدىكى بىردىن بىر
ئارزۇسى كورنىلوپنىڭ قىسمىتىنى، شۇنىڭدەك ھۆكۈمەتكە قارشى
توپىلاڭ ئۇيۇشتۇرۇشقا قاتنىشىپ قالغان ئادەملەرنىڭ تەقدىرىنى
يېنىكلىتىش ئىدى.

31 - كۈنى، ئۇ يول ئۈستىدە بىۋاستە تېلېفون ئارقىلىق بار-
گاھ بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۆزىنىڭ مۇشۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلىك-
گە ۋە بارگاھقا بېرىشىغا كورنىلوپنىڭ قانداق قارايدىغانلىقىنى بى-
لىشكە تىرىشتى. كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان سۆزلىشىش بىردەم - بىر-
دەم ئۈزۈلۈپ تاكى يېرىم كېچىگە يېقىن سوزۇلدى.

دەل شۇ كۈنى كورنىلوپ ھوزۇرىدا ئىشتات ئەمەلدارلىرىنىڭ
ۋە كورنىلوپقا يېقىن بولغان ئادەملەرنىڭ كېڭەشمىسى ئۆتكۈزۈل-
گەن ئىدى. كورنىلوپ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە قارشى كۈرەشنى داۋام-
لاشتۇرۇش ئەقىلگە مۇۋاپىقمۇ - ئەمەسمۇ دەپ سوئال قويغاندا، كې-
ڭەشكە قاتناشقانلارنىڭ كۆپچىلىكى كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇش تەرەپ-
دارى بولۇپ پىكىر بىلدۈرۈشتى.

— ئالېكساندىر سېرگېيېۋىچ، پىكىر بىلدۈرۈشكىنىزنى سورايمەن، —
دىدى كورنىلوپ پۈتۈن كېڭەش داۋامىدا ئۈنچىقماي ئولتۇرغان لو-
كومىسكىگە قاراپ.

لۇكومىسكى ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن ئۆزئارا[1] سوقۇشۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا قارشى ۋەزمىسن، ئەمما جىددى ئىپادە بىلەن ئېتىراز بىلدۈردى.

— تەسلىم بولامدۇق؟ — دەپ سورىدى كورنىلوپ ئۇنىڭ سۆزىنى چورتلا كېسىپ.

لۇكومىسكى مۈرىسىنى قىستى:

— خۇلاسىلەر ئۆز ئۆزىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

سۆھبەت يەنە يېرىم سائەت داۋام قىلدى. كورنىلوپ ئۈنچىقمايتتى. ئېھتىمال، ئۇ زورتىرىشچانلىق بىلەن ئۆزىنى ئاران بېسىپ ئولتۇرسا كېرەك. كېچەشنى پاتلا تارىتىشۋەتتى، بىرسائەتتىن كېيىن لۇكومىسكىنى قېشىغا چاقىرتتى.

— سىزنىڭ دىگىنىڭىز توغرا، ئالېكساندىرسېر گېيېۋىچ! — دىدى كورنىلوپ بارماقلىرىنى قارسىلدىتىپ، گويا كۆل سېپىپ قويغاندەك خىرە كۆزلىرىنى نەگىدۇ تىكىپ، ھارغىن ھالدا، — بۇندىن كېيىن داۋاملىق قارشىلىق كۆرسىتىش ھەم ئەخمەقلىق، ھەم جىنايەتلىك ئىش بولاتتى.

بارماقلىرىنى ئۇزاققىچە تاكىلدىتىپ، نىمىگىدۇ قۇلاق سالدى — ئېھتىمال، ئۆز ئۆي - پىكىرلىرىنىڭ چاشقاندەك تىپىر - چىلىغىنىغا قۇلاق سالغاندۇ؛ بىردەم سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن سورىدى:

— مىخائىل ۋاسىلىيېۋىچ قاچان كېلىدۇ؟

— ئەتە.

1 - سېنتەبىركۈنى ئالېكسىيېۋ كەلدى، شۈكۈنى كەچقۇرۇن، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇغى بويىچە ئۇ كورنىلوپنى، لۇكومىسكىنى ۋە رومانوۋىسكىنى قولغا ئالدى. قولغا ئېلىنغانلارنى «مېتروپول» مېھمانخانىسىغا يوللاش ئالدىدا — بۇمېھمانخانىدا

ئۇلار تەزەربەنت ئاستىدا تۇتۇپ تۇرۇشقا تېگىشلىك ئىدى — ئالېكسېيېۋ 20 مىنۇت جەريانىدا كورنىلوپ بىلەن كۆز ئۇرۇشتۇرۇش ئارقىلىق بىر نەرسە توغرىلىق مۇقىلدىشىۋالدى؛ ئۇنىڭ خانىسىدىن دىيەرلىك ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان دەرىجىدە چوڭقۇر ئىزتىراپقا چۈشكەن هالدا قايتىپ چىقتى. رومانوۋسكى كورنىلوپنىڭ قېشىغا كىرمەكچى بولۇۋىدى، بىراق بۇنىڭ خوتۇنى ئۇنى توختىتىپ قويدى.

— ئەپۇ قىلىڭ! لاۋىر گېئورگىيېۋىچ ئۆزىنىڭ قېشىغا هېچكىمنى كىرگۈزمەسلىكنى تاپىلىغان ئىدى.

رومانوۋسكى بۇ ئايالنىڭ پەرىشان چېھرىسىگە لىپ قىلىپ قاراپ قويدى - دە، هاياجاندىن كۆزلىرى پىلدىرلاپ ئىككى مەگزى قارىداپ نېرىگە ئۆتۈپ كەتتى.

ئەتىسى بىردىنچېفتا غەربىي جەنۇپ فورونتىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال دېنىكىن، ئۇنىڭ ئىشتاپ باشلىقى — گېنېرال ماركوپ، گېنېرال ۋاننوۋسكى ۋە مەخسۇس ئارمىيە قوماندانى گېنېرال ئېردېلى قولغا ئېلىندى.

بىخوفتا. قىزلار گىمنازىيىسىدە تارىخ تەرەپتىن چەكلەنگەن كورنىلوپ ھەركىتى شەرمەندىلەرچە ئاياقلاشتى؛ ئاياقلاشتى - يۇ، ئورنىغا يېڭىسى تۇغۇلدى: كەلگۈسىدىكى ئىچكى ئۇرۇش پىلانلىرىنىڭ ئۇرۇقلىرى ۋە ئىنقىلاپقا قارشى كەڭ قانات يايغان فورونتىنىڭ ھۇجۇمىنىڭ ئاساسىي بىخلىرى باشقا يەردە ئەمەس، نەق مەشەدە مەيدانغا كەلمىدىمۇ؟

## 19

ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە، قاق سەھەردە، ياساۋۇل لىستىنىتىنسكى، پولك كوماندىرىدىن — بۆلۈنمىنى باشلاپ، پىيادە سەپ بولۇپ، شاھ سارىيى مەيدانىغا يېتىپ كەل دىگەن بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالدى.

ۋاخمىستىرغا بۇيرۇق بېرىپ، لىستىنىتىنسكى ئالدىراش كىيىمىنى كىيدى.

ئوفىتسېرلەر ئەسنىشىپ، غۇدۇڭشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

— نەدىن چىقتى بۇ ئىش؟

— بولشېۋىكلاردىن!

— جاناپلار، مېنىڭ ئوقلىرىمنى كىم ئالدى؟

— نەگە يولغا چىقىدىكەنمىز؟

— قولاق سېلىڭلار، ئوق ئېتىشىۋاتامدۇ - نىمە؟

— نەدە ئوق ئاتسۇن؟ قولىغىڭلار گومۇش بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ!

ئوفىتسېرلەر ھويلىغا چىقىشتى. بۆلۈنمە ۋىزۋوت - ۋىزۋوت بويىچە سەپ بولۇپ تىزىلدى. لىستىنىتىنسكى تېز مارش بىلەن كازاكلارنى ھويلىدىن ئېلىپ چىقتى. نېۋىسكى كوچىسىدا ئىنسى - جىن يوق ئىدى. نەدىدۇ بىر يەردە راست دىگەندەك يەككە - يەككە ئوق ئېتىلىۋاتاتتى. پادىشا سارىيى مەيدانىدا بىر برونېۋىك چارلاش

ئېلىپ بېرىۋاتاتتى، يۈنكېرلەر گۈزەت قىلىپ يۈرەتتى. كوچىلار چۆلدەكلا جىمجىت ئىدى. قىشلىق سارايىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا كازاكلارنى يۈنكېرلەرنىڭ ئالاھىدە بىر گۇرۇپپىسى بىلەن 4 - بۆلۈمنىڭ كازاك ئوفىتسېرلىرى قارشى ئالدى. شۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسى، بۆلۈمنىڭ كوماندىرى لىستنىتسكىنى بىر چەتكە چاقىرىپ سورىدى:

— پۈتۈن بۆلۈمنى سىز بىلەن بىللە كەلدىمۇ؟

- ھە - ئە، قانداق؟

— 2 -، 5 - ۋە 6 - بۆلۈمنى كەلمىدى، باش تارتتى، ئەمما پىلىموت كوماندىسى بىز بىلەن بىللە. كازاكلار قانداق؟

لىستنىتسكى قولىنى قىسقىلاشلىتاپ قويىدى.

— ياخشى! 1 - ۋە 4 - پولكلارچۇ؟

— بۇ 2 پولىك يوق. ئۇلارمۇ يولغا چىقمايدىكەن. بىلەمسىز، بۈگۈن بولشېۋىكلار ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، دېيىشىدىغۇ؟ نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى كىم بىلسۇن!— ئوفىتسېر غەمكىن ھالدا خۇرسىنىپ قويدى،— بۇ قالايمىقانچىلىقلاردىن سالامەت چىقىپ، دونغا قايتالىغان بولساق كاشكى...

لىستنىتسكى بۆلۈمنى ھويلىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىردى. كازاكلار مىلتىقلىرىنى تۆتتىن - بەشتىن بىر - بىرىگە يۆلەپ تىكلەپ، مەيداندەك كەڭ ئازادە ھويلىغا تارىشىپ كەتتى. ئوفىتسېرلەر چەتتىكى بىر بىناغا يىغىلىپ، تاماكا چېكىشتى، پاراڭغا چۈشتى.

بىر سائەتتىن كېيىن يۈنكېرلەر پولكى بىلەن ئاياللار باتالىيونى كېلىشتى. يۈنكېرلەر سارايىنىڭ ئالدىنقى چوڭ دەھلىزىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۇ يەرگە پىلىموتلىرىنى سۆرەپ ئېلىپ

كېلىشتى. ئايال زەربىدارلار①هويلىنىڭ ئىچىگە توپلاشتى. سەنتىرەك-لەپ يۈرگەن كازاكلار ئۇلارنىڭ قېشىغا يېقىن بېرىپ، قاملاشمىغان چاخچاقلارنى قىلىشتى. كالتا شىنېل كىيگەن پاكىنەك بىر ئايالنىڭ دۈمبىسىگە ئورەدىنىڭ ئارجانوپ بىر شاپىلاق ئۇرۇپ قويدى.

— هاماچا، ئۆيدە بالا تۇغۇپ چوڭ قىلساڭچۇ. ئەر كىشى-لەرنىڭ ئىشىنى قىلىپ يۈرگىنىڭنى قارا.

— ئۆزەڭ تۇغ!— دەپ گورۇڭلىدى ئاچچىغى يامان«هاماچا» يوغان ئاۋاز بىلەن.

— سۆيۈملۈكلىرىم! سىلەرمۇ بىز بىلەن بىللە بولامسىلە-ر؟— دەپ ئايال سولداتلار بىلەن چېقىشىپ قويدى كونا دىنغا ئىشىنى-دىغان خوتۇنپەرەس تيۇكوۋنوپ.

— ئۇلارنىڭ ئەدىۋىنى بېرىش كېرەك. لۈكچەك!

— ئەركە نايناق جەڭچىلەر!

— ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇشسىچۇ! ئۇلارنىڭ كېرەك بولۇپ قالغى-نىنى قارىمامدىغان!

— ئىپتىدائى جەمىيەتتىكى قوش ئېغىز مىلتىقلار!

— ئالدىدىن قارىساڭ —سولدات،ئارقىدىن قارىساڭ — پوپ-مۇ، باشقا نىمىمۇ، ئۇنى شەيتان بىلسۇن... ئادەمنىڭ تۈكۈرگىسى كېلىدۇ!

— هەي، زەربىدار! ئورۇندۇغۇڭنى نېرى تارت، ئۇنداق بول-مىغاندا قونداق بىلەن سالىمەن!

كازاكلار ئاياللارغا قاراپ، قاقاقلاشتى، كۆڭلىنى خوش قى-لىشتى. ئەمما چۈشكە يېقىن شات - خوراملىقىدىن ئەسەر قالمىدى. ئايال زەربىدارلار ۋىزۋوتلارغا بۆلۈنۈپ، مەيداندىن يوغان قارىغاي

① ئايال زەربىدارلار — بۇ يەردە ئايال زەربىدار باتالىيونى («ئەجەل باتالىيونى») نىڭ سولداتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

دەرەخلەرنىڭ غوللىرىنى تۆشۈپ، دەرۋازا ئالدىغا بارغاندا ياساشقا كىرىشتى. يارىشملىق شىنېلغا كىيىنگەن، گېئورگى مېدالى تاقىغان ئەركىشى پېچىمىدىكى گەۋدىلىك بىر ئايال ئۇلارغا بۇيرۇق بېرىپ يۈرەتتى. مەيداندىن پات - پات بىرونېۋىك ئۇۋتۇشكە باشلىدى، يوڭكىرلەر سارايغا مىلتىق ئوقلىرى ۋە پىلىموت لېنتىلىرى قاچىلانغان قول ساندۇقلىرىنى ئېلىپ كىرىشتى.

— قېنى كەنتداشلار، بەردەم بولۇڭلار!

— دىمەك، جەڭ قىلىدىغان ئوخشىمامدۇق؟

— سەن قانداق ئويلىغان ئىدىڭ؟ سېنى بۇ يەرگە ئايال زەربىدارلارغا ئويۇن - چاخچاق قىلسۇن دەپ ئېلىپ كېلىشكەنمىدى؟

لاگوتىنىڭ قېشىغا بىر يۈرتلۇقلار — بۇكانوفلىقلار بىلەن سىلاشېفلىقلار يىغىلىشتى. ئۇلار بىر نەرسە توغرىلىق مەسلىھەتلىشىپ، بىر ئورۇندىن يەنە بىر ئورۇنغا يۆتكىلىشتى. ئوفتسېرلەر نەگىدۇ غايىپ بولۇشقان ئىدى. هويلىدا كازاكلار بىلەن ئايال زەربىدارلاردىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. دەرۋازىنىڭ دەل ئالدىدا پىلىموتچىلار تاشلاپ كەتكەن پىلىموتلار تۇراتتى، ئۇلارنىڭ قالقانلىرى خىرە پاقىراپ كۆرۈنەتتى.

كەچكە يېقىن ئۇششاق يامغۇر تامچىلاشقا باشلىدى. كازاكلار غۇلغۇلا قىلىشتى.

— شۇمۇ تەرتىپ بولدىمۇ: ھەيدەپ ئېلىپ كېلىپ، ھويلىغا ئاش - تاماقسىز قاماپ قويۇشتىغۇ؟!

— لىستنىتسكىنى تېپىش كېرەك.

— ئىزلەپ باق! ئۇ سارايدا، يوڭكىرلەر بولسا بىزنىڭ ئادەمنى ئۇ يەرگە كىرگۈزمەيدۇ.

— تاماق ھارۋىسىغا ئادەم ئەۋەتىش لازىم — بۇ يەرگە باشلاپ كەلسۇن.

تاماق هارۋىسى ئۈچۈن 2 كازاكنى يولغا سېلىشتى.

— مىلتىقسىز بېرىڭلار، بولمىسا قورالسىزلاندۇرىمىز، — دەپ مەسلىھەت بەردى لاگوتىن.

تاماقنى 2 سائەت كۈتۈشتى. نە تاماق، نە ئەۋەتىلگەن ئادەملەردىن دېرەك يوق ئىدى. كېيىن مەلۇم بولدىكى، ھويلىدىن چىققان تاماق ھارۋىسىنى سېمېنوپ پولكىنىڭ سولداتلىرى قايتۇرۇۋېتىپتۇ. قاراڭغۇ چۈشۈش ئالدىدا دەرۋازىنىڭ قېشىدا توپلىنىشىپ تۇرغان زەربىدار ئاياللار ئۆزۈنىسىغا زەنجىرسىمان قېلىن سەپ تۈزدى؛ ياغاچ توساقنىڭ ئاستىدا يېتىپ، مەيداننىڭ ئۈستىدىن ئاشۇرۇپ، نەگىدۇ ئوق ئېتىشقا باشلىدى. كازاكلار ئېتىشقا قاتناشمىدى. تاماكا چېكىپ، ئىچ پۇشۇغىنى چىقىرىشتى. لاگوتىن بۆلۈمنى تامنىڭ قېشىغا يىغدى - دە، سارايىنىڭ دەرىزىلىرىگە ئېھتىيات بىلەن قاراپ سۆز باشلىدى:

— گەپ مۇنداق، كەنتداشلار! بىزنىڭ بۇ يەردە قىلىدىغان ئىشىمىز يوق، كېتىش كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا بىكارلا جاپا چېكىمىز. سارايىنى ئوققا تۇتۇشقا باشلايدۇ، بۇ يەردە بىزگە نېمە بار؟ ئوفىتسېرلەر — ئىزسىز يوقىلىپ كەتتى ... بىز قاغىش تەككەن ئادەملەرمىدۇق، بىز بۇ يەردە ھالاك بولۇشىمىز كېرەكمۇ؟ يۇرۇڭلار ئۆيگە، بۇ يەردە تام سىيلاپ تۇرغاننىڭ پايدىسى يوق! ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت بولسا ... ئۇنىڭ بىزگە ھېچ كېرىكى يوق! قانداق دەيسىلەر، كەنتداشلار؟

— ھويلىدىن چىقساق، قىزىل گۋاردىيىچىلار پىلىموت بىلەن بىزنى ئۆزۈمىدەك تۆكۈشكە باشلايدۇ.

— باشلىرىڭنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ.

— ئۇنداق بولماس...

— ئۇنداق بولسا سىناپ كۆرۈڭلار!

— ياق، بىز ئاخىرغىچە ئولتۇرىمىز.

— بىزنىڭ ئىشىمىز موزايدەكلا — يەم - خەشەكنى يەپ بولساقلا، قوراغا سولىنىۋېتىدۇ.

— باشقىلار نېمە قىلسا - قىلسۇن، بىزنىڭ ۋىزۋوت كېتىدۇ!

— بىزمۇ كېتىمىز!

— بولشېۋىكلارغا ئادەم ئەۋەتىش كېرەك — ئۇلار بىزگە تەگمىسۇن، بىزمۇ ئۇلارغا تەگمەيمىز.

بۇلارنىڭ قېشىغا 1 - ۋە 4 - بۆلۈمنىڭ كازاكلىرى كەلدى. مەسلىھەت ئۇزاققا سوزۇلمىدى. ھەر بىر بۆلۈمدىن بىردىن ئادەم سايلىنىپ، 3 كازاك دەرۋازىدىن چىقىشتى، ئارىدىن بىر سائەت ئۆتكەچ، ئۇلار 3 ماتروسنى باشلاپ قايتىپ كېلىشتى. ماتروسلار دەرۋازا ئالدىدىكى دىڭگەك ياغاچلاردىن ئاتلاپ ئۆتۈشتى - دە، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن مېڭىپ، كازاكلارنىڭ قېشىغا كېلىپ سالاملاشتى. ئۇلارنىڭ بىرسى قارا بۇرۇت، كېلىشكەن يىگىت بولۇپ، ئۈستىگە كىيگەن كالتە كەمزۇلىنىڭ ئالدى ئېچىۋېتىلگەن، بېشىدىكى شەپكىسى گەجگىسىگە سۈرۈپ قويۇلغان ئىدى، ئۇ قىسىلىپ يۈرۈپ، كازاكلار توپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىردى.

— كازاك يولداشلار! بىز — ئىنقىلاۋىي بالتىق فلوتىنىڭ ۋەكىللىرىمىز، بىز سىلەرنى قىشلىق سارايدىن كېتىشكە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن كەلدۇق. سىلەرگە ئۆزەڭلارغا يات بۇرژۇئا ھۆكۈمىتىنى قوغداشنىڭ ھېچ كېرىكى يوق، ئۇنى بۇرژۇئا بالىلىرى — يۇنكېرلەر قوغدىسۇن. بىرمۇ سولدات ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنى قوغداشقا

ئـاتـلانغىنى يـوق، سىلەرنىڭ قـېرىنداشلىرىڭلار — 1 - ۋە 4 - پولكنىڭ كازاكلىرىمۇ — بىزگە قوشۇلدى. بىز بـىلەن مـېڭىشنى خالىغانلار سول تەرەپكە ئۆتۈڭلار!

— توختاپ تۇر، ئىنىم! — 1 - بۆلۈمنىڭ جـەسۇر ئـوـ رەدنىكى ئالدىغا چىقتى، — بـارىمىز — مەمنۇنىيەت بىلەن بارىـ مىز ... قىزىـل گـۋاردىيچىلەر بىزنىـڭ بىتچىتىمىزنى چىـقارـ ماسمۇ؟

— پېتروگراد ھەربى-ئىنقىلاۋىي كومىتېتى نامىدىن سىلەرـ گە ۋەدە بېرىمىزكى، سىلەر پۈتۈنلەي بىخەتەرلىككە ئىگە. سىلەرگە ھېچكىم تەگمەيدۇ.

قارا بۇرۇتلۇق ماتروسنىڭ قېشىغا گـەۋدىلىك چوقۇر يـەنە بىر ماتروس كېلىـپ يانـمۇ يان تۇردى. ئۇ ئـۆكۈزنىڭ بويىندەك يوغان بويىنىنى بۇراپ، كازاكلارغا بىر قـاراپ چـىقتى - دە، ماتـ روسچە كۆينىكى چىڭ سىقىپ تۇرغان دۈمبەچەك مەيدىسىگە بىرـ نى ئۇردى:

— بىز سىلەر بىلەن بىللە بارىمىز! شۈبھە - گۇماننى قوـ يۇڭلار، قېرىنداشلىرىم، بىز سىلەرگە دۈشمەن ئەمەس، پېتروگراد پرولېتارلىرىمۇ سىلەرگە دۈشمەن ئەمەس، سـىلەرنىڭ دۈشمەنلىـ رىڭلار ئەنە ئاۋۇلار ...، — ئۇ باشمالدىغىنى سارايى تەرەپكە سانـ چىپ، زىچ تىزىلغان چىشلىرىنى ھىجايتىپ كۈلۈپ قويدى.

كازاكلار بـىر قـارارغا كـېلەلمەي ئـىككىلىنىشتى، ئـايال زەربىدارلار يېقىن كېلىشىپ، گەپكە قۇلاق سېلىشتى، كـازاكلارغا لىپپىدە بىر قارىۋېلىپ، يەنە دەرۋازا تەرەپكە كېتىشتى.

— ھەي خوتۇنلار! بىز بىلەن بىللە بارامسىلەر؟ — دەپ ۋاقىرىدى ساقاللىق بىر كازاك.

جاۋاپ بولمىدى.
— مىلتىقلىرىڭلارنى ئېلىڭلار، كەتتۇق! — دىدى لاگوتىن چورتلا كېسىپ.
كازاكلار يەكدىللىق بىلەن مىلتىقلىرىنى قولغا ئېلىشىپ سەپكە تىزىلدى.
— پىلىموتلارنى ئېلىۋالامدۇق، قانداق؟ — دەپ سورىدى كازاك پىلىموتچى قارا بۇرۇت ماتروستىن.
— ئېلىڭلار، ئۇلارنى كادېتلارغا قالدۇرمايلى.
كازاكلار كېتىش ئالدىدا بۆلۈنمىلەرنىڭ ئوفىتسېرلىرى تولۇق تەركىۋى بىلەن پەيدا بولۇشتى، ئۇلار زىچچىدا توپ بولۇپ دېڭىزچىلاردىن كۆز ئۈزمەي تۇرۇشتى. بۆلۈنمىلەر سەپكە تىزىلىپ بولغاندىن كېيىن مېڭىپ كېتىشتى. ئەڭ ئالدىدا پىلىموتچىلار كوماندىسى پىلىموتلىرىنى تارتىپ مېڭىشتى. غىلدىرەكلەر قىسقا - قىسقا غىچىرلاپ، هۆل تاشلارنىڭ ئۈستىدە تاراقلايتتى. كالتا كەمزۇل كىيگەن ماتروس 1 - بۆلۈنمىنىڭ باش ۋىزۋودى بىلەن ياندىشىپ ماڭغان ئىدى. فېدوسىيېۋ كەنتىدىن بولغان ئۇزۇن بويلۇق ئاقسېرىق كازاك ماتروسنىڭ يېڭىدىن تۇتۇپ، ئەيىپكارلارچە - كۆڭلى دەككە - دۇككە بىلەن گەپ ئاچتى:
— ئەزىزىم، بىزنى خەلققە قارشى تۇرۇشقا مايىل دەپ قالماسمۇ؟ بىز بۇ يەرگە ئەخمەقلىق بىلەن كېلىپ قالدۇق، ئەگەر بىلگەن بولساق كېلەرمىدۇق؟ — ئۇ غەمكىنلىك بىلەن كوكۇلاچاچ بېشىنى چايقاپ قويدى، — گېپىمگە چىن پۈتكىن — كەلمىگەن بولاتتۇق! هەي - خۇدا!
4 - بۆلۈنمە ئەڭ ئارقىدا كېلىۋاتاتتى، ئۇلار دەرۋازا ئالدىدا پۈتۈن ئاياللار باتالىيونى زىچچىدا توپلىشىپ تۇرغانلىقتىن بىردەم هايال بولۇشتى، بەستلىك بىر كازاك دىڭگەك ياغاچنىڭ ئۈس-

تىگە چىقىپ، تىرنىغى ئۆسۈپ قالغان قارا بارمىغىنى شىلتاپ، ئە-
شەندۈرەزلىك قىلىپ، خىلىلا مەنىلىك سۆز سۆزلىدى:

— ئايال جەگچىلەر، ماڭا قۇلاق سېلىڭلار! مانا بىز ھازىر كېتىۋاتىمىز، سىلەر، ئۆزەڭلارنىڭ خوتۇنلۇق ئەخمەقلىغىڭلار تۇپەيلى بۇ يەردە قالسىلەر. خوش، گەپ مۇنداق، ھېچقانداق تەلۋىلىك سادىر بولمىسۇن! مۇبادا ئارقىمىزدىن ئوق ئاتىدىغان بولساڭلار، كەينىمىزگە يانىمىز - دە، ھەممىڭلارنى بۇردە - بۇردە قىلىپ تاشلايمىز. سۆزۈمنى چۈشەندىڭلىمۇ؟ گەپ شۇ. ھازىرچە خەير-خوش!

ئۇ ياغاچلارنىڭ ئۈستىدىن سەكرەپ چۈشتى - دە، پات - پات ئارقىسىغا قاراپ قويۇپ، يۈگۈرگىنىچە ئۆز كىشىلىرىگە يېتىشىۋالدى.

كازاكلار مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا يېقىنلاشقان ئىدى. بىرسى ئارقىسىغا بىر قاراپ، تەشۋىش بىلەن:

— قاراڭلار، يىگىتلەر! بىر ئوفىتسېر ئارقىمىزدىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ! — دىدى.

نۇرغۇن كىشىلەر مېڭىپ كېتىۋېتىپ ئارقىسىغا قايرىلىپ قاراشتى. ئېگىز بويلۇق بىر ئوفىتسېر قىلىچىنى كۆتىرىپ، مەيداندا چېپىپ كېلىۋاتاتتى.

ئۇ قولىنى پۇلاڭشىتتى.

— بۇ — ئاتارشىكوپ، 3 - بۆلۈنمىدىن.

— قايسى؟

— ھېلىقى ئۇزۇن بويلۇق، تېخى كۆزىنىڭ ئۈستىدە مېڭى بار.

— بىز بىلەن كەتمەكچى بولۇپتۇ - دە.

— ئۇ ياخشى يىگىت.

ئاتارشكوپ بۆلۈنمىگە تېزلا يېتىشىۋالدى، يۈزىدىكى دىرىلدەپ تۇرغان تەبەسسۇم يىراقتىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كازاكلار قول سىلكىتىپ كۈلۈشتى.

— تېز بول، جانابى يۈز بېشى!

— چاققان بول.

سارايىنىڭ دەرۋازىسىدىن — «تاس!» قىلىپ ئېتىلغان يەككە ئوقنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاتارشكوپ قوللىرىنى كەڭ ئۇلاچلاپ قالدى - دە، ئارقىسىغا ئېگىلىپ، ئوڭدىسىغا يىقىلدى، پۇتلىرىنى پىلتاڭلىتىپ، تاشيول ئۈستىدە تىپىرچىلاپ، ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ باقتى. بولۇنمىلەر، گوياكى كوماندا بېرىلگەندەك، گۈررىدە ساراي تەرەپكە بۇرۇلدى. پىلىموتچىلار پىلىموتلىرىنىڭ ئاغزىنى شۇ تەرەپكە قارىتىپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇشتى. ئوق لېنتىلىرى شاراقلىدى. ئەمما ساراي دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا، قارىغاي دىڭگەكلەرنىڭ ئارقىسىدا بىر مۇجان يوق ئىدى. بۇنىڭدىن بىر مىنۇت ئىلگىرى شۇ يەردە توپلىشىپ تۇرغان ئايال زەربىدارلار بىلەن ئوفىتسېرلەرنى بايا ئېتىلغان بىر پاي ئوق گويا يالماپ يۇتۇۋەتكەندەك ئىدى. بۆلۈنمىلەر يەنە ئالدىراش سەپكە تىزىلدى - دە، ئەمدى قەدەملىرىنى تېزلىتىپ مېڭىشتى. ئارقىدىكى ۋىزۋوتتىن 2 كازاك، ئاتارشكوپ يىقىلغان يەردىن قايتىپ كېلىش، پۈتۈن بۆلۈنمە ئاڭلىسۇن دېگەندەك، بىرسى بار ئاۋازى بىلەن ۋاقىرىدى:

— سول تەرەپتىكى قوۋۇرغىسىنى تېشىپ ئۆتۈپتۇ. ئىشى تۈگىدى!...

بىر تىكىس بېسىلغان قەدەم ئاۋازلىرى گۈس - گۈس ئېنىق ئاڭلىناتتى، كالتە كەمزۇل كىيگەن ماتروس كوماندا بەردى:

— سول مۇرە بىلەن بۇرۇلۇپ، ئالغا ئارش!...

بۆلۈنمىلەر ئــەگرى - بۈگرى بولۇپ بۇرۇلدى. جىمجىتلىقـ قا چۆككەن ساراي بۇلارنى ئۇن - تىۋىشسىز ئۇزىتىپقويدى.

## 20

كۆز ئىسسىپ قالدى. ئــارىلاپ يامغۇر يېغىپ قوياتتى. هالـ سىزلانغان قۇياش بىخوپىنىڭ ئــۇستىدە كەم كۆرۈنەتتى. ئــۆكتەبىر ئېيىدا ياۋا قــۇشلار ئۇچۇپ كېتىشكە باشلىدى. هــەتتا كېچىلىرىمۇ سالقىن قارا تۇپايەرئۇستىدە تۇرنىلارنىڭ دىلنىھاياجانلاندۇرىدىغان قاقىرلىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. كۆچمەنچى قۇشلار توپ - توپ بوـ لۇشۇپ، يىقىن ئەتراپتىكى قىرو چـۈشكەن يــەرلەردىن، شىمالنىڭ ئىگىزدىكى ئىزغىرىن يەرلىرىدىن كېتىشكە ئالدىرايتتى.

بىخوپىتا كورنىلوپىنىڭ ئىشى مۇناسىۋىتى بىلەن قولغا ئېلىنـ غان مەھبۇسلار بىر يېرىم ئايدىن بۇيان سوت قىلىنىشنى كۈتەتتى. شۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۇلارنىڭ تۈرمىدىكى هاياتى تۈراقلىشىپ، پۈتۈنـ لەي ئادەتتىكىچە ئۆتمىگەن تەقدىردىمۇ، هەر هالدا ئۆزىگە يــارىشا مۇستەھكەم قېلىپقا چۈشكەن ئىدى. ئەتىگەنكى چاغلاردا ناشتىدىن كېيىن،گېنېراللار سەيرىگەچىقىشاتتى؛قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پوچتىـ دىن كەلگەن خەت-چەك،ماتىرىياللارنى كۆرۈپ چىقىشاتتى، يوقلاپ كەلـ گەن ئۇرۇق - تۇققان،تونۇش - بىلىشلىرىنى قوبۇل قىلاتتى، ئاندىن چۈشلۈك تاماققا ئولتۇرۇشاتتى، دەم ئېلىش سائەتلىرىــدىن كېــيىن ھەرقايىسسى ئۆز خانىلىرىدا ئىش-كۈش بىلەن شۇغۇللىناتتى، كەچـ قۇرۇنلىرى ئادەتتە كورنىلوپىنىڭ هوجرىسىغا يىغىلــىپ، ئۇزاقــقىچە

پاراڭدىشاتتى ۋە كېڭىشەتتى.
تۇرمىگە ئۆزگەرتىلگەن قىزلار گىمنازىيىسىدە قولـغا ئېلىنـ
غانلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ھەر ھالدا يامان ئەمەس ئىدى.
سىرتقى قاراۋۇللۇقنى گېئورگى باتالىيونىنىڭ سولداتلىرى،
ئىچكى قاراۋۇللۇقنى تېكىنلىـكلەر ئـۆز ئۈسـتىـگە ئالـغان ئىدى.
لېكىن بۇ قاراۋۇللۇق قاماقتىكىلەرنىڭ ئەركىنلىگىنى مـەلۇم دەرىـ
جىدە بوغۇپ قويغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنـىڭ بەدىـلـىگە ناھايىتى
مۇھىم ئەۋزەللىككە ئىگە ئىدى: قاراۋۇللار شۇنداق ئورۇنـلاشتۇرۇـ
لاتتىكى، قاماقتىكىلەر ئۆزلىرى خالىغان ۋاقىتتا ئۆپ ـ ئوڭـاي ۋە
بىخەتەر قېچىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئىدى. بىخوپ تۇرمـىسىدە ياتـ
قان مەزگىل ئىچىدە ئۇلار تاشقى دۇنيا بىلەن توسقۇنـىسـز ئالاقە
باغلاشتى، بۇرژۇئا جامائەتچىلىگىنى قىستاپ، تېـزرەك تـېرگاۋ ۋە
سوت بولۇشنى تەلەپ قىلدى، قوزغىلاڭنىڭ ئىزلـىرىنى يوشـۇرۇش
بىلەن بولدى، ئوفىتسېرلەرنىڭ كەيپىياتىنى بايقاپتۇردى ۋە ئىشـ
نىڭ ئاقىۋىتى يـامان بـولىدىغان بولـسا، قېـچىپ كـېتـىشـكـە
تەييارلاندى.
كورنىلوپ، قېشىدا تۇرۇپ قالغان ئۆزىگە سادىق تېكىنـلىكـ
لەرنىڭ غېمىنى يەپ، كالېدىن بىلەن ئالاقە باغـلـىدى، كالـېدىن
بولسا ئۇنىڭ تەلىۋى بويىچە، تېكىنلىكلەرنىڭ ئاچارچىلىقـتا قالـ
غان ئائىلىلىرىگە ئاتاپ، تۇركىستانغا ئالدىراش بىرنـەچچـە ۋاگون
ئاشلىق ئەۋەتتى. كورنىلوپنىڭ ھاكىمىيەت ئۆزگـىرىش قـىلىشـىغا
قاتناشقان ئوفىتسېرلـەرنىڭ ئـائىلىلىرىگە ياردەم بېـرىـش ئۈچۈن
كورنىلوپ موسكۋا بىلەن پېتروگرادنىڭ چوڭ بانكىلىرىغا ناھايىتى
كەسكىن سۆزلەر بىلەن خەت يازدى: ئۇلار ئۆزلـىرىـگە پايدىـسىز
بولغان پاش قىلىنىشتىن قورقۇپ، دەرھال بـىرنەچـچە ئـون مىڭ
سوم پۇل ئەۋەتتى. كورنىلوپ نويابىرغـىچە كالېدىن بىلەن قىزغىن

خەت - خەۋەر ئالاقىدا بولۇپ تـۇردى. ئۆكتەبىرنىڭ ئوتتـۇرىسىدا
كالىپدىنغا ئەۋەتىلگەن ئۇزۇن بىر خەتتە، دوندىـكـى ئەھـۋالنى ۋە
ئۆزىنىڭ شـۇ تەرەپكە بېرىشىغا كازاكلارنىڭ قانـداق مۇئامـىلـدە
بولىدىغانلىقىنى سـۈرۈشتـە قىلـدى. كـالىپدىن ئىجـابـى جاۋاپ
قايتۇردى...

ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىي بىخوپ مەھبۇسلىرىنىڭ ئايىغى ئاستىـ
دىكى زىمىنىنى زىلزىلىگە كـەلـتۈرۈۋەتتـى، ئەتـىـسـىلا تـەرەپ -
تەرەپكە چاپارمەنلەر قوشتەك ئۇچۇشتى، بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېـ
يىن ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۆزىنى ئالى باش قوماندان دەپ ئېـ
لان قىلغان گېنېرال دۇخونىنغا كالىپدىننىڭ يوللىغان خېتى قاماقـ
تىكىلەرنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن كىمدۇر بىرسى تەرىپىدىن ئەكس سادا
بولۇپ جاراڭلىدى، بۇ خەتتە كالىپدىن كـورنىلوپنى ۋە باشقا مەھـ
بۇسلارنى كېپىللىككە ئالىمەن دەپ قەتئى سۈرەتتە سورىغان ئىدى.
كازاك قوشۇنلىرى ئىتتىپاقى سوۋېتى بىلـەن ئارمىيە ھـەم دېڭىز
فلوتى ئوفىتسېرلىرى ئىتتىپاقىنىڭ باش كومىتېتى بارگاھقا خوددى
شۇنداق ئىلتىماس بىلەن مۇراجەت قىلىشتى.

1 - نويابىردا كورنىلوپ دۇخونىنغا خەت ئەۋەتتى. خـەتنىڭ
چېتىگە يېزىلغان دۇخونىننىڭ ئەسكەرتىشلىرى — بارگاھنىڭ قانـ
چىلىك زەئىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىدىن دالالەت بېرەتتى. چۈنكى،
بارگاھ بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە روھىي چۈشكۈنلۈكتە ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى
كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان ئارمىيە ئۈستىدىن ئـەمەلىيەتتە ھېچقانـ
داق ھۆكۈمىنى يۈرگۈزەلمەيدىغان بولۇپ قالغان ئىدى.

مەرھەمەتلىك جانابى ئالى،
نىكولاي نىكولايېۋىچ!
نەقەدەر سىزنى شۇنداق بىر ھالەتكە قويغانىكى، ئەڭ باشـ

لاپ، يۇقۇرى دەرىجىلىك كوماندىرلار تەركىۋىنىڭ قەتئىيەتسىزلىكى ۋە بىپەرۋالىغى ئارقىسىدا مەملىكەت ئۈچۈن زاۋالغا يۈز تۇتۇش تۇسىنى ئالغان ۋەقەلەر تەرەققىياتىنى ئۆزگەرتىش سىزگە باغلىق بولۇپ قالدى. سىز ئۈچۈن شۇنداق مىنۇتلار يېتىپ كېلىۋاتىدۇكى، كىشىلەر ياكى جاسارەت كۆرسەتسۇن، ياكى كېتىشسۇن، ئۇنداق بولمىغاندا، مەملىكەتنىڭ هالاكىتى ئۈچۈن بولغان مەسئۇلىيەت، ئارمىيىنىڭ خاراپ بولغانلىغى ئۈچۈن ئېيىپ، خورلۇق شۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ.

ماڭا يېتىپ كېلىۋاتقان تولۇقسىز، قىسمەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئەهۋال ئېغىر، ئەمما تېخى مۇشكۇل ئەمەس. لېكىن سىز بارگاهنى بولشېۋىكلارنىڭ بېسىۋېلىشىغا يول قويسىڭىز ياكى ئۇلارنىڭ هاكىمىيىتىنى ئۆز ئىختىيارىڭىز بىلەن ئېتىراپ قىلسىڭىز، ئۇ چاغدا ئەهۋال مۇشكۇللۈككە ئايلىنىشى مۇمكىن.

سىزنىڭ قارمىغىڭىزدا يېرىمى تەشۋىقاتقا بېرىلىپ كەتكەن گېئورگى باتالىيونى ۋە كۈچ جەهەتتىن ئاجىز تېكىنلىكلەر پولكى بار، بۇلار پۈتۈنلەي كۇپايە قىلمايدۇ.

ۋەقەلەرنىڭ مۇندىن كېيىنكى تەرەققىياتىنى ئالدىن مۆلچەرلىگەندە، سىز، مېنىڭچە، زۆرۈر چارىلارنى كۆرۈشىڭىز لازىمكى، بۇ چارىلەر بارگاهنى پۈختا كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، بېسىپ كېلىۋاتقان هۆكۈمەتسىزلىككە قارشى نۆۋەتتىكى كۈرەشنى ئۇيۇشتۇرۇش ئۈچۈن قولاي شارائىت يارىتىپ بەرسۇن.

مېنىڭچە، مۇنۇ چارىلەر زۆرۈر:

1. چېخ پولكلىرىدىن بىرىنى ۋە پولياكنىڭ ئۇلانلار پولكىنى دەرهال موگىلېپقا يۆتكەش.

دۇخونىننىڭ ئەسكەرتىشى: بارگاه بۇ 2 پولكنى پۈتۈنلەي ئىشەنچلىك دەپ هىساپلىمايدۇ. بۇ قىسملار بولشېۋىكلار بىلەن تۇنجى قېتىم پۈتۈم تۈزگەنلەرنىڭ بىرى.

2. پولياك كورپۇسىنىڭ قىسملىرى بىلەن ئورشانى، سمولېنسكنى، ژلوبىننى ۋە گومېلنى ئىشغال قىلىش، بۇ

گورپۇسىنىڭ دىۋىزىيەلىرىنى فرونتتىكى كازاك باتارىيەلىرىنىڭ ھىمايىسىغا توپ - زەمبىرەكلەر بىلەن كۈچەيتىش.

دۇخونىننىڭ ئەسكەرتىشى: ئورشا بىلەن سىمولېنسكىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن 2 - كۇبان دىۋىزىيەسى بىلەن ئاستىراخان كازاكلىرىنىڭ بىرىگادىسى مەركەزلەشتۈرۈلگەن. 1 - پولياك دىۋىزىيەسىنىڭ پولكىنى بىخوپتىن ئېلىشقا قوشۇلغۇم كەلمەيدۇ، چۈنكى قاماقتىكىلەرنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن شۇ يەرگە زۆرۈر. 1 - دىۋىزىيە قىسىملىرىنىڭ كادىرلىرى ئاجىز، شۇنىڭ ئۈچۈن رىيال كۈچ بولالمايدۇ. كورپۇس روسىيەنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمىسۇن، دەپ ئېنىق بېكىتىلگەن.

3. پېتروگراد بىلەن موسكۋاغا ئېلىپ بارىمىز دېگەن باھانە بىلەن چېخو - سلوۋاك كورپۇسىنىڭ بارلىق قىسىملىرىنى، كورنىلوپ پولكىنى ۋە بىر - ئىككى ئەڭ كۈچلۈك كازاك دىۋىزىيەسىنى ئورشا - موگىلېپ - ژلوبىن لىنىيەسىگە مەركەزلەشتۈرۈش،

دۇخونىننىڭ ئەسكەرتىشى: كازاكلار — بولشېۋىكلار بىلەن سوقۇشمايمىز دەپ مۇرەسسەسىز مەۋقەنى ئىگەللەپ تۇرۇپتۇ.

4. ئەنگلىيە ۋە بېلگىيەنىڭ بارلىق برونېۋىك ماشىنىلىرىنى ئەنە شۇ رايونغا مەركەزلەشتۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنى نوقۇل ئوفىتسېرلەر بىلەن ئالماشتۇرۇش.

5. موگىلېپتا ۋە شۇ يەرگە يېقىن پونكىتلارنىڭ بىرىدە ئىشەنچلىك قاراۋۇل قويۇپ، مىلتىق، ئوق - دورا، پىلىموت، ئاپتومات، مىلتىق ۋە قول بومبىلىرىنىڭ زاپاسلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈش، بۇلارنى مەزكۇر رايونغا يىغىلىشى زۆرۈر بولغان ئوفىتسېرلەرگە ۋە پىدائىيلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىش.

دۇخونىننىڭ ئەسكەرتىشى: بۇ ئىش ئۇرۇش - جاڭجالغا سەۋەپ بولۇشى مۇمكىن.

6. دون، تېرېك، كۇبان قوشۇنلىرىنىڭ ئاتامانلىرى بىلەن ۋە پولياك ھەم چېخو - سلوۋاك كومىتېتلىرى بىلەن مۇستەھكەم ئالاقە ئورنىتىپ، ئېنىق كېلىشىم تۈزۈش. كازاكلار

مەملىكەت ئىچىدە تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ياقلاپ مۇئەييەن پىكىرلىرىنى بىلدۈرۈشكەن، پولياكلار بىلەن چېخلارغا كەلسەك، روسسىيىدە تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەسىلىسى — ئۇلار ئۈچۈن ھاياتلىق مەسىلىسى بولۇپ تۇرۇپتۇ.

× ×

كورنىلوپ ئاۋغۇست توپىلىڭى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىنمۇ خەلققە قارشى جىنايى ھەركەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. كۈندىن كۈنگە تەشۋىشلىك شۇم خەۋەرلەر كېلىۋەردى. بىخوپتا تىنچسىزلىق ئۆسۈپ باردى. كورنىلوپقا ھىمداشلىق قىلغۇچىلار-نىڭ، قاماقتىكىلەرنى ئازات قىلىشنى دوخونىندىن تەلەپ قىلغۇچىلار-نىڭ ئاۋتوموبىللىرى موگىلېپ بىلەن بىخوپ ئارىسىدا ئۈزۈلمەي قاتناپ تۇردى. كازاكلار سوۋېتى ھەتتا خۇپىيانە تەھدىت سېلىش چارىلىرىنى قوللىنىشقىچە بېرىپ يەتتى.

ۋەقەلەر تەرەققىياتى بىلەن ئېغىر بېسىمغا ئۇچرىغان دوخونىن ئىككىلىنىپ قالدى. 18 - نويابىردا ئۇ مەھبۇسلارنى دونغا ئەۋەتىش توغرىلىق بۇيرۇق بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ بۇيرۇقنى شۇ ئانىلا بىكار قىلدى.

ئەتىسى ئەتىگەن ۋاقىتلىق تۈرمە قىلىنغان بىخوپ قىزلار گىمنازىيىسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىغا قويۇق لايغا بۇلغانغان بىر ئاپتوموبىل غىرىلداپ يېتىپ كەلدى. شوپۇر قۇللارچە خوشامەت-كويلۇق بىلەن ئىشىگىنى ئېچىش بىلەنلا ئاپتوموبىلنىڭ ئىچىدىن ئانچە ياش ئەمەس، كېلىشكەن بىر ئوفىتسېر چۈشتى. ئۇ قاراۋۇل ئوفىتسېرگە باش ئىشتاپ پولكوۋنىكى كۇسونىسكىنىڭ نامىغا يېزىل-غان ھۆججەتلەرنى كۆرسەتتى.

— مەن بارگاھتىن كەلدىم. قاماقتىكى گېنېرال كورنىلوپقا

شەخسەن ئۆز قولۇم بىلەن تاپشۇرىدىغان نەرسىلىرىم بار، كومېن-
دانتنى قەيەردە كۆرۈشكە بولار؟
كومېندانت — تېكىنلەر پولكىنىڭ پودپولكوۋنىكى ئېر-
گاردت — كەلگەن ئوفىتسېرنى دەرھال كورنىلوپنىڭ قېشىغا باش-
لاپ باردى. كۇسونىسكى، ئۆزىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، سۆزىگە
ئالاھىدە تۇس بېرىپ، بىرئاز سۇنئىي تەلەپپۇز بىلەن مۇنۇلارنى
مەلۇم قىلدى:
— 4 سائەتتىن كېيىن موگىلېپ بارگاھ تەرىپىدىن بولشې-
ۋىكلەرگە جەڭسىز بېرىلىدۇ، گېنېرال دۇخونىن سىزگە مۇنۇنى يەت-
كۈزۈشۈمنى بۇيرۇغان ئىدى، بارلىق قولغا ئېلىنغانلار دەرھال بى-
خوپتىن كەتسۇن دىدى.
كورنىلوپ، موگىلېپتىكى ئەھۋالنى كۇسونىسكىدىن تەپسىلى
سورىغاندىن كېيىن پودپولكوۋنىك ئېرگاردتنى چاقىرتتى، سول
قولىنىڭ بارماقلىرى بىلەن شىرەنىڭ چېتىگە ئېغىرلىقنى سېلىپ
تايىنىپ، مۇنداق دىدى:
— گېنېراللارنى دەرھال ئازات قىلىۋېتىڭ، تېكىنلىكلەر كې-
چە سائەت 12 دە يولغا چىقىشقا ھازىرلانسۇن. مەن پولك بىلەن
بىللە ماڭىمەن.
پۈتۈن كۈن ھەربىلەرنىڭ كۆچمە تۆمۈرچىلىك دۇكىنىدا ئوغ-
لاق تېرىسىدىن قىلىنغان كۆرەكلەر خىرىلداپ، كۆمۈرنىڭ چوغى
قىپ - قىزىل لاۋۇلدىدى، بولقىلار توختاۋسىز تاقىراقشىدى، تاقى-
چىلىق دەستىگاھ ئالدىدا ئاتلار چىقىراپ كىشنەيتتى. تېكىنلىكلەر
تۈلۈق بىر دائىرە بولۇپ ئاتلىرىنى تاقىلاتتى، ئېگەر - جابدۇقلى-
رىنى ياماشتى، مىلتىقلىرىنى تازىلاشتى، يۈرۈشكە ھازىرلاندى.
كۈندۈزى دۇخونىن ئازات قىلغان گېنېراللار قاماقخانىدىن
بىر بىرلەپ كېتىشتى. بۆرە ھۇلاپ تۇرغان تىمتاس يېرىم كېچىدە،

كىچىككىنە ۋىلايەتلىك شەھەر، چىراقلىرىنى ئۆچۈرۈپ، قاتتىق
ئۇيقۇغا چۆككەندە، بىخوپ گىمنازىيىسىنىڭ ھويلىسىدىن ئۈچ-
ئۈچتىن بولۇپ تىزىلغان ئاتلىقلار چىقىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ
قاپ - قارا پىگورىلىرى بىر قېلىپتا ياسالغاندەك. تۆمۈر كۆك ئاسى-
مان ئۈزۈشىدا ياققال كۆرۈنەتتى. ئاتلىقلار ھۆرپەيگەن قارا قۇشلار-
غا ئوخشاش پاپاخلىرىنى چوقچايتىپ، ئىگەرنىڭ ئۈستىدە سوغاق-
تىن شۈمشىيىپ كېتىۋاتاتتى، مايلىشاڭغۇ قارامتۇل يۈزلىرىنى يالاڭ
قولاقچا بىلەن ئورىۋالغان ئىدى. پولك كولوننىسىنىڭ ئوتتۇرىسى-
دا، پولك كوماندىرى پولكوۋنىك كيوگېلگېن بىلەن بىر قاتاردا
كورنىلوپ ئىگىز ئورۇق ئاتنىڭ ئۈستىدە مۈكچىيىپ تەۋرىنىپ كې-
لىۋاتاتتى. ئۇ، بىخوپ كوچىلىرىدا ئېزىقىپ قالغان سوغاق شامال-
دىن يۈزلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، يۇلتۇز قاپلىغان ئاسمانغا قىسىق كۆز-
لىرىنى پىلدىرلىتىپ قارايتتى.

يېقىندىن تاقىلانغان ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىشى كوچا
بويلاپ غۇۋۇلداپ، نېرىغا بارغاندىن كېيىن تىنىپ قالدى.

## 21

كوشېۋوي خىزمەت قىلغان پولكنىڭ چېكىنىۋاتقىنىغا 2 سوت-
كا بولۇپ قالدى، بۇ پولك جەڭ بىلەن ئاستا چېكىنەتتى. ئىگىزلىك-
تىكى تاش ياتقۇزۇلمىغان يولدا رۇس ۋە رۇمىن ئارمىيىلىرىنىڭ
كارۋان ھارۋىلىرى قاتار سوزۇلۇپ كېلىشەتتى. بىرلەشكەن ئاۋس-
ترىيە - گېرمان قىسىملىرى چېكىنىۋاتقانلارنى 2 قاناتتىن ئېچكىرى-
لەپ قورشىۋېلىپ، مۇھاسىرە چەمبىرىكى ھاسىل قىلىشقا ئۇرۇناتتى.

كەچكە يېقىن مەلۇم بولدىكى، 12 ـ پولك ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېلىۋاتقان رۇمىن بىرىگادىسى مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قېلىش خەۋپىدە قېلىپتۇ، دۈشمەن كۈن پېتىپ كېتىۋاتقان چاغدا رۇمىنلەرنى خوۋىنىسكى يېزىسىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، «480» ـ نومۇرلۇق دۆڭگىچە ئىلگىرىلەپ بېرىپتۇ، بۇ دۆڭلۈك گولىش داۋىنى بىلەن چېگرىداش ئىدى.

كېچىدە، تاغچى ئاتلىق قىسىملار بىلەن تولۇقلاندۇرۇلغان 12 ـ پولك گولىش ۋادىسىنىڭ تۆۋەنكى تۈزلەڭلىرىدىكى پوزىتسىيىنى ئىشغال قىلىش توغرىلىق بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدى. پولك، ئەتراپقا قاراۋۇل قويۇپ، جەڭگە ھازىرلىنىپ تۇردى.

بۇ كېچە مىشكا كوشۋوي ۋە ئۇنىڭ يېزىداش يولدىشى كېلەڭسىز ئالېكسەي بىشنەك ئىككىسى مەخپىي گۈزەتتە تۇرغان ئىدى. ئۇلار تاشلاندۇق ۋەيران بولغان قۇدۇقنىڭ قېشىدىكى كىچىككىنە بىر جىرا ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ، شالاڭلاشقان سوغاق ھاۋانى يۇتاتتى. ئاندا ـ ساندا كېچىكىپ قالغان ياۋايى غازلارنىڭ توپى بۇلۇتلار پاخماقلىشىپ تۇرغان ئاسمان بويلاپ ئۇچۇپ ئۆتەتتى، ئالدىنقى قاراۋۇل غازلار ئۇز يۆنىلىشىنى بىلدۈرۈپ قاقىرىشاتتى، كوشۋوي تاماكا چېكىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئەلەم بىلەن ئەسلەپ، ئاستا پىچىرلىدى:

ــ ھايات دېگەن قىزىق نەرسە، ئالېكسەي!... ئادەملەر، خۇددى قارغۇدەك پاپپاسلاپ يۈرۈشىدۇ: بىر توپلىشىدۇ، بىر ئايرىلىشىدۇ، بەزى چاغدا بىر بىرىنى دەسسەپ يەنچىيدۇ... ماناشۇنداق ئۆلۈمگە ياندىشىپ ئۆمۈر ئۆتكۈزىسەن، مۇنداق ئەرزىمەس ھاياتنىڭ نىمە كېرىكى بار؟ ــ دەپ ھەيران قالىسەن. مېنىڭچە، دۇنيادا ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكى سىردىن قورقۇنچلۇق نەرسە يوق، قانداق قىلغان بىلەنمۇ ئۇنىڭ تېگىگە چۈشىنىپ

يېتەلمەيسەن... مانا مەن ھازىر سەن بىلەن بۇ يەردە بىللە يېتىپ تۇرۇپتىمەن، ئەمما سېنىڭ نىمىنى ئويلاۋاتقانلىغىڭنى بىلمەيمەن، ئەسلا بىلمەسلىك بىلەن بىللە، سېنىڭ ئۆتمۈش ھاياتىڭنىڭ قانداقلىغىنىمۇ بىلمەيمەن، سەنمۇ مېنىڭكىنى بىلمەيسەن ... بەلكىم، مەن سېنى ھازىرلا ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولۇۋاتسام، سەن بۇنى سەزمەستىن ماڭا قۇرۇتۇلغان نان بېرىسەن... ئادەملەر ئۆزىنى ئانچە بىلمەيدۇ. يازدا مەن ھەربى شىپاخانىدا بولغان ئىدىم. قېشىمدا بىر سولدات ياتاتتى، ئۆزى موسكۋالىق ئىكەن. ئۇ، ھامان قىزىقىپ، كازاكلارنىڭ تۇرمۇشى قانداق، ئۇنىسى قانداق، بۇنىسى قانداق دەپ كولاشتۇرۇپ سورىدى. ئۇلارنىڭ پىكرىچە — كازاكلاردا قامچىدىن باشقا ھېچنىمە يوق ئىمىش، كازاكلار ياۋايى، ئۇلارنىڭ جېنى شىشە قاچىدەك يارالغان دەپ ئويلايدىكەن، ھەقىقەتتە بىزمۇ ئوخشاشلا بىر ئادەم: ئاياللارنى بىزمۇ ياخشى كۆرىمىز، قىزلار بىزگە بەك سۆيۈملۈك، ئۆز قايغۇ ـ ھەسرىتىمىزگە يىغلايمىز، باشقىلارنىڭ خوشاللىغىدىن سۆيۈنمەيمىز... سېنىڭچە قانداق، ئاليوشكا؟ قارا، پېگست، مەن ھاياتقا شۇنداق تەشنا ئىدىم — دۇنيادا قانچىلىك گۈزەل ئاياللار بار، شۇنى ئويلىسام، يۈرىگىم سىقىلىپ كېتىدۇ! ماڭا شۇ ئاياللار-نىڭ ئىچىدىن بىرەرسىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىش نېسىپ بولماسمۇ، دېگەن پىكىر ئېسىمگە كېلىپ قالسا — ھەسرەتتىن ۋاي دات دېگۈم كېلىدۇ! مەن ئاياللارغا شۇ دەرىجىدە مېھرىۋان بولۇپ قالدىمكى، ھەربىرىنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىمەن...

— ئۇچاڭغا تاياق ئاز تەككەن، گومۇش توپاق! — دەپ ئانچىكىم تىللاپ قويدى بىشنەك.

كوشېۋوي ئارقىسىغا قايتىپ، ئۇنچىقمىدى، ئۇ، ئاسمان بوشلۇغىغا ئۆزاققىچە تىكىلدى ـ دە، خىيالغا چۆمۈپ

كۆلۈمسىرىدى، مېھرىسىز سوغاق يەرگە ئاستا قول تەككۈزۈپ، ھاياجان بىلەن سىپىلاپ قويدى.

نۆۋەتچىلىك ئالمىشىشتىن بىر سائەت ئىلگىرى بۆلۈرنى نېمىسلار قولغا چۈشۈردى. بىر پاي ئوق ئېتىشقا ئۈلگۈرگەن بىشەك چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان پېتى ئەجەلگە تازىم قىلىپ، مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپلا قالدى: نېمىسنىڭ ئۆتكۈر شىتىكى ئۇنىڭ ئۆچەي-باغرىنى چۇۋۇپ، دوۋسۇنىنى يىرتىپ، ئارقا ئومۇرتقىسىغىچە سانچىلىپ تىرىلىپ قالغان ئىدى. كوشۇوي مىلتىقنىڭ پاينىگىدىن زەربە يەپ يىقىلغان ئىدى. ئۇنى سېمىز بىر نېمىس ئەسكىرى يېرىم چاقىرىم يەردىن دۈمبىسىگە يۈدۈپ ئېلىپ كەلدى. شۇ يەرگە كەلگەندە مىشكا ھۇشىغا كەلدى، ئاققان قاندىن نەپىسى تىقىلىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلىپ، دېمىنى رۇسلىۋالدى-دە، بار كۈچىنى يىغىپ، ھېچ قىينالمايلا نېمىسنىڭ دۈمبىسىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ، بەدەر قاچتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن نۇرغۇن ئوق ئېتىلغان بولسىمۇ، كېچە ئۆز قوينىغا ئېلىپ توقايزار پانا بولغانلىقتىن ئېسەن-ئامان قۇتۇلدى.

رۇس-رۇمىن قىسىملىرى چېكىنىشنى توختىتىپ، مۇھاسىرىنى بۇزۇپ چىققاندىن كېيىن، 12-پولك ئالدىنقى پوزىتسىيىدىن قايتۇرۇلۇپ، ئارقا سەپكە، ئۆز ئۇچاستىكىسىدىن بىر نەچچە چاقىرىم سول تەرەپتىكى بىر يەرگە ئەۋەتىلدى. پۈتۈن پولكقا مۇنداق بۇيرۇق ئېلان قىلىندى: مۇندىن كېيىن پولك قاچقۇنلارنى توساش خىزمىتىنى ئۆتەيدۇ، يوللارغا رازۋېتكا قويۇپ، قاچقۇنلارنى ئارقاسەپكە ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن كۈزىتىش ئېلىپ بارىدۇ، قورال ئىشلىتىشنىمۇ تارتىنىپ تۇرماي، ئۇلارنى تۇتۇپ، ساقچى ئەترەت بىلەن دىۋىزىيە ئىشتابىغا يوللاپ بېرىش كېرەك.

مىشكا كوشۋوي بۇ ۋەزىيەتنى ئۈستىگە ئالغانلارنىڭ دەسلەپكى تۈركۈمى قاتارىدا بولۇپ قالدى، ئۇ ۋە يەنە 3 كازاك ئەتىگەندىلا يېزىدىن چىقتى - دە، ۋاخمىستىرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، يولغا يېقىن بىر يەردىكى كۆممە قوناقلىقنىڭ چېتىگە ئورۇنلاشتى، يول، كىچىك بىر ئورماننى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، تاختا - تاختا ھەيدەلگەن دۆڭلۈكتىكى تۈزلەڭ يەرنىڭ ئىچىدە كۆرۈنمەي قالغان ئىدى، كازاكلار نۆۋەت بىلەن كۈزىتىپ تۇرۇشتى. چۈشتىن كېيىن 10 كىشىدىن ئىبارەت بىر توپ سولداتنى بايقاپ قېلىشتى، بۇلار مۇشۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى، سولداتلار ئىنگىز قىيالىق ئاستىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان يېزىنى ئايلىنىپ ئۆتمەكچى بولۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇلار كىچىك ئورماننىڭ يېنىغا كەلگەندە توختاپ، تاماكا چېكىشتى — ئۇلارنىڭ مەسلىھەت قىلىشىۋاتقانلىقى روشەن ئىدى — كېيىن يۆنىلىشنى چورتلا ئۆزگەرتىپ، سولغا بۇرۇلۇپ ماڭدى.

— ھاي - ھايلاپ ۋاقىرىسام قانداق بولار؟ — دەپ سورىدى كوشۋوي قېلىن ئۆسكەن قوناق پايلىرىنىڭ ئىچىدىن كۆتىرىلىپ يېنىدىكىلەردىن.

— ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئات.

— ھەي، ھەي! توختاڭلار!

—كازاكلاردىن بىرنەچچە سازىن نېرىدا تۇرغان سولداتلار ۋاقىراشنى ئاڭلاپ، بىر مىنۇت توختىدى - دە، گويا قۇلاق سېلىشنى خالىمىغاندەك، يەنە ئالغا قاراپ كېتىشىۋەردى.

— توختا! — دەپ ۋاقىرىدى كازاكلارنىڭ بىرى، ئارقىمۇ - ئارقا بىر نەچچە پاي قوقنى ئاسمانغا قارىتىپ ئېتىپ، مىلتىقلىرىنى قىيا تۇتقان كازاكلار، ئاستا چامداپ كېتىۋاتقان

سولداتلارنى قوغلاپ يەتتى.

— جىن ئۇردىمۇ سىلەرنى، نىمىشكە توختىمايسىلەر؟ قايسى قىسىملاردىن؟ نەگە بارىسىلەر؟ هۆججەتلىرىڭلار قېنى؟ — دەپ توۋلىدى پوس باشلىغى، ئورەدنىك كولىچىپ يۈگۈرۈپ بېرىپ.

سولداتلار توختىدى، ئۈچەيلەن ئالدىرىماي مىلتىقلىرىنى قولىغا ئالدى.

ئارقىدىكىسى ئىڭىشىپ، بىرپارچە تېلېفون سىمى بىلەن ئۆتۈكىنىڭ ئاجراپ كەتكەن پاشنىسىنى چىگىشكە باشلىدى، ھەممىسىنىڭ كىيىملىرى ئەبگالىشىپ كەتكەن، كىر، ئىپلاس ئىدى. شىنېلىنىڭ ئېتەكلىرىگە ئازغاننىڭ قوڭۇر پوستىلاقلىرى يېپىشىپ قالغان ئىدى، ئىھتىمال، بۈگۈن كېچە ئورمان ئىچىدە، قېلىن ئوت-چۆپنىڭ ئۈستىدە ياتقان بولسا كېرەك. ئىككىسىنىڭ بېشىدا يازلىق فۇراژكا، قالغانلىرىنىڭ بېشىدا كۆل رەڭ توقىمائەلتېرە پاپاخ بولۇپ، قايرىما ياقىلىرىنىڭ تۈگمىلىرى يېشىلگەن، باغلىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى. كېيىنكى بىرسى — باشلىغى بولسا كېرەك — ئۇزۇنتۇرا، قېرىلارغا خاس دۆكراق كىشى بولۇپ، يۈزىنىڭ سۇلغۇن بۇلجۇڭ گۆشلىرىنى تىترىتىپ، غاراڭ-غۇرۇڭ ئاۋاز بىلەن ئاچچىقلاپ ۋاقىرىدى:

— نىمە قىلماقچىسەن؟ بىز سىلەرگە تەگدۇقمۇ؟ نىمىشكە يېپىشۋالىسەن؟

— ھۆججەت! — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى ئورەدنىك ئۆزىگە جىددى توس بېرىپ.

خۇمداندىن يېڭى چىققان خىشتەك قىزىرىپ كەتكەن كۆك كۆز سولدات، بېلىدىن بوتۇلكىغا ئوخشاش گىراناتنى ئالدى-دە. ئۇنى ئورەدنىكنىڭ بۇرنىغا تەڭلەپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ شىرىك-

لىرىگە بىر قاراپ چىققاندىن كېيىن ياروسلاۋىل تەلەپپۇزىدا كالدىرلاپ سۆزلىدى:

— مانا ساڭا ھۆججەت، يىگىتچاق! مانا! بۇ ساڭا بىر يىللىق گۇۋانامە! جېنىڭنى ساقلا، بولمىسا تاس قىلىپ ئېتىپ تاشلىسام — ئۆپكە - جىگەرلىرىڭنى يىغىۋالالمايسەن. چۈشەندىڭمۇ؟ چۈشەندىڭمۇ دەيمەن؟ چۈشەندىڭمۇ؟...

— سەن تولا شوخلۇق قىلما! — قاپىغىسىپلىنغان ئورەدنىك ئۇنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتەردى، — شوخلۇق قىلما. بۇنىڭ بىلەن بىزنى قورقۇتالمايسەن، بىز بۇنىڭسىزمۇ قورقۇپ بولغان. قاچقۇن ئىكەنسىلەر ئىشتاپقا قاراپ بۇرۇلۇڭلار. ئۇ يەردە سىلەردەك ماڭقىلارنى ئوبدان جۆندەيدۇ.

سولداتلار بىر بىرىگە قارىشىپ، مىلتىقلىرىنى قولغا ئېلىشتى. ئۇلارنىڭ بىرى، قارا بۇرۇتلۇق، جۇدەڭگۈ، خاڭچى بولسا كېرەك، غەزەپلىك كۆزلىرىنى كوشۇۋىدىن باشقا كازاكلارغا يۆتكەپ پىچىرلىدى:

— مانا، سىلەرنى نەيزە ئۇچىغا قانداق سانچىپ ئېلىشىمىزنى كۆرۈپ قويۇڭلار! ... قېنى نېرى تۇر، بۇيانغا ئۆت! خۇدا تۇرۇپتۇ، ھازىرلا بىرىنچى ئوققا قاداپ قويىمەن!...

كۆك كۆز سولدات گىراناتنى بېشىدىن ئايلاندۇردى؛ ئۇزۇنتۇرا، دۈمچەك سولدات، ئالدىغا چىقىپ، مىلتىق نەيزىسىنىڭ دات باسقان ئۇچى بىلەن ئورەدنىكنىڭ سوكنا شىنېلىنى تاتىلىدى؛ خاڭچىغا ئوخشايدىغان سولدات ئاغزىنى بۇزۇپ، مىشكا كوشۇۋىغا مىلتىقنىڭ قوندىغىنى تەڭلىدى، كوشۇۋىنىڭ تەپكىنى بېسىپ تۇرغان بارمىقى تىترەپ، جەينىكى بىلەن بېقىنىغا قىسىپ تۇرغان مىلتىقنىڭ قوندىغى دىرىلداپ كەتتى؛ كازاكلارنىڭ بىرى جۇغى كىچىك بىر سولداتنىڭ شىنېلىنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ، قولىدىن

سۆرىگەن پېتى، ئارقا تەرەپتىن زەربە يەپ قالماي دەپ ئالاقزادە
بولۇپ، باشقىلارغا قاراپ قويدى.
كۆممە قوناق شاخلىرىنىڭ قۇرىغان ياپراقلىرى شىرىلداپ
تۇراتتى. دۆڭلۈكتىكى ئېدىرنىڭ نېرىسىدا كۆپ - كۆك تاغ يوتى-
لىرى جىلۋىلىنەتتى. يېزىنىڭ قېشىدىكى ئوتلاقلاردا مەللىرەڭ ئى-
نەكلەر ئوتلاپ يۈرەتتى. كىچىك ئورمانىنىڭ كەينىدە شامال چاڭ -
توزاڭ كۆتىرەتتى. ئۆكتەبىرنىڭ غۇۋا كۈندۈز كۈنى ئۈيقۇچان ۋە
تىنچ ئىدى. بېخىل قۇياشنىڭ نۇرىدىن ئاران - ئاران بەھرى ئال-
غان تەبىئەت مەنزىرىسى ئارامبەخش ۋە سۈكۈناتقا چۆمگەن ئىدى.
مانا يولغا يېقىن بىر يەردە ئادەملەر بىر بىرىگە ئورۇنسىز قەھرى-
غەزىۋىنى چېچىپ، يامغۇردىن تويۇنغان، ئۇرۇق چېچىلغان مۇنبەت
يەرنى ئۆز قېنى بىلەن بوياشقا ھازىر ئىدى.
قان قىزىقلىقى بىر ئاز بېسىلىپ، شاۋقۇن - سۈرەن تۆگە-
گەندىن كېيىن سولداتلار بىلەن كازاكلار ئەمدى تىنچراق سۆزلە-
شىشكە باشلىدى.
- بىزنىڭ ئالدىنقى سەپتىن قايتۇرۇلغىنىمىزغا 3 كۈن بول-
دى! بىز ئارقا سەپتە يۈرگىنىمىز يوق! سىلەر قېچىپ يۈرسەڭلەر
نومۇسقۇ! يولداشلىرىڭلارنى تاشلاپ كېتىۋاتىسىلەر! فرونتنى كىم
ساقلايدۇ؟ ھەي، سەن خەقلەرنى! ... مانا مېنىڭ بىقىنىمدىكى
بىر يولدىشىمنى دۈشمەن نەيزە سانچىپ ئۆلتۈردى — ئۇنىڭ بى-
لەن ئىككىمىز يوشۇرۇن كۆزەتتە تۇرغان ئىدۇق. سەن تېخى بىز-
نى ئۇرۇشنىڭ ھىدىنى پۇرىمىغان دەيسەن. ئۇرۇشنىڭ ھىدىنى بىز
پۇرىغاندەك پۇراپ باققىنا! — كوشىۋوي زەردە بىلەن سۆزلىدى.
- بۇلارغا سۆز ئۇقتۇرىمەن دەپ ئاۋارە بولۇشنىڭ نېمە
ھاجىتى! — كازاكلاردىن بىرى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — ئىش-
تاپقا بارايلى — ئوشۇق گەپنىڭ لازىمى يوق!

— يولنى بوشىتىڭلار، كازاكلار! ئۇنداق بولمىغاندا، خۇدا كۆرۈپ تۇرۇپتۇ، ئېتىپ تاشلايمىز! — دېدى خاڭچى قىياپىتىدىكى سولدات.

ئورەدىنىڭ تەشۋىش بىلەن قوللىرىنى يايدى.

— ئۇنداق قىلىساق بولمايدۇ، تۇققىنىم! بىزنى ئۆلتۈرگىنىڭلار بىلەنمۇ، بەرىبىر كېتەلمەيسىلەر: ئەنە ئاۋۇ يېزىدا بىزنىڭ بۆلۈنمىمىز تۇرۇپتۇ...

ئۇزۇنتۇرا، دۇمچەك سولدات، بىردەم پوپوزا قىلىپ باقتى، بىردەم نەسىھەت قىلدى، بىردەم يېلىنىشقا باشلىدى. ئاخىرىدا ئۇ، كۆيۈپ - پىشىپ، كونىراپ كەتكەن ھەربى سومكىسىنىڭ ئىچىدىن چىغ قاپلىق بىر بوتۇلكىنى ئالدى - دە، كوشېۋويغا خوشامەتكويلۇق بىلەن كۆزىنى قىسىپ پىچىرلىدى:

— كازاكلار، بىز سىلەرگە پۇلمۇ بېرەيلى، مانا ماۋۇ... نېمىس ھارىغى.. يەنە باشقا نەرسىمۇ بېرىمىز... ئەيسا پەيغەمبەر ھەققى، بىزنى قويۇۋېتىڭلار... ئۆيدە باللىرىمىز بار، ئۆزەڭ چۈشىنىسەن... چارچاپ دەرمانىمىز قالمىدى، سىغىنىش،قايغۇ - ھەسرەت بىلەن تۈگەشتۇق... قاچانغىچە چىدايمىز؟... ھەي خۇدا!... راستىنلا قويۇۋەتمەمسىلەر! — ئۇ ئالدىراش قونجىغا قول سېلىپ ھەميانىنى ئالدى - دە، ئىچىدىن پۈرلىشىپ كەتكەن 2 كېرېنكىنى① چىقىرىپ،ئۇنى كوشېۋوينىڭ قولىغامەھكەم قىستۇردى،— ئال، ئال! فۇ، خۇداھەققى!... سەن گۇمانلانما... بۇ نەرسە بولمىسىمۇ، بىزنىڭ كۈنىمىز ئۆتۈۋېرىدۇ!... پۇل دېگەنىنىڭ كارى چاغلىق... بىزگە پۇل بولمىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ... ئال! يەنە ئېغىپ بېرىمىز...

ئومۇستىن پۈتۈن ئەزايى ئوت ئالغان كوشېۋوي، ئىككى قولىنى

① كېرېنكا — كېرېنىسكى چىقارغان قەغەز پۇل.

ئارقىسىغا قىلىۋېلىپ، بېشىنى چايقاپ،ئۇنىڭ قېشىدىن نېرى كەتـ
تى. يۈزىگە كۈچ بىلەن قان تېپىپ. كۆزىگە ياش كەلـدى: «مېنى
مۇنچىلىك قاتتىق قىلىپ تۇرغان بىشىنەكنىڭ ئۆلۈمى تۈپەيلىدىن
پەيدا بولغان ئىنتىقام ئېلىش ھىسسىغۇ... بۇ نـېمە قىلغىنىم،
ئۆزەم ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇۋاتسام، كىشىلەرنى تۇتۇپ بېرىشكە نېمە
ھەققىم بار؟... ئانامنىڭ سۆتى ھەققى،قاملاشمىغان ئىش قىلىپ قويـ
دۇم! مەن بىر ئىتمەن!»

ئۇ ئورەدىنىكىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنى بىرچەتكە ئېلىپ بارـ
دى - دە، ئۇنىڭ كۆزىگە قارىماستىن:

— ئۇلارنى قويۇپ بېرەيلى! سىېنىڭچە قانـداق كۆلىچېـپ؟
شۇنداق قىلايلى، خۇدا تۇرۇپتۇ!...، — دىدى.

نەق شۇ دەقىقىدە ئۇيـاتلىق بىر ئىش قىلــپ قويغـاندەك
ئوڭايسىزلىنىپ تۇرغان ئورەدىنكمۇ كۆزلىرىنى چىملىدىتىپ ماقۇلغا
كەلدى:

— مەيلى كەتسۇن... ئۇلار بىلەن نېمە كارىمىـىز بـار؟ ئۇـ
زاققا قالماي بىزمۇ شۇ يولدىن ماڭىمىز... يوشۇرۇپ نېمە قىلىمىز!

شۇ سۆزدىن كېيىن سولداتلارنىڭ قېشىغا كېلـىپ، غـەزەپ
بىلەن ۋاقىرىدى:

— رەزىللەر! بىز سىلەر بىلەن ئادىمىيانە ئـەدەپ بىـلەن
سۆزلىشىۋاتساق، سىلەر بىزگە پۇل بەرمەكچىمۇ؟ بىزدە پۇل ئازمـ
كەن؟ — شۇ سۆزنى ئېيتىپ يۈزى قىزىرىپ كەتتـى، — ھەميانىنى
كۆزدىن يوقات، بولمىسا ئىشتاپقا ھەيدەپ بارىمەن!...

كازاكلار چەتكە چىقىپ تۇرۇشتى. كوشىۋوي يىراقتىكـى يېـ
زىنىڭ بوم - بوش كوچىلىرىغا قاراپ قويۇپ، يىراقلاپ كېتىۋاتـ
قان سولداتلارغا ۋاقىرىدى:

— ھەي، قىرچاڭغۇ بايتاللار! ئۇچۇقچىلىق بىلەن نەگە بارىسىلەر؟ ئاينا ئورمان تۇرمامدۇ؟ كۈندۈزنى شۇنىڭ ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ، كېچىسى يولغا چىقىڭلار! ئۇنداق بولمىغاندا يەنە بىر پوسقا ئۇچرايسىلەر — تۇتۇپ كېتىدۇ!

سولداتلار ئەتراپىغا قارىشىپ، مېڭىشقا جۈرئەت قىلالماي، بىردەم سولىشىپ تۇرۇشتى-دە، كېيىن بۆرىدەك تىزلىشىپ، خىرە كۆلەڭ زەنجىر ھاسىل قىلىپ، تاغ تېرەكلىرى پاخماقلىشىپ تۇرغان ئويمانلىققا قاراپ مېڭىشتى.

× ×

نويابىرنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە كازاكلارغا پېتروگرادتا بولغان ئىنقىلاپ توغرىلىق خىلمۇ خىل خەۋەرلەر يېتىپ كېلىشكە باشلىدى. ئادەتتە باشقىلارغا قارىغاندا ياخشىراق خەۋەردار بولىدىغان ئىشتاب چاپارمەنلىرى: ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئامېرىكىغا قېچىپ كېتىپتۇ، كېرېنىسكىنى ماتروسلار تۇتۇۋېلىپ، چېچىنى چۈشۈرۈپ تاقىرباش قىلىپتۇ-دە، سېرىكچى قىزدەك ئۈستىگە قاراماي سۆركەپ پېتروگراد كوچىلىرىدا 2 كۈن سازايى قىلىپتۇ، دەپ ئىسپات قىلىشقا تىرىشتى.

كېيىنرەك، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئاغدۇرۇلغانلىقى ۋە ھاكىمىيەتنىڭ ئىشچى-دېھقانلار قولىغا ئۆتكەنلىكى توغرىلىق رەسمىي خەۋەر ئېلىنغاندا، كازاكلار سەگەكلىك بىلەن شۈك بولۇپ قېلىشتى. نۇرغۇنلىرى خوشال بولۇشۇپ، ئۇرۇشنىڭ توختىتىلىشىنى كۈتكەن بولسىمۇ، ئەمما 3-ئاتلىق كورپۇسنى كېرېنىسكى ۋە گېنېرال كراسنوۋ بىلەن بىللە پېتروگرادقا كېتىۋېتىپتۇ، دەل ۋاقىتدا كازاك پولكلىرىنى دونغا يۆتكىۋالغان كالېدىن ئۇلارغا جەنۇپتىن ياردەم بېرىۋېتىپتۇ، دېگەن

مىش ـ مىش خەۋەرلەرمۇ تەشۋىش تۇغدۇراتتى.

ئالدىنقى سەپ ۋەيران بولدى، ئۆكتەبىردە سولداتلار تارقاق، تەشكىلسىز توپ ـ توپ بولۇپ كېتىشكە باشلىغان بولسا، نويابىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندەروتىلار، باتالىيونلار، پولكلار ئۆز ئورۇنلىرىنى تاشلاپ كەتكىلى تۇردى، بەزىلىرى ھىچنىمەئالماي سالتاڭ مېڭىشقان بولسىمۇ، ئەمما كۆپچىلىگى پولكنىڭ مۈلكىنى بۇلاپ ـ تالاپ، ئامبارلارنى چېقىپ، ئوفىتسېرلەرنى ئېتىپ تاشلاپ توغاننى بۇزغان ئەتىيازدىكى كەلكۈندەك شىددەتلىك ئېقىم بولۇپ، ئۆزيۇرتىغا قايتىشتى.

مۇنداق ئەھۋالدا 12 ـ پولكنىڭ قاچقۇنلارنى توساش ۋەزىپىسىنى ئۆتەشنىڭ ھىچبىر ئەھمىيىتى قالمىغان ئىدى، شۇڭا ئارىلىقتابۇپولكنى يەنەئالدىنقى سەپكە يۆتكەپ، ئۆز ئۇچاستكىسىنى تاشلاپ كەتكەن پىيادە قىسىملار پەيداقىلغان تۆشۈك ۋە يوچۇقلارنى ئېتىش يولىداخېلى تىرىشچانلىق كۆرستىلگەن ئىدى، شۇئۇرۇنۇشلار ـ دىن كېيىن پولك دېكابىر ئېيىدا ئالدىنقى سەپتىن قايتۇرۇلۇپ، يۈرۈش تەرتىۋى بىلەن ئەڭ يېقىن يەردىكى ئىستانسىغا يېتىپ كەلدى ـ دە، پولكنىڭ بارلىق مۈلكىنى، پىلىموتلارنى، ئوق ـ دورا زاپاسلىرىنى، ئاتلارنى ۋاگونغا بېسىپ، شىددەتلىك ئۇرۇش ـجەڭلەر بولۇۋاتقان روسىيىنىڭ ئىچكەقاراپ راۋانبولدى.

12 ـ پولك چۈشكەن ھەربى پويىز ئوكراينا ئارقىلىق دونغا يول ئالدى، زنامېنكىغا يېقىن قالغاندا قىزىل گۋاردىيىچىلەر پولكنى قورالسىزلاندۇرۇشقا ھەركەت قىلىپ باقتى، مۇزاكىرە يېرىم سائەتكە سوزۇلدى، كوشىۋوي ۋەيەنە 5 كازاك، ھەرقايسى بۆلۈمنىڭ ئىنقىلاۋىي كومىتېتى رەئىسلىرى، بىزنى قورال ـ ياراق بىللە ئۆتكۈزسەڭلەر، دەپ ئۆلتىماس قىلىشتى.

— سلەرگە قورالنىڭ نېمە كېرىگى بار؟ — دەپ قىزىقىپ سورىدى ئىستانسىدىكى دېپوتاتلار سوۋېتىنىڭ ئەزالىرى.

— بىزمۇ ئۆز بۇرژۇيلىرىمىزنى ۋە گېنېراللارنى سوقمامدۇق! كالېدىننىڭ قۇيرۇغىنى كېسىپ تاشلايمىز! — دەپ ھەممە كازاكلار ئۈچۈن جاۋاپ بەردى كوشېۋوي.

— قورال ئۆزىمىزنىڭكى، قوشۇننىڭ قورالى، ئۇنى بەرمەيمىز! — دەپ غۇلغۇلا قىلىشتى كازاكلار.

پويىز ئۆتكۈزۈۋېتىلدى. كىرىپمىنچۇگقا بارغاندا پولكنى يەنە قورالسىزلاندۇرماقچى بولۇشقان ئىدى. ئەمما كازاك پىلىموتچىلار ۋاگوننىڭ داغدام ئوچۇق ئىشىكلىرىگە پىلىموتلىرىنى جايلاشتۇرۇپ، ئىستانسىنى نىشانغا ئالدى، بىر بۆلۈنمە كازاك سەپتارتىپ، تۆمۈريول كۆتەممىسىنى دالدا قىلىپ يېتىشتى، ماناشۇچاغدىلا ئۆتۈپ كېتىشكە ماقۇل بولۇشتى. يېكاتېرىنوسلاۋ ① بوسۇغىسىدا قىزىل گۋاردىيىچىلەر ئەترىدى بىلەن بولغان ئېتىشمىنىڭ پايدىسى بولمىدى — ھەرھالدا پولكنىڭ بىر قىسمى قورالسىزلاندۇرۇلدى: پىلىموتلارنى، 100ساندۇقتىن ئارتۇق ئوق - دورىنى، دالا تېلېفون ئاپاراتلىرىنى ۋە بىر نەچچە غەلتەك سىملارنى ئېلىۋالدى. ئوفىتسېرلەرنى قولغا ئېلىش تەكلىۋىگە كازاكلار ياق. ئالمايمىز دەپ جاۋاپ بېرىشتى. پۈتۈن يول داۋامىدا پەقەت بىر ئوفىتسېرنى يوقاتتى، بۇ — پولكنىڭ ئادىيوتانتى چېركوۋسكى بولۇپ، ئۇنى كازاكلارنىڭ ئۆزى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان ئىدى،

① يېكاتېرىنوسلاۋ — ھازىرقى دنېپروپېتروۋسك.

ھۆكۈمنى كوكۈلاچاچ بىلەن يەنەبىر قىزىل گۋاردىيىچى ماتروس ئىجرا قىلدى.

17 - دېكابىر كەچقۇرۇن سىنېلنىكوۋو ئىستانسىسىدا كازاكلار ئادىيوتانتنى ۋاگوندىن سۆرەپ ئېلىپ چۈشتى.

— كازاكلارغا خائىنلىق قىلغان نەق مۇشۇ ئەسمۇ؟ — دەپ خوشاللىق بىلەن سورىدى يېنىغا ماۋزۇر تاپانچا، مۇرىسىگە ياپون مىلتىغى ئاسقان چوقۇر قارادېكىز ماتروسى.

— بىزنى سەن خاتالاشتى دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟ ياق، ئازغاشقىنىمىز يوق، نەق ئۆزىنى تارتىپ چۈشۈردۇق! — دىدى كوكۈلاچاچ ھاسىراپ.

ئادىيوتانت، ياش مۇئاۋىن ياساۋۇل قولغاچۈشكەن ئوۋدەك ئالاقزادەبولۇپ ئەتراپىغا قاراپ، تەرلىگەن ئالقىنى بىلەن چېچىنى سىلايتتى، يۈزىگە سوغاق سانچىپ تۇرغانلىقىنىمۇ سەزمەيتتى، مىلتىقنىڭ پاينىگىدىن يىگەن زەربىدىن ئاغرىق ھىس قىلمايتتى.

كوكۈلا چاچ بىلەن ماتروس ئۇنى ۋاگوندىن نېرىراق يەرگە ئېلىپ باردى.

— مانا شونداق نىملەرنىڭ كاساپىتى بىلەن ئادەملەر ئىسيان كۆتىرىدۇ، ئىنقىلاپنىڭ ئەۋج ئېلىشىنىمۇ مۇشۇنداق ئادەملەرسەۋەپ بولىدۇ... ۋۇ - ۋ ۋ، سەن، سۆيۈملۈكۈم، مىدىرلىما، ئۇنداق بولمىغاندا بۇردىلىنىپ كېتىسەن، — دەپ پىچىرلىدى كوكۈلاچاچ، ئاندىن فۇراژكىسىنى قولىغائېلىپ، چوقۇندى.

— بەردەم بول، جانابى ياساۋۇل!

— تەييار بولدۇڭمۇ ؟ — دەپ سورىدى ماتروس كوكۈلا چاچتىن، ماۋزۇرنى ئوينىتىپ، ئاپپاق چىشلىرىنى ھىجايتىپ.

— تەييار مەن!

كوكۇلاچاچ يەنە بىر قېتىم چوقۇنۇۋالدى ۋە ماتروسنىڭ بىر پۇتىنى ئارقىسىغا تىرەپ، ماۋزۇرىنى كۆتىرىپ، قىسىلغان كۆز بىلەن قارىغا ئېلىشۋاتقانلىغىغا قيغاچ قارىدى - دە، سۈرلۈك كۈلۈمسىرەپ، بىرىنچى بولۇپ ئوق چىقاردى.

چاپلىنو يېنىدا پولك، ئانارخىستلار بىلەن ئوكرايىنلار ئوتتۇرىسىدا يۈزبەرگەن ئۇرۇشقا تەسادىپى ئارىلىشىپ قېلىپ، 3 كازاك ئوق يەپ ئۆلدى، ئاندىن قايسىبىر پىيادىلەر دېۋىزىيىسىنىڭ پويىزى ئىگەللەپ تۇرغان يولنى مىڭ تەسلىكتە تازىلاپ، ئاران يېرىپ ئۆتتى.

3 كېچە - كۈندۈزدىن كېيىن پولكنىڭ ئالدىنقى پويىزى مىللېرووو ئىستانسىسىدا ۋاگوندىن ئادەملەرنى چۈشۈرۈشكە باشلىدى.

قالغانلىرى لۇگانىسكىدا توختاپ قالدى.

پولكنىڭ ئادەملىرىنىڭ تەڭ يېرىمى كارگىن يېزىسىغا كەلدى (قالغان يېرىم ئىستانسىسىنىڭ ئۆزىدىلا ئۆي - ئۆيلىرىگە تاراپ كەتكەن ئىدى). ئەتىسى ئۇرۇش ئولجىلىرىنى: فۇرونتتىن ئالغاچ كەلگەن ئاۋستىرىيىلىكلەردىن تارتىۋېلىنغان ئاتلارنى بازارغا سېلىپ سېتىشتى، پولكنىڭ نەقدانە پۇلىنى ۋە كىيىم - كېچەكلىرىنى بۆلۈشۋالدى.

كوشېۋوي ۋە تاتارسك يېزىسىدىن بولغان باشقا كازاكلار قاش قارايغاندا ئۆيگە قاراپ يول ئالدى. تاققا چىقىشتى، تۆۋەندە، چىر دەرياسىنىڭ ئاپپاق مۇز قاتقان بۇرۇلۇش ئۇستىدە يۇقۇرقى دون بويىچە ئەڭ گۈزەل كارگىن يېزىسى ياتاتتى، هورتۇگمىنىنىڭ تۇرخۇنىدىن پاغا - پاغا تۇتۇن كۆتىرىلەتتى؛ مەيداندا خەلق توپلىرى قارىيىپ كۆرۈنەتتى؛ كەچكە

ئىبادەتكە قوڭغۇراق جاراڭلىدى، كارگىن ئىگىزلىگىنىڭ كەينىدىن كىلىوپ يىيزىسىدىكى تال ـ سۆگەتلەرنىڭ ئۇچى سەل ـ پەل كۆرۈ- نەتتى، ئۇنىڭ نىرىسىدا، قارقاپلاپ تۇرغان يەردىكى ئۇپۇقتا سوزۇل- غان كۆك ئەمەنلەرنىڭ ئارقىسىدا ئاخشام پەيتىنىڭ يىرىم ئاسمانغا يىيىلغان شەپىغى تۇتەكسىمان ئۇچقۇنداپ تۇراتتى.

18 ئاتلىق ئەسكەر قىروباسقان 3 تۇپ ياۋا ئالماقەد كۆتەر- گەن قورغاننى بىسىپ ئۆتكەندىن كىيىن ئاتلىرىنى سوكۇلدىتىپ، ئىگەر ـ توقۇملىرىنى غىچىرلىتىپ، شەرق ـ شىمال تەرەپكە چىپىپ كىتىشتى، ئىزغىرىن سوغاق كىچە تاغ قىرلىرىنىڭ كەينىگە ئاستا يوشۇرۇندى. كازاكلارىيالاڭ قۇلاقچابىلەن يۈزىنى ئوراپ، دەم ـ بەدەم ئاتلىرىنى جەڭ مەيدانىدىكىدەك چاپتۇرۇشاتتى، ئاتنىڭ تاقىلىرى قۇلاقنى يىگۇدەك قاتتىق تاقىراقلايتتى، ئاتنىڭ تۇيىغى ئاستىدىن يول گويادومىلىغاندەك جەنۇپقا ئاقاتتى؛ ئىككى ياندا يىقىنقى ئىسسىق ھاۋابىلەن بىسىلىپ قالغان قاردىن ھاسىل بولغان تاختا مۇزلار ئوت ـ چۆپلەرگە يىپىشىپ قالغان بولۇپ، ئايدىڭدا ئاپپاق شىشىدەك چاقناپ تۇراتتى.

كازاكلار ئۈنچىقماستىن ئاتلىرىنى تىزلىتىپ كەلمەكتە. يول جەنۇپقا ئاقاتتى. شەرقتەدۇبوۋىنكا سايلىغىدىكى ئورمان پىقىرا- ۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. يولنىڭ ئىككى چىتىدە توشقان ئىزلىرى گۈل چىكىلگەندەك كۆزگەچىلىقاتتى. دالا ئۈستىدە ئاسماننى چىرايلىق بىزەپ تۇرغان سامان يولى كازاكلارنىڭ نەقىشدار كەمىرىدەك سوزۇلۇپ ياتاتتى.

# بەشىنچى قىسىم

# 1

1917 ـ يىلىنىڭ كەچ كۈزىدە فرونتتىن كازاكلار قايتىپ
كېلىشكە باشلىدى. خېلىلا قېرىپ قالغان خىرىستونە 52 ـ پولكتا
خىزمەت قىلغان 3 كازاك بىلەن بىللە كەلدى. ھەربىي خىزمەتتىن
پۈتۈنلەي بوشانغانلاردىن ئاۋالقىدەكلا سىدام كوسا ئانىكۇشكا، زەم-
بىرەكچىلەردىن ئىۋان تومىلىن ۋە ياكوپ تاتا، ئۇلارنىڭ كەينى-
دىن مارتىن شامىل، ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ، زاخار كورولېپ، كې-
لەڭسىز ئۆزۈنتۇرا بورشېپ قايتىشتى؛ دېكابىردا توساتتىن مىتكا
كورشۇنوپ پەيدا بولدى، ئاردىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە،
12 ـ پولكتا ئەسكەرلىكتە بولغان بىر توپ كازاكلار قايتىپ كېلىش-
تى، بۇلار: مىشكا كوشىۋوي، پىروخور زىكوپ، كاشۇلىن بوۋاينىڭ
ئوغلى ـــ ئاندىرېي كاشۇلىن، يېپىخان ماكسايېپ، سىنىلىن يېگور
ئىدى.

ئۆز پولكىدىن ئايرىلىپ قالغان قالماق چىراي فېدوت بودو-
ۋىسكوپ، ئاۋستىرىيىلىك ئوفىتسېردىن ئولجىغا چۈشكەن چىرايلىق
سەمەن ئاتقا مىنىپ، توپ ـ توغرا ۋورونېژدىن كەلدى، كېيىنرەك
ئۇ، ئۆزىنىڭ ئىنقىلاپ بىلەن پاتىپاراق بولۇپ كەتكەن ۋورونېژ
ئۆلكىسىنىڭ يېزىلىرىدىن قانداق ئۆتكەنلىكىنى، ئۆز ئېتىنىڭ ئۇچ-
قۇرلۇغىغا ئىشەنچ قىلىپ، قىزىل گۋاردىيىچىلەرنىڭ بۇرنى ئۇچى-

دىن قانداق قۇتۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ئۆزاققىچەھىكايە قىلىپ بەردى.

ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا كامىنىسكىدىكى بولشېۋىكلاشقان 27 ـ پولكتىن قېچىپ چىققان مېركولوپ، پېتروميلېخوپ ۋە نىكولاي كوشىۋوي كەلدى. ئۇلار يېزىغا بىر خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى، ئۇلارنىڭ ئېيتىشلىرىچە، كېيىنكى چاغلاردا 2 ـ زاپاس پولكتا خىزمەت قىلغان گىرىگورىي ميلېخوپ بولشېۋىكلار تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىپ كامىنىسكىدا قېلىپتۇ. بۇرۇنقى چاغدا تىنىم تاپمايدىغان ئات ئوغرىسى ماكسىمكا گىرەزنوپ يەنە شۇ يەردە قېلىپ، 27 ـ پولكقا سىڭىشىپلا كېتىپتۇ. ماكسىمكا توغرىلىق كىشىلەر: ئۇ بىر ئات سېتىۋېلىپتۇ، ئىنتايىن سەت، شۇنداق ياۋۇز، ئەمما بەك چاپقۇر ئىكەن، دېيىشەتتى. ئېيتىشلىرىچە، ماكسىمكىنىڭ ئېتىنىڭ پۈتۈن دۈمبىسى بويلاپ بىر تاسما تەبىئىي كۈمۈش تۈك ئۈنگەن ئىمىش، ئۆزى ئانچە ئېگىز بولمىسىمۇ، تۇرقى ئۇزۇن، رەڭگى خۇددى ئۆ- كۈزنىڭ رەڭگىدەك قىزىل كۈرەڭ ئىمىش. گىرىگورىي توغرىلىق كۆپ گەپ ـ سۆز بولمىدى ـ كىشىلەر سۆزلەشنى خالىمىسا كې- رەك. چۈنكى گىرىگورىي يېزىلىقلاردىن ئايرىلىپ، قىڭغىر يولدا ماڭ- غانلىقىنى، كېلىچەكتە بۇ يولدىن يېنىپ، يېڭىۋاشتىن ئۆز يولىدا ماڭىدىغانلىقى ياكى ماڭمايدىغانلىقى ـ نامەلۇم ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا كېرەك.

كازاكلار ساھىپخان سۈپىتىدە ياكى مېھمان سۈپىتىدە قايتىپ كەلگەن ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى خۇشاللىققا تولدى. بۇنداق خۇشاللىق ئۇرۇق ـ تۇققان، يېقىن كىشىلىرىدىن مەڭگۈ ئايرىلغان ئادەملەر- نىڭ كۆڭلىدىكى دەردى ـ ھەسرىتىنى يېڭىۋاشتىن قوزغاپ، رەھىم- سىزلەرچە تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. قايتمىغان كازاكلار سان ـ ساناق- سىز ئىدى ـ ئۇلار گالىتسىيە، بۇكوۋىنا، شەرقىي پرۇ- سىيە، كارپات تېغى ئېتىكى، رۇمىنىيە داللىرىدا

قازا تاپقان بولۇپ، ئۆلارنىڭ جەسەتلىرى زەمبىرەك تابۇت ئاستىدا چىرىپ بولغان. ئەمدىلىكتە قىرىنداشلار قەۋرىستانلىغىنىڭ ئىنگىزدۆمبىچەكلىرىنى شۋاق ئوتلار بېسىپ، يامغۇر ئەزگەن، چىچىلماقارلار يېيىپ تاشلىغان. چىچى چۇۋۇق يالاڭباش كازاك ئاياللىرى كوچىلارغا يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئالقىنىنى كۆزىگە تۇتۇپ، قانچىلىك كۆز تىككەن بىلەنمۇ ــ جانىجان سۆيۈملۈك كىشىلەرنى مەڭگۈ كۆرەلمەيدۇ! قىپ ـ قىزىل ئىششىپ، نۇرى ئۆچكەن كۆزلەردىن دەريادەك تارام ـ تارام ياش ئاققۇزغان بىلەنمۇ ــ قايغۇ ھەسرەتنىيۇيالمايدۇ! يىلى تولۇپ، خاتىرە مەرىكىسىنى ئۆتكۈزگەن كۈنلەردە قانچىلىك يىغا ـ زارە قىلغان بىلەنمۇ ــ شەرق شامىلى ئۆلارنىڭ داتپەرياتلىرىنى گالىتسىيە بىلەن شەرقىي پروسسىيىگە، قىرىنداشلار قەۋرىستانلىغىنىڭ ئۆلتۈرۈشۈپ كەتكەن دۆمبىچەكلىرىگە يەتكۈزەلمەيدۇ!...

قەۋرىلەرنى ئوت ـ چۆپ باسىدۇ ــ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دەرت ـ ئەلەممۇ بېسىلىدۇ. كەتكەنلەرنىڭ ئىزلىرىنى شامال ئۇچۇرۇپ تاشلايدۇ ــ ۋاقىت سۆيۈملۈك كىشىلىرىدىن ئايرىلغانلارنىڭ يۈرىكىدىكى جاراھەتنى پۈتتۈرىدۇ ۋە كۆڭلىدىكى خاتىرىنى ئۆتتۈرىدۇ؛ ئۆلگەنلەر كەلمەيدۇ، چۈنكى ئىنساننىڭ ئۆمرى قىسقا ۋە ھەممىمىزنىڭ ئۇت ـ چۆپ، مايسىلارنى دەسسەپ ـ چەيلەيدىغان ۋاقتىمىز پېشانىمىزگە ئاز پۈتۈلگەن...

پىروخور شامىلنىڭ ئايىلى، مەرھۇم ئىېرىنىڭ بىر تۇققىنى مارتىن شامىل قۇرۇنتتىن قايتىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ قات ئىنككى ئايىلىغا مېھرىۋانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى، بالىلىرىنى ئەركىلىتىپ، ئېپكەلگەن سوغاتلىرىنى ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەنلىكىنى كۆرۈش بىلەنلا بېشىنى يەرگە ئۇرۇپ، زار ـ زار يىغلاپ كەتتى. ئايال ئۆزىنى يەرگە ئۇرۇپ يۇمۇلىنىپ يىغلايتتى، بالىلىرى بولسا ھۈركىگەن قوي پادىسىدەك

قېشىغا توپلىشىۋېلىپ، ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان ئانىسىغا ئالاقزادە بو-
لۇپ قاراپ، قىيا - چىيا كۆتىرىشەتتى.

ئۇچاغدىكى ئاخىرقى كۆيىنىگىنىڭ ياقىسىنى يىرت، مېھرىۋا-
نىم! كۆگۈلسىز، ئېغىر تۇرمۇشتىن شالاڭلاشقان چاچلىرىڭنى يۇل!
چىشىڭ پېتىپ، قاناپ كەتكەن لەۋلىرىڭنى يەنە چىشلەپ، ئىش
بىلەن قاپارغان قاداق قوللىرىڭنى سۇندۇر، بوش قالغان ئۆيۈڭنىڭ
بوسۇغىسى ئالدىدا يېتىپ، يەرنى تېپچەكلە! ئەمدى ئۆيۈڭگە تى-
رەك بولىدىغان غەمخور كىشىڭ يوق، ئەمدى ئېرىڭ يوق،
بالىلىرىڭنىڭ دادىسى يوق، ئېسىڭدە بولسۇنكى،
نەسېنى، نە يىتىم بالىلىرىڭنى ئەركىلىتىدىغان ھېچكىمىڭ يوق،
ھېچكىم سېنى، مۇشەققەتلىك ئىشتىن، نامراتچىلىقتىن قۇتۇلدۇر-
مايدۇ، ھېرىپ - چارچاپ يىقىلغىنىڭدا، كېچىسى ھېچكىم بېشىڭنى
باغرىغا باسمايدۇ ۋە بىر چاغلاردا ئۇ: «قايغۇرما، ئانىسكا! بىز
بىللە ھايات كەچۈرىمىز!» دىگەن سۆزنى ئەمدى ھېچكىم ساڭا ئېيت-
مايدۇ. ئەمدى ساڭا ئەرچىقمايدۇ، چۈنكى ئېغىرمېھنەت، مۇھتاجلىق،
بالىلىرىڭنىڭ غېمى سېنى قۇرۇتۇپ تۈگەشتۈرۈۋەتكەن، يېرىم يالى-
ڭاچ، ۋەيرانە بالىلىرىڭغا ئاتا بولىدىغان كىشى چىقمايدۇ؛ يەر ھەي-
دەشنى، تېرىشلاشنى، قىيىن ئىشقا ئۆزەڭنى ئۇرۇپ، ھاسىراپ،
ئورۇلغان ئېكىنلەرنى ئوراق ماشىنىسىدىن چۈشۈرۈش، ئۇنى ھارۋى-
نىڭ ئۈستىگە ئىرغىتىپ تاشلاشنى، قۇچاق - قۇچاق ئېغىر بۇغداي-
نى 3 قوللۇق ئارا بىلەن كۆتىرىشنى قىلىدىغان سەن ئۆزەڭ، شۇ
چاغدا قوسىغىڭنىڭ تۆۋەن بىر يېرى يېرىلغاندەك بولىدۇ، شۇندىن
كېيىن تومۇرۇڭ تارتىشىپ، ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەرنى يېپىنىپ
ياتىسەن، ئىچىڭدىن قان كېتىدۇ.

ئالېكسەي بىشنەكىنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ كونا ئىچ كېيىملىرى-
نى بىر بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرۈپ يىغلىدى. تۈگەپ قالاي دىگەن

ئاچچىق كۆز ياشلىرى يۈزىنى يۇغان ھالدا كېيىمنى ھىدلىدى، ئەمما ئوغلىنىڭ مىشكا كوشىۋوي ئالغاچ كەلگەن ئاخىرقى بىر كۆيىنگىنىڭ قاتلاقلىرىدىلا تەرىنىڭ پۇرىغى قالغان ئىدى. موماي كۆينەككە يۈزىنى يېقىپ، 2 تەرەپكە تەۋرىنىپ، قوشاق قېتىپ يىغلىدى، تامغا بېسىلغان كىر ماتا كۆينەككە ياش تامچىلىرى بىلەن گۈل چەكتى.

مانتىسكوپ، ئافونكا ئوزىروپ، يېۋلانىتىي كالىنىن، لىخوۋدوپ، يېرماكوپ ۋە باشقا كازاكلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى يېتىم قالدى.

پەقەت بىرلا سېتپان ئاستاخوپىقا ھېچكىم يىغلىمىدى — يىغلايدىغان كىشىسىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئىشىك - دەرىزىلىرى مىخلىنىپ، يېرىمى ۋەيران بولغان، ھەتتا يازنىڭ كۈنلىرىمۇ قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ئۆيى بوش قالغان ئىدى. ئاكسىنىيە ياگودنويىدا تۇرغانلىقتىن، ئۇنىڭ توغرىسىدىكى گەپ - سۆز، خەۋەرلەر ئاۋالقىدەكلا يېزىغا ئاز ئاڭلىناتتى، ئۇ يېزىغا قايرىلىپمۇ قويمايتتى — ئېھتىمال، ئۆز يېزىسى خىيالىغا كىرمىسە كېرەك.

دونېتس ۋىلايىتىنىڭ يۇقۇرقى كەنتلىرىنىڭ كازاكلىرى ئۆز مەھەللىلىرى بويىچە توپ - توپ بولۇپ ئۆيلىرىگە قايتىپ كېلىۋاتاتتى. ۋېشېنىسكايا كەنتىنىڭ يېزىلىرىغا دېكابىردا جەڭچىلەر پۈتۈنلەي دېگۈدەك قايتىپ كېلىپ بولدى.

تاتارىسكى يېزىسىدىن كېچە - كۈندۈز ئاتلىقلار ئۆتۈپ تۇردى، ئۇلار 10 دىن 40 قىچە بولۇپ، دوننىڭ سول تەرىپىگە قاراپ راۋان بولدى.

— سىلەر قەيەردىن، ئەسكەر باللار؟ — دەپ سوراشتى قېرىلار ئىشىك ئالدىغا چىقىشىپ.

— قارا دەريادىن.

— زىموۋنايادىن.

— دۇبرووۋكادىن.

— رېشېتوۋكادىن.

— بىز دۇدارېۋكادىن.

— بىز گوروخوۋكادىن.

— بىز ئالىموۋكادىن، — دىگەن جاۋاپلار ئاڭلاندى.

— جەڭ قىلىپ بولدىڭلىمۇ، نىمە؟ — دەپ زەھەرخەندە بىلەن سورىشاتتى قېرىلار.

بەزىبىر نومۇسچان، يوۋاش فۇرونتچىلار كۆلۈپلا قوياتتى:

— شۇمۇ يېتەر، ئاتىلار! ئۇرۇشۇپ بولدۇق.

— تىرىكچىلىك روزغارنىڭ غېمى بىلەن ئۆيگە قايتىپ كېتىۋاتىمىز.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىبىر تەرسا، ئاچچىغى يامانلىرى ئاغزىنى بۇزۇپ قوپال جاۋاپ بېرەتتى:

— ماڭ، جۇگۇ، قېرى قاقۋاش، قۇيرۇغىڭنى تىككىنە!

— نىمانچە سورۇشتۇرۇپ كېتىسەن؟ ساڭا نىمە كېرەك؟

— بۇ يەردە سىلەردەك غەيۋەتچىلەر بەك كۆپ ئىكەن!

قىش ئاخىرلىشاي دىگەندە نوۋوچېركاسسىك قېشىدا ئىچكى ئۇرۇشنىڭ بىخلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىغان ئىدى. يۇقۇرقى دوندا بولسا يېزا ـ كەنتلەردە خۇددى قەۋرىستاندىكىدەك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. ئۆي ـ ئائىلىلەردە پەقەت يوشۇرۇن، بەزى چاغلاردا سىرتقا چىقىپ كېتىدىغان ئۆزئارا ماجرا بولۇپ تۇراتتى: قېرىلار ئالدىنقى سەپتىن كەلگەنلەر بىلەن گەپ تالىشاتتى.

دون ھەربى ئوبلاستىنىڭ پايتەختى بوسۇغىسىدا ئەۋج ئالغان ئۇرۇش توغرىسىدا كىشىلەر پەقەت مىش ـ مىش خەۋەرنىلا بىلەتتى؛ ئۇلار يۈز بېرىۋاتقان سىياسى ئېقىملارنىڭ ماھىيىتىنى غۇۋا

چۈشىنىپ، ۋەقەلەرنىڭ ئاقىۋىتى نىمە بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتتى، قۇلىغىنى دىڭ تۇتاتتى.

يانۋارغىچە تاتارىنسكى يېزىسىدىكىلەرمۇ تىنچ ئۆتتى، فرونتتىن قايتقان كازاكلار ئائىللىرىنىڭ يېنىدا دەم ئېلىپ، قوساقلىرىنى تويغۇزۇپ تۇرۇشتى، ئۇلار ئۆتكەنكى ئۇرۇشتا باشتىن كەچۈرگەن مۇشەققەتلەر ۋە ئېغىرچىلىقلاردىنمۇ كۈچلۈگرەك قايغۇ - ھەسرەت ئۆزلىرىنى ئۆيلىرىنىڭ بوسۇغىسى ئالدىدا پايلاپ تۇرغانلىقىنى سەزمىگەن ئىدى.

## 2

گىرىگورىي مېلېخوپ 1917 - يىلى يانۋاردا، ئۇرۇشتا باتۇرلۇق كۆرسەتكەنلىگى ئۈچۈن خورۇنجى (پودپوروچىك) ئۇنۋانىغا ئىگە بولۇپ، 2 - زاپاس پولكتا ۋىزۋوت ئوفىتسېرى بولۇپ تەيىنلەنگەن ئىدى.

ئۇ، ئۆپكە كېسىلى بولۇپ قالغاندىن كېيىن سىنتەبىردە دەم ئېلىش رۇخسىتى ئالدى. ئۆيدە بىر يېرىم ئاي يېتىپ، ئاغرىقى ساقايغاندىن كېيىن، ھەربى رايون دوختۇرلۇق كومىسسىيەسىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ، يەنە پولكقا ئەۋەتىلدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن يۈزلۈك بۆلۈنمە كوماندىرى ۋەزىپىسىگە تەيىنلەندى. ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىش مانا شۇ چاغدا باشلاندى، دىيىشكە بولاتتى، بۇ ئۆزگىرىش ئەتراپتا بولۇۋاتقان ۋەقەلەر نەتىجىسىدە ۋە قىسمەن پولك ئوفىتسېرلىرىدىن بىرى —

يۈز بېشى يېفىم ئىزۋاردىن بىلەن تونۇشقانلىغىنىڭ تەسىرى ئاستىدا يۈز بەرگەن ئىدى.

گىرىگورىي دەم ئېلىشتىن قايتىپ كەلگەن كۈنىلا ئىزۋاردىن بىلەن تونۇشتى، كېيىن خىزمەتتىمۇ ۋە خىزمەتنىڭ سىرتىدىمۇ ئۇنىڭ بىلەن دائىمى رەۋىشتە ئۇچرىشىپ يۈرۈپ، ئۆزىمۇ بايقىماستىن ئۇنىڭ تەسىرىگە چۈشۈپ قالدى.

يېفىم ئىزۋاردىن گۈندۈرۈۋكا كەنتىدىكى ھاللىق بىر كازاكنىڭ ئوغلى بولۇپ، نوۋوچېركاسسكتىكى ئوفىتسېرلەر مەكتىۋىدە ئوقۇغان ئىدى، بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئالدىنقى سەپتىكى 10 - دون كازاكلىرى پولكىغا ئەۋەتىلىپ، ئۇنىڭدا بىر يىلغا يېقىن خىزمەت قىلغان، ئۇ، ئۆزى ئېيتقىنىدەك، «مەيدىسىدىكى ئوفىتسېرلىك گېئورگىي كرېستى ئوردېنىغا ئىگە بولغان، قول بومبىسىنىڭ 14 سۇنۇغى بەدىنىنىڭ ئۇدۇل كەلگەن ھەممە يېرىگە تېگىپ» ياردار بولغان ئىمىش، شۇنىڭ بىلەن قىسقا مۇددەت ئۇستىگە ئالغان ھەربىلىك مەنسۇۋىنى تاماملاش ئۈچۈن 2 - زاپاس پولكقا يۆتكەلگەن ئىدى.

ئىزۋاردىن ئەڭ ئىقتىدارلىق، شۈبھىسىز ئىستىبداتلىق كىشى بولۇپ، ئادەتتە كازاك ئوفىتسېرلىرى ئېرىشەلمەيدىغان دەرىجىدىمۇ خېلى يۇقۇرى بىلىم ئالغان ئىدى، ئۇ ئەشەددى بۇرژۇئا ئاپتونومىيىسى تەرەپدارى ئىدى. فېۋرال ئىنقىلاۋى ئۇنى ئورنىدىن قوزغىتىپ، غۇلىچىنى كەڭ يېيىشقا ئىمكان بەردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئىستىقلالچىلىق كۆز قارىشىدىكى كازاك دائىرىلىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ، دون ھەربى ئوبلاستىنىڭ تولۇق ئاپتونومىيىسى ئۈچۈن، دوندا چار پادىشاسى ئىستىبدات تۈزۈمى كازاكلارنى قۇل قىلغانغا قەدەر مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قايتا تىكلەش

ئۇچۇن ماھىرلىق بىلەن تەشۋىقات ئېلىپ باردى. ئىزۋارىن تارىخنى
بەك ياخشى بىلەتتى، كاللىسى ئۆتكۈر، ئەقلى روشەن ۋە زىرەك
يىگىت ئىدى؛ ئانا يۇرت دوندا كەلگۈسىدە مەيدانغا كېلىدىغان ئەر-
كىن تۇرمۇشنى كىشى زوقلانغۇدەك دەرىجىدە چىرايلىق سۈرەتلەپ
بېرەتتى: ئۇ چاغ كەلگەندە يۇرتنى كازاك ھۆكۈمران گۇرۇھى باش-
قۇرىدۇ، ئۇ چاغدا ئوبلاست دائىرىسى ئىچىدە بىرمۇ رۇس قالمايدۇ-
دە، كازاكلار ئۆزىنىڭ دۆلەت چېگرىلىرىغا چېگرا پوسلىرىنى قويىدۇ،
ئۇكرائىنا ۋە ۋېلىكوروسىيە ئالدىدا باش ئەگمەستىنلا، باپ- باراۋەر
ئورۇندا تۇرۇپ سۆزلىشىپ، سودا- سېتىق ئېلىپ بارالايدىغان
بولىدۇ. ئىزۋارىن ئاشۇ سۆزلىرى ئارقىلىق سادىدىل كازاكلارنىڭ
ۋە چالا ساۋات ئوفىتسېرلەرنىڭ بېشىنى ئايلاندۇراتتى. گىرىگورىي-
مۇ ئۇنىڭ تەسىرىگە يولۇققان ئىدى. دەسلىۋىدە ئۇلارنىڭ ئارىسى-
دا قىزغىن تالاشلار بولدى، ئەمما چالا ساۋات گىرىگورىي ئۆز رەقىپ-
لىرىگە قارىغاندا تەرىتى بوش ئىدى، شۇڭا ئىزۋارىن بەس- مۇ-
نازىرە جەڭلىرىدە ئۇنى ئاسانلا تارمار قىلاتتى. ئۇلار ئادەتتە گا-
زارمىنىڭ بىرەر بۇلۇڭىدا مۇنازىرىلىشەتتى، يەنە كېلىپ ئاڭلىغۇچى-
لار ھەمىشەم ئىزۋارىنغا مايىل. ئۇ، كېلىچەكتىكى مۇستەقىل تۇرمۇش-
نىڭ مەنزىرىسىنى ئېنىق سىزىقلار بىلەن سۈرەتلەپ، ئۆز مۇلاھى-
زىلىرى بىلەن كازاكلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى — بۇ سۆزلىرى
بىلەن ئۇ، كۆپىنچە دوننىڭ تۆۋەنكى تەرىپىدىكى ھاللىق كازاكلارنىڭ
كۆڭلىدىكى ئەڭ شېرىن ئارزۇ- ئارمانلىرىغا تېگىپ ئۆتەتتى.

— بىزدە بۇغدايدىن باشقا ھېچنەرسە بولمىسا، روسىيىسىز
قانداق ھايات كەچۈرەلەيمىز؟ — دەپ سورىغان ئىدى گىرىگورىي.

ئىزۋارىن ئالدىرىماي چۈشەندۈردى:

— مەن بىرلا دون ئوبلاستىنى مۇستەقىل ۋە يەككە ھايات
كەچۈرىدۇ، دەپ ئويلىمايمەن. فېدېراتسىيە، يەنى بىرلىشىش

ئاساسىدا، بىز كۇبان، تېرېك ۋە كاۋكاز تاغلىقلىرى بىلەن بىرلىكتە تۇرمۇش كەچۈرىمىز. كاۋكاز مىنېرالغا باي، ئۇ يەردىن ھەممىنى تاپىمىز.

— تاش كۆمۈرنىچۇ؟

— دونېتس ئويمانلىقى كۆز ئالدىمىزدىلا تۇرۇپتۇ.

— ئەمما ئۇ روسىيىنىڭكىغۇ؟

— بۇ يەرنىڭ كىمگە تەۋە ئىكەنلىكى ۋە كىمنىڭ تۇپرىقىدا تۇرىدىغانلىقى — تېخى تالاش - تارتىشتىكى مەسىلە. ئەمما دونېتس ئويمانلىقى روسىيىگە كېتىپ قالغان تەقدىردىمۇ، بىزنىڭ زىيىنىمىز ئاز. بىزنىڭ فېدېراتسىيە ئىتتىپاقىمىز سانائەتنى ئاساس قىلمايدۇ. خاراكتېر جەھەتتە — ئۆلكىمىز دېھقانچىلىق ئۆلكىسى، شۇنداق ئىكەن، ئۇ ھالدا كىچىككىنە سانائىتىمىزنى كۆمۈر بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، ئۇنى بىز روسىيىدىن سېتىۋالىمىز. يالغۇز كۆمۈرنىلا ئەمەس، بەلكى باشقا نۇرغۇن نەرسىلەرنى، مەسىلەن، ياغاچ ماتېرىياللىرى، مېتال سانائىتىنىڭ بۇيۇملىرى ۋاھاكازالارنى روسىيىدىن سېتىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ نەرسىلەرنىڭ ئورنىغا بىز ئۇلارنى يۇقىرى سۈپەتلىك بۇغداي ۋە نېفىت بىلەن تەمىنلەيمىز.

— روسىيىدىن ئايرىلىشتىن بىزگە نېمە پايدا؟

— پايدا ئوپ - ئوچۇق. ئالدى بىلەن سىياسى ۋە سېلىقتىن قۇتۇلىمىز، رۇس پادىشالىرى يوقىتىۋەتكەن ئۆز تۈزۈملىرىمىزنى قايتا تىكلەيمىز، «چەت شەھەرلىك» كەلگىندىلەرنى كۆچۈرىۋېتىمىز، 10 يىل ئىچىدە، چەتئەلدىن ماشىنىلار كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئۆز ئىگىلىكىمىزنى يۇقىرى كۆتىرىمىز، شۇنىڭ بىلەن 10 ھەسسە بېيىيمىز، بۇيەر — بىزنىڭكى، ئۇنىڭغا ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ قېنى سىڭگەن، ئۇلارنىڭ ئۇستىخانلىرى بىلەن ئوغۇتلانغان، بىز بولساق

روسىيەگە بېقىندى بولۇپ، 400 يىل مابەينىدە ئۆزىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قوغداپ كەلدۇق، ئۆزىمىزنى ئويلىمىدۇق. بىزنىڭ دېڭىزغا چىقىدىغان يوللىرىمىز بار. بىزدە ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ جەڭگىۋار ئارمىيە بولىدۇ. ئۇ چاغدا يالغۇز ئۇكرائىنالا ئەمەس، بەلكى روسىيەمۇ بىزنىڭ مۇستەقىللىقىمىزغا تاجاۋۇز قىلىشقا پېتىنالمايدۇ!

ئوتتۇرا بويلۇق، قامەتلىك، كەڭ يەلكىلىك ئىززاۋارىن تىپىك بىر كازاك ئىدى: چالا پىشقان سۇلۇنىڭ رەڭگىدەك ساغۇچ، چېچى جىڭگىلەك، يۈزى قارا قۇمچاق، پېشانىسى سوقا ھەم ئاق، ئاپتاپنىڭ كۆيدۈرۈشى يالغۇز مەڭزىگىلا تەسىر قىلغان بولۇپ، يۈزىنىڭ قارايغان يېرى ئاقسېرىق قاشلىرىدا تۈگىگەن. ئۇ چاڭىلداپ سۆزلەيتتى، بىرسى بىلەن پاراڭلاشقاندا سول قېشىنى تۈرۈپ، كىچىككىنە ئەگمەچ بۇرنىنى ئۆزىچە سىلاپ قويىدىغان ئادىتى بار ئىدى؛ بۇ قىلىقىدىن ئۇ ھەمىشەم بىر نەرسىنى پۇراشقا ئۆگىنىپ قالغاندەكلا كۆرۈنەتتى. غاچ - غاچ دەسسەپ غەيرەت بىلەن مېڭىشى، قەددى - قامىتىگە ۋە بۇلاقتەك قوي كۆزلىرىگە تەمەننا قويۇشى ئۇنى پولكتىكى باشقا ئوفىتسېرلاردىن ئايرىپ تۇراتتى. كازاكلار ئۇنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيتتى، بۇ ھۆرمەت، ھەتتا پولك كوماندىرىغا كۆرسىتىلگەن ھۆرمەتتىنمۇ زىيادە ئىدى.

ئىززاۋارىن گرىگورىي بىلەن ئۇزاق پاراڭلىشاتتى، بۇ چاغدا گرىگورىي، تېخى بايىلا ئايىغى ئاستىدا مىدىر قىلماي تۇرغان زېمىن يېڭىۋاشتىن تەۋرىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، بىر زاماندا موسكۋادا، ستىپگرىۋفنىڭ كۆز شىپاخانىسىدا گارانجا بىلەن ئۇچراشقاندا باشتىن كەچۈرگەن ھالەتكە يەنە چۈشۈپ قالاتتى.

ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىدىن كېيىن كۆپ ئۆتمەي ئىززاۋارىن بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇنداق پاراڭ بولۇپ ئۆتتى.

قارىمۇ قارشىلىقلاردىن ئىزتىراپقا چۈشكەن گېرىنگورىي
ئېھتىيات بىلەن بولشېۋىكلار توغرىلىق گەپ سورىدى:
— قېنى ئېيتىپ باققىنا. يېفىم ئىۋانىچ سېنىڭچە، بولشې-
ۋىكلار قانداق، توغرا پىكىر قىلىنشامدۇ - يوق؟
ئىزۋارىن بىر قېشىنىڭ بۈرجىكىنى چىمىرىپ، ئىستىزاھ
بىلەن بۇرنىنى پۈرۈشتۈرۈپ خىڭىلدىدى:
— ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىمۇ؟ خا — خا — خا ... ئەزىزىم،
سەن يېڭى تۇغۇلغان بالىدەكسەن ... بولشېۋىكلارنىڭ ئۆز
پىروگراممىسى، غايە، مەقسەتلىرى بار. بولشېۋىكلارنىڭ
ئۆز نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ توغرا، بىزنىڭمۇ ئۆز
نۇقتىئىنەزىرىمىز توغرا. بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ قانداق ئاتىلىدىغانلى-
غىنى بىلەمسەن - يوق؟ ھەي، قانداقچە بىلمەي قالارسەن؟ روسىيە
سوتسىيال - دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى. چۈشەندىڭمۇ؟
ئىشچىلار پارتىيىسى! ھازىر ئۇلار دېخانلار بىلەن كازاكلارغا ئوبى-
دانچاق بولۇپ يۈرۈشۋاتىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئويلايدىغى-
نى ئىشچىلار سىنىپى، ئۇلار ئىشچىلار سىنىپىغا ئازاتلىق ئېلىپ
كېلىدۇ، دېخانلارغا بولسا — يېڭى، بەلكىم، بۇرۇنقىدىنمۇ بەتتەر
قۇللۇق - ئاسارەتنى ئېلىپ كېلەر، ھاياتتا ھەممىنىڭ باپ - بارا-
ۋەر تۇرمۇش كەچۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس. بولشېۋىكلار ئۈستۈنلۈكنى
ئالسا — ئىشچىلارغا ياخشى، باشقىلارغا يامان بولىدۇ. پادىشالىق
تۈزۈم قايتا ئورنىتىلسا — پومېششىكلار بىلەن ئاشۇنداق ئادەملەرگە
ياخشى، قالغانلىرىغا يامان بولىدۇ، بىزگە ئۇنىسىنىڭمۇ، بۇنىسىنىڭمۇ كېرى-
گى يوق. بىزگە ئۆزىمىزنىڭكى لازىم، ئالدى بىلەن بىز ھامىلاردىن
قۇتۇلۇشىمىز كېرەك — مەيلى كورنىلوپ ياكى كېرېنسكى بولسۇن
ياكى لېنىن بولسۇن، بەرىبىر. ئۆز يەرلىرىمىزدە ئۇلارسىزمۇ

كۈن ئۆتكۈزۈۋېرىمىز. خۇدا، بىزنى دوستلاردىن قۇتقۇز، دۈشمەنلەرنى بىز ئۆزىمىز بىر تەرەپ قىلىمىز.

— ئەمما كازاكلارنىڭ كۆپچىلىكى بولشېۋىكلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېتىۋاتىدىغۇ ...بۇنى بىلەمسەن؟

— دوستۇم گىرىشا، سەن مۇنۇنى چۈشىنىپ قوي — بۇ ئاساسىي نەرسە: ھازىر كازاكلار بىلەن دېخانلارنىڭ بولشېۋىكلار بىلەن يولى بىر. نېمىشكە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

— خوش؟

— چۈنكى ...، — ئىزۋارىن بۇرنىنى تولغاپ كۈلۈپ قويدى، — چۈنكى بولشېۋىكلار تىنچلىقنى ياقلايدۇ، دەرھال تىنچلىق بولۇشىنىڭ تەرەپدارى، ئەمما ھازىر ئۇرۇش كازاكلارنىڭ مۇنۇ يېرىدە يۈك بولۇپ تۇرۇپتۇ!

ئىزۋارىن، چىڭ تارتىلىپ تۇرغان قارامتۇل بويىنىغا چاڭ قىلىپ بىر شاپىلاق سالدى ـ دە، ھەيرەت بىلەن تىك تۇرغان قېشىنى ئۆز قېلىپىغا چۈشۈرۈپ، ۋاقىراپ سۆزلەپ كەتتى:

— شۇڭا كازاكلار بولشېۋىزىمنىڭ ھىدىنى پۇراپ، بولشېۋىكلار بىلەن بىللە قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتىدۇ. لېكىن، ئۇ - رۇش تۈ - گەش بىلە - نلا بولشېۋىكلار كازاكلارنىڭ مۈلكىگە قول سوزۇشقا باشلايدۇ، ئۇ چاغدا كازاكلار بىلەن بولشېۋىكلارنىڭ يوللىرى بىر بىرىدىن ئايرىلىدۇ! بۇ ئاللىقاچان ئىسپاتلىنىپ بولغان، تارىخىي جەھەتتىن مۇقەررەرلەشكەن ھەقىقەت، كازاك ھاياتىنىڭ بۈگۈنكى تۈزۈلمىسى بىلەن سوتسىيالىزىمنىڭ — بولشېۋىكلار ئىنقىلاۋىنىڭ ئاخىرقى نىشانىنىڭ — ئوتتۇرىسىدا ئۆتۈپ بولمايدىغان بىر ھاڭ بار...

— مەن دەيمەنكى ...، — گىرىگورىي گورۇڭلاپ سۆزلىدى، — مەن ھېچنىمىنى چۈشەنمەيۋاتىمەن... بۇنى

ئاچرىتىش ماڭا قىيىن ... چۆلدىكى بورانىدا قالغاندەك ئېزىقىپ قالدىم ...

— سەن بۇنىڭدىن قۇتۇلالمايسەن! تۇرمۇش سېنى چۇشىنىشكە مەجبۇر قىلىدۇ، مەجبۇر قىلىپلا قالماستىن، بەلكى سېنى بىرياققا كۈچ بىلەن ئىتتىرىدۇ.

بۇ گەپ ـ سۆزلەر ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە بولغان ئىدى. نويابىر ئېيىدا بولسا گىرىگورىي دونىدىكى ئىنقىلاپتارىخىدا چوڭ رول ئوينىغان ئىككىنچى بىر كازاك بىلەنتاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدى — گىرىگورىي، فېدور پودتېلكوپ بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان ئىدى. شۇندىن كېيىن گىرىگورىي بىرئاز ئىككىلىنىپ يۈردى ـ دە، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى بۇرۇنقى ھەقىقەت يېڭىۋاشتىن سالماقلىق ئورۇننى ئىگەللىدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن تارتىپ سىم ـ سىم يامغۇر تامچىلاپتۇرغان ئىدى. كەچ كىرىش ئالدىدا ھاۋا ئېچىلدى ـ دە، گىرىگورىي 28 ـ پولكنىڭ مۇئاۋىن خورۇنجى، كەنتداش دروزدوۋنىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولۇپ قالدى. چارەك سائەتتىن كېيىن ئۇ، يەرگە سىلىقلىق شالچىغا ئۆتۈكىنى سۈرتۈپ، دروزدوۋنىڭ ئىشىكىنى قاقتى. ئۆينىڭ ئىچىدە سولىشىپ قالغان نىمجان فىكۇس گۈللىرى ۋە كونىراپ كەتكەن ئۆي جاھازلىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆي ئىگىسىدىن باشقا، مۇرىسىگە گۋاردىيە باتارىيىسىنىڭ ۋاخمىستىرى پاگونىنى تاقىغان، ساغلام، گەۋدىلىك بىر كازاك قاتلاق كارۋاتتا دەرىزىگە ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇ، قاراموۋۇت شالۋۇر كىيگەن پۇتلىرىنى 2 تەرەپكە كېرىپ، يۇمۇلاق يوغان تىزلىرىنىڭ ئۈستىگە ساپ ـ سېرىق يۈڭ باسقان يوغان قوللىرىنى قويۇپ ئولتۇرغان ئىدى. گىمناستوركىسى ئىككى بىقىنىنى چىڭقىسىپ تۇرغاچقا، قولتۇقىنىڭ ئاستىدىن تۈرۈلۈپ، دۇمباق كۆكسىدە ئالدى تەرىپى يىرتىـ

لىپ كېتىشكە ئاز ـ ئاز قالغاندەك ئىدى، ئىشىك غىچىرلىغاندا ئۇ، سىپمىز، قىسقا بويىننى تولىغاپ، گىرىگورىيغا سالقىن نەزەر بىلەن قارىدى ـ دە، بىرئاز ئىششىغان قاپاقلىرى ئاستىدىكى تار چانىغى ئىچىدە كۆز نۇرىنى يېپىۋالدى.

— تونۇشۇڭلار. گىرىشا، بۇ كىشىنى بىزنىڭ خوشنىمىز دىسەكمۇ بولىدۇ، ئۇست ـ خوپېرلىك پودتېلكوپ.

گىرىگورىي بىلەن پودتېلكوپ ئۇنچىقماستىن قول سىقىشتى. گىرىگورىي ئولتۇرۇۋېتىپ، ئۇۆي ئىگىسىگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى:

— ئۆتۈكۈم بىلەن تاختىنىڭنى لاي قىلىپ قويدۇم ـ تىللاپ كەتمەسسەن؟

— ياق، قورقما. ئۇۆي ئىگىسى ئاغىچام سۈرتۈۋېتىدۇ... چاي ئىچەمسەن؟

ساھىپخان ـ بويى پاكار، يىلان بېلىقتەك ھەركەتچان كىشى بولۇپ، تاماكىدىن سارغىيىپ كەتكەن تىرناقلىرى بىلەن ساماۋارنى جىرىڭلىتىپ قويۇپ، ئەپسۇس بىلدۈردى:

— سوغاقلا ئىچىشكە توغرا كېلىدۇ.

— ئىچمەيمەن، بىزاۋىتە بولما.

گىرىگورىي، پودتېلكوپقا پاپىروس تۇتتى، پودتېلكوپ زىچچىدا تىزىلغان تاماكىلارنىڭ بىرىنى چوڭ ـ چوڭ قىزىل بارماقلىرى بىلەن قىسىپ ئالىمەن دەپ خېلى ئاۋارە بولدى؛ ئۇ، خىجالەتچىلىكتە قىپ ـ قىزىرىپ، ئەلەم بىلەن دىدى:

— قولۇمغا چىقمايۋاتقىنىنى قارىمامدىغان... ھەي، سەن لەنىتىنى!

ئۇ ئاخىرقى، بىرتال پاپىروسنى قۇتىنىڭ سىرتىغا چىقاردى ـ دە، كۆزىنى قىسىپ كۈلۈمسىرەپ، گىرىگورىيغا قارىدى،

بۇنىڭدىن كۆزلىرى تېخىمۇ تارىيىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇشى گىرىگورىيغا ياقتى ـ دە، تارتىنمايلا سورىدى:
— سىز قايسى يېزىدىن؟
— مەن ئۆزەم كرۇتوفكىدا تۇغۇلغان، — دىدى پودتېلكوپ مەمنۇنلۇق بىلەن، — شۇ يەردە چوڭ بولدۇم، كېيىنكى چاغلاردا ئۇست — كالىنوفكىدا تۇردۇم. كرۇتوفكىنى ئۆزىڭىز بىلسىزـ ئاڭلىغان بولۇشىڭىزمۇ ئېھتىمال. بۇ يېزا دىڭگۇدەك يىلانسىك يېزىسى بىلەن چېگرىداش. پىلېشاكوف يېزىسى بىلەمسىز؟ خوپ، شۇنىڭ ئارقىسىدا مارتىن يېزىسى بار، شۇنىڭ قېشىدىلا بىزنىڭكەنتىمىزـ گە قاراشلىق تيۇكوۋنوف يېزىسى جايلاشقان، ئۇنىڭ نېرىسىدا مەن تۇغۇلۇپ، چوڭ بولغان يۇقۇرقى ۋە تۆۋەنكى كرۇتوفكا يېزىلىرى بار.
ئۇ پاراڭ ئەسناسىدا ھەمىشەم گىرىگورىينى بىردەم سەنلەپ سۆزلىسە، بىردەم سىزلەپ سۆزلەيتتى، ئىش قىلىپ ئەركىن سۆزلەيتتى. بىر قېتىم ھەتتا گىرىگورىينى ئۆز كۆرۈپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئېغىر قولى بىلەن بىرنى نوقۇپ قويدى. ئۇستۈرا بىلەن قىرىلغان، سەل ـ پەل چوقۇرياپاق يۈزىدە، ئاۋايلاپ تولغاپ قويۇلغان بۇرۇتى پاقىراپ تۇراتتى، ھۆللەنگەن چېچى تاغاق بىلەن سىلىق تارالغان بولۇپ، كىچىككىنە قۇلاقلىرىنىڭ قېشىدا پاخپىيىپ تۇراتتى، سول تەرەپتىن چۈشۈپ تۇرغان بىر تۇتام چېچى سەل ـ پەل جىنگىلەكلىنىپ تۇراتتى. كېلەڭسىز بۇرنى بىلەن كۆزلىرى بەك يوغان بولمىغاندا، ئۇ، كىشىدە يېقىملىق تەسىرات قالدۇراتتى. بىرىنچى قاراشتا بۇ كۆزـ لەرنىڭ ھېچبىر ئۆزگىچىلىگى يوقتەك قىلىسىمۇ، ئەمما گىرىگورىي سىنچىلاپ قاراپ، ئۇلارنىڭ قوغۇشۇندەك ئېغىرلىغىنى ھىس قىلدى. چاچما ئوقتەك كىچىك كۆزلىرى تامنىڭ تۆشۈگىدەك تار چاناقلىرىدىن مۆلدۈرلەپ، دۇچكەلگەن نەزەرلەرنى بېسىپ چۈشۈپ، بىر ئورۇندا مىختەك ـ قادىلىپ تۇراتتى.

گرىگورىي ئۇنىڭغا قىزىقىپ قاراپ، ئۇنىڭ ئۆزگىچە بىر خۇسۇسىيىتىنى بايقىدى: پودتېلكوپ دىگۇدەك كىرپىك قاقمايتتى — سۆزلەشكەندە، ئۆز سۆھبەتدىشىگە غەمكىن نەزەرلىرىنى قاداپ سۆزلەيتتى، كۆزلىرى بىر نەرسىدىن يەنە بىر نەرسىگە يۆتكىلىپلا تۇراتتى، يەنە كېلىپ ئاپتاپتا كۆيگەن كالتا كىرپىكلىرى ھەمىشەم تۆۋەنگە قادىلىپ، مىدىر قىلمايتتى. ئاندا - ساندا ئۇ، ئىششىغان قاپىغىنى چۈشۈرۈپ، يەنە تېزلا يۇقۇرى كۆتىرەتتى - دە، ئۇقتەك كۆزلىرىنى نىشانلاپ، ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىگە بىر - بىر قاراپ چىقاتتى.

— قىزىق گەپ، بۇرادەرلەر! — دەپ سۆز ئاچتى گرىگورىي ساھىپچان بىلەن پودتېلكوپقا قاراپ، — ئۇرۇش تۈگەيدۇ — ئۇنىڭ بىلەن يېڭىچە تۇرمۇش كەچۈرىمىز. ئۇكرايىنانى رادا① سورايدۇ — بىزنى ھەربى بىرلەشمە.

— ئاتامان كالېدىن، — دەپ تۈزەتتى پودتېلكوپ بوش ئاۋاز بىلەن.

— بەربىر پەرقى نىمە؟

— پەرقىغۇ يوق، — دەپ قوشۇلدى پودتېلكوپ.

---

① رادا — ئۇكرايىنا (مەركىزى) راداسى — بۇ، ئۇكرايىنادىكى ئەكسىلئىنقىلاۋىي مىللەتچى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىجرائىيە ئورگىنى بولۇپ، 1917- يىل 2 - مارتتا (كونا كالىندار بويىچە 15 - مارتتا) قۇرۇلغان ئىدى. 1918- يىل، يانۋار ئېيىنىڭ ئاخىرىدا قوزغىلاڭ كۆتەرگەن ئىشچى - دىخانلار رادانى قوغلاپ چىقارغان. كېيىن چەتئەل ئىشغالىيەتچىلىرى قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇكرايىناغا قايتىپ كەلگەن. 1918- يىلى 29 - ئاپرېلدا، ئەكسىلئىنقىلاپچىلار تېخىمۇ كۈچلۈكرەك ھاكىمىيەتكە مۇھتاج بولغانلىقتىن، ئۇنى پومىشچىك، باي دىخان ۋە چەتئەل ئىشغالىيەتچىلىرىنىڭ ئۆزلىرى تارقىتىۋەتكەن (ئاپتورنىڭ ئىزاھى).

— بىز ھازىر روسىيەئانىمىزغا باش ئېگىپ، خەير - خوش دەيمىز، — گىرىگورىي، ئىزۋارىنىنىڭ سۆزىنى قايتا بايان قىلىپ، بۇ سۆزگە دروزدوپ بىلەن مۇنۇ گۋاردىيە باتارىيەسىنىڭ دېۋىسى قاندا ق قارايدىغانلىقىنى بىلگۈسى كەلدى، — ئۆز ھاكىمىيىتىمىز، ئۆز تۇزۇمىمىز بولىدۇ. خوخوللارنى كازاك يېرىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ، چېگرا تارتىمىز — يېقىن كېلىپ باقسۇن قېنى! قەدىمقى زاماندا ئاتا - بوۋىلىرىمىز ياشىغىنىدەك ھايات كەچۈرىمىز، مېنىڭچە، ئىنقىلاپ بىزگە پايدىلىق، سەن قانداق قارايسەن، دروزدوپ؟

دروزدوپ كۈلۈمسىرەپ، پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن قىمىرلاپ قويدى.

— ئەلۋەتتە، ياخشى بولىدۇ! مۇژىكلەر بىزنىڭ كۆچىمىزنى ئۆزلەشتۈرۈۋالدى، ئۇلار بىزگە كۈن بەرمەيدۇ. قانداقتۇ بىر نىمىلەرگە ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ئاتامانلارنىڭ ھەممىسى نېمىسلار: فون تاۋبې دەمدۇ، فون گرابېي دەمدۇ، غىچ شۇنداق بىر نىملەر! يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ ئىشتاپ ئوفىتسېرلىرىگە كېسىپ بەردى ... ئەمدى ئەركىن نەپەس ئالارمىزمىكىن.

— روسىيە بۇنىڭ بىلەن تىنچىپ قالارمۇ؟ — دەپ ئاستا سورىدى پودتېلكوپ ھېچكىمگە قارىماستىن.

— بەلكىم، تىنچىپ قالار، — دېدى گىرىگورىي.

— شۇنداقتىمۇ ئوخشاشلا بىر گەپ بولىدۇ.. ئىككى ئون بەش، بىر ئوتتۇز.

— بۇ قانداقچە شۇنداق بولىدۇ؟

— شۇنداق بولۇشى ئېنىق، — پودتېلكوپ ئوقتەك كۆزلىرىنى چاپسانلا بۇراپ، قوغۇشۇندەك ئېغىر نەزىرىنى ئۇدۇللا گىرىگو-

رىيغا تىكتى، — ئەمگەكچى خەلقلەرنى بۇرۇنقىدەكلا ئاتامانلار تەھقىرلەيدۇ. سەن ئاشۇ جانابى ئالىيلارنىڭ ھەر قاندىغى ئالدىدا تىك قېتىپ تۇرىسەن. ئۇ سېنى كاچاتلايدۇ. بۇمۇ ... كارامەت ياخشى تۇرمۇش ... بوينۇڭغا تاش ئاسىدۇ - دە، ياردىن تاشلايدۇ!

گرىگورىي ئورنىدىن تۇردى. كىچىككىنە تار ھوجرىدا ئۇيان-بۇيان ساناپ دەسسەپ، پودتېلكوپنىڭ 2 تەرەپكە كېرىلىپ تۇرغان تىزلىرىغا بىر نەچچە قېتىم سۈرۈشۈپ ئۆتتى؛ ئۇنىڭ ئالدىدا توختاپ سورىدى:

— ئۇ چاغدا قانداق قىلىش كېرەك؟

— ئاخىرغىچە.

— قانداق ئاخىرغىچە؟

— ئىشنى باشلىغان ئىكەنسەن — ئەڭ ئاخىرىغا يەتكۈزۈش كېرەك، پادىشا بىلەن ئەكسىلئىنقىلاپ يوقىتىلغان ئىكەن، ھاكىمىيەت خەلقنىڭ قولىغا ئۆتسۇن ئۈچۈن تىرىشىش لازىم. بۇ ئىپتىۋاتقانلىرىڭ كىچىك باللارنى بەزلەيدىغان چۆچەك. بۇرۇنقى زاماندا بىزنى پادىشالار ئەزگەن ئىدى، ھازىر پادىشالار ئەمەس، باشقا بىراۋلار ئېزىدۇ، يەنە ئىڭراشقا باشلايمىز!...

— خوش، سېنىڭچە قانداق قىلىش كېرەك، پودتېلكوپ؟

بەك تەسلىكتە يۇقۇرى كۆتىرىلىدىغان ئوقسىمان كۆزلەر تار ئۆيدە بوشلۇق ئىزلەپ، يەنە ئالىچەكمەن بولۇپ كەتتى.

— خەلق ھاكىمىيىتى... سايلىنىدىغان ھاكىمىيەت كېرەك. گېنېراللارنىڭ پەنجىسى ئاستىغا چۈشسەن — يەنە ئۇرۇش بولىدۇ، بىزگە بۇنىڭ كېرىكى يوق. ئەتراپىڭدا، پۈتۈن دۇنيادا خەلقنى ئەزمەيدىغان، ئۇرۇشقا سالمايدىغان بىر ھاكىمىيەت

ئورنىتىلسا ئىدى! ئۇنداق بولمىغاندا نېمە بولماقچى!؟ يىرتىق شالۋۇرنى تەتۈر ئۆرۈپ كىيىسەن ـ دە، يىرتىقنى بەربىر كۆرۈنۈپ قالىدۇ، — پودتېلكوپ ئىككى تىزىنى ئالقىنى بىلەن قاتتىق شاپىلاقلاپ قويۇپ، زىنجىردا تىزىلغان ئۇششاق چىشلىرىنى ھىجايتىپ زەھەرخەندە بىلەن كۈلۈمسىرىدى، — بىز قەدىمقى تۇرمۇشتىن يىراقراق تۇرۇشىمىز كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا، بويىنىمىزغا شۇنداق بويۇنتۇرۇق سالىدۇكى، پادىشانىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن يامانراق بولىدۇ.

— ئۇ چاغدا بىزنى كىم باشقۇرىدۇ؟

— ئۆزىمىز! — دەپ جانلىنىپ كەتتى پودتېلكوپ، — ئۆز ھاكىمىيىتىمىزنى قولىمىزغا ئالىمىز — باشقۇرۇش دېگەن مانا شۇ. ئەيىل تاسمىمىزنى سەل بوشىتىپ قويسىلا بولدى، كالپېدىنلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش قولىمىزدىن كېلىدۇ!

گىرىگورىي تەرلىگەن دەرىزىنىڭ قېشىدا توختاپ، كوچىغا، قانداقتۇ بىر گادىرماچ ئويۇن ئويناپ تۇرغان باللارغا، ئالدىدىكى بىنالارنىڭ ھۆل ئۆگزىلىرىگە، باغچىلاردىكى يالىڭاچلىنىپ قالغان قارا تېرەكلەرنىڭ ئېقىش سۇررەڭ شاخلىرىغا ئۇزاقتىچە قاراپ تۇردى ۋە دىروزدوپ بىلەن پودتېلكوپ نېمە توغرىلىق تالاش - تارتىش قىلغانلىقىنى ئاڭلىمىدى؛ چۇۋۇلۇشۇپ كەتكەن ئوي - پىكىرلەرنىڭ ئۇچىنى تېپىشقا، نېمىدۇ ئويلاپ، ھەل قىلىشقا بار زېھنىنى ئىشقا سېلىپ، قاتتىق قىينالدى.

گىرىگورىي، ئەينەك يۈزىگە ئەگرى - بۈگرى سىزىقلارنى سىزىپ، 10 مىنۇت ئۈنچىقماي تۇردى. دەرىزىنىڭ تېشىدا، پاكار بىر ئۆينىڭ ئۆگزىسى ئۈستىدە پېتىپ كېتىۋاتقان قىش ئالدىدىكى سۇلغۇن قۇياش خىرە نۇر چاچاتتى؛ گويا ئۆگزىنىڭ دات باسقان قىرىغا كۆندىلەڭ قويۇلغاندەك ئىدى، شۇ پېتى نەملىكتە قىزىرىپ تۇراتتى؛ ئۇ ھېلىلا ئاسماندىن ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ، ئۆگزىنىڭ بىر

تەرىپىگە يۇمۇلاپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. يامغۇر تۇرۇپ چۈشۈرگەن ياپراقلار شەھەر باغچىسىدىن شىرىلداپ سۇپۇرۇلۇپ كېلەتتى، ئوكرائىنادىن، لۇگانىسكىدىن سوققان شامال سائەت ـ بە سائەت كۈچىيىپ كەنت ئۈستىدە ھەيۋە قىلماقتا ئىدى.

## 3

نوۋوچېركاسسىك بولشېۋىستىك ئىنقىلاپتىن قاچقان بارلىق ئادەملەر توپلىنىدىغان مەركەزگە ئايلانغان ئىدى. تۆۋەنكى دونغا، ۋەيران بولغان رۇس ئارمىيىسىنىڭ تەقدىرىنى بۇرۇنقى چاغدا ھەل قىلىپ يۈرگەن چوڭ ـ چوڭ گېنېراللار ئېقىپ كەلمەكتە ئىدى، ئۇلارنىڭ مۇددىئاسى ئەكسىيەتچى دونلۇقلارنى تىرەك قىلىپ تۇرۇپ، ئاشۇ بازىدىن سوۋېت روسىيىسىگەقارشى ھۇجۇمنى قانات يايدۇرۇش ئىدى.

2 ـ نويابىردا نوۋوچېركاسسىكقا روتا باشلىغى شاپوروننىڭ ھەمرالىغىدا گېنېرال ئالېكسېيېۋ كەلدى. ئۇ، كالېدىنبىلەن مۇزاكىرىلەشكەندىن،كېيىن پىدائىلار ئەترەتلىرىنى تەشكىل قىلىشقا كىرىشتى. شىمالدىن قېچىپ كەلگەن ئوفىتسېرلەر، يۇنكېرلەر، زەربىدارلار، ئوقۇغۇچىلار، سولداتلار قىسمىلىرى ئىچىدىكى سىنىپىدىن ئاجرالغان ئۈنسۇرلار، كازاكلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاكتىپ ئەكسىلئىنقىلابچىلار، شۇنىڭدەك ئاجايىپ ـ غارايىپ ۋەقەلەرنى كۆرۈشكە ۋە كېرىپنىسكى ئاقچىسى بىلەن بولسىمۇ يۇقۇرى مۇئاش ئېلىشقا تەشنا بولغان ئاددى ئادەملەر ــ كەلگۈسىدىكى پىدائىلار ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي غولىنى تەشكىل قىلاتتى.

نويابىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە گېنېراللاردىن دېنىكىن، لۇكومىسكى، ماركوپ، ئېردېلىلار كەلدى. شۇ ۋاقىتتا ئالېكسىيېۋنىڭ ئەترەتلىرى مىلتىقلىق مىڭ ئادەمدىن ئاشقان ئىدى.

6 ـ دېكابىردا نوۋوچېركاسسكىدا كورنىلوپ پەيدا بولدى، ئۇ، ئۆزىنىڭ تېكىنلىكلەردىن قوزغالغان كانۋايلىرىنى يولدا قالدۇرۇپ، كىيىمىنى ئۆزگەرتىپ، دون چېگرىسىغا يېتىۋالغان ئىدى.

بۇ چاغدا بۇزۇلغان رۇمىن ۋە ئاۋستىرىيە ـ گېرمان فرونتلىرىدا بولغان كازاك پولكلىرىنىڭ دېيەرلىك ھەممىسىنى ئاللىقاچان دونغا ئېلىپ كېلىپ ئۆلگۈرگەن كالېدىن ئۇلارنى نوۋوچېركاسسك — چېرتكوۋو — روستوف — تىخورىسكايا تۆمۈريولىنىڭ بويلىرىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئەمما 3 يىللىق ئۇرۇشتىن ھېرىپ ـ چارچىغان، فرونتتىن ئىنقىلاۋىي كەيپىيات بىلەن قايتقان كازاكلار بولشېۋىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئانچە خاھىش بىلدۈرمىدى. پولكلارنىڭ تەركىۋىدە ئاتلىقلارنىڭ نورمال سانىدىن ئاران ئۈچتىن بىرىلا قالغان ئىدى. ئۆز تەركىۋىنى ئەڭ كۆپ ساقلاپ قالغان پولكلار — 27 ـ، 44 ـ ۋە 2 ـ زاپاس پولك بولۇپ، كامىنىسكايا كەنتىدە تۇراتتى. ئىمتىيازلىق قىسىملارنىڭ ئاتامان پولكى بىلەن ئىمتىيازلىق قىسىملارنىڭ كازاك پولكىمۇ ئۆز ۋاقتىدا مۇشۇ يەرگە ئەۋەتىلگەن ئىدى. فرونتتىن كەلگەن 58 ـ، 52 ـ، 43 ـ، 28 ـ، 12 ـ، 29 ـ، 35 ـ، 10 ـ، 39 ـ، 23 ـ، 8 ـ ۋە 14 ـ پولكلار ھەمدە 6 ـ، 32 ـ، 28 ـ ۋە 13 ـ باتارىيىلەر چېرتكوۋو، مىللىرووۋو، لىخايا، گلۇبوكايا، زىۋېرىۋوغا، شۇنىڭدەك كانچىلار رايونىغا جايلاشتۇرۇلغان ئىدى. خۇپېر ۋە ئۇست مېدۋېتىتسا ئوكروگلىرىنىڭ كازاكلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان پولكلار فىلونوۋو، ئۇرىيوپىنىسكايا، سېبرەكوۋو كەنتلىرىگە كېلىپ، بۇ يەردە بىر ئاز ۋاقىت تۇرغاندىن كېيىن تارىلىپ كەتتى.

تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆيلىرى كازاكلارنى ئۆزىگە قاتتىق تارتىپ تۇراتتى،شۇڭا كازاكلارنىڭ ئۆز ئۆيىگە قايتىشقابولغان ئىستىخىيلىك ئىنتىلىشلىرىنى توسۇۋالالايدىغان كۈچ يوق ئىدى. دون پولكلىرىدىن پەقەت 1 –، 4 –، 14 – پولكلارلا پېتروگرادتا ئىدى، ئەمما بۇلارمۇ ئۇ يەردە ئۇزۇن تۇرمىدى.

كالېدىن بەزىبىر، ئالايىتەن ئىشەنچسىز بولغان قىسىملارنى تارقىتىۋېتىش ياكى ئەڭ مۇستەھكەم قىسىملار بىلەن قورشاپ تۇرۇش يولى بىلەن يەكلەپ قويۇشقا ئۇرۇندى.

نويابىرنىڭ ئاخىرىدا، كالېدىن فۇرونت قىسىملىرىنى ئىنقىلاۋي روستوف شەھىرىگە يۆتكەشكە بىرىنچى قېتىم ئۇرۇنۇپ كۆرگەندە، كازاكلار ئاقساي رايونىغا يېقىنلاپ كېلىش بىلەنلا ھۇجۇمغا ئۆتۈشنى رەت قىلىپ، ئارقىسىغا قايتىپ كەتتى.

«قۇراشتۇرما» ئەترەتلەرنى تۈزۈش يولىدا كەڭ ئەۋج ئالدۇرۇلغان تەشكىلىي ئىشلار مۇنداق نەتىجىلەرنى بەردى: 27 – نويابىردا كالېدىن ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا يارايدىغان مۇستەھكەم پىدائىيلار ئەترەتلىرىنى قۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى، شۇچاغدا بىرنەچچە باتالىيون ئەسكەرىي ئېغىشقا ئۈلگۈرگەن ئالېكسېيېۋ تىنىمۇ بەزى كۈچلەرنى ئالغان ئىدى.

2 – دېكابىردا ئاق گۋاردىيىچى پىدائىي قىسىملار روستوپنى جەڭ بىلەن ئالدى. كورنىلوپ بۇ يەرگە كەلگەنلىكتىن پىدائىيلار ئارمىيىسى تەشكىلاتىنىڭ مەركىزىمۇ بۇ يەرگە كۆچۈرۈلدى. كالېدىن ئۆزى يالغۇز قالدى. ئۇ، كازاك قىسىملىرىنى ئوبلاست چېگرىلىرىغا تارقىتىپ، تىسارتىسناغا ۋە ساراتوف ئۆلكىسىنىڭ چېگرىلىرىغا ماڭغۇزدى، ئەمما ئىنتايىن تېز ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان جىددى ۋەزىپىلەر ئۇچۇن پەقەت ئوفىتسېرلەردىن تەركىب تاپقان پارتىزان ئەترەتلەرنى ئىشلەتتى. كۈندىن كۈنگە ئەبجىغى چىقىپ، نىمجان بولۇپ قالغان ھەربى ھاكىمىيەت مانا مۇشۇلارغىلا تايىناتتى.

دونېتس خاڅچىلىرىنى بېسقتۇرۇش ئۈچۈن يېڭىدىن ئەس-
كەرلىككە ئېلىنغان ئەترەتلەر ئەۋەتىلدى. ماكايېۋ رايونىدا ياسا-
ۋۇل چېرنېتسوپ پائالىيەت ئېلىپ باردى، مۇنتىزىم 58 - كازاك
پولكىنىڭ قىسىملىرىمۇ شۇ يەردە ئىدى. نوۋوچېركاسسكتا سېمىلې-
توپ بىلەن گرېكوپنىڭ ئەترەتلىرى، خىلمۇ - خىل پىدائى قىسىم-
لار چاپسانلىق بىلەن قۇرۇلدى؛ شىمالدا، خوپېر رايونىدا ئوفىت-
سېرلەر بىلەن پارتىزانلاردىن «ستېپنىكا رازىننىڭ ئەترەتلىرى»
دىگەن ئەترەت قۇرۇلدى. ئەمما بۇ ئوبلاستقا 3 تەرەپتىن قىزىل
گۋاردىيىچىلار كولوننىلىرى بىردەك يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى. خار-
كوفتا، ۋورونېژدا زەربە بېرىش ئۈچۈن كۈچلەر توپلىنىۋاتاتتى.
دوننىڭ ئۈستىنى قارا بۇلۇت قاپلىغان بولۇپ، بارغانسېرى قويۇق-
لىشىپ، قارىيىۋاتاتتى. دەسلەپكى جەڭلەرنىڭ گۈلدۈرلىگەن زەمبى-
رەك ئاۋازىنى شامال ئاللىقاچان ئوكراينادىن ئېلىپ كەلگەن ئىدى.

4

نوۋوچېركاسسك ئۈستىدە ساغۇچ - ئاق، كېمىگە ئوخشاش
كۆكرەكلىك بۇلۇتلار ئاستا ئۈزۈپ يۈرەتتى. بۇلۇتنىڭ ئېرىسىدىكى
ئىگىز كۆكتە، پاقىراپ تۇرغان چىركاۋ گۈمبىزىنىڭ دەل ئۈستىدە مامۇق-
تەك كۆپۈپ تۇرغان جىنگىلەك يايلىق بۇلۇت ئېسىلىپ تۇراتتى،
ئۇنىڭ ئۈزۈن قۇيرۇغى دولقۇنلىنىپ پەسىيىپ، كرېۋەنسكايا كەن-
تىنىڭ بىر يېرىدە قىزغۇچ كۈمۈشتەك پاقىرايتتى.
قۇياش خىرە كۆتىرىلىپ چىققان بولسىمۇ، ئەمما ئاتامان

سارىيىنىڭ دەرىزىلىرىگە چۈشكەن نۇرى كۆزنى چاقناتقۇدەك بورۇق ئىدى. ئۆيلەرنىڭ ئۈستىدە تۈنىكە ئۆگزىلەرنىڭ يانباغرى پاقىراپ تۇراتتى، شىمالغا، سىبىرىيىنىڭ تەختى - تاجىغا قول سوزۇپ تۇرغان يېرماكنىڭ مىس ھەيكىلى تۈنۈگۈن ياققان يامغۇرنىڭ نەملىگىنى ئۆزىدە ساقلاپ قالغان ئىدى.

كازاك پىيادىلىرىنىڭ بىر ۋىزۋودى كرېشىنكا قىيالىغى بويلاپ دۆڭنىڭ يۇقۇرىسىغا چىقىۋاتاتتى. مىلتىقلىرىنىڭ نەيزىلىرىدە قۇياش نۇرى ئوينايتتى. ئەتىگەنكى جىمجىتلىقنى ئاندا - ساندا پىيادىلەر بىلەن كىراكەشلەرنىڭ 4 چاقلىق يېنىك ھارۋىسىنىڭ جىرىڭلىشى بۇزۇپ تۇرسىمۇ، كازاكلارنىڭ ئارانلا ئاڭلىنىدىغان ئېنىق قەدەم تاۋۇشلىرى ئانچە تەسىر قىلالمايتتى.

شۇ كۈنى ئەتىگەن ئىلىيە بۇنچۇك موسكۋا پويىزى بىلەن نوۋوچېركاسسكقا كەلدى. ئۇ ۋاگوندىن ھەممىدىن كېيىن چىقىپ، ئۇچىسىدىكى كونارغان كۈزگى پەلتوسىنىڭ ئېتىگىنى تارتىپ تۈزەپ قويدى، بۇ ھەربىچە بولمىغان كىيىم ئۆزىگە چىپپا كەلمەيۋاتقانلىغىنى، ئۇنىڭغا تازا كۆنەلمەيۋاتقانلىغىنى ھېس قىلدى.

ۋاگزالنىڭ سۈپىسىدا بىر ژاندارما ۋە نىمىسكىدۇ كۈلۈشۈپ تۇرغان ياشقىنە 2 قىز نېرى - بېرى ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى. بۇنچۇك شەھەرگە قاراپ ماڭدى؛ خېلىلا كونارغان بىر چامىدانىنى قولتۇغىغا قىسىۋالغان ئىدى. پۈتۈن يول بويى ئەڭ چەتتىكى كوچىغا يېتىۋالغىچە ئىنىسى - جىن يولۇقمىدى. يېرىم سائەتتىن كېيىن بۇنچۇك شەھەرنى قىيپاچ كېسىپ ئۆتۈپ، يېرىم ۋەيرانە كىچىككىنە بىر ئۆينىڭ ئالدىدا توختىدى. ئاتام زاماندىن بۇيان ياساشتۇرۇلماي تاشلىۋېتىلگەن بۇ ئۆي غېرىبانە كۆرۈنەتتى. ۋاقىت ئۇنىڭغا ئۆز چاڭگىلىنى سالغان، شۇڭا ئۆگزىسى ئولتۇرۇشۇپ، تاملىرى قىيشى-

يىپ، دەرىزە قاپقاقلىرى لەپەڭشىپ ئېسىلىپ قالغان، دەرىزىلىرى
پالەچ هالغا چۈشۈپ مۆكچەيگەن. بۇنچۇك كوچا ئىشىگىنى ئېچىپ،
هاياجان ئىچىدە ئۇمۇمى ئۆيگە ۋە تار هويلىغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىق-
تى - دە، ئالدىراش پەلەمپەيگە قاراپ قەدەم قويدى.

تارغىنە دەهلىزنىڭ يېرىمىنى ساندۇق ئىگەللىگەن بولۇپ،
ئۇنىڭ ئۈستىدە هەرخىل ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەر قالايمىقان
قويۇلغان ئىدى. قاراڭغۇدا بۇنچۇك پۇتلىشىپ كېتىپ، تىزىنى سان-
دۇقنىڭ بۇرجىكىگە ئۇرۇۋالدى، ئەمما ئاغرىقنى هىس قىلماي، ئى-
شىكنى ئالدىغا تارتتى. پاكار دالان ئۆيدە هېچكىم يوق ئىدى. ئۇ
2 - ئۆيگە كىرگەن ئىدى، ئۇ يەردىمۇ هېچكىم بولمىغانلىقتىن، بو-
سۇغىدا توختاپ قالدى. مۇشۇ ئۆيگىلا خاس بولغان، ئىنتايىن
تونۇش بىر پۇراقتىن ئۇنىڭ بېشى ئايلاندى. بىر كۆز يۈگۈرتۈش
بىلەنلا ئۆينىڭ هەممە جاهازلىرىغا قاراپ چىقتى: مېهمانخانىسىنىڭ
پەگادىكى بۇلۇڭىدا مەريەم هەيكىلىنىڭ ئېغىر رامكىسى، بىر كارۋات،
بىر كىچىك شىرە، شىرەنىڭ ئۈستىدە يۈزىنى داغ باسقان كونا بىر
ئەينەك، بىر نەچچە پارچە سۈرەت، بىر نەچچە جۇلىغى چىققان ۋېنا
ئورۇندۇقلىرى، تىكىش ماشىنىسى، تام مەش ئۈستىدە ئۇزۇن تۇتۇلغانلىق-
تىن پاقىرىغى يوقالغان ساماۋار تۇراتتى. بۇنچۇكنىڭ يۈرىكى تو-
ساتتىن قاتتىق سوقۇشقا باشلىدى، گويا تۇنجۇقۇپ قالغاندەك ئاغزى بىلەن
هاۋانى سۈمۈرۈپ، شارتلا بۇرۇلدى- دە، چامادانىنى يەرگە قويۇپ، ئاش-
خانىغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى؛ بۇ يەردىمۇ يېشىل سىر بىلەن
سىرلانغان كەڭ ماكىلايلىق مەش يېقىلمىلىقىنە كۆزگە چېلىقتى،
كۆك چىنت پەردىنىڭ ئىچىدىن قېرى چىپار مۈشۈك
بېشىنى چىقىرىپ قارىدى؛ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئادەمدەك مەنىلىك
قىزىقىش ئۇچقۇندىدى — مەلۇم بولدىكى، بۇ يەرگە كىرىپ-

چىققۇچىلار كەم بولسا كېرەك. شىرەنىڭ ئۈستىدە يۆيۈلمىغان قاچا ـ قۇچىلار قالايمىقان چېچىلىپ تۇراتتى، قېشىدىكى ئــورۇندۇقتا بىر قاللەك ئىگىرىلگەن يۇڭ يىپ بولۇپ، تاپىنى چالا قالغان پايپاقنىڭ بۇرجىكىگە سانچىلغان بىگىزلەر پاقىراپ تۇراتتى.

بۇ يەردە 8 يىل ئىچىدە ھېچنەرسە ئۆزگەرمەپتۇ، بۇنچۇك بۇ ئۆيدىن تۇنۇگۈنلا چىقىپ كەتكەندەك ئىدى. ئۇ پەلەمپەيگە يۈگۈرۈپ چىقتى. ھويلىنىڭ بىر چېتىدىكى نەرسە قويىدىغان كىچىك ئامبار ئۆينىڭ ئىشىگىدىن دىشۋارچىلىقتا كۆن ئۆتكۈزۈپ قەددى پۈكۈلگەن، قايغۇ ـ ھەسرەتتە مۈكچىيىپ قالغان بىر موماي چىقتى. «ئانامغۇ!... راستىنلا شۇمۇ؟... شۇ ئۆزىمۇ؟...» بۇنچۇكنىڭ لەۋلىرى تىترەپ، يۈگۈرۈپ ئالدىغا باردى. بېشىدىن شەپكىسىنى يــۇلۇپ ئــېلىپ، مىــچىقلاپ تۇتتى.

ــ كىمنى ئىزلەيسىز؟ كىم لازىم؟ ــ دەپ تەشۋىش بىلەن سورىدى موماي، ئۇ ئاقىرىشقاباشلىغان قېشىغا قولىنى تۇتۇپ، ئورنىدىن مىدىرلىماي تۇرۇپ قالدى.

ــ ئانا!... ــ بۇنچۇكنىڭ ئۈنى بوغۇلۇپ چىقتى، ــ نىمە بولدۇڭ، تونۇيالمايۋاتامسەن؟...

بۇنچۇك، ئالدىراپ ـ تېنەپ، ئانىسىنىڭ ئالدىغا باردى، ئۆ ـ زىنىڭ ۋاقىرىشىدىن ئانىسى خۇددى تاياق يېگەندەك دەلـدەڭشىپ قالغانلىغىنى كۆردى، ئەمما موماي زەئىپلىشىپ كەتكەنلىكتىن، گويا شامالنىڭ قارشىلىغىنى يەڭگەندەك ئالدىغا ئىتتىرىلىپ ـ ئىتتىرىلىپ ماڭدى. بۇنچۇك يىقىلىپ كېتەي دەۋاتقان ئانىسىنى قــولتۇغىدىن يۆلىۋالدى ـ دە، قورۇق باسقان كىچىككىنە يــۈزىدىن، قورقۇنچ ۋە ھەددىدىن تاشقىرى خۇشاللىقتىن خىرەلەشكەن كۆزلىرىدىن سۆيدى، نىمە قىلىشىنى بىلمەي، كۆزلىرىنى پىرىلدىتىپ كەتتى.

— ئىلىيۇشا!... ئىلىيۇشىنكا!.... ئامراق ئوغلۇم! تونۇيالمايتىمەن،... خۇدايىمەي، نـەدىن كەلدىڭ؟...، — دەپ پىچىرلىدى موماي، قەددىنى رۇسـلاپ، دەرمانسىز ئاياقلىرى بىلەن تۆز تۇرۇشقا تىرىشىپ.

ئۇلار ئۆيگە كىرىشتى. پەقەت بىر مىنۇت باشتىن كەچۈرگەن قاتتىق ھاياجىنى بېسىلغاندىن كېيىنلا بۇنچۇك بىرسىدىن سورىۋالغان پەلتوسىنىڭ بەدىنىنى قىسىۋاتقانلىقىنى يەنە ھېس قىلدى — پەلتو بەك تار بولۇپ، قولتۇقى تارتىشىپ، قولىشالماي قالغان ئىدى. ئۇنى سېلىپ تاشلاپ يېنىكلەشكەندىن كېيىن شىرەنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— سېنى تىرىك كۆرەرمەن دەپ ئويلىمىغان ئىدىم. كۆرۈشمىگىنىمىزگە قانچە يىللار بولۇپ كەتتى — ھە، جېنىم بالام! مانا شۇنچىلىك ئۆسۈپ، بىرئاز قېرىپسەن، بۇ ھالدا سېنى قانداقمۇ تونۇيالايمەن!

— خوش، قانداق تۇرۇۋاتىسەن، ئانا؟ — دەپ سورىدى بۇنچۇك كۈلۈمسىرەپ.

موماي، ئۇ — بۇ توغرىلىق ئادىشىپ سۆزلەپ، ئوغلىنى كۈتۈشكە جانكۆيەرلىك كۆرسىتىپ كەتتى: شىرەنىڭ ئۈستىگە داستىخان راسلىدى، ساماۋارغا كۆمۈر سالدى، كۆز يېشىدىن نـەملەنگەن يۈزىگە كۆمۈر قارىسىنى يۇقتۇرۇپ، نەچچە قېتىم ئوغلىنىڭ قېشىغا كەلدى، قوللىرىنى سىلاپ قويدى، بەدىنى تىترەپ، ئوغلىنىڭ مۈرىسىگە يۈزىنى ياقتى. سۇ ئىسسىتىپ، بۇنچۇكنىڭ بېشىنى ئۆزى يۇدى. ساندۇقنى ئاختۇرۇپ تېگىدىن كونىراپ سارغىيىپ كەتكەن پاكىز ئىچ كىيىمنى ئالدى، جانىجان كىشىسىنى مېھمان قىلىپ كەتتى — شۇنداق قىلىپ، ئوغلىدىن كۆز ئۈزمەي، ئۆتكەن — كەچكەنلەرنى سوراپ، كۆيۈمچانلىق بىلەن بېشىنى

لىگىشتىپ، تاكى يېرىم كېچىگىچە ئولتۇردى.

بۇنچۇك ئۇخلاشقا ياتقاندا، ئۆينىڭ قېشىدىكى قوڭغۇراقخانا مۇنارىسى سائەت ئىككىگە جاڭ ئۇرغان ئىدى. ئۇ بىردىنلا ئۇخلىدى-يۇ، ئۇخلاۋېتىپ، ئوڭىدىكى ئىشلارنى ئۇنۇتتى: ئۆزىنىڭ ھۈنەرۋەنچىلىك مەكتىۋىنىڭ كىچىككىنە شوخ توپىلاڭچى ئوقۇغۇچىسى بولۇپ يۈرگەن چاغلىرى كۆز ئالدىغا كەلدى، ئۇ يۈگۈرۈپ - يۈگۈرۈپ ھارغانلىقتىن، ئورنىغا كېلىپ ياتىدۇ، ئۇيقۇغا شۇڭغۇيدۇ، شۇ چاغدا ئانىسى ئاشخانىنىڭ ئىچىدىن ئاستا ئىشىكنى ئېچىپ، قېشىغا كېلىدۇ-دە، تەلەپچانلىق بىلەن: «ئىلىيۇشا، ئەتىكى دەرسىڭنى تەييارلاپ بولدۇڭمۇ؟» دەپ سورايدۇ، ئۇ مانا شۇنداق قاتتىق خوشاللىق بىلەن كۈلۈمسىرىگەن پېتى ئۇيقۇغا كەتتى.

تاڭ ئاتقىچە ئانىسى قېشىغا نەچچە قېتىم كېلىپ، كۆرپە-ياستۇغىنى تۈزەپ قويدى، بىر تۇتام مەللەرەڭ كۆكىلىسى ساڭگىلاپ قالغان كەڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ قويۇپ، تۇيغۇزماستىن كېتەتتى.

بىر كۈندىن كېيىن يۈرۈپ كەتتى، ئەتىگەندە ئۇنىڭ قېشىغا سولداتچە شىنېل كىيگەن، بېشىدا يىپ - يېڭى ماشرەڭ فۇراژكىسى بار بىر يولدىشى كېلىپ، ئۇنىڭغا پەس ئاۋاز بىلەن بىر نىمە دىگەن ئىدى، بۇنچۇك تەرەددۇتلىنىپ، ئالمان - تالمان چامادىنىنى يىغىشتۇردى، ئەڭ ئۈستىگە ئانىسى يۇيۇپ قويغان بىر جۈپ ئىچ كىيىمنى سالدى، چىرايىنى قاتتىق پۈرۈشتۈرۈپ، پەلتونى كىيدى، ئانىسى بىلەن چالا - چۇلپا خوشلىشىپ، بىر ئايدىن كېيىن قايتىپ كېلىشكە ۋەدە بەردى.

— نەگە بارىسەن، ئىلىيۇشا؟

— روستوپقا، ئانا، روستوپقا، تېز ئارىدا كېلىمەن... سەن... سەن، ئانا، غەم قىلما! — دەپ مومايىنى بەزلىدى ئۇ.

ئانىسى، ئالدىراپ - پىشىپ، بوينىغا ئېسىپ يۈرىدىغان

كىچىككىنە كرىستىنى كۆينىگىنىڭ ئىچىدىن ئالدى ـ دە، ئوغلىنى سۆيۈپ تۇرۇپ چوقۇندۇردى، ئاندىن كرىستنى بويىنىغا ئاستى، ئۇنىڭ بېغىنى ياقىسىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ قويدى. مومايىنىڭ بارماقلىرى سوغاقتا توڭلىغاندەك دىر ـ دىر تىترەيتتى.

— بۇنى تاقاپ يۈر، ئىليۇشا! بۇ — ئەۋلىيا نىكولاي مىرلىكىسكىدىن قالغان. ئەي، شاپائەتچى ـ كەرەملىك ئەۋلىيا، ئۇنى ئامان قىلىپ بالا ـ قازادىن ساقلىغايسەن، ئۆز پاناھىڭغا ئالغايسەن، ئۇ يالغۇز بىر ئوغلۇم...، — دەپ پىچىرلايتتى موماي ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن كرىستقا يۈزىنى يېقىپ.

ئوغلىنى قاتتىق قۇچاغلاش بىلەن ئۆزىنى تۇتالماي قالدى، لەۋلىرى تىترەپ، ئاچچىق ھەسرەت بىلەن پەسكە ساڭگىلاپ قالدى. بۇنچۇكنىڭ يۇڭ باسقان قولىغا باھار يامغۇرىدەك بىر تامچا ئىسسىق ياش چۈشتى، ئارقىدىن يەنە بىر تامچا چۈشتى، بۇنچۇك بويىدىن ئانىسىنىڭ قوللىرىنى ئاجراتتى ـ دە تەرىنى تۇرۇپ، پىشايۋانغا يۇلقىنىپ چىقىپ كەتتى.

× ×

روستوپچىكى ۋاگزالدا خەلق — قىستا ـ قىستاڭچىلىقتا قالغان. يەرنىڭ ئۈستىدە تاماكا قالدۇقلىرى، ئاپتاپپەرەس شاكاللىرى تولۇپ يېتىپتۇ. ۋاگزال مەيدانىدا گارنىزون سولداتلىرى ھۆكۈمەت تارقىتىپ بەرگەن كېسىملەرنى، تاماكىلارنى، ئوغرىلىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ ساتماقتا. ئادەتتە جەنۇپتىكى دېڭىز ياقىسىغا جايلاشقان شەھەرلەرنىڭ كۆپچىلىگىدە بولىدىغان ھەرخىل تايىپىلار توپى ئاستا مىڭىشىپ گۇدۇڭلىشاتتى.

— ئاس — س — سمولوپ تاماكىسى، دانىلاپ سېتىلىدىغان تاماكا! — دەيتتى پاپىروس سېتىپ يۈرگەن بالا.

— ئەرزان ساتىدەن، مۆھتەرەم - جاناپ ...، — گۇمانلىق چىرايدىكى بىر شەرق ئادىمى سۇخەنچىدەك بۇنچۇكنىڭ قۇلىغىلا پىچىرلىدى ۋە شىنېلىنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان ئىتىكىگە قاراپ كۆز قىسىپ قويىدى.

— قورۇلغان شىمشكە! مانا - مانا شىمشكە! — دەپ چىقىرىشاتتى ئىشىك ئالدىدا گازىر ساتىدىغان قىز - ئاياللار.

قارا دېڭىزنىڭ ماتروسلىرىدىن 6 كىشى چاڭىلداپ سۆزلەپ، قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ، توپنى يېرىپ ئۆتتى. ئۇلارنىڭ ئۇستىدە بايرام- لىق كىيىم بولۇپ، لېنتىلار تاقىغان، ئالتۇن تۇگمە قادىغان، شىمى- نىڭ كەڭ پاچاقلىرىغا لاي چاچرىغان ئىدى. ئۇلارغا خالايىق ئىز- زەت - ئىكرام بىلەن يول بوشىتىپ بېرىشتى.

بۇنچۇك توپنىڭ ئىچىگە ئاستا سىنچىلاپ قاراپ ماڭاتتى.

— ئالتۇن دىدىڭمۇ؟ ماڭە، ئۇۋرمەڭنى يە! سېنىڭ ئالتۇنۇڭ ساماۋارنىڭكىدەكدۇر ... مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟ — دىدى ئۇچ- قۇن كوماندىسىدىن① بولغان تېنى ئاجىز بىر سولدات مازاق قىلىپ.

ئۇنىڭغا جاۋاۋەن سېتىقچى بىر تىزدىق شۇبھىلىك ئالتۇن زەنجىرنى جىرىڭشىتىپ، مۇغەمبىرلىك بىلەن چاڭىلدىدى:

— سەن نىمىنى بىلىسەن؟ ... ئالتۇن! ... ساپ ئالتۇن، ئەگەر بىلىشنى خالىساڭ، بىر سوتچىدىن ئالغانمەن ... كەت، يو- لۇڭ بولسۇن، ساڭا ساپلىقىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ ... تېخى بۇنىمۇ خالىمامسەن؟

— فلوت كېمىلىرى ماڭمايدىغان بولۇپتۇ ... ئەخمىقانە گەپنىڭ نىمە كېرىكى بار!...— ياندا بىرسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

① ئۇچقۇن كوماندىسى — رادىيو - تېلېگراپ قىسىملىرى ئاشۇ نام بىلەن ئاتىلاتتى.

— نمشكه ماڭمايدىكەن؟

— كېزىتلەردە ئاشۇ ...

— پاسان، بۇ يەرگە ئېلىپ كەل!

— بىز «5 - نومۇر» ① غا ئاۋاز بەردۇق، ئۇنداق قىلىمساق بولمايتتى، قاملاشمايتتى.

— كۆممە قوناق ئۇمىچى! تەملىك ئۇماچ! قېنى كىم ئىچىدۇ؟ بۇيرۇڭلار!

— پويىز باشلىغى ۋەدە قىلدى: ئەتە ماڭىمىز دەيدۇ.

بۇنچۇك پارتىيەكومىتېتىنىڭ بىناسىنى ئىزلەپ تېپىپ، شوتا بىلەن 2 - قەۋەتكە چىقتى. خەنجەرگە ئوخشاش شىتىك بېكىتىلگەن ياپون مىلتىغى بىلەن قوراللانغان بىر قىزىل گۋاردىيەچى - ئىشچى ئۇنىڭ يولىنى توستى.

— سىز كىمنى ئىزلەيسىز، يولداش؟

— يولداش ئابرامسوننى، ئۇ مەشەدىمۇ؟

— سول تەرەپتىكى 3 - ئۆي.

ئوتتۇرا بويلۇق، بۇرنى يوغان، قوڭغۇزدەك يالتىراق قارا چاچ بىر كىشى سول قولىنىڭ بارماقلىرىنى كەمزۇلىنىڭ ئالدى ياقىسىغا تىقىپ، ئوڭ قولىنى ئەدەپ بىلەن شىلتاپ، سۆھبەتدىشىغا — ياشىنىپ قالغان تۆمۈريول ئىشچىسىغا نوقۇپ قوياتتى:

— بۇنداق قىلساق بولمايدۇ! بۇ ھېچقانداق تەشكىللەش ئەمەس! بۇنداق ئۇسۇل بىلەن تەشۋىقات يۈرگۈزسەك، تەتۈر نەتىجىگە ئىگە بولىمىز!

تۆمۈريول خادىمى بىرنىمە دېمەكچى بولدى، ئۇنىڭ يۈزىدىكى خىجىللىق - ئەيىپكارلىق ئىپادىسىگە قارىغاندا، ئۆزىنى

① 5 - نومۇر — تەسىس مەجلىسىدىكى سايلاملاردا بولشېۋىكلار كاندىداتلىرىنىڭ تىزىملىكى ئاشۇ 5 - نومۇر بىلەن بەلگىلىنەتتى.

ئاقىلماقچى ئىدى، ئەمما قاراچاچ كىشى ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاچقۇزماي قويدى: ئەپتىدىن، ناھايىتى ئاچچىقى كەلگەن بولسا كېرەك، مۇھەببەتنىشنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغۇسى كەلمەي، يۈزىگە قارىماستىن، تووۋلاپ سۆزلىدى:

— مىتچېنكونى ھازىرلا ئىشتىن توختىتىڭ! سىزلەردە بولۇۋاتقان تەرتىپسىزلىككە پەرۋاسىزلىق بىلەن قاراپ تۇرالمايمىز، ۋېرخوتىسكى ئىنقىلاۋىي سوت ئالدىدا جاۋاپ بېرىدۇ! ئۇ قولغا ئېلىندىمۇ؟ ھە؟ ئۇنىڭ ئېتىلىشىدا قاتتىق تۇرىمەن! — ئۇ سۆزىنى قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن تۈگەتتى - دە، ھاياجانلانغان يۈزىنى بۇنچۇققا قاراتتى؛ تېخى كەيپىياتى ئۇزۇل - كېسىل ئەسلىگە كەلمەستىنلا كەسكىن ئاھاڭدا سورىدى:

— سىزنىڭ نىمە ئىشىڭىز بار؟

— سىز ئابرامسون بولامسىز؟

— ھە!

بۇنچۇك ھۆججەتلەرنى ۋە پېتروگىرادتىكى ئەڭ مەسئۇل بىر يولداشنىڭ خېتىنى ئۇنىڭغا بەرگەندىن كېيىن قېشىدىكى دەرىزە تەكچىسىگە كېلىپ ئولتۇردى.

ئابرامسون خەتنى دىققەت بىلەن ئوقۇپ چىقىپ، قېشىنى تۈرۈپ كۈلۈمسىرەپ قويدى (بايا ئۆزىنىڭ قاتتىق ۋاقىراپ قويغانلىقىغا ئوڭايسىزلانغان ئىدى)، شۇندىن كېيىن:

— بىر ئاز كۈتۈپ تۇرسىڭىز، بىز سىز بىلەن ھازىرلا سۆزلىشىمىز، — دەپ ئۆتۈنۈش قىلدى.

ئۇ كىشى، تەرگە چۆمگەن تۆمۈريول خادىمىنى يولغا سالغاندىن كېيىن، ئۆزىمۇ تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى، بىر مىنۇت ئۆتكەچ ئۇزۇن بويلۇق، ساقىلى قىرىلغان بىر ھەربىنى باشلاپ كىردى، بۇ كىشىنىڭ يۈزىدىكى قىلىچ كەسكەن چوڭقۇر تارتۇغى تۆۋەنكى

ئىڭگىكىچە چۈشكەن ئىدى، تۆرقىدىن ئوفىتسېر كادىر ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

— بۇ كىشى بىزنىڭ ھەربىي - ئىنقىلاۋىي كومىتېتىمىزنىڭ ئەزاسى. تونۇشۇڭلار. سىز، يولداش ... ئەپۇ قىلىڭ، پەمىلىڭىزنى ئۇنتۇپ قېلىپتىمەن.

— بۇنچۇك.

— ... يولداش بۇنچۇك، يېڭىلىشمىسام، كەسپىڭىز پىلىموتچىغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق.

— بىزگە ئەڭ كېرەكلىكى شۇ! — دەپ كۈلۈمسىرىدى ھەربىي كىشى.

كۈلۈمسىرىگەندە، قۇلىغىنىڭ تۈۋىدىن ئىڭگىكىچە سوزۇلغان تارتۇقى پۈتۈنلەي قىزىرىپ كەتتى.

— سىز ئىمكان قەدەر قىسقا مۇددەت ئىچىدە بىزگە قىزىل گۋاردىيىچى ئىشچىلاردىن بىر پىلىموت كوماندىسى تەشكىللەپ بېرەلەمسىز؟ — دەپ سورىدى ئابرامسون.

— تىرىشىپ باقىمىز. گەپ ۋاقىتتا.

— خوش، سىزگە قانچىلىك ۋاقىت لازىم بولىدۇ؟ بىر ھەپتىمۇ، 3 - 2 ھەپتىمۇ؟ — دەپ سورىدى ھەربىي ئادەم بۇنچۇكقا تەمشىلىپ، ئاندىن مۇنداقلا جاۋاپ كۈتكەندەك كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— بىر نەچچە كۈن يېتەرلىك!

— ناھايىتى ياخشى!

ئابرامسون پېشانىسىنى ئېرتىپ، سېزىلەرلىك ھاياجان بىلەن مۇنداق دىدى:

— گارنىزونىنىڭقىسىملىرى تولىمۇ ئىنتىزامسىزلىشىپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ بىر تىيىنگە ئەرزىگۈچىلىكى يوق. مېنىڭچە،

يولداش بۇنچۇك، ھەممە يەردىكىدەك بىزدىمۇ ئۈمىتنى ئىشچىلارغا باغلاش كېرەك. دېڭىزچىلار بولسىمۇ بولىدۇ، ئەمما سولداتلار ... شۇنىڭ ئۈچۈن، چۈشەنسىڭىز كېرەك، ئۆز پىلىموتچىلىرىمىز، — ئۇ كۆكۈش ساقىلىنىڭ تولغۇماچ ئۇچىنى ھەدەپ تارتىپ، تەشۋىشلىنىپ سورىدى، — ماددى جەھەتتىن تەمىنلىنىشىڭىز قانداق؟ خوش، بۇ تەرىپىنى بىز جۆندەيمىز. بۈگۈن تاماق يېدىڭىزمۇ؟ ھەي، ئەلۋەتتە، ياق!

«ساڭا تالاي قېتىملار ئاچ قېلىشقا توغرا كەلگەندۇ، ئىنىم، سەن توق ئادەمنى ئاچ ئادەمدىن بىر قاراپلا پەرق قىلالايسەن، ئاشۇ بىر تۇتام چېچىكىڭغا ئاق كىرگىچە نى - نى قايغۇ - ھەسرەت ياكى دەھشەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەنسەن؟» — كۆڭلى بۇزۇلغان بۇنچۇك، ئابرامسوننىڭ پاقىراپ تۇرغان قارا چېچىغا، بېشىنىڭ ئۇڭ تەرىپىدىكى كىشى ھەيران قالغۇدەك ئاقىرىپ تۇرغان بىر پارچە ئاق سانچىغان يېرىگە قاراپ، ئىچىدە ئاشۇلارنى ئويلىدى. بۇنچۇك بىر يول باشلىغۇچى بىلەن بىللە ئابرامسوننىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتقانىدىمۇ ھامان مۇشۇ ئادەم توغرىلىق ئويلايتتى: «مانا ھەقىقى يىگىت، مانا ھەقىقى بولشېۋىك! مىجەزى ئىنتايىن تەرسا بولسىمۇ، ئەينى ۋاقىتتا ياخشى، ئىنسانى پەزىلەت ساقلانغان. ۋېرخوتىسكىدەك ئىشنى ئاقسىتىدىغان بۇزغۇنچى ئۇنسۇرغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە ئويلاپ تۇرماستىنلا قول قويۇشقا تەييار، شۇنىڭ بىلەن بىللە يولداشلىرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇنىڭ غېمىنى يېيىش قولىدىن كېلىدۇ.»

ئۇ، ئابرامسون بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئالغان ئىللىق تەسىرات ئاستىدا ئابرامسون تۇرىدىغان ئۆيگە يېتىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئۆيى تاگانروك كوچىسىنىڭ بىر چېتىدە ئىدى، بۇنچۇك كىتاپلار دۆۋىلىشىپ كەتكەن كىچىككىنە بىر ئۆيدە دەم ئالدى، تاماق يېدى، ئابرامسوننىڭ

تونۇشتۇرۇش خېتىنى ئۆي ئىگىسىگە كۆرسەتتى، شۇندىن كېيىن كارۋاتقا يانپاشلىدى. قانداق ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بايقىمايلا قالدى.

## 5

بۇنچۇك ئۆز قارىمىغىدىكى پارتىيە كومىتېتى ئەۋەتكەن ئىشچىلارنى 4 كۈن داۋامىدا ئەتىگەندىن كەچكىچە مەشق قىلدۇرۇش بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇلار 16 كىشى ئىدى. ئۇلارنىڭ كەسپى، ياش قۇرامى، ھەتتا مىللىتى ھەر خىل ئىدى، ئىككىسى يۈك توشۇيدىغان ئىشچى بولۇپ، پولتاۋالىق ئوكرايىن خۇشلىچكو بىلەن دوستلىشىپ كەتكەن يۇنانلىق مىخالىدى، ھەرپ تىزغۇچى ستېپانوپ، 8 پولات ئىشچىسى، پارامونوپ كېيىندا ئىشلەيدىغان كان قازغۇچى زېلېنكوپ، ئەرمەن مىللىتىدىن بولغان تېنى ئاجىز نانۋاي گېۋوركيانتىس، يۇقۇرى مەلىكىلىك سلېسار رۇسلاشقان نېمىس يوگان رېبېندېر، 2 پاراۋوز رېمونت ئىشچىسى، شۇنىڭدەك 17 - بولۇپ تونۇشتۇرۇش خەت ئېلىپ كەلگەن بىر قىز بار ئىدى، ئۇ سولداتچە پاختىلىق چاپان، پۇتىغا كولدۇرلاپ تۇرىدىغان يوغان ئۆتۈك كىيگەن ئىدى.

بۇنچۇك ئۇنىڭ قولىدىن ئاغزى چاپلانغان بىر لىپاپىنى ئېلىۋېتىپ، بۇ قىزنىڭ نىمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلەلمەي سورىدى:

— سىز قايتىشىڭىزدا ئىشتاپقا كىرىپ ئۆتسىڭىز قانداق؟

قىز كۈلۈمسىرىدى، رومىلىدىن چىقىپ تۇرغان بىر تۇتام

قويۇق چاچلىرىنى گاڭگىرىغان پېتى تۈزەپ، تارتىنىش ئاھاڭىدا:
— مېنى سىزگە ئەۋەتكەن ...، — دىدى - دە، بىر مىنۇت‍ـ
لۇق ئىزا تارتىشنى يـېڭىپ، دۇدۇقلىدى، — پىلىموتچى بـولۇشقا
ئەۋەتتى.
بۇنچۇك شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى.
— ئۇ يەردىكىلەر ئەقلىدىن ئاداشقانمۇ نىمە؟ مـەندە ئايال‍ـ
لار باتالىيونى بارمىكەن؟ ... كەچۈرىسىز، بـۇ ئىش سىزگە لايىق
ئەمەس: ئەمگەك ئېغىر، ئەر كىشىلەرنىڭ بولۇشىنى تـەلەپ قىلى‍ـ
دۇ... بۇ نـىمە قىلغان ئىشى ئىـكەن؟... ياق، مەن سىزنى قوبۇل
قىلالمايمەن!
ئۇ، قاپىغىنى تۈرۈپ، لىپاپىنى ئاچتى، يوللانما خەتنى تېز‍ـ
تېز ئوقۇپ چىقتى، خەتتە: پارتىيە ئەزاسى يولداش ئاننا پوگۇدكو
ئىختىيارىڭىزغا ئەۋەتىلدى، دىگەن سۆزلەر قۇرۇققىنا ئېيتىلغان ئى‍ـ
دى. ئاندىن يوللانمىغا ئىلاۋە قىلىنغان ئـابرامسوننىڭ خـېتىنىمۇ
بىر نەچچە قېتىم ئوقۇپ چىقتى.

«قەدىرلىك يولداش بۇنچۇك!
بىز سىزگە ئاننا پوگۇدكو دىگەن ياخشى بىر يولداشنى
ئەۋەتتۇق. بىز ئۇنىڭ قىزغىن، قەتئى تەلىۋىنى ماقۇل كۆردۇق،
ئۇنى ئەۋەتىپ تۇرۇپ، شـۇنىڭـغا ئىـشىنىمىـزكـى، سـىز ئۇنى
جـەڭگىۋار پىلىموتچى قىلىپ يېتىشـتۈرەرسـىز. مەن بۇ قىـزنى
بىلىمەن. مەن ئۇنى سىزگە قىزغىنلىـق بىلەن تەۋسىـيە قىلى‍ـ
مەن، سىزدىن مۇنۇ بىر نەرسىنى ئىـلتىـماس قىلـىمەن: ئۇ —
بىباھا خادىم، ئەمما مىجەزى ئىتـتىك، سـەل ئالدىراڭـغۇراق
(ياشلىغىنىڭ جۇشقـۇنلۇغى تـېخى بېسىلمىـغان)، ئۇنـى بەزى
تەنتەك قىلىقلاردىن توساپ، ساقلىغايسىز.
سىزنىڭ پىلىموتچىلار ئەتىرىدىگە ئاساسـي تەركىپ،

يادرو بولىدىغانلار، شۈبھىسىز، ھېلىقى 8 نەپەر پولات ئىشچىسى؛ سىزنىڭ دىققەت نەزىرىڭىزنى شۇلارنىڭ ئىچىدىكى يولداش بوگوۋويغا جەلپ قىلىمەن. تولىمۇ ئىشچان ۋە ئىنقىلاپقا سادىق يولداش. سىزنىڭ پىلىموتچىلار ئەترىدى — ئۆز تەركىۋى بويىچە ئىنتېرناتسونا للاشقان ئەترەت، شۇنداق بولغىنى ياخشى: جەڭگىۋارلىق قابىلىيىتى كۈچلۈك بولىدۇ.

تەلىم - تەربىيىنى تېزلىتىڭ. شۇنداق بىر خەۋەر بار: كالېدىن بىزنىڭ ئۈستىمىزگە يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقان ئىمىش.

يولداشلىق سالامى بىلەن س. ئابرامسون»

بۇنچۇك ئۆزىنىڭ ئالدىدا تۇرغان قىزغا يالت قىلىپ قارىدى (بۇ ئىش موسكۋا كوچىسىدىكى ئۆيلەرنىڭ بىرىدە، بىر پودۋال ئۆيىدە يۈز بەرگەن ئىدى، ئىشچىلارغا مۇشۇ ئۆيدە تەلىم بېرىلىۋاتاتتى). قىزنىڭ يۈزىگە غۇۋا يورۇق چۈشۈپ، چىرايىنى تازا پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان قىلىپ قويغان ئىدى.

— خوپ، نىمە چارە؟ — دىدى بۇنچۇك مۇنداقلا، — بۇ سىزنىڭ شەخسى ئارزۇيىڭىز بولسا. يەنە كېلىپ ئابرامسونمۇ تەلەپ قىلىپتۇ... قېلىپ قېلىڭ.

× ×

ھەلقۇمى ئۇزۇن «ماكسىم»① نى كىشىلەر 4 تەرەپتىن زىچچىدا ئورىۋالغان ئىدى، بەزىبىرلىرى ئالدىنقىلىرىنىڭ دۈمبىسىگە يۆلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە باشلىرىنى ئۈزۈمنىڭ شىتكىلىدەك ئېسىلدۇرۇپ تۇراتتى، پىلىموت بۇنچۇكنىڭ ماھىر قوللىرى بىلەن ئاسانلا قىسىملارغا ئاجرىلىۋاتقانلىغىنى تولىمۇ قىزىقىش نەزەرلىرى بىلەن كۆزىتەتتى. بۇنچۇك پىلىموتنى ناھايىتى ئېنىق، ئەتەي ئاستا

① «ماكسىم» — پىلىموتنىڭ بىر خىلى - ت.

ھەركەت بىلەن قايتىدىن قۇراشتۇراتتى، ئايرىم قىسىملارنىڭقۇ-رۇلۇشى ۋەئۆتەيدىغان خىزمىتىنى چۈشەندۈرەتتى، ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى ئۆگىتەتتى، نىشانغا توغرىلاش قائىدىسىنى كۆرسىتەتتى، تىرايېك-تورىيە ①بويىچە دېرىۋاتسىيە قىلىش ② ئۆلچەملىرىنى، ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئوقنىڭ يېتىپ بارىدىغان يېرىنى چۈشەندۈرەتتى. دۈش-مەننىڭ ئوقىغا ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن جەڭ ۋاقتىدا قانداق جايلى-شىش كېرەكلىكىنى ئۆگىتەتتى؛ پىلىموتنىڭ ماشرەڭ سىرى چۈشۈپ ئالا - بۇلا بولۇپ قالغان قالقىنىنىڭ ئاستىدا ئۆزى يېتىپ، ئەپلىك جاي تاللاشنىڭ ئەۋزەللىكىنى، ئوق لېنتىلىرى قاچىلانغان ساندۇق-نى قانداق يەرگە قويۇش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بېرەتتى.

تاشۋاي گېۋوركيانتىستىن باشقا، ھەممەيلەن ئېيتىلغان قا-ئىدە - ئاساسلارنى ئاسانلا ئىگەللىۋالدى. ئەمما گېۋوركيانتىسقا ھېچنېمە يۇقمايتتى: بۇنچۇك قىسىملارغا ئاجرىتىش قائىدىلىرىنى ئۇنىڭغا نەچچە قېتىم كۆرسىتىپ بەرگەن بولسىمۇ، زادىلا ئېسىگە ئالالمايتتى، ئېيىزىقىپلا تۇراتتى، گاڭگىراپ، خىجىللىقتا پىچىرلايتتى:

— نىمىشكە ئەپلەشمەيدىغاندۇ؟ ھەي، مەن ... گەپ ئۆ-زەمدە ... مانا بۇنى مەيەرگە قويۇش كېرەك ئىكەندۇق، يەنە بول-مايۋاتىدۇ! ... — دەپ بىردىن ۋاقىرىۋېتەتتى ئۇمىتسىزلىكتە، — نىمىشكە؟

— مانا ساڭا «نىمىشكە»! — دەپ مازاق قىلاتتى ئۇنى يۈز - كۆزلىرىگە ئوق دورىسى يۇقتۇرۇۋالغان قارا چىراي

① تىرايېكتورىيە — ئېتىلغان ئوقلارنىڭ ھاۋادا قىيپاش ئۇچۇپ بېرىش يولى.
② دېرىۋاتسىيە — ئېتىلغان ئوقلارنىڭ ئۆز يولىدىن چەتنىشى.

بوگوۋوي، ــ ئەپلەشمەيدىغان سەۋىۋى، ئۆزەڭنىڭپەمى يوق. مۇنداق قىلىش كېرەك!ــ دەپ كۆرسەتتى ئۇ زاپچاسـلارنى تېگىـشلىك جايىغا ئىشەنچلىك كىرگۈزۈۋېتىپ، ــ مانا مەن ھەربى ئىشقا كىـ چىك چېغىمدىلا قىزىققانمەن، ــ ئۇ ھەممەيلەننى كـۇلدۇرۇپ، ئۆـ زىنىڭ كۆكۈش دورا يۇقى بولۇپ كەتكەن يۈزىگە بارمىغى بىـلەن نوقۇپ قوياتتى،ــ مەن بىر زەمبىرەك ياسىغان ئىدىم، پارتلاپ كېـ تىپ قالدى ــيارىدار بولدۇم، مانا ئەمدى مەن ئۇنىڭ بەدىلىگە بۇ ئىشتىكى قابىلىيىتىمنى كۆرسىتىۋاتىمەن.

دىگەنمەك ئۇ پىلىموت تېخنىكىسىنى باشقىلارغا قارىغانداتېز ۋە ئاسانلا ئۆزلەشتۈرۈۋالغان ئىدى، پەقەتبىرلا گېۋوركيانتنىس ئارـ قىدا قالدى. ھەممىدىن كۆپرەك ئۇنىڭ يىغلامسىرىغان، تىت ـ تىت بولغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى:

ــ يەنىلا توغرا بولمىدى! نىمىشكە؟ ــ بىلمەيمەن!

ــ ئىشەكتەك دۆت ئىكەنسەن، راستىنلا ئىشەك! پۈتۈن ناـ خىچىۋان شەھىرىدە بىرلا سەن! ــ دەپ كايىدى ئاچچىغى يـامان يۇنانلىق مىخالىدى.

ــ بۇنداق كالتا پەملەر ئاز تېپىلىدۇ! ــ ئېغىر ـ بېسىقدېـ بىندېر ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى.

ــ بۇ ساڭا يۇغۇرىدىغان خېمىر ئەمەس!ــ دەپ پىشقىردى خىۋىلىچكو، قالغانلار ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كۈلۈشتى.

پەقەت ستېپانوپلا قىزىرىپ، چەھـلى بىلەن ۋاقىرىدى:

ــ ئۆز يولدىشىڭغا ھىجايماستىن كۆرسىتىش كېرەكقۇ!

گەۋدىلىك، قوللىرى چوڭ ـ چوڭ، پال كۆز، ياشىنىپ قـالـ غان پارۋوز رېمونت ئىشچىسى كرۇتـوروگوپ ئۇنىـڭ سـۆزىنـى قـولـلـىـدى.

— نىمە كۈلكە بۇ، ۋىتىلداقلار، ئىش توختاپ قالدىغۇ! يولداش بۇنچۇك، مۇنۇ تەنتەكلىرىڭنى تىنچلاتساڭچۇ ياكى ئۇلارنى قوغلىۋەت! ئىنقىلاپ خەۋپ ئاستىدا تۇرىدۇ، بۇلار بولسا ئويۇن - كۈلكىدە! — دەپ گۈكىرىدى ئۇ بازغاندەك مۇشتىنى پۇلاڭشىتىپ.

ئانىنا پوگۇدكو ھەممە نەرسىگە ئىنتايىن قىزغىن كۆڭۈل قوياتتى. ھەدىسە بۇنچۇكنىڭ بىقىنىغا كىرىۋېلىپ، كىلەڭسىز يالاڭ پەلتوسىنىڭ يېڭىدىن تۇتۇپ، پىلىموتىنىڭ قېشىدىن كەتمەي، ھەپىلىشىپلا تۇراتتى.

— ئەگەر كوۋۇختىكى سۇ مۇزلاپ قالسا، ئۇ چاغدا قانداق قىلىمىز؟ قاتتىق شامال چىققاندا ئوق قانچىلىك مايماق كېتىدۇ؟ ماۋۇ قانداق نىمە، يولداش بۇنچۇك؟ — ئۇ سوئاللارنى ئۈستى - ئۈستىگە ياغدۇراتتى ۋە جاۋاپ كۈتۈپ، چولپاندەك چاقناپ تۇرغان قارا كۆزلىرىنى بۇنچۇكقا تىكەتتى.

بۇ قىز بارچاغدا بۇنچۇك بىر تۈرلۈك ئوڭايسىزلىق ھىس قىلاتتى؛ گويا ئاشۇ ئوڭايسىزلىقنىڭ ئۈچىنى ئالغاندەك ئۇنىڭغا تولىمۇ يۇقۇرى تەلەپچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى؛ ئەتەي سالقىن كۆز بىلەن قارايتتى، ئەمما قىز ھەر كۈنى ئەتىگەن، خاتاسىز، دەل سائەت 7 دە، توڭلاپ كەتكەن قوللىرىنى يېشىل پاختىلىق چاپىنىنىڭ يېڭىگە تىقىپ، كولوپلاپ قالغان سولداتچە كوم - كوم ئۆتۈكنىڭ پاشىنىسىنى توكۇلدىتىپ پودۋال ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە، بۇنچۇك ئادەتتە خىلاپ ھاياجانلىق بىر سېزىمنى باشتىن كەچۈرەتتى. قىز ئۇنىڭدىن سەل پاكارراق بولۇپ، تېنى ساغلام، جىسمانى ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بارلىق قىزلارغا خاس تازا تولۇشقان ئىدى — قەددى سەل مۈكچەيگەنمۇ، قانداق، ئەگەر ئۇنىڭغا ئاجايىپ گۈزەللىك بەخش ئەتكەن ئۆتكۈر چولپان كۆزلىرى بولمىغاندا، بەلكىم، سەت دېيىشكىمۇ بولاتتى.

4 كۈن ئىچىدە بۇنچۇك بۇ قىزنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ
قارىغىنىمۇ يوق. پودۋالنىڭ ئىچى ئانچە يورۇق ئەمەس ئىدى،
ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزنىڭ چىرايىغا قاراش ئوڭايسىز ئىدى، قاراشقا
ۋاقتىمۇ بولمىدى. 5 ـ كۈنى كەچتە ئۇلار تاشقىرىغا بىللە چىقىشتى.
قىز ئالدىدا ماڭغان ئىدى؛ پەلەمپەينىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا كۆتىـ
رىلگەندە، قىز بىر گەپ سورايمەن دەپ، يالت قىلىپ بۇنچۇكقا
قايرىلغان ئىدى، شۇ چاغدا بۇنچۇك ئاخشام يورۇغىدا قىزغا بىر قاـ
راپ، ئىچىدە ئۇھ دەپ ھەيران قالدى. قىز ئادەتتىكىچە ھەركىتى
بىلەن چېچىنى تۈزەپ، بېشىنى سەل كۆتىرىپ، بۇنچۇك تەرەپكە
كۆز قىرىدا قاراپ جاۋاپ كۈتتى. ئەمما بۇنچۇك سوئالىنى ئاڭلىماي
قالغان ئىدى. ئۇ، سەل قىسىلىپ، شىرىن ـ دەرتلىك بىر تۇيغۇ
بىلەن پەلەمپەيدىن ئاستا يۇقۇرىغا چىقتى. قىز زورۇققانلىقتىن
(چۈنكى رومىلىنى يەشمەي تۇرۇپ، چېچىنى جۆندەش ئوڭايسىز
ئىدى) كۈچىسىز كۈن نۇرىدا قىزىرىپ تۇرغان بۇرنى بىلىنەر ـ بىـ
لىنمەس سىلكىنەتتى. ئاغزىنىڭ پىچىمى ئەركىشلەرـ
نىڭكىدەك بولۇپ، ئەينى زاماندا كىچىك بالىنىڭ
ئاغزىدەك نازۇك ئىدى، سەل كۆتىرىلىپ تۇرغان
يۇقۇرقى كالپۇكىنىڭ ئۈستىدە يۇمران مويلار قارىيىپ تۇراتتى، ئۇ
تېرىسىنىڭ خىرە ئاقلىقىدا تېخىمۇ ئېنىقراق كۆرۈنەتتى.
بۇنچۇك تاياقتىن چۆچۈگەندەك بېشىنى ئەگدى ـدە، قىزغىن
چاخچاق بىلەن:
ــ ئاننا پوگۇدكو ... 2 ـ نومۇرلۇق پىلىموتچى... سەنچىـ
رايلىق ئىكەنسەن، بۇ كىمنىڭ بەختىدۇر!
ــ بىكار گەپ! ــدېدى ئۇ ئىشەنچ بىلەن، ئاندىن كۈلۈمـ
سىرەپ قويدى، ــ بىكار گەپ، يولداش بۇنچۇك!... مەن سىزدىن
سوراۋاتىمەن: ئېتىش مەيدانىغا قاچان بارىمىز؟

تەبەسسۇمدىن ئاننا قانداقتۇ بۇرۇنقىدىنمۇ ئاددى - ساددا، يېقىملىق بولۇپ قالدى. بۇنچۇك ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى؛ ئۇ كوچىنىڭ نېرىقى بېشىغا، قۇياش ھەممىنى قىزىل شەپەق تاشقىنى بىلەن غەرق قىلىپ، قېتىپ تۇرغان يەرگە خۇدىنى يوقىتىپ قاراپ، ئاستا جاۋاپ بەردى:

— ئېتىش مەيدانىغىمۇ؟ ئەتە. سەن نەگە بارماقچى ئىدىڭ؟ بىلەن نەدە تۇرىسەن؟

قىز شەھەرنىڭ چېتىدىكى بىر كوچىنىڭ ئىسمىنى ئېيتتى، ئىككىسى بىللە مېڭىشتى، 4 كوچا ئاغزىدا ئۇلارنى بوگوۋوي قوغلاپ يەتتى.

— ھوي بۇنچۇك، ماڭا قارا! ئەتە قانداق يىغىلىمىز؟

بۇنچۇك مېڭىشتىن توختىماي: «تىنچ ئورمان»نىڭ نېرىسىدا يىغىلىمىز، ئۇ يەرگە كروتوگوروپ بىلەن خۇۋىلىچكو پىلىموتنى ھارۋا بىلەن ئېلىپ بارىدۇ؛ ئەتىگەن سائەت 8دە يىغىلىش كېرەك، دەپ چۈشەندۈردى. بوگوۋوي 2 مەھەللىدىن ئۆتكىچە ئۇلار بىلەن بىللە مېڭىپ، خوشلاشتى. بۇنچۇك بىلەن ئاننا پوگۇدكو بىر نەچچە مىنۇت ئۈنچىقماي مېڭىشتى. قىز يېنىچە قاراپ سورىدى:

— سىز — كازاكمۇ؟

— ھە — ئە؟

— بۇرۇن ئوفىتسېرمىدىڭىز؟

— ۋاي، نەدە ئوفىتسېر بولاي!

— سىز قەيەرلىك؟

— نوۋوچېركاسسكىدىن.

— روستوپقا كەلگىنىڭىزگە ئۇزاق بولدىمۇ؟

— بىر نەچچە كۈن بولدى.

— ئۇندىن بۇرۇنچۇ؟

— پېتروگىرادتا بولدۇم.
— سىز قايسى يىلى پارتىيىگە كىرگەن؟
— 1913 - يىلدىن بېرى پارتىيىلىكمەن.
— ئائىلىڭىز نەدە؟
— نوۋوچېركاسسكىدا، — بۇنچۇك دۇدۇقۇپلا جاۋاپ بەر-دى - دە، بىر نەرسە سورىغاندەك قىولىنى ئىۈزاتتى، — تىوختاپ تۇر، ماڭا بىر نەرسىنى سوراشقا رۇخسەت قىل: سەن روستوپتا تۇغۇلغانمۇ؟
— ياق، مەن يېكاتېرىنوسلاۋشچىنادا تۇغۇلغان، ئەمما كې-يىنكى ۋاقىتتا مەشەدە تۇرۇپ قالدىم.
— ئەمدى مەن سەندىن سوراي، ئۇكراينىمۇ سەن؟
قىز بىر دەقىقە ئىككىلىنىپ تۇردى - دە، قەتئى قىلىپ جا-ۋاپ بەردى:
— ياق.
— يەھۇدى قىزىمۇ؟
— ھەئە، قانداق؟ تىلىمدىن بىلىنىپ تۇرامدۇ؟
— ياق.
— ئۇنداق بولسا مېنىڭ يەھۇدى ئىكەنلىكىمنى قانداق بىلدىڭىز؟
بۇنچۇك قەدىمىنى ئۇششاقدەسسەپ، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ مې-ڭىشقا تىرىشىپ، جاۋاپ بەردى:
— قۇلىقىڭ، قۇلىقىڭنىڭ پىچىمى ۋە كۆزلىرىڭدىن بىلى-نىپتۇرۇپتۇ. دىگەن بىلەن ئۇز مىللىتىڭدىن سەندەكلىرى ئاز...—
بىرئاز ئويلىنىپ قوشۇپ قويدى، — سېنىڭ بىزدەبولغىنىڭ ياخشى بولدى.

— نىمىشكە؟ —دەپ قىزىقىپ سورىدى قىز.

— گەپ مۇنداق: يەھۇدىلار يولغا چىقىشنىلا بىلىدۇ، ئۆزلىرى ئۇرۇشقا كىرمەيدۇ، دەپ تونۇلۇپ قالغان خەلق، ماڭا مەلۇمكى، تۇرغۇن ئىشچىلار شۇنداق ئويلىشىدۇ — مەنمۇ بىر ئىشچىغۇ،—دەپ ئەسكەرتىپ قويدى ئۇ، —بۇ قاراش — خاتا، مانا سەن بۇ خاتا پىكىرنى ئۆزەڭنىڭ پارلاق ئۈلگەڭ بىلەن رەت قىلىپ تاشلاۋاتىسەن. سەن ئوقۇغانمۇ؟

— ھە، ئوقۇغان. بۇلتۇر گىمنازىيىنى پۈتتۈردۈم. خوش، سىزنىڭ بىلىمىڭىز قانداق؟ بۇنى سورىشىمنىڭ سەۋەبى، گەپ - سۆزىڭىزدىن ئىشچى ئەمەسلىكىڭىز چىقىپ تۇرىدۇ.

— مەن كىتاپ ئوقۇدۇم.

ئىككىيلەن ئاستا مېڭىشتى. ئاننا ئەتەي كىچىك كوچىلارغا بۇرۇلۇپ، ئۆزى توغرىلىق ئازلا سۆزلەپ، كورنىلوپنىڭ ھۇجۇم باشلىشى، پېتىر ئىشچىلىرىنىڭ كەيپىياتى ۋە ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋى توغرىلىق سوئال سوراپ ماڭدى.

شۇ ئارىدا دېڭىز ياقىسىنىڭ نەدىدۇ بىر يېرىدە پاراسلاپ ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى. پىلىموت ئارىلاپ تىنچلىقنى بۇزدى. ئاننا پۇرسەتنى ئۆتكۈزمەي:

— بۇ قايسى سىستېمىدىكى پىلىموت؟ — دەپ سورىدى.

— ليۇئىس.

— ھازىر لىنتىنىڭ قانچىلىك قىسمى ئېتىلىپ بولغاندۇ؟

بۇنچۇك جاۋاپ بەرمەستىن، دېڭىز ياقىسىدىكى پىرژىكتىرنىڭ زۇمرەت قىروغا كۆمۈلگەن تۇق سېرىق شولىسىغا قىزىقىپ قاراپ قالدى، پىرژىكتىر ئۆزىنىڭ خادىدەك نۇرىنى شۇ يەردە لەنگەر تاشلىغان بىر ھەربى كېمىدىن تاكى كەچكى شەپەقتە چوغدەك قىزىرىپ تۇرغان ئاسماننىڭ قەھرىگىچە تىككەن ئىدى.

ئۇلار ئادەمسىز قالغان شەھەر كوچىلىرىنى 3 سائەت كەزـ
گەندىن كېيىن ئاننا تۇرىدىغان ئۆينىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا
ئايرىلىشتى.

بۇنچۇك كۆڭلى تازا قانمىغان ئىچكى ھىسسىيات قىزىغى بىـ
لەن ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. «ياخشى يولداش، ئەقىللىق قىز! ئىكـ
كىيلەن شۇنداق ئوبدان سۆزلەشتۇق ـ كۆڭلۈم ئىللىق بولۇپ قالـ
دى.شۇكۈنلەردە قوپاللىشىپقالدىم،كىشىلەربىلەندوستانە مۇناسىۋەتتە
بولۇشۇم لازىم، ئۇنداق بولمىغاندا، سولداتلارنىڭ سۇخارى نېنىدەك
قېتىپ،بىرەھىم بولۇپ قالىسەن...» ـــ دەپ ئويلاپ،ئۆزىنى ئۆزى
ئالدىدى، ئۆزىنى ئالداۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇردى.

ھەربى ـ ئىنقىلاۋىي كومىتېتنىڭ مەجلىسىدىن يېڭىلا كەلـ
گەن ئابرامسون پىلىموتچىلارنىڭ تەييارلىقىنى سوراشقا باشلىدى؛
گەپ ئارىسىدا ئاننا پوگۇدكو توغرىلىقمۇ سورىدى:

ـــ ئۇ قانداق كېتىۋاتىدۇ؟ ئەگەر مۇۋاپىق كەلمەيدىغان بولـ
سا، ئۇنى ئالماشتۇرۇپ، باشقا خىزمەتكە ئەۋەتىشىمىزمۇ مۇمكىن.

ـــ ياقەي، نىمە دىگىنىڭ بۇ! ـــ دەپ چۆچۈپ كەتتى بۇنـ
چۇك، ـــ تولىمۇ قابىلىيەتلىك قىز!

ئۇ، قىز توغرىلىق بەك سۆزلىگۈسى بار ئىدى، پەقەت ئىراـ
دىسىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈكلۈكى ئارقىسىدا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

# 6

25 ـ نويابىركۈنى چۈش ۋاقتىدا كالىدىننىڭ نوۋوچېركاسسكىدىكى ئەسكەرلىرى روستوپقا كەلتۈرۈلدى. ھۇجۇم باشلاندى. تۆمۈريول لىنىيىسىنى بويلاپ، كۆتەرمىنىڭ ھەر 2 تەرىپى بىلەن گېنېرال ئالېكسىيېۋنىڭ ئوفىتسېرلەر ئەترىدى شالاڭ زەنجىرسىمان سەپ تارتىپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئوڭ قاناتتا يۇنكېرلەرنىڭ سۈررەڭ پىگورىلىرى بارغانسېرى قويۇقلىشىپ كۆرۈنەتتى، گېنېرال پوپوۋنىڭ پىدائىي ئەترەتلىرى سول قاناتتىكى قىزىل توپا يارنى ئايلىنىپ ئۆتمەكتە ئىدى، يىراقتىن ئۇششاق سۇر پومزەكتەك كۆرۈنگەن نەرسىلەر يارنىڭ ئىچىگە سەكرەپ چۈشۈۋاتاتتى؛ ئۇلار يارنىڭ نېرىقى تەرىپىگە كېسىپ ئۆتۈپ، توپلىنىشتى، بىر دەم توختىغاندىن كېيىن يەنە ئالغا قاراپ كېتىشتى.

ناخچىۋاننىڭ چەت چېگرىسىغا تارىلىپ ئورۇنلاشقان قىزىل گۋاردىيىچىلار سېپى ئىچىدە پاتىپاراقچىلىق يۈز بەردى. كۆپىنچىسى 1 ـ قېتىم قولىغا مىلتىق ئالغان ئىشچىلار بولغانلىقتىن قورقۇش ھىس قىلىپ، قارا پەلتولىرىنى كۆزنىڭ پاتقىغىغا بۇلاپ، يەر بېغىرلاپ، ئۆمىلەپ ئۆتۈشمەكتە ئىدى؛ بەزىبىرلىرى بېشىنى كۆتىرىپ يىراقتىن كىچىكلەپ كۆرۈنگەن ئاقلارنىڭ فىگورىلىرىغا قارايتتى.

بۇنچۇك سەپىنىڭ ئىچىدىكى پىلىموتىنىڭ يېنىدا زوڭزىيىپ تۇرۇپ، دۇربۇن بىلەن قاراپ تۇراتتى. جەڭگە كىرىش ئالدىدا ئۆزىنىڭ خوپ كەلمىگەن كۆزگى پەلتوسىنى شىنېلغا تېگىشىۋالغان ئىدى، شىنېل كىيگەندىن كېيىن ئۆزىنى بىمالال، خاتىرجەم ھىس قىلدى.

كوماندا بىرىلمەستىنلا ئوق ئېتىلىشقا باشلىدى. كىشىلەر سۈرلۈك تىمتاسلىققا چىداپ تۇرالمىغان ئىدى. 1 - ئوق ئېتىلىش بىلەنلا بۇنچۇك ئۇلارنى تىللاپ، ئورنىدىن دەرس تۇرۇپ ۋاقىرىدى:

— توختات!...

تاڭ - تۇڭ ئوق ئاۋازى ئۇنىڭ ۋاقىرىشىنى بېسىپ كەتتى - دە، بۇنچۇك قول شىلتاپ، مەيلىگە قويۇۋەتتى؛ ئەمدى ئوقلارنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ چۈشكۈدەك ۋاقىراشقا تىرىشىپ، بوگوۋويغا: «ئوت ئاچ!»دەپ كوماندا بەردى. بوگوۋوي كۈلۈمسىرەپ، ئەمما چىرايى ئۆڭۈپ پىلىموتىنىڭ قولۇپىغا يۈزىنى ياقتى - دە، زاتىلىنكىنىڭ تۇتقۇسىغا بارماقلىرىنى قويدى. پىلىموتىنىڭ تاتىلداتقان تونۇش ئاۋازى بۇنچۇكنىڭ قۇلىقىنى زىڭىلدىتىۋەتتى، ئوقنىڭ قانداق تېگىۋاتقانلىقىنى ئېنىقلاشقا تىرىشىپ، دۈشمەننىڭ يەرگە يېتىۋالغان سېپى تەرەپكە بىر مىنۇتچە كۆز تىكىپ قارىدى، ئاندىن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، سەپنى ياقىلاپ، باشقا پىلىموتلارنىڭ قېشىغا چېپىپ باردى.

— ئوت ئېچىلسۇن!

— بىرىمىز!... گو - گو - گو - گو! — دەپ گۈمبۈرلىدى خىۋىلىچكو ھەم چۆچۈپ، ھەم بەختلىك يۈزىنى بۇنچۇكقا بۇراپ.

مەركەزدىن سانىغاندا 3 - پىلىموتىنىڭ قېشىدىكى يىگىتلەر ئانچە ئۇششەنچلىك ئەمەس ئىدى. بۇنچۇك شۇلارغا قاراپ يۈگۈردى.

يېرىم يولغا بارغاندا ئۇ، ئېگىشىپ تۇرۇپ دۇربۇن بىلەن قارىدى:
تەرلىگەن يۇمۇلاق ئەينەكتە سۇر پومزەكلەرنىڭ مىدىرلىشىۋاتقانلى-
غى كۆرۈندى. ئۇ يەردىن ناھايىتى ئېنىق، بىر يولى - بىريولى
ئوق ئېتىلماقتا ئىدى. بۇنچۇك يەرگە ئۆزىنى تاشلاپ، ئاشۇ ياتقىنى
بويىچە 3 - پىلىموتنىڭ دەل نىشانغا ئالالمىغانلىقىنى ئېنىقلىدى.
— پەسرەك! ئىبلىسلار!...، — دەپ ۋاقىرىدى ئۇ، سەپنى
بويلاپ يىلاندەك ئۆمىلەپ.

ئوقلار بېشىنىڭ ئۈستىدىن ئەجەلدەك ۋىژىلداپ ئۆتەتتى.
ئالېكسىيېۋنىڭ ئەسكەرلىرى مەشق ۋاقتىدىكىدەك توغرا
ئاتاتتى.

تۇمشۇغى تېتىقسىزلىق بىلەن يۇقۇرىغا قارىتىلغان پىلىموت-
نىڭ ئالدىدا ئاتقۇچىلار يەرگە چاپلىشىپ يېتىۋالغان ئىدى: نىشانغا
ئالغۇچى يۇنانلىق مىخالىدى نىشاننى ناتوغرا يۇقۇرى ئالغان؛ لېن-
تا زاپاسلىرىنى بىھۇدە ئىسراپ قىلىپ، تىنىمسىز ئوق ياغدۇرۇۋا-
تاتتى؛ ئۇنىڭ يېنىدا قورقۇپ كۆكىرىپ كەتكەن ستېپانوپ ياتات-
تى؛ ئارقىدا كروتوگوروپنىڭ دوستى، بىر تۆمۈريول ئىشچىسى
بېشىنى يەرگە سانچىپ، سەل كۆتىرىلگەن پۇتلىرى بىلەن تاشپاقى-
دەك دۈمبىچەك بولۇپ ياتاتتى.

بۇنچۇك، مىخالىدىنى نېرى ئىتتىرىپ، ئۇزاققىچە كۆزىنى قىسىپ،
نىشاننى توغرىلىدى. ئۇنىڭ قولىغا چۈشكەن پىلىموت سىلكىنىپ،
بىر ئۆلچەمدە تاتاتلاشقا باشلىغاندا — ئېتىشنىڭ نەتىجىلىرىمۇ
كۆرۈلدى: ئالغا يۈگۈرۈپ ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتقان بىر توپ يۇنكېر-
لەر سېرىق توپىلىق تاقىر يەردە بىر ئادەمدىن ئايرىلىپ، دۆگىلۈك-
تىن تومتاراقاي ئارقىغا چېكىندى.

بۇنچۇك ئۆز پىلىموتىنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدى. يۈزى ئاپپاق
ئاقىرىپ كەتكەن بوگوۋوي (يۈزىدىكى مىلتىق دورىسىنىڭ داغلىرى

بۆرۈنقىدىنمۇ ئېنىقراق كۆكىرىپ تۇراتتى) يانپاشلاپ يېتىپ، پاچىـ
قىنىڭ بولجۇڭ گۆشىدىن يارىلانغان يۇتىنى، تىل - قاغىش ياغـ
دۇرۇپ، تېڭىۋاتاتتى.

— ئاتساڭچۇ، لەنىتى!...، — دەپ ۋاقىرىدى يېنىدا ياتقان
چوغدەك قىزىرىپ كەتكەن بىر قىزىل گۇۋاردىيەچى توت پۇتلۇق
بولۇپ، — ئات! ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرمەيۋاتامسەن؟!

ئوفىتسېرلەر ئەتىرىدىنىڭ سەپلىرى پاراتتا يۈگۈرگەندەك
كۆتەرمە بويلاپ ئېقىپ كېلىۋاتاتتى.

بوگوۋوينىڭ ئورنىغا رېبىندېر ئۆتتى، ئۇ ماھىرلىق بىلەن،
ئوقنى تېجەپ، ھودۇقماستىن ئېتىشقا باشلىدى.

سول قاناتتىن گېۋوركيانتىس توشقاندەك سەكرەپ، بېشىدىن
ئۇچۇپ ئۆتكەن ھەر بىر ئوقتىن يەرگە يېتىۋېلىپ، ئوھ - ئوھلاپ،
بۇنچۇكنىڭ قېشىغا كەلدى:

— يەنە ئەپلەشمەيۋاتىدۇ!... ئاتالمايۋاتىدۇ!

بۇنچۇك دىگۈدەك ئۆزىنى دالدىغا ئالماستىنلا. ئەگرى - بۈگـ
رى يېتىشقان سەپ بويلاپ تېز يۈگۈردى.

يىراقتىنلا پىلىموتىنىڭ قېشىدا تىزلىنىپ تۇرغان ئاننانى
كۆردى، بۇ قىز پېشانىسىگە چۈشۈپ قالغان بىر تۇتام چېچىنى قايـ
رىپ، ئالقىنىنى كۆزىگە تۇتۇپ، دۈشمەننىڭ سېپىگە قاراۋاتاتتى.

— يات! — دەپ ۋاقىرىدى بۇنچۇك، قىزدىن ئەنسىرەپ
چىرايى قارىداپ، يۈزىگە قان تەپتى، — يات، ساڭا ئېيتىۋاتىمەن!...

قىز، بۇنچۇك تەرەپكە بىر قاراپ قويۇپ، ئۆز پېتىچە تۇرۇۋـ
ۋەردى، بۇنچۇكنىڭ ئاغزىدىن تاشتەك ئېغىر سۆزلەر چىقاتتى. ئۇ،
ئاننانىڭ قېشىغا يېتىپ كېلىپلا ئۇنى كۈچ بىلەن يەرگە
ئىڭىشتۈردى.

كروتوگوروپ قالقاننىڭ ئارقىسىدا پىشىلدايتتى.

— مىخلىنىپ قالدى! كېلەلمەيدۇ! — ئۇ، دىر - دىر تىترەپ، بۇنچۇققا پىچىرلىدى، ئاندىن كۆزلىرى بىلەن گېۋوركيانتىسنى ئىزلەپ، تامىغى قېقىلىپ ۋاقىرىدى، — قېچىپ كەتتى، لەنىتى! ئۇ تولا نالە - زارە قىلىپ يۈرىگىمنى خۇن قىلىۋەتتىغۇ!...ئادەمنى ئىش قىلغۇزمايدۇ!...

گېۋوركيانتىس يىلاندەك يەر بېغىرلاپ ئۆمىلەيتتى، قىرىلمىغان تۆكىچىدەك قارا ساقىلىغا لاي چاپلىشىپ قالغان ئىدى. كروتوگوروپ تەرگە چۆمگەن بۇقىدەك بويىنىنى بۇراپ، ئۇنىڭغا بىر دەقىقە قاراپ تۇردى — تاراسلىغان ئۇق ئاۋازىنى بېسىپ، جېنىنىڭ بېرىچە ۋاقىرىدى:

— لېنتىنى نەگە قويدۇڭ؟... كونا داس!... بۇنچۇك! ھەي بۇنچۇك! ئۇنى كۆزدىن يوقاتقىنا!...

بۇنچۇك پىلىموتنىڭ بىر يېرىنى ئوڭلاۋاتاتتى. بىر ئوق كېلىپ قالقانغا شىددەت بىلەن تەككەنلىكتىن، گويا قىزىق نەرسىدىن قاچۇرغاندەك قولىنى شارتلا تارتىۋالدى.

ئوڭلاپ بولغاندىن كېيىن، پىلىموتنى ئۆزى ئېتىشقا باشلىدى. قورقماستىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئالېكسېيېۋ ئەسكەرلىرىنى يەرگە يېتىۋېلىشقا ۋە ئارقىسىغا ئۆمىلەپ، كىرىۋالىدىغان تۆشۈك ئىزلەشكە مەجبۇر قىلدى.

دۈشمەننىڭ سېپى يېقىنلىشىپ كەلمەكتە ئىدى. دۇربۇندىن قارىغاندا، ئاق گۋاردىيىچىلار ملتىقىنىڭ تاسمىسىدىن تۇتۇپ، ئاندا - ساندا يېتىۋېلىپ يەنە ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. ئۇلارنىڭ ئوت كۈچى كۈچىيىشكە باشلىدى. قىزىل گۋاردىيىچىلار سېپىدە ئوق تېگىپ قازا تاپقان 3 كىشىنىڭ ملتىق - ئوقلىرىنى يولداشلىرى يەر بېغىرلاپ ئېلىپ كەلدى،چۈنكى ئۆلگەنلەرگە قورالنىڭ كېرىكى

يوق ئىدى... كروتوگوروپىنىڭ پىلىموتى قېشىدا ياتقان بۇنچۇك بىلەن ئانىنىڭ كۆز ئالدىدا، سەپتىكى ياپ-ياش بىر قىزىل گۋاردىيىچىگە ئوق تېگىپ غۇلاپ چۈشتى. ئۇ پاچىقىغا لاتا ئورالغان پۇتىنى يەرگە ئۇرۇپ، ئۇزاققىچە تىپىرلاپ، خىرىلدىدى-دە، ئاخىرى، 2 تەرەپكە تاشلانغان قوللىرىنى يەرگە تىرەپ سەل كۆتىرىلدى، بىر يۆتەلدى، ئاندىن ئەڭ ئاخىرقى بىر نەپەس چىقىرىپ، يۈزى بىلەن موككىدا چۈشتى. بۇنچۇك يان تەرەپتىن ئانىغا قاراپ قويدى. قىزنىڭ يوغان چەكچەيگەن كۆزلىرىدىن دەھشەتلىك قورقۇنچ چاقناپ تۇراتتى. ئۇ، ئۆلگەن يىگىتنىڭ پۇتىغا ئورالغان جۇل-جۇل بولۇپ كەتكەن لاتىسىغا كىرپىك قاقماستىن قادىلىپ قاراپ، ئۆز قېشىدىلا كروتوگوروپىنىڭ:

— لېنتا!... لېنتا!...تېز بول!... ھەي قىز، لېنتا ئېپكېلىپ بەر! — دەپ ۋاقىرىغانلىقىنى ئاڭلىماي قالدى.

كالېدىن ئەسكەرلىرى قىزىل گۋاردىيىچىلار سېپىنى 2 ياندىن قورشاپ، قىسىشقا باشلىغان ئىدى. ناخىچېۋان ئۆيچۆرىسىدىكى كوچىلاردا چېكىنىۋاتقان قىزىل گۋاردىيىچىلارنىڭ قارا پەلتولىرى ۋە شىنېللىرى مىلتىلداپ كۆرۈنەتتى. ئوڭ قاناتنىڭ ئەڭ چېتىدىكى بىر پىلىموت ئاقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. يۇنان مىخالىدىنى بىر يۇنكېر ئوفىتسېر يېقىندىلا ئېتىپ ئۆلتۈردى، 2-نومۇرلۇق ئاتقۇچىنى گويا مەشقتىكى قورچاقتەكلا نەيزە سانچىپ ئۆلتۈردى؛ پىلىموت ئاتقۇچىلاردىن پەقەت نابورچىك ستېپانوپلا ئامان قالدى.

قىرغاق تۈۋىدىكى ھەربىي كېمىلەردىن تۇنجى قېتىم توپ ئوقلىرى ئۇچۇشقا باشلىغاندىلا چېكىنىش توختىدى.

شۇ ئاردا بۇنچۇككا تونۇش بولغان ئىنقىلاۋىي كومىتېتنىڭ بىر ئەزاسى ئالغا يۈگۈرۈپ چىقىپ:

— سەپكە! ... ئارقامدىن ئەگەش!... — دەپ ۋاقىرىدى.

قىزىل گۋاردىيىچىلەرنىڭ سىپپى بىر تەۋرەندى - دە، ئۆپۈر - تۆپۈر بولۇپ، ھۇجۇمغا ئۆتتى. بۇنچۇك ۋە ئۇنىڭغا زىچ ياندىشىپ ياتقان كروتوگوروپ، ئانىسا ۋە گېۋوركيانتىسنىڭ يېنىدىن 3 ئادەم دېيەرلىك بىللىلا ئۆتۈپ كەتتى. بىرسى تاماكاچېكىسپماگاتتى، ئىككىنچىسى كېتىۋېتىپ مىلتىقىنىڭزاتۋورىنىتىزىغاتوكۇلدىتىپئۇراتتى، ئۈچىنچىسى ئۆز پەلتوسىنىڭ ماي يۇققان ئېتىگىگە دىققەت بىلەن قارايتتى. ئۇنىڭ يۈزىدە،بۇرۇتىنىڭ ئۈچىدا ئەيىپكارلارچە كۈلۈمسىرەش جىلۋىلىنەتتى — گويا ئۇ، ئەجەلگە قارشى كېتىۋاتقاندەك ئەمەس، بەلكى ئۇلپەتداشلىرىنىڭ ئولتۇرۇشىدىن ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ماي يۇققان پەلتۇسىغا قاراپ، ئۇرۇشقاق خوتۇنىدىن قانچىلىك جازاغا ئۇچرىشىنى چامىلاۋاتقاندەك ئىدى.

— ئەنە ئۇلار! — دەپ ۋاقىرىدى كروتوگوروپ يىراقتىكى بىر قورانى ۋە ئۇنىڭ سىرتىدا چۆمۈلىدەك مىدىلدىشىپ يۈرگەن سۇر كىيىملىك ئادەملەرنى كۆرسىتىپ.

— ئورنات! — بۇنچۇك ئېيىقتەك پىلىموتىنى بۇراپ توغرىلىدى.

پىلىموتنىڭ تېتىك سايرىشى ئانىنانى قۇلىغىنى ئېتىۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ چوخچىيىپ ئولتۇرۇپ، قورانىڭ تېشىدا قىمىرلاشلارنىڭ چىپپىدە توختىغانلىغىنى كۆردى، بىر مىنۇتتىن كېيىن ئۇ يەردىن بىر ئۆلچەمدە تۈركۈم - تۈركۈم ئوق ئېتىلدى - دە، بولۇتلۇق ئاسماننىڭ يېپىنچىسىدىن كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان تۆشۈكلەرنى ئېچىپ، باش ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتتى.

دەستە - دەستە ئېتىلغان ئوق ئاۋازلىرى بارابانداك گۈمبۈرلەيتتى. پىلىموتلارنىڭ يېنىدا يىلاندەك تولغانغان لىنتىلار قۇرۇپ كەتكەن قورايدەك چاراسلايتتى. يەككە ئېتىشلارنىڭ ئاۋازى ھەممە

يەرنى قاپلاپ، ئەۋجىگە چىقتى. قارا دېڭىزچىلار ھەربىي كېمە-
دىن ئاتقان توپ ئوقلىرى باش ئۈستىدىن ۋىژىلداپ چىقىراپ ئۆ-
تۈپ، مىلتىق ئاۋازلىرىنى بېسىپ چۈشتى. ئانىنا مۇنۇنى كۆردى:
ئەلتىرە قولاقچىلىق، بۇرۇتىنى ئېنگىلىزچە ياساتقان ئوزۇنتورا بىر
قىزىل گۋاردىيىچى ھەر بىر سىنارەد ئوچۇپ ئۆتكەندە ئۇنى قارشى
ئېلىپ، ئىختىيارسىز تازىم بىلەن ئوزىتىپ، ۋاقىراپ قوياتتى:
— ياغدۇر، سېمىيون، ياغدۇرۇۋە، سېمىيون! كۆپرەك ياغدۇر
ئۇلارنىڭ ئۈستىگە!
سىنارەدلەر ھەقىقەتەن ئارقا - ئارقىدىن ئۈزۈلمەي چۈشكە-
لى تۇردى. بىر قۇر ئېتىپ كۆرۈپ نىشاننى توغرىلىۋالغان دېڭىز-
چىلار ماسلىشىپ تۇرۇپ ئوت ئېچىشقا باشلىدى. ئاستا ئارقىغا چې-
كىنگەن كالېدىن ئەسكەرلىرىنىڭ ئايرىم تۇدىلىرى ئۈستىگە ئارقا -
ئارقىدىن شىراپنېللەر ① يېغىپ تۇردى. تازا ياپلاپ ئاتقان سىنا-
رەدلەرنىڭ بىرى چېكىنىۋاتقان دۈشمەن سېپىنىڭ قاپ ئوتتۇرى-
سىدا پارتلىدى. پارتلاشتىن ھاسىل بولغان قارامتۇل خادا تۇتۇن
ئادەملەرنى توزغىتىپ، گوداڭ ئۈستىدە پەسكە قايتىپ يېيىلىپ كەت-
تى. ئانىنا دۇربۇننى تاشلىۋېتىپ بىر ئاھ ئۇردى - دە، دەھشەتلىك
مەنزىرىدىن ئوت ئالغان كۆزلىرىنى كىر ئالقانلىرى بىلەن يېپىۋال-
دى — ئۇ، يۇمۇلاق ئەينەك ئارقىلىق پارتلاشنىڭ تولغۇماچ قۇ-
يۇنىدا يات ئادەملەرنىڭ قىرىلغىنىنى يېقىندىلا كۆرگەن ئىدى. ئاچچىق
بىر تىترەك كېلىپنى قىسىۋالدى.
— نىمە بولدۇڭ؟ — دەپ ۋاقىرىدى بۇنچۇك ئۇنىڭغا ئېگى-
شىپ قاراپ.
قىز چىشىنى مەھكەم چىشلىۋالغان ئىدى، چەكچەيگەن
كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى.

① شىراپنېل — ئىچى ئوق بىلەن تولدۇرۇلغان سىنارەد.

— بولالمايۋاتىمەن...

— بەردەمرەك بول! سەن... ئانىنا گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسەن؟ ئاڭلاۋاتامسەن؟... مۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ! ... — دىگەن سۆزلەر ئۇنىڭ قۇلىغىدا بۇيرۇق ئاۋازىدەك جاراڭلىدى.

ئوق قاناتتا. كىچىككىنە دۆڭنىڭ ئىتىگىدىكى سايدا دۇشمەنىنىڭ پىيادە ئەسكەرلىرى توپلىنىپ تۇراتتى، بۇنچۇك بۇنى بايقاپ قالدى، پىلىموتنى سۆرەپ، سۆرەپ، تىخىمۇ ئەپلىك بىر يەرگە يۆگۆرۈپ بېرىپ، دۆڭ بىلەن ساينى ئوقتا تۇتۇشقا باشلىدى.

تا - تا - تا - تا - تا - تات! تا - تا - تا - تا - تا - تا - تات! رېبىندىرنىڭ پىلىموتى جەھلى بىلەن، ئۈزۈك - ئۈزۈك ئاتىلدىدى.

20 چامدام يەردە ئاۋازى خىرىلداپ قالغان بىرسى ئاچچىغلىنىپ:

— زەمبىل!... زەمبىل يوقمۇ؟... زەمبىل!... — دەپ ۋاقىرىدى.

— ئىشا — نغا...، — دەپ ئاۋازىنى سوزۇپ چىقىرىدى فۇرونت سولداتلىرىنىڭ ئىچىدىكى ۋىزۋوت كوماندىرلىغىنى ئۈستىگە ئالغان بىرسى، — 18... پۇتۇن ۋىزۋوت، ئوقنى ياغدۇر!

كەچكە يېقىن سۇرلۇك يەر ئۈستىدە قارنىڭ دەسلەپكى ئۇچقۇنلىرى ئىزغىرىن شامالدا تۇزۇشقا باشلىدى. بىر سائەتتىن كېيىن يېپىشقاق ھۆل قار دالىنىڭ يۈزىنى ۋە ئۆلۈكلەرنىڭ چالمىدەك قارا - قۇرۇ پومزەكلىرىنى چۆمكىدى، جەڭ قىلغۇچىلارنىڭ سېپى بىر ھۇجۇم قىلىپ، بىر چېكىنىپ، دەسسەپ - چەيلىگەن يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە خىرە - شىرە ئۆلۈكلەر ياتاتتى.

كەچ كىرىش ئالدىدا كالېدىن ئەسكەرلىرى چېكىندى.

يېڭى ياققان قار بىلەن غۇۋا ئاقىرىپ تۇرغان مۇشۇ كېچىدە بۇنچۇك پىلىموت جايلاشتۇرۇلغان قاراۋۇل ئورنىدا ئىدى. كىروتوگو-روپ قەيەردىندۇ تېپىۋالغان ھەشەمەتلىك بىر يوپۇققا بېشىنى پۈر-كەپ، بىر پارچە ئورۇق گۆشنى يەۋېتىپ، بىر توكۇرۇپ، بىر تىللاپ قوياتتى. گېۋوركيانتىسىمۇ مۇشۇ يەردە، شەھەر چېتىدىكى بىر ھويلى-نىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا سوغاقتا توڭلاپ كۆكىرىپ كەتكەن بارماق-لىرىنى چېكىۋاتقان تاماكىسى ئۇستىدە ئىسسىتاتتى، بۇنچۇك بولسا سوغاققا توڭۇپ تىترەۋاتقان ئانىنانى شىنېلىنىڭ پېشىگە ئوراپ، تۈنىكىدىن ياسالغان ئوق ساندۇغىنىڭ ئۇستىدە ئولتۇراتتى — قىز-نىڭ كۆزىگە مەھكەم باسقان نەم ئالقانلىرىنى ئاجرىتىپ، بۇ قوللار-نى ئاندا — ساندا سۆيۈپ قوياتتى.

— ھەي، مۇنداق قىلساڭ بولامدۇ؟... خېلى چىداملىق قىز ئىدىڭغۇ؟... ئانە، ماڭا قارىغىنا، ئۆزەڭنى قولۇڭغا ئال!... ئانە!.. ئەزىزىم، ... جان دوستۇم!... بۇنداق ئىشقا كۆنۈكۈپ كېتىسەن... ئەگەر غۇرۇرۇڭ بۇ يەردىن كېتىشكە يول قويمايدىغان بولسا باش-قىچە بول. ئۆلگەنلەرگە مۇنداق قاراشقا بولمايدۇ.. كۆرمەسلىككە سېلىپ ئۆتۈپ كەت — ھەممە ئىش تۈگەيدۇ! پىكىر - خىيالىڭنى ئەركىنگە قويما، ئۇنى تىزگىنلە... ماڭا قارا، سۆزۈڭ بىر ئوبدان بول-سىمۇ، ئاياللىقىڭ سېنى يېڭىپ كېتىۋاتىدۇ.

ئاننا ئۇنچىقمايتتى. ئۇنىڭ ئالقانلىرىدىن كۆزگە يەرنىڭ ھىدى ۋە ئاياللارغا خاس ئىللىقلىق پۇرايتتى.

ئاستا ئۇچقۇنداپ چۈشۈۋاتقان قار ئاسمان بوشلۇغىنى سۆپتە ماھۇت پەردەك قاپلىغان. ھويلىنىڭ ئۇستىنى، يېقىن ئەتراپتىكى داللارنىڭ ئۇستىنى ۋە يوشۇرۇنۇۋاتقان شەھەرنىڭ ئۇستىنى خىرە شىرە ئۇگىدەك باسقان ئىدى.

# 7

روستوپ بوسوغىدا ۋە روستوپىنىڭ ئۆزىدە 6 كۈن ئۇرۇش بولدى.

كوچىلاردا ۋە 4 كوچا ئېغىزلىرىدا جەڭ كېتىۋاتاتتى. قىزىل گۋاردىيىچىلار روستوپ ۋاگزالىنى 2 قېتىم قولدىن بېرىپ قويۇپ، ھەر 2 قېتىمدا ئۇ يەردىن دۈشمەننى قوغلاپ چىقاردى. 6 كۈن داۋامىدا ھەر 2 تەرەپتىن ئەسىرگە ئېلىنغانلار بولمىدى.

26 - نويابىر كۈنى كەچ كىرىش ئالدىدا بۇنچۇك، ئاننا بىلەن بىللە مال چۈشۈرۈلىدىغان تاۋار ئىستانسىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، 2 قىزىل گۋاردىيىچى ئەسكەرنىڭ ئەسىرگە چۈشكەن بىر ئوفىتسېرنى ئېتىپ تاشلىغانلىقىنى كۆردى.

تەتۈر قارىغان ئانناغا ئۇ بىر ئاز قوپاللىق بىلەن مۇنداق دىدى:

— شۇنداق قىلغىنى دۇرۇس! ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش كېرەك، رەھىمسىز قىرىش لازىم! ئۇلار بىزگە رەھىم قىلمايدۇ، بىزگە رەھىم-شەپقەتنىڭ كېرىكىمۇ يوق، ئۇلارنى ئايىماسلىق كېرەك. ھارام ئۆلسۇن! بۇ نىجاسەتلەرنى يەر يۈزىدىن تازىلاش كېرەك! ئومۇمەن ئېيتقاندا — گەپ ئىنقىلاپنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە بولۇۋاتقاندا، ھىسسىياتقا بېرىلمەسلىك لازىم. ئۇلار توغرا قىلغان، بۇ ئىشچىلار ھەقلىق!

3 ـ كۈنى بۇنچۇك ئاغرىپ قـالدى. ئـۇ بىر كېچە ـ كۈندۈز ئۇزلۇكسىز كۆڭلى ئاينىپ،پۈتۈن بەدىنىنىڭ ئاجىزلاشقانلىغىنى ھىس قىلدى، قۇلىغى ۋىڭىلداپ، بېشى قاتتىق ئاغرىپ، كۈننى ئاران ـ ئا۔ ران ئۆتكۈزدى.

ئادەملىرى بارغانسېرى ئاز قالغان قىزىل گۋاردىيىچىلارنىڭ كىچىك ئەتىرەتلىرى 2 ـ دېكابىر كۈنى سەھەردە شەھەردىن چېكى۔ نىپ چىقتى. بۇنچۇك پىلىموت بىلەن ياردارلار يـاتقان ھارۋىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ كېلىۋاتاتتى، بۇنى ئـانـىنا بىلەن كروتوگوروپ قولتۇقلىۋالغان. ئۇ، تۆمۈردەك قېتىپ، گەپكە كىرمەيدىغان پۇتلىرى۔ نـى ئـۇيقۇدىكى ئادەمدەك ئاران ـ ئاران دەسسەپ، ئۆزىنىڭ بو۔ شىشىپ كەتكەن دەرمانسىز بەدىنىنى ناھايىتى تەسلىكتە ئېلىپ ما۔ ڭـاتتـى، ئـانـىـنـانىڭ يېلىنغان ـ تـەشـۋىشـلـىك بېـقىشلىرىنى يىراقتىن ئۇچراتقاندەك بولاتتى، قىزنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ قۇلىغى۔ غا گويا يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

ــ ھارۋىغا ئـولتۇرۇۋال، ئىلىيە. گېپىمنــى ئاڭلاۋاتــامسەن؟ سۆزۈمگە چۈشەندىڭمۇ، ئىلىيۇشا؟ سەندىن ئـۆتۈنىمەن، ھارۋىغا ئول۔ تۇرغىن، چۈنكى سەن ئاغرىق!

لېكىن بۇنچۇك ئۇنىڭ سۆزىنى ئۇقمايتتى، شۇنىڭدەك كېزىك كېسىلى ئۆزىنى ھالسىزلاندۇرۇپ، ئەمدىلىكتە پـۇتۈنلەي قولغا ئال۔ غانلىغىنى چۈشەنمەيتتى. بەزىدە يات ۋە ئـاجايىپ تونۇش ئاۋازلار ئېڭىغا كىرمەستىن سىرتقى بىر يەردىن گوڭۇلداپ ئاڭلىناتتى، نە۔ دىدۇ، يىراق بىر يـەردە، ئـانىنانىڭ غـەزەپلەنگەن، تەشۋىشلەنگەن قارا كۆزلىرى ئۆتتەك چاقنايتتى ــ كروتوگوروپنــىڭ ساقىلى قور۔ قۇنچـلۇق چايقىلىپ پاغا ـ پاغا تۇتۇندەك يەلپۈنەتتى.

بۇنچۇك بېشىنى تۇتاتتى، كەڭ ئالقانلىرىنى لاۋۇلـداپ يان۔ غان، قىپ۔قىزىل يۈزىگە ياقاتتى. كۆزلىرىدىن قـان ئېقىۋاتقاندەك

پۈتۈن دۇنيا چەكسىز، تۇراقسىز بولۇپ، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان پەردە بىلەن توسالغاندەك، يەر يۈزى تىك كۆتىرىلىپ، ئايىغىنىڭ ئاستىدىن يۇلۇنۇپ چىقىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ گادىر-ماچ ئوي ـ خىيالىغا ئەقىلغە سىغمايدىغان غەلىتە سۈرەتلەر ئىلىشەتتى. ئۇ بىردەم ـ بىردەم توختاپ، ئۆزىنى هارۋىغا ئولتۇرغۇز-ماقچى بولغان كروتوگوروپقا قارشىلىق كۆرسىتەتتى.

ــ لازىمى يوق! توختاپ تۇر! سەن كىم؟.. ئانىنا قېنى؟... ماڭا بىر سىقىم توپا بەر... مۇنۇلارنى يوقات ــ مېنىڭ بۇيرۇغۇم بويىچە پىلىموت بىلەن ئات! نىشان توغرا بولسۇن!... توختا! نىمە دىگەن ئىسسىق!...» ــ دەپ خىرىلدايتتى ئۇ، ئۆز قولىنى ئانىنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ.

ئۇنى تەسلىكتە هارۋىغا ئولتۇرغۇزۇشتى. ئۇ يەنە بىر مىنۇتچە قانداقتۇ هەر خىل پۇراقلارنىڭ ئۆتكۈر ئارىلاشمىسىنى هىس قىلدى ـ دە، قوقۇنچ بىلەن هۇشىغا كېلىشكە ئۇرۇندى، ئۆزىنىڭ هالىتىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىپ باقتى ــ ئەمما ئۆزگەرتەلمىدى، بېشى ئۇستىدە پاخپايغان، قاپ ـ قارا، ئۇن ـ تىنسىز بوشلۇق ئېسىلىپ تۇراتتى، پەقەت ئىگىز بىر يەردە قانداقتۇ چەچرەڭ كۆپ ـ كۆك تۈس ئالغان بىر پارچە نەرسە كۆمۈردەك يانتتى ۋە قىزغۇچ چاقماقنىڭ ئەگرى-بۈگرى هالقىلىرى بىر بىرى بىلەن چىرمىشىپ كېتەتتى.

# 8

پاخالدىن سارغايغان مۇز چوكىلار ئۆيىنىڭ ئۈگزىلىرىدىن
تۆكۈلۈپ چۈشۈپ،ئەينەكتەك جىرىڭلاپ، چۇل ـ چۇل سۇناتتى.يېزىدا
ئىللىق هاۋادا قار ئېرىپ، ئويمانراق يەردە توختام سۇلاردىن كۆلـ
چەكلەر هاسىل بولۇپ، ئېچىلىپ، قالغان قارا يەرلەر ئالا ـ بۇلا
كۆكىرىپ تۇراتتى؛ تۈك تاشلىمىغان ئىنەكلەر بۇرنىنى ئۆچكە تارـ
تىپ كوچىلارنى كېزىپ يۈرۈشەتتى. هويلىلاردىكى دۆۋىلىشىپ تۇرـ
غان شاخ ـ شۇمبا، ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۈستىدە قۇچقاچلار دان
ئاختۇرۇپ، ئەتىيازدىكىدەكلا ۋىچىرلىشاتتى. مەيداندا مارتىن شامىل
قورادىن قېچىپ چىققان قوسىغى توق جىرەن ئېتىنى قوغلاپ يۈـ
رەتتى. ئات، تال ـ تال قۇيرۇغىنى تىكىپ، تارالمىغان يايلىنى شاـ
مالدا توزغىتىپ، يەرنى تېپچەكلەپ، توپا چىقىرىپ، ئېرىگەن قارـ
مۇزلىرىنى تۇيىغى بىلەن يىراققا ئىرغىتىپ تاشلايتتى؛ ئۇ مەيدانـ
نى بىر ئايلىنىپ چىقىپ، چېركاۋنىڭ قوراسى ئالدىدا توختىـ
دى ـ دە، تامنىڭ خىشلىرىنى پۇراشقا باشلىدى؛ ئىگىسىنىڭ يېـ
قىنلاپ كېلىشىگە يول قويدى، ئۇنىڭ قولىدىكى يۈگەنگە بىنەپشىـ
رەڭ كۆزلىرىنى قىيا تىكىپ، يەنە شوخلۇق بىلەن چىچاڭشىدى.

يانۋار ئېيى بۇلۇتلۇق ئىللىق كۈنلەر بىلەن يەرنى ئەركىـ
لىتەتتى. ﭘازاكلار دون دەرياسىغا قاراپ، بىمەزگىل تاشقىن بولۇشـ
نى كۈتەتتى. شۇ كۈنى مىرون گىرىگورىيېۋىچ ئارقا هويلىدا ئۇزاق

تۇردى، قار بىلەن دۇپپىيىپ تۇرغان ئۇتلاققا، دوننى قاپلاپ تۇرـ
غان ياپ ـ يېشىل مۇزغا قاراپ، ئىچىدە ئويلىدى: «قارا، بۇيىلمۇ
بۇلتۇرقىدەك سۇ كۆپ بولىدىغان ئوخشايدۇ. قارنىڭ قېلىنلىقىنى
قارىمامدىغان! يەرمۇ قارنى كۆتىرەلمەي ئىنجىقلاپ قالغاندەك
تۇرىدۇ!»

يالاڭ ماشرەڭ گىمناستوركا كىيگەن مىتكا كالا ئېغىلىنى
تازىلاۋاتاتتى. بېشىدىكى ئاپپاق پاپاخ گەجگىسىدە سېھىرلىك كۈچ
بىلەن ئارانلا ئىلىنىپ قالغان، تەرگە چۆمگەن سىلىق چاچلىرى
پېشانىسىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ تۇراتتى. مىتكا ئۇنى قىغ يۇقى قوـ
لىنىڭ ئارقىسى بىلەن قايرىپ قوياتتى. قورانىڭ دەرۋازىسى ئالدىـ
دا توڭلىغان تېزەكلەر دۆۋىلىنىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىدە تېۋىت
يۇڭلۇق بىر تېكە يۈرەتتى. قويلار قاشاغا يېقىن چاپلىشىۋالغان.
ئانىسىدىنمۇ ئىگىزرەك ئۆسكەن بىر تورقلى ئانىسىنىڭ يېلىنىنى
ئەممەكچى بولۇۋىدى، ئانىسى ئۈسسۈپ قوغلىۋەتتى. بىر چەتتە هالقا
مۈڭگۈزلۈك بىر قارا قوشقار يەر هەيدەيدىغان سوقىغا ئۆزىنى سۈرـ
كەپ قاشلىناتتى.

كېسەكتىن ياسالغان سېرىق ئىشىكلىك ئامبارنىڭ ئالدىدا
قۇۋۇزى ساڭگىلاپ قالغان سېرىق قاشلىق بىر ئەركەك ئىت ئاپتاپقا
قاقلىنىپ ياتاتتى، سىرتقى باستۇرمىنىڭ ئاستىدا ئامبارـ
نىڭ تېمىدا بېلىق تورى ئېسىقلىق تۇراتتى. گىرىشاكابوۋا
قولتۇق تايىقىغا تايىنىپ، شۇنىڭغا تىكىلىپ قارايتتى — ئەتىـ
دىن، ئۇ، ئەتىياز يېقىنلاشقانلىقتىن بېلىق تۇتىدىغان جابدۇقلارنى
ياماش ـ تۈزىتىش كېرەكلىكىنى ئويلاپ تۇرسا كېرەك.

مىرون گىرىگورىيېۋىچ خامان تەرەپكە ئۆتۈپ، تەجرىبىلىك
كۆزى بىلەن بېسىلغان ئوت ـ چۆپنىڭ كۆلىمىنى چامىلاپ، ئۆشكە

چىچىۋەتكەن تېرىق پاخلىنى ئارا بىلەن دۈۋىلەشكە كىرىشكەن ئىدى، ئەمما قۇلىقىغا يات بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى. ئۇ ئارىنى چۆپنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ، قوراغا قاراپ ماڭدى.

مىتكا بىر پۈتىنى ئارقىسىغا تىرەپ. تاماكا ئوراۋاتاتتى، مەھبۇبىسى تىكىپ بەرگەن كەشتىلىك تاماكا خالتىسىنى 2 بارمىغى بىلەن قىسىپ تۇتتۇۋالغان. ئۇنىڭ قېشىداخىرىستونە بىلەن ئىۋان ئالېكسىيېۋىچمۇ تۇراتتى. خىرىستونە ئاتامانچە كۆك فۇراركىسىنىڭ ئىچىدىن كىرلەشكەن تاماكا قەغىزىنى ئالدى. ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ قورانىڭ چىۋىقتىن توقۇلغان ئىشىگىگە يۆلىنىپ، شىنېلىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋېتىپ، سولداتچە پاختىلىق ئىشتىنىنىڭ يانچۇغىنى كولىدى. ئۇنىڭ سىلىق قىرىلغان يۈزىدىن خاپىلىق ئىپادىلەندى: ئەپتىدىن، بىر نەرسىنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا كېرەك.

— ئوبدان ئۇخلاپسەنمۇ، مىرون گىرىگورىيېۋىچ؟ — دەپ تېچلىق سورىدى خىرىستونە.

— خۇداغا شۈكۈر، جەگچىلەر!

— كەل، بىز بىلەن تاماكا چەك.

— خۇدا رەھمەت قىلسۇن، مەن هازىرلا چەكتىم.

مىرون گىرىگورىيېۋىچ كازاكلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن قىزىل تاشلىق قۇلاقچىسىنى ئېلىپ، چوخچىيىپ تۇرغان ئاپپاق چېچىنى سىلاپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— بۇ ياققا مەرھەمەت قىلىپ قېلىپسىلەنغۇ، ئاتامانچى بۇرادەرلەر؟

خىرىستونە ئۇنىڭغا باشتىن - ئاياق بىر قاراپ، دەرھاللا جاۋاپ قايتۇرمىدى: ئاۋال قەغەزنى تۈكۈرۈگى بىلەن ئۇزاق نەمدىدى، ئۇنى ئۆكۈزنىڭكىدەك يوغان، غۇدۇر - بۇدۇر تىلى بىلەن يەملەپ، تاماكىنى ئوراپ بولغاندىن كېيىن:

— بىز مىترىينىڭ قېشىغا بىر ئىش بىلەن كېلىۋىدۇق، — دېدى يوغان ئاۋاز بىلەن.

گىرىشاكا بوۋا ئۇلارنىڭ ئالدىدىن پايپاسلاپ ئۆتۈپ كەتتى. تور چەمبىرەكلىرىنى كۆتىرىۋالغان ئىدى. ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ بىلەن خىرىستونە ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ، شەپكىنى بېشىدىن ئالدى. گىرىشكا بوۋا تورنى پەلەمپەيىنىڭ ئالدىغا ئېپپىرىپ قويۇپ قايتىپ كەلدى.

— ئۆيدە ئولتۇرغىنىڭلار، نېمە قىلغىنىڭلار، باتۇرلار؟ ئاياللىرىڭلارنىڭ قېشىدا ئىسسىنىپ ياتقىنىڭلار نېمىسى؟ — دېدى ئۇ كازاكلارغا.

— خوش، نېمە بولۇپتۇ؟ — دەپ سورىدى خىرىستونە.

— سەن، خىرىستوشكا، شۇڭ تۇر! سەن راستىنلا بىلمەمسەن؟

— خۇدا تۇرۇپتۇ، بىلمەيمەن، — دەپ خۇدانى شەپى كەلتۈردى خىرىستونە، — مانا كىرىست گۇۋا، چوڭ دادا، بىلمەيمەن!

— يېقىندا ۋورونېژدىن بىر سودىگەر كېلىپتۇ، سېرگەي پىلاتونېۋىچ موخوۋنىڭ تونۇشىمىكىن ياكى تۇققىنىمىكىن، بىلمەيمەن. مانا شۇ كىشى كېلىپ، چېرتكوۋادا يات ئەسكەرلەر تۇرىدۇ، دەپتۇ — بولشاكلارنىڭ① نەق ئۆزى. رۇسلار بىزگە قارشى سوقۇش قىلمىسىز دەۋاتسا، سىلەر ئۆيدە ئولتۇرامسىلەر؟ سەنمۇ ... ھارىمى ... ئاڭلىدىڭمۇ، مىتكا؟ سەن نېمىشكە گەپ قىلمايسەن؟ سىلەر نېمىنى ئويلاۋاتىسىلەر؟

— بىز ھېچنەمىنى ئويلاۋاتقىنىمىز يوق، — دەپ كۈلدى ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ.

① بولشاكلار — بولشېۋىكلار دېمەكچى — ت.

— ھېچنىمىنى ئويلىمىغىنىڭلار — بالانىڭ بېشى شۇ! — دەپ چالۋاقىدى گىرىشاكا بوۋا، — سىلەرنى كەكلىككە ئوخشاش تورغا چۈشۈرىدۇ! قاراپ تۇرۇڭلار، مۇژىكلار سىلەرنى ئەسىرگە ئېلىپ، تۇمشۇغۇڭلارنى تۈپ - تۈز قىلىۋېتىدۇ ...

مىرون گىرىگورىيېۋىچ ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى؛ خىرىستونە ئۇزاقتىن بۇيان قىرىلمىغان تۈكۈچىدەك ساقىلىنى شىرىلدىتىپ، يۈزىنى سىلايتتى. ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ تاماكا چېكىپ تۇرۇپ مىتكىغا قارىدى، مىتكىنىڭ مۈشۈكتەك پاقىراق كۆزلىرى ئۇچقۇنداپ تۇراتتى، ئۇنىڭ يېشىل كۆزلىرى كۈلۈۋاتامدۇ ياكى ئاچچىق غەزەپتىن تۇتەكلىشىۋاتامدۇ، بۇنى چۈشەنگىلى بولمايتتى.

ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ بىلەن خىرىستونە ئۇلار بىلەن بىر ئاز سۆزلەشكەندىن كېيىن خوشلاشتى، نېرىغا بارغاندىن كېيىن مىتكىنى كىچىك ئىشىكنىڭ قېشىغا چاقىرىۋېلىشتى.

— تۈنۈگۈن سەن نىمىشكە مەجلىسكە كەلمىدىڭ؟ — دەپ جىددى قىلىپ سورىدى ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ.

— ۋاقتىم بولمىدى.

— مېلېخوپلارنىڭكىگە بېرىشقا ۋاقتىڭ بولۇپتىغۇ؟

مىتكا بېشىنى بىر سىلكىتىپ، پاپاخنى پىشانىسىغا چۈشۈردى - دە، يوشۇرۇن غەزەپ بىلەن:

— بارمىدىم — شۇ، گەپ تامام، بىزگە بۇ توغرىلىق سۆزلىشىشنىڭ نىمە كېرىگى بار؟ — دىدى.

— فۇرونتچى يېزىداشلارنىڭ ھەممىسى قاتناشتى، پېترو مېلېخوپ كەلمىدى. بىلەمسەن ... كامېنكىغا يېزىدىن ۋەكىللەر ئەۋەتىشكە قارار قىلدۇق. ئۇ يەردە 10 - يانۋاردا فۇرونتچىلارنىڭ

قۇرۇلتىيى بولماقچى. چەك تاشلىدۇق، ئۈچىمىزنىڭ بېرىشىغا چەك
چىقتى: ماڭا، خىرىستونىغا ۋە ساڭا.

— مەن بارمايمەن! — كېسىپ ئېيتتى مىتكا.

— نېمىشقە؟ — خىرىستونە قاپىغىنى تۈرۈپ، ئۇنىڭ گىم-
ناستۇركىسىنىڭ تۈگمىسىدىن تۇتتى، — ئۆز ئادەملىرىڭدىن ئايى-
رىلىپ قالامسەن؟ بۇ ساڭا توغرا كەلمەمدىكەن؟

— ئۇ، مېلېخوپ پىتكا بىلەن بىر ...، — ئىۋان ئالېكسې-
يېۋىچ، خىرىستونەنىڭ شىنېلىنىڭ يېڭىدىن تارتتى، ئاندىن رەڭگى
خېلىلا ئۆڭگەن هالدا دېدى، — يۈر، كېتەيلى. بۇ يەردە بىز قىلى-
دىغان ئىشمۇ يوق ئوخشايدۇ ... شۇنداق قىلىپ بارمايسەن،
مىترىي؟

— ياقا ... «ياق» دېگەندىن كېيىن — ياق.

— خەير- خوش! — دەپ بېشىنى لىڭشىتتى خىرىستونە.

— يولۇڭلار بولسۇن!

مىتكا باشقا تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ، ئىسسىق قولىنى
ئۇزاتتى - دە، ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

— ئىپلاس! — دېدى ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ پەس ئاۋاز بى-
لەن ۋە بۇرنىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويدى، — ئىپلاس! — دەپ تەك-
رارلىدى ئۈنلۈكرەك ئاۋاز بىلەن ئۆيگە كىرىۋاتقان مىتكىنىڭ كەڭ
يەلكىسىگە قاراپ.

ئۇلار يول ئۈستىدە بەزىبىر فۇرونتچىلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۆتۈپ،
كورشۇنوپنىڭ بېرىشتىن باش تارتقانلىقىنى، ئەتە قۇرۇلتايغا مۇشۇ
ئىككىيلەننىڭ بارىدىغانلىقىنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويدى.

8 - يانۋار كۈنى سەهەردە خىرىستونە بىلەن ئىۋان ئالېكسېيې-
ۋىچ يېزىدىن يۈرۈپ كەتتى. ياكوپ تاغا ئۇلارنى ئۆز ئىختىيارى

بىلەن ئاپىرىپ قويماقچى بولدى. چانىغا قوشۇلغان بىرجۈپ قاۋۇل ئات يېزىدىن تېزلا ئۆزاپ، دۆڭنىڭ ئۈستىگە تارتىپ چىقتى. ئىللىق ھاۋا بىلەن يول يالىڭاچلىنىپ قالغان ئىدى. قار ئېرىگەن يەرلەردە چانا يەرگە يېپىشىپ قېلىپ ئاران ـ ئاران قوزغىلاتتى، ئاتلارتاسما جابدۇقلارنى تارىدەك تارتىپ بەك كۈچىنەتتى.

كازاكلار چانىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشتى. ئەتىگەنكى سوغاقتىن قىزىرىپ كەتكەن ياكوپ تاقا چۈرۈك مۇزلارنى ئۆتۈكى بىلەن غاـ چىلدىتىپ ماڭاتتى. ئۇنىڭ يۈزىگە قىزىللىق يۈگۈرگەن، پەقەت تۈخۈمسىمان تاتۇغى ئۆلۈكتەك كۆكىرىپ تۇراتتى. خىرىستونە يولنىڭ چېتىدە يېرىك قار ئۇلتۇرۇشقان يەربىلەن تاققا چىقىۋېتىپ تىنماي ھاسىراپ، ئۆپكىسى بىلەن ھاۋا يۇتاتتى، چۈنكى 1916 ـ يىلى دۇبنو بوسۇغىسىدا نېمىسلارنىڭ زەھەرلىك گازلىرىنى پۇراشقا توغرا كەلگەن ئىدى.

دۆڭنىڭ ئۈستىدە شامال جەۋلان قىلىۋاتاتتى. بۇرۇنقىدىنمۇ ئىزغىرىن. كازاكلار ئۈنچىقمايتتى. ئۇلار ئالكسىيېۋىچ جۇۋىسىنىڭ ياقىسى بىلەن يۈزىنى يۆركىۋالدى. يىراقتىن كۆرۈنگەن ئورمان يېـ قىنلىشىشقا باشلىدى. يول ئاشۇ ئورمانىنىڭ ئىچىدىن ئۆتۈپ، قورـ غاننىڭ قىرىغا چىقاتتى. ئورماننىڭ ئىچىدە شامال ئېرىقتەك شىلـ دىرلايتتى. شاخچىلاپ كەتكەن دۇپ دەرەخلىرىنىڭ تېنىگە ئالا ـ چىپار پوستلاقلار بىزەك بولغان ئىدى. يىراق بىر يەردە سېغىزخان شاراقلايتتى. ئۇ قۇيرۇغىنى قىيشايتىپ، يول ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتتى، ئۇنى شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەنلىكـ تىن، بىر ياققا قىيشىيىپ، ئالا ـ چىپار پەرلىرىنى مىلتىلدىتىپ شىددەتلىك پەرۋاز بىلەن ئۇچاتتى.

يېزىدىن تارتىپ ئۈنچىقماي كەلگەن ياكوپ تاقا، ئۇۋان

ئالېكسېيېۋىچقا قايرىلىپ، سۆزلىرىنى دانە ـ دانە قىلىپ (ئىھتىمال، بۇ جۈملىنى بۇرۇنلا كاللىسىدا پىشۇرۇۋالغان بولسا كېرەك):

— قۇرۇلتايدا ئىشنى ئۇرۇشسىز پۈتتۈرۈشكە تىرىشىڭلار، ئۇ يەردە پىدائىلار بولمايدىغاندۇ، — دىدى.

— ئەلۋەتتە، — دەپ قوشۇلدى خىرىستونە، سېغىزخانىنىڭ ئەركىن ئۇچۇپ كېتىشۋاتقىنىغا زوقلىنىپ قاراپ، ئۆز خىيالىدا ئۇ قۇشلارنىڭ غەمسىز ـ بەختلىك تۇرمۇشىنى ئادەمنىڭ تۇرمۇشى بىلەن سېلىشتۇراتتى.

ئۇلار كامېنكىغا 10 ـ يانۋار كەچقۇرۇن يېتىپ كېلىشتى. چوڭ كەنتنىڭ كوچىلىرىدا كازاكلار توپ ـ توپ بولۇشۇپ مەركەزگە قاراپ كېتىشىۋاتاتتى، كەيپىيات خېلىلا قىزغىن. ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ بىلەن خىرىستونە گىرىگورىي مېلېخوپ چۈشكەن ئۆيىنى ئىزلەپ تاپقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆيىدە يوق ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۆي ئىگىسى، گەۋدىلىك، ئاق سېرىق ئايال، ئۆي ئىجارىغا ئالغان كىشىنىڭ قۇرۇلتايغا كەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

— بۇ قۇرۇلتاي، دىمەك، زادى نەدە بولىدىكەن؟ — دەپ سورىدى خىرىستونە.

— ئېھتىمال، رايونلۇق باشقارمىدا ياكى پوچتىخانىدا، — دەپ جاۋاپ بەردى ئۆي ئىگىسى بىپەرۋالىق بىلەن ئىشىكنى خىرىستونەنىڭ يۈزىگە جالاققىدا يېپىپ.

قۇرۇلتاي راسا قىزىۋاتقان ئىكەن. كۆپ دەرىزىلىك چوڭ ئۆيگە ۋەكىللەر ئاران سىغىپتۇ. كازاكلار شوتا ـ پەلەمپەيلەردە، كارىدورلاردا، يان ئۆيلەردە تۇرۇشۇپ كەتكەن ئىدى.

— ئارقامدىن قالما، — دىدى خىرىستونە ئىھىلداپ، جەينەكلىرىنى ئىشقا سېلىپ.

ئۇنىڭ ئارقىسىدا ھاسىل بولغان تار يوچۇقتىن ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ ئالغا ئۇمتۇلۇپ ماڭدى. قۇرۇلتاي بولۇۋاتقان ئۆينىڭ كىرىش ئىشىگىگە يېقىن قالغاندا كازاكلاردىن بىرى خىرىستونەنى توختاتتى — سۆز تەلەپپۇزىدىن قارىغاندا، تۆۋەنكى دونلۇق ئىدى.

— ئاستىراق ئىتتىرىپ ماڭساڭچۇ، چىباك ①! — دىدى ئۇ زەھەرخەندە بىلەن.

— قويۇۋەت بىزنى!

— مەشەدە تۇرۇۋەر، كۆرۈۋاتىسەنغۇ — ئىچىدە ئورۇن يوق!

— قويۇۋەت، سېرىق پاشا، بولمىسا — پەنجەم بىلەن يانچىپ تاشلايمەن، دىمەك! — خىرىستونە دوق قىلدى - دە، پاكار كازاكنى ئاسانلا كۆتىرىپ، بىر چەتكە قويۇپ، ئىچكىرىلەپ ماڭدى.

— مۇنۇ يوغان ئېيىقنى قارا!

— دىۋىدەك نىمىكەن مۇنۇ ئاتامانچى!

— بالادەك نەرسىكەن! ئۇستىدىن 4 سۇڭ ئېغىزلىق زەمبىرەكلەر يۇرۇۋېرىدۇ!

— ئاۋۇ بىرسىنى راسا ئىتتىرىۋەتتى.

زىچچىدە توپلىشىپ تۇرغان كازاكلار، ھەممىدىن بېشى ئېگىز خىرىستونىغا ئىختىيارسىز ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن قاراپ كۈلۈمسىرىشەتتى.

گىرىگورىينى ئارقا تامنىڭ تۈۋىدىن تېپىشتى. ئۇ، چوخچىيىپ ئولتۇرۇپ تاماكا چەككەچ، بىر كازاك بىلەن — 35 - پولكنىڭ ۋەكىلى بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى. ئۇ، يېزىداشلىرىنى كۆرۈش بىلەنلا قاپ - قارا بۇرۇتى تەبەسسۇم ئىچىدە ئويناقشىپ كەتتى.

---

① چىباك — بېلىقنىڭ ئېتى بولۇپ، تۆۋەنكى دون كازاكلىرىنىڭ لەقىمى ئىدى.

— پۇ... سىلەرنى قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ سالامەتمۇ سەن، ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ؟ ئوبدان تۇردۇڭمۇ، خىرىستان تاغا!

— سالامەتلىكىمىز ياخشى،ئەمما بەكمۇئەمەس، دېمەك، — خىرىستونە كۈلۈپ، يېرىم گەز كېلىدىغان ئالقىنى بىلەن گىرىگورىينىڭ پۈتۈن قولىنى قامىدالدى.

— بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر قانداق؟

— خۇداغا شۈكۈر، يامان ئەمەس كېتىۋاتىدۇ. سالام ئېيتتى. ئاتاڭ سېنى كېلىپ كەتسۇن دەپ تاپىلىدى.

— پېترو قانداق؟

— پېترو ...، — ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ ئوڭايسىزلىنىپ كۈلۈمسىرەپ قويدى، — پېترو بىزدەكلەر بىلەن بېرىش - كېلىش قىلمايدۇ.

— بىلىمەن. خوپ، ناتالىيەچۇ؟ بالىلار قانداق؟ ئۇلارنى كۆردۇڭمۇ؟

— ھەممىيلەن ئامان - ئېسەن، ساڭا سالام ئېيتتى. ئاتاڭ بىر ئازخاپا...

خىرىستونە، بويىنىنى سوزۇپ، ھەيئەت رىياسەت شىرەسى قېشىدا ئولتۇرغانلارغا سىنچىلاپ قارىدى. ئۇنىڭغا ئارقا تەرەپتىنمۇ ھەممىيلەن كۆرۈنەتتى. گىرىگورىي مەجلىس ئارىلىقىدىكى تەنەپپۇستىن پايدىلىنىپ، گەپ سوراشنى داۋام ئەتكۈزدى، ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ يېزا توغرىلىق ۋە يېزىدىكى يېڭىلىقلار توغرىلىق سۆزلەپ كېلىپ، فىرونتچىلارنىڭ مەجلىسى بولغانلىقىنى ئۇلار خىرىستونە بىلەن ئىككىسىنى مۇشۇ يەرگە ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىنى قىسقىچە مەلۇم قىلدى. ئۇ كامېنىسكىدىكى ئىشلارنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى سوراپ بىلمەكچى

بولۇۋدى، ئاگغىچە شىرە يېنىدا ئولتۇرغانلاردىن بىرسى مۇنۇنى
ئۇقتۇردى:
— كەنتداشلار، ھازىر خاك ئىشچىلىرىنىڭ ۋەكىلى سۆزلەيـ
دۇ، دىققەت بىلەن ئاڭلىشىڭلارنى ھەمدە تەرتىپ ساقلىشىڭلارنى
سورايمىز.
ئوتتۇرا بويلۇق بىر كىشى ئۇستىگە تارالغان سېرىق چېچىنى
تۈزىتىپ، سۆز باشلىدى. ھەرىدەك غوڭۇلدىغان ۋاراك - چۇرۇڭلار
پىچاق بىلەن كەسكەندەك جىپپىدا توختىدى.
خاگچىنىڭ قىزغىن، قايناق ئىشتىياق بىلەن سۆزلىگەن نۇتـ
قىنىڭ دەسلەپكى جۈملىسىدىن تارتىپلا گىرىگورىي ۋە باشقىلار
ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزىنىڭ بۆلەكچە قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىـ
كەنلىكىنى ھىس قىلىشتى. ئۇ كازاكلارنى روسىيەدىكى ئىشچىلار
سىنىپى بىلەن دىخانلارغا قارشى كۆرەشكە ئىتتىرىۋاتقان كالېدىننىڭ
خائىنلىق سىياسىتى توغرىلىق كازاكلار بىلەن ئىشچىلارنىڭ مەنپەـ
ئەت بىرلىكى توغرىلىق بولشېۋىكلارنىڭ كازاك ئەكسىلئىنقىلاپچىلىرىغا
قارشى كۆرەش ئېلىپ بارغاندا قانداق مەقسەتنى كۆزلەيدىغان توغـ
رىلىق سۆزلىدى.
— بىز ئەمگەكچى كازاكلارغا قېرىنداشلارچە قولىمىزنى سوـ
زىمىز ۋە ئاق گۋاردىيىچىلەر باندىسىغا قارشى كۆرەشتە فرونتچى
كازاكلارنىڭ بىزگە سادىق ئىتتىپاقچى بولىدىغانلىقىغا ئۈمىت باغـ
لايمىز. چار پادىشاسى ئۇرۇشىنىڭ فرونتلىرىدا ئىشچىلار بىلەن كاـ
زاكلار بىرلىكتە قان تۆكتى، شۇڭا كالېدىن ئۆز پاناھىغا ئالغان بۇرـ
ژۇئازىيە داشقاللىرىغا قارشى ئۇرۇشتىمۇ بىللە بولۇشىمىز كېرەك —
ۋە بىللە بولىمىز! قانچىلىغان ئەسىرلەر داۋامىدا ئەمگەكچىلەرنى
قۇل قىلىپ كەلگەنلەرگە قارشى جەڭگە قول تۇتۇشۇپ بىللە ئاتلىـ
نىمىز! — ئۇنىڭ ئاۋازى كانايدەك ياڭرىدى.

— ئۇنىڭ بالىسى! ئەجەپ تىلى ئاچچىق نىمكەن! ...، — دەپ پىچىرلىدى خىرىستونە ھاياجان بىلەن ۋە گىرىگورىينىڭ چەينىگىنى شۇنداق قىستىكى، گىرىگورىينىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ، ئاغزى ئېچىلىپ قالغان ھالدا دىققەت بىلەن قۇلاق سالاتتى، جىددىلىكتىن پات - پات كىرپىك قاقاتتى.

— توغرا! بۇ ئېيتقىنى توغرا! — دەپ غۇدۇرىدى ئۇ.

بۇ ۋەكىلدىن كېيىن، ئۇزۇنتۇرا بىر خاك ئىشچىسى، شامال سوققان ئىرغايدەك تەۋرىنىپ سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇ-رۇپ، گويا پوكولوچان نەرسىدەك قەددىنى رۇسلىدى - دە — ئال-دىدىكى نۇرغۇن كۆزلەر بىلەن قاراپ تۇرغان خالايىققا كۆز يۈگۈر-تۈپ چىقتى ۋە گورۇلدىغان ئاۋاز بېسىلغىچە خېلى ئۇزاق كۈتۈپ تۇردى. بۇ خاك ئىشچىسى خۇددى يۈك كېمىسىنىڭ ئاغامچىسىدەك ئىدى: مۇسكۇللىرى تۈگۈن - تۈگۈن، جېنى مەھكەم، يادىگىنۇ. يۈ-زىنىڭ تەر چىقىرىدىغان تۆشۈكچىلىرىگە قونغان كۆمۈر توزاڭى يۇسا چىقمايدىغان ئۇششاق قارا چېكىتلەرنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، دا-ئىم قاراڭغۇلۇق ۋە يەر قوينىدىكى قارا قاتلاملارنىڭ تەسىرى بى-لەن نۇرسىزلانغان ساغۇچ كۆزلەردىمۇ خۇددى شۇنداق كۆمۈرنىڭ پارقىرىشى دىمىقىپ تۇراتتى. ئۇ، قىسقا چاچلىرىنى بىر سىلكىپ، مەھكەم تۈگۈلگەن مۇشتلىرىنى غۇلاچلاپ — تىشە بىلەن كۆمۈر چاپقاندەك پەسكە شىلتايتتى.

— فۇرونتتا سولداتلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان كىم؟ كورنىلوپ! كالېدىن بىلەن بىرلىشىپ بىزنى تۇنجۇقتۇرۇۋاتقان كىم؟ يەنە شۇ كورنىلوپ! — ئۇ سۆزىنى تېز-لەشتۈرگەنلىكتىن، خىتاپ قىلىشقا بېرىلىشىپ كەتتى، — كازاكلار! بۇرادەرلەر! بۇرادەرلەر! سىلەر كىمگە قوشۇلماقچى؟

كالىپدىن قىرىنداشلىرىمىزنىڭ قېنىنى تـۆكۈشمىزنى خالايدۇ! ياق! ياق! ئۇلارنىڭ ئويلىغىنى ئىشقا ئاشمايدۇ! يانچىپ تاشلايمىز! بۇ ياۋۇزلارنى دېڭىزغا غەرق قىلىۋېتىمىز!

— ئىتنىڭ بالىسى! ...، — خىرىستونە ھىجىيىپ، قولـى بىلەن چاۋاك چالـدى - دە، ئۆزىنـى تۇتـالماي، دۇدۇقلـىدى:

— توغرا... ئۇلارنىڭ ئەدىۋىنى بەر!

— ئاغزىڭنى يـۇم! خىرىستان، قانداق نىمىسەن؟ قوغـلاپ چىقىرىدۇ سېنى! — دىدى ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ ئەنسىرەپ.

لاگوتىن — بۇكانـوف يېزىسىنىڭ كـازاكى، 2 - نۆۋەتلىك پۈتۈن روسىيە سوۋېت مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتى ھوزۇرىدىكى كازاكلار بۆلۈمىنىڭ رەئىسى — تازا راۋان بولمىسىمۇ، ئەمما مىغىزلىق، جانلىق سۆزلەر بىلەن كازاكلارنىڭ يۈرىكىگە ئوت ياقتى. رەئىسلىك قىلغۇچى پودتېلكـوپ سۆزلىدى، ئۇنىڭـدىن كېيـىن ئېنگېلىزچە بۇرۇت قويغان، قەددى - قامىتى كېلىشكەن شادېنكو سۆزگە چىقتى.

— بۇ كىم؟ — دەپ گىرىگورىيدىن قىزىقىپ سورىدى خىرىستونە ئارىدەك قوللىرىنى سوزۇپ.

— شادېنكو، بولشېۋىكلار كوماندىرى.

— ئاۋۇچۇ؟

— ماندېلشتام.

— قەيەردىن كەلگەن؟

— موسكۋادىن كەلگەن.

— ئاۋۇ كىشىلەر كىم؟ — خىرىستونە، ۋورونېژ قۇرۇلتىيىنىڭ بىر گۇرۇپپا ۋەكىللىرىنى قولى بىلەن كۆرسەتتى.

— كىچىككىنە جىم تۇر دەيمەن، خىرىستان.

— ۋاي خـۇدايىمەي، دىـمـەك، بىلىۋېلىش كېرەكـقـۇ،

ئەلۋەتتە! ... ماڭا ئېيتىپ بەرگىنە، پودتېلكوپنىڭ قېشىدا ئولتۇر-
غان ئەنە ئاۋۇ ئۈزۈنتۇرا كىم؟

— كىرىۋوشلىكوپ، يېلانىسكىلىق، گورباتوف يېزىسىدىن
كەلگەن. ئۇنىڭ ئارقىسىدىكىلەر ئۆزىمىزنىڭ بىر يېزىقلىرى: كۇدې-
نوپ، دونېتسكوپ.

— يەنە بىرلا قېتىم سورايمەن... ئەنە ئاۋۇ... ياق، ئۇ ئە-
مەس!... ئاۋۇ چەتتىكى كۆكۈلاچاچ؟

— يېلسىيېپ... قايسى كەنتلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن.

خىرىستونە قانائەتلىنىپ، جىم بولدى، ئەمدى يېڭى ناتىڭ-
لارنىڭ سۆزىنى بۇرۇنقىدەك زور ئىخلاس بىلەن ئاڭلىدى، ئەمما
يۈزلىگەن باشقا ئاۋازلارنى ئۆزىنىڭ يوغان باس ئاۋازى بىلەن بې-
سىپ ئالدى بىلەن «توغ - را!...» دەپ ۋاقىراپ قوياتتى.

بولشېۋىك كازاكلارنىڭ بىرى ستېخىندىن كېيىن 44 - پولك-
نىڭ ۋەكىلى سۆزگە چىقتى. ئۇ سۆزدە قىينىلىپ، ئېغىر جۈملىلەر
بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۇزاق سۆزلىدى: هاۋاغا تامغا باسقاندەك بىر
سۆزنى ئېيتاتتى - دە، ئۇنچۇقماي بۇرنىنى تارتىپ توختاپ قالات-
تى؛ لېكىن كازاكلار ئۇنىڭ سۆزىنى زور ھېسداشلىق بىلەن ئاڭ-
لاشتى، ئاندا - ساندىلا ماقۇللىغان ھايقىرىق بىلەن ئۈزۈپ تۇردى.
ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى كازاكلارنىڭ كۆڭلىگە تازا ياققانلىقى روشەن
ئىدى.

— قېرىنداشلار! بىزنىڭ قۇرۇلتىيىمىز بۇ جىددى ئىشنى
شۇنداق مۇھاكىمە قىلىشى كېرەككى، خەلق ئۆكۈنۈش بىلدۈرمەي-
دىغان بولسۇن ۋە ھەممە ئىش تىنچ - خەيرىلىك بىلەن پۈت-
سۇن! — ئۇ كىكەچ ئادەمدەك ئاۋازىنى سوزدى، — مەن بۇ سۆ-
زۈم بىلەن قانلىق ئۇرۇشنى بولغۇزمايلى دېمەكچىمەن. ئۇنىڭسىزمۇ
3 يېرىم يىل ئاكوپلاردا چىرىك تۇرمۇشنى ئۆتكۈزدۇق، قوشۇپ

قويايكسى، ئەگەر يەنە ئۇرۇشىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا كازاكلارنىڭ دەرمانى قۇرۇپ...

— را — ست گە — پ!

— پۇتۇنلەي توغرا!

— ئۇرۇشنى خالىمايمىز!...

— بولشېۋىكلار بىلەنمۇ، كازاك ھەربى بىرلەشمىسى بىلەنمۇ پۇتۇمگە كېلىش لازىم!

— بىزگە تىنچلىق كېرەك، باشقىسىنىڭ كېرىگى يوق... غىـ رىڭ - پىرىڭ قىلىشنىڭ نىمە ھاجىتى!

پودتېلكوپ شىرەنى گۈپۈلدىتىپ مۇشتىلىدى — شۇنىڭ بىلەن ۋاراڭ - چۇرۇڭ بېسىلدى. 44 - پولكنىڭ ۋەكىلى سىبىرچە ساقىـ لىنى تۇتاملاپ، يەنە خىڭىلداشقا باشلىدى.

— بىز قۇرۇلتاي نامىدىن نوۋوچېركاسـﯩكقا ئۆز ۋەكىللىرىـ مىزنى ئەۋەتىپ، ياخشىلىقچە سۆزلىشىپ بېقىشىمىز لازىم: پىداكلار بىلەن ھەر خىل پارتىزانلار بۇ يەردىن كەتسۇن، بولشـېۋىكلارغا ۋە بىزگە بۇ يەردە قىلىدىغان ئىش يوق. ئىشچىلار ئـامىمىسىنىڭ دۈشمەنلىـ رىگە بىز ئۆزىمىز تاقابىل تۇرالايمىز، بىزگە ھازىرچە باشقىلارنىڭ ياردىمى كېرەك ئەمەس، ئەگەر كېرەك بولۇپ قالسا — ئۇ چـاغدا بىز ئۇلارنى ياردەم كۆرسىتىشكە چاقىرىمىز.

— بۇنداق سۆز مۇۋاپىق ئەمەس!

— تو — غرا — ا !

— توختا، توختاپ تۇر! نىمىسى «توغرا»؟ بىزنى ئۇلار قارـ غۇنى ياردا قىسـىتىغانىدەك قىستاپ كەلسە، شۇ چاغدىلا ياردەم سوـ رامدۇق؟ياق، چەلپەك پىشقىچە، چوڭ ئانامنىڭ جېنى قالمايدۇ، دىگەن ماقال بار.

— ئۆز ھاكىمىيىتىمىزنى بەرپا قىلىش لازىم.

— توخۇ كاتەكتە ... تۇخۇمى نەدىكىن، ئەستەغپۇرۇللا! نىمە دىگەن ئەخمەق خەق بۇ!

44 - پولكنىڭ ۋەكىلىدىن كېيىن لاگوتىن سۆزگە چىقىپ، قىزغىن چاقىرىق سۆزلەرنى ياغدۇرۇشقا باشلىدى. كۆپچىلىك ھايقىرىق بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ تۇردى. 10 مىنۇت تەنەپپۇس قىلىنسا، دىگەن تەكلىپ چۈشكەن ئىدى، ئەمما تىنچلىق ئورنىتىلىشى بىلەنلا، پودتېلكوپ كۆپچىلىكنىڭ راسا قىزىپ تۇرغان پەيتىدىن پايدىلىنىپ، دەرھال سۆز باشلىۋەتتى:

— كازاك قېرىنداشلار! بىز بۇ يەردە كېڭەش ئۆتكۈزۈۋاتقان چاغدا، ئەمگەكچى خەلقنىڭ دۈشمەنلىرىمۇ ئۈگدەپ قالمايدۇ. بىز بۆزىنىڭ قوسىغى توق، قويلارنىڭ ئامان بولۇشىنى خالايمىز، ئەمما كالىبدىن ئۇنداق ئويلىمايدۇ. بىز ئۇنىڭ نەق مۇشۇ قورۇلتايغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسىنى قاماققا ئېلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇغىنى قولغا چۈشۈردۇق، ھازىر شۇ بۇيرۇقنى ئوقۇپ ئاڭلىتىمىز.

كالىبدىننىڭ قورۇلتاي ئەزالىرىنى قولغا ئېلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇغى ئوقۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ۋەكىللەرنىڭ توپىلىرى دولقۇندەك تەۋرىنىپ كەتتى. كەنت مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ھەرقانداق يىغىندىن كۆرە، بۇ يەردىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ يۈز ھەسسە ئېشىپ چۈشتى.

— قۇرۇق سۆز بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، ئىش قىلىش كېرەك.

— سۆرەن سالمايلى!... جى — م — م!...

— «سۆرەن سالمايلى» دىگەن نىمەگەپ! يەر بىلەن يەكسەن قىلىۋەر!...

— لوبوپ! لوبوپ! ... ئۇلارغا سۆز قىلساڭچۇ! ...

— ئازراق كۈتۈپ تۇرايلى!

— كالېدىن — ئەخمەق ئەمەس!

گرىگورىي ئۈنچىقماستىن سۆزگە قۇلاق سېلىپ، ۋەكىللەرنىڭ تەۋرىنىپ تۇرغان باش، قوللىرىغا قاراپ ئولتۇرغان ئىدى؛ ئاخىر چىداپ تۇرالماي، پۇتىنىڭ ئۇچىدا تۇرۇپ، زەردە بىلەن ۋاقىرىدى:

— جىم بولساڭلارچۇ، ئىبلىسلار! ... بۇ يەر سىلەرگە بازارمۇ؟ پودتېلكوپنى سۆزلىگىلى قويۇڭلار! ...

ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ 8 - پولك ۋەكىللىرىنىڭ بىرى بىلەن سۆز تالىشىپ قالدى.

خىرىستونە ئۆزىگە ھۇجۇم قىلغان بىر پولكدىشىدىن مۇداپىئەلىنىپ، ھۆكىرىدى:

— بۇ ئىشتا، دىمەك، ھەققانىي مەيداندا تۇرۇش كېرەك! سەن ماڭا ... نىمىشكە يالغان سۆزلەيسەن؟ ... قاپاق باش! ئېھ، دوستۇم، نىمە دىسەم بولار سېنى! ئۆز كۆچىمىز بىلەن يېڭىمىز دىگىنىمىز — قۇرۇق گەپ!

گورۇڭلىغان ئاۋازلار بېسىلدى (چارچاپ دەرمانى قالمىغان شامال بۇغداي دولقۇنىنىڭ ئۈستىگە چۆكۈپ، ئۇنى ئەنە شۇنداق پەسكە ياتقۇزۇۋەتتى)،تىنچلىق تولۇق ئورنىتىلىپ بولماستىنلا كىرىۋوشلىكوپنىڭ قىز بالىنىڭ ئاۋازىدەك زىل ئاۋازى چاڭىلداشقا باشلىدى:

— يوقالسۇن كالېدىن! ياشىسۇن كازاكلارنىڭ ھەربى - ئىنقىلاۋىي كومىتېتى!

خالايىق ئۇھ - ئۇھلاشقا باشلىدى. گۇلدۇرماىدەك يەرنى لەرزىگە كەلتۈرگەن ماقۇللاش ھايقىرىقلىرى قارسىلدىغان قىل قامچىدەك قۇلاقنى زىڭىلدىتىۋەتتى. كىرىۋوشلىكوپ قولىنى كۆتەرگەن پېتى تۇرۇپ قالدى. بارماقلىرى دەرەخنىڭ شېخىدىكى ياپراقتەك

تىترەيتتى. فولاقنى پاك قىلىدىغان چۇقان ـ سۈرەن شـالاڭلىشىپ ئاستا بېسىلغان چاغدا، كىرىۇوشىلكوپ يەنىلا شۇ بـۆرە قـوغلىغانـ دىكىدەك ئىنچىكە، چىقىراق ئاۋاز بىلەن خىتاپ قىلدى:

ــ ئۆز ئاراڭلاردىن كـازاك هەربى ـ ئىنقىلاۋىي كـومىتېتى سايلىشىڭلارنى تەكلىپ قىلىمەن! كالېدىنغا قارشى كـۈرەش ئېلىپ بېرىش مۇشۇ كومىتېتقا تاپشۇرۇلسۇن ۋە ئورگانلارنى ...

ــ ها ــ ا ــ ا ــ ا ــ ا! ... ــ دېگەن هايقىرىق سىنارەد گۈمبۈرلىگەندەك چوڭ ئـۆينىڭ ئىچىنى لەرزىگە كەلتۈردى. تورۇسـ تىن يالپاق ـ يالپاق سـۇۋاقلار سىنارەد پارچىلىرىدەك يەرگە ياغدى.

ئىنقىلاۋىي كومىتېت ئەزالىرىنى سايلاش باشلاندى. كـازاكـ لارنىڭ ئازغىنە بىر قىسمى، بـايا سۆزگـە چىققان 44 ـ پـولـك ۋەكىلىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ رەهبـەرلىكىدە يـەنىلا ئـۆز پىكـرىدە قېلىپ، هەربى هۆكۈمەت بىلەن بـولغان جىدەلنى تىنچ يول بىلەن هەل قىلىشتا قاتتىق تـۇردى، ئـەمما قـۇرۇلتايغا قـاتناشقانلارنىڭ كۆپچىلىگى ئۇلارنى قوللىمىدى: كازاكلار، كالېدىنىنىڭ ئـۆزلىرىنى قولغا ئېلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇغىنى ئـاڭلىغاندىن كېيىن سارا- سىمىگە چۈشـكەن ئىدى ــ شۇڭا نوۋوچېركاسسىك هـاكىمىيىتىگە قارشى ئاكتىپ هەركەت قوللىنىشنى ياقلاپ چىقتى.

گىرىگورىي سايلامنىڭ نەتىجىسىنى كۈتۈپ تـۇرالمىدى ــ ئۇنى پولك ئىشتاۋىغا ئـالـدىراش چاقىرتـقان ئىدى. ئـۇ، كېتىش ئالدىدا خىرىستونە بىلەن ئىۋان ئالېكسىيېۋىچقا تاپىلاپ قويدى:

ــ سايلام توگەش بىلەنلا مـەن تـۇرغان ئـۆيگە كېلىڭلار، ئەزالىقا كىملەر سايلىناركىن ــ بەك بىلگىم كېلىدۇ.

ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ كېچىدە قايتتـى.

ــ پـودتېلكوپ رەئىس، كرىۇوشلىكوپ ــ سېكرېتار! ــ

دەپ خەۋەر قىلدى ئۇ بوسۇغىدىن كىرىش بىلەنلا.

— ئەزالارچۇ؟

— ئەزالارنىڭ ئىچىدە لاگوتىن ئىشۋان، گولوۋاچىيېپ مىنايېپ، كۇدىنوپ، يەنە بىر قانچە كىشى بار.

— خرىستونە قېنى؟ — دەپ سورىدى گىرىگورىي.

— ئۇ، كازاكلار بىلەن بىللە كامېنكا ھاكىمىيىتىنى قاماققا ئېلىشقا كەتتى، بۇ كازاك بەك قىزىپ كېتىپتۇ، ئۈستىگە نوكۇرسەك — پىژ قىلىدۇ. ئاپەت — بالا!

خرىستونە تاڭ يورۇغاندا قايتتى. ئۇزاققىچە پىشىلداپ، ئاياغ كىيىمىنى يەشتى. ئاستا بىرنىمىلەرنى دەپ غۇدۇرايتتى، گىرىگورىي چىراقنى ياققان ئىدى — خرىستونەنىڭ قازىيىپ كەتكەن يۈزىدە قان كۆرۈندى: پېشانىسىنىڭ ئۈستىنى ئوق تارمىلاپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

— ساڭا كىم ئوق ئاتتى؟ تېگىپ قويايمۇ؟ مەن ھازىرلا... توختاپ تۇر، داكا تاپاي، — گىرىگورىي كارۋاتتىن سەكرەپ تۇردى - دە، داكا بىلەن بېنت ئېلىپ كەلدى.

— ئىتنىڭ يارىسىدەك تېزلا ساقىيىپ كېتىدۇ، — دەپ غۇدۇڭشىپ قويدى خرىستونە، — يۈزۈمنى، دېمەك، ھەربى باشلىق ناگان بىلەن تاراشلىۋەتتى. ئۇنىڭ قېشىغا مېھماندەك چوڭ ئىشىك بىلەن كىرگەن ئىدۇق، ئۇ قوغدىنىشقا كىرىشتى، يەنە بىر كازاكنى ياردار قىلدى. دېمەك، ئۇنىڭ جېنىنى سۇغۇرۇۋالماقچى ئىدىم: ئوفىتسېرنىڭ جېنى قانداق بولغانلىقىنى بىر كۆرمەكچى ئىدىم، كازاكلار يول قويمىدى، ئۇنداق بولمىغاندا سىناپ باقماقچى ئىدىم... ئاكىسىنى بىر تونۇتۇپ قويغان بولاتتىم!

# 9

كامېنكا كەنتىدە ئېچىلغان فرونتچىلار كازاكلىرىنىڭ قۇرۇل-
تىيى دون ھەربىي ئوبلاستىنىڭ پۈتۈن ھاكىمىيىتى ئىنقىلاۋىي ھەر-
بىي كومىتېتىنىڭ قولىغا ئۆتتى، دەپ ئېلان قىلدى.

قۇرۇلتاي، سوۋېتلەر مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنى روسىيە
مەركىزىي دۆلەتلىك ھاكىمىيەت ئورگىنى دەپ ئېتىراپ قىلغاندىن
كېيىن، قاراردا ئېيتىلغاندەك، دوننىڭ ئەمگەكچى خەلقىنى ئەكسىل-
ئىنقىلاپچىلارنىڭ زۇلۇمىدىن ئازات قىلىش يولىدىكى ئىنقىلاۋىي
ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالماقچى بولدى.

لېنىن رادىيودا دوننى لەرزىگە كەلتۈرگەن ئاشۇ ۋەقە توغ-
رىلىق سۆزلەپ: «دون كازاكلىرىنىڭ 46 - پولكى كامېنكا كەنتىدە
ئۆتكۈزۈلگەن قۇرۇلتايدا ئۆزلىرىنى ھۆكۈمەت دەپ ئېلان قىلىپ،
كالېدىن بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى» دەپ ئۇقتۇرۇپ ئۆتتى.

كازاكلار، سوۋېتلەرنىڭ پۈتۈن روسىيە 3 - قۇرۇلتىيىغا
قاتنىشىش ئۈچۈن ئۆز ۋەكىللىرىنى پېتروگرادقا ئەۋەتتى.
لېنىن، كازاكلارنىڭ ۋەكىللىرىنى سمولنىيدا قىزغىنلىق بىلەن قو-
بۇل قىلدى. لېنىن، كازاك ۋەكىللىرىنىڭ پېتىرگە كەلگەنلىكىنى ئاڭ-
لاش بىلەنلا ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئاپتوموبىلىنى ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇلار
لېنىننىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەندە، ۋەكىللەرنىڭ بىرى: «مەن دوندى-
كى ئىنقىلاۋىي كازاكلار نامىدىن سوۋېتلەر روسىيىسى خەلق كومىس-

سارلىرى سوۋېتىنىڭ رەئىسىنى تەبرىكلەيمــەن!» دەپ يۇقۇرى ئاـ
ۋاز بىلەن توۋلىـدى. «مەن ســوۋېتلەر روسىيىسى نامىدىن دونـ
نىڭ ئىنقىلاۋىي كازاكلىرىنى تەبرىكلەيمــەن!» دەپ جاۋاپ بەردى
لېنىن. سۆھبەتتىن كېيىن لېنىن ۋەكىللەرگە: پېتروگراد ســوۋېـ
تىنىڭ مەجلىسىدە دوندا بولۇۋاتقان ئىشلار توغرىلىق سۆزلەپ بەرـ
سەڭلار، دەپ تەكلىپ قىلدى.

دون كازاكلىرى ۋەكىللىرى سوۋېتلەر قۇرۇلتىيىدا ھازىربولغانـ
دا، پۈتۈن روسىيە مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى سىـ
ۋېردلوپ ئۇلارنىڭ كەلگەنلىگىنى خەۋەر قىلغاندا، ۋەكىللەر دونلۇقـ
لارنى قىزغىن ئالقىشلىدى.

قۇرۇلتاي دون كازاكلىرىغا: «خەلق دۈشمەنلىرىنى يەريۈزىدىن
قۇرۇتۇڭلار، كالېدىنىنى نوۋوچېركاسسكىدىن قوغلاپ چىقىرىڭلار، ئۆز
يېرىڭلارنى ئــەكسىلئىنقىلاۋىي بــاندىتتىن تــازىلاڭلار!» دەپ مۇراـ
جەت قىــلدى.

... فۇرونتچى كازاكلارنىڭ قۇرۇلتىيى بولۇپ ئـۆتكەن كۈنىنىڭ
ئەتىسى كامېنكا كەنتىگە، كالېدىنىنىڭ بۇيرۇغى بويىچە، 10 - دون
كازاكلىرى پولكى كەلدى، كېلىشتىكى مەقسىدى قــۇرۇلتايغا قاتناشـ
قانلارنىڭ ھەممىسىنى قولغا ئېلىپ،كازاكلارنىڭ ئەڭ ئىنقىلاۋىي ھەربى
قىسىملىرىنى قورالسىزلاندۇرۇش ئىدى.

بۇ چاغدا كەنتتە ئاممىۋى يىغىن بولۇۋاتاتتى. كازاكلارنىڭ ئەڭ
زور كۆپچىلىگى سۆزگە چىققان ناتىقنىڭ نۇتقىغا ھــەر خىل باھا
بېرىپ، پورۇقلاپ قاينىماقتا ئىدى.

مۇنبەرگە چىققان پودتېلكوپ مۇنداق دىدى:

— ئاتىلار ۋە ئاغا - ئىنىلار، مەن ھىچقانداق پــارتىيىدەيوقـ
مەن، مەن بولشېۋىكمۇ ئەمەس، مەن پەقەت بىرلا مەقــسەتنى كۆزـ
لەيمەن: ئادالەت، بەخت - سائادەت ۋە بارلىق ئەمگــەكچىلەرنــىڭ

قىرىنداشلارچە ئىتتىپاقى بولسۇن دەيمەن، ھېچقانداق ئېزىشنىڭ بولماسلىغىنى، مۇشتۇمزورلار، بۇرژۇيلار ۋە بايلارنىڭ بولماسلىغىنى ئارزۇ قىلىمەن، ھەممىنىڭ ئەركىن ئازات ياشىشىنى ئارزۇقىلىمەن... بولشېۋىكلار بۇنىڭغا ئېرىشەلەيدۇ ۋە مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن كۆرەش قىلىدۇ. بولشېۋىكلار — بۇ ئىشچىلار بولۇپ، بىزكازاكلارغا ئوخشاش ئەمگەكچىلەر. يەنە كېلىپ بولشېۋىك ئىشچىلار بىزگە قارىغاندا ئاڭلىقلىغراق ۋە ئۇيۇشقاقراق كېلىدۇ: كونا ھاكىمىيەت بىزنى قاراڭغۇ جاھالەتتە تۇتتى، ئۇلار بولسا شەھەرلەردە تۇرمۇشنى چۈشىنىشنى بىزدىن ياخشىراق ئۆگىنىۋالغان. دېمەك، بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە كىرمىگەن بولساممۇ، مەنمۇ بولشېۋىك.

10 - پولك ۋاگونلاردىن چۈشۈپ، يىغىنغا كېلىپ قوشۇلدى. بۇ پولكنىڭ كادىرلىرىنىڭ تەڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدىغان ئەڭ بويچان، ئالىپتە ياسانغان گوندۇروپچىلار باشقا پولكلارنىڭ كازاكلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كەيپىياتىدا دەرھاللا كەسكىن ئۆزگىرىش يۈزبەردى. پولك كوماندىرىنىڭ كالېدىنىنىڭ پەرمانىنى ئورۇنلاش توغرىسىدىكى بۇيرۇغىنى كازاكلار رەت قىلدى. بولشېۋىكلار تەرەپدارلىرى ئەۋج ئالدۇرغان كۈچلۈك تەشۋىقات نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا غۇلغۇلا باشلاندى.

بۇ چاغدا كامېنكا كەنتى فۇرونت قېشىدىكىگە ئوخشاشلا پاتپاراقچىلىقتا قالغان ئىدى: ناھايىتى ئالدىراش قۇراشتۇرۇلغان كازاك ئەترەتلىرى كەنتلەرنى ئىشغال قىلىشقا ۋە ئىشغال قىلىنغان كەنتلەرنى مۇستەھكەملەشكە ئەۋەتىلىۋاتاتتى. زېۋېرېۋو — لىخاياتەرەپكە بارىدىغان ھەربى پويىزلار بۇ يەردىن پات - پات كېتىپ تۇراتتى. قىسىملاردا كوماندىرلار تەركىۋىنى قايتا سايلاش ئىشى يۈرگۈزۈلۈۋاتاتتى. ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايدىغان كازاكلار كامېنكىدىن يوشۇرۇنچە ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىۋاتاتتى. يېزا ۋە كەنتلەردىن كېچىكىپ

قالغان ۋەكىللەر كېلىپ تۇراتتى. كوچىلاردا بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان جانلىنىش مەنزىرىسى سېزىلىپ تۇراتتى.

13 - يانۋاردا كامېنكىغا مۇزاكىرە ئۈچۈن ئاقلارنىڭ دون ھۆكۈمىتىدىن ۋەكىللەر كەلدى، بۇلارنىڭ تەركىۋىدە ھەربى بىرلەشمىنىڭ رەئىسى ئاگېيېپ، بىرلەشمە ئەزالىرى: سۋېتوزاروپ، ئۇلانوپ، كارېپ، پاژېلوف ۋە قوشۇن ياساۋولى كۇشنارېپ بار ئىدى.

ئۇلارنى ۋاگزالدا نۇرغۇن ئادەملەر قارشى ئالدى. ئىمتىيازلىق گۋاردىيە ئاتامان پولكىنىڭ كازاكلىرىدىن تەشكىللەنگەن قوغداش ئەتردى ئۇلارنى پوچتا - تېلېگراپ ئىدارىسىنىڭ بىناسىغىچە ئېپكېلىپ قويدى. ھەربى - ئىنقىلاۋىي كومىتېت ئەزالىرى بۇ يەرگە كەلگەن ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە كېچىچە مەجلىس ئاچتى.

مەجلىسكە ھەربى - ئىنقىلاۋىي كومىتېتتىن 17 كىشى قاتناشتى. پودتېلكوپ بىرىنچى بولۇپ، ئاگېيېپنىڭ: سىلەرنىڭ ھەربى - ئىنقىلاۋىي كومىتېتىڭلار دونغا خائىنلىق قىلىپ، بولشېۋىكلار بىلەن كېلىشىم تۈزدى، دىگەن ئەيىپلەشلىرىگە جاۋاۋەن كەسكىن رەددىيە بەردى. ئۇندىن كېيىن كرىۋوشلىكوپ، لاگوتىن سۆز قىلدى. قوشۇن ياساۋۇلى كۇشنارېپنىڭ سۆزىنى دەھلىزىدە توپلىشىپ تۇرغان كازاكلار ھايھايلاپ ئۈزۈپ تۇردى. پىلىموتچىلاردىن بىرى ئىنقىلاۋىي كازاكلار نامىدىن ئاقلارنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىگىنى قولغا ئېلىشنى تەلەپ قىلدى.

كېڭەشتىن ھىچقانداق نەتىجە چىقمىدى. كېچە سائەت 2 بولاي دەپ قالغان ئىدى، ئەمدى كېلىشىمگە كېلىش مۇمكىن بولمايدىغانلىغى ئېنىقلانغانلىقتىن، ھەربى بىرلەشمىنىڭ ئەزاسى كارېپ ھاكىمىيەت مەسىلىلىرىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل

قىلىش ئۈچۈن نوۋوچېركاسسكىغا ھەربىي - ئىنقىلاۋىي كومىتېتنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى كەلسۇن دېگەن تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى، بۇ تەكلىپ قوبۇل قىلىندى.

دون ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى قايتىپ كېتىش بىلەنلا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن پودتېلكوپ باشچىلىقىدىكى ھەربىي - ئىنقىلاۋىي كومىتېت ۋەكىللىرى نوۋوچېركاسسكىغا يۈرۈپ كەتتى، ئومۇمى سايلام بويىچە: پودتېلكوپ، كۇدىنوپ، كرىۋوشلىكوپ، لاگوتىن، سكاچكوپ، گولوۋاچېپ ۋە مىناييېلار ۋەكىل قىلىندى، كامېنكىدا قولغا ئېلىنغان ئاتامان پولكىنىڭ ئوفىتسېرلىرى گۆرە تەرىقىسىدە قالدۇرۇلدى.

## 10

ۋاگون دەرىزىلىرىنىڭ تېشىدا قار بورىنى مەۋج ئۇرۇپ تۇراتتى، يېرىم - ياتا بۇزۇلغان تاختاي توساقلارنىڭ ئۈستىدە شامال يالاپ قېتىپ قالغان قار ئۆيۈمى كۆرۈنەتتى، قىڭغىر - قىيشىق قار ئۆيۈمى ئۈستىدە قۇشلارنىڭ ئاياق ئىزلىرى بىلەن چېكىلگەن گۈل-نەقىشلەر چىمىرلاپ تۇراتتى.

كىچىك ئىستانسىلار، تېلېگراپ موملىرى ۋە ئۆزىنىڭ بىر تۈرلۈك قار مەنزىرىسى بىلەن سۈرلۈك كۆرۈنگەن چەكسىز دالا شىمالغا لىپ - لىپ ئۆتۈپ تۇراتتى.

يېڭى خۇرۇم كەمزۇل كىيگەن پودتېلكوپ دەرىزىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئۈسمۈر بالىدەك ۋىجىككىنە ياداڭغۇ

كرىۋوشلىكوپ ئالدىدىكى كىچىك شىرەگە ئىككى جەينىكىنى تىرەپ، دەرىزىدىن قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ باللارنىڭكىدەك روشەن كۆزلىـ رىدە ۋەھىمە ۋە ئۈمىت ئالامەتلىرى بىلىنىپ تۇراتتى. لاگوتىن شاـ لاڭ سېرىق ساقىلىنى سىلاپ قويۇاتتى. پـالـۋاندەك بەستلىك كازاك مىنايېپ ئورۇندۇقتا تېپىرچـىلاپ، ھـور تۇرۇبىسىغا قولىنى تۇتۇپ ئىسسىناتتى.

ئۈستۈنكى قەۋەتتە ياتقان گولوۋاچېپ بىلەن سىكاچكوپ بىر نەرسە توغرىلىق ئاستا پاراڭلىشاتتى.

ۋاگوننىڭ ئىچىنى خىلىلا تۇتۇن قاپلىغان، سالقىن، نوۋوچېرـ كاسسىكىغا كېتىۋاتقان ئۆمەك ئەزالىرى ئۆزلىرىنى ئـانچىلىك ئىشەنچـ لىك ھىس قىلىشمايتتى. شۇڭا پاراڭغا كىرىشەلمىدى. كىشىنى زېـ رىكتۈرىدىغان سۈكۈنات باشلاندى. لىخايادىن ئۆتۈپ كېتىشتى. پودـ تېلكوپ ئومۇمنىڭ قوسىقىدىكى پىكرىنى ئېيتتى:

— ئىش بىز دىگەندەك بولمايدۇ. بىر پىكىرگە كېلەلمەيمىز.

— بىكارلا كېتىۋاتىـمىز، — دىـدى لاگـوتىن ئۇنىڭ سۆزـ زىنى قۇۋۋەتلەپ.

يـەنە ئۇزاققىچە ئـۈنـچىقىشمىدى. پـودتـېلـكـوپ گـويا تورنىڭ كۆزىدىن مۆكا ئۆتكۈزگەندەك قولـىنىڭ بېغىـشـىنى بـىر ئۆلچەمدە قىمىرلىتاتتى. ئاندا — ساندا خىرە پاقىراپ تـۇرغان خۇـ رۇم چاپىنىغا قىزىقىپ قاراپ قويۇاتتى.

نوۋوچېركـاسسىكقا ئاز قالدى. مىنايېپ خەرىتە ئۈستىدە شەـ ھەردىن ھەر تەرەپكە تارماقلاپ كەتكەن دون دەرياسىغا قاراپ، ئاسـ تا سۆزلەشكە باشلىدى:

— بۇرۇنقى چاغدا، كازاكلار ئـاتامەن پولكىدىكى ھـەربـى

خىزمەتنى ئۆتەپ بولغاندا، ئۇلارنى كىرەكلىك نەرسىلەر بىلەن تەمىن-
لەپ ئۆيلىرىگە يولغا سالاتتى. ساندۇقلىرىنى، مال - مۈلكىنى، ئات-
لىرىنى ۋاگونلارغا باساتتى. پويىز يولغا چىقىپ، ۋورونېژ قېشىغا
كەلگەندە، بۇ يەردىن بىرىنچى قېتىم دون ئارقىلىق ئۆتۈشكە توغرا
كەلگەنلىكتىن، پويىزنى ھەيدەپ كېتىۋاتقان ماشىنىست يۈرۈشنى
ئاستىلىتاتتى — ئىلاجىنىڭ بىرىچە ئاستىلىتاتتى ... ئۇ نېمىشكە
شۇنداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەتتى. پويىز كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىگە
چىقىش بىلەنلا — ياپەرۋەردىگار! ... بۇ يەردە نېمە ئىش باشلى-
نىدىغانلىقىنى كۆر! كازاكلار قۇترىشىپ كېتەتتى: «دون! بىزنىڭ
دون! تىنچ دون! جانىجان ئاتىمىز، تەربىيەتچىمىز! ھۇ — ر — ر —
را — ا — ا — ا!» دەپ، ئارقىدىنلا فۇراژكىلىرىنى، كوناشىنېللى-
رىنى، شالۋۇرلىرىنى، ياستۇق قاپلىرىنى، كۆينەكلىرىنى ۋە باشقا
ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلىرىنى دەرىزىدىن كۆۋرۈك ئارقىلىق
سۇغا ئاتاتتى. بۇ — ھەربىي خىزمەتتىن قايتقاندا، دونغا قىلىدىغان
ھەدىيىسى ئىدى! شۇ چاغدا سەن قاراپ تۇرغان بولساڭ — سۇنىڭ
يۈزىدە ھاۋارەڭ ئاتامان فۇراژكىلىرىنىڭ ئاققۇدەك ياكى گۈلدەك
ئۈزۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن بولاتتىڭ ... بۇنداق ئادەت ئەزەلدىن
رەسىم بولۇپ كەلگەن ئىدى.

پويىز يۈرۈشنى ئاستىلىتىپ توختىدى. كازاكلار ئورنىدىن
تۇرۇشتى. كرىۋوشلىكوپ شىنېلىنىڭ تېشىدىكى كەمەرنى باغلىۋې-
تىپ، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى:

— خوش، ئۆز ئۆيىمىزگىمۇ كېلىپ قالدۇق.

— نان - تۇز ئىلىپ چىقمايدىغۇ! — دەپ چاخچاق قىلىپ
باقتى سىكاچكوپ.

ئىشىكنى قاقماستىنلا ئۈزۈنتۇرا، جەسۇر بىر ياساۋۇل كىرىپ
كەلدى. ئۇ، ۋەكىللەر ئۆمىگى ئەزالىرىغا غەزەپلىك، سىناق نەزىرى

بىلەن قاراپ چىقىپ، قەستەن قوپال ئاۋاز بىلەن گەپ ئاچتى:

— سىلەرگە ھەمرا بولۇش ماڭا تاپشۇرۇلغان. ۋاگوندىن تېزرەك چۈشۈشكە تەرەددۇت قىلىڭلار، جانابى بولشېۋىكلار. مەن خالايىق ئۈچۈن ۋە ... سىلەرنىڭ خەۋپسىزلىكىڭلار ئۈچۈن كېپىل بولالمايمەن.

ئۇ باشقىلاردىن كۆرە پودتېلكوپقا، دۇرۇستراغى، ئۇنىڭ ئوفىتسېرلىك چۈجۈركىسىغا كۆپرەك قادىلىپ قارىدى؛ ئۇندىن كېيىن ئوچۇق بىلىنىپ تۇرغان ئۆچمەنلىك بىلەن كوماندا بەردى:

— چىقىڭلار ۋاگوندىن، چاپسان!

— ئەنە ئاشۇ ئەبلەخلەر، كازاكلارنىڭ خائىنلىرى!— دەپ ۋاقىرىدى خالايىق قاپلاپ كەتكەن ۋاگزال سۇپىسىدا تۇرغان بىر ئۇزۇن بۇرۇتلۇق ئوفىتسېر.

پودتېلكوپنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ، سەل گاڭگىراپ، كۆز قىرى بىلەن كرىۋوشلىكوپقا قارىدى. كرىۋوشلىكوپ ۋاگوندىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىققان ئىدى؛ كۈلۈمسىرەپ پىچىرلىدى:

— «بىز ماقۇللاش ئاۋازلىرىنى كۆككە كۆتىرىپ ماختىغان شىردىن سۆزلەردە ئەمەس، ئاچچىق غەزەپ بىلەن ياۋايىلارچە ۋاقىراشلاردا ئاڭلايمىز...» ئاڭلىدىڭمۇ، فېدور؟

پودتېلكوپ كېيىنكى سۆزلەرنى ئاڭلىمىغان بولسىمۇ، ئۇمۇ كۈلۈمسىرىدى.

بۇلارنى ئوفىتسېرلەردىن تەشكىل قىلىنغان كۈچلۈك ئەترەت باشلاپ ئېلىپ باردى. ئوبلاستلىق باشقارمىنىڭ بىناسىغا يېتىپ بارغىچە ئۇلارنى كۆزىتىپ بارغان ۋە ئۇلارنى ئۇر - ئۇر قىلىشقا تەشنا بولغان توپ قوترىپلا تۇردى. ۋەكىللەرنى يالغۇز ئوفىتسېرلەر بىلەن يۇنكېرلەرلا ئەمەس، ھەتتا بەزىبىر ئادەتتىكى كازاكلارمۇ،

خېلى تۈزۈك كىيىنگەن ئاياللارمۇ، ئوقۇغۇچىلارمۇ ئەسكىلىك قىلىپ، ھاقارەتلەشتى.

غەزەپلەنگەن لاگوتىن ئۆزلىرىنى ئىلىپ كېتىۋاتقان ئوفىتسېرلەرنىڭ بىرىگە:

— بۇنداق ياشىباشتاقلىققا ئەجەپ يول قويدۇڭلارغۇ! — دەپ تەمشەلدى.

ئوفىتسېر ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك بىلەن بىر قاراپ قويۇپ، غۇدۇڭشىدى:

— جېنىڭ سالامەت قېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن خۇداغا شۈكۈر قىل... ھوقۇق مېنىڭ قولۇمدا بولسا — مەن سېنى، ئەبلەخ... ھۇ ـ ۋ ـ ۋ، ئۆلتۈرەتتىم!

باشقا بىر ياشراق ئوفىتسېر تەنە بىلەن بىر ھوميىپ، ئۇنى توختىتىپ قويدى.

— نېمە دېگەن قاملاشمىغان ئەھۋال بۇ! — دەپ پىچىرلىدى سىكاچكوپ گولوۋاچېيقا ئېيىپنى تېپىپ.

— خۇددى ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك...

توپلانغان خەلق ئوبلاستلىق باشقارمىنىڭ بىناسىغا پاتماي قالدى. كەلگەن ۋەكىللەر شۇ يەردىكى بىر باشقۇرغۇچى يۈز بېشىنىڭ ئورۇن كۆرسىتىشى بىلەن شىرەنىڭ بىر تەرىپىگە جايلىشىپ بولغىچە — ھۆكۈمەت ئەزالىرىمۇ يېتىپ كېلىشتى.

سەل مۈكچەيگەن كالېدىن پۈتۈن تاپىنى بىلەن چىڭ ـ چىڭ دەسسەپ، بۆرە قەدىمى بىلەن شىرە تەرەپكە ئۆتتى، ئۇ، بوگايېۋسكى بىلەن بىللە كىرىپ كەلگەن ئىدى. كالېدىن ئۆز ئورۇندۇقىنى ئارقىغا سۈرۈپ ئولتۇردى ـ دە، ئوفىتسېرلارنىڭ ئاق كاكاردا قادالغان داشرەڭ بۆرا ژكىسىنى ئاۋايلاپ شىرەنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، چېچىنى سىلىدى، ئاندىن سول قولىنىڭ بارماقلىرى بىلەن

ھەربىچە كۆرتكىسىنىڭ چوڭ يان يانچۇغىنىڭ تۈگمى-
سىنى ئەتتى، ئۆزىگە بىر نىمە دېگەن بوگايېۋىسكى تەرەپكە
سەل ئېگىلىپ قولاق سالدى. ئۇنىڭ ھەربىر ھەركىتىدىن سالماقلىق،
مۇستەھكەم ئىشەنچ ۋە يېتىلگەن كۈچ بىلىنىپ تۇراتتى؛ ئادەتتە،
بۇرۇن ھاكىمىيەت بېشىدا بولغان، تالاي يىللار داۋامىدا قەددىنى،
باش ھەركىتىنى، يۈرۈش - تۇرۇشىنى باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرق-
لەندۈرۈشنى ئۆگىنىۋالغان ئادەملەر ئۆزىنى ئاشۇنداق تۇتىدۇ. ئۇ،
كۆپ جەھەتتە پودتېلكوپ بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى، لېكىن سا-
لاپەتلىك كالېدىنىنىڭ يېنىدا چېنىپ ئولتۇرغان بوگايېۋىسكى بول-
سا ھەم بىچارە، ھەم بۇ يەردە بولىدىغان مۇزاكىرىدىن تەشۋىشلى-
نىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

بوگايېۋىسكى سالپايغان ساپ - سېرىق بۇرۇتى يېيىپ تۇر-
غان كالپۇكلىرىنى بىلىنەر - بىلىنمەس مىدىرلىتىپ، بىرنىمىلەرنى
دەۋاتاتتى. قىيپاش ئالايغان ئۆتكۈر كۆزلىرى كۆزەينەكنىڭ ئاستى-
دىن پاقىراپ كۆرۈنەتتى. ئۇ بىردەم ياقىسىنى تۈزەپ قوياتتى،
بىردەم غەيرەتچان ئىنگىكىنى نېرى - بېرى سىلاپ قوياتتى،
بىردەم كەڭ قاپاقلىرى ئۈستىدە كېرىلىپ تۇرغان قاشلىرىنى مى-
دىرلىتاتتى، مانا بۇ ھەركەتلىرىدىن ئۇنىڭ ئەسەبىيلىكى بىلىنىپ
تۇراتتى.

ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان كالېدىنىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدە ھەربى
ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىرى ئولتۇرۇشاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كامىنكىغا
بېرىپ كەلگەنلەردىن: كارېپ، سىۋېتوزاروپ، ئۇلانوپ، ئاگايېپلار
بار ئىدى؛ بۇلاردىن سەلچەتتىرەك يېلاتونتسېپ، مېلنىكوپ، بوس-
سې، شوشنىكوپ، پولەكوپ ئولتۇرۇشاتتى.

پودتېلكوپ، مىتروپان بوگايېۋىسكىنىڭ كالېدىنغا بىرنىمە
دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدى.

كالىدىن ئۆزىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان پودتېلكوپقا كۆزىنى قىسىپ:

— مىنىڭچە، ئەمدى باشلىساق بولار، — دىدى.

پودتېلكوپ كولۇمسىرەپ ۋەكىللەر ئۆمىگىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىدىنى ئوچۇق ئۇقتۇردى. كرىۋوشلىكوپ ھەربى-ئىنقىلاۋىي كومىتېتنىڭ تەييارلىغان ئولتىماتومىنى شىرەنىڭ ئۈستىدىن سۇنغان ئىدى، ئەمما كالىدىن ئاپپاق ئالقىنى بىلەن قەغەزنى ئىتتىرىپ تاشلاپ، قەتئى قىلىپ مۇنداق دىدى:

— ھۆكۈمەتنىڭ ھەر بىر ئەزالىرىنى بۇ ھۆججەت بىلەن ئايرىم - ئايرىم تونۇشتۇرۇشقا ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. مالال كۆرمەي، ئولتىماتومىڭلارنى ئۈنلۈك ئوقۇپ بېرىڭلار. ئۇندىن كېيىن مۇھاكىمە قىلىمىز.

— ئوقۇ، — دەپ بۇيرۇق قىلدى پودتېلكوپ

ئۇ، ئۆزىنىڭ ئابروينى ساقلاپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ۋەكىللەرنىڭ باشقا بارلىق ئەزالىرىغا ئوخشاش، ئۇمۇ ئۆزىگە تازا ئىشەنچ قىلالمايۋاتقانلىقى روشەن ئىدى. كرىۋوشلىكوپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ قىز بالىنىڭكىدەك زىل، شۇنىڭ بىلەن بىللە خىرە ئاۋازى ئادەملەر لىق تولغان زالنىڭ ئۈستىدە جاڭىلداشقا باشلىدى:

— «دون ھەربى ئوبلاستىدا ئۇرۇش ئوپېراتسىيىلىرى ئېلىپ بېرىشتا قوشۇنلارغا قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقى مۇشۇ 1918 - يىل 10 - يانۋاردىن باشلاپ ھەربى ئاتاماننىڭ قولىدىن دون كازاكلىرى ھەربى - ئىنقىلاۋىي كومىتېتنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ

ئىنقىلاۋىي ئەسكەرلەرگە قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان بارلىق ئەترەتلەر شۇ يىل 15 - يانۋاردا ئارقىغا چېكىندۈرۈلۈپ

قورالسىزلاندۇرۇلدۇ، شۇنىڭ بىلەن باراۋەر پىدائىي ئەترەتلەر، يۇنكېرلەر مەكتەپلىرى ۋە پراپورشىكلەر مەكتەپلىرىمۇ قورالسىزلاندۇرۇلدۇ. مۇشۇ ھەربىي تەشكىلاتلارغا قاتناشقان، ئەسلى دونلۇق بولمىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دون ئوبلاستىنىڭ تۇپرىغىدىن ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى جايلىرىغا كۆچۈرۈلىدۇ.

ئەسكەرتىش: قورال - ياراق، ھەربىي ئەسلىھە - جابدۇقلار ۋە ھەربىي كىيىملەر ئىنقىلاۋىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ كومىسسارىغا تاپشۇرۇلۇشقا تېگىش. نوۋوچېركاسسكىدىن چىقىپ كېتىش گۇۋاھنامىسىنى ھەربىي - ئىنقىلاۋىي كومىتېتىنىڭ كومىسسارى بېرىدۇ.

نوۋوچېركاسسك شەھىرىنى ھەربىي - ئىنقىلاۋىي كومىتېتىنىڭ بەلگىلىشى بويىچە كازاك پولكلىرى ئىشغال قىلىپ تۇرۇشى كېرەك.

ھەربىي بىرلەشمىنىڭ ئەزالىرى ئۈشبۇ يانۋار ئېيىنىڭ 15 - كۈنىدىن باشلاپ ئۆزلىرىنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىدىن ئايرىلغانلىقى ئېلان قىلىنىدۇ.

ھەربىي ھۆكۈمەت قويغان بارلىق ساقچىلار دون ئوبلاستىنىڭ كانلىرى ۋە زاۋۇتلىرىدىن قايتۇرۇپ كېتىلىدۇ.

قان تۆكۈلمەسلىكى ئۈچۈن ھەربىي ھۆكۈمەت ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ھوقۇقىدىن ئىختىيارىي رەۋىشتە ۋاز كەچكەنلىكىنى پۈتۈن ئوبلاستقا، كەنت - يېزىلارغا جاكالايدۇ، شۇنىڭدەك ئوبلاستتا بارلىق ئاھالىنىڭ دائىمىي ئەمگەكچىلەر ھاكىمىيىتى قۇرۇلغىچە مەۋجۇت ھاكىمىيەتنى دەرھال كازاك ئوبلاستلىق ھەربىي - ئىنقىلاۋىي كومىتېتقا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكىنى جاكالايدۇ.»

كىرىۋوشلىكوپنىڭ ئاۋازى ئەمدىلا بېسىلغاندا، كالېدىن قاتتىق ئاۋاز بىلەن:

— سىلەرنى قايسى ھەربىي قىسىملار ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى؟ — دەپ سورىدى.

پودتېلكوپ، كرىۋوشلىكوپ بىلەن كۆز ئۈرۈشتۈرۈۋېلىپ، گويا
ئۆز ئىچىدە يادلىۋالغاندەكلا ساناشقا باشلىدى:

— ئىمتىيازلىق قىسىم — ئاتامان پولكى، ئىمتىيازلىق قىسىم
كازاك پولكى، 6 - باتارىيە، 44 - پولك، 32 - باتارىيە، 14 - مۇسـ
تەقىل بۆلۈنمە ...، — ئۇ، ھەر قايسى قىسىملارنى بىر - بىر سانىغانـ
دا سول قولىنىڭ بارماقلىرىنى پۈكتى؛ زالدىكىلەر پىچىرلىشىپ، زەـ
ھەرخەندە بىلەن كۈلۈشتى، شۇچاغدا پودتېلكوپ قاپىغىنى تۈرۈپ، سېرىق
تۈك باسقان قوللىرىنى شىرەگە قويۇپ، ئاۋازىنى يۇقۇرى كۆتەردى، —
28 - پولك، 28 - باتارىيە، 12 - باتارىيە، 12 - پولك ...

— 29 - پولك، — دەپ لاگوتىن ئاستا ئېسىگە سالدى.

— ... 29 - پولك، — ئەمدى پودتېلكوپ ئىشەنچلىك ۋە
قاتتىق ئاۋاز بىلەن داۋاملاشتۇرۇۋەردى، — 13 - باتارىيە، كامېنكاـ
نىڭ يەرلىك كوماندىسى، 10 - پولك، 27 - پولك، 2 - پىيادىـ
لەر باتالىيونى، 2 - زاپاس پولك، 8 - پولك، 14 - پولك.

ئۇششاق - چۈششەك سوئاللار ۋە قىسقىچە پىكىر ئالماشتۇرۇشلارـ
دىن كېيىن، كالېدىن شىرەگە مەيدىسىنى قويۇپ، پودتېلكوپقا تىـ
كىلىپ قاراپ:

— خەلق كومىسسارلىرى سوۋېتىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ
قىلامسىلەر؟ — دەپ سوردى.

پودتېلكوپ بىر ئىستاكان سۇنى ئىچىپ تۈگىتىپ، گىرافىننى
تەخسىنىڭ ئۈستىگە قويدى - دە، گەپنى چالغىتىپ جاۋاپ بەردى:
— بۇنى پەقەت پۈتۈن خەلق ئېيتىشى مۇمكىن.

كرىۋوشلىكوپ، پودتېلكوپنى ساددىلىق قىلىپ ئارتۇقچە سۆز
قىلىپ تاشلىمىسۇن دەپ گەپكە ئارىلاشتى:

— كازاكلار «خەلق ئەركىنلىگى پارتىيىسى»① ئەزالىرى

① «خەلق ئەركىنلىك پارتىيىسى» — ئەكسىلئىنقىلاۋىي كادېتلار پارتىيىسى
بولۇپ، ئاشۇنداق ئاتىلاتتى — ئەسلىدىكى ئىزاھ.

قاتناشقان ئورگاننى ئىتىراپ قىلمايدۇ. بىز — كازاكلارمىز، شۇڭا باشقۇرۇش ھوقۇقى بىز كازاكلارنىڭ قولىدا بولۇش كېرەك.

— سوۋېتنىڭ بېشىدا بولشېۋىكلار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئادەملەر تۇرغاندا، سىلەرنىڭ پىكىرىڭلارنى قانداق دەپ چۈشىنىش مۇمكىن.

— ئۇلارغا روسىيە ئىشەنگەن، بىزمۇ ئىشىنىمىز!

— ئۇلار بىلەن ئالاقە باغلامسىلەر؟

— ھەئە!

پودتېلكوپ ماقۇللاپ كۈلۈمسىرەپ، كرىۋوشلىكوپنىڭ سۆزىنى ماقۇللىدى:

— بىز ئادەملەربىلەن ھىساپلاشمايمىز، ئىدىيە بىلەنھىساپلىشىمىز، بولشېۋىكلارنىڭ ئىدىيىسى روشەن.

ھەربى ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ بىرى ساددىلىق بىلەن سورىدى:

— خەلق كومىسسارلىرى سوۋېتى خەلقنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئىشلەمدۇ؟

پودتېلكوپ سىناق نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا كۆز يۈگۈرتتى، ئاندىن كۈلۈمسىرەپ. گرافىنغا قولىنى ئۇزاتتى — دە، بىر ئىستاكان سۇنى قويۇپ، گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋەتتى. ئۇ قاتتىق ئۇسساپ تۇراتتى — گويا ئىچىدىكى لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتنى سوزۇك سۇ بىلەن باسماقچى بولغاندەك ئىدى.

كالېدىن بارماقلىرى بىلەن شىرەنى تاكىلدىتىپ تۇرۇپ، قىزىقىپ سورىدى:

— سىزلەرنىڭ بولشېۋىكلار بىلەن نىمە ئورتاقلىقىڭلار بار؟

— بىز ئۆزىمىزنىڭ دون ئوبلاستىدا كازاكلارنىڭ ئۆز ئۆزىنى

ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى يولغا قويۇشنى خالايمىز.

— شۇنداققۇ، لېكىن سىلەرگە مەلۇم بولسا كېرەك. 4 - فېۋرالدا ھەربىي بىرلەشمە يىغىنى چاقىرىلماقچى. ئەزالار قايتىدىن سايلىنىدۇ. ئۇلارغا نازارەت قىلىشقا سىلەر قوشۇلامسىلەر؟

— ياق! — پودتېلكوپ تۆۋەنگە قاراپ تۇرغان نەزىرىنى لىپپىدە يۇقۇرى كۆتىرىپ، قەتئىيلىك بىلەن جاۋاپ بەردى، — ئەگەر سىزلەر ئازچىلىقنى تەشكىل قىلساڭلار — بىز سىزلەرگە ئۆزدىگىسىمىزنى قىلدۇرىمىز.

— ئەمما بۇ زورلۇق بولىدىغۇ!

— شۇنداق.

مىتروفان بوگايېۋىسكى ئۆز نەزىرىنى پودتېلكوپتىن كرىۋوشلىكوپقا يۆتكەپ:

— سىزلەر ھەربىي بىرلەشمىنى ئېتىراپ قىلامسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆز ئورنىغا قاراپ ...، — پودتېلكوپ كەڭ يەلكىسىنى قىسىپ قويدى، — ئوبلاستلىق ھەربىي - ئىنقىلاۋىي كومىتېت خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىنى چاقىرىدۇ. بۇ قۇرۇلتايبارلىق ھەربىي قىسىملارنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئىش ئېلىپ بارىدۇ. ئەگەر قۇرۇلتاي بىزنى قانائەتلەندۇرمەيدىغان بولسا، بىز ئۇنى ئېتىراپ قىلمايمىز.

— كىم سودىيە بولىدۇ؟ — كالېدىن قاشلىرىنى كۆتەردى.

— خەلق! — پودتېلكوپ مەغرۇرانە بېشىنى تىك تۇتتى؛ خۇرۇم چۇجۇركىسىنى غىچىرلىتىپ، رېزىنكە ئورۇندۇققا ئارقىسىچە ئۆزىنى تاشلاپ ئولتۇردى.

قىسقا تەنەپپۇستىن كېيىن كالېدىن سۆزلىدى. زالدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ جىمىقىپ، تىنچلىق ئورنىغاندىن كېيىن ئاتامانىنىڭ پەس، كۈز پەسلىدىكىدەك مەھزۇن ئاۋازى ئېنىق ئاڭلىنىشقاباشلىدى.

— ھۆكۈمەت، ئوبلاستلىق ھەربى - ئىنقىلاۋىي كومىتېتىنىڭ تەلىۋى بويىچە ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچەلمەيدۇ. ھازىرقى ھۆكۈمەت دوندىكى بارلىق ئاھالە تەرىپىدىن سايلانغان، شۇڭا ئايرىم قىسىملا ئەمەس، پەقەت مۇشۇ ھۆكۈمەتلا بىزدىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشىمىزنى تەلەپ قىلىشى مۇمكىن. سىزلەر، ئوبلاستتا ئۆزلىرىڭىزنىڭ تەرتىپلىرىنى ئورنىتىشقا ئورۇنۇۋاتقان بولشېۋىكلارنىڭ جىنايى تەشۋىقاتىنىڭ تەسىرى بىلەن ھاكىمىيەتنى ئۆزىڭىزلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلىۋاتىسىزلەر. سىزلەر — بولشېۋىكلارنىڭ قولچومىغى بولۇپ قالدىڭىزلار. سىزلەر، بارلىق كازاكلار ئالدىدا ئۆز ئۈستۈڭلەرگە ئالغان ئىنتايىن زور مەسئۇلىيەتنى ھېس قىلماي، نېمىس ياللانمىلىرىنىڭ ئىرادىسىنى ئورۇنلاۋاتىسىزلەر. ئوبدان ئويلاپ بېقىشىڭىزلارغا مەسلىھەت بېرىمەن، چۈنكى سىزلەر، پۈتۈن ئاھالىنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان دون ھۆكۈمىتى بىلەن ئىزىلىشىش يولىغا چۈشۈپ، جانىجان ئۆلكىمىزنى قولاق ئاڭلىمىغان ئاپەتكە ئۇچراتماقچى بولۇۋاتىسىزلەر. مەن ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرمايمەن. زور قوشۇنلار بىرلەشمىسى يىغىلىۋاتىدۇ — ئۆلكىنىڭ تەقدىرىنى مانا مۇشۇ ھەل قىلىدۇ، ئەمما ئۇ چاقىرىلغىچە مەن ئۆز ئورنۇمدا قېلىپ تۇرۇشۇم لازىم. ئەتراپلىق ئويلاپ بېقىشىڭىزلارغا ئاخىرقى قېتىم مەسلىھەت بېرىمەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن كازاك قىسىملىرى بىلەن باشقا شەھەرلەردىكى قىسىملاردىن بولغان ھۆكۈمەت ئەزالىرى سۆزلىدى. ئېسىر ① بوسىسېي شىرىدىن سۆزلەر بىلەن نەسىھەتكويلۇق قىلىپ ئۇزۇن نۇتۇق سۆزلىدى.

لاگوتىن ھايىھايلاپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

---

① ئېسىر — سوتسىيالىست ئىنقىلابچى.

— بىزنىڭ تەلىۋىمىز — ھاكىمىيەتنى ھەربى - ئىنقىلاۋىي كومىتېتقا ئۆتكۈزۈپ بېرىڭلار! كۈتۈپ تۇرۇشنىڭ پايدىسى يوق. ئەگەر ھەربى ھۆكۈمەت مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش تەرەپدارى بولسا...

بوگايېۋىسكى كۈلۈمسىرىدى:

— دېمەك؟

—... ھاكىمىيەت ئىنقىلاۋىي كومىتېتنىڭ قولىغا ئۆتكەنلىكى توغرىلىق ئومۇمى مەلۇمات ئېلان قىلىش لازىم، سىزلەرنىڭ بىرلەشمەڭلەر ۋەكىللەر يىغىنى ئاچقىچە 2 يېرىم ھەپتە كۈتۈپ تۇرۇشقا بولمايدۇ! خەلق ئۆزىنگىسىزمۇ دەھشەتلىك غەزەپكە تولغان.

كارېپ ئۇزاق ئەزمىلىك قىلدى، سىۋېتوزاروف بولسا ئەمەلگە ئاشمايدىغان مۇرەسسە چارىسىنى ئىزلىدى.

پودتېلكوپ ئۇلارنىڭ سۆزىنى غەزەپلىنىش بىلەن ئاڭلىدى. ئۇ، ئۆز كىشىلىرىگە بىر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، لاگوتىننىڭ قاپىغى تۈرۈلۈپ، رەڭگى ئۆڭگەنلىكىنى بايقىدى، كرىۋوشلىكوپ شىرەدىن كۆزىنى ئالمايتتى، گولوۋاچېپ بىرنىمە دېمەكچى بولۇپ، تىت-تىت بولۇپ ئولتۇراتتى. كرىۋوشلىكوپ پەيتنى تېپىپ: «سۆزلە!» — دەپ پىچىرلىدى.

پودتېلكوپ گويا شۇ سۆزنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئىدى. ئۇ، ئورۇندۇقنى سۈرۈپ قويۇپ، قاندافتۇ ئىشەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە زور، ئۆتكۈر سۆزلەرنى ئىزلەپ، ھاياجاندىن كىكەچلەپ، زومۇ - زوكۈچېپ ئىپ، سۆزگە كىرىشتى.

— ئىش سىزلەر ئېيتىۋاتقاندەك ئەمەس! ئەگەر ھەربى ھۆكۈمەتكە خەلق ئىشەنگەن بولسىدى، مەن ئۆز تەلەپلىرىمدىن ئەمنۇنىيەت بىلەن ۋاز كەچكەن بولاتتىم ... ئەمما خەلق ئىشەنمەيۋاتىدۇ

دىغۇ! ئىچكى ئۇرۇشنى بىز ئەمەس، بەلكى سىزلەر باشلاۋاتىسىزلەر! نېمىشكە سىزلەر نەدىكى بىر قاچقۇن گېنېراللارغا كازاكلارنىڭ تۇپرىغىنى پاناجاي قىلىپ بېرىسىزلەر؟ شۇ تۇپەيلى بولشېۋىكلارمۇ بىزنىڭ تىنچ دونغا ئۇرۇش قىلىپ كېلىدۇ، بىز سىزلەرگە بويسۇنمايمىز! بۇنداق قىلىشقا يول قويمايمىز! سىزلەرنى پاكىتلار بىلەن كۆمۈپ تاشلايمىز! ھەربى ھۆكۈمەتنىڭ دوننى قۇتقۇزۇشىغا مەن ئىشەنمەيمەن! سىزلەرگە بويسۇنۇشنى خالىمايدىغان ھەربى قىسىملارغا قانداق چارە قوللاندىڭىزلار...؟ ئەھە، گەپ ئەنە شۇنداق. نېمە ئۈچۈن كان ئىشچىلىرىنى باستۇرۇشقا پىدائى قىسىملىرىڭىزلارنى ئىشقا سالىسىزلەر؟ مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئەتراپقا كۆلپەت تۇغدۇرۇۋاتىسىزلەر! ماڭا ئېيتىڭا: ھەربى ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى ئۇرۇشنى قوزغىماسلىقىغا كىم كېپىل بولالايدۇ...؟ بۇنى ياپالمايسىزلەر. خەلق بىلەن فرونتچى كازاكلار بىزنى ياقلايدۇ!

زالدا شامال شۇۋۇرلىغاندەك پىسىڭ - پىسىڭ كۆلكە ئاڭلاندى. پودتېلكوپقا قارىغان غەزەپلىك خىتاپلار تارقالدى. ئۇ ھاياجاندىن قىزىرىپ كەتكەن يۈزىنى شۇ تەرەپكە بۇراپ، ئەمدى ئاچچىق غەزىۋىنى يوشۇرماستىن، ۋاقىراپ سۆزلىدى:

— ھازىرغۇ كۈلۈۋسىلەر، ئەمما كېيىن يىغلايسىلەر! — ئۇ كالېدىنغا بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا كۆزلىرىدىن ئوق ياغدۇردى، — بىز ھاكىمىيەتنى بىزگە، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ۋەكىللىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ۋە بارلىق بۇرژۇيلار بىلەن پىدائى قىسىملارنى بۇ يەردىن كەتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىمىز! ... سىزلەرنىڭ ھۆكۈمىتىڭلارمۇ بۇيەردىن كېتىشى كېرەك!

كالېدىن ھارغىنلىق بىلەن بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— مەن نوۋوچېركاسسكىدىن ھېچ يەرگە كەتمەكچى ئەمەسمەن ۋە كەتمەيمەن.

ئازغىنە تەنەپپۇستىن كېيىن مەجلىس مېلىنكوۋنىڭ سۆزى بىلەن قايتا باشلاندى.

— قىزىل گۋاردىيە ئەترەتلىرى كازاكلارنى يوقىتىش ئۈچۈن دونغا بېسىپ كەلمەكتە! ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەخمىقانە تۇزۇم - تەرتىپلىرى بىلەن روسىيىنى ۋەيران قىلدى، ئەمدى بىزنىڭ ئوبلاستىنىمۇ ۋەيران قىلماقچى! بىر ئوچۇم مۇتىھەم. قەللاپلارنىڭ مەملىكەتنى ئاقىلانە ۋە خەلقنىڭ پايدىسىغا ئىدارە قىلغانلىقى توغرىسىدىكى مىساللار تارىختا كۆرۈلگەن ئەمەس. روسىيە ئويغانماقتا — ئۇنداق چۈپرەندىلەرنى ئىرغىتىپ تاشلايدۇ. سىزلەر باشقىلارنىڭ ئەقىلسىزلىقىغا قارىغۇلارچە ئەگىشىپ. بولشېۋىكلارغا دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن ھاكىمىيەتنى بىزنىڭ قولىمىزدىن تارتىۋالماقچى بولۇۋاتىسىلەر!ياق!

— ھاكىمىيەتنى ئىنقىلاۋىي كومىتېتقا ئۆتكۈزۈپ بەرسەڭلار — قىزىل گۋاردىيە ھۇجۇمنى توختىتىدۇ...— دەپ سۆز قىستۇردى پودتېلكوپ.

كالېدىننىڭ رۇخستى بىلەن كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدىن مۇئاۋىن ياساۋۇل شېيىن سۆزگە چىقتى، ئۇ، 4 دەرىجىلىك گېئورگى كرېستى ئوردېنىنىڭ ھەممىسى بىلەن مۇكاپاتلانغان بولۇپ، ئادەتتىكى كازاك جەڭچىدىن مۇئاۋىن ياساۋۇللۇق ئۇنۋانىغا كۆتىرىلگەن يىگىت ئىدى. ئۇ گويا كۆرەك ئالدىدا تۇرغاندەك، گىمناستىۇركىسىنىڭ قاتلاقلىرىنى تۈزەپ، دەرھاللا سۆزگە كىرىشتى:

— كەنتداشلار، بۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ نىمە قىلىمىز!— ئۇ خۇددى قىلىچ چاپقاندەك قولىنى شىلتاپ، كوماندا بەرگەندەك ۋاقىراپ سۆزلىدى، — بىزنىڭ بولشېۋىكلار بىلەن يولىمىز بىر ئەمەس! پەقەت دون بىلەن كازاكلارغا خائىنلىق قىلغۇچىلارلا ھاكىمىيەتنى سوۋېتلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىش توغرىلىق سۆز ئېچىشى ۋە

كازاكلارنى بولشېۋىكلارغا ئەگىشىپ مېڭىشقا چاقىرىق قىلىشى مۇمـ
كىن! — شۇندىن كېيىن ئۇ، توغرىدىن ـ تـوغرا پـودتېلكوپنى
قولى بىلەن كۆرسىتىپ تـۇرۇپ، سۆزىنى بىۋاستە ئۇنىڭغا قارىتىپ،
دېۋەيلەپ ۋاقىرىدى، — هـەي پـودتېلكوپ، سىز راستىنلا دونـىنى
سىزلەردەك ئوقۇمىغان، ساۋاتسىز كازاكلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ
ماڭىدۇ، دەپ ئويلامسىز؟ ئەگەر ئـەگىشىدىغانلار چىقسا — ئۇنداقلار
ئۆي ـ ماكانلىرىدىن بىزار بولغان بىر ئوچۇم يـالاڭتۆش كـازاكلار
بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، بۇرادەر، ئۇلارمۇ ئويغىنىدۇ — بەلكىم سىزنى
دارغا ئاسىدۇ!
زالدىكى ئادەملەرنىڭ باشلىرى شامال تـەۋرەتكەن ئاپتاپپەـ
رەسلەرنىڭ تەخسىسىدەك قىمىرلاپ كەتتى؛ شېيىن جايىغا ئولتۇرـ
دى. پورمىلىق كالتە خۇرۇم چاپان كىيگەن، مۇرىسىگە پودپولكوۋنىك
پوگونى تاقىغان بىر ئوزۇنتۇرا ئـوفىتسېر ھىسداشلىق بىلەن ئۇنىڭ
يەلكىسىگە شاپىلاقلاپ ئۇرۇپ قويدى. ئەتراپىغا ئوفىتسېرلەر توپلاشـ
تى. بىرسى تـەسىرلـەنگەنلىكتىن ئـايـال كىشىدەك ئـەسەبىلەرچە
چىقىرىدى:
— رەھمەت، شېيىن! رەھمەت ساڭا!
— ئاپىرىن، ياساۋۇل شېيىن! تەھسىن ـ ئاپىرىن! — ھەمىـ
شەم 3 ـ دەرىجىلىك ئورۇندا ئويۇن كـۆرىدىغانلاردىن بىرسى خوـ
رازدەك قىقىلداپ، بىردىنلا مـۇئاۋىن ياساۋۇل شېيىنگە بىر دەرىجە
ئۈنۋان ئىنئام قىلىۋەتتى.
دون ھۆكۈمىتىنىـڭ سۆزمەنلـىرى، مەمەدانلىـرى كازاكلارـ
نى ـ كامېنكىدا دۇنياغا كەلگەن ھەربى ـ ئىنقىلاۋىـي كومىتېـت
ئەزالىرىنى — يەنە ئۇزاققىچە گەپكە كۆندۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ باقتـى.
زالنىڭ ئىچى تاماكا تۈتۈنى بىلەن تـولغان، كۆلـرەڭ ھاۋا بىلـەن
قـاپلانغان بـولـۇپ، تىنجىق ئىدى. دەرىزىنىڭ سىرتىدا قـۇيـاش

ئۆزىنىڭ كۆڭۈلدىكىنى سەپىرىنى ئاياقلاشتۇرۇشقا يېقىنلاپ قالغان ئىدى. دەرىزە ئەينەكلىرىگە مۇز، قىروۋلار ئارچاشاخلىرىنىڭ گۈل - نەقىشـ لىرىنى سىپلىشقا باشلىدى. دەرىزە تەكچىلىرىدە ئولتۇرغانلار كەچكى ئىبادەت قوڭغۇراق ئاۋازىنى ۋە غۇيۇلدىغان شامال ئارىسىدىن پاراـ ۋۇزنىڭ بوغۇق گۈدۈكلىرىنى ئاڭلىدى.

لاگوتىن چىداپ تۇرالمىدى: ھەربىي ناتىقلاردىن بىرىسىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، كالىپدىنغا قاراپ:

— ئىشنى ھەل قىلىڭ، ئاياقلاشتۇرۇش ۋاقتى بولىۋاپ قالـ دى! — دېدى.

بوگايېۋىسكى پەس ئاۋاز بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، تاشلىدى:

— ھاياجانلانماڭ، لاگوتىن! مانا سۇ، بىر ئاز ئىچىڭ. ئائىـ لىك كىشىلەر بىلەن پالەچ كېسىلىگە مايىل كىشىلەرگە ھاياجانلىـ نىش زىيانلىق. ئۇندىن كېيىن ئومۇمەن ناتىقلارنىڭ سۆزىنى بۆـ لۈۋەتمەسلىك كېرەك — بۇ يەر قانداق بولمىسۇن دېپوتاتلار سوـ ۋېتى ئەمەسقۇ!

لاگوتىنمۇ ئۇنىڭغا ئاچچىق سۆز بىلەن جاۋاپ بەردى، ئەمما ھەممە ئادەملەرنىڭ دىققىتى يىغىۋاشتىن كالىپدىنغا ئاغدۇرۇلغان ئىدى، كالىپدىن يەنىلا ئىشەنچلىك ھالدا سىياسى ئويۇن ئوينىدى، ئەمما يەنىلا پودتېلكوپنىڭ ئاددى، پولات ساۋۇتتەك مۇستەھكەم جاـ ۋاپلىرىغا دۇچكېلىپ دەككىسىنى يېدى.

— سىز بايا: ھاكىمىيەتنى بىزگە ئۆتكۈزۈپ بەرسەڭلەر، بولـ شېۋىكلار دونغا ھۇجۇم قىلىشنى توختىتىدۇ، دېدىڭىز. بىراق بۇ سىزنىڭ كۆڭۈلدىكى ئويىڭىز. ئەمما دونغا كەلگەن بولشېۋىكلارنىڭ قانداق ئىشلارنى قىلىدىغانلىقى بىزگە نامەلۇم.

— ئىنقىلاۋىي كومىتېت شۇنىڭغا ئىشەنگەنكى، بولشېۋىكلار

مىنىڭ دىگەنلىرىمنى ئەمەلدە كۆرسىتىدۇ. قېنى سىناپ بېقىڭلار:
هاكىمىيەتنى بىزگە ئۆتكۈزۈپ بېرىڭلار، «پىدائىيلار»نى دوندىن ئې-
لىپ چىقىپ كېتىڭلار — شۇچاغدا كۆرۈۋىسىزلەركى، بولشېۋىكلار ئۇ-
رۇشنى توختىتىدۇ!

بىر ئازدىن كېيىن كالېدىن ئورنىدىن تۇردى. ئۇ بېرىدىغان جاۋا-
ۋىنى بالدۇرلا تەييارلاپ قويغان: چېرنېتسوپ لىخايا كەنتىگە ھۇجۇم
قىلىش ئۈچۈن ئەترەتلەرنى مەركەزلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى بۇي-
رۇقنى ئالىلىقاچان تاپشۇرۇۋالغان ئىدى. ئەمما ۋاقىتنى ئۇتتۇۋېلىش-
نى كۆزلىگەن كالېدىن كېڭەشنى ئەتەي سوزۇپ ئاياقلاشتۇردى:

— دون ھۆكۈمىتى، ئىنقىلاۋىي كومىتېتنىڭ تەكلىۋىنى
مۇھاكىمە قىلىپ، ئەتە ئەتىگەن سائەت 8 دە يازما شەكىلدە جاۋاپ
بېرىدۇ.

## 11

دون ھۆكۈمىتىنىڭ ئەتىسى ئەتىگەن ئىنقىلاۋىي كومىتېت
ۋەكىللەر ئۆمىگىگە تاپشۇرغان جاۋاۋى تۆۋەندىكىچە ئىدى:

دون قوشۇنىنىڭ ھەربى ھۆكۈمىتى كازاك ھەربىي - ئىن-
قىلاۋىي كومىتېتنىڭ ئۆز ۋەكىللىرى ئارقىلىق ئاتامان پولكى،
ئىمتىيازلىق كازاك پولكى، 44-، 28-، 29-پولكلار، 10-، 27-،
23-، زاپاس 2 - ۋە 43 - پولكلارنىڭ قىسىملىرى، 14 - مۇس-
تەقىل بۆلۈنمە، 6 - گۋاردىيە، 32 -، 28 -، 12 - ۋە 13 -
باتارېيەلەر، 2 - پىيادىلەر باتالىيونى ۋە كامېنكا يەرلىك كو-
ماندىسى نامىدىن ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلىرىنى مۇھاكىمە

قىلغان بولۇپ، شۇنى ئېلان قىلدۇكى، ھەربى ھۆكۈمەت ئوبلاستتىـ
كى بارلىق كازاك ئاھالىسىنىڭ ۋەكىلىدۇر، پۈتۈن ئاھالە تەرىـ
پىدىن سايلانغان ھۆكۈمەت يېڭى ھەربى بىرلەشمە چاقىرىلغىچە
ئۆزىنىڭ ۋەكىللىك ھوقۇقىدىن ۋاز كېچەلمەيدۇ.

دون قوشۇنىنىڭ ھەربى ھۆكۈمىتى ھەربى بىرلەشمىـ
نىڭ بۇرۇنقى تەركىۋىنى تارقىتىۋېتىشنى ۋە كەنتلەردىن ھەمدە
ھەربى قىسىملاردىن دېپوتاتلارنىڭ قايتا سايلىنىشىنى زۆرۈر دەپ
ھىساپلايدۇ. بىۋاستە، باراۋەرلىك ۋە يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئاـ
ساسىدا ئەركىن ھالدا (تولۇق تەشۋىقات ئەركىنلىكى شارائىـ
تىدا) بارلىق كازاك ئاھالىسى تەرىپىدىن سايلانغان ھەربى
بىرلەشمىنىڭ يېڭى تەركىۋى مۇشۇ يىل كونا كالىندار بويىچە
4 - فېۋرالدا، بارلىق كازاك ئەمەس ئاھالىلەرنىڭ قۇرۇلتىيى
بىلەن بىر ۋاقىتتا، نوۋوچېركاسسىك شەھىرىدە يىغىن ئۆتكۈـ
زىدۇ. پەقەت ئىنقىلاپ قايتا تىكلىگەن قانۇنىي ئورگان
ۋە ئوبلاستتىكى كازاك ئاھالىسىنىڭ ۋەكىلى بولمىش
ھەربى بىرلەشمىنىڭ ئۆزىلا ھەربى ھۆكۈمەتنى ئەمەلدىن
قالدۇرۇپ، يېڭى ھۆكۈمەتنى سايلاش ھوقۇقىغا ئىگە. بۇ ھەربى
بىرلەشمە ئەينى زاماندا ھەربى قىسىملارنى باشقۇرۇش مەسىلىـ
سىنىمۇ، شۇنىڭدەك ھاكىمىيەتنى قوغدايدىغان ئەترەتلەر بىلەن
پىدائى ئەسكەرلەرنىڭ بولۇش - بولماسلىغى توغرىسىدىكى مەـ
سىلىنىمۇ مۇھاكىمە قىلىدۇ. پىدائىلار ئارمىيىسىنىڭ تەشكىل
قىلىنىشى ۋە پائالىيىتىگە كەلسەك، بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئۆلارنى
ئوبلاستلىق ھەربى كومىتېتنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن ھۆـ
كۈمەتنىڭ نازارىتى ئاستىغا ئېلىشنى بۇرۇنلا قارار قىلغان
ئىدى.

ھەربى ھۆكۈمەت ئەۋەتتى دېيىلگەن ساقچىلارنى كان -
زاۋۇت رايونىدىن چاقىرىپ ئېلىپ كېتىش مەسىلىسى توغرىسىدا
ھۆكۈمەت شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ساقچىلار مەسىلىسى 4 - فېۋرالـ
دا ھەربى بىرلەشمىنىڭ يىغىنىدا ھەل قىلىنىدۇ.

ھەربى ھۆكۈمەت ئۆقتۇرىدۇكى، يەرلىك تۇرمۇشنى يولغا قويۇش ئىشىغا پەقەت يەرلىك ئاھالە قاتنىشىشى مۇمكىن، شۇڭلاشقا ھۆكۈمەت ھەربى بىرلەشمىنىڭ ئىرادىسىنى ئورۇنلىغان ھالدا، ئوبلاستقا ئۆز تۈزۈمىنى تېڭىشقا ئۇرۇنغان قوراللىق بولشېۋىكلار ئەترەتلىرىنىڭ ئوبلاستقا بېسىپ كىرىشىگە قارشى بارلىق چارىلەر بىلەن كۈرەش قىلىش زۆرۈر دەپ ھىساپلايدۇ، ئاھالە ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزى قۇرۇش كېرەك — بۇ بىردىن بىر ئۇسۇل.

ھۆكۈمەت ئىچكى ئورۇشنى خالىمايدۇ، ئىشنى تىنچ يول بىلەن پۈتتۈرۈشكە ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تىرىشىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن بولشېۋىكلار ئەترەتلىرىگە ۋەكىل ئەۋەتىشكە قاتنىشىش ئۈچۈن ھەربى - ئىنقىلاۋىي كومىتېتقا تەكلىپ بېرىدۇ.

ھەربى ھۆكۈمەتنىڭ پىكرىچە، ئەگەر ئوبلاستقا يات بولغان ئەترەتلەر ئوبلاست تەۋەسىگە كىرمەيدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئىچكى ئۇرۇش بولمايدۇ، چۈنكى ھۆكۈمەت پەقەت دون ئۆلكىسىنىلا قوغدايدۇ، ھېچقانداق ھۇجۇم ھەركەتلىرىگە كىرىشمەيدۇ. قالغان روسىيىگە ئۆز ئىرادىسىنى تاڭمايدۇ، شۇڭلاشقا چەت يەرلىك بىرىۋۈنىڭ دونغا ئۆز ئىرادىسىنى تېڭىشىنىمۇ خالىمايدۇ.

ھۆكۈمەت كەنتلەر بىلەن ھەربى قىسىملاردىكى سايلاملارنىڭ تولۇق ئەركىنلىكىنى تەمىن ئېتىدۇ، شۇڭا ھەر بىر گىراژدان ھەربى بىرلەشمىنىڭ نۆۋەتتىكى سايلاملىرىدا ئۆز تەشۋىقاتىنى ئەۋج ئالدۇرۇشى ۋە ئۆز نۇقتىئىنەزەرلىرىدە چىڭ تۇرۇشى تامامەن مۇمكىن.

ھەممە دىۋىزىيىلەردىكى كازاكلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ قىسىملارنىڭ ۋەكىللىرىدىن كومىسسىيىلەر تەيىنلەش لازىم.

دون قوشۇنىنىڭ ھەربى ھۆكۈمىتى ھەربى - ئىنقىلاۋىي كومىتېتقا ئۆز دېپوتاتلىرىنى ئەۋەتكەن بارلىق قىسىملارغا ئۆزلىرىنىڭ دون ئۆلكىسىنى قوغداش يولىدىكى نورمال خىزمىتىگە قايتىپ كېلىشىنى تەكلىپ قىلىدۇ.

ھەربى ھۆكۈمەت دون قىسىملىرىنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى چىقىش ئوي - پىكىرلىرىگە، شۇنداق قىلىپ تىنچ دوندا ئۆز-ئارا ئۇرۇش باشلىشىغا يول قويمايدۇ.

ھەربى - ئىنقىلاۋىي كومىتېتنى سايلىغان قىسىملار ئۇنى تارقىتىۋېتىشى كېرەك، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئورنىغا، ئوبلاستتىكى بارلىق ھەربى قىسىملارنى بىرلەشتۈرگەن ھازىرقى ئوبلاستلىق ھەربى كومىتېتىغا ئۆز ۋەكىللىرىنى ئەۋەتىشى زۆرۈر.

ھەربى ھۆكۈمەت ھەربى - ئىنقىلاۋىي كومىتېت قولغا ئالغان بارلىق ئادەملەرنى دەرھال قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ، مەمۇرى ئورگانلار بولسا ئوبلاستتىكى نورمال تۇرمۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەقسىدىدە، ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئىش ئورنىغا قايتىشى زۆرۈر.

ھەربى - ئىنقىلاۋىي كومىتېت پەقەت ئاز ساندىكى كازاك قىسىملىرىنىڭلا ۋەكىلى بولغانلىقتىن ئۇ، بارلىق قىسىملارنىڭ نامىدىن، بولۇپمۇ بارلىق كازاكلارنىڭ نامىدىن تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس.

ھەربى ھۆكۈمەت ھەربى-ئىنقىلاۋىي كومىتېتنىڭ خەلق كومىسسارلىرى سوۋېتى بىلەن ئالاقىدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭدىن پۇل ياردەم ئېلىشى پۈتۈنلەي يول قويۇپ بولمايدىغان ئىش دەپ ھېسابلايدۇ، چۈنكى بۇ ئىش دون ئوبلاستىغا خەلق كومىسسارلىرى سوۋېتىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتكەن بولاتتى، ھالبۇكى كازاك ھەربى بىرلەشمىسى ۋە پۈتۈن ئوبلاستتىكى كازاك بولمىغان ئاھالىنىڭ قۇرۇلتاي سوۋېتلەر ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئوكرايىنا، سىبىر، كافكاز ۋە باشقا پۈتكۈل كازاك قوشۇنلىرىمۇ ئېتىراپ قىلمىغان ئىدى.

ھەربى ھۆكۈمەت رەئىسى، قوشۇن ئاتامانى
ئورۇنباسارى بوگايېۋسكى.
دون قوشۇنى ۋەكىللىرى: يېلاتونتسېپ،
پولەكوپ،
مېلىنكوپ.

سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن مۇزاكىرە ئېلىپ بې-
رىش ئۈچۈن دون ھۆكۈمىتى تەرەپتىن تاگانروگقا ئەۋەتىلگەن ۋە-
كىللەر ئۆمىگى تەركىۋىدە كامېنكائىنقىلاۋىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى-
لاگوتىن بىلەن سكاچكوپمۇ بىللە يۈرۈپ كەتتى. پودتېلكوپ ۋە
باشقىلار ۋاقتىنچە نوۋوچېركاسسكتە تۇرۇپ تۇردى؛ ئەمما شۇ ۋا-
قىت ئىچىدە چېرنېتسوۋنىڭ بىر نەچچە يۈز مىلتىقلىق ئەتردى
بىر ئېغىر باتارىيە ۋە 2 يېنىك زەمبىرەكنىڭ ياردىمى بىلەن شىد-
دەتلىك ھۇجۇم قوزغاپ، زۋېرېۋو ۋە لىخايا كەنتلىرىنى ئىشغال قىل-
دى - دە، بۇ يەردە بىر روتا بىلەن 2 زەمبىرەكنى قوغدىنىشقا قال-
دۇرۇپ، ئاساسىي كۈچلىرى بىلەن كامېنكىغا ھۇجۇم باشلىدى. چېرنېت-
سوپ شىمالىي دونېتس كىچىك ئىستانىسىنىڭ قېشىدا ئىنقىلاۋىي
كازاك قىسىملىرىنىڭ قارشىلىقىنى يېڭىپ، 17 - يانۋاردا كامېنكى-
نى ئالدى. ئەمما بىر نەچچە سائەت ئۆتكەندىن كېيىن سابلىنىنىڭ
قىزىل گۋاردىيە ئەترەتلىرى زۋېرېۋو بىلەن لىخايادا قالدۇرۇلغان
چېرنېتسوپ ئەسكەرلىرىنى بۇ يەرلەردىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ دىگەن
خەۋەر ئېلىندى. چېرنېتسوپ ئالدىراش شۇ ياققا قاراپ يول ئالدى.
ئۇ، ئۇدۇلدىن تېز زەربە بېرىپ، 3 - موسكۋا ئەترىدىنى ئۇلاقتۇرۇپ
تاشلىدى، جەڭدە خاركوپ ئەترىدىنى خېلى ئېغىر چىقىمغا ئۇچرات-
قانلىقتىن، قالايمىقان چېكىنىشكە يۈز تۇتقان قىزىل گۋاردىيەچىلەر-
نى بۇرۇنقى ئورنىغا قوغلىۋەتتى.
لىخايا تەرەپتىكى ئەھۋال ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، تەشەب-
بۇسكارلىقنى قولغا ئالغان چېرنېتسوپ كامېنكىغا قايتىپ كەلدى.
19 - يانۋاردا نوۋوچېركاسسكتىن ئۇنىڭغا ياردەمچى كۈچ كەلدى.
ئەتىسى چېرنېتسوپ گلۇبوكاياغا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى.
ھەربى كېڭەشتە، يۈز بېشى لىنكوپنىڭ تەكلىۋى بويىچە، ئاي-
لانما ھەركەت بىلەن گلۇبوكايانى ئېلىش قارار قىلىنغان ئىدى. چېر-

چېرنېتسوپ تۆمۈريول لىنىيىسى بويلاپ ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمىدى، چۈنكى بۇ تەرەپتە كامېنكا ئىنقىلاۋىي كومىتېتى قىسىملىرىنىڭ ۋە ئۇلارغا چېرتكوۋودىن ياردەمگە كەلگەن قىزىل گۋارديىچى ئەترەتلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا دۇچكېلىشىدىن قورققان ئىدى.

كېچىسى يىراقتىن ئايلىنىپ ئۆتۈش ھەركىتى باشلاندى. چېرنېتسوپ ئەسكەرلەر كولونىنىسىنى ئۆزى باشلاپ ماڭدى.

گلۇبوكاياغا تاڭ يورۇش ئالدىدىلا يېقىنلاشقان ئىدى. بۇ يەردە يېگىۋاشتىن سەپ تۈزۈپ، ئەسكەرلەرنىزەنجىرسىمان ئۇزۇندىنئۇزۇن قاتارغا يايدى. چېرنېتسوپ ئاخىرقى قېتىم بۇيرۇقلىرىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئاتتىن چۈشتى ـ دە، ئۇۋۇشىپ قالغان پۇتلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، روتا كوماندىرلىرىدىن بىرىگە خىرىلدىغان ئاۋاز بىلەن بۇيرۇق قىلدى:

ــ تەكەللۇپ دىگەن نەرسە بولمىسۇن، ياساۋۇل، مېنىڭ ئۇيۇمنى چۈشەندىڭىزمۇ؟

چېرنېتسوپ، قېتىپ قالغان قار ئۈستىدە ئۆتۈكىنى غىچىلدىتىپ دەسسەپ، كۆلەڭ كاراكول پاپاخنى بىر چېكىسىگە سۈرۈپ قويۇپ، قىزىرىپ كەتكەن قۇلىقىنى پەلىيى بىلەن ئۇۋۇلىدى. ئۇنىڭ پاقىراپ تۇرغان ۋەھشى كۆزلىرىنىڭ ئاستى ئۇيقۇسىزلىقتىن كۆكىرىپ كەتكەن ئىدى. لەۋلىرى سوغاقتىن پۈرۈلۈپ كەتكەن. قىسقا قىلىپقىرقىلغان بۇرۇتلىرىدا هوردىن ئاق قىرو پەيدا بولغان ئىدى.

ئۇ، ئىسسىنىۋالغاندىن كېيىن ئېتىغا ئىرغىپ مىندى ـ دە، ماشرەڭ ئۇفىتسېرلىك كالتە چاپىنىنىڭ قاتلاقلىرىنى تۈزەپ قويدى، ئۇندىن كېيىن ئىگەرنىڭ قېشىدىن تىزگىنىنى ئېلىپ، دون نەسىللىك جىرەن قاشقىنى قامچىلاپ، دادىل ۋە-ئىشەنچلىك بىلەن كۆلۈمسىرىدى:

ــ قېنى باشلايلى!

# 12

فۇرونت كازاكلىرىنىڭ كامېنكىدا بولغان قۇرۇلتىيىنىڭ ئالدىدا
مۇئاۋىن‌ياساۋۇل ئىزۋارىن پولكتىن قېچىپ كەتتى. قېچىشتىن بىر
كۈن‌بۇرۇن ئۇ گىرىگورىينىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ كېتىدىغانلىـ
غىنى سەل ـ پەل كىنايە بىلەن ئۇقتۇرغان ئىدى:

— هازىرقى ۋەزىيەتتە پولكتا خىزمەت قىلىش قىيىن. كاـ
زاكلار ئىككى قۇتۇپنىڭ — بولشېۋىكلار بىلەن بۇرۇنقى پادىشالىق
تۈزۈمىنىڭ ئارىسىدا سەرسان بولۇپ يۈرمەكتە، كالېدىن هۆكۈمىتىـ
نى هېچكىم قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەشنى خالىمايدۇ، قىسمەن
ئېيتقاندا، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ تەڭ هوقۇقلۇق دېـ
گەن نەرسىسىنى ئەخمىقانە رەۋىشتە داڭلاپ، ئاغزىدىن چۈشۈرمەي
يۈرىدۇ. بىزگە چەت شەهەرلىك ئادەملەرنى تېگىشلىك ئورۇنغا قوـ
يۇشنى بىلىدىغان مۇستەهكەم ئىرادىلىك كىشىلەر كېرەك ... لېكىن
مېنىڭ قارىشىمچە، ئۈزۈل ـ كېسىل ئۇتقۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن،
هازىرقى پەيتتە كالېدىننى قوللىغان تۈزۈك، — ئۇ بىر ئاز سۈكۈت
قىلغاندىن كېيىن، تاماكا چېكىپ تۇرۇپ سورىدى، — سەن... بايـ
قىشىمچە، قىزىللارنىڭ دىنىنى قوبۇل قىلغاندەك تۇرىسەن،
شۇنداقمۇ؟

— شۇنداقراق، — دەپ ماقۇللىدى گىرىگورىي.

— چىن كۆڭۈل بىلەنمۇ ياكى گولۇبوپتەك. كازاكلار ئارىسىدا

داڭ چىقىرىش ئۇچۇن ئۆزەڭنى كۆرسىتىپ يۈرەمسەن؟

— ماڭا شۆھرەتنىڭ لازىمى يوق. چىقىش يولىنى ئۆزەم ئىزلەيمەن.

— تامغا ئۇسۇۋالىسەن، چىقىش يولى تاپالمايسەن.

— كۆرەرمىز...

— گىرىگورىي، ئىككىمىز دۈشمەن سېپىدە ئۇچرىشىپ قالارمىزمىكىن دەپ قورقىمەن.

— ئۇرۇش مەيدانىدا دوستلارنى تونۇيالمايدۇ كىشى، يېقىم ئىۋانىچ، — دەپ كۈلۈپ قويدى گىرىگورىي.

ئىزۋارىن بىر ئاز ئولتۇرۇپ، كېتىپ قالدى، ئەتىسى سۈغا چۆككەندەك، غايىپ بولدى.

قۇرۇلتاي ئېچىلغان كۈنى گىرىگورىينىڭ قېشىغا ۋېشېنىسكايا كەنتىنىڭ لىباژىي يېزىسىدىن بىر ئاتامانچى كازاك① كەلدى. گىرىگورىي مىلتىق مېيى بىلەن تاپانچىسىنى مايلاپ ئولتۇراتتى، ئاتامانچى بىر ئاز ئولتۇردى - دە، كېتىش ئالدىدا گويا گەپ ئارىسىدا ئېيتقاندەكلا بىر خەۋەرنى دېدى، ھالبۇكى ئۇ مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا كەلگەن ئىدى (ئۇ ئاتامان پولكىنىڭ سابىق ئوفىتسېرى لىستنىتسكى، گىرىگورىينىڭ خوتۇنىنى يولدىن ئازدۇرغانلىقىنى بىلەتتى، مانا شۇ ئوفىتسېرنى ۋاگزالدا تاسادىپى كۆرۈپ قالغاچ، بۇنى ئېيتىپ قويۇش ئۈچۈن كىرگەن ئىدى):

— گىرىگورىي پانتېلېيېۋىچ، ھە، ئېيتماقچى، بۈگۈن مەن ئىستانسىدا سېنىڭ بىر دوستۇڭنى كۆردۈم.

— كىمنى؟

— لىستنىتسكىنى. ئۇنى بىلەمسەن؟

— قاچان كۆردۈڭ؟ — گىرىگورىي ئالدىراش سورىدى.

① ئاتامانچى كازاك — ئاتامان پولكىدا خىزمەت قىلغان كازاك.

— بىر سائەت بۇرۇن.

گىرىگورىي ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۆزۈندىن بۇيانقى ئەلمى
ئۈنىڭ يۈرىگىنى بۆرە چاڭگىلىدەك قامالالىۋالدى، دۈشمەنگە نىسبە-
تەن غەزىۋى بۇرۇنقىدەك كۈچلۈك ئەمەسلىگىنى ھىس قىلىسمۇ،
ئەمما ئۇنىڭ بىلەن ھازىر، دەل ئىچكى ئۇرۇش باشلىنىپ قالغان
شارائىتتا ئۇچرىشىپ قالسا — ئۆزئارا قان تۆكۈلۈش يۈز بېرىدى-
غانلىغىنى بىلەتتى. لىستنىتسكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئۇشتۇم-
تۇت ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇزاق بولغان كونا
جاراھىتى پۈتمىگەنلىگىنى؛ بىرەر ئېھتىياتسىز
سۆز ئاغزىدىن چىقىش بىلەنلا قان تۆكۈلۈش يۈز بېرىدىغانلىغىنى
چۈشىنەتتى. شۇ لەنىتى ئادەم تۈپەيلى ھاياتى خازان بولۇپ، بۇرۇن-
قى شات – خوراملىغى ئورنىدا قان شورىغۇچ، ئاچچىق ھەسرەت
سۇلغۇنلۇق ئورۇن ئالغانلىغى ئۈچۈن گىرىگورىي شۇ بۇرۇنقى ئىش
ئۈچۈن كۆڭۈلدىكىدەك ئىنتىقام ئالغان بولسا — پۇخادىن چىققان
بولاتتى.

بىرئاز ئۈنچىقماي ئولتۇرغاندىن كېيىن بايا يۈگۈرگەن ئەن-
دەك قىزىللىق يۈزىدىن تارقاشقا باشلىغانلىغىنى ھىس قىلىپ
سورىدى:

— ئۇ مەشەگە كېلىپتىمۇ — بىلمىدىڭمۇ؟

— ناتايىن، چىركاسسكقا بارىدىغان بولۇشى مۇمكىن.

— ھە – ە – ە ...

ئاتامانچى كازاك قۇرۇلتاي توغرىلىق، پولكتىكى يېڭىلىقلار
توغرىلىق بىر ئاز سۆزلىگەندىن كېيىن كېتىپ قالدى. كېيىنكى
بىر نەچچە كۈن ئىچىدە گىرىگورىي يۈرىگىدە قوزغالغان دەرتنى
ئۆچۈرۈشكە قانچىلىك تىرىشقان بولسىمۇ، قۇربى يەتمىدى. بېشى
ئايلىنىپ قالغان ئادەمدەك يۈردى، ئاكسىنىيىنى ئادەتتىكىدىن

كۆپرەك ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدى، ئاغزى لاۋزىلىشىپ، يۈرىگى تاشتەك قاتتى. ناتالىيىنى، بالىلىرىنى ئويلىسىمۇ، ئەمما بۇنىڭدىن تۇغۇلغان خۇشاللىق ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سۇسلىشىپ، ئاللىقاچانقى بىر ئىشتەك بولۇپ قالغان خۇشاللىق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، يۈرىگى ھامان ئاكسىنىيىدە بولۇپ، ئاۋالقىدەكلا ئىغىر ۋەھۆكۈمران كۈچ بىلەن ئۇنىڭغا تارتاتتى.

چىرنىتسوپ بىسىپ كەلگەندە كامىنكىدىن ئالدىراش چېكىنىشكە توغرا كەلدى. دون ئىنقىلاۋىي كومىتېتىنىڭ تارقاقلىشىپ كەتكەن ئەترەتلىرى، يېرىم - ياتا پارچىلىنىپ كەتكەن كازاك بۆلۈنمىلىرى تەرتىپسىز ھالدا پويىزغا چىقىشىپ، ئېلىپ يۈرۈشكە بولمايدىغان ئىغىر نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تاشلاپ، ھەربى يۈرۈش تەرتىۋى بىلەن يۈرۈپ كېتىشتى. تەشكىلچانلىقنىڭ يوقلۇغى، قاتتىق قول بىر ئادەمنىڭ بولماسلىغى سېزىلىپ تۇراتتى، بۇنداق بىر ئادەم بولغاندا ماھىيەتتە، ئاشۇ زور كۈچلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر يەرگە توپلاپ، تەرتىپكە سالغان بولاتتى.

سايلانغان كوماندىرلارنىڭ ئىچىدە كېيىنكى كۈنلەردە نەدىندۇر پەيدا بولۇپقالغان قوشۇن ستارشىناسى گولۇبوپ ئالاھىدە كۆزگە چېلىقاتتى. ئۇ ئەڭ جەڭگىۋار دەپ نامى چىققان 27 - كازاك پولكىغا قوماندانلىق قىلىشنى ئۈستىگە ئېلىپ، بىردىنلا، قاتتىق قوللۇقلىق بىلەن ئىشنى يولغا قويدى. كازاكلار ئۇنىڭدا پولكقا زۆرۈر بولغان خىسلەتلەرنى: ئەسكەرلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ۋەزىپىلىرىنى بەلگىلەپ، يېتەكچىلىك قىلىشنى بىلىش خىسلىتى بارلىغىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا سۆزسىز بويسۇنۇشقا باشلىدى. ئاشۇ گولۇبوپ، يوغان قوساق، دومباق يۈز، كۆزلىرى بىھايا ئوفىتسېر، قىلىچىنى يالىڭاچلاپ، ئىستانسىدا يۈك بېسىش ئىشىنى ئاستا ئورۇنلاۋاتقان كازاكلارغا ۋاقىرايتتى:

— نىمە قىلغىنىڭلار بۇ؟ مۆكۆ - مۆكۆلەك ئويناۋاتامسىلەر؟!.. بېسىڭلار يۈكنى!... ئىنقىلاپ نامىدىن بۇيرۇيمەن: دەرھال بوي سۇنۇڭلار!... ئى - ى - مە؟ ... مەمەدانىلىق قىلىۋاتقان كىم؟ ئېتىپ تاشلايمەن، ئەبلەخ!... ئاغزىڭنى يۇم!... ئىشنى ئاقساتقۇچىلار بىلەن يوشۇرۇن ئەكسىلئىنقىلاپچىلارغا مەن يولداش ئەمەس.

كازاكلارمۇ بوي سۇنۇشتى. كونا ئادەت بويىچە ھەتتا نۇرغۇن كىشىلەرگە بۇ ئىش ياقتى — چۈنكى ئۇلار كونىلىقتىن تېخى قول ئۈزۈپ بولالمىغان ئىدى، بۇرۇنقى چاغلاردا قانچىكى قاراملىق قىلسا — كازاكلارنىڭ نەزىرىدە ياخشى كوماندىر ھېساپلىناتتى، گولۇبوپقا ئوخشاش ئادەملەر توغرىسىدا خەلق: «گۈنا قويغاندا تېرەڭنى شىلىدۇ، شەپقەت قىلغاندا يېڭى كىيىم تىكىپ بېرىدۇ»، — دېيىشەتتى.

دون ئىنقىلاۋىي كومىتېتىنىڭ ھەربى قىسىملىرى دولقۇندەك ئارقىغا قايتىپ، گلۇبوكايانى قاپلاپ كەتتى، بارلىق كۆچلەرگە قوماندانلىق قىلىش، ماھىيەتتە گولۇبوپنىڭ قولىغا ئۆتكەن ئىدى. ئۇ، 2 كۈنگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە چېچىلىپ كەتكەن قىسىملارنى بىر يەرگە يىغىپ، گلۇبوكايانى مۇداپىئە قىلىدىغان كۆچلەرنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن تېگىشلىك چارىلەرنى كۆردى، مېلېخوپ گىرىگورىي، ئۇنىڭ تەلىۋى بويىچە، 2 - زاپاس پولكىنىڭ 2 بۆلۈنمىسى ۋە ئاتامان پولكىنىڭ بىر بۆلۈنمىسىدىن قۇرۇلغان بىر دىۋىزىئون ئەسكەرگە قوماندانلىق قىلىپ يۈرەتتى.

20 - يانۋار قاش قارايغان پەيتتە گىرىگورىي لىنىيىنىڭ نېرىقى تەرىپىگە قويۇلغان ئاتامانچى كازاكلارنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئۆز خانىسىدىن چىققان ئىدى — دەرۋازىنىڭ ئالدىدىلا پودتېلكوپ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. پودتېلكوپ ئۇنى تونۇدى.

— مېلېخوپمۇ سەن؟

— ھە، مەن.
— نەگە كېتىۋاتىسەن؟
— قاراۋۇلخانىنى تەكشۈرۈشكە. چېركاسسكتىن قاچان كەل- دىڭ؟ خوش، ئىشلار قانداق؟
پودتېلكوپ قاپىغىنى تۈردى.
— خەلقنىڭ ئەھەددى دۈشمەنلىرى بىلەن تىنچ ئۆتەلمەي- سەن. قارىمامسەن — ئۇلار نېمىلەر قىلىشىۋاتىدۇ؟ بىزنى مۇزاكىرە بىلەن ئالداپ ... ئۆزلىرى چېرنېتسوپنى كىش - كىشلەپ قويىدى. كالېدىن — نېمە دىگەن ئىپلاس ئادەم ھە! خوش، مېنىڭ ئانچە ۋاقتىم يوق — ئىشتابقا ئالدىراۋاتىمەن.
ئۇ گىرىگورىي بىلەن تېزلا خوشلاشتى - دە، مەركەزگە قا- راپ چوڭ - چوڭ چامداپ مېڭىپ كەتتى.
ئۇ، ئىنقىلاۋىي كومىتېتنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىنىشتىن بۇ- رۇنلا گىرىگورىيغا ۋە باشقا تونۇش كازاكلارغا بولغان مۇناسىۋەتتە خېلىلا ئۆزگىرىپ قالغان. گەپ - سۆزلىرىدە ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش ۋە قىسمەن تەكەببۇرلۇق ئاھاڭلىرى بىلىنىپ تۇراتتى، ھاكىمىيەت تەبىئەتى ئاددى كازاكنىڭ مېڭىسىنى مەس قىلىپ قويغان ئىدى.
گىرىگورىي شىنېلىنىڭ ياقىسىنى ئۆرە قىلىپ، تېز - تېز چامداپ مېڭىپ كەتتى. كېچە ئۈششۈك سوغاقتىن دېرەك بېرەتتى. شەرق تەرەپتىن ئىزغىرىن شامال چىقىۋاتاتتى. ھاۋا ئېچىلدى. سوغاق ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. قار ئاياق ئاستىدا غىچىل- دايتتى. ئاي خۇددى شوتىدىن چىقىۋاتقان مەجرۇھتەك قىيپاشلى- نىپ، ئاستا تۇغدى. ئۆيلەرنىڭ نېرىسىدا گۇگۇمدىكى بىنەپشىرەڭ كۆكۈش دالا سوزۇلۇپ ياتاتتى.بۇچاغ كەچ كىرىش ئالدىدىكى پەيت بولۇپ، كۆرۈنۈش، سىزىق، تۈس، مۇساپىلەرنىڭ بەرى كۆزدىن غايىپ

بولۇۋاتاتتى؛ كۆڭۈلدىكى يورۇقلۇق ئېرىشمىگەن يورۇقلۇقنىڭ يورۇقى بىلەن ئارىلىشىپ، ئىرماش - چىرماش بولۇپ كەتكەن؛ شۇنىڭ بىلەن ھەممە نەرسە خىيالى، خۇددى چۆچەكتىكى نەرسىلەرگە ئوخشاش تۇراقسىز ئىدى؛ ھەتتا شۇتاپتا پۇراقلارمۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى يوقىتىپ، ئۆزگىچە بىر غۇۋا تۈس ئالغان ئىدى.

گىرىگورىي كۆزەت ئورنىنى تەكشۈرۈپ بولۇپ، ئۆزى تۇ-رىدىغان ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۆي ئىگىسى، تۆمۈريول خادىمى، چوققۇر، قوۋۇ ئادەم بولۇپ، ساماۋار قويۇپ، شىرەنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى.

— ھۇجۇم باشلامسىلەر؟

— مەلۇم ئەمەس.

— ياكى ئۇلارنىڭ ھۇجۇم قىلىشىنى كۈتەمسىلەر؟

— قاراپ باقىمىز.

— پۇتۇنلەي توغرا. ئويلىشىمچە، ھۇجۇم قىلغۇدەك كۈچلىـ رىڭلارمۇ يوقتۇر — ئۇنداق بولغاندىن كېيىن كۈتۈپ تۇرغان ياخـ شىراق. مۇداپىئەلىنىش پايدىلىق. مەن ئۆزەم گېرمان ئۇرۇشىنى ھەربى ئىنژېنېرلىق خىزمىتىدە ئۆتكۈزدۈم ـ تاكتىكىلىق ئىستراتېـ گىيىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنىنى بىلىمەن ... كۈچۈڭلار بەك ئازغۇ؟

— يېتىدۇ، — دىدى گىرىگورىي ئۇنىڭ زېرىكتۈرىدىغان پارىڭىدىن ئۆزىنى چەتكە تارتىپ.

ئەمما ئۆي ئىگىسى شىرەنىڭ چۆرىسىدە ئايلىنىپ، سوكنا جىلىتكىسىنىڭ ئاستىدىن، تاران بېلىققا ئوخشاش ياغاق قوسىغـ نى قاشلاپ تۇرۇپ، ئەزمىلىك بىلەن گەپ سوراۋەردى:

— ئارتىللېرىيە كۆپمۇ؟ زەمبىرەك، زەمبىرەك؟

— سەن ئەسكەرلىكتە بولۇپسەنۇ، ئەمما ئەسكەرلىك تۈزۈمنى

بىلمەيدىكەنسەن! — گىرىگورىي سوغاق بىر يىرگىنىش بىلەن جاۋاپ بېرىپ، كۆزلىرىنى بىر ئالايتقان ئىدى، ئۇنىڭ ئېگىسى ھۇشىدىن كەتكەندەك بىر چەتكە قاڭقىپ كەتتى، — سەن ھەربى خىزمەت ئۆتەپسەنۇ، تۇزۇمنى بىلمەيدىكەنسەن!... ئەسكەرلىرىمىزنىڭ سانىنى، بىزنىڭ پىلانلىرىمىزنى مەندىن سوراشقا نىمە ھوقۇقىڭ بار؟ مەن سېنى دەرھال تېرگاۋغا ئېلىپ بارىمەن ...

— جاناپ ... ئوفىتسېر! ... ئەز ... ئەزىزىم!...، — چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ئۇي ئىگىسى سۆزىنىڭ ئايىغىنى ئېيتالماي، دۇدۇقۇپ قالدى، يېرىم ئېچىلىپ قالغان ئاغزىدىن چىشىنىڭ كۆتىگى قارىيىپ كۆرۈندى، — ئەخ ... ئەخمەقلىق قىلىپ قويۇپتىمەن! كەچۈرۈڭ! ...

چاي ئىچىش ئەسناسىدا گىرىگورىينىڭ ئۇنىڭغا لىپپىدە نەزىرى چۈشكەن ئىدى، چاقماق تېزلىكىدە بىر كۆز قىسىپ قويغانلىغىنى بايقىدى؛ كىرپىكلىرىنى كۆتەرگەندە، كۆز ئېپادىسى باشقىچە، ئۇللىق ۋە خېلىلا مېھرىلىك ئىكەنلىگى بىلىندى. خوجايىنىنىڭ ئائىلىسى — ئايلى ۋە بويىغا يەتكەن 2 قىزى پىچىرلىشىپ سۆزلىشىۋاتاتتى. گىرىگورىي 2 - چىنىدىكى چاينى ئىچىپ بولماستىنلا، ئۆز خانىسىغا قاراپ كەتتى.

كۆپ ئۆتمەي، گىرىگورىي بىلەن بىر ئۆيدە تۇرىدىغان 2 - زاپاس پولك 4 - بۆلۈمىنىڭ 6 كازاك ئەسكىرى بىر يەردىن كەلدى. ئۇلار خولۇپلىتىپ چاي ئىچىشتى، پاراڭلاشتى، كۈلۈشتى. گىرىگورىي كۆزى ئۇيقۇغا كېتىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىنىڭ ئۇيەر - بۇيېرىنى ئاڭلاپ قالدى. بىرسى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى (گىرىگورىي ئۇنىڭ ئاۋازىدىن لوگانسكايا كەنتلىك كازاك، ۋىزۇوت

باشلىغى باخماچىپ ئىكەنلىكىنى تونۇدى)، قالغانلىرى ئاندا - ساندا لوقما سېلىپ تۇرۇشتى.

— شۇ ئىشتا مەنمۇ بار ئىدىم. گورلوفكا رايونىنىڭ 3 خانا ئىشچىسى 11 - كاندىن كېلىشكەن ئىدى، ئۇلار: پالان - پۇستان، بىز بىر تەشكىلاتقا ئۇيۇشقانمىز، شۇڭا قورال - ياراققا مۇھتاجمىز — ئىمكان قەدەر بىزگىمۇ تەقسىم قىلىپ بەرسىڭىزلەر، دېيىشتى. ئەمما ئىنقىلاۋىي كومىتېتنىڭ كىشىسى ... مەن ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم! — ئۇ، بىرسىنىڭ لوقمىسىغا جاۋاپ بېرىۋېتىپ ئاۋازىنى كۆتەردى، — ئۇ كىشى مۇنداق دېدى: «يولداشلار، سابىلىنىڭ قېشىغا بېرىڭلار، بىزدە ھېچنىمە يوق» ھېچنىمە يوق دېگىنى نىمىسى؟ ئوشۇق مىلتىقلارنىڭ بار ئىكەنلىكىنى مەن بىلىمەن. گەپ بۇنىڭدا ئەمەس ... مۇژىكلار ئارىلىشىپ قالغانلىقتىن، قىزغانغان بولسا كېرەك.

— مۇشۇ توغرا! — يەنە بىرسى سۆزگە كىرىشتى، — ئۇلارغا قورال بەرگەن بىلەن، ئۇلار — يا سوقۇشالايدۇ، يا سوقۇشالمايدۇ. گەپ يەر مەسىلىسى ئۈستىدە بولغاندا — ئۇلار قوللىرىنى شۇنداق سوزغان بولاتتى.

— بۇ نىمىلەرنى بىز بىلىمىز! — 3 - بىرسى ئاستا قوشۇپ قويدى.

— باخماچىپ خىيال سۈرۈپ چاي قوشۇغى بىلەن ئىستاكاننى جىرىڭلىتاتتى؛ قوشۇقنى ئۆز سۆزىنىڭ رېتىمىغا كەلتۈرۈپ تاكىلدىتىپ، دانىمۇ - دانە مۇنداق دېدى:

— ياق، بۇنداق دېسەك بولمايدۇ. بولشېۋىكلار پۈتۈن خەلق ئۈچۈن كەڭ قوساقلىق بىلەن ئىش كۆرۈۋاتىدۇ، بىز بولساق — ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدىغان بولشېۋىكلار. پەقەت كالىدىنىنى ئاغدۇرۇپ

تاشلىساق، ئاندىن ئۇلارنى قىسىمىز ...

— ۋاي ئەزىزىم! — دىدى بىرسى بالىنىڭ ئاۋازىدەك چاـ ڭىلداپ، — چۈشەنسەڭچۇ، بىزنىڭ بېرىدىغان ھېچنىمىمىز يوق! ياخشى يەر ھەر بىر ئۇلۇشكە بىر يېرىم دېسەتىنا توغرا كېلىدۇ. قالغان يەرلەرنىڭ ھەممىسى — قۇمساز، ساي - جىرا، ئوتلاق. نىـ مىسىنى بېرىمىز؟

— سەندىنمۇ ئالمايدۇ، يېرى كۆپلەر بارغۇ.

— ھەربىلەرگە قاراشلىق يەرلەرچۇ؟

— ۋاي تەقسىرىم! ئۆزەڭنىڭ يېرىنى بەرگىنە. تاغلاردىن سوراپ ئال دەمسەن؟... قارىغىنا سېنى، قالتىس ئويلايدىـ كەنسەن!

— ھەربىلەرگە قاراشلىق يەر ئۆزىمىزگە كېرەك.

— باشقا گەپنىڭ لازىمى يوق.

— بۇنىسى ئاچكۆزلۈكقۇ!

— بۇ يەردە ئاچكۆزلۈك نىمە قىلسۇن!

— بەلكىم، ئۆزىمىزنىڭ يۇقۇرقى دون كازاكلىرىمىزنى كۆـ چۈرەر. ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى بىز بىلىمىز، ياللاڭ سېرىق قۇمـ لۇق يەر.

— توغرا!

— بىزگە پىچىش، تىكىش نەدىكى گەپ.

— ۋوتكا بولمىسا، بۇ ئىشنى ئايرىيالمايسەن.

— ھەي، يىگىتلەر! ھاراق ئىسكىلادىنى خەلق تالان - تاـ راج قىلغاندەك تۇرىدۇ. بىرسى ئىسپىرتكە چۆكۈپ كېتىپ ھارام ئۆلۈپتۇ.

— ھازىر بولسا بىر ئىچىۋالغان بولاتتىم. قووۇرغىلىرىم ئىسسىنغان بولاتتى.

گىرىگورىي چالا ئۇيقۇدا كازاكلارنىڭ پولغا تۆشەك سالغىنىنى، ئەسنەشكەنلىگىنى، بەدىنىنى قاشلىغانلىغىنى، يەر تـوغرىلىق، تەقسىم قىلىش توغرىلىق يەنىلا شۇ گەپنى سوزۇشقانلىغىنى ئاڭلاپ ياتتى.

تاڭ يورۇش ئالدىدا دەرىزە تۈۋىدە «پاڭ» قىلىپ مىلتىق ئېتىلدى. كازاكلار چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇشتى. گىرىگورىي گىمناستوركىسىنى كىيىۋېتىپ، يېڭىنى تاپالماي قالدى. ئۆتۈگىنى تېز - تېز كىيىپ، شىنىلىنى يۇلۇۋالدى. دەرىزىنىڭ تېشىدا ئاقبالداقتەك پاراسلاپ ئوق ئېتىلىشقا باشلىدى. بىر ھارۋا تاراقشىپ ئۆتۈپ كەتتى. بىرسى ئىشىكنىڭ قېشىدا چىقىراپ، ئەنسىرەپ ۋاقىرىدى:

— قولغا مىلتىق ئېلىڭلار! ... مىلتىق ئېلىڭلار!...

چېرنېتسوپنىڭ زەنجىرسىمان سەپ تارتقان ئەسكەرلىرى كۆزەتتىكى ئەسكەرلەرنى قىستاپ، گلۇبوكاياغا بېسىپ كىرگەن ئىدى. ئاتلىقلار سۇر، غۇۋا قاراڭغۇلۇقتا چېپىپ يۈرۈشەتتى. پىيادە ئەسكەرلەر ئۆتۈكلىرىنى توكۇرلىتىپ، قېچىشىۋاتاتتى. 4 كوچا ئېغىزىدا كىمدۇر پىلىموتلىرىنى ئورنىتىۋاتاتتى. 30 دەك كازاك قاتار تىزىلىشىپ كوچىنى كېسىپ ئۆتتى. كوچىدىن يەنە بىر توپ يۈگۈرۈپ ئۆتتى. مىلتىقنىڭ زاتورلىرى ئوقلارنى شالاق - شالاق ئىتتىرىپ تۇراتتى. ئالدىدىكى بىر مەھەللىدە ئىنتايىن ياڭراپ چىققان كوماندا ئاۋازى ئېنىق ئاڭلاندى:

— 3 - بۆلۈنمە، چاپسان! سەپنى بۇزغان كىم ئۇ؟... تىنچلان! پىلىموتچىلار ئوڭ قاناتقا! تەييار بولدۇڭلارمۇ؟ بۆلۈنمە ...

باتارىيە ۋىزۋودى گۈلدۈرلەپ ئۆتۈپ كەتتى. ئاتلار تېز ئالغا قاراپ چاپاتتى. چېپىپ كېتىۋاتقانلار ھەدەپ قامچىلىرىنى پۇلاڭشىتاتتى. 'وق ساندۇقلىرىنىڭ ئېچىرلىشى، چاقلارنىڭ گـۈلدۈرلىشى، زەمبىرەك ئىستانوكلىرىنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭى بىلەن شەھەر چېتىدىكى

تاراسلاپ ئېتىلىۋاتقان مىلتىق ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. يېقىن بىر يەردە پىلىموتلار بىر يولى تاتاتلاشقا باشلىدى. يېنىدىكى بىر دوقمۇشتا نەگە چېپىپ كېتىۋاتقانلىقى نامەلۇم بىر سەييارە ئاشخانا باغچا يېنىدىكى بىر ياغاچقا ئۈرۈلۈپ كېتىپ، ئاغدۇرۇلۇپ كەتتى.

— قارغۇ شەيتان!... كۆزۈڭ كۆرمىدىمۇ؟!... كۆزۈڭ ئېقىپ چۈشكەنمۇ؟ — شۇ تەرەپتىن بىرسى ئۆلگۈدەك قورققان ئاۋاز بىلەن قاتتىق ۋاقىرىدى.

گرىگورىي بۆلۈنمىنى تەسلىكتە يىغىپ، ئۇنى كەنتنىڭ چېتىگە يۈگۈرتۈپ ئېلىپ باردى. چېكىنىۋاتقان كازاكلار شۇ تەرەپتىن قارا بۇلۇتتەك بېسىپ كېلىۋاتاتتى.

— نەگە؟... — گرىگورىي ئالدىنقى بىرسىنىڭ مىلتىقىدىن تۇتتى.

— قويۇۋەت! — دەپ ھۆكىرىدى كازاك، — قويۇۋەت دەيمەن، ئەبلەخ! ... تۇتۇۋېلىپ نېمە قىلىسەن؟ چېكىنىۋاتقانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

— دۈشمەننىڭ كۈچى شۇنچىغا مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ!...

— ئۇلار تەلۋىلەرچە ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتىدۇ...

— نەگە بارىمىز؟... قايسى ئۆلكىگە — مىللېروۋوغىمۇ؟ — دەپ ھاسىرىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى.

گرىگورىي چەتتىكى ئۇزۇن بىر ئامبارنىڭ قېشىدا ئۆز ئەسكەرلىرىنى زەنجىرسىمان سەپكە تىزىپ ئۇرۇۋىلاشتۇرماقچى بولغان ئىدى، ئەمما قېچىپ كەلگۈچىلەرنىڭ يېڭى بىر توپى ئۇلارنى سىپاپ كەتتى. گرىگورىينىڭ بۆلۈنمىسىدىكى كازاكلار قېچىپ كەلگەنلەر بىلەن ئارىلىشىپ، كەينىگە — كوچىلارغا قاراپ تاراپ كەتتى.

— توختا! ... قاچما ... ئېتىپ تاشلايمەن!... — دەپ ۋاقىرىدى گرىگورىي قەھرى - غەزەپتىن تىترەپ.

ئۇنىڭ گېپىگە ھېچكىم قۇلاق سالمىدى. توختاۋسىز ئېتىلغان پىلىموت ئوقلىرى كوچا بويلاپ ئۇچۇشقا باشلىدى؛ كازاكلار بىر سېكۇنت توپ ـ توپ بولۇپ، يەرگە يېپىشىپ يېتىۋالدى، ئۇندىن كېيىن يەر بېغىرلاپ ئۆمىلەپ، تامنىڭ قېشىغا يېقىن بېرىۋالدى، ئۇ يەردىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن كوچىلارغا قاراپ يۈرۈشۈپ كېتىشتى.

— ئەمدى تۇتۇپ قالالمايسەن، مىلىخوپ! — دەپ توۋلىدى گىرىگورىينىڭ قېشىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتكەن ۋىزۋوت باشلىغى باخمالچىپ ئۇنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قاراپ.

گىرىگورىي چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، مىلتىغىنى پۇلاڭشىتىپ ئارقىدىن ماڭدى.

قىسىملارنى چۇلغىۋالغان ۋەھىمە گلۇبوكايادىن تەرتىپسىز قېچىش بىلەن ئاياقلاشتى. ئۇلار ئەترەتنىڭ ھەممە ماددى نەرسىلىرىنى دىگۇدەك قالدۇرۇپ چېكىنىشتى. پەقەت تاڭ ئېتىش بىلەنلا بۆلۈنمىلەرنى توپلاپ، ئۇلارنى قايتۇرما ھۇجۇمغا سېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى.

تەرگە پىشىپ، قىزىرىپ كەتكەن گولۇبوپ، كالتا جۇۋىسىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋەتكەن بولۇپ، ئۆزىگە قاراشلىق 27 ـ پولكنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقان سېپىنى بويلاپ يۈگۈرۈپ، جاراڭلىق، ھاياجانلىق ئاۋاز بىلەن ۋاقىرىدى:

— ئالغا چامدا! ... ياتما! ... مارش، مارش!...

14 ـ باتارىيە ئېستىھكامنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئالدىنقى چاقلىرى بىلەن چۈشۈرۈلدى؛ باتارىيىنىڭ باش ئوفىتسېرى ئوق ـ دورا ساندۇغىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، دۇربۇن بىلەن يىراققا قارىدى.

جەڭ سائەت 6 دە باشلاندى. كازاكلار بىلەن پېتروپنىڭ ۋورونېژ ئەترىدىدىن بولغان قىزىل گۋاردىيىچىلەرنىڭ ئارىلاشما

سەپلىرى زىچ ئۇيقىم بولۇپ، قارا فىگورلار ئاپپاق قار ئۈستىگە تۇتۇلغان كەشتە جىيەكتەك مەنزىرە ھاسىل قىلدى.

كۈن چىقىشتىن سوغاق شامال چىقىپ تۇراتتى، شامال يالىڭاچلاپ تاشلىغان بۆلۈتنىڭ ئاستىدىن تاڭ شەپىقىنىڭ بىر چېتى كۆرۈندى.

گىرىگورىي ئاتامانچىلار بۆلۈنمىسىنىڭ يېرىمىنى 14 - باتارىيىنى قوغداشقا قالدۇرۇپ، قالغان ئەسكەرلەرنى ھۇجۇمغا باشلاپ ماڭدى.

مۆلچەلنى بەلگىلەش ئۈچۈن ئېتىلغان دەسلەپكى توپ ئوقى يىراققا ئۇچۇپ بېرىپ، چېرىنېتسوپ ئەسكەرلىرىنىڭ سېپى ئالدىغا چۈشتى. پارتلاشتىن كېيىن توق سېرىق، كۈكۈش تۈتۈن خادىدەك ئاسمانغا كۆتىرىلدى. 2 - ئوق قۇلاقنى پاڭ قىلغۇدەك ياڭراق ئاۋاز بىلەن ئېتىلدى. ھەر بىر زەمبىرەك مۆلچەلنى بەلگىلەش ئېتىشىنى ئۆز ئالدىغا يۈرگۈزدى.

ۋىژ - ۋىژ - ۋىژ! ... قىلغان ئاۋاز بىلەن سىنارەد يىراقلارغا ئۇچۇپ ئۆتەتتى.

بىر يولى پاراسلاپ ئېتىلغان مىلتىق ئوقلىرى بۇزۇپ تاشلىغان بىر دەقىقە جىددى سۈكۈناتتىن كېيىن — يىراقتىن «گۈم - باڭ» قىلغان پارتلاش ئاۋازى ئاڭلاندى. دەسلەپكى بىر پاي ئوق ئۇچۇپ ئۆتكەندىن كېيىن سنارەدلەر ئارقا - ئارقىدىن دۈشمەن سېپىنىڭ ئالدىغىلا چۈشۈشكە باشلىدى. گىرىگورىي شامالدا كۆزلىرىنى يىرىلدىتىپ، قانائەتلەنگەن تۈيغۇ بىلەن: «دەل نىشانغا ئاتتى!» دەپ ئويلىدى.

ئوڭ قاناتتا 44 - پولكنىڭ بۆلۈنمىلىرى كېتىپ باراتتى. گولۇبوپ ئۆز پولكىنى قاپ ئوتتۇرىدا ئېلىپكېتىۋاتاتتى. گىرىگورىي ئۇنىڭ سول تەرىپىدە ئىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن، قىزىل گۋاردىيە

ئەترەتلىرى سول قاناتنى قورشاپ باراتتى. گىرىگورىينىڭ بۆلۈنمىلىرىگە 3 پىلىموت بېرىلگەن. ئۇلارنىڭ كوماندىرى ئوتتۇرا بوي، چىرايى تۇتتۇق، يوغان قوللىرىنى قويۇق يۇڭ باسقان قىزىل گۋاردىيىچى بولۇپ، ئېتىشمىنى ماھارەت بىلەن ئېلىپ، دۈشمەنىنىڭ ھۇجۇم مانېۋىرلىرىنى پالەچ قىلىپ قوياتتى، ئۇ ھەمىشە ئاتامان پولكىدىكى كازاكلار سېپى بىلەن بىللە ئالغا ئىلگىرىلىگەن پىلىموتنىڭ يېنىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ قېشىدا شىنېل كىيگەن سېمىزغىنا بىر ئايال قىزىل گۋاردىيىچى بار ئىدى. گىرىگورىي سەپنى بويلاپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، غەزەپ بىلەن ئويلاپ قالدى: «خوتۇنپەرەس! جەڭ مەيدانىدا كېتىۋاتىسىمۇ — خوتۇنىدىن ئاجرالمايدۇ. مۇنداقلار بىلەن تېخى بىللە جەڭ قىلىسەن!... بىر يولى بالىلىرىنى ۋە تۆشەك، ياستۇق، نەرسە - كېرەكلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىللە ئېلىپ چىقسىچۇ!...» پىلىموت كوماندىسىنىڭ باشلىغى، گىرىگورىينىڭ قېشىغا كەلدى، مەيدىسىدىكى ناگان بۇغۇچىنى تۈزەشتۈردى.

— بۇ ئەترەتنىڭ كوماندىرى سىزمۇ؟

— ھە - ئە، مەن.

— مەن ئاتامان پولكىنىڭ يىرىم يۈزلۈك ئەسكىرى تۇرغان ئۇچاستكىدا تۇرۇپ دۈشمەن يولىنى ئوققا تۇتماقچى ئىدىم. كۆردىڭىزمۇ — بىزگە يول بەرمەيۋاتىدۇ.

— بولىدۇ، شۇنداق قىلىڭ، — گىرىگورىي ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى - دە، ئېتىشتىن توختىغان پىلىموت تەرەپتىن كەلگەن ۋاقىراشقا بۇرۇلدى.

ساقاللىق، بەدىنى كۈچلۈك پىلىموتچى قەھرى بىلەن توۋلايتتى:

— بۇنچۇك!... ماشىنىنى ئېرىتىۋېتىمىزغۇ!... مەيلىمۇ شۇنداق قىلساق؟

ئۇنىڭ قېشىدا ھىلىقى شىنېل كىيگەن ئايال تىزلىنىپ تۇراتتى، تۆت رومىلىنىڭ ئاستىدا ئوتتەك يېنىپ تۇرغان قارا كۆزلىرى گىرىگورىيغا ئاكسىنىيىدەكلا كۆرۈنۈپ كەتتى ـ دە، گىرىگورىي غەمكىن كۆزلىرى بىلەن ئايالغا بىر دەقىقە كىرپىك قاقماستىن، دېمىنى ئىچىگە تارتىپ قاراپ قالدى.

چۈش ۋاقتىدا گولۇبوپنىڭ مۇلازىمى ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، گىرىگورىيغا ئۇنىڭ خېتىنى تاپشۇردى. يانچۇق دەپتىرىدىن يىرتىۋېلىنغان بىر ۋاراق قەغەزگە ئايرىم ـ ئايرىم ھەرپلەر بىلەن مۇنۇلار يېزىلغان ئىدى:

«سىزگە دون ئىنقىلاۋىي كومىتېتى نامىدىن بۇيرۇيمەن: ئۆز قارمىغىڭىزدىكى 2 بۆلۈنمىنى ئالدىنقى سەپتىن ئېلىپ چىقىپ، ناھايىتى تېز يۈرۈش قىلىپ، دۈشمەننىڭ ئوڭ قانىتىنى قورشىۋېلىڭ، ماڭىدىغان يۆنۈلۈشىڭىز مۇشۇ يەردىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كەڭ ساھە، شامال تۈگمىنىنىڭ سول تەرىپىدىرەك، ساينى بويلاپ ئۆرلەڭ... ھەركىتىڭىزنى سەزدۈرمەڭ (بىر نەچچە سۆز ئېنىق ئەمەس ئىدى)... بىز كەسكىن ھۇجۇمغا ئۆتۈش بىلەنلا، سىز شۇ قاناتتىن زەربە بېرىڭ.

گولۇبوپ»

گىرىگورىي ماڭىدىغان يۆنۈلۈشنى دۈشمەنگە بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن قاتتىق تىرىشىپ، 2 بۆلۈنمىنى ئالدىنقى سەپتىن ئاستا يۆتكەپ، ئاتقا مىندۈردى ـ دە، ئارقىغا چېكىندى.

ئايلانما يول بىلەن 20 چاقىرىم يۈردى. ئاتلار قېلىن قارلارنى كېچىپ ئاران ماڭاتتى. بۇلار ئايلىنىپ ئۆتكەن ساي قارغا تولغان ئىدى. بەزى جايلاردا قار ئاتنىڭ قوسىقىغا چىقاتتى. گىرىگورىي گۈلدۈرلىگەن زەمبىرەكلەرنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ، رومىنىيىدە

ئۆلتۈرۈلگەن گېرمان ئوفىتسېرىنىڭ قولىدىن يېشىۋالغان سائەتكە تەشۋىش بىلەن قاراپ قويدى — كېچىكىپ قالدىممىكىن دەپ قورققان ئىدى. ئۇ، ماگىدىغان يۆنىلىشىنى كومپاس بىلەن توغرىلىۋالغان بولۇپ، ھەر ھالدا بۇرۇلۇشقا تېگىشلىك بولغىنىدىن سولغا كۆپرەك ئېغىپ كېتىپتۇ. كەڭ ئويماننى تەسلىكتە بېسىپ ئۆتۈپ، تۈزلەڭلىككە چىقتى. ئاتلار ھورغا پىشىپ، چاتلىرى ھۆل بولۇپ كەتتى. گىرىگورىي ئاتتىن چۈشۈشكە بۇيرۇق بېرىپ، ئۆزى بىرىنچى بولۇپ دۆڭلۈككە ئىرغىپ چىقتى. ئاتلار ئات باقارلار بىلەن بىللە سايدا قالدى. گىرىگورىينىڭ ئارقىسىدىن كازاكلار قىيالىقنى بويلاپ ئۆملەشكە باشلىدى. ئۇ ئارقىسىغا بىر قايرىلىپ قاراپ، ئۆزىگە ئەگەشكەن 100 دىن ئوشۇق پىيادە جەڭچىلەرنىڭ ساي بويىدىكى قارلىق قىيا بىلەن پىتراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى ئىشەنچلىك ۋە تېخىمۇ كۈچلۈك ھىس قىلدى. جەڭدە، ھەركىمدە بولغىنىدەك، توپتىن ئايرىلماسلىق تۇيغۇسى ھەردائىم ئۇنى كۈچلۈك ھالدا ئۆز ئىلكىگە ئالاتتى. گىرىگورىي ۋەزىيەتنى كۆز مۆلچىرى بىلەن بىر قۇر ئىگەللىگەندىن كېيىن يولنىڭ قىيىنلىغى ھىساپقا ئېلىنمىغانلىقتىن، كەم دىگەندە يېرىم سائەت كېچىكىپ قالغانلىغىنى چۈشەندى.

گولۇبوپ دادىل ئىستىراتېگىيىلىك ھۇجۇم بىلەن چېرنېتسوپ ئەسكەرلىرىنىڭ چېكىنىش يولىنى دىگۈدەك كېسىپ تاشلاپ، 2 يان تەرەپتە ھىمايىچى قىسىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، يېرىم - ياتا مۇھاسىرىگە ئېلىنغان دۈشمەنگە ئۇدۇل مەيداندىن زەربە بېرىپ كېلىۋاتاتتى. بىر يولى ئېتىلغان زەمبىرەكلەر گۈمبۈرلەشكە باشلىدى. مىلتىقلار پاراسلاپ ئېتىلغىلى تۇردى؛ چېرنېتسوپچىلارنىڭ ۋەيران بولغان سېپىگە شىراپنېلنىڭ پىترە ئوقى يېغىپ، سىنارەدلەر ئۈزلۈكسىز چۈشۈشكە باشلىدى.

— سەپ تارتىڭلار!...

گىرىگورىي ئۆزىنىڭ بۆلۈنمىلىرى بىلەن قاناتتىن زەربە بەردى. بۇلار مەشق قىلىش ئېتىشمىسىغا كېتىۋاتقاندەك، ياتماستىن ئىلگىرىلەشكە باشلىغان ئىدى، ئەمما «ماكسىمكا» پىلىموتىنى ئىشقا سېلىۋاتقان بىر هارامزادە چېرنېتسوپچى سەپنىڭ ئۇستىگە شۇنداق كۈچلۈك ئوق ياغدۇرۇدىكى، كازاكلار دەرهاللا يېتىۋېلىشتى، 3 ئادەم سەپتىن چىقتى.

چۈشتىن كېيىن سائەت 3 بولاي دېگەندە گىرىگورىيغا بىر پاي ئوق كېلىپ ئەركىلىدى. ئاق قەلەي يالىتىلغان، كىچىككىنە يۇمۇلاق چوغقا ئايلانغان قوغۇشۇن پۇتىنىڭ تىزىدىن يۇقۇرىراق يېرىنىڭ كۆك ئېتىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. گىرىگورىي، چوغدەك ئىسسىق زەربىنى ۋە ئۆزىگە تونۇش كۆڭۈلنى ئاينىتىدىغان قانىسىراشنى هىس قىلغاندىن كېيىن ئاپلا دەپ چىشىنى غۇچۇرلاتتى. سەپتىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، جان ئاچچىغىدا چاچراپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ئوقنىڭ زەربىدىن گاراڭ بولۇپ قالغان بېشىنى قاتتىق چايقاشقا باشلىدى، ئوق تېشىپ چىقمىغانلىقتىن، پۇتىنىڭ ئاغرىغى جېنىنى قاخشىتىۋەتكەن ئىدى. گىرىگورىيغا هېرىپ قالغان ئوق تەككەنلىكتىن شىنېلىنى، شالۋۇرىنى ۋە تېرىسىنى تېشىپ ئۆتۈپ، بولجۇڭ گۆشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ قالغان ئىدى. قاتتىق سانچىپ ئاغرىۋاتقان يارىسى مىدىرلاشقا ئىمكان بەرمەيتتى. گىرىگورىي يېتىپ تۇرۇپ، رۇمىنىيىدە، تىرانسىلوۋان تېغىدا، 12-پولكىنىڭ هۇجۇم قىلغانلىغىنى، شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ قولى يارىلانغانلىغىنى ئەسكە ئالدى. شۇ ئاتاكىنىڭ مەنزىرىسى كۆز ئالدىدا ئېنىق جىلۋىلەندى: كوكۇلا چاچ، غەزەپتىن چىرايى تاتىرىپ كەتكەن مىشكا كوشىۋوي، بارىدار بولغان يۈز بېشىنى تاغدىن سۆرەپ، پەسكە چۈشۈۋاتقان يېمپليان گروشوپ كۆزىگە ئوچۇق كۆرۈندى.

بۆلۈنمىلەرگە قوماندانلىق قىلىش ۋەزىپىسىنى گىرىگورىيەنىڭ ياردەمچىسى لىيۇبىشكىن پاۋىل دېگەن ئوفىتسېر ئۆز زىممىسىگە ئالدى. ئۇنىڭ بۇيرۇغى بويىچە 2 كازاك گىرىگورىينى ئات باقارنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىپ قويدى. بۇ كازاكلار، گىرىگورىينى ئاتقا مىندۈرۈۋېتىپ، خەيرىخالىق بىلەن مەسلىھەت بەردى:

— يارىڭىزنى تېڭىۋالسىڭىز بولارمىكىن.

— داكا بارمۇ؟

گىرىگورىي ئېگەرگە ئولتۇرۇپ بولغان ئىدى، ئەمما بىر ئاز ئويلىنىپ، ئاتتىن چۈشتى - دە، شالۋۇرىنى پەسكە سىيرىپ، تەرلىگەن دۈمبىسىنى، قوسىغىنى ۋە پۇتلىرىنى توگدۇرۇشقا باشلىغان سوغاقتىن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ناھايىتى ئالدىراشلىق بىلەن، گويا پىچاق بىلەن ئويۇلغاندەك، قان ئېقىپ تۇرغان، ئوتتەك كۆيدۈرگەن يارىسىنى تاڭدى.

ئۇ، ئۆز مۇلازىمىنىڭ ھەمراللىغىدا يەنە شۇ ئايلانما يول بىلەن ئۆزلىرى قايتۇرما ھۇجۇم باشلىغان يەرگە يۈرۈپ كەتتى. ئاتلارنىڭ قار ئۇستىدىكى زىچچىدا چۈشكەن ئىزلىرىغا. بۇندىن بىر نەچچە سائەت بۇرۇن ئۆز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ماڭغان سايىنىڭ تونۇش بەلگىلىرىگە كۆز سېلىپ ماڭدى. ئۇنى ئۇيقۇ بېسىپ، ئەمدىلىكتە دۆڭنىڭ ئۈستىدە يۈز بەرگەن ۋەقە ئىمىشكىدۇ ئۇنىڭغا يىراقتىكى ئىشتەك، كېرەكسىز نەرسىدەك تۇيۇلدى.

ئۇ يەردە بولسا ھامان مىلتىقلار قوماچتەك توختاۋسىز ئېتىلىپ تۇراتتى. ئۆز ئادەملىرىنى قوتقۇزماقچى بولغان دۈشمەننىڭ زەمبىرەكلىرى گۈمبۈرلەيتتى. ناگان - ناگاندا! تاتاتلىغان پىلىموتلار گويا جەڭنىڭ يەكۈنىنى چىقىرىش ئۈچۈن كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان سىزىق تارتقاندەك چېكىلداشقا باشلىدى.

گىرىگورىي ساي بىلەن 3 چاقىرىمچە يۈردى، ئاتلار قارغا

تىقىلىپ تەسلىكتە كېلەتتى.

— ئاتنى توزلەڭگە بۇرا ...، — دەپ گۈرۈڭلىدى گىرىگورىي مۇلازىمىغا، ساي بويىدىكى قار قاپلىغان كۆتەمىگە چىقىشىۋېتىپ.

يىراق دالىدا، قارا قاغىدەك ئۈيەر - بۇيەردە ياتقان ئۆلۈكلەرنىڭ جەسەتلىرى قارىيىپ كۆرۈنەتتى. ئۈپۈقنىڭ ئەڭ چېتىدە، بۇ يەردىن كىچىككىنە چېكىتتەك كۆرۈنگەن ئىگىسىز ئات چېپىپ يۈرەتتى.

گىرىگورىي، چېرنېتسوپچىلارنىڭ قىرغىنىغا ئۇچراپ، شالاڭلىشىپ قالغان ئاساسىي يادروسى جەڭدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، گلۇبوكاياغا قاراپ چېكىنىۋاتقانلىغىنى كۆردى. ئۆئۆزىنىڭ تورۇغىنى بولۇشىغا قويۇپ بەردى. يىراقتىكى كازاكلار يەككە ـ يەككە توپ بولۇپ كېلىۋاتقانلىغى كۆرۈندى. گىرىگورىي شۇ توپلارنىڭ دەسلەپكى بىرىگە ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ گولۇبوپنى كۆردى. گولۇبوپ ئىگەرنىڭ ئۈستىدە قىيشىيىپ ئولتۇراتتى. ساغۇچ قاراكول پەۋاز تۇتۇلغان كالتە جۇۋىسىنىڭ ئالدى تۈگمىلىرى يېشىۋېتىلگەن، پاپاخى يانغا قىيشايغان، پېشانىسى تەرلىگەن ئىدى. گولۇبوپ، ۋاخمىستىردەك ئىككى ئۇچى تىككە كۆتىرىلىپ تۇرغان بۇرۇتىنى تولغاپ تۇرۇپ بوغۇق ئاۋاز بىلەن:

— مېلېخوپ، ئوغۇل بالىسەن! ۋۇي، ياردار بولدۇڭمۇ، نىمە؟ ئەتتەڭ! سۆڭەك زەخمىلەنمىگەندۇر؟ — دىدى ـ دە، جاۋاپ كۈتمەستىنلا كۈلۈمسىرىدى، — يەر بىلەن يەكسەن قىلدۇق! بىتچىت قىلىۋەتتۇق! ... ئوفىتسېرلەر ئەتىرىدىنى شۇنداق توزغىتىۋەتتۇقكى، توپلىنىشقا ھالى قالمىدى. قويرۇغىنى غىت قىستى!

گىرىگورىي تاماكا سورىدى. ھەممە تەرەپتىن كازاكلار بىلەن قىزىل گۋاردىيىچىلەر ئېقىپ كېلىشكە باشلىدى. توپنىڭ ئالدىدا يىراقتىن قارىيىپ كۆرۈنگەن بىر ئاتلىق كازاك ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.

— 40 ئادەمنى ئەسىرگە ئالدۇق، گولۇبوپ! ...، — دەپ توۋلىدى ئۇ يىراقتىن، — 40 ئوفىتسېر، چېرنېتسوپنىڭ ئۆزىمۇ بار.

— يالغان ئېيتىسەن!؟ — گولۇبوپ بىر چۆچۈپ، ئىگەرنىڭ ئۈستىدە تولغاندى، ئىگىز ئالا ئاياق ئېتىنى ئايىماستىن قامچىلاپ، ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى.

گىرىگورىي بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئات قويدى.

ئەسىرگە ئېلىنغان زىچ بىر توپ ئوفىتسېرلەرنى 30 ئادەمدىن ئىبارەت ساقچى ئەترەت — 44 - پولك بىلەن 27 - پولكنىڭ بىر بۆلۈنمىسىگە قاراشلىق كازاكلار — ئەتراپىنى قورشاپ، ھەيدەپ كەلگەن ئىدى. چېرنېتسوپ ھەممىنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتاتتى. ئۇ، قوغلىغۇچىلاردىن قاچقاندا كالتە جۇۋىسىنى سېلىپ تاشلاپ، يۈگۈرگەن بولۇشى كېرەك، ھازىر يالاڭ خۇرۇم كەمزۇل بىلەن ئىدى؛ سول مۈرىسىدىكى پاگون يۇلۇپ تاشلانغان. سول كۆزىنىڭ قېشىدا يېڭى قان داغ بار ئىدى. ئۇ چەبدەس قەدەم بىلەن تېز مېڭىپ كېلەتتى. چېكىسىگە كىيىۋالغان پاپاخى ئۇنى بىپەرۋا ۋە مەردانە كۆرسىتەتتى، قىزىرىپ كەتكەن يۈزىدە قورقۇشنىڭ قىلچە ئالامىتى يوق ئىدى؛ بىر نەچچە كۈندىن بۇيان ساقىلىنى قىرمىغان بولسا كېرەك، ئىككى چېكىسى بىلەن ئېڭىكىدىكى سېرىق تۈكلەر ئالتۇندەك پاقىراپ تۇراتتى. چېرنېتسوپ، قېشىغا يۈگۈرۈشۈپ كەلگەن كازاكلارغا سۈرلۈك ۋە تېز - تېز قاراپ قوياتتى؛ قوشۇمىسى ئاچچىق ئەلەم ۋە ئۆچمەنلىك بىلەن تۈرۈلگەن ئىدى. ئۇ، مېڭىپ كېتىۋېتىپ سەرەڭگە چاقتى - دە، قىزغۇچ قاتمال لېۋىنىڭ بىر بۇرجىكىدە چىشلەپ تۇرغان تاماكىسىنى تۇتاشتۇردى.

ئوفىتسېرلەرنىڭ كۆپچىلىكى ياشلار بولۇپ، پەقەت بىرنەچچە

چىسىنىڭ چېچىغا قىرودەك ئاق قونغان ئىدى، پۈتى ياردار بولـ
غان بىرسى ئارقىدىـراق ماڭغـان بولۇپ، ئۇنى پاكار، يوغان باش،
چوقۇر بىر كازاك مىلتىغىنىڭپايىنىگى بىلەن ئارقىسىدىن ئىتتىرىپ
كېلىۋاتاتتى، ئىگىز بوي نوچى ياساۋۇل چېرنېتسوپ بىلەن دىيەر-
لىك ياتمۇ - يان ماڭغان ئىدى، 2 ئوفىتسېر (بىرسى، خورۇنجى،
يەنە بىرسى، يۈز بېشى) كۆلۈمسىرەپ قولتۇقلىشىپ مېڭىشقان؛ ئۇ-
لارنىڭ ئارقىسىدا يالاڭباش، جىنگىلەك چاچ، كەڭ يەلكىلىك بىر
يۈنكېر ماڭغان، بىرسى پاكونلىرى يېپىشتۇرۇپ تىكىلگەن سولداتچە
شىنېلنى يـەلكىسىگە ئـارتىۋالغان، يەنە بىرسى يالاڭباش بولۇپ،
قىزىل ئوفىتسېرلىك قۇلاقچىسىنى ئايالنىڭ كۆزلىرىدەك قارا كۆز-
لىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرۈۋالغان؛ قۇلاقچىسىنىـڭ ئىككى ئۇچىنى
شامال يەلكىسىگە ئۇچۇرۇپ تۇراتتى.

گولۇبوپ ئات ئۈستىـدە ئارقىدا ماڭـغـان. ئۇ، ئېتـىنى سەل
ئاستىلىتىپ، كازاكلارغا ۋاقىرىدى:

— هەي، ماڭا قاراڭلار! ... هەربى - ئىنقىلاۋىي دەۋردىـ
كـى جـىددى تـەلـەپـلـەر بـويىچە ئـەسىرلـەرنىڭ بىخـەتەرلـ
كىگە سىلەر جاۋاپكار بولىسىلەر! ئىشتاپقا ساق - سالامەت ئېلىپ
بېرىڭلار!

ئۇ، ئاتلىق كازاكلارنىڭ بىرسىنى ئالدىغا ئىملاپ چاقىردى -
دە، ئىگەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، شارتىلدىتىپ خەت يازدى؛ ئۇنى
قاتلاپ كازاكقا بەردى:

— تېز چاپ! بۇنى پودتېلكوپقا بەر!

ئۇندىن كېيىن گىرىگورىيـغا قاراپ:

— سەن شۇياققا بارامسەن، مېلېخوپ؟ — دەپ سورىدى.

ماقۇللۇق جاۋاۋىنى ئالغاندىن كېيىن، گولۇبوپ، گىرىگورىي
بىلەن تەڭلىشىپ:

— پودتېلكوپقا ئېيت، مەن چېرنېتسوپنى كېپىللىككە ئالىمەن! چۈشەندىڭمۇ؟ ... خوش، شۇنداق دېگىن. بارغىن، — دېدى.

گرىگورىي ئەسىرلەر توپىدىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ، يېقىن بىر جايدىكى كازاك يېزىسىنىڭ ئېتىزىغا جايلاشقان ئىنقىلاۋىي كومىتېت ئىشتاۋىغا قاراپ ئات چاپتۇرۇپ كەتتى. چاقلىرىنى مۇز قاپلىغان ئوكرايىنچە هارۋىنىڭ قېشىدا پودتېلكوپ مېڭىپ يۈرەتتى، هارۋىنىڭ ئۈستىگە يېشىل قاپ بىلەن پۈركەلگەن پىلىموت بار ئىدى. يەنە شۇ يەردە ئىشتاپ خادىملىرى، چاپارمەنلەر، بىر نەچچە ئوفىتسېر كازاك، مۇلازىملار ئۆتۈكىنىڭ پاشنىلىرىنى تاقىلدىتىپ مېڭىشىپ يۈرەتتى، مىنايىپمۇ پودتېلكوپقا ئوخشاشلا يېقىندىلا ئۇرۇش سېپىدىن قايتقان ئىدى. ئۇ هارۋىنىڭ ئالدىنقى ئورۇندۇغىدا ئولتۇرۇپ، ئاپپاق، مۇزلاپ كەتكەن ناننى چىشلەپ، گۇرۇج ـ گۇرۇج چاينايتتى.

— پودتېلكوپ! — دەپ قىچقاردى گرىگورىي چەتكە چىقىپ، — هازىر ئەسىرلەرنى هەيدەپ كېلىدۇ. سەن گولۇبوپنىڭ خېتىنى ئوقۇدۇڭمۇ؟

پودتېلكوپ قامچىسىنى قاتتىق بىر سىلكىتتى؛ پەسكە قاراپ تۇرغان كۆز قارچۇقلىرىنى بارغانسېرى يەرگە قاداپ ۋاقىراپ كەتتى:

— گولۇبوپنىڭ يۈزىگە تۈكۈرىمەن!... نېمىلەرنى خالىمايدۇ دەيسەن، ئۇنى! چېرنېتسوپقا ئوخشاش بىر قاراقچىنى، ئەكسىلئىنقىلابچىنى كېپىللىككە ئالماقچى ئىكەنغۇ؟... بەرمەيمەن! هەممىسىنى ئېتىپ تاشلاش كېرەك — ۋەسسالام!

— گولۇبوپ ئۇنى كېپىللىككە ئالىمەن دېدى.

— بەرمەيمەن! ئېيتتىمغۇ، بەرمەيمەن! گەپ تامام! ئىنقى-

لاۋىي سوت بىلەن سوتلاپ، ئۇنى دەرھال جازالاش كېرەك. باشقـ
قىلارغا ئىبرەت بولسۇن!... بىلەمسەن، ـــ ئەمدى ئۇ سالماقلىق بىـ
لەن سۆزلىدى يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ئەسىرلەر توپىغا جىددى كۆز
تىكىپ، ـــ بىلەمسەن، ئۇ بۇ دۇنيادا قانچىلىك قـان تۆكتى ـ ھە؟
دېگىنىزدەك! قانچىلىك كـان ئىشچىلىرىنى قىرىپ تاشلىدى؟...، ـــ
ئۇنىڭ يەنـە غەزىۋى ئۆرلـەپ، كـۆزلىرىنى غەلىتە ئالايتـتى، ـــ
بەرمەيمەن!...

ـــ بۇ يەردە ۋاقىرىغىنىڭنىڭ پايدىسى يوق! ـــ گىرىگورىيـ
مۇ ئۇنىنى قاتتىقـراق چىقاردى: ئۇنىڭ ئىچكى ئەزاسى تىترەيتتى،
گويا پودتېلكوپنىڭ قەھـرى ـ غەزىۋى ئۇنىڭغا يۇققاندەك، ـــ بىۇ
يەردە ھۆكۈم قىلغۇچىلار كۆپ ئىكەنسىلەر! سەن ئـۇياقـقـا بېرىپ
بـاق!① ـــ ئۇنىڭ بـۇرۇن تۆشۈكـلىرى تىتـرەپ، ئارقا تەرەپـنى
كۆرسەتـتى، ـــ ئەسىرلەرگە كەلگەندە سىلەردەك ھۆكۈم قىلغۇچىلار
كۆپ!

پودتېلكوپ قولىدىكى قامچىنى مىجىقلاپ چەتكە چىقتى ـ دە،
يىراقتىن ۋاقىرىدى:

ـــ ئۇ يەردە مەنمۇ بولغان! ھارۋىغا ئولتۇرۇپ جىنىنى قۇتـ
قۇزدى دەپ ئـويلىما! مـېلىېـخوپ، سەن بۇنداق گـەپنى قوي!...
چۈشەندىڭمۇ؟ ... سەن كىم بىلەن سۆزلىشىۋاتىسەن؟... گەپ شۇ!
ئوفىتسېرلىك مىجەز ـ قىلىقلارنى تاشلا! ئىنقىلاۋنى كومىتېت سوتـ
لايدۇ، ھەممىلا ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس...

گىرىگورىي ئـېتىنى ئـۇنىڭغا تاقاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يارىدار
ئىكەنلىگىنى ئۇنتۇپ، ئىگەردىن سەكرەپ چۈشكەن ئىدى، ئوق توخـ
تاپ قالغان يارىسى سانچىلىپ ئاغرىغانلىقتىن، ئوگدىسىغا يىقىلدى.

① سەن ئۇياققا بېرىپ باق! ـــ جەڭ مەيدانىغا بېرىپ باق! ـــ دىمەكـ
چى ـــ ت.

ئوتتەك كۆيدۈرگەن جاراھىتىدىن قان بۇلدۇقلاپ ئاقتى. ئۇ، ھېچكىمنىڭ ياردىمىسىزلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى - دە، ھارۋىنىڭ قېشىغىچە دىڭگاكلاپ كېلىپ، ھارۋىنىڭ ئارقا رېسورىغا يېپىنچە يۆلىنىۋالدى.

ئەسىرلەر يېقىنلىشىپ كەلدى. قوغداپ كەلگەن پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ بىر قىسمى مۇلازىملار بىلەن ۋە ئىشتاپ قاراۋۇللۇقىدا تۇرغان كازاكلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى. كازاكلار جەڭدىن تېخى سوۋۇمىغان ئىدى، شۇڭا جاۋۇلداپ قىزىشىپ، كۆزلىرىنى جەھلى بىلەن پاقىرىتىپ، جەڭنىڭ تەپسىلاتى ۋە يەكۈنى توغرىلىق ئۆز ئارا مۇلاھىزىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشاتتى.

پودتېلكوپ دۆۋىلىشىپ ياتقان قار ئۈستىدە بىر بېسىپ، 2 بېسىپ ئەسىرلەرنىڭ قېشىغا يېقىن باردى. ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرغان چېرنېتسوپ چاقناق، ياۋۇز كۆزلىرىنى نەپرەت بىلەن پىرىلدىتىپ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى؛ سول پۇتىنى بىمالال ئارقىغا تاشلاپ، ئۇنى سىلكىتىپ قويدى - دە، ئۈستۈنكى ئاپپاق تاقا شەكلىدىكى چىش تىزمىلىرى بىلەن ئىچ تەرەپتىن قىزىرىپ تۇرغان لېۋىنى مەھكەم چىشلەپ تۇردى. پودتېلكوپ ئۇنىڭغا قاتتىق قادىلىپ كېلىۋەردى. ئۇ ھامان تىترەيتتى، كىرپىك قاقماس كۆزلىرى قارنى ئويۇپ تاشلىغۇدەك يەر بېغىرلاپ كېلىپ، لىپپىدە كۆتىرىلدى - دە، چېرنېتسوپنىڭ قورقماس، نەپرەتلىك قاراشلىرىغا دۇچكەلگەندە، ئۇنىڭ نەزىرىنى كۈچلۈك ئۆچمەنلىك بىلەن بىتچىت قىلىپ تاشلىدى.

— قولغا چۈشتۈڭمۇ ... ئەبلەخ! — پودتېلكوپ خىرىلدىغان پەس ئاۋازى بىلەن سۆز ئاچتى - دە، بىر قەدەم ئارقىغا چېكىندى؛ ئىككى چېكىسى زەھەرخەندە بىلەن يول - يول پۈررۈشتى.

— كازاكلارنىڭ خائىنى! رە — زىل! ساتقىن! — دەپ

چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى چېرنىتسوپ.

پودتېلكوپ گويا شاپىلاقتىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك بېشىنى سىلكىتتى — ياڭاق سۆڭەكلىرى قارىيىپ كەتتى، ئاغزى ئېچىلىپ قالغان پېتى هاۋا سۈمۈرەتتى.

كېيىنكى ۋەقە ھەيران قالغۇدەك تېزلىك بىلەن جىددى تۈس ئالدى. رەڭگى ئۆڭۈپ، چىشلىرى كاسىلدىغان چېرنىتسوپ ئىككى مۇشتىنى مەيدىسىگە مەھكەم يېقىپ، بارغانسېرى ئالدىغا ئۈمتۈلۈپ، پودتېلكوپنىڭ ئۈستىگە بېسىپ كەلدى، كېسىلى تۇتۇپ قالغان ئادەمدەك تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىدىن چۈشىنىكسىز ھەر خىل يامان تىللار تۆكۈلۈشكە باشلىدى، ئۇنىڭ نىمە دىگەنلىگىنى پەقەت ئارقىسىغا ئاستا سىلجىغان پودتېلكوپلا ئاڭلىدى.

— بېشىڭغا نىمە ئىش كېلىدىغانلىغىنى... بىلەمسەن؟ — دەپ چېرنىتسوپ بىردىنلا ئاۋازىنى كۆتەردى.

بۇ سۆزلەرنى ئەسىرگە چۈشكەن ئوفىتسېرلەرمۇ، ساقچى قىسىملارمۇ، ئىشتاپ ئادەملىرىمۇ ئاڭلىدى.

— هو - و - و و ...، — پودتېلكوپ گېلى بوغۇلغان ئادەمدەك خىرىلداپ، دەرھاللا قىلىچىنىڭ سېپىنى تۇتتى.

چېرنىتسوپ پەشمىتىنىڭ ئىچىدىن تاپانچىسىنى چىقىرىپ، تېزلا بەتلىگەن ئىدى ... پىستان چاقمىدى.

بىردىنلا جىمجىتلىق باشلاندى. پودتېلكوپقا قاراپ ئېتىلىپ كەلگەن مىنايېپ، كىرىۋوشلىكوپ ۋە بىر نەچچە ئادەمنىڭ ئايىغى ئاستىدا قار غاچىلدىدى. ئەمما پودتېلكوپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالدى؛ پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن ئوڭغا بۇرۇلۇپ، سەل زوڭزىيىپ، قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇردى - دە، بىر ھەملە بىلەن ئالغا ئېتىلىپ، دەھشەتلىك كۈچ بىلەن چېرنىتسوپنىڭ بېشىنى چاپتى.

گىرىگورىي، چېرنىتسوپنىڭ ساراسىمىگە چۈشۈپ، سول قولىنى

يۇقۇرى كۆتىرىپ، بېشىنى توسۇۋېلىشقا ئۇلگۈرگىنىنى كۆردى؛ چېپىلغان قولىنىڭ پۈكۈلۈپ سۇنۇپ چۈشكەنلىكىنى، ئۇندىن كېيىن قىلىچىنىڭ چىرىنېتسوپنىڭ يانتايغان بېشىغا جىرىڭلىماستىنلا تەككەنلىكىنى كۆردى. دەسلەپ پاپاخ ئۇچۇپ چۈشتى، ئاندىن كېيىن چېرنېتسوپنىڭ ئۆزى ساپىغى سۇنغان باشاقتەك ئاستا يىقىلدى، ئاغزى غەلىتە قىيشىيىپ، كۆزلىرى، چاقماقنىڭ نۇرىدىن قاماشقاندەك، ئازاپلىنىپ، يۇمچاقلىنىپ پۈرۈلۈپ كەتتى.

پودتېلكوپ ئۇنى يەنە بىر چاپتى -دە، مادارسىزلانغان ئېغىر قەدەم بىلەن چەتكە ماڭدى، كېتىۋېتىپ، قىزىل قانغا بويالغان قىلىچىنىڭ بىسىنى ئېرتتى.

تاجانكا هارۋىغا قېقىلىپ كەتكەن پودتېلكوپ، ساقچى ئەسكەرلەرگە بۇرۇلۇپ، بار ئاۋازى بىلەن ۋاقىرىدى:

— چاپ ئۇلارنى ... ئىمىسىنى ئايايسەن!!... ھەممىسىنى! ... ئەسىر دىگەن يوق ... قان چىقىدىغان يېرىگە، يۈرىكىگە ئات!!...

تاراسلاپ ئوق ئېتىلىشقا باشلىدى. ئوفىتسېرلەر تەرەپ-تەرەپكە قېچىشقا تۇتۇندى، قىزىل سۆكىنىدىن تىكىلگەن ئوفىتسېرلىك قۇلاقچىسى بار، كۆزلىرى ئاياللارنىڭكىدەك چىرايلىق پورۇچىك ئىككى قولى بىلەن بېشىنى تۇتۇپ، قاچقان ئىدى. بىر ئوق تېگىش بىلەنلا توساقتىن ئاتلىغاندەك قاڭقىپ كەتتى. ئۇ يىقىلدى -دە، قايتا بېشىنى كۆتەرمىدى. ئۇزۇنتۇرا، جەسۇر ياساۋۇلنى 2 كازاك چاپتى، ياساۋۇل قىلىچىنىڭ بىسىغا يېپىشقان ئىدى، تەلكە - پارە بولغان ئالقىنىدىن يەڭلىرىگە قان ئاقتى؛ ئۇ كىچىك بالىدەك چىقىرىۋەتتى، ئۇ تىزلىنىپ يىقىلىپ، كېيىن ئوڭدىسىغا چۈشتى، بېشىنى قارنىڭ ئۈستىدە دومىلاتتى؛ يۈزىدە پەقەت قانغا بويالغان كۆزلىرى ۋە توختىماستىن ۋاي - ۋايلاۋاتقان قارا ئاغزى كۆرۈندى. قىلىچلار

يۈزىگە، قاپ ـ قارا! ئاغزىغا ئارقا ـ ئارقىدىن تېگىۋېرىپ، تاسمىدەك تىلىۋەتتى، ئۆزى ھامان ۋەھىمە ۋە ئاغرىق ئازاۋىدىن چىقىرايتتى، شىبىلىنىڭ بەلۋىغى ئۈزۈلگەن بىر كازاك ئۈستىدىن چەنلەپ ئېتىپ بىرپاي ئوق بىلەن ئۇنى ئاخىرقى تىنىقىدىن توختاتتى. جىنگىلەك چاچ يۈنكىر قاتاردىن ئەمدىلا قېچىپ چىقاي دىگەندە — ئۇنى ئا-تامان پولكىنىڭ بىر كازاكى قوغلاپ بېرىپ، گەجگىسىگە بىر زەربە ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. يەنە شۇ ئاتامانچى كازاك شىبىلىنىڭ ئىككى پېشى شامالدا لەپەڭشىگەن ھالدا قېچىپ كېتىۋاتقان يۈز بېشىنى ئىككى تاغىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئاتتى، يۈز بېشى تاكى جان ئۈزگىچە مەيدىسىنى تاتىلاپ ئولتۇرۇپ قالدى. چېچىغا ئاق كىرگەن مۇئاۋىن ياساۋۇل جايىدىلا ئۆلتۈرۈلدى؛ ئۇ ھاياتى بىلەن خوشلىشىۋاتقاندا، تېپچەكلەپ قارنى ئويۇۋەتتى. ئەگەر ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقان كازاك-لار ئۇنىڭ ئىشىنى تامام قىلمىغاندا ئىدى، باغلاقتىكى ئارغىماقتەك تېپىنىۋەرگەن بولاتتى.

پودتېلكوپ چېرنېتسوپنى قىلىچ بىلەن چاپقان دەسلەپكى پەيتتىلا گىرىگورىي ھارۋىدىن يۇلقىنىپ — خىرەلەشكەن كۆزلىرىنى پودتېلكوپتىن ئۈزمەي دەرھال ئۇنىڭغا قاراپ ئاقساقلاپ ماڭغان ئى-دى. ئارقا تەرەپتىن ئۇنى مىنايىپ قۇچاقلىۋالدى، قولىنى قايرىپ تاپانچىسىنى تارتىۋالدى؛ قاراڭغۇلاشقان كۆزلىرىنى گىرىگورىينىڭ كۆزىگە تىكىپ، ھاسىراپ سورىدى:

— سەن قانداق ئويلىغان ئىدىڭ؟

# 13

قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرى بىلەن كۈندۈزكى تىنىق ھاۋانىڭ
كۆپ ـ كۆك رەڭگىگە بۆلەنگەن قارلىق دۆڭنىڭ كۆزنى چاقىدىغان
يارقىن تىزمىلىرى ئاپپاق شېكەردەك چاقناپ تۇراتتى، دۆڭنىڭ ئې-
تىگىدە ئولخوۋىي روگ قىشلىغى ئالا ـ چىپار قۇراق يوتقاندەك سو-
زۇلۇپ ياتاتتى. سولدا سىۋىنيۇخا دەرياسى كۆكىرىپ كۆرۈنەتتى،
ئوڭدا ئۇششاق يېزىلار ۋە نېمىس مۇھاجىرلىرى يېزىسى غۇۋا قارا
چېكىتلەردەك قاتار سوزۇلغان ئىدى، دەريا ئەگمىنىڭ نېرىسىدا
تېرنوۋىسكايا كەنتى ھاۋارەڭ تۇستە تاۋلىناتتى. شەرقتە كەنتنىڭ
نېرىقى تەرىپىدە ئىگىز قىيا، ساي ـ جىرالار ئوراپ تۇرغان كىچىك-
رەك دۆڭلۈك كۆزگە چېلىقاتتى. دۆڭلۈكنىڭ ئۇستىدە تېلېگراپ
سىم ياغاچلىرى قاتىرىسىغا سوزۇلۇپ كاشارىغا قاراپ كەتكەن.

بۈگۈنكى ھاۋا شۇنداق ئوچۇق ھەم سوغاق بولۇپ، كەمدىن-
كەم كۆرۈنەتتى، قۇياش ئەتراپىدا ھەسەن ـ ھۈسەن رەڭگىدەئالتۇن
كىرپىكلەر سىزىق تارتقان. شامال شىمالدىن سوقۇپتۇراتتى. دالىدا
يەر بېغىرلاپ بوران گۈگىرەيتتى، ئەمما ئۇپۇق قۇچىغىدىكى كەڭ
قارلىق تۈزلەڭ ئوپ ـ ئوچۇق كۆرۈنەتتى، پەقەت شەرقتە، ئۇپۇق
سىزىغىنىڭ ئەڭ تۈۋىدە بىنەپشىرەڭ كۆلەڭگىگە ئورالغان دالا تۇ-
تەپ تۇراتتى.

.. مىللىرووۋودىن گىرىگورىينى ئېلىپ كېلىۋاتقان پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ ئۇلخوۋىي روگدا توختىماستىنلا، كاشارىغىچە يولنى داۋاملاشتۇرۇپ، شۇ يەردە قونۇشقا قارار قىلدى، ئۇ، گىرىگورىينىڭ تېلېگىراممىسى بويىچە ئۆيىدىن چىقىپ، 28 - يانۋار كۈنى كەچقۇرۇن مىللىرووۋوغا يېتىپ كەلدى. گىرىگورىي ئۇنى ئىجارىگە ئېلىنغان ئۆيىنىڭ هويلىسىدا كۈتۈپ تۇراتتى. ئەتىسى ئەتىگەن ئۇلار يولغا چىقىپ، سائەت 11 ئۆپچۆرىسىدە ئۇلخوۋىي روگدىن ئۆتۈپ كەتتى.

گىرىگورىي، گلۇبوكايا قېشىدىكى جەڭدە يارىدار بولغاندىن كېيىن مىللىرووۋودىكى كۆچمە هەربى دوختۇرخانىدا بىر هەپتە ياتتى؛ پۈتىنى بىر ئاز داۋالاتقاندىن كېيىنلا ئۆيىگە قايتقۇسى كەلگەن ئىدى. بىر يۇرتلۇق كازاكلار ئۇنىڭغا ئات ئېپكېلىپ بەردى. گىرىگورىي بىر كۆڭلى ئۇنىماسلىق، بىر خوشال بولۇش تۇيغۇسى بىلەن كېلىۋاتاتتى: كۆڭلى ئۇنىماسلىقنىڭ سەۋەبى شۇكى — دون هاكىمىيىتى ئۇچۇن بولغان كۈرەشنىڭ تازا قىزىغان چېغىدا ئۆز قىسمىنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى، ئۇ، ئۆيى ئىچىنى ۋە يېزامنى كۆرىدىغان بولدۇم دىگەن بىرلا پىكىر بىلەن خوشال بولغان ئىدى.

ئاكسىنىيىنى كۆرۈش خاهىشىنى ئۆز ئۆزىدىن يوشۇرۇپ يۈرسىمۇ، ئۇنىمۇ ئويلاپ قوياتتى.

ئاتا - بالا ئىككىيلەن يات ئادەملەردەكلا كۆرۈشتى. پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ (پېترو قۇلىغىغا قۇيۇپ قويغان بولۇشى كېرەك) گىرىگورىيغا هۆمىيىپ قاراپ قويىدى — ئۇنىڭ تېز - تېز كۆزلىرىنى چىمىلدىتىشىدىن نارازىلىق ۋە ئەنسىرەش بىلىنىپ تۇراتتى. كەچقۇرۇن ئىستانىسىدا ئۇ،گىرىگورىيدىن ئوبلاستنى زېلزىلىگە

كەلتۈرگەن ۋەقەلەر توغرىلىق بىر ھازاغىچە تەپسىلىي سورىدى؛ ئوغلىنىڭ بەرگەن جاۋاۋى ئۇنى قانائەتلەندۈرمىگەندەك قىلاتتى. ئۇ، ئاقىرىشقا باشلىغان ساقىلىنى چىشلەپ تۇرۇپ، چەم بىلەن ئاپقۇتۇلانغان پىمىسىنىڭ ئۈستىگە قاراپ، بۇرنىنى پۇشۇلدىتىپ ئولتۇردى، تالاش - تارتىش قىلىشقا رايى بارمىغاندەك قىلىسمۇ، ئەمما كالېدىنىنى ياقلاشقا كەلگەندە تازا قايىندى — قىزىغان مىنۇتلىرىدا بۇرۇنقىدەكلا گىرىگورىيغا ۋاقىراپ، ھەتتا ئاقساق پۇتلىرى بىلەن يەرنى دەسسەپ كەتتى.

— سەن ماڭا چۈشەندۈرمەيلا قوي! كالېدىن كۆزدە بىزنىڭ يېزىدا بولغان! مەيداندا چوڭ يىغىن بولۇپ، ئۇ، شىرەنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، قېرىلار بىلەن سۆزلەشكەن، خۇددى ئىنجىلدە ئېيتىلغاندەك، مۆجىزىلەر كېلىدۇ، ئۇرۇش بولىدۇ، ئەگەر بىز ئۇياق - بۇياققا تەۋرىنىدىغان بولساق، ھەممە نەرسىلىرىمىزنى تارتىۋېلىپ، ئوبلاستقا ماكانلىشىشقا باشلايدۇ، دەپ ئالدىن خەۋەر بەرگەن. ئۇ، ئۇرۇشنىڭ بولىدىغانلىقىنى شۇچاغدىلا بىلگەن. سەن ئىتنىڭ بالىلىرى نىمىنى ئويلاۋاتىسىلەر؟ ئۇ سىلەرچىلىك بىلمەمدۇ؟ پۈتۈن ئارمىيىنى باشقۇرغان ئالىم گېنېرال تۇرسا — سەن بىلگەننى بىلمەمدۇ؟ ئەنە كامېنىسكايادا ساڭا ئوخشاش ئوقۇمىغان قارا قوساقلار ئىشتا ئولتۇرۇپ، خەلقنى قايمۇقتۇرماقتا. ھېلىقى سېنىڭ پودتېلكوۋىڭ قانداق نىمە؟ ۋاخمىستىرمۇ!... ئوھۇ! ئۇنىۋانى مەن بىلەن ئوخشاش ئىكەنغۇ. خۇددى شۇنداق!... مۇنداقلارنى تالاي كۆردۇق... ئەمدى كۆرمىگەن نىمە قالدى؟

گىرىگورىينىڭ ئاتىسى بىلەن تالاش - تارتىش قىلىشقا ھېچ ھەپسىلىسى يوق ئىدى. ئاتىسى بىلەن كۆرۈشمەي تۇرۇپلا ئۇنىڭ قانداق كۆزقاراشتا ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇتاپتا يېڭى

بىر نەرسە ئارىغا قىستۇرۇلدى: گىرىگورىيـي، چىرتىپتسوپنىڭ ئۆلـ
تۈرۈلگەنلىكىنى ۋە ئەسىرگە چۈشكـەن ئوفىتسېرلەرنىـڭ سوتسىـز
ئېتىلغانلىقىنى ئەپۇقىلىشىنىمۇ، ئۇنتۇشىنىمۇ بىلمەيتتى.

يەككە شوتىغا قوشۇلغان ئـاتلار تـوقۇلما چىتەنلىك چانىنى
يېنىكلا تارتىپ ماڭاتتى. گىرىگورىينىڭ ئـېتى ئىگىرى ئېلىنماسـ
تىنلا چۇلۋۇرى بىلەن چانىنىڭ ئارقىسىغا باغلاپ قويۇلغان بولۇپ،
يېتىلەكتە سوكۇلداپ كېلەتتى. بـالىلىق چـاغلىرىدىن تارتىپلا توـ
نۇش بولغان يېزا ـ قـىشلاقلار: كاشارى، پوپوۋكا، كـامېنكا، تۆۋەن
يابلونوۋىسكى، گــراچېف، يـاسېنوفكىلار يـول بـويى بىر بىرلەپ
كۆز ئالدىدىن ئۆتتى. ئۆز يېزىسىغا يەتكىچە گىرىگورىي يول بويى
نىمشىكىدۇ، يېقىندا بـولۇپ ئۆتكەن ئىشلار توغرىلىق باغلاشمايدىـ
غان، مەنىسىز ئويلارنى ئـويلاپ كـەلدى، كـەلگۈسىدىكى ئىشلارنى
مۆلچەرلەپ بېقىشقا ئۇرۇنغان ئىدى،ئەمماتۆۋەندە پىكرى دەم ئېلىشتىن
نېرىغا بارماي، تۇيۇق يولغا كىرىپ قـالدى: «ئـۆيگە يېتىپ بارـ
مەن ـ دە، ئـازراق دەم ئـالىمەن، يـارامنى داۋالايـمەن، ئۇندىن
كېيىن ...، ئـۇ ئـويلاۋېتىپ، كۆڭلىدە قول شىلتىدى: — ئۇ يەرـ
گە بارغاندا بىر گەپ بولار. ئىش ئۆزى كۆرسىتىدۇ...»

سوقۇشتىكى بۇرنى ـ قـۇلىغىدىن تـويدۇرغان ھـارغىنلىقمۇ
ئۇنى ئىشتىن چىقارغان ئـىدى. پۈتۈنلەي ئـاداۋەت ـ ئۆچمەنلىك
بىلەن تولۇپ تاشقان ۋە چۈشىنىپ بولمايدىغان دۇنيادىن بىر يولى
باش ئېلىپ چىقىپ كەتكۈسى كېلەتتى. ئۇ يەردە، ئارقىدا بولۇۋاتـ
قان ئىشلارنىڭ ھەممىسى چىگىش، بىر بىرىگە قارىمۇ قارشى. توغـ
را يولنى بايقىۋېلىش تەسكە چۈشىدۇ؛ ئاياق ئـاستىدىكى تۇپا پاتـ
قاقلىقتا ئوخشاش لۆمشۈپ تۇرىدۇ، يول تاراملىنىپ كەتكەن، شۇڭا
كېتىۋاتقان يول مېڭىشقا تـېگىشلىكمۇ ـ ئەمەسمۇ، ئـىشەنچ يوق.
بولشېۋىكلارغا مايىل بولۇپ، شۇلارنىڭ قېشىغا باردى، باشقىلارنىمۇ

ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتۈردى، ئەمما كېيىن ئويغا چۆمۈپ،
كۆڭلى سوۋۇدى. «ئىززاۋرىنىڭ ئېيتقىنى راستىنلا توغرىمىدۇ؟
كىمگە تايىنىش كېرەك؟» گىرىگورىي چاننىڭ ئارقا يۆلەنچۈكىگە
يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، مانا شۇ مۇجمەل پىكىرلەرنى ئويلايتتى. ئەمما
ئەتىياز كىرگەندە تىرنىلاش ماشىنىسىنى، ھارۋىلارنى ئېتىزغا
قانداق تەييارلايدىغانلىقىنى، قىزىل تالدىن ئوقۇر توقۇيدىغانلىقىنى،
يەر يالىڭاچلىنىپ، قۇرۇشقا باشلىغاندا — دالىغا چىقىدىغانلىقىنى؛
ئەمگەك سېغىنىپ قالغان قوللىرى بىلەن سوقىنىڭ تۇتقۇچىدىن
تۇتۇپ، ئۇنىڭ تېز - تېز ئۆرۈلۈپ، سىلكىنىشىنى ھېس قىلغان ھالدا
ئارقىسىدىن ماڭىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە؛ شۇنىڭدەك
ياش مايسىلارنىڭ يېقىملىق ھىدى ھەمدە قانىنىڭ نەملىكىدىن
ھاسىل بولغان چۈچۈمەل پۇرىقىنى تېخى يوقاتمىغان، يول - يول
ھەيدەلگەن قارا تۇپراق يەرنىڭ خۇشپۇرىقى دىماققا ئۇرۇلىدىغانلى-
قىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە — كۆڭلى ئېلىلىپ قالدى. ئۇ مال
قوراسىنى يىغىشتۇرغۇسى، ئوت - چۆپلەرنى ئارا بىلەن ئىرغىتقۇ-
سى، سېرىق چېچەك، ئاپىخانلارنىڭ پۇرىقىنى، ئېچىغان قىغنىڭ
ھىدىنى پۇرىغۇسى كېلەتتى، تىپچىلىق، جىمجىتلىقنى خالايتتى —
شۇنىڭ ئۈچۈن گىرىگورىي ئەتراپىغا: ئاتلارغا، جۇۋىغا ئورالغان ئا-
تىسىنىڭ تىك تارتىشىپ تۇرغان دۈمبىسىگە كۆز تىككەندە، ھۇماي-
غان كۆزلىرىدە ئۇياتچان شادىمانلىقنىڭ بەلگىلىرىمۇ بار ئىدى.
ئاشۇ ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى: قوي تېرىسىدىن تىكىل-
گەن جۇۋىنىڭ پۇرىقىمۇ، تازىلانمىغان ئاتلارنىڭ ئۆي - قورادىكى
كۆرۈنۈشىمۇ، بىرەر يېزىنىڭ يول ئۈستىدىكى قوراسى قېشىدا كاتەك
ئۈستىدە قىچقىرىۋاتقان خورازمۇ ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقان بۇرۇنقى ھا-
ياتنى ئېسىگە سالدى. شۇ تاپتا مۇشۇ خىلۋەت جايدىكى ھايات ئۇنىڭغا
قولماق ئۈسۈملۈكىدەك قويۇق ۋە لەززەتلىك تۇيۇلدى.

ئەتىسى كەچ كىرىش ئـالدىدا بۇلار يېزىغا يېتىپ كېلىشتى.
گىرىگورىي دۆڭنىڭ ئۈستىدىن دوننىڭ نېرىقى تەرىپىگە نەزەر تاشـ
لىدى: ئەنە ئەتراپىدىكى قۇمۇشلىرى سۆسەر تېرىسىدەك تال ـ تال
ساڭگىلاپ تۇرغان «ئايال كـۆلچىگى»؛ ئەنە قاخشال تېرەك، ئـەمما
دوندىن كېسىپ ئۆتىدىغان ئۆتكەل بۇرۇنقى جايىدا ئەمەس ئىكەن.
يېزا، تونۇش چارسا بىنالار، چېركـاۋ، مەيدان... ئۆزىنىڭ ئـۆيىگە
كۆزى چۈشكەندە كاللىسى پىررىدە قايىدى، بۇرۇنقى خاتىرىلەر ئۇنىڭ
كاللىسىنى تاشقۇندەك بـاستى، هويلىسىدىن ــ قـۇدۇق بېشىدىكى
سۇ تارتىدىغان بادرا ياغاچ سۇر قولىنى سـوزۇپ، چاقىرىپ تۇرغانـ
دە كۆرۈنەتتى.
ــ كۆزۈڭ ئېچىشۋاتامدۇ؟ ــ دەپ كۈلۈمسىرىدى پانتېلېي
پروكوفيېۋىچ ئارقىسىغا قـايرىلىپ، گىرىگورىينىمۇ قـۇۋلۇق قىلماي
كۆڭلىدىكىنى ئېيتتى:
ــ ئېچىشۋاتىدۇ... قـانداقمۇ ئېچىشمىسۇن!...
ــ دېمەك، ۋەتەن ـدە! ــ پانتېلېي پروكوفيېۋىچ قانائەتلەنـ
گەن هالدا خۇرسىنىپ قويدى.
پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئاتلارنى يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاراپ
هەيدىدى. ئاتلار ئىگىز دۆڭدىن تېز چېپىپ چـۈشۈشكە باشلىدى،
چانا ئـۇياقتىن ـ بۇياققا لىكىلداپ، غۇيۇلداپ ئۇچقاندەك كېلەتتى.
گىرىگورىي، ئاتىسىنىڭ كۆڭلىدىكى غەرىزىنى ئۇققان بولسىمۇ، ئەمـ
ما سورىماي تۇرالمىدى:
ــ نىمىشكە يېزىنىڭ ئىچىگە هەيدەيسەن؟ ئۆزىمىزنىڭ كوـ
چىسىغا هەيدىسەڭچۇ.
پانتېلېي پروكوفيېۋىچ قايرىلىپ، قىرو باسقان مىيىغىدا كۈـ
لۈپ، كۆزىنى قىسىپ قويدى:
ــ ئوغۇللىرىمنى ئۇرۇشقا ئـۇزاتـقاندا ئـادەتتىكى جەڭچى

كازاك ئىدى، ئەمدىلىكتە ئۇفتىسىز بولۇپ قـايتىشتى. خوش، ئۇغـ لۇمنى يېزىنىڭ ئوتتۇرىسى بىلـەن ئېلىپ ئـۆتسەم، ماڭا ئىپتىخار ئەمەسمۇ؟ ھەممىسى كۆرۈپ ھەۋىسى كـەلسۇن. بۇرادەر، شـاتلىقىم ئىچىمگە سىغمايۋاتىدۇ!

چوڭ كوچىدا پـانتېلېي پروكوفېيېۋىچ ئاتلارغـا سىپايىلىق بىلەن ۋاقىراپ قويىدى ـ دە، بىر تەرەپكە يانتىيىپ تۇرۇپ، ئۇششاق ئۆرۈلگەن قامچىسىنى ئوينىتىپ قويىدى، ئـاتلارمۇ ئۆيگە يېقىنلاشـ قانلىقىنى سېزىپ (گويا 140 چاقىرىم يولنى باسمىغاندەك!) تېز ۋە چاققان يۈرۈپ كەتتى. ئۇچراشقان كازاكلار تازىم قىلىشتى، هويلـ لاردىن ۋە ئۆيلەرنىڭ دەرىزىلىرىدىن ئـاياللار قـوللىرىنى كۆزىگە تۇتۇپ قاراشتى؛ كوچىدا يۈرگەن توخۇلار قاقاقلىشىپ، يەردە دومىـ لاپ، يولنى كېسىپ ئۆتۈپ كـەتتى. ھەممە ئىش كـۆڭـۈلـدىكىدەك سىپ ـ سىلىق كېتىۋاتاتتى. مەيداندىنمۇ ئۆتۈشتى. گىرىگورىينىڭ ئېتى موخوۋنىڭ تېمىغا باغلاپ قويۇلغان بىر ئاتقا كۆز قىرى بىلەن قاراپ كىشنىـدى ۋە بېشىنى يـۇقۇرى كـۆتىرىپ ماڭدى. يېزىنىڭ چېتى، ئاستاخوۋنىڭ ئۆگزىسى كـۆرۈندى ... ئـەمما دەل شۇ يەردە دەسلەپكى 4 كوچىغا كەلگەندە، بىر كېلىشمەسلىك يۈز بەردى: كوـ چىنى كېسىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر چوشقىنىڭ كـۈچۈكى چاققان بولالماي،ئاتنىڭ تۇيىقى ئاستىغا چۈشۈپ قېلىپ خاقىرىدى،ئۇندىن كېيىن دومىلاپ، چىقىراپ كەتتى، چەيلەنگەن ئۇمۇرتقىلىرىنى كۆتىرەلمەي قالدى.

ــ ئاھ، سەن شەيتاننى قايسى مەخلۇق بـۇ يـەرگـە ئېلىپ كەلدىكىنە!ــ دەپ كايىدى پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ يەنچىلىپ كەتـ كەن چوشقا كۈچۈكىنى قامچىسى بىلەن ئىتتىرىپ.

مانا پالاكەت، بۇ ئافونكا ئوزېروۋنىڭ تۇل ئايلى ئانيوتكىـ نىڭ چوشقا كۈچۈكى ئىدى، بۇ ــ تىلى زەھەر،ئىنتايىن ۋالاقتەككۇر

خوتۇن ئىدى. ئۇ ھايالسىز ھويلىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى؛ رو-
مىلىنى يەلكىسىگە تاشلاپ، شۇنداق يامان تىللارنى ياغدۇردىكى،
پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ ھەتتا ئىتنىڭ بېشىنى تارتىپ ئارقىغا بۇ-
رۇلۇشقا مەجبۇر بولدى.

— تىلىڭنى تارت، ئەخمەق خوتۇن! نىمە ۋاقىرايسەن؟سېنىڭ قوتۇر كۈچۈكۈڭنىڭ خۇنىنى تۆلەپ بېرەرمىز!...

— جىندىن تۆرەلگەن!... ئالۋاستى!... ئۆزەڭ قوتۇر، توكۇر ئىت!... سېنى ھازىرلا ئاتامانغا ئېلىپ بارىمەن!...، — دەپ ۋالاقشىدى ئايال قوللىرىنى شىلتاپ، — ئاناڭنىڭ تاناۋىنى تارتىپ، يېتىم - يېسىرنىڭ مېلىنى قانداق باستۇرۇۋېتىشنى ئۈگىتىپ قويىمەن تېخى!...

بۇ سۆز پانتېلېي پروكوفىيېۋىچنىڭ جېنىغا تەگدى - دە، قىسىپ - قىزىرىپ ۋاقىرىدى:

— توك قاغا!

— لەنىتى ئۆرك!...، — ئوزېرووۋا چاقچاقانلا جاۋاپ قايتۇردى.

— قانجۇق، ئاناڭغا مىڭ لەنەت! — دىدى پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ ئاۋازىنى كۆتىرىپ.

ئەمما ئانىيوتكا ئوزېرووۋا ئەزەلدىن گەپكە چىچەن ئىدى.

— ئەجەبى ئالۋاستى! يۈزسىز قېرى! ئوغرى! خەقنىڭ تىرنىسىنى ئوغرىلىدىڭ!... ژالمېركىلارنىڭ ① ئۆيىگە چاپىسەن!...،— ئۇ سېغىزخاندەك ۋالاقلاپلا كەتتى.

— ھىلى جۇمۇ، سەن قانجۇقنى قامچا بىلەن ساۋايمەن!... ئاغزىڭنى يۇم!

ئەمما شۇ يەرگە كەلگەندە ئانىيوتكا شۇنداق يامان بىر سۆزنى

① ژالمېركا — ئۇرۇشقا كەتكەن سولداتنىڭ تۇل خوتۇنى — ت.

قىلدۇ‌ندى، ھەتتا ئۆز ئۆمرىدە تالاي ئىشلارنى بېشىدىن كەچۈر-
گەن، كۆپنى كۆرگەن ئادەم — پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئىزا تارت-
قانلىقتىن قىزىرىپ كەتتى، ماڭلىيىدىن چىپىلداپ تەر ئاقتى.

— يۈرسەڭچۇ! ... بۇنداق نىمە بىلەن نىمىشكە تەڭ بولى-
سەن؟ — دىدى گىرىگورىي ئاچچىغى بىلەن، ئۇ، سەل كېچىكىپ
قالدىغان بولسا ئادەملەر كوچىغا چىقىپ، قېرى مېلېخوپ بىلەن
ھۆرمەتلىك تۇل خوتۇن ئۇزېرووۋا ئوتتۇرىسىدا تەسادىپى بولۇپ
ئۆتكەن گەپ - سۆزلەرگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالىدىغانلىغىنى
بايقىغان ئىدى.

— تىلىنى كۆردۈڭمۇ ... مۇنۇ قېپىش - تاسمىدىنمۇ
ئۇزۇن! — پانتېلېي پروكوفيېۋىچ دىلى غەش بولۇپ، بىرنى
تۈكۈردى - دە، ئانيوتكىنىڭ ئۆزىنى باستۇرۇپ ئۆتۈپ كەتمەكچى
بولغاندەك ئاتلارنى تېز ھەيدەپ كەتتى.

بىر مەھەللىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئەندىشە بىلەن
ئارقىسىغا قايرىلىپ قاراپ قويدى:

— ئاغزىدىن زەھەر قۇيۇلىدۇ! ... ھەي، سەن نائەھلىنى ...
بېلىڭ ئۈزۈلۈپ كەتسۇن، تولۇم چاشقان، مەلئۇن! — دىدى پانتې-
لېي پروكوفيېۋىچ دىلخەستە بولۇپ، — كۈچۈگۈڭ بىلەن سەنمۇ
ئاتىنىڭ ئاستىدا قالساڭچۇ! مۇشۇنداق نومۇسسىزنىڭ تىلىغا ئۇچ-
رىغان ئادەم — قۇرۇق سۆڭەك بولۇپ قالىدۇ.

ئۇلارنىڭ چانىسى ئۆيىنىڭ كۆك سىرلانغان دەرىزىلىرى قې-
شىدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەلدى. پېترو يالاڭباش، بېلىگە كەمەر
باغلىماستىنلا گىمناستۇركا بىلەن چىقىپ، دەرۋازىنى ئاچتى. پىشاي-
ۋاندىن دۇناشكىنىڭ ئاپپاق رومىلى ۋە چاقناپ تۇرغان قارا كۆز-
لىرى، كۈلۈمسىرىگەن يۈزى يالت قىلىپ كۆرۈندى.

پېترو ئىنىسىنى سۆيۈپ، بىر پەس ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ
كەتتى:

— سالامەتمۇسەن؟

— يارىدار بولدۇم.

— قەيەردە؟

— گلۇبوكايا يېنىدا.

— ئۇ يەردە يۈرۈشنىڭ نىمە زۆرۈرىيىتى بار ئىدى؟ ئۆيگە بالدۇرراق قايتىپ كەلسەڭچۇ.

ئۇ گىرىگورىينى ئىللىق چىراي بىلەن سەمىمى سىلكىپ قويۇپ، قولمۇ-قول دۇناشكىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. گىرىگورىي سىڭلىسىنىڭ تىك، لىغىرلاپ تۇرغان يەلكىسىدىن قۇچاقلاپ، يۈز-كۆزلىرىدىن سۆيۈپ، ئارقىغا چېكىندى-دە، ھەيران بولۇپ:

— پاھ، دۇنەخا، جىن ئۇرغۇر، تونۇغۇسىز بولۇپ كېتىپسەنغۇ!... كارامەت قىز بولۇپسەن، مەن سېنى ھېچنىمىگە يارىمايدىغان شىتىلە قىز بولارمىكىن، دەپ ئويلاپ يۈرگەن ئىكەنمەن.

— سەنمۇ، ئاكا، نەدىكى گەپلەرنى قىلىدىكەنسەن! ...، — دۇناشكا ئۆزىنى چىمدىتماسلىق ئۈچۈن بىرلا ئىرغىدى-دە، بۇمۇ گىرىگورىينىڭكىگە ئوخشاش ئاپپاق چىشلىرىنى ۋالىلدىتىپ، كۈلۈمسىرىگەن پېتى ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

ئىلىئىنىشنا، گىرىگورىينىڭ بالىلىرىنى كۆتىرىپ كېلىۋاتاتتى، ئەمما ناتالىيە يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتتۈۋالدى. ناتالىيە چىراي پەيدا قىلىپ، خېلىلا ئوماقلىشىپ قېلىپتۇ. سىلىق تارالغان قاپ-قارا پاقىراپ تۇرغان چاچلىرى ئارقىسىغا زىچچىدا بىر تۈگۈن قىلىپ چىگىلگەن بولۇپ، خوشاللىقىدىن قىزارغان يۈزىگە ھۆسۈن بېغىشلايتتى. ئۇ، گىرىگورىيغا مەھكەم يېپىشىۋېلىپ، مەڭزىدىن، بۇرۇتلىرىدىن قايتا-قايتا سۆيدى ۋە ئىلىئىنىشنانىڭ قولىدىن ئوغلىنى شارتتىدە ئېلىپ، ئۇنى گىرىگورىيغا سۇندى.

— ئوغلۇڭ قانداقكەن — بىر قارىغىنا! — ئۇنىڭ ئاۋازى

مەغرۇرانە خوشاللىق بىلەن جاراڭلاپ چىقتى.

— ئوغلۇمنى كۆرگىلى قويساڭچۇ! — ھولۇقۇپ قالغان ئىلـ ئىنىشنا كېلىنىنى چەتكە ئىتتەردى.

ئانىسى گرىگورىينىڭ بېشىنى ئېگىپ، پېشانىسىدىن سۆيـدى - دە، يىرىك قولى بىلەن يۈزىنى بىرلا سىلاپ، ھايـاجان ۋە شاتلىقتىن يىغلىۋەتتى.

— قىزىڭغا قارىغىنا، گرىد - ش - ا!... قېنى قولۇڭغا ئال!...

ناتالىيە رومالغا ئورالغان قىزىنى گرىگورىينىڭ يەنە بىر قولىغا تۇتقۇزغاندىن كېيىن، گرىگورىي قايسىسىغا قاراشنى بىلەلمەي قالدى: ناتالىيىگە قارايمۇ، ئانامغا قارايمۇ ياكى بوۋاقلارغا قارايمۇ، دەپ گاڭگىراپ قالدى. قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، قاپىغىنى ئاچماي قا-رايدىغان ئوغۇلچىغى نەق مېلېخوپلار نەسلىگە تارتقان ئىدى: قاپ-قارا، سەل - پەل جىددى قارايدىغان كۆزلىرىنىڭ پىچىمى ئۇزۇنـراق كەلگەن، قاشلىرى قەلەم بىلەن سىزغاندەك كەڭ، بۇرنۇپ چىقـقان كۆز ئېقى كۆكۈش، ئەتلىرى قارا قۇمچاق، ئۇ كىرلەنگەن كىپـچىككىنە مۇشتىنى ئاغزىغا تىقىپ ئۇراتتى — يان تەرەپكە قىيشـيىپ تۇرۇپ، ئاتىسىغا تىكىلىپ قارايتتى. گرىگورىي قىزىنىڭ كىـچىككىنە ئۆتكۈر، ئاكىسىنىڭكىدەكلا قاپ - قارا كۆزلىرىنىلا كۆرەلـدى، — يۈزى رومالغا ئوراقلىق ئىدى.

ئۇ، 2 بالىسىنى ئىككى قولىدا كۆتىرىپ، پەلەمپەي تەرەپكە قاراپ مېڭىۋىدى، ئەمما پۇتى سانچىپ ئاغرىشقا باشلىدى.

— بۇلارنى ئالساڭچۇ، ناتاشا...— گرىگورىي ئەيىپكارلارچە ئاغزىنى بىر تەرەپكە قىيشايتىپ كۈلۈپ قويدى.— بولمىسا بوسۇ-غىدىن ئاتلاپ ئۆتەلمەيمەن.

دارىيە ئاشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چېچىنى تۈزەپ تۇرغان ئىكەن. ئۇ كۈلۈمسىرەپ ئەركىن - ئازادە گرىـگورىينىڭ قېشىغا

كەلدى. كۆلگۈنچەك كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ئۇللىق نەم لەۋلىرىنى قېينى
ئىنىسىنىڭ لەۋلىرىگە مەھكەم يېپىشتۇردى.

قارا سىيا بىلەن سىزغاندەك كامان قاشلىرىنى غەلتە
ئوينىتىپ:

— تاماكىنىڭ پۇرىغى چىقىپ تۇرىدۇ! — دىدى.

— قېنى، ساڭا يەنە بىر قېتىم قارىۋالاي! ئاھ، تايچىغىم،
جېنىم ئوغلۇم! — دىدى ئانىسى.

گىرىگورىي كۈلۈمسىرىدى، ئانىسىنىڭ يەلكىسىگە بېشىنى
قويغاندا، قەلبى هاياجان بىلەن ئۆركەشلىدى.

پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ هويلىدا، چانىنىڭ ئەتراپىدا ئاقساق-
لاپ، قىزىل بەلۋىغى بىلەن قۇلاقچىسىنىڭ شەلپەر تېشىنى قىزار-
تىپ، ئاتلارنى چانىدىن چىقىرىۋاتاتتى، پېترو، گىرىگورىينىڭ ئېتى-
نى ئېغىلغا ئېپىرىپ قويۇپ، ئىگىرىنى دەهلىزگە ئېلىپ كىرىپ كې-
تىۋاتقاندا، كىچىككىنە بىر بوچكا كىرىسىنى چانىدىن ئېلىۋاتقان
دۇناشكىغا بۇرۇلۇپ بىرنىمە دىدى.

گىرىگورىي يېشىنىپ، جۇۋىسى بىلەن شىنېلىنى كارۋاتنىڭ
بېشىغا ئېسىپ قويۇپ، چېچىنى تارىدى. ئۇ، ئۇزۇن ئورۇندۇققا
ئولتۇرغاندىن كېيىن ئوغلىنى قىچقاردى:

— قېنى، قېشىمغا كەل، مىشاتكا، خوش، نىمە قاراپ تۇر
سەن، مېنى تونۇمىدىڭمۇ؟

ئوغلى مۇشتىنى ئاغزىدىن چىقارماستىن، ئەيمىنىپ، يان بى-
لەن ئاستا يېقىنلاپ كېلىپ، شىرەنىڭ يېنىدا توختىدى. ئانىسى
مەشنىڭ يېنىدا ئۇنىڭغا مېھرىۋانلىق ۋە پەخىرلىنىش بىلەن قاراپ
تۇراتتى. ئۇ، قۇچىغىدىكى قىزىنىڭ قۇلىغىغا بىر نىمە دەپ پىچىر-
لىدى - دە، ئۇنى پەسكە چۈشۈرۈپ، ئاستا ئارقىسىدىن ئىتتەردى.

— سەنمۇ بار!

گىرىگورىي ھەر ئىككىلىسىنى بىراقلا كۆتىرىپ، ئىككى تىزىغا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن سورىدى:

— مېنى تونۇيالمايۋاتامسىلەر، قـوشماقلار؟ پولىيۇشكا، سەنمۇ داداڭنى تونۇمىدىڭمۇ؟

— سـەن دادام ئـەمـەس، — دەپ پېچىرلىدى ئـوغلى (ئۇ سىڭلىسى بىلەن بىللە تۇرغاندا ئۆزىنى يـۈرەكلىك ھېس قىلاتتى).

— ئەمىسە مەن كىم؟

— سەن — يات كازاك.

— شۇنداق دىگىن!...» — گىرىگورىي قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى، — ئۇنداق بولسا، داداڭ نەدە؟

— دادىمىز ئەسكەرلىكتە، — دىدى قىزى بېشىنى ئېگىپ، ئە‍شەنچ بىلەن (ئۇ خېلى دادىل ئىدى).

— ئۇنىڭ ئىشى شۇنداق، قوزىچاقلىرىم! ئۆز ئائىلىسىنى بىلـ‍ـلىۋالسۇن، دىمىسىمۇ ئۇ، يىلبويـى نەلەردە ئۇچۇپ يۈرىدۇ، قايتىپ كەلگەندە ئۇنى تونۇۋال! — ئىلئىنىشنا ئانچىكىملا قاپىغىنى تۈرۈپ سۆز قىستۇردى، گىرىگورىي كۈلۈپ قويغاندا ئۇمۇ كۈلدى، — پات ئارىـدا خوتۇنىمۇ ئۇنى تونۇماي قالىدۇ. بىز ئۇنىڭغا كۈيـۈۋمۇ تاپماقچى بولغان ئىدۇق.

— بۇ نىمە گەپ، ناتالىيە؟ راستمۇ؟ — گىرىگورىي ئايىلىغا چاقـچاق قىلدى.

ناتالىيە قىزىرىپ كەتتى، ئۆز كىشىلىرى ئالدىدا ئىزا تارتىشنى يېڭىپ، گرىگورىينىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى، چەكسىز بەختـلىك كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭ ھەممە يېرىگە نەزەر سېلىپ، ئۆزىنىڭ ئىسسىق قولى بىلەن ئېرىنىڭ قاخشال قىزارغان قولىنى سىلىدى.

— دارىيە، داستىخان تەييارلا!

— ئۇنىڭ ئۆز ئايىلى بارغۇ، — دەپ كۈلدى دارىيە ۋە ھامان

شوخلۇغىنى قويماي، ئوينىقىشىپ مەش تەرەپكە ماڭدى. ئۇ بۇرۇنقىـ
دەكلا نەپىس، ئالىپتە ياسىنىۋالغان ئىدى. نازۇك، چىرايلىق پۇتىغا
بىنەپشىرەڭ يۇڭ پايپاق كىيىۋالغان، ئەپچىل تىكىلگەن ئۆتۈكى پۇـ
تىغا خوپ ياراشقان، توق قىزىل قاتلاق يوپكىسى بېلىنى چىڭقىسىـ
قىپ تۇراتتى، كەشتىلىك پەشتامىسى ئۆزىنىڭ كىرسىز ئاقلىغى بىـ
لەن ھەشەمەتلىك كۆرۈنەتتى. گىرىگورىي يەڭگىسىگە كۆز يۈگۈرتۈپ
ئۇنىڭمۇ قىياپىتىدە ئۆزگىرىش بولغانلىغىنى بايقىدى. دارىيە، گىرىگوـ
رىينىڭ كېلىشى بىلەن يېڭىۋاشتىن كىيىنىپ ئالدىغا چىققان ئىدى؛
يېڭىنىڭ بېغىشىغا تار، جىمجىمدار كەشتە تۇتۇلغان ھاۋا رەڭ لەمبۇق
كوپتىسى كېلىشكەن قامىتىگە چىپپىدا كەلگەن، مىلىق ـ مىلىق چوڭ
كۆكرەكلىرى دۇپپۇيۇپ تۇراتتى، ئىتىگىگە كۆك پۈرمە كەشتە تۇتۇلـ
غان يوپكىسىنىڭ تۆۋەن تەرىپى كەڭ بولۇپ، ئۈستى تەرىپى بېلىگە
دەل كەلگەن، گىرىگورىي يان تەرەپتىن ئۇنىڭ تولۇشقان، سىپ ـ سىـ
لىق پاچاقلىرىغا، ئۇندىن كېيىن بېقىلغان بايتالنىڭكىدەك كەڭ ساغـ
رىسى ۋە لىغىرلاپ تۇرغان بەدىنىگە قاراپ، ئىچىدە: «ھەممە ئايالـ
لارنىڭ ئىچىدە كازاك ئايىلى مانا مەن دەپلا بىلىنىپ تۇرىدۇ، كىـ
يىم كىيگەندە، ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى چۈشۈپ تۇرىدىغان بولسۇن
دەيدىغان ئادىتى بار؛ خالىساڭ قارا، خالىمىساڭ ـــ مەيلى. ئەر كىـ
شىلەر بولسا قاپنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغاندەك ئالدى ـ ئارقىنى پەرق
ئېتەلمەيسەن...» دەپ ئويلىدى.
ئىلئىنىشنا ئوغلىنىڭ قاراپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ، ئەتەي
ماختىنىپ:
ـــ بىزنىڭ ئائىلىدە ئوفىتسېرلەرنىڭ ئاياللىرى مانا شۇنداق
كىيىنىدۇ! شەھەر ئاياللىرىنىڭ كۆپى يېتىشەلمەيدۇ! ـــ دىدى.
ـــ نىمە دىگىنىڭىز بۇ، ئانا! ـــ دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى داـ
رىيە، ـــ بىزنىڭ شەھەر ئاياللىرىغا يېتىشىمىز نەدىكى گەپ! قۇلىغىمـ

دىكى سىرغام سوۇنۇپ كەتتى، هازىر بىر تىيىنگە يارىمايدۇ! — ئۇ سۆزىنى رەنجىگەن پېتى ئاياقلاشتۇردى.

گىرىگورىي قولىنى ئايىلىنىڭ كەڭ، ئىشتا پىشقان دۈمبىسىگە قويۇپ، بىرىنچى قېتىم: «گۈزەل ئايال، كىشىنىڭ نەزىرىنى جەلىپ قىلىدۇ... مەنسىز ئۇ كۈننى قانداق ئۆتكۈزگەندۇر؟ بەلكىم، ئۇنىڭغا كازاكلارنىڭ هەۋىسى كەلگەندۇ، بۇمۇ، بىرەرسىگە كۆزسالدىمۇ-يوق كىم بىلسۇن. تۇلقالغان چېغىدابىرەرسىنى قوينىغا ئالغان بولسىچۇ؟» دەپ ئويلىدى. مۇشۇ تاسادىپى پىكىردىن يۈرىكى جىغ-غىدا قىلىپ، كۆڭلى بىر قىسما بولۇشقا باشلىدى. ئۇ سىناق نەزىرى بىلەن ئۇنىڭ پاقىراپ تۇرغان قىزىل مەڭزىگە، ئۇپىنىڭ هىدى ئاڭقىپ تۇرغان يۈزىگە تىكىلىپ قارىدى. ناتالىيە ئۇنىڭ سىنچىلاپ قارىشىدىن قىزىرىپ كەتتى — ئەمما خىجىللىقنى يېڭىپ:

— نىمانچە قارايسەن؟ سېغىندىڭمۇ، نىمە؟ — دەپ پىچىرلىدى.

— سېغىنمايچۇ!

گىرىگورىي بايىقى گۇمانىنى خىيالىدىن چىقىرىۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما كۆڭلىدە شۇتاپتا ئايىلىغا نىسبەتەن بىر ئۆچمەنلىك، غەشلىك پەيدا بولغان ئىدى.

پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ ئىنجىقلاپ ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى. ئۇ مەئبۇدنىڭ سۈرىتىگە قاراپ چوقۇنۇۋېلىپ، قاقىرلىدى:

— خوش، يەنە بىر قېتىم تېچلىق سوراي، ئوبدان تۇرۇۋاتامسىلەر؟

— خۇداغا شۈكۈر، چال ... توڭلىدىڭمۇ؟ بىز سېنى كۈتۈپ ئولتۇرغان ئىدۇق: كاپوستا شورپىسى ئىسسىق، يېڭىلا ئوتتىن چۈشۈردۇق، — دىدى ئىلئىنىشنا قاچا-قوشۇقلارنى جىرىڭلىتىش بىلەن ئويان-بۇيان ئالدىراپ.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بويىندىكى قىزىل رومالنى يېشىپ، مۇزلاپ كەتكەن ئاستى چەم پىمىسىنى تۈكۈرلىتىپ، جۇۋىسىنى سالدى. ساقال - بۇرۇتىدىكى قېتىپ قالغان ئۇششاق مۇزلارنى چۇشۇرۈۋېتىپ، گىرىگورىينىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى - دە:

—توڭلىغان ئىدىم، يېزىغا كىرگەندىن كېيىن ئىسسىپ قالدىم... ئانيوتكىنىڭچوشقا كۈچۈكىنى ئاتقا باستۇرۇۋەتتۇق...،—دىدى.

— قايسى ئانيوتكىنىڭ؟ — دەپ قىزىقىپ سورىدى دارىيە توغراۋاتقان ئاق ناننى قويۇپ تۇرۇپ.

— ئوزىروۋانىڭ، بۇ ياۋۇز يوگۇرۇپ چىققان پېتى ھاقارەتلەپ كەتتى! ئاقچى - كۆكچى، ئوغرى، مۇتىھەم، بىراۋنىڭ تىرنىسىنى ئوغرىلىدىڭ دەيدۇ. كىمنىڭ تىرنىسى ئۇنكەنلىگىنى شەيتان بىلسۇن!

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ، ئانيوتكىنىڭ ئۆزىگە قويغان لەقەملىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر بىرلەپ ساناپ چىقتى، پەقەت ژالمېركىلار بىلەن يۈرسەن، دىگەن يېڭى گۈنانى ئاغزىدىن چىقارمىدى. گىرىگورىي شىرەنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋېتىپ مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى، پانتېلېي پروكوفيېۋىچمۇ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولۇپ، قايناپ - تېشىپ سۆزىنى توگەتتى:

— ئاغزىغا كەلگەننى ۋالاقشىپ دىمىگىنى قالمىدى! قايتىپ بېرىپ قامچا بىلەن تازا سالاي دىۋىدىم، گىرىگورىي قېشىمدا بولۇپ قالدى - دە. بۇنىڭ ئالدىدا ئۇنداق قىلىشقا ئامالسىز قالدىم.

پېترو ئىشىكنى ئاچتى، ئارقىدىنلا دۇناشكا بىر قىزىل قاشقا موزاينى بەلۋاغ بىلەن يېتىلەپ ئېلىپ كىردى.

— بارات كۆنى قويماقنى قايماققا توگۇرۇپ يەيمىز!—دىدى

پېترو موزايىتى پۇتى بىلەن ئىتتىرىپ سۆيۈنگەن هالدا.

تاماقتىن كېيىن گىرىگورىي قاپنىڭ ئاغزىنى يېشىپ، ئېلىپ كەلگەن سودىلىغىنى ئۆي ئىچىدىكىلەرگە ئۈلەشتۈرۈشكە باشلىدى.

— مۇنۇ ساڭا، ئانا ...،— ئۇ ئىسسىق يۇڭ رومالنى ئانىسىغا سۇندى.

ئىلىنىشنا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، ياش چوكاندەك قىزىرىپ، سوغاتنى قوبۇل قىلىپ ئالدى.

ئۇنى يەلكىسىگە ئارتىپ، ئەينەكنىڭ ئالدىدا يەلكىسىنى ئۇيان - بۇيانغا تولغاپ ئايلىنىۋىدى، پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ ئاچچىقلىنىپ:

— قېرى قاغا، ئەينەككە قارىغىنىنى تېخى! تۇفى!...،— دەپ كايىپ قويدى.

— مۇنۇ ساڭا، دادا...،— دىدى گىرىگورىي كالدىرلاپ، كازاكلار كىيىدىغان، قاسقىنى ئىگىز، قىزىل جىيەك تۇتقانيىپ-يېڭى فۇراژكىنى ھەممىنىڭ كۆزئالدىدا بىر پىقىرىتىپ.

— ئەيسا يار بولسۇن! تۈزۈك فۇراژكام يوق ئىدى. بۇ يىل دۇكانلاردا ئۇنى ساتمىدى... ئېلىپ كەلمىگەن بولساڭ، يازنىڭ كۆنى نىمىنى كىيەتتىم... چېركاۋغا كونا فۇراژكىنى كىيىپ بېرىش ئەيىپ ئىش. ئۇنى، ھىلىقى كونا فۇراژكىنى دەيمەن، قارانچۇقنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ قويسا، شۇنىڭغا لايىق، ئەمما مەن شۇنىمۇ كىيىپ يۈرگەن ئىدىم...،— دىدى ئۇ چالۋاقاپ، گويا بىرسى كېلىپ ئوغلىنىڭ سوغىتىنى تارتىۋالىدىغاندەك ئەتراپقا ئالاچەكمەن بولۇپ قاراپ قويدى.

ئەينەكنىڭ ئالدىغا بېرىپ كىيىپ كۆرۈپ باقاي دىۋىدى، ئەمما ئىلىنىشنانىڭ تىكىلىپ قاراپ تۇرغانلىغىنى كۆرگەچ، شارتتىدا

بۇرۇلۇپ ساماۋار تەرەپكە ئاقساقلاپ كېتىپ قالدى. ھەر ھالداساما-ۋارغا قاراپ، فۇراژكىنى چىكىسىگە كىيىپ كۆرۈپ باقتى.
— نىمە قىلىپيۈرىسەن، قېرى كۆسەي!—دىدى ئىلئىنىشنا ئۇستىدىن چۇشۇپ.
ئەمما پانتېلېي پىروكوفيېۋىچ ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماي:
— ھەي پەرۋەردىگارا! سەن نىمە دىگەن ئەخمەق خوتۇن! بۇ ئەينەك ئەمەس، ساماۋارغۇ؟ كۆرۈپ تۇرۇپسەنغۇ!— دىدى.
گىرىگورىي ئائىلىگە بىر يوپكىلىق يۇڭ رەخت قويدى؛ بالىلىرىغا بال پىرەندىك بەردى؛ دارىيىگە — ياقۇت كۆزلۈك كۈمۈش ھالقا؛ دۇناشكىغا — كوپتىلىق رەخت؛ پېتروغا — بىر قۇتاپاپىروس بىلەن بىر قاداق تاماكا بەردى.
ئاياللار تارتۇقلارنى كۆرۈشۈپ، جاۋىلدىشىۋاتقاندا پانتېلېي پىروكوفيېۋىچ قارتىدىكى قاغا كورۇلدەك ئاشخانا ئىچىدىن ئۆتكەندە، ھەتتا كۆكرىگىنى كېرىپ:
— مانا بۇ كىشى ئىمتىيازلىق كازاكپولكىنىڭ بىر كازاكى! بەيگىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن! ئىمپىراتور قاتناشقان كۆرەكتە بىرىنچى بولۇپ ئىككى قولتۇغىدىن تۇتۇپ ئېلىپ كەتكەن! ئىگەر-جابدۇقلىرىنىمۇ! ئۇھ، كۆردۇڭمۇ!...— دەپ قويدى.
پېترو بۇغداينىڭ باشقىدەك بۇرۇتىنى چىشلەپ ئاتىسىغا ھەۋەس بىلەن قارايتتى، گىرىگورىي كۈلەتتى. تاماكا چېكىشتى، شۇ پەيتتە پانتېلېي پىروكوفيېۋىچ دەرىزىگە ئېھتىيات بىلەن قاراپ قويۇپ:
— ئۇرۇق - تۇققان، خۇلۇم - خوشنىلار كەلمەس چاغدائۇ-ياقتا نىمە بولۇۋاتقانلىغىنى پېتروغا سۆزلەپ بەرگىنە،—دىدى.
گىرىگورىي قولىنى بىرسىلكىپ:

— ئۇرۇشۇۋاتىدۇ، —دېدى.

— بولشېۋىكلار ھازىر نەدە؟— دەپ سورىدى پېترو ئەپلەك-رەك يەردە ئولتۇرۇپ.

— 3 تەرەپتىن: تىخورېتسكايادىن، تاگانروكتىن، ۋورو-نېژدىن كېلىشىۋاتىدۇ.

— خوش، سىلەرنىڭ ھەربىي - ئىنقىلاۋىي كومىتېت نېمە قىلىشنى ئويلاۋاتىدۇ؟ ئۇلارنىڭ بىزنىڭ يەرگە كېلىشىگە نىمىشكە يول قويىدۇ؟ خىرىستونە بىلەن ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ بۇيەرگە كېلىپ-تىكەن، ھەرنىمىلەرنى دەپ كېتىشتى، ئەمما ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەيمەن. بۇنىڭدا بىرگەپ بار...

— ھەربىي - ئىنقىلاۋىي كومىتېتنىڭ كۈچى ئاجىز. كازاكلار ئۆي - ئۆيلىرىگە قېچىپ كېتىۋاتىدۇ.

— دېمەك، شۇ سەۋەپتىن سوۋېتلارغا تايىنىش كېرەكمۇ؟

— ئەلۋەتتە، —شۇ سەۋەپتىن.

پېترو ئۇنچىقمىدى؛ يەنە تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، ئىنىسىگە ئۇ-دۇللا قارىدى:

— سەن قايسى تەرەپتە تۇرىسەن؟

— مەن سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ياقلايمەن.

— ئەخمەقسەن!— دېدى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ مىل-تىق دورىسىدەك پاراسلاپ،— پېترو، سەن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ قويغىنا!

پېترو كۈلۈپ، گىرىگورىينىڭ يەلكىسىنى شاپىلاقلاپ قويدى.

— بىزنىڭ ئائىلىمىزدە بۇ ئەڭ قېنى قىزىق، گويا كۆندۈ-رۈلمىگەن تورسۇن ئاتتەك. بۇنىڭغا گەپ چۈشەندۈرۈپ بولامدۇ، ئاتا؟

— ماڭا ھېچنېمىنى چۈشەندۈرۈشنىڭ لازىمى يوق! — دېدى گىرىگورىي قېنى قىزىپ، — مەن قارىغۇ ئەمەسمەن... فۇرونتتىن قايتقان بىزنىڭ يېزىلىقلار نېمە دېيىشىۋاتىدۇ؟

— بۇ ئادەملەر بىلەن بىزنىڭ نېمە ئىشىمىز بار؟ سەن ھەلىقى تەنتەك خىرىستونەنى بىلمەمتىڭ؟ ئۇ، نېمىنى چۈشىنىدۇ؟ خەلق پۈتۈنلەي يولدىن ئازدى، نەگە بېرىشنى بىلمەيدۇ... بىز پالاكەتكە يولۇقتۇق! — پېترو بۇرۇتىنى چىشلىدى، — مانا قارا، ئەتىيازمۇ كېلىۋاتىدۇ، ئۇ چاغدا نېمە ئىش بولاركىن، ئاڭغىچە يىغىلالمايسەن... ئالدىنقى سەپتە بىزمۇ بولشېۋىك بولۇپ ئويناپ يۈردۇق، ئەمدىلىكتە ئەقلىمىزنى تاپىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى. «بىز باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئالمايمىز، ئەمما سىلەرمۇ بىزنىڭ نەرسىلىرىمىزنى ئالماڭلار» — بىزگە قاراپ ئۈمىلەپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىگە كازاكلار مانا شۇنداق دېيىش كېرەك. ئەمما سىزلەرنىڭ كامېنسكايادا ئىش ناھايىتى يامان بولدى. بولشېۋىكلار بىلەن ھەمكارلاشقان ئىدى — ئۇلار ئۆز تۈزۈمىنى ئورنىتىشقا باشلىدى.

— سەن، گىرىشا، ئۆزەڭ ئويلاپ كۆر. سەن ئەخمەق يىگىت ئەمەسسەن. كازاكنىڭ — يەنىلا شۇ كازاك بولۇپ قالىدىغانلىقىنى چۈشىنىشىڭ كېرەك. بەدەۋىي رۇس بىزگە ھۆكۈمران بولماسلىقى كېرەك. سەن ياقا يۇرتلۇقلارنىڭ ھازىر نېمە دېيىشىپ يۈرگەنلىكىنى بىلەمسەن؟ بارلىق يەرنى جانغا قاراپ تەقسىم قىلىمىز، دېيىشىۋاتىدۇ. شۇنداق قىلسا بولامدۇ؟

— دون ئوبلاستىدا ئۇزاقتىن بۇيان ياشاپ كېلىۋاتقان ياقا يۇرتلۇق ئاھالىلەرگە يەر بېرىمىز.

— ئۇلارغا مۇنۇنى بېرىش كېرەك! شۇنى يېسۇن!...، — پانتېلېي پروكوفيېۋىچ 2 بارمىقىنىڭ ئارىسىدىن باشمالتىقىنى كۆرسەتتى؛ تىرنىقى ئۇسۇپ كەتكەن باشمالتىقىنى گىرىگورىينىڭ ئەگمە

بۇرنىنىڭ تۇۋىدە تۇرتكىلەپ تۇردى.

پەلەمپەيدىن بىرسىنىڭ گۇس - گۇس دەسسەپ چىقىۋاتقان ئاياق تاۋۇشى ئاڭلاندى. مـۇزلاپ كەتكەن بوسۇغا غىچىرلىدى. ئىشىكتىن ئانىكۇشكا، خىرىستونە ۋە توشقان تېرىسىدىن تىكىلگەن كېلەڭسىز پاپاخ كىيگەن ئىۋان تومىلىن كىرىپ كەلدى.

— سالامەت كەلدىڭمۇ، ئەسكەر! قېنى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ، سۆيۈنچەڭنى ئالدىمىزغا قوي! — دېدى خىرىستونە كاكىراپ.

ئۇنىڭ ۋاقىرىشىدىن ئىسسىق مەشنىڭ يېنىدا ئۈگـدەپ قالغان موزاي چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ، يۇمران ئاياقلىرى بىلەن چاچراپ تۇردى - دە، يۇمۇلاق ھېقىق كۆزلىرى بىلەن مېھمانلارغا قاراپ، ئېھتىمال، چۆچۈپ كەتكەنلىكتىن بولسا كېرەك، پولنىڭ ئۇستىگە شىرىلدىتىپ سىيىشكە باشلىۋىدى، دۇناشكا ئۇنىڭ دۈمبىسىنى ئاستا چېكىپ، سۈيدۈگىنى توختىتىۋەتتى، ئۇ پولنى ئىرتقاندىن كېيىن موزاينىڭ ئاستىغا بىر ئەسكى قازاننى قويۇپ قويدى.

— ھەي ۋاقىرىغاق، موزىيىمىزنى قورقىتىۋەتتىڭ - غۇ! — دېدى ئىلىئىنىشنا ئاچچىغى بىلەن.

گىرىگورىي، كازاكلار بىلەن قول ئېلىپ كۆرۈشۈپ، ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. كۆپ ئۆتمەي شۇ تەرەپتىكى يېزىدىن يەنە كازاكلار كېلىشتى. گەپ بىلەن بولۇپ، شۇنداق تاماكا چېكىشتىكى، چىراق مىتىلداشقا باشلىدى، موزاي يۆتىلىپ كەتتى.

ئىلىئىنىشنا يېرىم كېچە بولغاندا مېھمانلارنى ئۆيدىن چىقىرىپ تۇرۇپ:

— ھەي ئەزمىلەر، مېڭىش ئەمدى! ھويلىغا چىقىپ، شۇ يەرنى تۈتۈن قىلىش، بەڭگىلەر! مېڭىڭلار، مېڭىڭلار! بىزنىـڭ ئەسكەر تېخى يولنىڭ ھاردۇغىنى چىقارغىنى يوق. قېنى يولۇڭلار بولسۇن! — دېدى كايىپ.

## 14

ئەتىسى ئەتىگەن گىرىگورىي ھەممىدىن كېيىن ئويغاندى. ئۇ، ئۆگزىنىڭ تاختاي پارامىنى ئاستىدا ۋە دەرىزىلەرنىڭ چەسۋىرىگىدە ئولتۇرغان قۇشقاچلارنىڭ ئەتىيازدىكىدەك قاتتىق چۇرۇقلىشىدىن ئويغىنىپ كەتكەن ئىدى. دەرىزە قاپقىغىنىڭ يوچۇقلىرىدىن قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرى چېچىلىپچۇشۇپ تۇراتتى. چېركاۋنىڭ قوڭغۇرىغى چۇشلۇك ئىبادەتكە چارلىدى. گىرىگورىي بۈگۈن يەكشەنبە ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. ناتالىيەيېنىدا بولمىسىمۇ، قوش تۆشەكتىكى ياتقان يېرىنىڭ ئىسسىغى تېخىچە ساقلانغان بولۇپ، بايىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنلىكى ئېنىق ئىدى.

— ناتاشا! — دەپ چاقىردى گىرىگورىي.

دۇناشكا كىردى.

— ئىشىڭ بارمىدى، ئاكا؟

— دەرىزىنى ئېچىۋېتىپ، ناتالىيىنى چاقىرىپ قوي. ئۇ، نېمە قىلىۋاتىدۇ؟

— ئانام بىلەن ئىككىيلەن تاماق ئېتىۋاتىدۇ. ھازىرلا كىرىدۇ.

ناتالىيە كىرىپ قاراڭغۇدا كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ قارىدى.

— ئويغاندىڭمۇ؟

ئۇنىڭ قوللىرىدىن خېمىرىنىڭ پۇرىغى كېلەتتى. گىرىگورىي ياتقان پېتى ئۇنى قۇچاقلاپ، تۈنۈدىكى ئىشلارنى ئېسىگە ئېلىپ كۈلدى.

— بىر ئاز ئۇخلىدىڭمۇ؟

— ئۇھۇ! بەك ھېرىپ كېتىپتىمەن... كېچىدە، — دەپ قىزىرىپ كۈلۈپ قويدى، گىرىگورىينىڭ يۇڭلۇق مەيدىسىگە بېشىنى قويدى.

گىرىگورىينىڭ يارىسىنى قايتىدىن تېڭىشقا ياردەملەشتى، ساندۇقتىن بايراملىق شالۋۇرىنى ئېلىپ بېرىپ:

— كرېست ئوردېنلىرىڭ تاقالغان كىيىمىڭنى كىيەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

— قويغىنا ئۇنى! — گىرىگورىي چۆچۈپ قول سىلكىدى.

ئەمما ناتالىيە قاتتىق يالۋۇرۇپ:

— كىي! ئاتام خوشال بولىدۇ. سەن ئۇنى ساندۇقتا ساقلاپ قويۇش ئۈچۈن ئۇرۇشتا بىكارلا خىزمەت كۆرسىتىپ ئالغانمىدىڭ؟

گىرىگورىي ئۇنىڭ مەسلىھەتىگە كۆنۈپ، كىيىشكە ماقۇل بولدى. ئورنىدىن تۇرۇپ، پېترونىڭ ئۇستۇرىسىنى ئېلىپ، ساقىلىنى قىردى، يۈز - كۆزلىرىنى يۇدى.

— گەردىنىڭنى قىردىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى پېترو.

— ئۇھ، ئۇنتۇپ قېلىپتىمەن.

— قېنى ئولتۇر، مەن قىرىپ قوياي.

سوغاق ماغزاپ چوتكىسى بوينىغا مۇزدەك تەگدى. گىرىگورىي، پېترونىڭ كىچىك بالىدەك تىلىنى بىر تەرەپكە چىقىرىپ، ئۇستۇرىنى يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى ئەينەكتىن كۆرۈپ تۇردى.

— بوينۇڭ قوشتىن يېڭى چىقىرىلغان ئۆكۈزنىڭكىدەك ئىنچىكىرەپ كېتىپتۇ، — دەپ كۈلدى پېترو.

— ئومۇمى تاماقتا قوساق تويمىغاچقا شۇنداق بولسا كېرەك.

گىرىگورىي مۇرىسىگە خوروُنجى پاگونى تاقالغان، مەيدىسىگە قاتار كىرېست ئېسىلغان مۇندىرىنى كىيىپ، ھـوردالغان ئـەينەككە قارىغاندا ئۆزىنى ئۆزى ئاران تونۇدى: ئەينەكتىن ئـۇنىڭغا ئۇزۇنـتۇرا، ياداڭغۇ، سىگانغا ئوخشاش قاپ ـ قارا بىر ئوفىتسېر ئۆزىگـە ئوخشاش بولۇپ قاراپ تۇراتتى.

— سەن ئۆزەڭمۇ پولكوۋنىكتەكلا تۇرىسەن! — دېدى پېترو چىن كۆڭلىدىن سۆيۈنگەن ھالدا ئىنىسىغا قىزىقىپ قاراپ.

بۇ سۆزلەر گىرىگورىينى ئىختىيارسىز قانائەتلەندۇردى. ئـۇ ئاشخانىغا چىققاندا، دارىيە ئۇنىڭغا زوقلىنىپ كـۆز ئۈزمەي قـاراپ قالدى. دۇناشكا ئۇھ ـ ئۇھلاپ:

—فۇ، نىمە دىگەن سـالاپەتلىك بـولۇپ قالغانسەن!... — دېدى.

ئىلنىنىشنامۇ شۇ چاغدا كۆز يېشى قىلماي تۇرالمىدى. يېشىـنى كىرپەشتامىسى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، دۇناشكىنىڭ مازاق قىـلىشىغا جاۋاۋەن:

— سەن ئاۋال مۇشۇنداق ئوغلانلارنى تۇغۇپ باققىنا، ۋالاقـتەككۇر! مانا مەن 2 ئوغۇل كۆردۇم، ئىككىلىسى ئەل ئىچىدە كۆزـگە كۆرۈندى! — دېدى.

ناتالىيە مۇھەببەتكە تولغان، يالقۇنلۇق، ياشتىن نـەملەنگەن كۆزلىرىنى ئېرىدىن ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى.

گىرىگورىي شىنېلىنى يەلكىسىگە تـاشلاپ، ھويلىغا چـىقتى. يارىلانغان ئايىغى مېڭىشقا دەخىل قىلغانلىقتىن، پەلەمپەيدىن تەسـلىكتە چۈشتى. «قولـتۇق تايىغىـسىز ماڭالمايدىـغان ئـوخشايمەن» دەپ ئويلىدى ئۇ پەنجىرىنى تۇتۇپ چۈشۈپ.

پۈتىدىكى ئوقنى مىلـلېرووودا دوختۇرلار يېرىپ ئـالغاندىن

كېيىن يارىسى قىزىل ئەت بىلەن پۈتكەن ئىدى، شۇڭلاشقا تېرىسى تارتىشىپ، پۇتىنى ئەككىلى قويمايتتى.

ئۆينىڭ سىرتقى تېمىنىڭ قېلىن ئۇلى ئۈستىدە مۈشۈك ئۆزىنى ئاپتاپقا سېلىپ ياتاتتى. پەلەمپەينىڭ تۆۋىدىكى قارلار كۈنى-نىڭ تەپتىدىن ئېرىپ، سۇ يىغىلىشقا باشلىغان. گىرىگورىي ھويلى-نىڭ ئىچىگە دىققەت بىلەن شادىمان قاراپ چىقتى. مانا بۇ يەردە، پەلەمپەينىڭ قېشىدا ئۈستىگە چاق بېكىتىلگەن موما ياغاچ تۇرۇپتۇ. بۇنى گىرىگورىي بالىلىق چېغىدىن تارتىپلا بىلىدۇ؛ بۇ موما ياغاچ ئاياللارنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئورنىتىلغان: ئاياللار پەلەمپەيدىن چۈشمەي تۇرۇپلا كېچىسى ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈت قويۇلغان ئاپقۇرلار-نى قويىدۇ، كۈندۈزى قاچا - ئىدىشلارنى قۇرۇتىدۇ، خۇمىرلارنى ئاپتاپقا قاخلايدۇ. ھويلىدىكى بەزى بىر ئۆزگىرىشلەرگە گىرىگورىي-نىڭ كۆزى چۈشتى: سىرى ئۆڭۈپ كەتكەن ئامبار ئىشىگى سېرىق گىل بىلەن سىرلىنىپتۇ، لاپاسنىڭ ئۈستى يېڭى پاخال بىلەن قاي-تا يېپىلغان؛ تىكلەپ قويۇلغان بادرا ياغاچلارمۇ ئازىيىپ قالغاندەك تۇرىدۇ، توساق تاملارنىڭ بىر قىسمىنى ئوچاقلاشقا ئىشلىتىلگەن بولۇشى كېرەك. نەرسە قويىدىغان ئورۇنىڭ ئەتراپىدىكى دۆۋىلەك-لىك توپىنىڭ ئۈستىگە كۈل تۆكۈلگەن؛ ئۇنىڭ ئۈستىدە قاغىدەك قاپ - قارا بىر خوراز توڭلاپ كەتكەن بىر پۇتىنى باغرىغا بې-سىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ چۆرىسىدە نەسلىگە قالدۇرۇلغان ئونچە ئالا - چىپار مىكيان يۈرەتتى. دىخانچىلىق سايمانلىرى قىش ھاۋاسىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن لاپاسنىڭ ئاستىغا تەخلەپ قويۇلغان ئىدى: ھارۋىنىڭ شوتىلىرى تىكلەكلىك تۇرۇپتۇ، ئوت ئورۇيدىغان ماشىنى-نىڭ بىر تۆمۈرى ئۆگزىنىڭ يوچۇغىدىن چۈشكەن كۈن نۇرىدىن پاقىراپ كۆرۈنەتتى. ئات ئېغىلىنىڭ يېنىدىكى قىغ دۆۋىسىنىڭ ئۈستىدە غازلار ئولتۇرۇپتۇ. تاجىسى ئابار گوللاندىيە نەسىللىك

ئەركەك غاز، ئاقساقلاپ يېنىدىن ئۆتكەن گىرىگورىيغا تەكەببۇرلۇق بىلەن قىيا قاراپ قويدى.

گىرىگورىي پۈتۈن ئىگىلىكنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كىردى.

ئاشخانىدا ئېرىتىلگەن سېرىق ياغنىڭ، ئىسسىق ناننىڭ مەزىلىك پۇرىقى دىماققا ئۇرۇلاتتى. دۇناشكا گۈلدار تەخسىدە تۇزلانغان ئالما يۇيۇۋاتاتتى. گىرىگورىي ئۇلارنى كۆرگەندىن كېيىن قىزىقىپ:

— تۇزلانغان تاۋۇز بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ناتالىيە، سەن ئېلىپ كەل! — دەپ توۋلىدى ئىلىنىشنا.

چېركاۋدىن پانتېلېي پروكوفيېۋىچمۇ قايتىپ كەلدى. ئۇ، ياغ پۇرۇتۇش ئۈچۈن پىششۇرۇلغان پوشكالنى ئائىلىدىكى جان سانىغا قاراپ، ۋە بۆلەككە بۆلۈپ شىرەنىڭ چۆرىسىگە بىر بىرلەپ قويدى. ھەممەيلەن ئەتىگەنلىك تاماققا ئولتۇرۇشتى. پېترومۇ يېڭى كىيىملەرنى كىيگەن، ھەتتا بۇرۇتىنى مايلىۋالغان بولۇپ، گىرىگورىينىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدا ئورۇندۇقنىڭ چېتىدە دارىيە ئولتۇردى.پەدەزلەنگەن قىپ - قىزىل يۈزىگە كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ، كۈن نۇرىدا پاقىراپ تۇرغان قاپ - قارا كامان قاشلىرىنى نارازىلىق بىلەن تۆۋەن چۈشۈرگەن ئىدى. ناتالىيە باللىرىغا سۇدا پىششۇرۇلغان كاۋا يېگۈزۈۋاتاتتى؛ ئاندا - ساندا تەبەسسۇم بىلەن گىرىگورىيغا قاراپ قوياتتى. دۇناشكا ئاتىسى بىلەن بىر قاتاردا ئولتۇرغان ئىدى. ئىلىنىشنا بىر چەتتە. مەشكە يېقىنراق يەردىن جاي ئالغان.

ھەر قېتىمقى بايرام كۈنىدە يېگەنلىرىدەك تاماقنى راسا

تويغۇدەك كۆپ يېيىشتى. قوي گۆشى شورپىسىدىن كېيىن سۇيقاش، ئۇندىن كېيىن ئايرىم پىشۇرۇلغان قوي گۆشى، توخۇ گۆشى، سوغاق پېتى توغرالغان قوينىڭ پاچىقى، قورۇلغان ياڭيۇ، سېرىق ياغ بىلەن پىشۇرۇلغان سۆك شويلىسى، قايماققا تېگۈرۈلگەن قۇيماق، تۇزلانغان تاۋۇز ئېلىپ كېلىندى. تاماقتا غىق تويغان گرىگورىي ئورنىدىن ئاران تۇردى - دە، مەس پېتى چوقۇنۇۋېلىپ، ئاندىن ھاسىراپ ھېرىپ، كارۋاتقا يانپاشلىدى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ تېخىچە شويلىنى مەزە قىلىپ سوقۇۋاتاتتى: ئۇنى قوشۇق بىلەن ئېسىپ، ئوتتۇرىسىنى چوڭقۇرلىتىپ، كەھرىۋادەك سېرىق ياغ قۇيۇپ، ماي سىڭگەن شويلىنى قوشۇق بىلەن بىر تال تېمىتماي ئاغزىغا ئاتاتتى. بالىغا ئامراق پېترو، مىشاتكىغا تاماق يېگۈزۈۋاتاتتى: ئاندا - ساندا ئوينىشىپ، مىشاتكىنىڭ يۈز - كۆزىگە قېتىق سۈركەپ قوياتتى.

— تاغا، ئۇنداق قىلمىساڭچۇ!

— نىمە بولدى؟

— نىمىشكە سۈركەيسەن؟

— نىمىنى؟

— ئانامغا ئېيتىمەن.

— نىمىنى؟

مىشاتكىنىڭ مېلېخوۋلارغا تارتقان قاپىغى سېلىق كۆزلىرى غەزەپتىن چاقناپ كەتتى - دە، ئەلەملىك ياش تامچىلىرى كۆرۈندى؛ ياخشىلىقچە يالۋۇرۇشنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى كۆرگەچ، بۇرنىنى مۇشتۇمى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ ۋاقىرىدى:

— سۈركىمە دەيمەن!... ھاڭۋاقتى!... دۆت!

پېترو قاقاقلاپ كۈلۈپ، جىيەنىنى يەنە خاپا قىلىشقا باشلىدى: قوشۇقنى بىر ئاغزىغا سالغان بولسا، يەنە بىرقېتىمدا بۇرنىغا سۈركەيتتى.

— سەنمۇ بىر كىچىك بالا... نىمە قىلىسەن ئۇنىڭ بىلەن ئېيتىشىپ؟ — دەپ كايىدى ئىلئىنىشنا.

دۇناشكا، گىرىگورىينىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، بىر ئىشنى سۆز-لەپ بېرىۋاتاتتى.

— پېترو — راستىنلا ساراڭ جۇمۇ، ھەممىشەم يوق نەرسىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىدۇ. قايسى كۈنى مىشاتىكا بىلەن ھويلىغا چىقىپ-تىكەن، مىشاتكىنىڭ چوڭ تەرەت قىلغۇسى كېلىپ: «تاغا، مۇنۇ پەلەمپەيىنىڭ تۈۋىگە ئولتۇرسام بولامدۇ؟» دەپ سورىسا، پېترو: «ياق، بولمايدۇ. سەل نېرىراققا ئولتۇر» دەپتۇ. مىشاتكا نېرىراق بېرىپ: «مەشەگىمۇ؟» دەپ سورىغان ئىكەن. «ياق، ياق. ئاۋۇ ئامبارنىڭ قېشىغا بار» دەپتۇ. ئامباردىن ئۇنى ئات ئېغىلىنىڭ قېشىغا، ئات ئېغىلىدىن خامانغا ماڭغۇزۇپ ئويناپتۇ، ئاخىرى بېرىپ، ئىشتىنىغا چىقىرىپ تاشلاپتۇ... ناتالىيىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، راسا كايىغان ئىدى!

— ئېلىپ كەل، ئۆزەم يەيمەن! — دىدى مىشاتكا، قوڭغۇ-راقتەك جىرىڭلىغان ئاۋاز بىلەن.

ئەمما پېترو ئۇنىڭغا بۇرۇتىنى غەلىتە مىدىرلىتىپ قويۇپ، ئۇنىماي قويدى:

— ياق، بولمايدۇ، يىگىت! مەن يىگۈزۈپ قوياي.

— مەن ئۆزەم!

— بىزدە ئۆزەم دىگىنىڭ ئۆزىنىڭ چىشىسى بىلەن بىللە قوتاندا تۇرىدۇ ① كۆردۈڭمۇ؟ ئاپىلىرىڭ ئۇلارنى يۇندا بىلەن باقىدۇ.

گىرىگورىي ئۇلارنىڭ سۆزىگە كۈلۈپ قۇلاق سېلىپ، تاماكا

① بۇ يەردە سۆز ئويۇنى بار. رۇسچە «сам» سۆزى «ئۆزەم» دىگەن بولۇپ، يەنە بىر مەنىدە ھايۋانلارنىڭ ئەركىكىنىمۇ بىلدۈرىدۇ — ت.

ئۇراشقا باشلىدى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ يېقىن كېلىپ:

— بۈگۈن ۋېشكىگە ① بارايمىكىن دەيمەن، — دېدى.

— نېمىشكە بارىسەن ئۇ يەرگە؟

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بىركېكىردۈۋېلىپ، ساقىلىنى سىلىدى.

— سەرراپچىتا ئىشىم بار، 2 خاموتنى ئوڭلاتقان ئىدىم.

— بۈگۈن قايتىپ كېلەلەمسەن؟

— كەلمەيچۇ؟ كەچقۇرۇن قايتىپ كېلىمەن.

ئۇ، بىر ئازدەم ئالغاندىن كېيىن، ئاددى چانىغا مۇشۇ يىلى بىر كۆزى قارىغۇ بولۇپ قالغان قېرى بايتالنى قوشۇپ يۈرۈپ كەتتى. يول ئۇتلاق بىلەن ئۆتەتتى. 2 سائەتتىن كېيىن ۋېشىنىسكاياغا يېتىپ باردى. پوچتىخانىغا كىرىپ چىقتى، خاموتلارنى ئېلىپ، ئۇندىن كېيىن يېڭى چېركاۋنىڭ قېشىدا ئولتۇرىدىغان كونا بىر تونۇشى ۋە بۇرادىرى تەرەپكە بۇرۇلدى. ئۆي خوجايىنى داستىخىنى مول، مېھماندوست ئادەم ئىدى، چۆشلۈك تاماققا ئولتۇرغۇزدى.

— پوچتىخانىغا كىردىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى بۇ ئادەم قەدەھكە بىر نېمىنى توشقۇزۇۋېتىپ.

— كىردىم، — دەپ سوزۇپ جاۋاپ بەردى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ، ئاندىن كىچىك گىرافىنغا سەگەكلىك ۋە ئەجەپلىنىش بىلەن قاراپ، گويائىت ياۋايى ھايۋانىڭ ئىزىنى پۇرىغاندەك، ھاۋانى پۇراشقا باشلىدى.

— بىرەر يېڭىلىق ئاڭلىمىدىڭمۇ؟

— يېڭىلىق دەمسەن؟ ھېچنېمە ئاڭلىغىنىم يوق. خوش، نېمە گەپ؟

— كالېدىن، ئالېكسەي ماكسىموۋىچ ئۇدۇنياغا سەپەر قىلىپتۇ.

---

① ۋېشكى — ۋېشىنىسكايا كەنتىنى دېمەكچى — ت.

— نېمە دەۋاتىسەن!

پانتېلېي پروكوفيېۋىچنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ كۆكىرىپ كەتتى، ئۇ ھېلىقى گۇمانلىق گىرافىنىمۇ، ئۇنىڭ پۇرىغىنىمۇ ئۇنۇتۇپ، ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئۆزىنى تاشلىدى. ساھىپخان قاپىغىنى تۈرۈپ سۆزلەپ كەتتى:

— تېلېگىراپ ئارقىلىق خەۋەر قىلىشىچە، يېقىندا نوۋوچېركاسسكىتا ئۆزىنى ئۆزى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. پۈتۈن ئوبلاستقا داڭقى كەتكەن بىرلا گېنېرال ئىدى. ئوردېن بىلەن مۇكاپاتلانغان بولۇپ، پۈتۈن بىر ئارمىيىگە قوماندانلىق قىلغان ئىدى. قانداق ياخشى ئادەم ئىدى - ھە! پۈتۈن كازاكلارنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، ئۇنى رەنجىتىشكە يول قويماس ئىدى.

— توختاپ تۇر، ئاغىنە! ئەمدى نېمە قىلدۇق؟ — دەپ سورىدى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ گاڭگىراپ، قەدەھنى نېرى ئىتتىرىپ قويدى.

— نېمە قىلىشنى خۇدا بىلىدۇ. ئېغىر چاغلار كېلىۋاتىدۇ. كۈنى ئوبدان ئۆتۈۋاتقان بولسا ئادەم ئۆزىنى ئۆزى ئاتماس دەيمەن.

— بۇنداق قارارغا كېلىشكە نېمە مەجبۇر قىلغاندۇ؟

ئۆي ئىگىسى — كونا دىنغا ئېتىقات قىلىدىغان كەۋدىلىك كازاك ئىدى، قولىنى ئاچچىغى بىلەن سىلكىپ قويدى.

— فۇرونتچىلار ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈشتى، ئوبلاستقا بولشېۋىكلارنى قويۇپ بەردى، شۇڭلاشقا ئاتامانمۇ كەتتى. ئەمدى بۇنداق ئادەملەر تېپىلامدۇ؟ بىزنى كىم قوغدايدۇ؟ كامېنسكايادا ھەربىي ئىنقىلاۋىي كومىتېت دېگەن بىر نېمە قۇرۇلۇپتۇ. ئۇنىڭغا فۇرونتچى كازاكلار قاتنىشىپتۇ، دېيىشىدۇ.. بىزنىڭ بۇ يەردىمۇ... ئاڭلىغانسەن، بەلكىم؟ ئۇلاردىن بۇيرۇق كەلگەن ئىمىش: ئاتامانلارنى ئاغدۇرۇپ

تاشلاپ، ئاشۇ ئىنقىلاۋىي كومىتېت ئادەملىرى سايلام ئۆتكۈز-سۇن، دەپتۇ. ئىشقىلىپ، مۇژىكلار باش كۆتىرىپتۇ! بۇلارنىڭ ھەممىسى ياغاچچى، تۆمۈرچى، موزدۇزلار بولۇپ، ۋېشىكنىڭ ئۆزىدىمۇ ئوتلاقتىكى پاشىدەك كۆپىقۇ!

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئاقىرىپ كەتكەن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۇزاق جىم ئولتۇرۇپ كەتتى؛ بېشىنى كۆتەرگەندە — كۆز-لىرى سۇرلۇك ۋە جىددى باقاتتى.

— مونۇگىرافىنەگىنىڭ ئىچىدە نىمە بار؟

— ئىسپىرت. جيەنىم كاۋكازدىن ئېلىپ كەپتىكەن.

— قېنى قۇي، ئاغىنە، مەرھۇم ئاتامان كالېدىنىنىڭ ئەرۋاھى ئۈچۈن ئىچەيلى. جايى جەننەتتە بولسۇن!

ھەر ئىككىلىسى ئىچىشتى. ساھىپخانىنىڭ ئىگىز بويلۇق، سەپكىل يۈز قىزى بىر ئاز يەيدىغان نەرسە ئېپكېلىپ قويدى. پان-تېلېي پروكوفيېۋىچ مۇشۇ ئۆينىڭ چانىسىنىڭ يېنىدا شۇمشىيىپ تۇرغان بايتالىغا بېشىنى سوزۇپ قارىغان ئىدى، ئەمما ئاغىنىسى ئۇنىڭغا:

— ئاتتىن خاتىرجەم بول. سۇغارتىپ، ئوت - چۆپ بەرگۈ-زىمەن، — دىدى.

شۇنىڭ بىلەن پانتېلېي پروكوفيېۋىچ قىزغىن پاراڭ ۋە گىرافىن بىلەن بولۇپ كېتىپ، كۆپ ئۆتمەي ئېتىنىمۇ، دۇنيادىكى ھەممە ئىشلارنىمۇ ئېسىدىن چىقاردى. ئۇ، گىرىگورىي توغرىلىق قولاشمايدىغان پاراڭلارنى سۆزلەپ بەردى، مەس بولۇپ قالغان ئاغىنىسى بىلەن بىر نىمە توغرىلىقسۆز تالاشتى، كېيىن نىمە توغ-رىلىقسۆز تالاشقانلىغىنى ئۇنتۇپ قالدى. كەچ كىرگەندىلا ساپچىسىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۆي ئىگىسىنىڭ قونۇپ قالدەپتەكلىپ قىلىشى-غا قارىماستىن، قايتىپ كېتىشكە قارار قىلدى. ئۆي ئىگىسىنىڭ

ئوغلى ئۇنىڭغا بايتىلنى چانىغا قوشۇپ بەردى. چانىغا ئولتۇرۇشقا ئاغىنىسى ياردەملەشتى. ئۇ بىردىنلا مېھمىنىنى ئۈزىتىپ قويماقچى بولدى؛ ئۇلار چانىدا يانمۇ يان قۇچاقلىشىپ يېتىشتى. ئۇلار چۈشكەن چانا دەرۋازىدا، ئۇندىن كېيىن ھەربىر دوقمۇشتىن ئەگىگەندە. تاكى ئوتلاقتا چىقىشۋالغىچە قېقىلىپلا تۇردى. دالىغا چىققاندىن كېيىن ئاغىنىسى يىغلاپ، چانىدىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن غۇلاپ چۈشتى، شۇيەردە ئورنىدىن تۇرالماي، كىمنىدۇ تىللاپ، ئۇزاققىچە پايپاسلاپ تۇرۇپ قالدى، پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بايتالنى سوكۇلدىتىپ كېتىۋەردى، ئەمما ئۆزىنى ئۇزاتقىلى چىققان ئاغىنىسىنىڭ قارنىڭ ئۈستىدە تۆت پۇتلۇق بولۇپ ئۆمىلەپ يۈرگەنلىكىنى، بۇرنى بىلەن قار كۆرەپ، ھوزۇرلىنىپ كۈلگەنلىكىنى، خىرىلدىغان ئاۋاز بىلەن:

— ھوي، قىچىغلىما!... سادىغاڭ بولاي، قىچىغلىمىغىن! — دەپ يالۋۇرغانلىقىنى كۆرمىدى.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ بايتالنى قامچا بىلەن بىر نەچچە قېتىم قاتتىق ئۇرغانلىقتىن، ئات بىچارە چەبدەس قەدەم بىلەن ئەمما ئىشەنچسىزلىك بىلەن قارغۇلارچە سوكۇلداپ ماڭاتتى. مەسلىكتىن ئۇگدەك باسقان ئات ئىگىسى كۆپ ئۆتمەي چانىنىڭ يۆلەنچۈكىگە بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالدى. تىزگىنى تاسادىپىي ئاستىدا قالغان ئىكەن، شۇڭا باشقۇرۇشسىز قالغان ئاجىز بايتال ئاستا قەدەملەپ مېڭىشقا كۆچتى. دەسلەپكى ئاچا يولدا ئۇ ئېزىقىپ، مالىي گرومچېنوك يېزىسىغا بارىدىغان يولغا كىرىپ قالدى. بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن بۇ يولنىمۇ يوقىتىۋېلىپ قويدى. ئاندىن يولسىز، بوز يەر بىلەن يۈرۈپ، ئورمان ئىچىدىكى قار ئازگالغا چۈشۈپ قالدى؛ ئۇ يەردىن خارتىلداپ چىقىپ، بىر چوڭقۇرلۇققا

چۈشۈپ كەتتى. شۇ يەردە چانا بىر شاخقا ئىلىنىپ، توختاپ قالدى. چانىنىڭ سىلكىنىشى بىلەن بىر دەقىقە ئويغانغان پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ بېشىنى كۆتىرىپ، بوغۇق ئاۋاز بىلەن:

— هاي، شەيتان!...، — دەپ ۋاقىراپ قويۇپ، يەنە ياتتى.

بايتال ئورماندىن ئامان - ئېسەن چەتكە ئۆتۈپ، دون قىرغىقىغا ئوپ - ئوڭاي چۈشتى-دە، شەرقتىن تېزەك تۈتۈنىنىڭ ئىسىنى ئۇچۇرۇپ كەلگەن شامال بويلاپ، سېمېنوۋىسكى يېزىسىغا قاراپ ماڭدى.

يېزىدىن يېرىم چاقىرىم يىراقلىقتا، دوننىڭ سول قىرغىقىدا جىرا بار ئىدى؛ باھار پەسلىدە كەلكۈن كەلگەندە ئۇنىڭغا سۇ تاشقىنلاپ چىقاتتى، جىرانىڭ بويىدا قۇمساز قىرغاقتىن بۇلاقلار ئېتىلىپ چىققانلىقتىن، ئۇيەردە پۈتۈن قىش سۇ، مۇز تۇتمايتتى، ئىللىق سۇدا يېرىم دائىرە شەكلىدە ساسلىق ياپ - يېشىل كۆكىرىپ تۇراتتى، شۇڭا دون بويىدىكى يول ئاشۇ ساسلىقتىن خەتەرلىك بۇرۇلۇپ، بىر تەرەپكە تىك سەكرەتمە ھاسىل قىلغان ئىدى. ئەتىيازدا تاشقىن سۇ مۇشۇ جىرادىن قۇدرەتلىك ئېقىن بولۇپ، قايتا دونغا قۇيۇلغاندا بۇ يەردە سۇ تىك قايىنام ھاسىل قىلىپ، ئېقىنلارنىڭ ھەممىسى بىرگە قوشۇلۇپ، دەريانىڭ تاۋۋىنى كولاپ كېتەتتى؛ ياز بويى شۇيەردىكى چوڭقۇرلۇقتا، قىرغاقتىن يىقىلىپ يېتىپ قالغان دەرەخلەرنىڭ ئاستىدا سازاڭ بېلىقلار كۆپ بولاتتى.

مېلېخوپنىڭ بىر كۆزى كۆرمەيدىغان بايتىلى ھىلىقى ساسلىقنىڭ سول چېتىگە قاراپ كېلىۋاتاتتى. پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ تولغىنىپ، كۆزىنى سەل ئاچقاندا ساسلىققا 20 سارجىن يەر قالغان ئىدى. قاراڭغۇ ئاسماندىن، چالا پىشقان ئالۇچىدەك ساغۇچ -

يېشىل يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇراتتى. پانتېلېي پروكوفيېۋىچ
«كەچ ...» — دەپ غۇۋا پەملىدى ـ دە، تىزگىنىنى قاتتىق تارتتى:

— نو — نو — نو! ... مەن سېنى، جۇمۇ، قېرى ئەبلەخ!

بايتال قورقۇپ، تېز مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ يېقىن يەردىكى
سۇنىڭ پۇرىغىنى سەزگەندىن كېيىن، قۇلىغىنى تىك تۇتۇپ، نۇر-
سىز كۆزلىرى بىلەن ئىگىسىگە قىيا قارىدى. تۇساتتىن ئۇنىڭ
قۇلىغىغا دولقۇنىنىڭ شالاپلىشى ئاڭلاندى. بايتال قاتتىق پۇشقۇ-
رۇپ، چورتلا بىر تەرەپكە قايرىلىپ، ئارقىغا تۇرتۇنۇشكە باشلىدى.
تەگ تەرەپتىن سۇ يالاپ كەتكەن مۇز بايتالنىڭ ئايىغى ئاستىدا
ئاسانلا پارچىلىنىپ كەتتى. بايتال ئۆلگۈدەك قورقۇپ، دەھشەتلىك
خارتىلدىدى. ئۇ بار كۈچى بىلەن ئارقا پۇتلىرىنى تىرىۋالغان
بولسىمۇ، ئەمما ئالدى پۇتلىرى پەسكە سىرىلىپ، ئاللىقاچان سۇغا
كىرىپ بولغان ئىدى، تىپىرچىلاپ تۇرغان ئارقا پۇتلىرىنىڭ ئاستى-
دىكى مۇز يىمىرىلىشكە باشلىدى. مۇز غاراسلاپ سۇنۇپ، سۇنى شا-
لاپلىتىۋەتتى. بايتال ساسلىققا پېتىپ كېتىۋېتىپ، ئارقا پۇتلىرىنى
جان ـ جەھلى بىلەن سۇغۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇندى، چانىنىڭ شو-
تىسىنى تاراقلىتىپ تەپتى. دەل شۇ پەيتتە بىر پالاكەتنىڭ
يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالغان پانتېلېي پروكوفيېۋىچ
چانىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئارقىغا يۇمۇلاپ كەتتى. ئۇ، بايتالنىڭ
ئېغىرلىقى بىلەن چانىنىڭ تىك كۆتىرىلىپ قالغانلىقىنى، يۇلتۇز-
نىڭ يورۇقىدا چانىنىڭ تۆمۈر تاپىنى پاقىراپ كۆرۈنگەنلىكىنى،
شۇندىن كېيىن قارامتۇل يېشىل چوڭقۇرلۇققا چۈشۈپ كېتىۋاتقانلى-
قىنى، شۇنىڭ بىلەن مۇز ئارىلاش سۇ ۋىشىلداپ، چايقىلىپ تۇر-
غان دولقۇنغا ئاز ـ ئازلا قالغانلىقىنى كۆردى. پانتېلېي پروكوفيې-
ۋىچ ئىنتايىن تېزلىك بىلەن ئارقىچە چېكىنىشكە تىرىشتى ۋە شۇ

چاغدىلا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— ۋاي قۇتقۇزۇۋېلىڭلار! ئادەم بارمۇ؟ غەرق بولۇپ كېتىۋاتىمىز!...، — دەپ ۋاقىرىدى.

مەسلىگى پۈتۈنلەي يوقالدى. ئۇ ساسلىق تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. يېڭى سۇنغان مۇز پارچىلىرى كۆزنى چاقايتقۇدەك پاقىرايتتى، شامال بىلەن سۇ ئېقىمى ساسلىقنىڭ كەڭ، قاپ - قارا دائىرىسى ئىچىدە مۇز پارچىلىرىنى ھەيدەپ باراتتى، دولقۇننىڭ يېشىل قايىنمى تەۋرىنىپ ۋىشىلدايتتى، ئەتراپ جىمجىتلىق. يىراقتىكى يېزىدا چىراقلار قاراڭغۇدا ساغۇچ پىلىلداپ تۇراتتى. مەخمەل ئاسماندا يۇلتۇزلار يېڭى تازىلانغان سەرخىل ئاشلىق دانلىرىدەك چاراقلاپ تۇراتتى. يەر بېغىرلاپ چىققان شامال يەردىكى قارنى توزغىتاتتى، قار غۇيۇلداپ، ئۇندەك توزۇپ، ساسلىقنىڭ قارا قويىنىغا ئۇچۇپ كىلەتتى. ساسلىقمۇ ھور بىلەن تۈتەپ، قورقۇنچلۇق قارىيىپ تۇراتتى.

پانتېلېي پروكوفيېۋىچ شۇ تاپتا ۋاقىراشنىڭ ئەخمەقلىق بولىدىغانلىقىنى ۋە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇ، ئەتراپقا سەپسېلىپ قاراپ، مەسلىك بىلەن تاسادىپى نەگە كېلىپ قالغانلىقىنى ئەمدى پەملىدى - دە، بولغان ئىش ئۈچۈن ئۆز ئۆزىگە غەزەپلىنىپ، تىترەپ كەتتى. قولىدا قامچىسى قاپتۇ، چانىدىن سەكرەپ چۈشكەندە ئۇنىڭ بىلەن بىللە چۈشكەن ئىكەن. ئۇ، ئۆزىنى ئۆزى تىللاپ، قامچىسى بىلەن ئۆزىنىڭ دۈمبىسىنى قامچىلىغىلى تۇردى، ئەمما جۇۋىسى توساپ تۇرغانلىقتىن، تاياق ئۆتمىدى، لېكىن تاياق ئۆتمىدى دەپ جۇۋىسىنى سېلىپ تاشلاش ئەقلىگە كەلمىگەن بولسا كېرەك. ساقىلىدىن بىر نەچچە تال يۇلۇۋالدى - دە، يوقاتقان سودىلىقلىرىنى، بايتىلىنىڭ، چانىسىنىڭ خامۇتلىرىنىڭ خۇنىنى كۆڭلىدە ھىساپلاپ كۆرۈپ، قەھرى بىلەن ئۆزىنى تىللاپ

گەتتى، ئاندىن ساسلىققا يەنىمۇ يېقىنراق كەلدى.

— كۆر شەيتان!...— دىدى ئۇ تىترىگەن ئاۋاز بىلەن پىچىپ كېتىۋاتقان ئاتقا قاراپ.— پەسكەش! ئۆزەڭ چۆكۈش بىلەنلا قالماستىن، مېنىمۇ چۆكتۈرۈۋېتىشكە تاس قالدىڭ، سېنى بۇ يەرگە قايسى شەيتان ھەيدەپ كەلدىكىن؟! سېنى ئەمدى ئۇ دۇنيادا شەيتانلار ھارۋىغا قوشۇپ، چېپىپ يۈرىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەيدەيدىغان نەمىسى يوق!... مە، ئال، قامچىنىمۇ سەنلەرگە بېرىۋېتەي!...— پانتېلېي پروكوفيېۋىچ قولىدىكى ئالۇچا دەستىلىك قامچىسىنى پۇلاڭلىتىپ، ساسلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاتتى.

قامچىنىڭ دەستىسى سۇغا چولتۇككىدە سانچىلىپ چۈشتىدە، كۆزدىن غايىپ بولدى.

## 15

كالېدىنچىلار ئىنقىلاۋىي كازاك قىسىملىرىنى ئوكۇشسىزلىققا ئۇچراتقاندىن كېيىن، مىللىيرووغا يۆتكىلىشكە مەجبۇر بولغان دون ھەربى - ئىنقىلاۋىي كومىتېتى كالېدىنغا ۋە ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئوكرايىنا رادىسىغا قارشى ئۇرۇش ھەركەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان كىشى نامىغا تۆۋەندىكى مەزمۇندا بايانىنامە ئەۋەتتى:

«خاركوپ، 1918 - يىل، 19 - يانۋار. لۇگانىسكىدىن، No449 سائەت 18 دىن 20. — دون كازاكلىرى ھەربى- ئىنقىلاۋىي كومىتېتى سىزلەردىن پېتروگىرادتىكى خەلق كومىسسارلىرى سوۋېتىگە دون ئوبلاستىنىڭ تۆۋەندىكى قارارىنى

يەتكۈزۈپ قويۇشىڭىزلارنى ئىلتىماس قىلىدۇ.

كازاك ھەربى-ئىنقىلاۋىي كومىتېتى كامېنىسكايا كەنتىدە بولۇپ ئۆتكەن فرونتچىلار قۇرۇلتىيىنىڭ قارارىغا ئاساسەن مۇنۇلارنى قارار قىلىدۇ:

1. روسىيە سوۋېت جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەتلىك ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلىمىز، كازاكلار، دېھقانلار، ئەسكەرلەر ۋە ئىشچىلار سوۋېتلىرى قۇرۇلتىيىنىڭ مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنى، شۇنىڭدەك ئۇلار سايلاپ چىققان خەلق كومىسسارلىرى سوۋېتىنى ئېتىراپ قىلىمىز.

2. كازاكلار، دېھقانلار ۋە ئىشچىلار سوۋېتلىرى قۇرۇلتىيىنى چاقىرىپ، دون ئوبلاستىنىڭ ئۆلكىلىك ھاكىمىيىتىنى قۇرىمىز.

ئەسكەرتىش: دون ئوبلاستىنىڭ يەر مەسىلىسى ئاشۇ ئوبلاست قۇرۇلتىيىدا ھەل قىلىنىدۇ.

ئاشۇ باياننامە تاپشۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن ھەربى-ئىنقىلاۋىي كومىتېتنىڭ قوشۇنلىرىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن قىزىل گۋاردىيە ئەترەتلىرى ماڭدۇرۇلغان ئىدى، بۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن پولكوۋنىك چېرنېتسوۋنىڭ ئەترىتى تارمار قىلىنىپ، ۋەزىيەت ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئۈستۈنلۈك ھەربى-ئىنقىلاۋىي كومىتېتنىڭ قولىغا ئۆتتى. زىۋېرېۋو، لىخايا ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن سابلىن بىلەن پېتروۋنىڭ قىزىل گۋاردىيە ئەترەتلىرى ھەربى-ئىنقىلاۋىي كومىتېتنىڭ كازاك قىسىملىرى ياردىمى بىلەن ھۇجۇمنى قانات يايدۇرۇپ، دۈشمەننى نوۋوچېركاسسكقا قىستاپ كەلمەكتە ئىدى.

ئوڭ قاناتتا، تاگانروگ تەرەپتە، نېكلىنوفكا بوسۇغىسىدا پولكوۋنىك كوتېپوۋنىڭ پىدائىلار ئەترىدىدىن يېڭىلىپ قالغان

سىۋېرس ① بىر زەمبىرەك، 24 پىلىموت ۋە بىر بىرونېۋىكتىن ئايرىلىپ، ئامۇرروسسىيېۋكىغا چېكىندى. ئەمما تاگانروگدا سىۋېرس يېڭىلىپ، چېكىنگەن كۈنى بالتىق زاۋۇدىدا قوزغىلاڭ كۆتىرىلدى. ئىشچىلار يۇنكېرلارنى شەھەردىن قوغلاپ چىقاردى. سىۋېرس ئۆزىنى ئوڭلىۋېلىپ، ھۇجۇمغا ئۆتتى. ھۇجۇمنى بارغانسېرى قانات يايدۇرۇپ، ئاقلارنىڭ پىدائىلىرىنى تاگانروگغىچە قىستاپ كەلدى.

غەلىبە سوۋېت قوشۇنلىرى تەرەپكە قارار تاپقانلىقى روشەنلىشىپ قالدى. بۇلار ئاقلارنىڭ پىدائىلار ئارمىيىسىنى ۋە كالېدىننىڭ «قۇراق» ئەترەتلىرىنىڭ قالدۇقلىرىنى 3 تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئالدى. 28 - يانۋاردا كورنىلوپ، كالېدىنغا تېلېگراممىا ئەۋەتىپ، پىدائىلار ئارمىيىسىنىڭ روستوفنى تاشلاپ كۇبانغا كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

29 - كۈنى ئەتىگەن سائەت ودا ئاتامان سارىيىدا، دون ھۆكۈمىتى ئەزالىرىنىڭ ئىنتايىن ئالدىراش كېڭەشمىسى چاقىرىلدى. كالېدىن ئۆز ئۆيىدىن ھەممىدىن كېيىنرەك كەلدى، ئۇ شىرەنىڭ يېنىغا ھارغىنلىق بىلەن كېلىپ ئولتۇردى - دە، شىرەنىڭ ئۈستىدىكى قەغەزلەرنى ئالدىغا يېقىنراق تارتىپ قويدى. ياڭاق سۆڭەكلىرى ئۇيقۇسىزلىقتىن سارغايغان ئىدى، نۇرسىزلانغان مەيۇس كۆزلىرىنىڭ ئاستى كۆكىرىپ كەتكەن؛ ئۇنىڭ ياداڭغۇ يۈزى گويا چىرىپ كەتكەن نەرسىدەك سارغىيىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇ،

① سىۋېرس — بۇرۇن چار ئارمىيىسىدە پراپورشىك بولغان، بولشېۋىك. 1917 - يىلى بولشېۋىكلارنىڭ «ئاكوپ ھەقىقىتى» گېزىتىنىڭ مۇھەررىرى بولغان. ئۇ، ئوكرايىنا ۋە دوندا ئاق گۋاردىيىچىلار بىلەن چەتئەل مۇداخىلىچىلىرىگە قارشى كۈرەشنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى. 1918 - يىلى دېكابىردا ئېغىر يارىدار بولۇپ، ۋاپات بولغان.

كورنىلوپنىڭ تېلېگىراممىسىنى ۋە نوۋوچېركاسسكىنىڭ شىمالىدا قىزىل گۋاردىيىچىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان قىسىملارنىڭ كوماندىرلىرى يوللىغان مەلۇماتنى ئالدىرىماي ئوقۇپ چىقتى. بىر توپ تېلېگىراممىنى كەڭ ئاپپاق ئالىقىنى بىلەن ئاۋايلاپ تۈزلەپ، قاپىغىنىڭ كۆكۈش كۆلەڭگىسى چۈشكەن ئىششىق كۆزلىرىنى كۆتەرمەستىن، پەس ئاۋاز بىلەن:

— پىدائىلار ئارمىيىسى كېتىۋاتىدۇ. ئوبلاستنى ۋە نوۋوچېركاسسكىنى قوغداش ئۈچۈن پەقەت 147 مىلتىقلىق كىشى قالدى...، — دېدى.

سول قاپىغى تارتىشىپ، يۇمۇلغان لەۋلىرىنىڭ بىر بۇرجىكى دىرىلدەپ كەتتى؛ ئۇ، ئاۋازىنى قاتتىق چىقىرىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئەھۋالىمىز ئۈمىتسىز. ئاھالە بىزنى قوللاش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى بىزگە دۈشمەنلىك كەيپىياتى بىلەن قارىماقتا. كۈچىمىز يوق، شۇڭا قارشىلىق كۆرسىتىش پايدىسىز. مەن ئارتۇقچە قۇربان بېرىشنى، ئارتۇقچە قان تۆكۈلۈشنى خالىمايمەن. ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ھوقۇقىمىزنى گەدىنىمىزدىن ساقىت قىلىپ، ھاكىمىيەتنى باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەكلىپ قىلىمەن. مەن ئۆزەمۇ قوشۇن ئاتامانى ۋەزىپىسىدىن چۈشىمەن.

كەڭ دەرىزىگە قاراپ تۇرغان مىتروفان بوگايېۋسكى كۆزەينىكىنى تۈزەپ قويۇپ، ئارقىسىغا قايرىلماستىنلا مۇنداق دېدى:

— مەنمۇ ئۆز ۋەزىپەمدىن چۈشىمەن، ھۆكۈمەتمۇ، ئەلۋەتتە، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ھوقۇقىنى ئۆز ئۈستىدىن ئېلىپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھاكىمىيەتنى كىمگە ئۆتكۈزۈپ بېرىمىز؟ دېگەن مەسىلە تۇغۇلىدۇ.

— شەھەرلىك دۇما①غا، — دەپ قۇرۇقـقىنا جاۋاپ بەردى كالىېدىن.

— بۇنى رەسمىلەشتۈرۈش لازىم، — دىدى ھۆكۈمەت ئەزاسى كارىپ قەتئىيەتسىزلىك بىلەن.

ھەممەيلەننىڭ بېشى قېتىپ، بىر مىنۇت شۈك بولۇپ كېتىشـتى. ھورلىنىپ كـەتـكـەن دەرىزىنىڭ سىرتىدىن يـانۋار ئېيىنىڭ بۇلۇتلۇق ئـەتىگىنىنىڭ غۇۋا يـورۇغى چـۈشـۈپ تـۇراتتى. تۇمان بىلەن قىرو قاپلىغان شەھەر ئۈنسىز ئۆگدەيتتى، كۈندىلىك تۇرمۇشـنىڭ ئادەتتىكى تومۇر سوقۇشىنى قـۇلاق سېزەلمەيتتى. زەمبىرەكـلەرنىڭ گـۈمبۈرلىشى (سۇلىن ئىستانىسىنىڭ قېشىدا بـولۇۋاتقان جەڭلەرنىڭ ئـەكس ساداسى) پۈتۈن ھەركەتنى بېسىپ تـاشلىغان، شەھەر ئۈستىدە ئـاشكارىلانمىغان تـەھلىكىنىڭ شـەپىسى ئېسىلىپ تۇراتتى.

دەرىزىنىڭ سىرتىدا ئـۇيـاق ـ بـۇيـاققا ئـۇچۇپ ئۆتكەن قاغـىلارنىڭ قاقىلدىشى ئېنىق ئاڭلىناتتى. ئۇلار تـاپنىڭ ئۈستىدە چـۆگىلەشكەندەك، چېركـاۋنىڭ ئاپپاق مۇنارىسى ئۈستىدە ئايلىناتـتى. باش چېركاۋ مەيدانىدا يېڭى ياققان قار پىستەرەڭدە تاۋلىناتـتى. قارنىڭ ئۈستىدە ئـاندا ـ سـانـدا بىرەر پىيادە ئـادەم يـاكى كىراكەش چانىلىرى قاپ ـ قارا ئىز قالدۇرۇپ ئۆتۈپ تۇراتتى.

بوگايېۋىسكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، ھاكىمىيەتنى شەھەرلىك دۇماغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش تـوغرىلىق ھـۆججەت تۈزەشنى تـەكلىپ قىلدى.

— ھـاكىمىيەتنى تـاپشۇرۇش ئـۈچـۈن ئـۇلار بىللە يىغىن ئۆتكۈزۈش لازىم بولار.

① دۇما — ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن بۇرۇن روسىيىدە ساختا ۋەكىللەر مەجلىسى — ت.

— قايسى ۋاقىتتا يىغىلغىنىمىز مۇۋاپىق بولاركىن؟

— كەچرەك، سائەت 4 تە.

ھۆكۈمەت ئەزالىرى، گويا شۇپ - شۇك بولۇپ قالغان جىمجىتلىق بۇزۇلغانغا خوشال بولغاندەك، ھاكىمىيەتنى تاپشۇرۇپ بېرىش مەسىلىسىنى، مەجلىسنىڭ ۋاقىتنى مۇھاكىمە قىلىشقا باشلىدى. كالىېدىن ئۈندىمەستىن، دۈپپەيگەن تىرناقلىرى بىلەن شىرەنى ئاستا، بىر ئۆلچەمدە تاكىلدىتاتتى. سالپىيىپ قالغان قاپاقلىرى ئاستىدا كۆزلىرى نۇرسىز، خىرە پاقىراپ تۇراتتى. ھەددىدىن تاشقىرى ھارغىنلىق، نەپرەت، زورۇقۇش ئۇنىڭ كۆز قارىشىنى كىشىنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىدە ئېغىرلاشتۇرغان ئىدى.

ھۆكۈمەت ئەزالىرىدىن بىرى يەنە بىرسىگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ، زېرىكەرلىك ئۇزاق سۆزلىدى. كالىېدىن بىر ئاز چىېچىلىپ، ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— جاناپلار، قىسقىراق سۆزلىسەڭلىچۇ! ۋاقىت كۈتۈپ تۇرمايدۇ. روسىيە مانا شۇ ۋالاقتەككۈرلىكتىن زاۋال تاپتى. يېرىم سائەت تەنەپپۇس قىلىشنى ئېلان قىلىمەن. پىكىر يۈرگۈزۈۋېلىڭلار... ئاندىن بۇ ئىشنى تېزرەك تۈگىتىش لازىم.

ئۇ ئۆز ئۆيىگە كەتتى. ھۆكۈمەت ئەزالىرى بىر نەچچە توپقا بۆلۈنۈپ، ئۆزئارا ئاستا سۆزلىشىشكە باشلىدى. شۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسى، كالىېدىننىڭ چىرايى بەك يامان كۆرۈندۇ، دېدى.

دەرىزىنىڭ ئالدىدا تۇرغان بوگايېۋسكى، بىرسىنىڭ پىچىرلاپ:

— ئالېكسەي ماكسىموۋىچقا ئوخشاش ئادەمگە ئەمدىلىكتە بىردىن بىر چىقىش يولى — ئۆز ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش، — دىگەن سۆزىنى ئاڭلاپ قالدى.

بوگايېۋسكى چۆچۈپ كەتتى - دە، ناھايىتى تېز مېڭىپ

كالىدىنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى. كۆپ ئۆتمەي ئۇ، ئاتامان بىلەن بىللە قايتىپ كەلدى.

هاكىمىيەتنى شەھەرلىك دۇماغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ۋە بۇ ھەقتە رەسمىي ھۆججەت يېزىش ئۈچۈن سائەت 4 تە شەھەرلىك دۇما ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە مەجلىس ئۆتكۈزۈشكە قارار قىلىندى. كالىدىن ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا باشقىلارمۇ تۇردى. كالىدىن ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئەزالىرىنىڭ بىرسى بىلەن خوشلىشىۋېتىپ، شۇ يەردە كارىپ بىلەن بىر نىمە توغرىلىق پىچىرلىشىۋاتقان يانوپقا سەپسېلىپ تۇردى.

— نىمە دېيىشىۋاتىسلەر؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

بىر ئاز خىجىل بولغان يانوپ يېقىنىراق كېلىپ:

— كازاك بولمىغان بىر بۆلۈك ھۆكۈمەت ئەزالىرى قايتىپ كېتىشكە يول خىراجىتى سوراۋاتىدۇ، — دىدى.

كالىدىن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ كەسكىن قول شىلتىدى:

— مەندە پۇل يوق ... مۇشۇلاردىن تويدۇمغۇ!

ھەممەيلەن تارقاشقا باشلىدى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان بوگايېۋىسكى، يانوپنى بىر چەتكە چاقىرىۋالدى:

— بىزنىڭكىگە بارايلى. سىۋېتوزاروپقا ئېيتىپ قويسىڭىزچۇ، ئۇ دالان ئۆيدە كۈتۈپ تۇرسۇن.

مۇكچىيىپ، تېز قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتقان كالىدىنىڭ ئارقىسىدىن بۇلارمۇ چىقتى. بوگايېۋىسكى ئۆز بۆلۈمىگە بارغاندىن كېيىن يانوپقا بىر باغلام پۇل بەردى.

— بۇ 14 مىڭ سوم. ھىلىقىلارغا بېرەرسىز.

يانوپنى دالان ئۆيدە كۈتۈپ تۇرغان سىۋېتوزاروپ پۇلنى ئېلىپ، رەھمەت ئېيتتى ـ دە، خوشلىشىپ، ئىشىككە قاراپ ماڭدى. يانوپ ئىشىك باقارنىڭ قولىدىن شىنېلىنى ئېلىۋاتقاندا پەلەمپەيدە

بولۇۋاتقان ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلاپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىدى. پەلەمپەيدىن كالىدىنىنىڭ مۇلازىمى — مولداۋىسكى سەكرەپ چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى.

— دوختۇر چاقىرىڭلار! تېزرەك!! — دەپ ۋاقىرىدى ئۇ.

يانوپ شىنېلىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۇنىڭ قېشىغا يۈگۈردى. نۆۋەتچى مۇلازىم ۋە دەھلىزدە توپلىشىپ تۇرغان چاپارمەنلەر پەسكە يۈگۈرۈپ چۈشكەن مولداۋىسكىنى قورشىۋالدى.

— نىمە ئىش؟! — دەپ ۋاقىرىدى چىرايىدا قان قالمىغان يانوپ.

— ئالېكسەي ماكسىموۋىچ ئۆزىنى ئېتىۋالدى! — مولداۋىسكى پەلەمپەينىڭ پەنجىرىسىگە ئۆزىنى تاشلاپ، يىغلاپ كەتتى.

بوگايېۋىسكىمۇ يۈگۈرۈپ چىقتى، لەۋلىرى بەزگەكتەك تىترەپ، تىلى گاچىلىشىپ:

— نىمە بولدى؟ نىمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

ھەممەيلەن پەلەمپەينى بىر ئېلىپ، بىر بىرىگە يۆلىنىپ، ئالدىراش يۇقۇرىغا چىقىشتى، ئاياق تاۋۇشلىرى گۈلدۈرلەپ ئاڭلاندى. بوگايېۋىسكى ئۇھ - ئۇھلاپ، ھاسىراشقا باشلىدى. ئۇ، بىرىنچى بولۇپ ئىشىكنى جالاقلىتىپ ئېچىپ، ئېغىز ئۆيى ئارقىلىق ئىشخانىغا يۈگۈردى. ئىشخانىدىن يەنە بىر كىچىك ئۆيگە كىرىدىغان ئىشىك داغدام ئوچۇق ئىكەن. ئېتىلغان ئوقنىڭ ئاچچىق كۆمۈش تۈتۈنى شۇ ئۆيدىن تۈتەپ چىقىۋاتاتتى.

— ۋاي - ۋاي! ئاھ — ئاھ — ھا! ئا — ليو — شا! ج — ى — گەر - پارەم ...، — كالىدىنىنىڭ ئايىلىنىڭ تونۇغىلى بولمايدىغان دەھشەتلىك، مۇڭلۇق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

بوگايېۋىسكى بوغۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك كۆينىكىنىڭ ياقىسىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىردى. كارىۋ دەرىزىنىڭ ئالدىدا

رەڭگى ئۆڭگەن سېرىق تۇتقۇچتىن تۇتۇپ، مۈكچىيىپ تۇراتتى.
بەل سۆڭىكى سۇرتىگىنىڭ ئىچىدە لوپۇلداپ تۇراتتى، ئۆزى قاتتىق
تىترەيتتى. چوڭ كىشىنىڭ ھۆكرەپ يىغلىشى بوگايېۋسكىگە تەسىر
قىلىپ، ھۇشىدىن كېتىشكە تاس قالدى.
كالېدىن ئوفىتسېرلەرگە خاس سەپەر كارۋىتىدا ئىككى قولىنى
مەيدىسىگە قويۇپ، ئوڭدىسىغا سوزۇلۇپ ياتاتتى. بېشى بىر يانغا،
تام تەرەپكە سەل قىيشىپ قېلىپتۇ؛ بىر مەڭزى ياستۇققا چۆكۈپ
تۇرغانلىقتىن، كۆكۈش نەم ماڭلىيى ياستۇقنىڭ ئاپپاق قېپىغا سايە
چۈشۈرۈپ تۇراتتى، كۆزلىرى ئۇيقۇدىكىدەك چالا يۇمۇلۇپ، سۇرلۇك
ئاغزىنىڭ ئىككى بۇرجىگى ئازاپ ئىچىدە قىيشىپ كەتكەن. ئايىلى تىز-
لىنىپ، ئۇنىڭ ئايىغىغا باش قويغان ئىدى. ئۇ خۇدىنى بىلمەستىن
چىقىراپ يىغلايتتى. كارۋاتنىڭ ئۈستىدە تاپانچا تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ
يېنىدا كۆينەكنىڭ ئۈستىدىن ئىنچىكە قارا قان شىلدىرلاپ ئاقاتتى.
كارۋاتنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈگىگە ھەرىبچە كىيىم
پۇختا ئېسىپ قويۇلغان، شىرەنىڭ ئۈستىدە قول سائىتى تۇراتتى.
بوگايېۋسكى دەلدەڭشىپ بېرىپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، جە-
سەتنىڭ ئىللىق، يۇمشاق كۆكسىگە قۇلىغىنى يېقىپ تىڭشاپ باق-
تى. ئەر كىشىنىڭ سىركىگە ئوخشاش ئۆتكۈر تەر پۇرىغى بۇرنىغا
ئۇرۇلدى. كالېدىننىڭ يۈرىگى سوقۇشتىن توختىغان. بوگايېۋسكى
شۇ تاپتا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ قۇلاق سالغان بولسىمۇ،
ئەمما پەقەت شىرەدىكى قول سائىتىنىڭ چىكىلداشلىرى، ئۆلۈپ
بولغان ئاتامانىنىڭ ئايىلىنىڭ زار - زار يىغلىغان ئاۋازى ۋە تالا-
دىكى قاغىلارنىڭ شۇملۇقنى تىلەپ، كانىيى يىرتىلغۇدەك قاقىل-
داشلىرى ئاڭلىناتتى.

## 16

بۇنچۇك بىرىنچى قېتىم كۆزىنى ئېچىش بىلەنلا ئانىنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ياش يۇقى كۆزلىرىنى كۆردى.

بۇنچۇك3 ھەپتىدىن بۇيان خۇددىنى بىلمەي ياتقان ئىدى. 3 ھەپتىگىچە باشقىچە بىر ئالەمنى، چۈشەنگىلى بولمايدىغان خىيالى دۇنيانى كېزىپ يۈردى. 24 ـ دېكابىر كۈندە كەچقۇرۇندا ھوشىغا كەلدى. ئۇ جىددى، خىرە نەزەر بىلەن ئانىناغا ئۇزاق قارىدى.ئانىنا بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ھەممە ئىشلارنى ئېسىگە ئېلىشقا تىرىشتى؛ ئەمما قىسمەنلىرىنىلا ئېسىگە ئالالىدى، چۈنكى خىيالىغا كۆپ نەرسە كىرىۋالغانلىقتىن خاتىرىسى چىگىشلىشىپ، تۇتۇلۇق بەرمىگەن ئىدى.

— ماڭا ئازراق سۇ بەرگىنە...، — ئۆزىنىڭ بۇ ئاۋازى قۇلىغىغا بۇرۇنقىدەك يىراقتىن ئايلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلدى ـ دە،بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ، كۈلۈمسىرەپ قويدى.

ئانىنا دەرھال قېشىغا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايىدا كەم كۆرۈلىدىغان مۇلايىم تەبەسسۇم جىلۋىلەندى.

— مەن ئىچكۈزۈپ قوياي، — دىدى ئۇ بۇنچۇكنىڭ كۇرۇشكىغا ئاران ـ ئاراندا سوزغان قولىنى ئىتتىرىپ تۇرۇپ.

بۇنچۇك بېشىنى كۆتىرىشكە بەك كۈچىگەنلىكتىن تىترەپ، سۇنى ئىچتى ـ دە، ھارغىنلىق بىلەن ئۆزىنى ياستۇققا تاشلىدى.

بىر چەتكە قاراپ ئۇزاق ياتتى، بىر نەرسە دىمەكچى ئىدى، ئەمما ھالسىزلىقى يېڭىپ ئۆگدەپ قالدى.

يەنە ئويغىنىپ كۆزىنى ئاچقاندا، ئاۋالقىدەكلا ھەممىدىن بۇرۇن ئانىنىڭ تىكىلىپ قاراپ تۇرغان تەشۋىشلىك كۆزلىرىنى، ئۇندىن كېيىن چىراقنىڭ زەپىران يورۇقىنى، سىرلانمىغان تاختاي تورۇسقا چۈشۈپ تۇرغان دائىرە شەكلىدىكى ئاپپاق يورۇقنى كۆردى.

— ئانە، قېشىمغا كەلگىنە.

ئانا كېلىپ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى. بۇنچۇۋك ئۇنىڭ قولىنى ماغدۇرسىزلىق بىلەن ئارانلا قىستى.

— كەيپىڭ قانداق؟

— تىلىم يات كىشىنىڭ، بېشىم يات كىشىنىڭ، پۈتۈممۇ شۇنداق، ئۆزەم 200 ياشقا كىرگەندەك تۇرىمەن، — دىدى ئۇ ھەر بىر سۆزنى دانىمۇ - دانە قىلىپ، — مەن كېزىك بولۇپ قالدىممۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— كېزىك.

ئۆيگە كۆز يۈگۈرتۈپ، مۇجمەللا:

— بىز قەيەردە؟ — دەپ سورىدى.

ئانا ئۇنىڭ سوئالىنى چۈشىنىپ، كۈلۈمسىرىدى.

— بىز تىسارىتسىنادا.

— خوش، سەن... نىمە قىلىپ يۈرىسەن؟

— مەن، سەن بىلەن يالغۇز قالدىم، — دىدى - دە، ئانا ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولغاندەك ياكى بۇنچۇكنىڭ كۆڭلىدىكى بىر ئوينى ئېيتقۇزغۇسى كەلمىگەندەك دەرھاللا، — سېنى يات يەردە يالغۇز تاشلاپ كېتىشكە بولمايتتى. ئابرامسون ۋە بىيۇرودىكى باشقا يولداشلار ساڭا قاراشنى ماڭا تاپشۇردى... مانا كۆرۈپ تۇرۇپ-

سەن، كۈتۈلمىگەندە ساڭا قاراپ تۇرۇشقا توغرا كەلدى، — دېدى.
بۇنچۇك كۆز ئىپادىسى بىلەن ۋە قولىنى ئاران مىدىرلىتىپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى.
— كرۇتوگورۇپ قېنى؟
— ۋورونېژ ئارقىلىق لوگانىسكىگە كەتتى.
— گېۋوركيانتىسچۇ؟
— ئۇ... بىلەمسەن... كېزىكتىن ئۆلدى.
— ھوا!...
گويا مەرھۇمنى ياد ئېتىشكەندەك، ئىككىلىسى سۈكۈتكە چۆمدى.
— مەن، سەن توغرىلىق قورققان ئىدىم، چۈنكى ئەھۋالىڭ بەك يامان ئىدى، — دېدى ئاننا ئاستا سۆزلەپ.
— بوگوۋوي قېنى؟
— ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆزدىن يوقىتىپ قويدۇم. بەزىلىرى كامېنسكاياغا كېتىشتى. ماڭا قارىغىنا، ساڭا گەپ قىلىش زىيانلىق ئەمەسمۇ؟ خوش، سىلەت ئىچەمسەن؟
بۇنچۇك ياق دەپ بېشىنى چايقىدى؛ تىلىنى تەسلىكتە ئەۋاشقا كەلتۈرۈپ، يەنە سوئال سورىدى:
— ئابرامسون قېنى؟
— بىر ھەپتە بۇرۇن ۋورونېژغا كەتتى.
بۇنچۇك قوپاللىق بىلەن بىر يانغا ئۆرۈلگەن ئىدى، بېشى ئايلىنىپ، ئاغرىقتىن كۆزىگە قان تىقىلدى. پېشانىسىدىكى سوغاق ئاللانى سېزىپ، كۆزىنى ئاچتى. ئۇنى بىرلا سوئال قىينايتتى: ھۇشسىز ياتقىنىمدا تەرىتىمنىكىم تازىلىغاندۇ؟ ئاشۇ ئاننامۇ؟ يۈزى سەل قىزاردى.
— سەن ماڭا يالغۇز قارىدىڭمۇ؟

— ھەئە، يالغۇز.

بۇنچۇك تام تەرەپكە ئۆرۈلۈپ، پىچىرلىدى:

— نومۇسسىز ئادەملەر ئىكەن... شەرمەندىلەر! ساڭا تاشلاپ كەتكىنى نىمە قىلغىنى...

كېزىكتىن كېيىن بۇنچۇكنىڭ قولىغى ئېغىرلىشىپ، ياخشى ئاڭلىمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئىسارىتسىندىكى پارتىيە كومىتېتى ئەۋەتكەن دوختۇر، ئاننىاغا: بۇنچۇك سەللىمازا ساقايغاندىن كېيىنلا ئۇنىڭ قۇلىغىنى داۋالاشقا كىرىشىمەن، دىگەن ئىدى. بۇنچۇك ئۇزاقتا ساقايدى. ئۇنىڭ ئىشتىھاسى كارامەت ئېچىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئاننا پەرز قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، تاماقنى ئۆلچەملىك بېرىپ تۇردى. بۇ جەھەتتە ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇشمۇ بولدى.

— ماڭا يەنە سۈت بەرگىنە، — دەپ سورايتتى بۇنچۇك.

— ئەمدى ئىچسەڭ بولمايدۇ.

— مەن سەندىن يالۋۇرۇپ سورايمەن — بەرگىن! سەن مېنى ئاچلىقتىن ئۆلتۈرەمسەن؟

— ئىلىيە، گەپ ئۇقساڭچۇ، مەن ساڭا ئۆلچەمدىن ئارتۇق تاماق بېرەلمەيمەن.

بۇنچۇك خاپا بولۇپ، شۈك بولۇپ قالاتتى، تام تەرەپكە قارىۋېلىپ ئۇھ تارتاتتى،ئۇزاقىچە گەپ - سۆز قىلمايتتى.ئاننائۇنىڭغا قانچىلىك ئىچ ئاغرىتقىنى بىلەنمۇ، ئۆزىنى قاتتىق تۇتاتتى. بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بۇنچۇك قاپىغىنى تۈرۈپ، بۇنىڭ سەۋەبى بىلەن تېخىمۇ ئېچىنىشلىق تۇسكە كىرىپ، بۇياققا ئۆرۈلەتتى-دە، يالۋۇرۇشقا باشلايتتى:

— تۇزلىغان كاپوستا بەرسەڭمۇ بولمامدىكەن؟ئۇنداق قىلماي بەرگىن، جېنىم ئاننا!... گېپىمنى يەردە قويمىغىن... زىيان قىلارمۇ؟

دوختۇرلارنىڭ ئەپسانىسىغۇ!

بۇنچۇك بەزىدە گېپىنى ئۆتكۈزەلمىگەن چاغدا ئانىغا قاتتىق سۆز بىلەن ئازار بېرەتتى:

— مېنى تەھقىرلەشكە نىمە ھەققىڭ بار؟ ھازىر ئۆي ئىنگىسى ئايالنى چاقىرىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزەم سورايمەن! سەن رەھىمسىز، يامان ئايالسەن!... سېنى مەن ئۆچ كۆرۈپ قالدىم.

ئانىمۇ چىداپ تۇرالماي:

— ساڭا غالچا بولىمەن دەپ بۇ تارتقۇلۇقنى ئۆزەمگە تېپىۋالغانلىغىمغا خوپ بولدى، — دېدى.

— مەن، سېنى قېشىمدا قال دەپ ئىلتىماس قىلغىنىم يوق! سەن بۇنداق سۆزلەر بىلەن ماڭا تەنە قىلىشىڭ ئورۇنسىز. سەن ئۆز ھوقۇقىڭدىن پايدىلىنىۋاتىسەن. بولۇپتۇ، ماقۇل... ماڭا ھېچنىمە بەرمەي قوي! مەن ھارام ئۆلەي... ھەي ئېسىت!

ئانىنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتىمۇ، ئەمما ئۆزىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، ئۈندىمەي قوياتتى: بۇنچۇك نىمە دېسىمۇ پەرۋا قىلماي، بار ئېغىرچىلىقنى كۆتىرەتتى.

بىر قېتىم، ئانا ئۇنىڭغا بىر سامسىنى ئارتۇقراق بەرمەي، ئىككىسى قاتتىق ئۇرۇشۇپ قالغاندىن كېيىن، بۇنچۇك تەتۈر قاراپ يېتىۋالغان ئىدى، ئانا ئۇنىڭ كۆزلىرىدە مارجاندەك ياشنى كۆرگەندە يۈرىگى سىقىلىپ كەتتى.

— سەن بوۋاق بالا ئىكەنسەن جۇمۇ!...، — دېدى ئانا.

شۇندىن كېيىن ئاشخانىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، بىر لىگەندە لىق سامسا ئېلىپ كەلدى.

— يە، يېگىن، ئىليوشا، ئەزىزىم! تويغۇدەك يە، ئاچچىقلانمىغىن! مۇنۇنى ئال، قىزىرىپ پىشقان! — دېدى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ قوللىرىغا سامسا تۇتقۇزۇپ.

بۇنچۇك قاتتىق ئازاپلانسىمۇ، بىردەم يىمەي تۇرۇپ باقتى، ئەمما چىدىيالمىدى؛ كۆز يېشىنى سۈرتۈپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ بىر سامسا ئالدى. ياداڭغۇ، يۇمشاق جىڭگىلەك ساقال باسقان يۈزىدە ئەيىپكارلارچە تەبەسسۇم يۈگۈردى - دە، كۆزى بىلەن ئەپۇ سوراپ، مۇنداق دىدى:

— مەن بوۋاق بالىدىنمۇ يامان... كۆرۈپ تۇرۇپسەن؛ يىغلىۋېتىشكە تاس قالدىم...

ئاننا ئۇنىڭ بىر قىسمىلا نازۇك بوينىغا، كۆينىكىنىڭ ئوچۇق ياقىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىچىگە، كىرىشىپ كەتكەن ياغاق مەيدىسىگە، قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالغان قوللىرىغا بىر - بىر قاراپ قوياتتى؛ بۇرۇن باشتىن كەچۈرمىگەن چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە ئىچ ئاغرىتىشى بىلەن تەسىرلىنىپ، بىرىنچى قېتىم بۇنچۇكنىڭ ئورۇق، ساغۇچ پېشانىسىگە مېھرىۋانلىق بىلەن ئاستا سۆيۈپ قويدى.

بۇنچۇك 2 ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىنلا ئۆينىڭ ئىچىدە باشقا ئادەمنىڭ ياردىمىسىز ماڭالايدىغان بولدى. مادارى قۇرىغان ئورۇق ئاياقلىرى سىقىراپ ئاغرىپ، مىتكوت بولۇپ كېتەتتى؛ ئۇ مېڭىشنى يېڭىۋاشتىن ئۆگىنىشكە كىرىشتى.

— قارا، ئاننا، ماڭالايدىغان بولدۇم! — ئۇ مۇستەقىل، تېز يۈرۈشكە ھەركەت قىلغان ئىدى، ئەمما پۇتلىرى بەدىنىنىڭ ئېغىرلىقىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكتىن، پولنىڭ ئۈستىدە راۋۇرۇس دەسسەپ تۇرالمىدى.

بۇنچۇك ئامالسىزلىقتىن ئالدىغا نىمە توغرا كەلسە، شۇنىڭغا يۆلىنىۋېلىپ، قېرى ئادەمدەك ئاغزى قۇلىقىغا يەتكۈدەك ھىجايغاندا سۇپ - سۈزۈك ئىككى مەڭزىنىڭ تېرىسى قاتتىق تارتىلىپ، قورۇق پەيدا بولاتتى. ئۇ قېرىلارچە خىقىراپ كۈلۈپ، زورۇققانلىقتىن كۆلكىدىن مادارى تۈگەپ، يېڭىۋاشتىن كارۋاتقا ئۆزىنى تاشلايتتى.

بۇلار تۇرغان ئۆي كېمە توختايدىغان پرىستانغا يېقىن ئىدى. دەرىزىدىن ۋولگىنىڭ قارلىق قىرغىغى، ئۇنىڭ نېرىسىدا كەڭ يېرىم دائىرىدە سۇر رەڭ ئورمان، يىراقتىكى ئوچۇق دالىنىڭ مەۋجلىنىپ تۇرغان مەنزىرىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاننا ئۆز جەمەتىدىن ئايرىلىپ، پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ قالغان ھاياتىنى ئويلاپ، دەرىزىنىڭ ئالدىدا ئۇزاق قاراپ تۇراتتى. بۇنچۇكنىڭ كېسەل بولۇپ قېلىشى بۇ ئىككىسىنى يېقىنلاشتۇردى.

دەسلەپتە، ئۇزاق يول ئازاۋىنى تارتىپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىسارىتىسىنغا كەلگەندە قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ، يىغلىغۇدەك دەرىجىدە ئاچچىق ئەلەم چېكىپ يۈردى، ئانناغا بىرىنچى قېتىم سۆيۈملۈك كىشىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئىچكى جەھىتىنى شۇنداق يېقىن ۋە شۇنداق ئاپ - ئاشكارا كۆرۈشكە توغرا كەلگەن ئىدى. ئاننا چىشىنى مەھكەم چىشلەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىچ كۆينىگىنى يۆتكەپ قويدى. چېچىنى تاراپ، قىزىپ كەتكەن بېشىدىن پىتلەرنى تازىلىدى، تاشتەك ئېغىر بەدىنىنى بىر يانغا ئۆرۈپ قويدى، لاغ - لاغ تىترەپ، سەسكىنىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ يالىڭاچ، ئورۇق ئەرلىك بەدىنىگە — قەدىردان كىشىسىنىڭ جېنى ئىسسىنىپ تۇرغان تاشقى پوستىغا ئوغرىلىقچە قارىدى. ئاننانىڭ پۈتۈن ئىچكى دۇنياسى ئۆرە - تۆپە بولۇپ، قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما تاشقى جەھەتتىكى ئىپلاسلىق يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئىشەنچلىك ساقلىنىۋاتقان تۇيغۇغا داغ تەككۈزمىدى. شۇ تۇيغۇنىڭ پەرمانى بىلەن ئاننا قىيىنلىش ۋە ھەيرەتنى يېڭىشنى ئۈگىنىۋالدى ۋە يېڭىپمۇ چىقتى. ئاخىرىدا قايغۇداشلىق ۋە چوڭقۇرلۇقتىكى مۇھەببەتنىڭ بۇلىقى تېشىغا سىزىپ چىقتى.

بىر قېتىم بۇنچۇك ئۇنىڭدىن:

— ئاشۇ ئىشلاردىن كېيىن تايىن، مەندىن يىرگىنىدىغان

بولۇپ قالغانسەن ... توغرىمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— بۇ بىر سىناق ئىدى.
— قانداق سىناق؟ بەرداشلىق بېرىشكىمۇ؟
— ياق، تۇيغۇغا.
بۇنچۇك ئارقىسىغا ئۆرۈلدى - دە، ئۇزاققىچە لەۋلىرىنىڭ تىترىشىنى توختىتالمىدى. شۇنىدىن كېيىن بۇلار ئوتتۇرىسىدا بۇ ھەقتە گەپ - سۆز بولمىدى. بولغان تەقدىردە ئارتۇقچە، تېتىقسىز بولاتتى...
يانۋارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇلار تىسارىتسىندىن ۋورونېژغا يۈرۈپ كەتتى.

## 17

16 - يانۋار كەچقۇرۇندا بۇنچۇك بىلەن ئاننا ۋورونېژغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە 2 كۈن تۇرۇپ، مىللېروۋوغا قاراپ يولغا چىقتى، چۈنكى ماگىدىغان كۈنى دون ئىنقىلاۋىي كومىتېتى بىلەن بۇ كومىتېتقا سادىق بولغان قىسىملار كالېدىن ئەسكەرلىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا كامېنسكايانىبوشتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ،مىللېروۋوغا يۆتكىلىپ كەلدى دىگەن خەۋەر ئېلىنغان ئىدى.
مىللېروۋونىڭ ئىچى پاتىپاراقچىلىق، ئادەملەر مىغ - مىغ ئىدى. بۇنچۇك بۇ يەردە بىر نەچچە سائەتلا توختاپ، نوۋەتتىكى پويىز بىلەن گلۇبوكاياغا يۈرۈپ كەتتى. ئەتىسى ئۇ پىلىموتچىلار كوماندىسىنى قوبۇل قىلىۋالدى، 2 - كۈنى ئەتىگەندە چېرنېتسوپنىڭ ئەتىرىدىگە قارشى جەڭگە قاتناشتى.

چېرنېتسوپ تـارمار قىلىنغاندىن كـېيىن كـۈتۈلمىگەندە بۇ ئىككىيلەنگە ئايرىلىشقا توغرا كەلدى. شۇ كـۈنى ئەتىگەندە ئـانىنا ئىشتاپتىن كۆتىرەڭگۈ روھ بىلەن ھەم سەل قايغۇرغان ھالدا يۈگۈ-رۈپ كەلدى.

— ئابرامسون شۇ يەردە ئىكەن، سەن بىلەن بىر كۆرۈشسەم دەپ تۇرالماي كەتتى. ئۇندىن كېيىن يـەنە بىر يـېڭىلىق — بۇ-گۈن مەن كېتىدىغان بولۇپ قالدىم.

— نەگە؟ — دەپ ئەجەپلەندى بۇنچۇك.

— ئابرامسون. مەن ۋە بىر نەچچە يـولداشلار لـوگانىسكىغا تەشۋىقات خىزمىتىگە ماڭىمىز.

— ئەترەتنى تاشلاپ كېتەمسەن؟ — دەپ سوغاققىنا سورى-دى بۇنچۇك.

ئانىنا قىزىرىپ كەتكەن يۈزىنى بۇنچۇكنىڭ مـەيدىسىگە يې-قىپ كۈلدى.

— راستىنى ئېيتقىنا: سەن مېنىڭ ئەترەتنى تاشلاپ كېتى-ۋاتقىنىمغا ئەمەس، سېنى تاشلاپ كېتىۋاتقىنىمغا قايغۇرۇۋاتىسەن، شۇنداقمۇ؟ ئەمما بۇ ۋاقىتلىق ئىش، مەن سېنىڭ قېشىڭدا تۇرغى-نىمدىن كۆرە، بۇ خىزمەتتە كۆپرەك پايدا كەلتۈرۈشكە ئـىشىنىمەن، پىلىموت ئىشىدىن كـۆرە، بـەلكىم، تـەشۋىقات خـىزمىتى مـېنىڭ كەسپىمگە كۆپرەك توغرا كېلىدۇ ...، — شۇ سۆز بىلەن ئۇ، كۆزىنى ئـوينـاقلـىتـىـپ قـويـدى، — گـەرچـە پـىلىموت ئـېتىشنى بۇنچۇكقا ئوخشـاش تـەجرىبىلـىك كومـاندىردىن ئۆگـىنىۋالغان بولسامـمۇ.

كۆپ ئۆتمەي ئابرامسون ئۆزىمۇ كەلدى. ئۇ، بۇرۇنقىدەكلا غەيى-رەتلىك، ئىشچان، تىنىم تاپماس ئىدى، قوڭغۇزسىمان، قېتىك مېيى

سۇرگەندەك قاپ ـ قارا بېشىدىكى ئاقارغان چاچلىرى ھامانپاقىراپ تۇراتتى. بۇنچۇك ئۇنىڭ كەلگىنىگە چىندىن خوشال بولدى.

ــ ساقىيىپ كەتتىڭمۇ؟ ناھايىتى ياخشى! ئاننانى بىز ئىلىپ كېتىمىز، ــ دىدى ئۇ، نىمە دەركىن دىگەندەك كۆزلىرىنى پىرىلدىتىپ، ــ سەنقارشى ئەمەسمۇ؟ قارشى ئەمەسمۇ؟ خوپ ... ماقۇل ... ناھايىتى ياخشى! مەن بۇ سوئالنى بېرىشىمنىڭ سەۋىۋى شۇكى، سىلەر، ئېھتىمال، تىساريتسىندا بىللە تۇرغان ئىدىڭلار.

ــ راستىنى ئېيتسام، ئۇنىڭدىن ئايرىلىش مەنئۇچۇنقىيىن،ــ دىدى بۇنچۇك قاپىغىنى سىلىپ، زومۇ ـ زو كۈلۈمسىرەپ.

ــ قىيىن دەمسەن؟!... بۇنىسى ئارتۇقچە، ئاننا ئاڭلىدىڭمۇ؟

ئابرامسون ئۆيدە نېرى ـ بېرى يۈرۈپ، مېڭىش ئەسناسىدا ساندۇقنىڭ ئارقىسىدىن گارىن مىخايلوۋىسكىنىڭ ① چاڭ باسقان كىچىك بىر تومىنى قولىغا ئالدى ـ دە، توساتتىن بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك خوشلىشقا ئالدىرىدى.

ــ سەن تېزرەك يولغا چىقالامسەن ئاننا؟

ــ سەن كېتىۋەر. مەن ھازىرلا، ــ دەپ ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىكى تىرساقنىڭ ئارقىسىدىن جاۋاپ بەردى ئاننا.

ئاننا كىيىملىرىنى يۆتكەپ بولۇپ، قايتىپ چىقتى. ئۇ ئۈستىگە ئىككى يانچۇقلۇقماش رەڭ سولدات گىمناستيۇركىسىنى كىيىپ، بېلىنى كەمەر بىلەن باغلىۋالغان ئىدى، كۆكسى سەل دۇپپىيىپ چىقىپتۇ، يەنە شۇ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىگە ياماق چۈشكەن، ئەمما كىرسىز پاكىز قارا يوپكا. يېڭىلا يۇغان ئېغىر چاچلىرى نېشىلىپ، تال ـ تال تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ ئۈستىگە شىنېلنى كىيگەندىن كېيىن كەمىرىنى تارتىپ تۇرۇپ سورىدى (ئۆزى بايىقىدەك جۇشقۇن ئەمەس ئىدى، ئاۋازى بوشاڭ، مۇڭلۇق):

---

① گارىنمىخايلوۋىسكى (1906 ــ 1852)ــئىلغار رۇس يازغۇچىسى ــ ت.

— بۈگۈن سەن ھۇجۇمغا قاتنىشامسەن؟

— ئەلۋەتتە، قاتنىشىمەن! قول قوشتۇرۇپ ئولتۇرمايمەن - دە!

— مەن سەندىن ئىلتىماس قىلىمەن... قۇلىغىڭدا چىڭ تۇت، ئۆزەڭنى ئاسرا! شۇ ئىشنى مېنى دەپ قىلغىن. ماقۇلمۇ؟ مەن ساڭا بىر جۈپ يۇڭ پايپاقنى ئارتۇق قالدۇرۇپ كېتەي. ئۆزەڭگە شامال تەككۈزۈۋالما، ئىلاجىڭ بار، ئايىغىڭغا سۇ ئۆتمىسۇن. لۇگانسكىدىن ساڭا خەت يازىمەن.

ئانىنانىڭ كۆزلىرى بىردىنلا خىرەلەشتى؛ ئۇ خوشلىشىۋېتىپ راستىنى ئېيتتى:

— كۆرۈۋاتامسەن، سېنى تاشلاپ كېتىش مەن ئۈچۈن ئىنتايىن ئېغىر، دەسلەپتە، ئابرامسون، لۇگانسكىگە بېرىشقا تەكلىپ قىلغاندا، بەك خوشال بولغان ئىدىم، ئەمدى سەنسىز ئۇ يەر ماڭا قاقاس چۆل بولىدىغانلىقىنى سېزىپ تۇرۇۋېتىمەن. ھازىرقى چاغدا قايغۇغا بېرىلىشنىڭ ئوشۇقچە ئىش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشنىڭ ھاجىتى يوق، تۈيغۇ دىگەن ئادەمنى چۆشەپ قويىدۇ... مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، خەير - خوش!...

ئۇلار سەۋرىچانلىق بىلەن سوغاققىنا خوشلاشتى، ئەمما بۇنچۇك بۇنىڭ شۇنداق بولۇش لازىملىقىنى چۈشەندى، يەنە شۇنى چۈشىنىش كېرەك ئىدىكى، ئانىنا يولغا چىقىش ئىرادەمدىن بوشاپ قالىمەنمىكىن، دەپ قورققان ئىدى.

بۇنچۇك ئۇنى ئۇزاتقىلى چىقتى. ئانىنا ئىككى مۈرىسىنى لىكىلدىتىپ، ئارقىسىغا قارىماستىن، كېتىۋاتاتتى. بۇنچۇك ئارقىسىدىن قىچقىرماقچى بولۇۋىدى، ئەمما خوشلاشقاندا ئانىنانىڭ قىيا باققان كۆزلىرىدە لىققىدە ياشنى كۆرۈپ قالدى. شۇنداقتىمۇ زومۇ - زوھ، سۇنئىي تېتىكلىك بىلەن:

— روستوفتا كۆرۈشەرمىز! سالامەت بول، ئانە! — دەپ توۋلاپ قالدى.

ئانىنا ئارقىسىغا قايرىلىپ، ئىلدام يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ، كەتكەندىن كېيىن بۇنچۇك يالغۇزچىلىق تارتقانلىقىنى بەكمۇ ھىس قىلدى. كوچىدىن ئۆيگە كىردى - يۇ، ئەمما پۈتى كۆيگەندەك يەنە دەرھاللا قايتىپ چىقتى... ئۆيدىكى ھەممە نىمە ئانىنى باردەكلا ھىس قىلدۇراتتى، ئۇنىڭ قولى تەككەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدىن: ئۇنتۇلۇپ قالغان قولياغلىقى، ئوقدان، مىس كرۇژكا ۋە باشقا نەرسىلەردىن ئانىنىڭ بويى كېلەتتى.

بۇنچۇك ئىنتايىن بىزاۋىتا بولۇپ، ئارامى كېتىپ، كەنتنى بىكاردىن دەر - بەدەر كېزىپ يۈردى، خۇددى بىر يېرىنى كېسىپ ئېلىۋالغاندەك، كۆڭلى يېرىم بولۇپ، يېڭى شارائىتقا كۆنەلمەي كەتتى. كوچىدا ئۇچرىغان ناتونۇش قىزىل گۋاردىيىچىلەرنىڭ ۋە كازاكلارنىڭ يۈزلىرىگە پەرىشان ھالدا قارايتتى، بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى تونۇيتتى، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىگى بۇنچۇكنى تونۇيتتى.

بىر يەردە گېرمان ئۇرۇشىدا بىللە جەڭگە قاتناشقان بىر كازاك ئۇنى توختاتتى. ئۇ بۇنچۇكنى ئۆيىگە باشلاپ بېرىپ، قارتا ئويۇنىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى. شىرە ئەتراپىدا پېتروپ ئەتىرىدىدىن بولغان قىزىل گۋاردىيىچىلەر ۋە يېقىندا كەلگەن ماتروسلار «يىگىرمە بىر» ئويناۋاتاتتى. ئۆينىڭ ئىچى تاماكا تۈتۈنىگە تولغان، ئۇلار قارتىنى تاس - تاس ئۇرۇپ، كېرىنسكىنىڭ چىقارغان پۇللىرىنى شاراقلىتىپ تاشلاپ، تىللاپ قويۇشاتتى، كەلسە - كەلمەس ۋاقىرىشاتتى. بۇنچۇك ساپ ھاۋانى خالاپ تالاغا چىقتى.

بىر سائەتتىن كېيىن ھۇجۇمغا قاتنىشىشقا توغرا كېلىپ، بۇنچۇك بايىقى ئېغىر ئەھۋالدىن قۇتۇلدى.

## 18

كالېدىن ئۆلگەندىن كېيىن نوۋوچېركاسسكايا كەنتىھاكىمى- يەتنى دون قوشۇنىنىڭ ھەربىي يۈرۈش ئاتامانى گېنېرال نازاروپقا ئۆتكۈزۈپ بەردى. 29 - يانۋاردا ھەربىي بىرلەشمىگە كەلگەن ۋەكىللەر ئۇنى دون قوشۇنىنىڭ قانۇنىي ئاتامانى قىلىپ سايلىدى. ھەربىي بىرلەشمىگە ئازغىنا ۋەكىللەر يىغىلغان بولۇپ كۆپچىلىكى دوننىڭ تۆۋەنكى قىسمىدىكى جەنۇبىي رايونلاردىن كەلگەن ئىدى. بۇ ھەربىي بىرلەشمە «كىچىك بىرلەشمە» دەپ ئاتالدى. ھەربىي بىر- لەشمىنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولغان نازاروپ 18 ياشتىن 50 ياشقىچە بولغان كازاكلارنى ئەسكەرلىككە ئالدىغانلىغىنى جاكالىدى، ئەمما كازاكلار دوق - پوپوزىغا ۋە ھەربىي سەپەرۋەرلىك يۈرگۈزۈش ئۈچۈن كەنتلەرگە قوراللىق ئەترەتلەرنى ئەۋەتىشكە قارىماستىن، قوللىرى- غا قورالنى ناھايىتى سۇسلۇق بىلەن ئالدى.

كىچىك بىرلەشمىنىڭ خىزمىتى باشلانغان كۈنى گېنېرال كراسنوشچېكوپنىڭ 6 - دون كازاكلىرى پولكى قوشۇن ستارشىنا- سى تاتسىنىنىڭ قوماندانلىغى ئاستىدا رۇمىنىيە فرونتىدىن ھەر- بىي يۈرۈش بىلەن نوۋوچېركاسسكىغا كەلدى. بۇ پولك يېكاتېرىنوس- لاۋدىن تارتىپ، يولبويى سوقۇشۇپ، قىزىل گۋاردىيىچىلەرنىڭ مۇھاسىرىسىنى يېرىپ ئۆتۈپ كەلگەن ئىدى. بۇ پولك پياتىخاتكا، مېژىۋايە، ماتۋېيېۋ قورغان ئەتراپىدا ۋە باشقا نۇرغۇن جايلاردا

هۇجۇمغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭغا قارىماستىن، پۈتۈن تەرەككۈي بىلەن ۋە بارلىق ئوفىتسېرلىرى بىلەن كەلگەن ئىكەن.

پولكنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈلدى. چوڭ چېركاۋنىڭ مەيدانىدا قىسقىلا دۇئا ـ تەكبىردىن كېيىن نازاروپ كازاكلارغا ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ، تەرتىپنى ياخشى ساقلىغانلىغى ئۈچۈن، دوننى قوغداشقا قوراللىرى بىلەن كەلگەنلىگى ئۈچۈن تەشەككۈر بىلدۈردى.

كۆپ ئۆتمەي پولك سۈلىن ئىستانىسىسى قېشىدىكى جەڭ مەيدانىغا ئەۋەتىلدى، ئەمما 2 كۈندىن كېيىن نوۋوچېركاسكىغا شۇم خەۋەر كەلدى: بۇ پولك بولشېۋىكلار تەشۋىقاتىنىڭ تەسىرى بىلەن ھەربى ھۆكۈمەتنى قوغداشتىن باش تارتىپ، پوزىتسىيەدىن ئۆزلۈگىدىن كېتىپ قېلىپتۇ.

ھەربى بىرلەشمىنىڭ خىزمىتى سۈسلىشىپ قالدى. بولشېۋىكلارغا قارشى كۈرەشنىڭ قانداق ئاقىۋەت بىلەن تۈگەيدىغانلىغىنى ھەممىسى سەزدى. مەجلىس ۋاقتىدا غەيرەتلىك، جۇشقۇن ـ روھلۇق گېنېرال نازاروپ جەينىگىنى شىرەگە تىرەپ، ئالقىنى بىلەن پىشانىسىنى توساپ، گويا بىر نەرسە توغرىلىق ئازاپلىنىپ پىكىر يۈرگۈزۈۋاتقاندەك ئولتۇراتتى.

بۇلارنىڭ ئاخىرقى ئۈمىتلىرى خەستەك كۆككە سورۇلدى. ئاق گۋاردىيەچى كازاكلارنىڭ بوينىغاچۈشكەن سىرتماق تارتىشقا باشلىدى. ئۆرۈش تىخورېتسكايانىڭ قېشىغىلا كېلىپ قالدى. روستوفلۇق قىزىل كوماندىر خورۇنجى ئاۋتونوموپ تىسارىتسىندىن روستوفقا كېلىۋېتىپتۇ، دىگەن خەۋەر تارالدى.

قىزىل گۋاردىيە كالېدىن بىلەن كورنىلوپ قوشۇنلىرىنى يەڭگەندىن كېيىن روستوفقا قاراپ يول ئالغان ئىدى.

22 ـ فېۋرال كۈنى كاپىتان چېرنوپنىڭ ئەترىدى روستوفقا

كىردى، ئۇ ئالدى تەرەپتىن سىۋېرسىنىڭ زەربىگە ئۇچراپ، ئارقا تەرەپتىن گىنىلوۋىسكايا كەنتىدىكى كازاكلار تەرىپىدىن ئوققا تۇتۇلۇپ، بۇ يەرگە چېكىنگەن ئىدى. ئەمدى كىچىككىنە توساق جاي قالغان ئىدى، شۇڭلاشقا روستوفتا قېلىشىنىڭ خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن كورنىلوپ شۇ كۈنىلا ئولگىنىنسكايا كەنتىگە كېتىش توغرىلىق بۇيرۇق بەردى.

تېمېرنىكتىن كەلگەن ئىشچىلار كۆنبويى ۋاگزالغا ھەمدە ئوفىتسېرلەر پاترۇللىرىغا ئوق ئېتىپ تۇردى.

22 - فېۋرال كەچقۇرۇن روستوفتىن نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇن زىچ كولوننا بولۇپ چىقىپ كەتتى. بۇ كولوننا دون ئارقىلىق سېمىز قارا يىلاندەك سوزۇلۇپ، ئاقسايغا قاراپ سىلجىدى. قۇيرۇغى كېسىلگەن چولاق روتىلار ئېرىگەن قارلارنىڭ ئۈستىدە شىلىق - شىلىق ئاران مېڭىشاتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە پاقىراق تۈگمە قادالغان گىمنازىيە شىنېلى كىيگەنلەر، يېشىل شىنېل كىيگەن تەجرىبە مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى كۆزگە چېلىقاتتى، ئەمما كۆپچىلىكى سولدات - ئوفىتسېرلەر شىنېلىنى كىيگەنلەر ئىدى. ۋىزۋوتلارنى پولكوۋنىكلار بىلەن كاپىتانلار باشلاپ ماڭغان ئىدى. تىزىلىپ كېتىۋاتقانلار ئىچىدە يۇنكېرلار ۋە پىراپورشىكلاردىن تارتىپ تاكى پولكوۋنىكلارغىچە ئوفىتسېرلەر بار ئىدى. نۇرغۇنلىغان ھارۋىلارنىڭ ئارقىسىدا قاچاقلار — ئۈستىگە شەھەر پەلتوسى كىيگەن، ئاياق كىيىمىگە كالاچ قاپلىغان ياشانغان، سۆلەتلىك كىشىلەر ماڭغان. ئاياللار ھارۋىلارنىڭ يېنىدا ئۇششاق - ئۇششاق دەسسەپ، قېلىن قارغا پېتىپ، ئىگىز پاشنىلارنىڭ ئۈستىدە تەۋرىنىپ تەسلىكتە مېڭىشاتتى.

كورنىلوپ پولكىنىڭ بىر روتىسىدا ياساۋۇل يېۋگېنىي لىستنىتسكى كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا قامەتلىك جەڭچى ئوفىتسېر ئىشتابىس — كاپىتان ستاروبېلسكى، سۇۋوروپ نامىدىكى

فاناگوريي گىرىنادىر پولكىنىڭ پورۇچىگى بوچاگوپ ۋە قىرىپ چىشلىرى قالمىغان جەڭگىۋار ئوفىتسىر لوۋىچىپ بىللە كىلىۋاتاتتى. بۇ ئادەمنىڭ پۈتۈن ئەزايىنى قىرى تۈلكىدەك ئاق ئارىلاش سىرىق يۇڭ باسقان ئىدى.

قاش قارىيىپ كۆكۈم چۈشۈۋاتاتتى. سوغاق ئۆتكىلى تۇردى، دون ئىغىزىدىن شورتاڭ ۋە شامال سوقۇپ تۇراتتى. لىستىنىتسكى ئۆز ئادىتى بويىچە، تىكىس قەدەم تاشلاپ، پىتىقلانغان قارلارنى كىچىپ، روتىدىن ئۈزۈپ ئۆتكەن ئادەملەرنىڭ يۈزىگە سىنچىلاپ قاراپ كىلىۋاتاتتى. يولنىڭ بىر چىتىدىن كورنىلوپ پولكىنىڭ كوماندىرى كاپىتان نىژىنتسىپ بىلەن پىرىيەوبراژىنىسكى پولكىنىڭ سابىق كوماندىرى پولكوۋنىڭ كۇتىپوپ ئۆتۈپ كەتتى، كۇتىپوپ شىنىلىنىڭ مەيدىسىنى ئىچىۋەتكەن، فۇراژكىسىنى كەجگىسىگە كىيىۋالغان ئىدى.

— جانابى كوماندىر !— دەپ چاقىردى نىژىنتسىپنى پودپولكوۋنىك لوۋىچىپ، مىلتىغىنى چاققانلىق بىلەن تۈزەپ قويۇپ.

كۇتىپوپ كەڭ ماڭلاي، قارا كۆزلىرى يىراق - يىراق جايلاشقان، ئۇچى قىرقىلغان كەتمەن ساقاللىق، بۇقىدەك قاڭشالىق يۈزىنى بۇراپ قارىدى؛ ئۇنىڭ نىرىقى مۈرىسىدىن نىژىنتسىپمۇ چاقىرىققا قايرىلىپ قارىدى.

— بىرىنچى روتىغا تىزرەك مىڭىشقا بۇيرۇق بىرىڭ! بۇنداق يۈرسەك توڭلاپ قالىمىز. ئايىغىمىزدىن سۇ ئۆتتى، ھەربى يۈرۈشتە مۇنداق ماڭساق...

— تازا گەپ بولدى - دە! — دەپ چاڭىلدىدى ئۇنى يوغان چىقىدىغان شاۋقۇنچى ستاروبىلىسكى.

نىژىنتسىپ جاۋاپ قايتۇرماستىن جىملا ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۇ

كۆتېپوپ بىلەن بىر مەسىلە ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش قىلىشۋاتاتتى. بىر ئازدىن كېيىن ئالېكسېيېپ بۆلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ھارۋىكەش قۇيرۇغى تۈگۈلگەن بىر جۈپ سېمىز قارا ئاتنى تېز ھەيدەپ باراتتى؛ ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاستىدىن يالپاق قار پارچىلىرى ئىككى يانغا چاچرايتتى. ئاپپاق بۇرۇتلىرى يۇقۇرىغا تىك قايرىلىپ تۇرغان، شۇنداقلا ئاپپاق قاشلىرى دىككايغان ئالېكسېيېپ شامالدا قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، فۇراژكىسىنى قۇلىغىغىچە چۆكۈرۈپ، كالىياسكا ھارۋىسىنىڭ يۆلەنچۈككە ئۆزىنى يېنىچە تاشلاپ، سول قولى بىلەن ياقىسىنى مەھكەم تۇتۇپ ئولتۇراتتى، ئوفىتسېرلەر ئۇنىڭ ھەممىگە تونۇش بەشەرىسىگە تەبەسسۇم بىلەن قاراشتى.

سان ـ ساناقسىز ئاياقلار بىلەن چەيلەنگەن يولنىڭ بەزى يەرلىرىدە ئېرىگەن سېرىق قار سۇلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. مېڭىش قىيىنلاشتى ـــ ئاياقلار تېيىلىپ كېتەتتى، ئۆتۈكتىن سۇ ئۆتتى. لىستنىتسكى ئالدىدىكىلەرنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سېلىپ ماڭاتتى، كالتا جۇۋا، ئاددى كازاك پاپاخى كىيگەن بوم ئاۋازلىق بىر ئوفىتسېر:

— كۆردىڭىزمۇ، پورۇچىك؟ دۆلەت دۇماسىنىڭ رەئىسى رودزيانكو قېرى تۇرۇقلۇق پىيادە كېتىۋاتىدۇ، — دىدى.

— روسىيە گولگوفاغا ① ئۆرلەپ چىقىۋاتىدۇ...

بىرسى كۈلۈپ، تامىغىدىن خەلپۈگىنى قىرىپ، ئىستېھزا بىلەن كۈلدى:

— گولگوفا ... بۇ يەردىكى پەرق شۇكى، ئۇ تاشلىق يول بولسا، بۇ يولدا غىچ قار بار، يەنە كېلىپ ھۆل، ئىنتايىن سوغاق.

① گولگوفا — خىرىستىيان دىنىدىكىلەرنىڭ رىۋايىتىدە، ئەيسانى دۈشمەنلىرى جازالىغان تاغ، كۆچمە مەنىسىدە ئازاپلىق يول.

— جاناپلار، نەدە قونۇدىغانلىغىمىزنى بىلەمسىزلەر؟

— يېكاتېرىنوداردا ①.

— بىر يىللى بىز پىروسسيىدە مۇشۇنداق يۈرۈشتە بولغان ئىدۇق...

— كۇبانلىقلار بىزنى قانداق قارشى ئالاركىن؟ ... نىمە دىدىڭ؟ ... ئەلۋەتتە، ئۇ يەردە ئەھۋال باشقىچە.

— تاماكىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىدى پورۇچىك گولۇۋاچىيېپ، لىستنىتسكىدىن.

ئۇ قوپال پەلىيىنى يېشىپ، پاپىروسىنى ئېلىپ، رەھمەت ئېيتتى - دە، سولداتچىسىغا بۇرنىنى قېقىپ، بارماقلىرىنى شىنېلىنىڭ پېشىگە ئېرتتى.

— دېموكراتىك ئادەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈۋاتامسىز، پورۇچىك؟ ...، — دەپ كۈلۈپ قويدى پودپولكوۋنىك لوۋچېپ.

— ئائىلاج ئۆزلەشتۈرىسەن ... سىز ... ھىلىقى بىر دوژنە قولياغلىغىڭىزنى ساقلاپ يۈرەمسىز؟

لوۋچېپ جاۋاپ بەرمىدى. ئۇنىڭ ئاق كىرگەن قىزغۇچ بۇرۇتىدا كۆكۈش مۇزلار قېتىپ قالغان ئىدى. ئۇ ئاندا - ساندا بۇرنىنى تارتىپ قوياتتى. شىنېلىنىڭ ئاستىدىن شامال ئۇرۇپ تۇرغاچقا، سوغاقتىن چىرايىنى پۈرۈشتۈرەتتى.

لىستنىتسكى قاتار سەپلەرنى، يوللاردا ئەگرى - بۈگرى بۇرۇلۇپ كېتىۋاتقان كولوننىنىڭ بېشىدىكى ئادەملەرنى ئىچ ئاغرىتىش بىلەن كۆزدىن كەچۈرۈپ، «روسسىيىنىڭ گۈلى» دەپ ئويلىدى ئىچىدە.

بىر نەچچە ئاتلىقلار چېپىپ ئۆتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىگىز دون ئارغىمىغىغا مىنگەن كورنىلوپمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ يانتۇ

① يېكاتېرىنودار — ھازىرقى كراسنودار شەھىرى.

یان یانچۇقلۇق ئـاچ یېشىل کـالتا جۇۋىسى ۋە ئـاپپاق پـاپـاخى پىيادە کېتىۋاتقانلارنىڭ ئۇستىدىن کۆپچىلىككە کۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئوفتسېرلەر بـاتالىيونلىرى ئـۇ ئۆتۈپ کـەتكىچە «ئـۇررا» دەپ توۋلاپ تۇردى.

— بۇلارنىڭ ھەممىسى ھېچ گەپئەمەس، پەقەت ئائىلە ...، — لوۋىچېپ قېرى ئادەمدەك ئىنجىقـلاپ، ھېـــداشلىق ئىزلىگەندەك. لىستىنتىسكىنىڭ كـۆزىگە ياندىن قاراپ قويدى، — مېنىڭئائىلەم سىمولېنىسكىدە قېلىپ قالدى، — دەپ تەكرارلىدى ئۇ، — ئايىلىم بىلەن قىزىم — قىزىمىمۇ چوڭ بولۇپ قالغان ئىدى. روژدېستىۋودا 17 ياشقا كىرىدۇ ... بۇ قانداق بولغىنى، ياساۋۇل؟

— شۇ — نداق...

— سىزنىڭمۇ ئائىلىڭىز بارمۇ؟ سىز نوۋوچېركاسسىكىدىنمۇ؟

— ياق، مەندون ئۆلكىسىدىنمەن. مېنىڭ ئاتام قېلىپ قالدى.

— ئۇلار نىمە بـولدىكىن ... مـەنىسز ئـۇ يـەردە قـانداق ئۆتۈۋاتىدىكىن، — دىدى لوۋىچېپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

ئۇنىڭ سۆزىنى ستاروبېلىسكى ئاچچىـغى بىلـەن بـۆلـۈپ تاشـلىدى:

— ھـەممەيلەننىڭ ئـائىلىسى قـالـدى. سىزنىڭ نـىمىشكە غىڭشىيدىغانلىغىڭىزنى چۈشەنمەيمەن، پودپولكوۋنىك؟ ئـا — جا - يىپ خەلق تېخى روستوفتىن چىقىپ بولماي تۇرۇپ ...

— ستاروبېلىسكى! پېتىر پېتروۋىچ! سىز تاگانروگ قېشىدىكى جەڭگە قاتناشقانمۇ؟ — دەپ سورىدى ئارقا قاتاردىن بىرسى.

ستاروبېلىسكى ئـاچچىقلانغان پېتى ئـارقىسىغا قـايرىلىپ، قاپىغىنى ئاچماستىن كۈلۈمسىرىدى.

— ئا ... ۋلادىمىـر گېئورگىيېۋىچ، سىز قـانـداق بـولـۇپ بىزنىڭ ۋىزۋوت تـەركىۋىگە كىرىپ قالدىڭىز؟ خىزمىتىمنى ئالماش

تۇردۇم دەمسىز؟ كىم بىلەن چىقىشالمىدىڭىز؟ ھە ـ ھە ... ئۇ يەردە، ئەلۋەتتە، بۇ چۈشىنىشلىك ... سىز تاگانروگ توغرىلىق سورىدىڭىزمۇ؟ ھە، مەن قاتناشقانمەن ... نىمە بولۇپتۇ؟ پۈتۈنلەي توغرا... ئۇ شۇ يەردە ئۆلتۈرۈلدى.

لىستىنىتىسكى ئۇلارنىڭ پارىڭىغا ئانچە قۇلاق سالماي، ئۆزىنىڭ ياگودنويىدىن يولغا چىققانۋاقتىنى،ئاتىسىنى،ئاكىسىنىنى ئويلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى تۇساتتىن قايغۇ ـ ھەسرەت قاپلىۋالدى. ئۇ بوشىشىپ، ئاران ـ ئاران چامدايتتى، ئالدىدا تەۋرىنىپ كېتىۋاتقان نەيزىلىك مىلتىقلارغا، ياپاخ،فۇراژكا، يالاڭ قۇلاقچا كىيگەن باشلارنىڭ بىر رېتىمدە تەۋرىنىشىگە قاراپ، ئىچىدە ئويلىدى:

«مانا، شۇ تاپتا سۈرگۈنگە ئۈچرىغان 5000 ئادەمنىڭ ھەممىسى ماڭا ئوخشاش ئۆچمەنلىك ۋە چەكسىز غەزەپ بىلەن تولغان. ئەبلەخلەر بىزنى روسىيىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ، بۇ يەرنى دەپسەندە قىلىشنى ئويلاۋاتىدۇ. كۆرەرمىز! ... كورنىلوپ بىزنى موسكۋاغا ئېلىپ بارىدۇ!»

شۇ دەقىقىدە ئۇ كورنىلوپنىڭ موسكۋاغا كېلىشىنى ئېسىگە چۈشۈردى ـ دە، شۇ كۈننى خوشاللىق بىلەن خاتىرىسىدىن ئۆتكۈزدى.

ئارقىدا، يېقىن بىر يەردە، ئېھتىمال، روتىنىڭ ئەڭ كەينىدە بولسا كېرەك، توپچىلار باتارىيىسى كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئاتلار پۇشقۇرۇشتى، زەمبىرەكنىڭ چاقلىرى گۈلدۈرلەشكە باشلىدى. ھەتتا ئاتلارنىڭ تەر پۇراقلىرى كېلەتتى. لىستىنىتىسكى بۇنىڭ ئۆزىگە تونۇش ھاياجانلاندۇرغۇچى پۇراق ئىكەنلىكىنى سېزىپ، ئارقىسىغا قايرىلدى: ئەڭ ئالدىدا زەمبىرەك ھارۋىسىنى ھەيدەپ كېتىۋاتقان ياش پىراپورشىك ئۇنىڭغا تونۇش ئادەمدەك كۆرۈنمىسىدى.

× ×

11 ـ مارتتا ئاقلارنىڭ پىدائىلار ئارمىيىسى ئۆلگىنىسكايا

كەنتى رايونىغا توپلانغان ئىدى. كورنىلوپ دون قوشۇنلىرىنىڭ
ھەربى يۈرۈشتىكى ئاتامانى گېنېرال پوپوپنىڭ ئۈلگىنىسكايىاغا
كېلىشىنى كۈتۈپ، يولغا چىقىشنى كېچىكتۈرەتتى، پوپوپ ئۆزىنىڭ
1600 ئۆپچۆرىسىدە مىلتىق، 5 زەمبىرەك ۋە 40 پىلىموتقا ئىگە ئەتـ
رىدى بىلەن نوۋوچېركاسسكتىن چېكىنىپ،دوننىڭ سىرتىدىكى داـ
لىغا قاراپ يولغا چىققان ئىدى.

13 ـ كۈنى ئەتىگەن پوپوپ، ئۆزىگە ھەمرا بولغان ئىشتاپ
باشلىغى پولكوۋنىك سىدورىن ۋە قوغدىغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتەيـ
دىغان بىر نەچچە كازاك ئوفىتسېرلەر بىلەن بىللە ئولگىنىسكايىغا
ئات چاپتۇرۇپ كېلىشتى.

كورنىلوپ تۇرغان ئۆينىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا يەتكەندىن
كېيىن ئۇ ئېتىنى توختاتتى؛ ئىگەرنىڭ قېشىنى تۇتۇپ، ئايىغىنى
ئاتنىڭ ئۈستىدىن ئاران كۆتىرىپ يەرگە چۈشتى، ئالدىراپ
يېتىپ كەلگەن چاپارمەن ــ قارىغىنا، كۆزلىرى غورۇلايىنىڭكىدەك
ئۆتكۈر، قارا كوكۇلاچاچ ياش كازاك گېنېرالنى قولتۇغىدىن يۆلىدى.
پوپوپ تىزگىنىنى ئۇنىڭغا تاشلاپ بېرىپ، ۋەزمىن قەدەم بىلەن پەـ
لەمپەي تەرەپكە قاراپ ماڭدى. سىدورىن ۋە قالغان ئوفىتسېرلەرمۇ
ئاتتىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشتى. چاپارمەنلەر ئاتلارنى
دەرۋازىدىن ھويلىغا ئېلىپ كىردى، چاپارمەنلەرنىڭ قېرىراق، مايـ
ماق ئاياق بىرسى ئاتلارنىڭ توربىلىرىنى بويىنىغا ئېسىپ بولغىچە،
غورۇلايغا ئوخشايدىغان، قارا كوكۇلاچاچ يەنە بىرسى ئۆي ئىگىسىـ
نىڭ قىز خىزمەتكارى بىلەن ئاللىقاچان تونۇشۇۋالدى. چاپارمەن
ئۇنىڭغا بىر نىمە دىۋىدى، ئىككى مەڭزى توغاچـ
تەك قىپ ـ قىزىل خىزمەتكار قىز، روملىـ
نى ناز ـ كەرەشمە بىلەن چىگىپ، يالىڭاياق پۇتىغا

سېپىشىۋالغان كالاشنى سۆرەپ، ئېرىگەن قار سۇيىنى كېچىپ، كۆلگەن پېتى يىگىتنىڭ يېنىدىن سارايغا قاراپ ئۆتۈپ كەتتى.

سۆلەتلىك، ياشىنىپ قالغان پوپوپ ئۆيگە كىردى. دەھلىزىدە چاقىقان بىر مۇلازىمنىڭ قولىغا شىنېلىنى بېرىپ، قامچىسىنى ئىلغۇچقا ئىلىپ قويۇپ، ئۇزاقتىچە بۇرنىنى قاقتى. چاپارمەن گېنېرال پوپوپ- نى ۋە چېچىنى سىلىق تاراپ كېلىۋاتقان سىدورىننى زالغا باشلاپ كىردى.

كېڭەش مەجلىسىگە چاقىرىلغان گېنېراللارنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ بولغان ئىدى. كورنىلوپ ئالدىغا يېيىپ قويۇلغان خەرىتى- نىڭ ئۈستىگە جەينىكىنى تىرەپ شىرەنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى؛ ئۇ- نىڭ ئوڭ تەرىپىدە بېشى ئاپپاق ئاقارغان، قۇرۇق ئۇستىخان، بېلى تۈپ - تۈز، ساقىلى پاكىز قىرىلغان ئالېكسىيېپ ئولتۇرغان، دىنت- كىن ئەقىللىق، تىكەندەك كۆزلىرىنى پاقىرىتىپ، رومانىسكى بىلەن بىر نەرسە توغرىلىق سۆزلىشىۋاتاتتى، دېنىكىنغا بىرئاز ئوخشايدى- غان لۇكومسكى ئۆينىڭ ئىچىدە ساقىلىنى چىمدىپ، ئاستا ئېرى - بېرى مېڭىپ يۈرەتتى، ماركوپ ھويلا تەرەپتىكى دەرىزىنىڭ ئالدى- دا چاپارمەن كازاكلارنىڭ ئاتلارنىڭ قېشىدا بىر نىمە قىلىپ يۈر- گەنلىگىنى ۋە خىزمەتكارىز بىلەن چاخچاقلىشىپ كۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆزىتىپ تۇراتتى.

يېڭى كەلگەنلەر تېچلىق سوراشقاندىن كېيىن شىرە يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. ئالېكسىيېپ يول توغرىلىق ۋە نوۋوچېركاسسىك- دىن كۆچۈش توغرىلىق ئانچە ئەھمىيەتلىك بولمىغان بىر نەچچە سوئاللارنى سورىدى. كۈتۈپپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە كورنىلوپ تەرىپىدىن مۇشۇ كېڭەشمىگە چاقىرىلغان بىرنەچچە جەڭ- گىۋار ئوفىتسېرلەرمۇ كىردى.

كورنىلوپ، ئاسايىشتە ئولتۇرغان پوپوپقا تىكىلىپ قاراپ:

— سىزنىڭ ئەترەتىڭىز سانى قانچە، ئېيتىپ بەرسىڭىزچۇ، گېنېرال؟ — دەپ سورىدى.

— 1500 مىلتىقلىق كىشى، بىر زەمبىرەكچىلەر باتالىيىسى، ئۆز ئاتقۇچىلىرى بىلەن 40 پىلىموت بار.

— پىدائىيلار ئارمىيىسىنى روستوفتىن كېتىشكە مەجبۇر قىلغان شارائىت سىزگە مەلۇم. تونۇگۈن كېچەش ئۆتكۈزدۇق. ئىنقىلاپىي ھەربىي ئىنقىلاپىي كومىتېت يىغىلىشنى كۆزلەپ، كۇبانغا كېتىشنى قارار قىلدۇق، ئىنقىلاپىي ھەربىي ئەتراپىدا ھازىر پىدائىيلار ئەترەتلىرى ئۇرۇش ھەركەتلىرى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بىز ئاشۇ يول بىلەن ئالغا سىلجىيمىز...، — كورنىلوپ قېرىنداشىنىڭ ئۇچلانمىغان بېشى بىلەن خەرىتىنى كۆرسىتىپ، ئالدىراپ سۆزلەشكە باشلىدى، — يول بويى كۇبان كازاكلىرىنى ئۆزىمىزگە ئەگەشتۈرۈۋالىمىز. بىزنىڭ يۈرۈشىمىزگە توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇنغان ئاز سانلىق، تەشكىللەنمىگەن ۋە جەڭ قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىغان قىزىل گۋاردىيە ئەترەتلىرىنى پارچىلاپ تاشلايمىز، — ئۇ، كۆزىنى قىسىپ، بىر چەتكە كۆز تىككەن پوپوپقا قاراپ، سۆزىنى مۇنداق تۈگەتتى، — بىز سىزگە ئۆز ئەترىتىڭىز بىلەن پىدائىيلار ئارمىيىسىگە قوشۇلۇشىڭىزنى ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە يېكاتېرىنودارغا بېرىشىڭىزنى تەكلىپ قىلىمىز. كۈچلەرنى پارچىلىۋېتىش — بىزگە پايدىسىز.

— مەن بۇنى قىلالمايمەن! — دىدى پوپوپ ئۇزۇل - كېسىل ۋە قەتئىيلىك بىلەن.

ئالېكسېيېپ ئۇنىڭغا سەل ئېگىشىپ قاراپ:

— سوراشقا رۇخسەت قىلىڭ، نىمە ئۈچۈن؟

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئوبلاستىنىڭ تۇپرىقىنى تاشلاپ، نەگىدۇر كۇبانغا بارالمايمەن. بىز شىمالدىن دونغا مۆكۈنۈپ، قىشلاقلار

رايونىدا ۋەقەلەر تەرەققىياتىنى كۆزىتىمىز. دۈشمەننى هازىر ئاكتىپ
هەركەت ئېلىپ بارىدۇ، دېيىشكە بولمايدۇ، چۈنكى بۈگۈن ـ ئەتە
هاۋا ئىسسىشقا باشلايدۇ، شۇڭا دونىدىن ئارتىللىرىيە تۈگۈل، ئاتلىق
ئەسكەرلەرنىمۇ ئۆتكۈزۈش مۈمكىن ئەمەس، شۇڭا يەم ـ خەشەك،
ئوزۇق ـ تۈلۈكى مول قىشلاقلار رايونىدىن بىز خالىغان چاغدا ۋە
خالىغان تەرەپلەرگە قاراپ پارتىزانلىق ئۇرۇشنى قانات يايدۇرۇشـ
مىز مۈمكىن.

پوپوپ، كورنىلوپىنىڭ تەكلىۋىگە قارشى ئۆزى قەتئىي ئىشەنـ
گەن دەلىللەرنى كەلتۈردى. ئۇ كىچىككىنە دىمىنى ئېلىۋالغاندىن
كېيىن كورنىلوپىنىڭ بىر نىمە دىمەكچى بولۇۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ،
بېشىنى قەيسەرلىك بىلەن سىلكىپ، يەنە سۆزلەپ كەتتى:

— سۆزۈمنى تۈگىتىشكە رۇخسەت قىلىڭ... بۇ ئېيتقانلىرىمـ
دىن باشقا، يەنە بىر ئەڭ مۇهىم ئامىل بار، بىز قوماندانلىق، ئۇـ
نىمۇ نەزەردە تۇتۇۋاتىمىز: ئۇ بولسىمۇ بىزنىڭ كازاكلىرىمىزنىڭ
كەيپىياتى، — ئۇ كۆرسەتكۈچ بارمىغىدا ئالتۇن ئۈزۈك پاقىراپ
تۇرغان گۆشلۈك ئاپپاق قولىنى سوزدى؛ ئۈنىنى سەل قاتتىقراق
چىقىرىپ، ئولتۇرغانلارنىڭ هەممىسىگە قاراپ چىقىپ سۆزىنى داـ
ۋاملاشتۇردى، — بۇ هالدا بىز كۇبانغا قاراپ يول ئالساق، ئەترـ
دىمىزنىڭ پارچىلىنىپ كېتىش خەۋپى بار. كازاكلار ئۇياققا بارماسـ
لىغى مۈمكىن. مۇنۇ ئەهۋالنىمۇ ئۇنتۇماسلىق لازىمكى، مېنىڭ ئەتـ
رىدىمنىڭ مۇستەهكەم، ئەڭ كۈچلۈك تەركىۋى — كازاكلار، ئەمما
ئۇلار مەنىۋى جەهەتتىن ئالغاندا، ئېيتايلۇق،... سىزنىڭ قىسمىلىرىـ
ڭىزدەك پۈتۈنلەي تۇرغۇن ئەمەس. ئۇلار ئاددىيسى گەپ ئۇقمايدۇ.
بارمايمەن دىسە هېچنىمە دىگىلى بولمايدۇ. شۇڭا پۈتۈن ئەترەتنى
قولدىن بېرىپ قويۇشقا تەۋەككۈل قىلالمايمەن، — دەپ ئېنىق
ئېيتتى پوپوپ هەمدە كورنىلوپىنىڭ سۆزىنى يەنە بۆلۈپ تاشلاـ

دى، — مەن سىزدىن ئەپۇ سورايمەن، مەن سىزگە ئۆز قارارىمىزنى ئېيتىپ ئۆتتۈم، بىز بۇ قارارنى ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىغىمىزغا سىزنى ئىشەندۈرۈشكە جۈرئەت قىلىمەن. تەبىئىكى، كۈچلەرنى پارچىلاش بىزگە پايدىسىز، ئەمما ھازىرقى شارائىتتا بىرلا چىقىش يولى بار. مېنىڭ پەرىزىمچە، بايا مەن ئېيتىپ ئۆتكەن مۇلاھىزىلەرگە ئاساسلانغاندا، پىدائىلار ئارمىيىسىنىڭ كۈبانغا بارماي، ئۇنىڭ ئورنىغا دون ئەترىدى بىلەن بىللە دوننىڭ سىرتىدىكى دالىلارغا بارغىنى تۈزۈك، نىمىشكە دېگەندە، كۈبان كازاكلىرىنىڭ كەيپىياتى مېنى زور ئەندىشىگە سالماقتا. پىدائىلار ئارمىيىسى ئاشۇ دالىلاردا دەم ئېلىشتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنى ئوڭشىۋالىدۇ، باھارغىچە روسىيىدىن كەلگەن يېڭى پىدائىلار كادىرلىرى ئۇلارغا قوشۇلاتتى...

تېخى تۈنۈگۈنلا دوننىڭ سىرتىدىكى دالىلارغا بېرىشنى ياقلاپ، بۇنىڭغا قارشى پىكىر بەرگەن ئالېكسېيېپقا قاتتىق ئېتىراز بىلدۈرگەن كورنىلوپ بۈگۈن قاتتىق ئاۋاز بىلەن:

— ياق، — دەپ رەت قىلدى، — قىشلاقلار رايونىغا بېرىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. بىر 6000 غا يېقىن ئادەم...

— ئەگەر مەسىلە ئوزۇق - تۈلۈككە بېرىپ تاقالسا، ئۇچاغدا سىز، جانابى ئالىيلىرىنى ئىشەندۈرۈشكە جۈرئەت قىلىمەنكى، قىشلاقلار رايونىدىمۇ ياخشىراق يەر يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەردە شەخسى ئات فېرمىلىرىنىڭ ئىگىلىرىدىن ئات ئېلىپ، ئارمىيىڭىزنىڭ بىر قىسمىنى ئاتقا مىندۈرەلەيسىز. مانېۋىرلىق دالا ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشتا سىزدە يېڭى ئۈمىتلەر تۇغۇلىدۇ. ئاتلىق ئەسكەر سىزگە بەكمۇ لازىم، پىدائىلار ئارمىيىسىدە ئاتلىق ئەسكەر ئانچە كۆپ ئەمەس.

شۇ كۈنى كورنىلوپ، ئالېكسېيېپقا تولىمۇ جان كۆيەرلىك

بىلەن قاراپ كەتتى. ئېھتىمال، ئۇ، يۆنۆلۆش تاللاشتا ئىككىلىنىپ قالغانلىقتىن، باشقا بىر ئابرويلۇق كىشىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئىزلىگەن بولسا كېرەك. ئالېكسىيېپنىڭ سۆزىنى زالدا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى زور دىققەت بىلەن ئاڭلىدى. مەسىلىنى قىسقا، ئۆزۈل - كېسىل، ئېنىق ھەل قىلىشقا ئۆگىنىپ قالغان قېرى گېنېرال بىر نەچچە ئېغىز يىغىنچاق ئىبارىلەر بىلەن ئۆز پىكرىنى بايان قىلىپ، يېكاتېرىنودارغا قاراپ يۈرۈش قىلىشنى ياقلىدى.

— بىز ئاشۇ يۆنۆلۆشكە قاراپ يۈرسەك، بولشېۋىكلارنىڭ مۇھاسىرىسىنى ئۇڭايلا يېرىپ ئۆتۈپ، يېكاتېرىنودار قېشىدا ئۇرۇش ھەركەتلىرى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئەترەت بىلەن قوشۇلىمىز، — دەپ سۆزىنى تۈگەتتى ئۇ.

— ئەگەر بۇنداق قىلىشقا ئېرىشەلمىسەكچۇ، مىخائىل ۋاسىلېيېۋىچ؟ — دەپ سورىدى لۇكومىسكى ئېھتىيات بىلەن.

ئالېكسىيېپ لەۋلىرىنى چىشلەپ، قولى بىلەن خەرىتىنى كۆرسەتتى.

— ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان تەقدىردە بىزدە كافكاز تاغلىرىغا يېتىپ بېرىۋېلىپ، ئارمىيىنى تارقىتىۋېتىش ئىمكانىيىتى قالىدۇ.

ئۇنىڭ سۆزىنى رومانوۋىسكى قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى. ماركوۋ بىر نەچچە ئېغىز قىزغىن سۆزلەرنى ئېيتتى. ئالېكسىيېپنىڭ سالماقلىق دەلىللىرىگە قارشى قويغۇدەك ھېچقانداق پىكرى قالمىغان بولسىمۇ، ئەمما لۇكومىسكى سۆز ئېلىپ، تارازىنىڭ ئىككى تەرىپىنى باراۋەرلەشتۈرۈپ قويدى.

— مەن گېنېرال پوپوپنىڭ تەكلىۋىنى قۇۋۋەتلەيمەن، — دىدى ئۇ ئالدىرىماي ئويلىنىپ سۆزلەپ، — كۇبانغا

يۇرۇش قىلغاندا تـەسەۋۋۇر قىلىش ئىمكانىيىتى بـولمىغان زور قىـ
يىنچىلىقلارغا دۇچكېلىمىـز. ھەممىدىن بۇرۇن بىزگـە تۆمۈريـولنى
2 قېتىم كېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ...

كېڭەشمىگە قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نەزىرى لۇكومىسـ
كىنىڭ خەرىتە يۈزىدىكى بارمىقىغا تىكىلدى، لۇكومىسكى سۆزىنى
داۋاملاشتۇردى:

— بولشېۋىكلار پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيدۇ، بىزنى تەييارـ
لىق بىلەن كۈتۈۋالىدۇ — ئۇلار بىرونېۋىك پويىزلارنى ئېلىپ كېـ
لىدۇ. بىزنىڭ لاقىا ـ لۇقىا ھارۋىلىرىمىز كۆپ، بىر تالاي يارىدارـ
لار تۇرۇۋېتۇ؛ ئۇلارنى بىز تاشلاپ كېتەلمەيمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى
ئارمىيىگە ئادەتتىن تاشقىرى ئېغىر يۈك بولۇپ، تېز ئالغا ئىلگىرىـ
لەشكە توسقۇن بولىدۇ. ئۇندىن كېيىن مەن بىر نەرسىنى چۈشىنەلـ
مەيۋاتىمەن: كۇبان كازاكلىرىنىڭ بىزگە دوستانە مۇناسىۋەتتە بوـ
لۇشىغا ئىشەنچ قىلىش قەيەردىن تۇغۇلغان؟ دون كازاكلىرىنى مىـ
سالغا ئالساق، گويا بۇلارمۇ بولشېۋىكلار ھاكىمىيىتىگە ئېغىر دەرىـ
جىدە مايىل دەيدىغان گەپلەر بار، بىز بۇ مىش ـ مىش گـەپلەرگە
تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ۋە زور دەرىجىدە ساغلام سىكېپتىسىزىم①
نۇقتىئىنەزىرى بىلەن قارىشىمىز لازىم. ئىلگىرىكى روسىيە ئارمىيىـ
سى يۇقتۇرغان بولشېۋىكلىك تىراخوما كېسىلى كۇبانلىقلاردىمۇ بار...
ئۇلار بىزگە دۈشمەنلىك كەيپىياتىدا بولۇشى مۇمكىن. سـۆزۈمنىڭ
ئاخىرىدا تەكرارلاپ ئـۆتىمەنكى، مېنىڭ پىكرىـم — شەرققە، دالىغا
كېتىش، كۈچنى توپلاپ، بۇ يەردىن بولشـېۋىكلارغا زەربە بېرىش.

ئۆز گېنېراللىرىنىڭ كۆپچىلىگىنىڭ قوللىشىغا ئىگە بـولغان
كورنىلوپ ئۇلۇغ كىنەزلىگىنىڭ غەربى بىلەن يۈرۈپ، يۈرۈش جەرـ
ياندا ئارمىيىنىڭ ئۇرۇشقا قاتناشمايدىغان بىر بۆلۈك ئـادەملىرىگە

① سىكېپتىسىزىم — ھەممە نەرسىگە ئىشەنمەسلىك بىلەن قاراش — ت.

ئات ئېلىپ، شۇ يەردىن كۆبانغا بۇرۇلۇشقا قارار قىلدى. ئۇ، كېگەشمىنى تۈگىدى دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، پوپوپ بىلەن بىرنەچچە ئېغىز گەپ دېيىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن سوغاققىنا خوشلاشتى ـ دە، ئۆز هۇجرىسىغا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئالېكسىيېپ ماڭدى.

دون ئەتىرىدىنىڭ ئىشتاپ باشلىغى پولكوۋنىك سىدورىن ئۆتۈگىنىڭ ئاپقۇتىغا تاقىۋالغان شپورلىرىنى جىرىڭلىتىپ، ئىشىكتىن چىقتى ـ دە، چاپارمىنگە شات ـ خوراملىق بىلەن توۋلىدى:

ــ ئاتلارنى ئېلىپ كەل!

سېرىق بۇرۇت ياش كازاك يۈز بېشى قىلىچىنى تۇتۇپ، ئېرىگەن قار سۇلىرىدىن ئاتلاپ، پەلەمپەينىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ، پەلەمپەينىڭ تۆۋەنكى باسقۇچى ئالدىدا توختىدى ـ دە، پىچىرلاپ:

ــ ئىش قانداقراق، جانابى پولكوۋنىك؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ يامان ئەمەس! ــ دىدى سىدورىن كۆتىرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن، ــ بىزنىڭ باشلىق كۆبانغا بېرىشنى رەت قىلدى. هازىر يولغا چىقىمىز. سىزلەر تەييار بولدۇڭلىمۇ، ئىزۋارىن؟

ــ بىز تەييار، ئاتلارنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ.

چاپارمەنلەرئاتقا مىنىپ، ئاتلارنى يېتىلەپ كەلدى. غورۇلايغا ئوخشايدىغان قارا كوكۇلاچاچ يېنىدىكى يولداشلىرىغا قاراپ قويىدى.

ــ قانداق، چىرايلىق قىزمىكەن؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ پىخىلداپ كۈلۈپ.

قېرىراغى ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن كۈلۈپ قويىدى.

ــ ئاتنىڭ قىرچاڭغۇسىدەك بىر نىمە ئىكەن.

ــ خوش، مۇبادا ئۇ چاقىرىپ قالسا، قانداق قىلىسەن؟

ــ بۇ گېپىڭنى قوي، ئەخمەق، بۈگۈن ئۇلۇغ رامزان كۈنى.

بۇرۇن گىرىگورىي مېلېخوپ بىلەن بىللە خىزمەت قىلغان ئىزۋارىن، ئۆزىنىڭ كەڭ ساغرىلىق، ماڭلىيىدا يالپا قاشقىسى بار، ئاق

تۇمشۇق ئېتىغا ئىرغىپ مىنىپ، چاپارمەنلەرگە:

— كوچىغا چىقىپ تۇرۇڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

پوپوپ بىلەن سىدورىن گېنېراللارنىڭ بىرسى بىلەن خوشلىشىپ، پەلەمپەيدىن چۈشتى. چاپارمەنلەرنىڭ بىرسى ئاتنىڭ بېشىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، گېنېرالنىڭ پۇتىغا ئۈزەڭگىنى توغرىلاپ بەردى. پوپوپ قولىدىكى ئاددى كازاك قامچىسى بىلەن ئېتىنى قامچىلاپ، ئېتىنى يورغىغا سالدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چاپارمەن كازاكلار، سىدورىن ۋە باشقا ئوفىتسېرلەر ئالدىغا سەل ئىلگىرىلەپ، ئۈزەڭگىنىڭ ئۈستىدە سەل كۆتىرىلىپ ئات چاپتۇرۇپ كەتتى.

پىدائىلار ئارمىيىسى 2 مەنزىلدە قونۇپ، مىچچېتىنسكايە كەنتىگە كەلگەندىن كېيىن بۇ يەردە كورنىلوپ قىشلاق رايونى توغرىلىق قوشۇمچە يېڭى مەلۇماتلارنى ئالدى. بۇ — كۆڭۈلسىز مەلۇماتلار ئىدى. كورنىلوپ سەپتىكى قىسىملارنىڭ كوماندىرلىرىنى يىغىپ، كۇبانغا بېرىشقا قارار قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

ئۇ، قوشۇلۇش توغرىلىق 2 - قېتىم تەكلىپ بېرىپ، بىر مۇلازىمنى پوپوپقا ئەۋەتتى. مۇلازىم - ئوفىتسېرلەر پوپوپ ئارمىيىسىنى ستارو - ئىۋانوسك قېشىدا قوغلاپ يەتتى. ئۇنىڭ پوپوپتىن ئېلىپ كەلگەن جاۋاۋى مۇنداق ئىدى: پوپوپ تەكلىپنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى، ئۆز قارارىنى ئۆزگەرتمەيدىغانلىقىنى، ھازىرچە سالسك ۋىلايىتىدە قېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى تەكەللۇپ بىلەن ئەمما سوغاق تەلەپپۇزدا يېزىپتۇ.

# 19

نوۋوچېركاسسكنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ئايلانما يول بىلەن ئىلگىرىلەپ بېرىۋاتقان گولۇبوپ ئەترىدى بىلەن بىللە بۇنچۇكمۇ يولغا چىققان ئىدى. 23 ـ فېۋرالدا ئۇلار شاختىنايادىن چىقىپ، رازدورسكايا كەنتىدىن ئۆتۈپ، كېچىسى مېلېخوۋسكاياغا يېتىپ باردى. ئەتىسى تاڭ يورۇش بىلەنلا بۇ يەردىنمۇ چىقىپ كېتىشتى.

گولۇبوپ ئەترەتنى تېز سۈرئەت بىلەن ئېلىپ ماڭدى. ئەڭ ئالدىدا بەستلىك كوماندىرنىڭ ئۆزى كېتىۋاتاتتى؛ قامچىسى ئاتنىڭ ساغرىسىغا دەمبەدەم تېگىپ تۇراتتى. كېچىدە بېسسېرگېنېۋسكايا كەنتىدىن ئۆتۈپ، ئاتلارنى ئازراق ئارام ئالدۇرغاندىن كېيىن ئاتلىقلار يۇلتۇزسىز سۇررەڭ تۈندە خىرە ـ شىرە تەۋرىنىپ تۇپراق يول بېتىدىكى نېپىز مۇزلارنى ئات تۇياقلىرى بىلەن چاراسلىتىپ يەنە يولغا چۈشتى.

كىرىۋيانسكايا قېشىدا يولدىن ئېزىقىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما دەرھاللا ئۆز يۆنىلىشىنى تېپىۋالدى. بۇلار كىرىۋيانسكاياغا كىرگەندە تاڭمۇ سۈزۈلگەن ئىدى. كوچىلاردا تېخى ئادەم كۆرۈنمەيتتى. مەيداننىڭ قېشىدا، قۇدۇق بېشىدا بىر كازاك چال ياغاچ ئوقۇردىكى مۇزلارنى ئويۇۋاتاتتى. گولۇبوپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى، ئەترەت توختىدى.

— سالام، بوۋاي.
كازاك پەلەي كىيسۋالغان قولىنى ئاستا پاپاخىغا ئېلىپ بار-دى - دە، ياقتۇرمىغاندەك ئەلپازدا:
— سالامەتمۇ سىلەر، — دەپ جاۋاپ بەردى.
— دادىكا، سىلەرنىڭ كەنتتىكى كازاكلار نوۋوچېركاسسكقا كەتتىمۇ، نىمە؟ سىلەردە ھەربىي سەپەرۋەرلىك بولدىمۇ؟
قېرى ئالدىراپ پالتىنى قولىغا ئېلىپ، جاۋاپ بەرمەستىن ئۆيىگە قاراپ راۋان بولدى.
— يۈرۈڭلار! — دەپ توۋلىدى گولۇبوپ ئاغزىنى بۇزغان ھالدا ئاتىنىڭ بېشىنى بۇراپ.
شۇ كۈنى كىچىك ھەربىي بىرلەشمە كونىستانتىنوۋىسكايا كەنتىگە كۆچۈشكە تەييارلىنىۋاتاتتى. دون ئەسكەرلىرىنىڭ يېڭى-دىن تەيىنلەنگەن ھەربىي يۈرۈش ئاتامانى گېنېرال پوپوپ قوراللىق كۈچلەرنى نوۋوچېركاسسكىدىن ئالىقاچان ئېلىپ چىقىپ قوشۇننىڭ قىممەت باھا مال - مۈلۈكلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە، گولۇبوپ مېلىخوۋىسكايادىن بېسسېرگېنېۋىسكايا تەرەپكە كېتىۋېتىپتۇ، دىگەن خەۋەر ئېلىندى. ھەربىي بىرلەشمە نوۋوچېركاسسكنى تاپشۇرۇپ بېرىش توغرىلىق گولۇبوپ بىلەن مۇزاكىرە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن سىۋولوبوپنى ئەۋەت-تى. ئارقىدىنلا گولۇبوپنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ھېچقانداق قار-شىلىق كۆرسىتىشكە ئۇچرىماستىنلا نوۋوچېركاسسكقا كىردى. گولۇ-بوپ ئۆزى تەرگە پىشقان ئات بىلەن، زىنچىدا بىر توپ كازاكلار بىلەن بىللە، ھەربىي بىرلەشمىنىڭ بىناسىغا ئات چاپتۇرۇپ كەلدى. ئىشىك ئالدىدا بىر نەچچە بىكارچى ئادەملەر توپلىشىۋالغان بولۇپ، بىر چاپارمەن ئىگەرلەنگەن ئاتنى تۇتۇپ، نازاروپنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى.

بۇنچۇك ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، قول پىلىموتىنى ئالدى ـ دە، گولۇبوپ ۋە باشقا بىر توپ كازاكلار بىلەن بىللە ھەربى بىرلەشمە بىناسىغا يۈگۈرۈپ كىردى. تاراقلاپ ئېچىلغان ئىشىككە كەڭ زالدا ئولتۇرغان ۋەكىللەر ئىلدام بۇرۇلۇپ قاراپ، چىرايلىرى تامدەك ئاقىرىپ كەتتى.

ئۇرغۇن كازاكلار بىلەن بېسىپ كىرگەن گولۇبوپ خۇددى ھەربى كۆرەك ۋاقتىدىكىدەك ھەيۋەتلىك ئاۋاز بىلەن:

— تۇرۇ — ڭلار! — دەپ كوماندا بەردى ـ دە، ئالدىراشچىلىقتا بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ، ھەيئەت رىياسەت ئولتۇرغان شىرەگە ئېتىلىپ باردى.

بىرلەشمە ئەزالىرى جاراڭلاپ چىققان بۇيرۇققا بوي سۇنۇپ، ئورۇندۇقلىرىنى تاراقشىتىپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. بىرلا نازاروپ قىمىرلىماي ئولتۇرۇۋەردى.

— بىرلەشمىنىڭ مەجلىسىنى بۇزۇشقا قانداق جۈرئەت قىلدىڭىز؟ — دىدى ئۇ ئاچچىغى بىلەن چاڭىلداپ.

— سىز قولغا ئېلىندىڭىز! ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ! — گولۇبوپ قىزىرىپ، نازاروپنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، مۇرىسىدىكى گېنېراللىق پوگونلىرىنى يۇلۇۋالدى، — تۇر، مەن ساڭا ئېيتىۋاتىمەن! ئېلىپ ماڭ مۇنۇنى!... سەن!... مەن كىمگە ئېيتىۋاتىمەن؟ ئالتۇن پاگونلىرىڭدىن ئايلىناي!...

بۇنچۇك پىلىموتنى ئىشىكنىڭ ئاغزىدا توغرىلاپ قويغان ئىدى. بىرلەشمە ئەزالىرى ئۈركىگەن قوي پادىسىدەك غۇژمەك بولۇپ تۇرۇشتى. كازاكلار نازاروپنى، قورقۇنچىدىن كۆكىرىپ كەتكەن بىرلەشمە رەئىسى ۋولوشنوپنى ۋە باشقا بىر نەچچە ئادەمنى بۇنچۇكنىڭ يېنى بىلەن سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

سۇپ ـ سۇر يۈزىگە قىزىللىق يۈگۈرگەن گولۇبوپ، قىلىچىنى يالىڭاچلاپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ھەربىر بىرلەشمىنىڭ ئەزالىرىدىن بىرسى ئۇنىڭ يېڭىدىن تۇتۇپ:

— جانابى پولكوۋنىك، كەچۈرۈڭ، بىز نەگە بارىمىز؟ — دېدى. ئۇنىڭ مۆرىسىدىن يەنە بىر گىلدىنىڭ باش بوينىنى سوزۇپ:

— بىز بوشاندۇقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بار، يوقال! — دېدى گولۇبوپ قول شىلتىپ، ئاندىن بۇنچۇك بىلەن قاتارلىشىپ كېتىۋېتىپ، بىرلەشمە ئەزالىرىغا شارتتىدە قايرىلىپ، پۈتى بىلەن پولنى تەپتى، — يوقىلىڭلار ... سىلەر بىلەن ئىشىم يوق! قېنى!

ئۇنىڭ خىرىلدىغان غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازى زالنىڭ ئىچىدە خېلىغىچە ياڭرىدى.

بۇنچۇك ئانىسىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدى، ئەتىسى، سىۋېرىس، روستوفنى ئىشغال قىلىپتۇ، دېگەن خەۋەر نوۋوچېركاسسكقا تارقىلىش بىلەنلا، گولۇبوپتىن رۇخسەت ئېلىپ، ئەتىسلا روستوفقا ئاتلىق يۈرۈپ كەتتى.

سىۋېرىسنىڭ ئىشتاۋىدا 2 كۈن ئىشلىدى، سىۋېرىس «ئاكوپ ھەقىقىتى» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىگەن چاغدىلا ئۇنى بىلەتتى، بۇنچۇك ئىنقىلاۋىي كومىتېتقا بارغان ئىدى، بۇ يەردە نە ئابرامسون، نە ئاننا يوق ئىكەن. سىۋېرىس ئىشتاۋىنىڭ ھوزۇرىدا ئىنقىلاۋىي ھەربىي سوت ئورگىنى تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئورگان قولغا چۈشكەن ئاق گۋاردىيىچىلەر ئۈستىدە كەسكىن سوت يۈرگۈزۈپ، جازالاش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىكەن. بۇنچۇك يەنە بىر كۈن ئارتۇق ئىشلەپ، سوتنىڭ ئېھتىياجلىق

ئىشلىرىغا قارىشىپ بەردى ۋە يوشۇرۇنغان دۈشمەنلەرنى تۇتۇشقا قاتناشتى. ئەتىسى، كۆرۈشىدىغان كىشىلىرى بىلەن ئۇچرىشىشقا تازا ئىشەنچى بولمىسىمۇ، ئىنقىلاۋىي كومىتېتقا بارغان ئىدى، پەلەمپەيدىن چىقىپ كېتىۋېتىپلا ئاننانىڭ تونۇش ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ قەدىمىنى ئاستىلىتىپ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ ۋە ئاننانىڭ كۈلكىسى ئاڭلىنىپ تۇرغان 2 - ئۆيگە كىرگەندە يۈرىكى قات قىلىپ كەتتى.

ئىلگىرى ھەربىي گارنىزون باشلىغى تۇرغان بۇ ئۆينىڭ ئىچىدە تاماكا تۈتۈنى بۇلۇتتەك ئۈزۈپ يۈرەتتى. بۇلۇڭدا كىچىككىنە پەرداز ئۈستىلىنىڭ يېنىدا، تۈگمىسىز شىنېل كىيگەن، بېشىدىكى سولداتچە قۇلاقچىسىنىڭ بۇغۇچى يېشىۋېتىلگەن بىر ئادەم بىر نىمە يېزىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا كالتە جۇۋا ۋە پەلتو كىيگەن سولداتلار ۋە غەيرى ھەربىلەر يىغىلىشىپ ئولتۇرغان ئىدى، ئۇلار بىر نەچچە توپقا بۆلۈنگەن بولۇپ، تاماكا چېككەچ، پاراڭ سوقۇۋاتاتتى. ئاننا دەرىزىنىڭ ئالدىدا، ئىشىككە ئارقىسىنى قىلىپ تۇراتتى، دەرىزە تاكچىسىدا، ئابرامسون گىرەلەشتۈرۈلگەن بارماقلىرى بىلەن تىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ يېنىدا ئىگىز بويلۇق، لاتىش چىراي بىر قىزىل گۋاردىيىچى بېشىنى بىر تەرەپكە قىيشايتۇرۇپ ئۆرە تۇراتتى. ئۇ، چىمچىلىغىنى تىك قىلىپ، تاماكىسىنى بىر چەتكە تۇتۇپ، بىر نەرسىنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى، ھېكايىسى خېلى قىزىق بولسا كېرەك، ئاننا مەززە قىلىپ كۈلەتتى، ئابرامسوننىڭ يۈزلىرى كۈلكىدىن پۈرۈلگەن، شۇ يەردىكى باشقا ئادەملەرمۇ ھېجىيىپ قۇلاق سېلىشاتتى، قىزىل گۋاردىيىچىنىڭ يوغان يۈزىنىڭ پالتا بىلەن چېپىلغاندەك ئىز قالغان ھەر بىر سىزغىدىن ئەقىللىقلىق، ئۆتكۈرلۈك، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر ئاز ئاچچىغى يامانلىقنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

بۇنچۇك، ئانىسنىڭ مۇرىسىگە قولىنى قويۇپ:
— ياخشىمۇسەن، ئانە؟— دېدى.
ئانىسا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىدى. يۈزىگە قىزىللىق يۈگۈرۈپ، بويىنىغىچە قىزىرىپ كەتتى، كۆزىدىن ياش چىقتى.
— نەدىن كېلىشىڭ؟ ئابرامسون، قارىغىنا! مانا ئۇ— يېڭى چىققان تەڭگىدەك ۋالىلداپ ئۆزىمۇ كېلىپ قالدى، سەن بولساڭ ئۇنىڭ توغرىسىدا تەشۋىشلىنىپ يۈرگەن ئىدىڭ،— دەپ جاۋىلداپ كەتتى ئانىسا، ئۇ، ئىزاتارتقانلىغىدىن بېشىنى كۆتىرەلمەي، ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى.
بۇنچۇك، ئابرامسوننىڭ ئىسسىق قولىنى قىسىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر - ئىككى ئېغىز سۆزلەشكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ شۇ تاپتىكى ئەخمىقانە يۈزىنى چەكسىز بەختىيار كۈلكە قاپلىۋالغانلىغىنى ھېس قىلىپ، ئابرامسوننىڭ سورىغان سوئالىغا جاۋاپ بەرمەستىن (ئۇ ھەتتا نېمىنى سورىغانلىغىنى ئاڭقىرالمىغان ئىدى) ئانىسنىڭ قېشىغا قاراپ يول ئالدى. ئانىسا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، بۇنچۇكنى بىر ئاز غەزەپ ئارىلاش تەبەسسۇم بىلەن قارشى ئالدى، چۈنكى ئۆزىنىڭ ئىزا تارتقانلىغىغا ئاچچىقلىنىپ تۇراتتى.
— خوش، يەنە بىر قېتىم تېپىلىق سوراي، سالامەتمۇسەن؟ ئەھۋالىڭ قانداق؟ سالامەتلىگىڭ ياخشىمۇ؟ قاچان كەلدىڭ؟ نوۋوچېركاسسكىدىن كەلدىڭمۇ؟ گولۇبوپنىڭ ئەتىرىدىدە بولغانمىدىڭ؟ شۇنداق دېگىن... خوش، قانداق تۇردۇڭ؟
بۇنچۇك ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەستىن، قادىلىپ قاراپ، سوئاللىرىغا جاۋاپ بەردى. ئانىسنىڭ كۆزلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي باشقا تەرەپكە قارىۋالدى.
— يۈر، بىر ئاز ۋاقىت كوچىغا چىقىپ كىرەيلى،— دەپ تەكلىپ قىلدى ئانىسا.

بۇلارنى ئابرامسون چاقىرىپ توختاتتى:

— يات قايتىپ كېلەمسىلەر؟ يولداش بۇنچۇك، ساڭابىر ئىشىم بار ئىدى. بىر ئىشتا سەندىن پايدىلانماقچى بولغان ئىدۇق.

— بىر سائەتتىن كېيىن كېلىمەن.

كوچىغا چىققاندىن كېيىن ئانىنا، بۇنچۇكنىڭ كۆزىگە ئىللىق چىراي بىلەن تۆزلا قاراپ، ئۆزىگە رەنجىگەندەك قولىنى شىلتىپ قويدى.

— ئىلىيە، ئىلىيە، بايا ئىزا تارتىپ ئەسكى ئىش قىلدىم... خۇددى كىچىك قىز بالىدەك! ئۇنىڭ سەۋىۋى: بىرىنچىدىن، سەن تۇيۇقسىزلا كىرىپ كەلدىڭ؛ ئىككىنچىدىن، ئەھۋالىمىزنىڭ مۇجمەل-لىگى. راستىنى ئېيتقاندا، سەن بىلەن بىز كىم ئىدۇق؟ راھەت-پاراغەتتە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان «كۆيوۋ بىلەن كېلىن»مۇ؟ بىلەمسەن، بىر قېتىم لۇگانسكىدا ئابرامسون مەندىن: «سەن بۇنچۇك بىلەن بىللە ئۆتۈۋاتامسەن؟» دەپ سورىغان ئىدى، مەن: ياق، دىدىم، ئەمما ئۇ ھەممىنى تېز بايقىۋالىدىغان يىگىت، شۇڭا كۆزگە چېلىققان نەرسىنى كۆرمەي قالمايدۇ. ئۇ ھېچنىمە دىمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىشەنمىگەنلىگى كۆزىدىن چىقىپ تۇرىدۇ.

— سەن ئۆزەڭ توغرىلىق سۆزلەپ بەرگىنە، قەيەردە بولدۇڭ، نىمە ئىش ئىشلىدىڭ؟

— ھە، بىز ئۇيەردە ئىشنى ئەۋج ئالدۇرۇۋەتتۇق! 211 كىشى-لىك بىر قوراللىق ئەترەت قۇردۇق، تەشكىلىي ۋە سىياسى خىزمەت ئېلىپ باردۇق... ئىشلىگەن ئىشلىرىمىزنى بىر - ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولامدۇ؟ سېنىڭ پەيدا بولۇشۇڭدىن تېخى-چە ئەس - ھۇشۇمنى يىغىۋالالماي تۇرىمەن. سەن قەيەردە... نەدە قونۇۋاتىسەن؟ — دىدى ئانىنا ئېيتىپ بېرىۋاتقان سۆزىنى ئۈزۈپ قويۇپ.

— شۇيەردە ... بىر يولداشنىڭكىدە.

بۇنچۇك راستىنى ئېيتماي، قىينىلىپ قالدى: ئۇ، سىۋىرىسىنىڭ ئىشتاۋىدا قونۇپ يۈرەتتى.

— سەن بۈگۈنلا بىزنىڭ ئۆيگە كۆچۈپ كەل. مېنىڭ تۇرىدىغان يېرىم ئېسىڭدىمۇ؟ سەن بىر چاغدا مېنى ئېپكېلىپ قويىغان ئىدىڭغۇ.

— تاپىمەن. ئەمما... سىنىڭ ئائىلەڭنى قىسىنچىلىققا سېلىپ قويماسمەنمۇ؟

— بۇ گېپىڭنى قوي، ھېچكىمنى قىسىنچىلىققا سالمايسەن، ئومۇمەن بۇ توغرىلىق گەپ ئاچما.

كەچقۇرۇن بۇنچۇك، ئۆزىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى چوڭ بىر سولداتچە سومكىغا قاچىلاپ، چەترەك بىر خالتا كوچىدىكى ئانىنىڭ ئۆيگە كەلدى. پىششىق خىشتىن ياسالغان كىچىككىنە ئايرىم بىنانىڭ بوسۇغىسىدا ئۇنى بىر موماي قارشى ئالدى. چىرايى ئانىنىغا بىر ئاز ئوخشايتتى: يەنەشۇ چاقناپ تۇرغان كۆككە مايىل قارا كۆز، يەنەشۇ ئىلمەك بۇرۇن، پەقەت يۈزىنى قورۇق باسقان بولۇپ، قوڭۇر تۇس ئالغان ۋە كالچىيىپ قالغان ئاغزى قېرىلىقنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

— سىز بۇنچۇك بولامسىز؟ — دەپ سورىدى موماي.

— شۇنداق.

— مەرھەمەت، كىرىڭ، قىزىم سىز توغرىلىق ئېيتقان ئىدى.

موماي، بۇنچۇكنى كىچىككىنە بىر ھوجرىغا باشلاپ كىردى، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى قويىدىغان يەرنى تەيىن قىلدى، قېتىپ قالغان قاداق قولىنىڭ بارمىقى بىلەن بىر دائىرىنى كۆرسىتىپ:

— مۇشۇ ئۆيدە تۇرىسىز. مۇنۇ كارۋات سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدا بولىدۇ،— دېدى.

مومایىنىڭ رۇس تىلىنى يەھودىچە تەلەپپۇزدا سۆزلىگەنلىگى ئېنىق سېزىلىپ تۇراتتى. بۇ ئۆيدە ئۇنىڭدىن باشقا بىر ياش ئۆسمۈر — تېنى ئاجىز، ئانىناغا ئوخشاش كۆك كۆز قىز بالا بار ئىدى.

بىر ئازدىن كېيىن ئانىنا كەلدى. ئۇ كەلگەندىن كېيىن ئۆي-نىڭ ئىچى ۋاراڭ - چۇرۇڭ بىلەن جانلىنىپ كەتتى.

— ھېچكىم كەلمىدىمۇ؟ بۇنچۇك كەلمىدىمۇ؟

ئانىسى ئۇنىڭغا ئۆزئاناتىلىدا بىر نىمە دىگەندىن كېيىن، ئانىنا دىرىڭلاپ مېڭىپ ئىشىككە باردى.

— قېشىڭغا كىرىشكە بولامدۇ؟

— كىر، كىر.

بۇنچۇك ئورۇندۇغىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— خوش قانداق؟ ئورۇنلىشىۋالدىڭمۇ؟

ئانىنا ئوچۇق چىراي، مەمنۇنلۇق بىلەن بۇنچۇكقا بىر قاراپ چىقىپ، سورىدى:

— بىر نەرسە يىدىڭمۇ؟ يۈر، ئاۋۇ ئۆيگە كىرەيلى.

ئۇ، بۇنچۇكنىڭ گىمناستۇركىسىنىڭ يېڭىدىن تۇتۇپ، بىرىنچى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ:

— ئانا، بۇ كىشى مەن بىلەن بىر سەپتىكى يولداش. رەنجىتىپ قويماسسىز، - دىدى كۈلۈپ.

— نىمە دىگىنىڭ بۇ، بۇنداق قىلىشقا بولامدۇ؟... ئۇ — بىزنىڭ مېھمىنىمىز ئەمەسمۇ.

كېچىسى، روستوپتا ئاكاتسىيە دەرىخىنىڭ قوۋزىغى چاراسلاپ يېرىلغاندەك ئاندا - ساندا مىلتىق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بەزى - بەزىدە پىلىموت تاتىلداپ، كېيىن ھەممىسى جىمىقىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن فېۋرالنىڭ ئۇلۇغۋار قاراڭغۇ كېچىسى كوچىلارنى يېڭىۋاشتىن سۈكۈنات قۇچىقىغا ئالدى. بۇنچۇك بىلەن ئانىنا بۇ كىچىككىنە ئىنتايىن سەرەمجانلىق، پاكىز ئۆيدە ئۇزاق ئولتۇرۇشتى.

— بۇ ئۆيدە سىگىلىمبىلەن ئىككىمىزتۇرىمىز،—دېدى ئانىنا.— كۆردۇڭمۇ، بۇۋى قىزلاردەك ئاددى ـ ساددا ھايات كەچۈرىمىز. ئەرزان رەسىملەرمۇ، چۈشكەن سۈرەتلىرىمىزمۇ، ماڭا ئوخشاش گىمنازىيىنى پۈتتۈرگەن قىزلارغا لايىق ھېچقانداق بىزەك نەرسىلەرمۇ يوق.

— قانداق تىرىكچىلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ كەلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى بۇنچۇك گەپ ئارىسىدا.

ئانىنامۇ ئۆز غۇرۇرىنى ساقلاپ:

— مەن ئاسمولوپ فابرىكىسىدائىشلىدىم ۋە بالا ئوقۇتتۇم، — دەپ جاۋاپ بەردى.

— ھازىرچۇ؟

— ئانام كېيىم تىكىدۇ. 2 جانغا كۆپ ئىشلەشمۇ لازىم ئەمەس.

بۇنچۇك نوۋوچېركاسسكنىقانداق ئالغانلىغىنى، زىۋېربۇۋو بىلەن كامېنسكايا يېنىدا بولغان جەڭلەرنى تەپسىلى سۆزلەپ بەردى. ئانىنا، لۇگانسكى بىلەن تاگانروگنا ئىلىپ بارغان ئىشلىرى توغرىسىدىكى تەسىراتىنى ئورتاقلاشتى.

سائەت 11 دە، ئانىسى ئۆز ئۆيىدىكى چىراقنى ئۆچۈرۈش بىلەنلا، ئانىنا چىقىپ كەتتى.

## 20

مارت ئىبىدا بۇنچۇك دون ئىنقىلاۋىي كومىتېتى ھوزۇرىدىكى ئىنقىلاۋىي ھەربى سوت ئورگىنىغا خىزمەتكە ئەۋەتىلدى. ئىگىز بوي كۆزلىرى خىرە، خىزمەت ۋە ئۇيقۇسىزلىقتىن جۇدەپ، ھالى قالمىغان رەئىس بۇنچۇكنى ئۆزى ئولتۇرغان ئۆيىنىڭ دېرىزىسى ئالدىغا

ئېلىپ بېرىپ، قول سائىتىنى سىلاپ تۇرۇپ (ئۇ بىر مەجلىسكە
ئالدىراپ تۇراتتى) مۇنداق دېدى:

— سەن قايسى يىلى پارتىيىگە كىرگەن؟ ئاھا، ناھايىتى ياخشى.
شۇنداق قىلىپ، سەن بىزدە كومەندانت بولىسەن. ئۆتكەن كېچە بىز
ئۆز كومەندانتىمىزنى «دوخونىن ئىشتاۋى»غا يولغا سالدۇق ...
پارە ئالغانلىغى ئۈچۈن. ئۇچىغا چىققان لۆكچەك ئىدى، نومۇسسىز،
ئەبلەخ، مۇنداق ئادەملەرنىڭ بىزگە كېرىگى يوق. بۇ بىر يىرگە-
نىشلىك خىزمەت بولىسمۇ، ئەمما مۇنداق خىزمەتتىمۇ پارتىيە ئال-
دىدا ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ھېس قىلىشى لازىم بولىدۇ، سەن
مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنى ئوبدان چۈشىنىۋال ...، — ئۇ
بۇ جۈملىنى ئالايىتەن تەكىتلەپ ئېيتتى، — ئادەم-
گەرچىلىكنى ساقلاش كېرەك. بىز زورلۇر تېپىلغاندا،
ئەكسىلئىنقىلاپچىلارنى جىسمانى جەھەتتىن يوقىتىمىز. ئەمما بۇنى
سېرىك ئويۇنىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇش مۇمكىن ئەمەس، سۆزۈمنى
چۈشىنىۋاتامسەن؟ خوپ، ماقۇل. بار، ئىشقا كىرىش.

شۇ كۈنى كەچتە بۇنچۇك 16 قىزىل گۋاردىيىچىنى ئەگەش-
تۈرۈپ، يېرىم كېچىدە شەھەر سىرتىغا چىقىپ، 3 چاقىرىم يىراق-
لىقتىكى بىر يەردە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان 5 ئادەمنى ئات-
تى. ئۇلارنىڭ ئىككىسى گىنىلوۋىسكايا كەنتلىك كازاك بولۇپ،
قالغانلىرى روستوپ ئاھالىسى ئىدى.

بۇلار ھەر كۈنى دېگۈدەك يېرىم كېچىدە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆ-
كۈم قىلىنغانلارنى يۈك ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ شەھەرنىڭ سىرتىغا
ئېلىپ باراتتى، ئۇلارغا ئالدىراش ئورا قازاتتى، گۆر قېزىش ئىشىغا
ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىمۇ ۋە قىزىل گۋار-
دىيىچىلەرنىڭ بىر بۆلىگى قاتنىشاتتى، بۇنچۇك قىزىل گۋاردىيە-

چىلەرنى سەپكە تىزىپ چويۇندەك ۋەزمىن سۆزلەرنى ياڭرىتىپ:
— ئىنقىلاپ دۈشمەنلىرىگە ئۆلۈم ...،— دەپ تاپانچىسىنى شىلتايتتى، — ئات!...

بىر ھەپتىنىڭ ئىچىدە ئۇ، خوپ ياداپ، گويا تۇپىغا بـۇلانـغاندەپ قارىيىپ كەتتى. كۆزلىرى ئـورىچەكلىشىپ، ھـەسرەتلىك پاقىراپ تۇرغان قارىچۇغىلىرىنى ئەسەبىلەرچە تارتىشىپ تـۇرغان قاپاقلىرى ياپالمايتتى. ئانىنا ئۇنى پەقەت كېچىلىرىلا كۆرەتتى،ئانىنا ئىنقىلاۋىي كومىتېتتا ئىشلەپ، ئۆيىگە كەچ قـايتىسىمۇ، ئـەمما ئۇ، ھەر دائىم بۇنچۇك ئۆزىنىڭ كـەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ دەرىـزىنى تەك - تەك قىلىپ چەككەن ئۆزىگە تونۇش ئـاۋازىنى ئـاڭلىغانغا قەدەر كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

بىر كۈنى بۇنچۇك، ئادەتتىكىچە، يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە قايتىپ كەلدى، ئانىنا ئىشىكنى ئېچىپ، ئۇنىڭدىن:
— تاماق يەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

بۇنچۇك جاۋاپ بەرمىدى: مەس ئادەمدەك دەلدەڭشىپ، ئۆز ھوجرىسىغا كىردى - دە، كىيىم - كېچىكىنى سالماستىن، شىنېل، ئۆتۈك، باش كىيىمى بىلەنلا ئۆزىنى كارۋاتقا تاشلىدى. ئانىنا قېشىغا كېلىپ، يۈزىگە قارىغان ئىدى، كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كېتىپتۇ، مەھكەم چىشلەنگەن چىشلىرىنىڭ ئارىلىغىدىن شۆلگەيلىرى چىقىپقېلىپتۇ، كېزىكتىن كېيىن شالاڭ ئۆسكەن چاچلىرى تەرگە پىشىپ ماڭلىيىغا يېپىشىپ قالغان.

ئانىنا يېنىدا ئولتۇردى. ئىچى ئاغرىپ، يـۈرىكى جـىغىلداپ كەتتى، پىچىرلاپ ئۇنىڭدىن ئاستا سورىدى:
— بەك قىينىلىۋاتامسەن، ئىليە؟

بۇنچۇك، ئانىنانىڭ قولىنى قىسىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى،

تام تەرەپكە قارىۋالدى. شۇپىتى بىرەر ئېغىز سۆز قىلماستىن، ئۆيـ
قۇغا كەتتى ـ دە، چۈشىدە بىرنىسمىلەرنى جۆيلۈدى، ئورنىدىن تۇرـ
ماقچى بولۇپ كۈچەندى. ئاننا ئۇنىڭ كۆزى يېرىم ئوچۇق ئۇخلاـ
ۋاتقانلىقىنى، چالا يۇمۇلغان قاپىقىدىن پۈلتىيىپ تۇرغان ساغۇچ
ئېقى كۆرۈنۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەندە قاتتىق قورقۇپ، ئەزايىنى
تىترەك باستى.

— ئۇ يەردىن كەت! — دىدى ئاننا ئەتىسى ئەتىگەن، — ئالـ
دىنقى سەپكە بارغىنىڭ ياخشىراق. سەن كىشى تونۇمايدىغان دەرىـ
جىگە بېرىپ قالدىڭ، ئېيلە! بۇ خىزمەتتە بېلىڭ سۇندۇ!

— گەپ قىلما! ...، — دەپ ۋاقىرىدى بۇنچۇك غەزەپتىن ئاـ
قىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ.

— ۋاقىرىما، مەن سېنى رەنجىتتىممۇ؟

بۇنچۇك، گويا مەيدىسىدەيىغىلىپ قالغان قەھرى ـ غەزىۋىنى
ۋاقىراش بىلەن چىقىرىپ تاشلىغاندەك، بىردىنلا جىمىپ قالدى.
ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىككى ئالقىنىغا ھارغىنلىق بىلەن قاراپ سۆزلەپ
كەتتى:

— ئادەملەرنىڭيامانلىرىنى قىرىپتاشلاش — يىرگىنىشلىك
ئىش ئىكەن. ئادەم ئېتىش، بىلسەڭ، كىشىنىڭ سالامەتلىكىگە ۋە
روھىغا بەك زىيانلىق ... ماناقارا ...، — ئۇ، بىرىنچى قېتىم ئانناـ
نىڭ ئالدىدا ئەدەپسىز سۆزلەر بىلەن ئاغزىنى بۇزدى، — پەقەت
ئەخمەقلەر بىلەن ياۋايىلارلا ياكى مۇتەئەسسىپلەرلا مۇنداق يىرگىـ
نىشلىك ئىشقا بارىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى
باغۇ ـ بوستانلارغا بېرىشنى خالايدۇ، ئەمما ھەي دەرىخ! — گۈل
ئۆستۈرۈش، دەرەخ تىكىشتىن ئىلگىرى شۇ يەردىكى ئىپلاسلىقنى
تازىلاش كېرەك! ئوغۇتلاش لازىم! قولنى بۇلغاش كېرەك بوـ
لىدۇ! — ئۇ، ئاننا باشقا ياققا قاراپ، ئۈندىمەي ئولتۇرغانلىقىغا

قارىماستىن، چاقىلداپ سۆزلەۋەردى، — پاسكىنچىلىقنى يوقىتىش كېرەك، ئەمما كىشىلەر بۇ ئىشتىن يىرگىنىدۇ! ...، — بۇنچۇك شىرەنى مۇشتلاپ، قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ، ۋاقىراپ كەتتى.

ئانىنىڭ ئانىسى ئۆيىنىڭ ئىچىگە قاردۇدى، شۇئاندىلا بۇنچۇك ئېسىنى يىغىپ، ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن بۇ خىزمەتتىن كەتمەيمەن! مەن بۇ خىزمەتتە ئىنقىلاپقا پايدا كەلتۈرۈشنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن ۋە ھېس قىلىۋاتىمەن! ئىجىسلارنى كۆرەيمەن، يەرنى ئوغۇتلايمەن، يەر كۈچلەنسۇن! ئۈنۈمدار بولسۇن! كەلگۈسىدە بۇ يەرلەردە بەختلىك كىشىلەر يۈرەر ... بەلكىم، تېخى تۇغۇلمىغان ئوغلۇم يۈرەر ...، — ئۇ ئىككى قولىنى تىزىغا قويۇپ، پىچىرلاپ سۆزلىدى، — قۇرۇپ كەتسۇن بارى! كۆيسە، لاۋۇلداپ كۆيسۇن، تۈتەپ تۇرۇشنىڭ لازىمى يوق... بىراق مەن، راستىنلا چارچىدىم ... بىر ئاز ئىشلىگەندىن كېيىن ئالدىنقى سەپكە كېتىمەن، سىنىڭ ئېيتقىنىڭ توغرا ...

ئۇنىڭ سۆزىنى جىم ئولتۇرۇپ تىڭشىغان ئانىنا پەيتنى تېپىپ ئاستا دىدى:

— ئالدىنقى سەپكە ياكى باشقا ئىشقا كەت ... كەت، ئىلىيە، ئۇنداق بولمىغاندا سەن ... ئەقلىڭدىن ئازىسەن.

بۇنچۇك، ئانناغا ئارقىسىنى قىلىپ، دەرىزىنى تاكىلداتتى.

— ياق، مەن بەردەم... تۆمۈردىن سوققان ئادەملەر بار، دەپ ئويلاپ قالمىغىن، بىز ھەممىمىز بىر تەخلىتتىكى ئادەملەرمىز ... دۇنيادا ئۇرۇشقا كىرگەندە قورقمايدىغان ئادەملەر بولمايدۇ، شۇنىڭدەك، ئادەم ئۆلتۈرگەندە، روھىي جەھەتتىن ئازاپلانمايدىغان ئادەم يوق. ئەمما پاگون تاقىغانلار ئۈچۈن ھەرگىز ئىچ ئاغرىتمايمەن ... ئۇلارمۇ سەن بىلەن بىزگە ئوخشاش ھەممىنى چۈشىنىدىغان ئادەملەر. تۈنۈگۈن 9 ئادەمنىڭ قاتارىدا 3 كازاكنى ئېتىشقا توغرا

كەلدى ... ئۆچلىسى ئەمگەكچىلەر ... بىرسىنىڭ قولىنى يېشىشكە باشلىغان ئىدىم ...، — بۇنچۇكنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى پەسلەپ، گويا يىراقلىشىپ كېتىۋاتقاندەك چىقتى، — قولىنى تۇتقىنىمدا، بۇ قول چەمدەك قاتتىق ئىكەن ... پۈتۈنلەي قاداق باسقان ... ئالقىنى قاپ - قارا، تىلىم - تىلىم يېرىلىپ كەتكەن ... قاپارتقۇ بىلەن تولغان ... خوش، مەن كەتتىم، — ئۇ سۆزىنى چورتلا ئۈزدى - دە، قىل ئاغامچا بىلەن بوغۇلغاندەك تۈگۈلۈپ قالغان بوغۇزىنى ئاناناغا سەزدۈرمەستىن سىلاپ قويدى.

بۇنچۇك ئۆتۈكىنى كىيىپ، بىر ئىستاكان سۈت ئىچتى، شۇنىڭ بىلەن چىقىپ كەتتى، ئانا دەھلىزدە ئارقىسىدىن قوغلاپ يەتتى. بۇنچۇكنىڭ ئىغىر قولىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، ئۇزاققىچە تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ لاۋۇلداپ تۇرغان مەڭزىگە باستى، ئاندىن هويلىغا يۈگۈرۈپ چىقتى.

× ×

كۈن ئىسسىپ قالدى. ئازوپ دېڭىزىدىن دون دەرياسى ئېغىزىغا كۆكلەم هاۋاسى كىرىشكە باشلىدى. مارت ئېيىنىڭ ئاخىرىدا گايداماكلار ① بىلەن نېمىسلار سىقىپ قويغان ئوكرايىنا قىزىل گۋاردىيە ئەترەتلىرى روستوفقا كېلىشكە باشلىدى. شەهەردە ئادەم ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭچىلىق، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن مال - مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلىش باشلاندى. بەزىبىر پۈتۈنلەي چىرىپ كەتكەن ئەترەتلەرنى ئىنقىلاۋىي كومىتېت قورالسىزلاندۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بەزىدە توقۇنۇشۇش، ئوق چىقىرىش ئىشلىرىمۇ بولۇپ تۇردى. نوۋوچېركاسسىك ئەتراپىدا كازاكلار

① گايداماكلار — ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن 1917 — 1919 — يىللار-دىكى ئىچكى ئۇرۇش دەۋرىدە — ئوكرايىنادىكى ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئەترەتلەرگە قاتناشقان سولدات ۋە ئوفىتسېر — ت.

باش كۆتىرىشكە باشلىدى. مارت ئېيىدا كەنتلەردە كازاكلار بىلەن چەت شەھەرلىكلەر ئارىسىدا قارىمۇ قارشىلىقلار، تىرەك پوتلا بولغاندەك بۇرتۇپ چىققىلى تۇردى، بەزى جايلاردا قوزغىلاڭ كۆتىرىلدى. ئەكسىلئىنقىلاۋىي سۇيىقەستلەر ئەۋج ئالدى. ئەمما روستوف شەھىرى جۇشقۇن ھاياتنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتاتتى: ئاخشاملىرى سولداتلار، ماتروسلار، ئىشچىلار چوڭ سادوۋايە كوچىسىدا توپ-توپ بولۇشۇپ يۈرۈشەتتى. سورۇن-يىغىنلارنى ئۆتكۈزەتتى، شىمشكە چېقىپ، شاكىلىنى پىيادە يوللار بويلاپ ئېقىۋاتقان ئېرىقلارغا تۈكۈرۈشەتتى، ئاياللار بىلەن چاخچاقلىشىپ كۈلۈشەتتى. كىشىلەر بۇرۇنقىدەكلا ئىشلەيتتى، يەپ-ئىچەتتى، ئۇخلايتتى، ئۆلەتتى، تۇغاتتى، ئاشىق بولۇشاتتى، ئۆچ-ئاداۋەتتە بولۇشاتتى، دېڭىز تەرەپتىن شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن تۇزلۇق ھاۋادىن نەپەس ئېلىشاتتى، بەزىلىرى چوڭ، بەزىلىرى كىچىك ھەۋەسلەرگە بېرىلىپ كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈشەتتى. خەۋپ-خەتەر بىلەن تولغان كۈنلەر روستوفقا قاراپ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى. توڭى ئېرىگەن قارا تۇپراق يەرنىڭ ھىدى بىلەن يېقىندا بولىدىغان جەڭلەرنىڭ قان پۇرىقى بۇرۇنغا پۇراپلا تۇراتتى.

قۇياش نۇر چېچىپ تۇرغان شۇنداق چىرايلىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇنچۇك ھەر كۈندىكىدىن بالدۇرراق ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن ئىدى، ئۆيدە ئاننانىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— سەن ھەممىشەم كەچ كېلەتتىڭ، ئەجەپ بۈگۈن بالدۇر قايتىپسەنغۇ؟

— بۈگۈن تازا ساقلىغىم يوق تۇرىدۇ.

ئاننا، بۇنچۇكنىڭ ئارقىسىدىن ئۇنىڭ ئۆيىگە بىللە كىردى. بۇنچۇك يېشىنىپ، تىترەك ئارىلاش خوشال تەبەسسۇم بىلەن:

— ئانە، بۈگۈندىن باشلاپ، ھەربىي سوتتا ئىشلەيدىغان بولدۇم.

— نېمىشكە؟ سېنى نەگە ئەۋەتمەكچى؟

— ئىنقىلاۋىي كومىتېتقا. بۈگۈن كرىۋوشلىكوپ بىلەن سۆزلەشتىم. ئۇ مېنى مۇشۇ ۋىلايەتنىڭ بىر يېرىگە ئەۋەتىشكە ۋەدە قىلدى.

بۇلار كەچكى تاماقنى بىللە يېيىشتى. ئۇ ئۇخلاشقا ياتتى، ھاياجان ئىچىدە ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى، تاماكا چەكتى، قاتتىق-قۇرۇق تۆشەكنىڭ ئۈستىدە ئۇيان - بۇيانغا ئۆرۈلۈپ، شادىمانلىق بىلەن خۇرسىنىپ قويدى. ھەربى سوتتىن كەتكەنلىكىگە ئىنتايىن مەمنۇن بولدى، چۈنكى يەنە بىر ئاز ئىشلىسە، چىداشلىق بېرەلمەي، تۈگىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ سېزىپ يۈرگەن ئىدى، ئۇ ئىشىكنىڭ ئاستا غىچىرلىغىنىنى ئاڭلىغاندا 4 - پاپىروسنى چېكىپ بولغان ئىدى. بېشىنى كۆتىرىپ، ئاننانى كۆردى. ئاننا يالىڭاياق، ئىچ كۆينەك بىلەنلا بوسۇغىدىن ئاتلاپ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ، بۈنچۈكنىڭ كارۋىتىنىڭ قېشىغا كەلدى. دەرىزە قاپقىنىنىڭ يوچۇقىدىن ئاننانىڭ يالىڭاچ يەلكىسىگە ئاينىڭ كۆكۈش - خىرە شولىسى چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ ئېگىشىپ، ئىللىق ئالقىنى بىلەن بۈنچۈكنىڭ ئاغزىنى باستى.

— نېرىراق يات، ئۈندىمە...

ئاننا، بۈنچۈكنىڭ يېنىغا ياتتى - دە، ئۈزۈمنىڭ ساپىقىدەك پېشانىسىدىن ئېسىلىپ تۇرغان بىر تۇتام چېچىنى ئالدىراشلىق بىلەن ئارقىسىغا قايرىپ تاشلاپ، كۆكۈش ئۇچقۇنداپ تۇرغان كۆزلىرىنى پاقىرىتىپ، قوپالراق ئاۋاز بىلەن، قىينىلىپ تۇرۇپ پىچىرلىدى:

— بۈگۈن بولمىسا — ئەتە سەندىن ئايرىلىپ قېلىشىم مۇمكىن ... سېنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ياخشى كۆرۈشنى خالايمەن! — ئاننا ئۆزىنىڭ بۇ قارارىدىن تىترەپ كەتتى، — قېنى، تېزرەك بول!

بۇنچۇك، ئاناني سۆيدى، ئەمما ئۆزىنىڭ دەرمانسىزلىغىنى ھىس قىلغاندا ئۇيياتتىن پۈتۈن ۋۇجۇدىنى دەھشەت قاپلىدى.

ئۇنىڭ بېشى تىترەپ، ئىككى مەڭزى ئوتتەك لاۋۇلدىدى. ئانىنا ئۆزىنى تارتىپ، ئۇنى ئاچچىغى بىلەن نېرى ئىتتەردى ـ دە، ھاسىرىغان پېتى يىرگىنىش، نەپرەت بىلەن، پىچىرلاپ سورىدى:

ـــ سەن ... سەندە كۈچ ـ مادار يوقمۇ؟ ياكى سەن ... ئاغرىقمۇ؟ ھو ـــ و ـــ و، بۇ نىمە دىگەن سەتچىلىك! ئىككىنچى قېشىمغا يولۇما!

بۇنچۇك. ئانانىڭ بارماقلىرىنى شۇنداق سىقتىكى، سەل قاراسلىدى، ئۇنىڭ چەكچەيگەن، ئۆچمەنلىك بىلەن قارىيىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قادىلىپ قاراپ، بېشى پالەچتەك تىترەپ، كېكەچلەپ تۇرۇپ سورىدى:

ـــ نىمىشكە؟ نىمىشكە مۇنداق دەيسەن؟ ھە، مەن كۆيۈپ تۈگىدىم! ... ھازىر بۇ ئىشقا قادىر ئەمەسمەن ... ئاغرىق ئەمەسمەن ... چۈشەن، چۈشىنىپ قوي! مەن قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالدىم...

بۇنچۇك بوغۇق ئاۋاز بىلەن ئىڭراپ كارۋاتتىن سەكرەپ چۈشتى، تاماكا چەكتى. دەرىزىنىڭ ئالدىدا، گويا تاياق يىگەن ئادەمدەك مۈكچىيىپ ئۇزاققىچە تۇردى.

ئانىنا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇندىمەستىن ئۇنى قۇچاقلىدى ۋە ئانىسىدەك مۇلايىملىق بىلەن بۇنچۇكنىڭ پېشانىسىدىن سۆيدى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن ئانىنا ئۆزىنىڭ ئوتتەك لاۋۇلداپ تۇرغان يۈزىنى بۇنچۇكنىڭ ئالقىنى بىلەن بوشۇرۇپ، راستىنى ئېيتتى:

ـــ ... مەن سېنى بۇرۇن ھەممە كۈچىنى سەرپ قىلىپ

بولـغانمـسـكىن، دەپ ئويلىغۇىدىم ... خىزمەت پۈتۈنلەي مادارىمنى قۇرۇتقانلىقىنى بىلمىگەن ئىدىم.

شۇندىن بۇيان بۇنچۇك سۆيگەن كىشىسىنىڭ مېھرى ـ مۇـ ھەببىتىنىلا ئەمەس، بەلكى تولـۇپ تاشقان ئىللىق ئانىلىق غەمـ خورلۇغىنى ئۇزاققىچە ھېس قىلىپ يۈردى.

بۇنچۇك ئۆلكىگە ئەۋەتىلمىدى. ئۇ پـودتېلكوپنىڭ تـەلىۋى بويىچە روستوفتا قالدى. بۇ چاغدا دون ئىنقىلاۋىي كومىتېتىدا ئىش ئىنتايىن ئالدىراش ئىدى، ئوبلاستلىق سـوۋېتلەر قۇرۇلتىيىغا تەيـ يارلىق كېتىۋاتاتتى، دوننىڭ نېرىـقـى قىرغىـىدا[1] باش كۆتىرىپ قالغان ئەكسىلئىنقىلاۋىي ھەركەتكە قارشى كۈرەشكە ھازىرلىق ئىشـ لىرى ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى.

## 21

دەريا بويىدىكى مەجنۇن تاللارنىڭ ئاستىداھەرخىل ئاۋازىلەن پاقىلار كوكىرايتتى. قۇياش دۆڭنىڭ ئارقىسىدىكى ئاستانىغـا باش قويدى.سېتراكوف يېزىسىغا كەچكى سالقىن چۈشۈشكە باشلىدى.ئۆيـ لەرنىڭ ئۇزارغان چوڭ سايىلىرى قۇرۇق يولغا چۈشۈپ تۇراتتى. مال پادىسى چـاڭ توزىتىپ دالىدىن قايتىپ كەلدى. مـالنىڭ ئالدىغـا چىققان كازاك ئاياللىرىمۇ ئۆزىنىڭ ئـاڭلىغان يېڭىـلـىـقلىرىنى بىر بىرىگە سۆزلەپ بەرگەچ، ئىنەكلىرىنى چىۋىق بىلەن ھەيدەپ كېلىـ شىۋاتاتتى. ئاپتاپتا ئىسسىۋالغان يالىڭاياق كازاك بـالىلىرى ئـارقا كـوچىلاردا بىر بىرىنىڭ ئۈستىدىن ئوغلاقچە سەكرىشىپ ئوينىشـ

ۋاتاتتى. قىرلار ئىشىك ئالدىلىرىدىكى سۇپىلاردا بىخىرامان ئولتۇرۇشاتتى.

يېزا تېرىلغۇلارنى تۈگىتىپ بولغان. پەقەت بەزى جايلاردىلا تېرىق بىلەن ئاپتاپپەرەس تېرىلىۋاتاتتى.

چەتتىكى ھويلىلارنىڭ بىرسىنىڭ ئىشىك ئالدىدا تام تۈۋىگە يانتۇزۇپ قويۇلغان بىر تال ئەمەن ياغىچىنىڭ ئۈستىدە كازاكلار ئولتۇرۇشاتتى. ئۆي ئىگىسى، زەمبىرەكچى چوقۇر كازاك گېرمان سوقۇشىدىكى بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھىكايىسىنى خوشنا چال بىلەن، بۇ چالنىڭ كۆيوغلى جىنگىلەك چاچ ياش يىگىت ئۈندىمەستىن قۇلاق سېلىپ ئاڭلاۋاتاتتى. ئۆي ئىگىسىنىڭ ئايلى، ئىگىز بوي، خۇشرۇي، يۇقۇرى تەبىقە ئاياللىرىدەك سالاپەتلىك كازاك ئايال پەلەمپەيدىن پەسكە چۈشتى. يوپكىسىنىڭ ئۈستىدىكى قىزىل كۆينىكىنىڭ يېڭى شۇمۇرۇلگەن بولۇپ، قارامتۇقىنا بۇدرۇق بىلەكلىرى كۆزگە تاشلىناتتى. قولىدا چىلەك بار ئىدى؛ پەقەت كازاك ئاياللارغا خاس بولغان ئالپتە يۇرۇش بىلەن ئازادە، ئەركىن قەدەم تاشلاپ، كالا ئېغىلى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ھاۋارەڭگە سىلىنغان ئاق روملىنىڭ ئاستىدىن چاچلىرى چىقىپ تۇراتتى (ئۇ، ئەتىگە ئوت قالاش ئۈچۈن مەشكە يېڭىلا تىزەك سېلىپ تەييارلاپ قويغان ئىدى)، پۇتىغا سىپىۋالغان سۈپەتە چورۇقلىرى شىلىپلاپ، ھويلىدا ئۆسكەن يۇمران ئوت-چۆپلەرنى چەيلەپ باراتتى.

بىر ئازدىن كېيىن ياغاچنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغانلارنىڭ قۇلىغىغا چىلەككە تاسىلداپ سېغىلىۋاتقان سۈتنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئايال ئىنەكنى سېغىپ بولۇپ، ئۆيگە قاراپ ماڭدى؛ سەل ئىڭىشىپ، ئاققۇنىڭ بوينىدەك ئېگىلگەن سول قولى بىلەن لىق بىر چىلەك سۈتنى كۆتىرىۋالغان بولۇپ، ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا كەلگەندە:

— سىما، سەن موزاينى تېپىپ كەلسەڭ بولاتتى! — دېدى ئۇ ئاۋازىنى سوزۇپىراق.

— مىتەشكا قېنى؟ — دەپ سورىدى ئۆي ئىگىسى.

— شەيتان بىلىدۇ، قېچىپ كەتتى.

ئۆي ئىگىسى ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ، دوقمۇشقا قاراپ ماڭدى. چال ۋە ئۇنىڭ كۆيوغلىمۇ ئۆيگە قايتماقچى بولۇپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقا دوقمۇشتىن بۇلارنى ئۆي ئىگىسى چاقىردى:

— مۇنۇنى قاراڭلار، دوروفېي گاۋرىلىچ! بېرى كەل!

چال، كۆيوغلى بىلەن بىللە كازاكنىڭ قېشىغا باردى. ئۇ، ئۇندىمەستىن دالىنى كۆرسەتتى. چوڭ يولدا قىزغۇچ شارسىمان چاڭ - توزاڭ پەيدا بولدى، ئارقىدىنلا پىيادە ئەسكەرلەر، هارۋىلار، ئاتلىقلار چىقىپ كېلىشتى.

— ئەسكەرلەرمۇ نىمە؟ — بوۋاي هەيران بولۇپ كۆزىنى قىستى ۋە قولىنى ئاپپاق قاشلىرىغا تۇتۇپ، تېخىمۇ سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى.

— نىمە ئادەملەردۇ بۇ؟ — ئۆي ئىگىسى تەشۋىشلەندى.

دەرۋازىدىن ئۆچىسىغا كوپتىسىنى ئارتىۋالغان ئۇنىڭ ئايىلى چىقتى، ئۇ دالا تەرەپكە قاراپ:

— بۇ قانداق ئادەملەردۇ؟ ياپەرۋەردىگار ئەيسا، نىمانچە كۆپ! — دېدى.

چال ئۆز ئورنىدا بىردەم دەسسىنىپ تۇرغاندىن كېيىن ئۆز هويلىسىغا قاراپ ماڭدى. ئاندىن كۆيوغلىغا ئاچچىغى بىلەن:

— ئۆيگە كىر، نىمە قاراپ تۇرىسەن! — دەپ ۋاقىرىدى.

ئۇششاق باللار بىلەن ئاياللار كوچىنىڭ بېشىغا قاراپ چېپىشتى. كازاكلارمۇ توپ - توپ كەلگىلى تۇردى. دالىدا، يېزىدىن

بىر چاقىرىم نېرىدا چوڭ يول بويلاپ ئۇزۇن كولوننا كېلىۋاتاتتى؛ كىشىلەرنىڭ گۇدۇڭلىغان ئاۋازلىرى، ئاتنىڭ كىشنەشلىرى، چاقلارنىڭ جاراڭلىغىنى شامال بىلەن ھويلىلارغىچە يېتىپ كەلدى.

— بۇلار كازاك ئەمەس ... بىزنىڭ ئادەملەر ئەمەس، — دېدى كازاك ئايال، ئېرىگە.

ئېرى مۈرىسىنى قىسىپ قويدى.

— ئەلۋەتتە، كازاكلار ئەمەس، نېمىسلار بولۇپ قالمىسۇن يەنە!؟ ياق، رۇسلار... ئەنە قارا، قىزىل لاتىسى بار!... ئاھا، ئەمدى بىلدىم ...

ئۇزۇنتۇرا ئاتامان پولكىدىن بولغان بىر كازاك بۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ، بەزگەك كېسىلىگە مۇپتىلا بولغان بولسا كېرەك: چىرايى قۇمدەك ساپ - سېرىق بولۇپ، گويا سېرىق كېسەلدىن يېڭىلا ساقايغان ئادەمدەك ئىدى، ئۇچىسىغا جۇۋا كىيگەن، پۇتىدا پىما بار. ئۇ، ھۆرپىيىپ تۇرغان پاپاخىنى كۆتىرىپ قويۇپ:

— ئۇلارنىڭ بايرىغىنى كۆردۈڭمۇ؟ ... بولشېۋىكلار، — دېدى.

— نەق شۇلار.

كولوننىدىن بىرنەچچە ئاتلىقلار بۆلۈنۈپ چىقتى، ئۇلار يېزىغا قاراپ چاپتۇرۇپ كېلىشتى، كازاكلار بىر بىرىگە قارىشىپ، ئۈن دىمەستىن، ئۆيلىرىگە تارقىلىشقا باشلىدى، قىزلار بىلەن باللار تومتاراقاي ھەر تەرەپكە قېچىشتى، 5 مىنۇتتىن كېيىن كوچىدا ئىنسى - جىن قالمىدى. ھېلىقى ئاتلىقلار بىر توپ بولۇپ كوچىغا ئات چاپتۇرۇپ كىرىشتى - دە، ئاتلىرىنى تېزلىتىپ، بۇنىڭدىن چارەك سائەت بۇرۇن كازاكلار ئولتۇرغان ئەمەن ياغىچىغا يېقىنلىشىپ كەلدى. ئۆي ئىگىسى كازاك دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى، ئاتلىقلارنىڭ ئەڭ ئالدىدىكى بىرسى — ئېھتىمال، باشلىغى بولسا

كېرەك، قارا تورۇق مىنگەن، كۇبانچە قۇلاقچا كىيگەن،ماش رەڭگىمـ
ناستۇركىسىنىڭ مەيدىسىگە قىزىــل يىپەك بــانت تاقىغان، بېلىگە
جەڭچى كەمىرىنى باغلىغان بىرسى دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
— سالام، خوجايىن! دەرۋازىنى ئاچ، — دىدى.
زەمبىرەكچى كازاكنىڭ چوقۇر يۈزى ئاپپاق ئاقىرىپ كەتتى.
بېشىدىن فۇراژكىسىنى ئالدى.
— سىلەر نىمە ئادەملەر؟
— دەرۋازىنى ئاچ! ...، — دەپ ۋاقىرىدى كۇبانچە قۇلاقچا
كىيگەن سولدات.
قارا تورۇق ئــات ئوتــلۇق كۆزلىرى بىلەن قىيا قاراپ، كۆـ
پۈكلەنگەن ئاغزى بىلەن يۈگەننىڭ سۇلىغىنى چايناپ، ئالدى پۇتى
بىلەن قاشانى تېپىپ قويىدى. كازاك يان ئىشىكنى ئاچقاندىن كېـ
يىن ئاتلىقلار بىر ـ بىردىن هويلىغا كىرىشتى.
كۇبانچە قۇلاقچا كىيگىنى چاققانلىق بىلەن ئاتتىن سەكرەپ
چۈشۈپ، مايماق پۇتــلىرى بىلــەن ئىگىز ـ پەس دەسسەپ، ئۆيگە
قاراپ ماڭدى. باشقىلىرى ئاتتىن چۈشۈپ بولغىچە، ئۇ، پەلەمپەيدە
ئولتۇرۇپ، يانچۇغىدىن تاماكا قۇتىسىنى چىقاردى، تاماكىسىنى تۇـ
تاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئــۆي ئىگىسىگىمۇ تاماكا تۇتتى. بۇ ئادەم
ئالمىدى.
— چەكمەمسەن؟
— رەھمەت.
— سىلەر كونا دىنغا ئىشىنىدىغانلارمۇ؟
— ياق، بىز پراۋوسلاۋ مەزھىپىدىكىلەر ... سىلەر كىم بولـ
سىلەر؟ — دەپ سورىدى كازاك قاپىغىنى ئاچماستىن.
— بىزمۇ؟ 2 ـ سوتسىيالىستىك ئارمىيىنىڭ قىزىل گــۋارـ
دىيىچىلىرى.

قالغانلىرىمۇ ئاتتىن چۈشۈپ، پەلەمپەيگە قاراپ ماڭدى، ئاتلىرىنى يېتىلەپ ئېلىپ كېلىپ، پەنجىرىگە باغلاشتى. چېچى ئاتنىڭ يايلىدەك پېشانىسىدىن چۈشۈپ تۇرغان بەستلىك بىرسى قىلىچىنى ئايىغىغا ھىملەپ، قوي قوتىنىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ، گويا بۇ قورانىڭ خوجايىنىدەك قوتاننىڭ ئىشىگىنى لەڭ ئېچىپ، ئىچ-شىپ كىردى - دە، يوغان قۇيرۇقلۇق بىر قوشقارنى مۈڭگۈزىدىن تۇتۇپ سۆرەپ چىقتى.

— پېترىچېنكو، كەل، ياردەملەش! — دەپ چىقىراپ ۋا-قىرىدى ئۇ.

ئاۋستىرىيىچە كالتا شىنېل كىيگەن بىر سولدات يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۆي ئىگىسى كازاك ساقىلىنى سىلاپ، چەت-تىن كەلگەن ئادەمدەك قاراپ تۇراتتى. ئۇ ھېچنىمە دىمىدى، پە-قەت قىلىچ بىلەن بوغۇزلانغان قوي ئىنچىكە پۇتلىرىنى تېپچەكلە-گەندىلا، تامغىنى قىرىپ قويۇپ، ئۆيگە كىردى.

ئۆي ئىگىسىنىڭ ئارقىسىدىن كۆبانچە قولاقچا كىيگەن سول-دات كىردى، ئۇندىن كېيىن يەنە ئىككىسى كىردى.

— سەن خاپا بولما، خوجايىن! بىز لايىغىدا پول تۆلەي-مىز! — دىدى كۆبانلىق چاخچاق بىلەن كۈلۈپ.

ئۇ شالۋۇرىنىڭ يانچۇغىنى كولاشتۇرغان بولۇپ قاقاقلاپ كۈلدى. ئەمما ئۆي ئىگىسىنىڭ ئايىلىغا كۆزى چۈشۈپ، دەرھاللا كۈلكىسىنى توختاتتى. ئايال مەشنىڭ ئالدىدا چىشلىرىنى مەھكەم چىشلەپ، قورقۇپ قاراپ تۇراتتى.

كۆبانلىق ئاۋستىرىيىچە شىنېل كىيگەن سولداتقا بۇرۇلۇپ، كۆزلىرىنى ئالاچەكمەن قىلىپ:

— سەن مۇنۇ تاغاڭ بىلەن چىقىپ تۇر، — دەپ بارمىقى بىلەن ئۆي ئىگىسىنى كۆرسەتتى، — ئۇنىڭ بىلەن چىق، ئۇ

ئاتلارغا چۆپ بېرىدۇ... ماڭ جۇگۇ، چۇشەندىڭمۇ؟ بىز جىق پۇل تۆلەيمىز! قىزىل گۋاردىيىدە بۇلاڭچىلىق يوق. بار، خوجايىن، قېنى؟ — كۇبانلىقنىڭ ئاۋازى جاراڭلاپ چىقتى.

كازاك، 2 سولداتنىڭ ھەمراھلىقىدا، ئارقىسىغا بىر قاراپ قويۇپ، ئۆيدىن چىقتى. پەلەمپەيدىن ئەمدىلا چۈشكەندە ئايالنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. ئېغىز ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ، ئىشىكنى بىر تارتىۋىدى، ئىلگىكى قولۇپىدىن ئاسانلا چىقىپ كەتتى. كۇبانلىق، بەستلىك ئايالنىڭ يالىڭاچ قولىنى جەينىكىدىن ئىگىزرەك تۇتۇۋېلىپ، يېرىم قاراڭغۇ ئىچكىرىكى ئۆيگە سۆرەۋاتاتتى. ئايال قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئۇنى مەيدىسىدىن ئىتتىرەتتى. سولدات، ئايالنى بىلىدىن قۇچاقلىۋېلىپ، كۆتىرىپ ئېلىپ كېتەي دېگەندە ئىشىك يوغان ئېچىلدى. كازاك تېز يېتىپ بېرىپ، خوتۇننى توسۇۋالدى. ئۇ قەتئىي، ۋەزمىن ئاۋاز بىلەن:

— سەن مېنىڭ ئۆيۈمگە مېھمان بولۇپ كەلگەن تۇرساڭ... نېمىشكە ئايالىمغا زورلۇق قىلىسەن؟ نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ قويۇۋەت!... مەن سېنىڭ قورالىڭدىن قورقمايمەن! نېمە لازىم بولسا ئال، بۇلىغىن، ئەمما ئايالىمنى خارلىغۇچى بولما! قېنى سەن ئۆتۈپ باققىنا، مەن كۆرەي... سەن بولساڭ بىلىقچى ئۆدەك، — دېدى ـ دە، بۇرنىنى مىشىلدىتىپ، ئايالىغا قايرىلدى، — چىقىپ كەت بۇ يەردىن، دوروفېي تاغامنىڭ ئۆيىگە بار، ساڭا بۇ يەردە نېمە بار؟

كۇبانلىق بېلىدىكى كەمەرنى تۈزەۋېتىپ مىيىغىدا كۈلدى:

— ئاچچىغىڭ يامان ئادەم ئىكەنسەن، خوجايىن... چاخچاق قىلىشقىلىمۇ بولمامدۇ؟... مەن دېگەن پۈتۈن روتىدا بويىچە نامى چىققان چاخچاقچىمەن... بىلمەمسەن؟... مەن بۇنى ئانچىكىملا قىلدىم. بۇ ئايالغا بىر چاخچاق قىلىپ باقاي دېگەن ئىدىم، ئۇ قورقۇپ كەتتى... ئاتقا چۆپ بېرەمدىكەن؟ چۆپ يوقمىدى؟ خوشنىلاردا بارمۇ؟

ئۇ، ئىسقىرتىپ، قامچىسىنى ئوينىتىپ ئۆيدىن چىقتى. كۆپ
ئۆتمەي يېزىغا پۈتۈن ئەترەت يېتىپ كەلدى. ئەترەتتە 800 مىلتىقـ
لىق ئادەم بار ئىدى. قىزىل گۋاردىيىچىلەر يېزىنىڭ سىرتىدا قوـ
نۇشقا ئورۇنلاشتى. ئەترەتنىڭ كوماندىرى، ئېھتىمال، ئۆزىنىڭ خىلـ
مۇ خىل تـايىپىلەردىكى بـاشباشتاق بـولۇپ كـەتكەن سولداتلىرىغا
ئىشەنمىگەنلىكتىن، يېزىدا قونۇشنى خالىمىغان بولۇشى كېرەك.

2 ـ سوتسىيالىستىك ئارمىيىنىڭ تىراسپول ئەترىدى گايداـ
ماكلار ۋە ئوكرايىنانى بېسىپ ئۆتكەن نېمىسلار بىلەن بولغان جەڭـ
لەردە يېڭىلىپ قالغان ئىدى، بۇ ئەترەت قورشاۋلارنى جەڭ بىلەن
يېرىپ ئۆتۈپ، دونغا قاراپ ئىلگىرىلەپ شېپتۇخوفكا ئىستانسىسىدا
پويىزدىن چۈشكەن ئىدى، ئەمما نېمىسلار ئـالدىغا ئۆتۈۋېلىپ قورـ
شىۋېلىشقا ئۈلگۈرگەنلىكتىن، شـىمالغا، ۋورونېژ ئـۆلكىسىگە يېرىپ
ئۆتۈش ئۈچۈن مىگـۇلىنسكايا كەنتى ئـارقىلىق ھەربىي يۈرۈش بىـ
لەن مېڭىپ كېتىۋاتاتتى. ئەترەتنى قاپلاپ كەتكەن جىنايەتچى ئۇنـ
سۇرلارنىڭ تەسىرى بىلەن چىرىشكە باشلىغان قىزىل گۋاردىيىچىلەر
يولبـويى باشباشتاقلىق قىلدى.

17 ـ ئاپرېلغا ئۆتەر كېچىسى ئەترەت سېتراكوف يېزىسىنىڭ
قېشىدا قونۇپ قـالغان ئـىدى. ئۇلار كوماندىرلارنىڭ تەھدىدى ۋە
مەنئى قىلىشىغا قـارىماستىن، تـوپ ـ توپ بولۇپ يېزىغا كىرىپ،
كازاكلارنىڭ قويلىرىنى سويۇپ يېيىشكە باشلىدى، يېزىنىڭ چېتىدە
2 كازاك ئايىلىغا باسقۇنچىلىق قىلدى، مەيداندا سەۋەپسىز ئوق چىـ
قاردى، ئۆزىنىڭ بىر ئادىمىنى ياردار قىلدى، كېچىسى قاراۋۇلخاـ
نىدىكىلەر كۆپ هاراق ئىچىپ مـەس بـولۇشتى (ھەر بىر هارۋىدا
ئىسپىرت ئېلىۋالغان ئىدى). بۇ چاغدا يېزىدىن ئەۋەتىلگەن 3 ئاتـ
لىق كازاك ئەتراپتىكى يېزاـكەنتلەردە يۈرۈپ شاۋقۇن كۆتەردى.

تۈن قاراڭغۇسىدا كازاكلار ئاتلىرىنى تـوقۇشتى، قوراللاندى، كۆپ ئۆتمەي فرونتچىلار ۋە قىرىلاردىن ئەترەت تۈزۈپ، يېزىلاردا تۇرۇشلۇق ئوفىتسېرلەرنىڭ ياكى ۋاخمىستىرلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە سېتراكوف يېزىسىنىڭ قېشىغا توپلىشىپ، قىزىل گۋاردىيە ئەترىدىنى قورشىۋالدى، ساي ـ جىلغىلاردا ۋە دۆڭلەرنىڭ ئـارقىسىدا مۆكۆپ تۇرۇشتى. يېرىم كېچە بـولغاندا، مىگۇلىنسكايادىن، كولودېزنىيېدىن، بوگومولوفتىن يېرىم يۈزلـۈك بۆلۈنمىلەر قوزغالدى. ۋېرخنېچىرىسكىلىكلەر، نـاپولـوۋلۇقلار، كالىنوۋلۇقلار، يەيىسكىلىكلەر، كولودېزنىيىلىقلارمۇ ئاتلاندى.

ئاسماندا ھۆكەر يۇلتۇزى ئۆچۈشكە باشلىغان چاغ ئىدى. تاڭ پەيتىدە ئاتلىق كازاكلار تۆش ـ تۆشتىن قىيا ـ چىيا كۆتىرىپ قىزىل گۋاردىيىچىلەرنىڭ ئۈستىگە شىددەت بىلەن يېپىرىلىپ كەلدى. پىلىموت تاتىلداپ، يەنە جىمىپ قالدى، قالايمىقان، نىشانسىز ئېتىشىلار باشلىنىپ، يەنە توختاپ قالدى. شۇلۇق ـ شۇلۇق باش كەسكەن قىلىچلارنىڭ ئاۋازى ئاستا ئاڭلىنىپ تۇردى.

بىر سائەتتىن كېيىن ئىش پۈتتى: ئەترەتتولۇق تارمار كەلتۈرۈلدى. 200 دىن ئوشۇق ئادەم ئېتىلدى ۋە چېپىلدى، 500 ئادەم ئەسىرگە ئېلىندى. 4 زەمبىرەكلىك 2 باتارىيە، 26 پىلىمـوت، 1000 مىلتىق، ناھايىتى نۇرغۇن ئوق ـ دورا كازاكلارنىڭ قولىغا چۈشتى.

ئەتىسى چوڭ يوللار بىلەن يېزىلار ئارىسىدىكى يوللاردا ئات چاپتۇرۇپ يۈرگەن چاپارمەنلەرنىڭ قىزىل بايراقچىلىرى پۈتۈن رايوننى قاپلاپ كەتتى. يېزا ـ كەنتلەر غۇزۇلداپ كەتتى: سوۋېتلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئالدىراشلىق بىلەن ئاتامانلارنى① سـايلاپ چىقىشتى. كازانسكايا بىلەن ۋېشىنسكايا كەنتلىرىنىڭ يـۈزلۈك بۆلۈنمىلىرى مىگۇلىنسكاياغا كېچىكىپ كېلىشتى.

① ئاتامان ـــ بۇ يەردە يېزا ـ كەنت باشلىقى مەنىسىدە ـــ ت.

قارا كۆچلەر قۇتراتقان يۇقۇرقى دوندىكى ئەكسىلئىنقىلاۋىي توپىلاڭ ئەنە شۇنداق باشلاندى.

ئاپرېلنىڭ 20 - كۈنلىرىدە دون رايونىنىڭ يۇقۇرقى كەنتلىرى بۆلەك - بۆلەك بولۇپ ئاجرىلىپ كەتتى. ئۇلار ئۆز ئالدىغا رايون قۇرۇپ، ئۇنى يۇقۇرقى دون رايونى دەپ ئاتاشتى. ۋېشېنسكايا كەنتى رايون مەركىزى بولۇپ سايلاندى، ۋېشېنسكايا ئۆزىنىڭ چوڭلۇغى ۋە يېزىلىرىنىڭ كۆپلۈگى جەھەتتىن ئوبلاستتا مىخايلوۋسكايادىن كېيىن 2 - ئورۇندا تۇراتتى. ناھايىتى تېزلىك بىلەن بۇرۇنقى يېزىلاردىن يېڭى كەنتلەر قۇراشتۇرۇشقا كىرىشىلدى. شۇمىلىنسكايا، كارگىنسكايا، بوكوۋسكايا كەنتلىرى قۇرۇلدى. شۇنداق قىلىپ 12 كەنت ۋە بىر ئوكرايىن يېزىسىنى ئۆزىگە قارىتىۋالغان يۇقۇرقى دون رايونى مەركەزدىن ئاجرىلىپ، ئۆز ئالدىغا ھايات كەچۈرۈشكە باشلىدى. يۇقۇرقى دون رايونى تەركىۋىگە بۇرۇنقى دون رايونىغا قاراشلىق: كازانسكايا، مىگۇلىنسكايا، شۇمىلىنسكايا، ۋېشېنسكايا، يېلانسكايا، كارگىنسكايا، بوكوۋسكايا كەنتلىرى ۋە پونومارېۋ يېزىسى كىردى؛ بۇرۇنقى ئۇست - مېدۋېدىسكى رايونىدىن: ئۇست - خوپېرىسكايا، كراسنوكۇتىسكايا؛ خوپېرسىك رايونىدىن: بۇكانوۋسكايا، سىلاشېۋسكايا، فېدوسسېيېفسكايا كەنتلىرى كىردى. يېلانسكايا كەنتىنىڭ كازاكى، ھەربى ئاكادېمىيىنى پۈتتۈرگەن گېنېرال زاخارئاكىموۋىچ ئالفېروپ ھەربى رايون ئاتامانى بولۇپ بىر ئېغىزدىن سايلاندى. ئالفېروپ توغرىلىق كىشىلەر: ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ غەيرەتلىك ۋە ئەقىللىق خوتۇنى تۈپەيلى كىچىككىنە جۇدەڭگۈ ئوفىتسېرلىكتىن ئادەم قاتارىغا ئۆتتى دېيىشەتتى؛ ئايىلى قابىلىيەتسىز ئېرىنى دەم ئالغۇزماي، قۇلىغىدىن تارتىپ يۈرۈپ، 3 قېتىم يىقىلىپ چۈشسىمۇ، پەرۋا قىلماي، 4 - قېتىمدا ئاكادېمىيىگە ئىمتىھان بەرگۈزدى، دەپ يۈرۈشەتتى.

بىراق شۇ كۈنلەردە ئالفىروپ توغرىسىدا گەپ - سۆزلەر بول-
غان تەقدىردىمۇ، ناھايىتى ئاز ئىدى. چۈنكى ھازىر كىشلەرنىڭ
ئوي - پىكرى باشقا نەرسىدە ئىدى.

## 22

كەلكۈن سۇ ئەمدىلا پەسىيىشكە باشلىغان ئىدى. ئوتلاقنى،
باغچا قاشالىرىنىڭ يېنىدا كۆل رەڭ لاي توپىلار ئېچىلىپ قالغان،
تاشقىن دولقۇنى بىلەن ئېقىپ كەلگەن لاۋىلار: قومۇش، شاخ-
شۇمبا، بۇلتۇرقى ياپراقلار ئۆزۈنىسىغا جىيەك تارتقان ئىدى. دون
بويىدىكى ئورماننىڭ سۇ بېسىپ كەتكەن تال - سۆگەتلىرى خىلىلا
كۆكىرىپ قالغان، كۆپ - كۆك پوتىلار شاخلاردىن ساڭگىلاپ تۇ-
راتتى. تېرەكلەرنىڭ شاخلىرى بىخ ئۈرۈشقا باشلىغان، يېزىنىڭ
ئەڭ چېتىدىكى ھويلىلارنىڭ ئالدىدا مەجنۇن تاللارنىڭ نوتىلىرى
تاشقىندىن كېيىن قېلىپ قالغان سۇغا ئېگىلىپ تۇراتتى. قانات
چىقارمىغان ئۆدەك چۈجىسىدەك يۇمران تۈكلۈك ساغۇچ پوتىلىرى
شامال تەۋرەتكەن دولقۇن ئىچىدە شۇڭغۇپ تۇراتتى.

تاڭغا يېقىن، ياۋا غازلار، تۇرنىلار، توپ - توپ ئۆدەكلەر
باغچا - كۆكتاتلىقنىڭ قېشىدا يەم ئىزلەپ يۈرۈشەتتى. چاتقال قاپ-
لىغان ئويمانلىقتا تاڭ يورۇش بىلەنلا قاقىرلار جار - جار ۋاقىرى-
شاتتى. چۈش بولاي دېگەندە شامالدا مەۋجلىنىپ تۇرغان دون سۇ-
يىنىڭ بېتىدە ئاق پوكان قۇشلارنى دولقۇن ئەللەيلەۋاتقانلىقىنى
كۆرۈشكە بولاتتى.

بۇ يىل ئۇچار قۇشلار كۆپ كەلدى. بېلىق تۇتىدىغان كازاكلار

ھەر كۈنى تاڭ يورۇش بىلەن شاراپ رەڭگىدىكى تاڭ شەپىقى سۇ بېتىنى قىزىللىققا بويىغان چاغدا قېيىققا ئولتۇرۇپ، توزاق قويۇپ قويغان يەرگە كېتىۋاتقاندا ئىھاتە ئورمانزارلىقى ئۆستۈرۈلگەن ئارالنىڭ ئارىسىدا ئارام ئېلىۋاتقان ئاققۇلارنى تالاي قېتىم كۆرۈشكەن ئىدى. ئەمما خىرىستونە بىلەن ماتۋېي كاشۇلىن بوۋاي ئېلىپ كەلگەن بىر يېڭىلىق يېزىدا تولىمۇ قىزىق تۇيۇلدى: ئۇلار ئۆز ئىگىلىگىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن بىر - ئىككى تۈپتىن ئەمەن دەرىخى كېسىۋالايلى دەپ دۆلەت ئىگىلىگىدىكى ئورمانغا بارغان ئىكەن؛ قېلىن چاتقاللىقنىڭ ئىچى بىلەن كېلىۋاتقاندا جىلغىدىن بىر ياۋا ئۆشكە ئوغلىقى بىلەن بىللە ئۈركۈپ قېچىپ كېتىپتۇ. ساغۇچ قوڭۇر ئورۇق ئۆشكە تىكەنلىك جىغان بىلەن تاغالچە قاپلىغان جىلغىدىن سەكرەپ چىققاندىن كېيىن ئىگىز قىرنىڭ بېشىدا تۇرۇپ، دەرەخ كەسكۈچىلەرگە بىر نەچچە سېكۇنت قاراپ تۇرۇپتۇ، ئىنچىكە، نازۇك پۇتلىرىنى شىددەت بىلەن تىرىقشىتىپتۇ، ئوغلىقى ئانىسىغا مەھكەم يېپىشىپ تۇرۇپتۇ. خىرىستونە ھەيران بولۇپ دېمىنى ئىچىگە تارتقان ئىكەن، بۇنى ئاڭلىغان ئۆشكە ياش ئەمەن شاخلىرىنىڭ ئۈستىدىن بىر ئىرغىپ ئۆتۈپ كەتكەن، كازاكلار ئۇنىڭ يالتىراپ تۇرغان كۆك تۇياقلىرىنى ۋە تۆگە يۇڭى رەڭگىدىكى كالتا قۇيرۇقىنى كۆرۈپ قېلىپتۇ.

— بۇ نېمە دېگەن ئاجايىپ نەرسە؟ — دەپتۇ ماتۋېي كاشۇلىن قولىدىن پالتىسى چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي.

خىرىستونە ئىنتايىن زوقلىنىش بىلەن جىمجىت ئورماننى بېشىغا كىيىپ ۋاقىراپتۇ:

— ئۆشكە، دېمەك! ياۋا ئۆشكە، ئاتاڭغا رەھمەت! بىز ئۇلارنى كارپات تاغلىرىدا كۆپ كۆرگەن ئىدۇق!

— ئېھتىمال، بۇ بىچارىنى ئۇرۇش بىزنىڭ يۇرتقا ھەيدەپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

بۇ پىكىر گەخىرىستونەنىڭ قوشۇلماي ئىلاجى يوق ئىدى.

— ئەلۋەتتە، شۇنداق. ئوغلىڭنى كۆردۈڭمۇ، بوۋاي؟ كۆز تەگمىسۇن ... ۋاي شەيتانەي، نىمە دىگەن ئومىاق! خۇددى بالىغا ئوخشايدۇ، دىمەك!

ئۇلار قايتىشىدا يولبويى ئاشۇ ئوبلاستتا كۆرۈپ باقمىغان ياۋايى هايۋان توغرىلىق سۆزلىشىپ كېلىپتۇ. ماتۋېي بوۋاي گەپنىڭ ئاخىرىدا گۇمانلىنىپ:

— هەي، ئۆشكە بولماي قالسىچۇ؟ — دەپتۇ.

— ئۆشكە، نەق ئۆزى، ئۆشكە، باشقا هىچنەرسە ئەمەس!

— بەلكىم شۇنداقتۇ... ئەمما ئۆشكە بولسا — نىمىشكە مۈڭگۈزى يوق؟

— مۈڭگۈزى ساڭا نىمىگە لازىم بولۇپ قالدى؟

— مۈڭگۈزى ماڭا لازىم دەپ ئولتۇرغىنىم يوق. ئەگەر ئۇ ئۆشكە زاتىدىن بولسا... نىمىشكە تۇرقى باشقىچە؟ سەن مۈڭگۈزسىز ئۆشكىنى كۆرگەنمۇ؟ گەپ مانا شۇنىڭدا، بەلكى ياۋا قويدۇ؟...

— ماتۋېي بوۋا، سەن، دىمەك، ئالجىپ قېلىپسەن! — دەپ رەنجىپتۇ خىرىستونە، — سەن ئاۋۇ مېلېخوپلارنىڭكىگە بېرىپ قاراپ باق. ئۇلارنىڭ گىرىشكىسىنىڭ قامچىسى ئۆشكە پاچىقىدىن ساپلانغان. ئەمدى ماقۇل دەمسەن - يوق؟

قانداق بولمىسۇن ماتۋېي بوۋاينىڭ شۇ كۈنى مېلېخوپلارنىڭ ئۆيىگە بېرىشىغا توغرا كېلىپتۇ. گىرىگورىينىڭ قامچىسىنىڭ دەستىسى دەرۋەقە ياۋا ئۆشكىنىڭ پاچىقىنىڭ تېرىسى بىلەن ماهىرلىق بىلەن قاپلانغان ئىكەن؛ هەتتا ئۇچىدىكى كىچىككىنە تۇياقلىرىغىچە پۈتۈن ساقلاپ قېلىنغان بولۇپ، مىس تاقا بىلەن ئەپچىللىك بىلەن تاقلاپ قويۇلغان.

روزىنىڭ 6 - هەپتىسى، چارشەنبە كۈنى مىشكا كوشۇوي

قاق سەھەردە ئورماننىڭ قېشىدا قۇرۇپ قويغان تورلىرىنى تەكشۈرگىلى باردى. ئۇ تاڭ يورۇش بىلەن ئۆيىدىن چىققان ئىدى. ئەتىگەنكى ئۈششۈكتىن يەرنىڭ بېتى نېپىز مۇز تۇتقان، قويۇن ئايلىنىپ تۇراتتى. كوشۇوي ئۇستىگە پاختىلىق چاپان، پۇتىغا چورۇق كىيگەن، شالۇۋۇرىنىڭ پاچىغىنى ئاق يۇڭ پايپىقىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالغان ئىدى، ئۇ فۇراژكىسىنى گەجگىسىگە چۈشۈرۈپ، سوغاق ھاۋانى، سۇدىن كېلىۋاتقان قاقسىق، نەم پۇراقنى يۇتۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇزۇن پالاقنى مۈرىسىدە كۆتىرىۋالغان. ئۇ قېيىقنى سۇغا ئىتتىرىپ چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئۆرە تۇرۇپ، پالاقنى بار كۈچى بىلەن ئىشقا سېلىپ، بىر تۇرتىنىپ قېيىقنى ھەيدەپ كەتتى.

تورلىرىنى تېزلا تەكشۈرۈپ بولۇپ، ئەڭ كېيىنكى بىر بېلىقنى قولىغا ئېلىپ، يەنە قويۇپ قويدى، تورنىڭ قاناتلىرىنى تۈزەپ بولغاندىن كېيىن، قېيىقنى ئاستا قايتۇرۇپ، تاماكا چەكمەكچى بولدى. تاڭ يورۇشقا باشلىغان ئىدى. قارامتۇل كۆك ئاسماننىڭ شەرق تەرىپىدە قىزىل شەپەق يەردىن چاچراپ چىققاندەك كۆرۈنەتتى. شەپەق بارغانسېرى ئۇپۇققا يېيىلىپ، كېيىن ئالتۇن تۈسكە كىردى. مىشكا ئالدىرىماي ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قاقىرلارنى كۆزىتىپ، تاماكا تۇتاشتۇردى. تاماكا تۈتۈنى ئاستا تاراپ، شاخلارغا ئۇرۇلۇپ، بىر تەرەپكە ئۇچۇپ تۈگەيتتى. كوشۇوي تورغا چۈشكەن 3 ئورچۇق بېلىق، 8 قاداقچە سازاڭ، بىر توپ ئاق بېلىقنى قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئىچىدە ئويلىدى:

«بىر بۆلۈكىنى سېتىش كېرەك. ئالىغاي لۇكېشكا ئالىدۇ، قۇرۇتۇلغان ئامۇتقا تېگىشمەن؛ ئانام ھەممىسىنى قىيام قايىنتىدۇ».

ئۇ، تاماكىسىنى چەككەچ، پىرىستانغا قاراپ ماڭدى. ئۇ قېيىقنى قويىدىغان يەردىكى قاشا تاملىق باغچىنىڭ ئالدىدا بىر ئادەم ئولتۇراتتى.

«بۇ ــ كىمدۇ؟» دەپ ئويلىدى مىشكا قېيىغنى چاقـ
قانلىق بىلەن ھەيدەپ كېلىۋېتىپ.
قاشانىڭ ئالدىدا زوكزىيىپ ئولتۇرغان ۋالېت ئىكەن.
گېزىت قەغىزىدىن يوغان تاماكا ئوراپ، چېكىپ ئولتۇرۇپتۇ.
ئۇنىڭ مولۇننىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى ئويقۇچان پاقىراپ
تۇراتتى، ئىككى مەڭزىنى كولەرەڭ تۈكچىدەك ساقال باسقان ئىدى.
ــ نىمە قىلىپ ئولتۇرىسەن؟ ــ دەپ توۋلىدى مىشكا.
ئۇنىڭ ئاۋازى يۇمۇلاق توپتەك سۇغا يۇمۇلاپ كەتتى.
ــ بۇياققا كەل.
ــ بېلىق ئالغىنى كەلگەنمىدىڭ؟
ــ بېلىقنى نىمە قىلىمەن!
ۋالېت قىق ــ قىق يۆتىلىپ، يەرگە تۈكۈردى ــ دە، ئورنىدىن كۆچـ
نىپ تۇردى. بويىغا ئۈزۈن كېلىپ قالغان شىنېل خۇددى كۆكتاتلىقتا ئورـ
نىتىپ قويۇلغان قارانچۇقنىڭ ئۈستىدىكى چەكمەندەك پۇتىغىچە ساڭگىلاپ
قالغان. فۇراژكىسىنىڭ قاسقىنى قۇلىغىنىڭ كىمىرچىگىنى يېپىپ
تۇراتتى. ئۇ يېقىندا يېزىغا قىزىل گۋاردىيىچى دىگەن «يامان»
نام بىلەن كىرىپ كەلگەن ئىدى. كازاكلار ئۇنىڭدىن: ئەسكەرلىكتىن
بوشىغاندىن كېيىن نەدە بولدۇڭ؟ دەپ چۇخچىلاپ سوراشقان بولـ
سىمۇ، ۋالېت توغرىسىنى ئېيتماي، خەتەرلىك پاراڭنى باشقا ياققا
بۇرايتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ 4 ئاي ئۇكرايىنادا قىزىل گۋاردىيە ئەترىـ
دىدە بولغانلىغىنى، گايداماكلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ قولىـ
دىن قېچىپ، سۇۋېرسكە يولۇقۇپ قالغانلىغىنى، ئۇنىڭ قول ئاسـ
تىدا روستوف ئەتراپىدا ئۇرۇشقا قاتناشقانلىغىنى، شۇندىن كېيىن
ئۇ، يارىسىنى ساقايتىش ئۈچۈن دەم ئېلىشقا كەلگەنلىگىنى ئىۋان
ئالېكسىيېۋىچ بىلەن مىشكا كوشىۋويغىلا ئېيتقان ئىدى.
ۋالېت بېشىدىن فۇراژكىسىنى ئېلىپ، كىرپە تىكىنىدەك

چاچلىرىنى سىلاپ قويدى؛ ئەتراپىغا بىر قارىۋالغاندىن كېيىن قې-
يىقنىڭ قېشىغا كېلىپ، خىرىلداشقا باشلىدى:

— ئىش يامان بولۇۋاتىدۇ ... بەك يامان ... بېلىق تۇتۇش-
نى قوي! ئۇنداق بولمىغاندا، بېلىق تۇتىمىز دەپ ئۆزىمىزنىڭ
نىمە بولۇشىنى ئۇنتۇپ كېتىمىز ...

— نىمە يېڭىلىقلار بار — ئېيتامسەن قېنى.

مىشكا ئۇنىڭ ئۇستىخانلىق قولىنى ئۆزىنىڭ بېلىق پۇراپ
تۇرغان قولى بىلەن قىسىپ، ئوچۇق چىراي بىلەن كۈلۈمسىرىدى.
ئۇلار ئۇزاقتىن بۇيان سىرداش دوست بولۇپ يۈرۈشكەن ئىدى.

— تۈنۈگۈن كازاكلار مىگۇلىنىسكايا قېشىدا قىزىل گۋار-
دىيىنى بىتچىت قىلىپ تاشلاپتۇ. چوقۇلىشىش باشلاندى، بۇرادەر...
بىر بىرىنى يوگداشقىلى تۇردى! ...

— قايسى گۋاردىيىنى؟ — مىگۇلىنىسكاياغا نەدىن
كېلىپتىكەن؟

— مۇشۇ كەنت بىلەن ئۆتكەن ئىكەن، كازاكلار ئۇلارنى قى-
رىپ تاشلاپتۇ ... ئەسىر چۈشكەنلەرنى توپ - توپى بىلەن كارگىنغا
ھەيدەپ ئېلىپ كېلىپتۇ! ئۇ يەردە ھەربى - دالا سوتى قۇرۇلۇۋې-
تىپتۇ. بۈگۈن بىزدە ھەربى سەپەرۋەرلىك بولىدىكەن. قاراپ تۇر،
بۈگۈن ئەتىگەندىن باشلاپلا قوڭغۇراق چېلىنىدۇ.

كوشۇوي قېيىقنى باغلاپ قويغاندىن كېيىن، بېلىقنى خال-
تىغا سېلىپ، پالاق بىلەن يەر سانچىپ، چوڭ - چوڭ چامداپ ماڭ-
دى. ۋالېت، ئۇنىڭ يېنىدا تايچاقتەك سوكۇلداپ، ئالدىغا ئۆتۈپ
كەتتى - دە، شىنېلىنىڭ ئىككى پېشىنى بىر بىرىگە قوشتۇرۇپ، كەڭ
غۇلاچ تاشلاپ ماڭدى.

— ماڭا ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ ئېيتتى. ئۇ يېڭىلا مەندىن
نۆۋەتچىلىكنى تاپشۇرۇۋالغان ئىدى. تۇگمەن كېچىچە توختىماي

ماڭدى، ئۇگۇت، كۆپ ئىدى. ئۇمۇ بىرسىدىن ئاڭلاپتۇ. تۇندە ۋېشى-
نىسكايادىن بىر ئوفىتسېر سېرگېي پلاتونېۋىچنىڭكىگە ئات چاپتۇ-
رۇپ كېلىپتۇ.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — مىشكىنىڭ ئۇرۇش يىللىرى-
دا ۋايىغا يېتىپ ئۆزگىرىپ كەتكەن چىرايىدا سارىسىملىك پەيدا
بولدى؛ ئۇ ۋالېتقا كۆز قىرى بىلەن قاراپ قايتا سورىدى، — ئەم-
دى قانداق قىلىمىز؟

— يېزىدىن چىقىپ كېتىش كېرەك.

— نەگە؟

— كامېنسكاياغا.

— ئۇ يەردىمۇ كازاك بارغۇ؟

— سولغىراق بارىمىز.

— نەگە؟

— ئوبلىۋىغا.

— قانداق ئۆتىسەن؟

— بارىمەنلا دىسەڭ — ئۆتەلەيسەن! بارمايمەن دىسەڭ —
مەشەدە قال، سېنى ھەممە يەردە ئىبلىس پۇراپ يۈرىدۇ! — ۋا-
لېتنىڭ توساتتىن زەردىسى قاينىدى، — «قانداق قىلىمىز، نەگە
بارىمىز؟» ئۇنى مەن نەدىن بىلىمەن؟ قىستالساڭ — تۆشۈكنى
ئۆزەڭ تاپىسەن. بۆرنۇڭ بىلەن پۇراپ تاپىسەن!

— قېنىڭ قىزىمىسۇن. قېنى قىزىغاندا، كىشىلەرنىڭ نەگە
بارىدىغانلىغىنى بىلەمسەن؟ ئىۋان نىمە دەيدۇ؟

— سېنىڭ ئىۋانىڭ ھازىر مىدىرلايدىغاندەك ئەمەس.

— ئاستىراق گەپ قىل ... ئاۋۇ يەردە بىر ئايال قاراپ
تۇرىدۇ.

ئۇلار ياش بىر چوكانغا خۇدۇكسىرەپ كۆز قىرى بىلەن

قاراپ قويدى، بۇ ئاۋدىيېچ يالغانچىنىڭ كېلىنى بولۇپ، هويلىسىـ دىن ئىنىگىنى هەيدەپ چىقىۋاتاتتى. دەسلەپكى 4 كوچىنىڭ ئاغزىغا بارغاندا مىشكا ئارقىسىغا بۇرۇلدى.

— نەگە بارىسەن؟ — دىدى ۋالېت هەيران بولۇپ.

كوشىۋوي قايرىلىپ قويماستىنلا:

— بېلىق تورلىرىنى ئېلىپ كېلىمەن، — دىدى.

— نىمە قىلىسەن ئۇنى؟

— ئۇنى تاشلاپ كېتەمدىمەن.

— دىمەك، شۇنى دەپ قېلىپ قالامدۇق - نىمە؟ — دىدى ۋالېت خۇرسەنت بولۇپ.

مىشكا پالاقنى پۇلاڭلىتىپ، يىراقتىن:

— ئىۋان ئالېكسىيېۋىچنىڭگە بېرىپ تۇرغىن، مەن بېلىق تورلىرىنى ئۆيىگە ئېپكېلىپ قويۇپ، هازىرلا يېتىپ بارىمەن، — دىدى.

ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ ئۆزىگە يېقىن كازاكلارغا خەۋەر بېرىپ ئۈلگۈرگەن ئىكەن. ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى مېلېخوپلارنىڭكىگە يۈگۈرۈپ بېرىپ، گىرىگورىينى قىچقىرىپ كەلدى. خىرىستونە بىر بالا - قازانىڭ بولۇشىنى سەزگەندەك ئۆزى يېتىپ كەلدى. كۆپ ئۆتمەي، كوشىۋويمۇ كەلدى، كېڭەش باشلاندى.هەممىسى ئالدىرىشىپ بىردىنلا سۆزگەكىرىشتى، چۈنكى هەممە يەردە قوڭغۇراقنىڭچېلىنىـ شىنى مىنۇتسىرى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى.

— هازىرلا كېتىش كېرەك! بۇگۈنلا لاققا - لۇققىلارنى يىغىشـ تۇرۇپ جۆنەش لازىم!— دىدى ۋالېت مېڭىشقا سايى قىلىپ.

— دىمەك، سەن ئالدى بىلەن پىكرىڭنى ئېيت، بىزنىمىشـ كە كېتىمىز؟ — دەپ سورىدى خىرىستونە.

— نىمشكە كېتىمىز دىگىنىڭ قانداق گەپ؟ هەربى سەپەر-

ۋەرلىك باشلانغاندا، ئامان قالىمىز دەپ ئويلامسەن؟
— بارمايمەن، گەپ تامام.
— سېنى مەجبۇرى ئېلىپ بارىدۇ!
— ئېلىپ كېتەلمەس. مەن ئۇلارنىڭ باغلاقتىكى كالىسى ئەمەسقۇ!
ئايىلىنى ئۆيدىن بىر ياققا يولغا سېلىۋەتكەن ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ ئاچچىغى بىلەن غۇدۇڭشىپ:
— ئېلىشنى ئالىدۇ، مەجبۇرى ئېلىپ كېتىدۇ ... ۋالېتىنىڭ ئېيتقىنى توغرا. بىراق نەگە بېرىش كېرەك؟ گەپ مانا شۇنىڭدا،— دېدى.
— مەن بايا ئۇنىڭغا شۇنى دېگەن ئىدىم،— دېدى مىشكا كوشۋوي خۇرسىنىپ.
— سىلەر نىمە بولدۇڭلار، مەن ئۇچۇن كېتىش ھەممىدىن كۆپرەك لازىم بولۇپ قالغاندەك؟ مەن ئۆزەم كېتىمەن. ئوشۇق گەپنىڭ نىمە كېرىگى بار! «قانداق قىلىمىز، نىمىشكە كېتىمىز، نەگە كېتىمىز؟»... شۇمۇ گەپ بولدىمۇ! ئۇلار بۇرنۇڭلاردىن بۇلاق قىلىدۇ، بولشېۋىزىم ئۇچۇن تۈرمىدە ئولتۇرىسىلەر!...چاخچاق قىلىۋاتامسىلەر؟ قانداق ۋاقىت بولۇۋاتقانلىقىنى بايقىمايۋاتامسىلەر؟ ... بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى يەر يۇتىدىغانلار!...
گىرىگورىي مېلېخوپ، ئامدىن بىر تال دات باسقان مىخنى دىققەت بىلەن پولۇۋېلىپ، ئۇنى قولىدا ئايلاندۇرۇپ، ئىچىدە بىر ئاز ئاچچىقلىنىپ ئولتۇراتتى، ئۇ ۋالېتىنىڭ سۆزىنى پەرۋاسىزلىق بىلەن بۆلۈۋەتتى:
— سەن ئالدىرىما! سېنىڭ ئىشىڭ باشقا: ئالدىڭدىمۇ، كەينىڭدىمۇ ھېچنىمەڭ يوق— قوپساڭلا كېتىۋېرىسەن. بىز ئويدانراق ئويلىنىۋېلىشىمىز كېرەك. مانا مېنىڭ خوتۇنۇم ۋە 2 بالام

بار ...مەن مىلتىق دورىسىنىڭ ھىدىنى سەندىن كۆپرەك پۇرىغانمەن! — ئۇ بىردىنلا غەزەپكە تولغان قارا كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ، زىچچىدا تىزىلىپ تۇرغان ئۆتكۈر چىشلىرىنى بۆرىنىڭ چىشىدەك ھىڭگايتىپ ۋاقىرىدى، — سەن ئاغزىڭغا كەلگەننى سۆزلىسەڭ بولىۋېرىدۇ... بۇرۇن سەن شۇۋالىت ئىدىڭ، ھازىرمۇ شۇ پىتى قىلىپسەن! سىنىڭ مۇنۇ ئۇستۇڭدىكى پەشمىتىڭدىن باشقا، ھېچنىمەڭ يوق...

— سەن نىمىشكە ئاغزىڭنى بۇزىسەن؟ ئۇفىتسىرلىگىڭنى كۆرسەتمەكچىمۇ؟ ۋاقىرىما! سەندەكلەرگە تۈكۈرۈپ قويىمەن! — دىدى قاتتىق ۋاقىراپ ۋالېت.

ئۇنىڭ تۈكسىچىدەك ساقال باسقان تۇمشۇغى غەزەپتىن تامدەك ئاقىرىپ كەتتى، كىچىككىنە قەھرىلىك كۆزلىرى چانىغىنىڭ ئىچىدە غىلدىرلاشقا باشلىدى.

گىرىگورىي ئۆز ئارامىنىڭ بۇزۇلغانلىغى ئۈچۈن، بايا ئىۋان ئالېكسېيېۋىچتىن: ئوكرۇگرا كازاكلار بىلەن قىزىل گۋاردىيە ئەترەتلىرى تۇتىشىپ قېلىپتۇ دىگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىچى تىت - تىت بولغانلىغى ئۈچۈن ئۆز غەزىۋىنى ۋالېتتىن چىقىرىۋالدى. ۋالېتنىڭ ۋاقىرىشى ئۇنىڭ تىتاڭ تومۇرىغا تەگدى. ئۇ بىر نەرسە چېقىۋالغاندەك، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىدە تېپىرچىلاپ ئولتۇرغان ۋالېتقا دىۋەيلەپ كەلدى، ئەمما ئۇرغۇسى كېلىپ تۇرغان قولىنى تەسلىكتە بېسىپ، شۇنداق دىدى:

— ئاغزىڭنى يۇم، ئەبلەخ! نىمە بۇيرۇق چۇشۇرىسەن؟ يوقال بۇ يەردىن، نىمە سېسىتىسەن بۇ يەرنى... چىر - چىر، چىترىلداپ سۆزلەۋەرمە! ئۇنداق بولمىغاندا، خوشلىشىش ئالدىدا تېگىشلىك نېسىۋەڭنى بېرىمەن...

— قويساڭچۇ گىرىگورىي! شۇمۇ ئىشمۇ! — دىدى كوشېۋوي، گىرىگورىينىڭ مۇشتىنى ۋالېتنىڭ پورۇشكەن بۇرنىدىن نېرى ئىتتىرىپ.

— كازاك قىلىقلىرىنى تاشلاش كېرەك... ئۇيات ئەمەسمۇ؟... ئۇيات، مېلىخوپ! نومۇس!

ۋالىت ئورنىدىن تۇردى؛ ئوڭايسىزلىنىپ يۆتىلىپ قويۇپ، ئىشىككە قاراپ ماڭدى. بوسۇغىغا يەتكەندە چىداپ تۇرالماستىن، كەينىگە بۇرۇلۇپ، زەھەرلىك ھىجىيىپ تۇرغان گىرىگورىينى چوقۇلىدى:

— بۇ تېخى قىزىل گۋاردىيىگە قاتناشقان ئىمىش... ۋاندارما!... بىز مۇنداقلارنىڭ تالىيىنى تۇزغىتىپ تاشلىغان!...

گىرىگورىيمۇ تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى، ئۇ ۋالىتنىڭ كونىراپ كەتكەن سولدات ئۆتۈكىنىڭ ئارقا قونجىغا تېپىپ، ئىغىز ئۆيگە ئىتتىرىپ چىقىرىپ، سەت ئاۋاز بىلەن:

— يوقال! بولمىسا، پۇتۇڭدىن دەس كۆتىرىپ يەرگە ئۇرىمەن! — دىدى.

— بۇ ئىشىڭلار قاملاشمىدى! بۇ نىمە قىلىق، خۇددى كىچىك بالىدەك! — ئۇۋان ئالېكسىيېۋىچ ياقتۇرمىغان قىياپەتتە بېشىنى چايقاپ، گىرىگورىيغا ئالىيىپ قاراپ قويدى.

مىشكا ئۇندىمەي لېۋىنى چىشلەپ تۇراتتى، ئېھتىمال، ئاغزىدىن يامان سۆز چىقىپ كەتمىسۇن دەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالغان بولسا كېرەك.

— نىمىشكە ئۇ ئۆزىگە تەئەللۇق بولمىغان ئىشقا ئارىلىشىۋالىدۇ؟ ئۇ نىمىشكە چېپىلىدۇ؟ — دەپ ئۆزىنى ئاقلىدى گىرىگورىي بىر ئاز خىجىل بولۇپ؛ خىرىستونيە ئۇنىڭغا ھىسداشلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى، بۇنى كۆرگەچ گىرىگورىي ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن بالىلارچە كۈلۈمسىرىدى، — ئۇنى ئۆرۈۋەتكىلى تاس قالدىم!... ئۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن... بىر شاپىلاق سالساڭ ئىشى تۈگەيدۇ.

— خوش، قانداق دەيسىلەر؟ بىر ئىش قىلىش لازىم.

مىشكا كوشۇوي بۇ سوئالنى بىرىپ ھەممىگە تىكىلىپ قارىـ
ۋىدى، ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ زومۇ ـ زو جاۋاپ بەردى:
ــ قانداق قىلساق بولار، مىخائىل؟ گىرىگورىينىڭ ئىپتىقىـ
نى بىر جەھەتتىن توغرا: ئۇرنىمىزدىن تۇرۇپلا بىر ياققا ئۇچۇپ
كېتىشكە بولامدۇ؟ ھەممىمىزنىڭ بالا ـ چاقىسى بار... سەن توخـ
تاپ تۇر!...» ــ دىدى ئۇ كوشۇوينىڭ بىتاقەت بولۇپ ئولتۇرـ
غانلىغىنى بايقاپ، ــ بەلكىم، ھىچ ئىشمۇ بولماس، بۇنى قانداق
بىلىگى بولىدۇ؟ ئازراق تۇرۇپ تۇرايلى، كېيىن بىر گەپ بولار.
شۇنىمۇ ئېيتىپ قويايكى، مىنىڭمۇ خوتۇنۇم، بالام بار، كىيىم ـ كېـ
چەكلىرى كونىراپ كەتتى، ئوزۇق ـ تۈلۈگىمۇ يوق... بۇ ھالدا
ئالدى ـ ئارقامغا قارىماستىن كېتىۋېرەمدىمەن؟ ئۇلار بۇ يەردە
قانداق كۈن ئۆتكۈزىدۇ؟...
مىشكا قاشلىرىنى ئەسەبىلەرچە قىمىرلىتىپ، يەرگە تىكىلىپ
قارىدى.
ــ سىلەرنىڭ كەتكىڭلار يوققۇ دەيمەن؟
ــ مىنىڭچە، ئازراق تۇرۇپ تۇرساقمىكىن. كېيىنرەك كەتـ
سەكمۇ كېچىككەن بولمايمىز... سىزنىڭچە قانداق، گىرىگورىي پانـ
تېلېيېۋىچ. سەنچۇ، خىرىستان؟...
ــ دىمەك، شۇنداق بولسۇن... ۋاقتىنچە تۇرۇپ تۇرايلى.
گىرىگورىي، كۆتۈلمىگەندە ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ بىلەن خىـ
رىستونەنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن جانلىنىپ كەتتى:
ــ ئەلۋەتتە شۇنداق، مىنىڭ دەيدىغىنىممۇ شۇ. مانا مۇشۇ
ئىش ئۈچۈنلا مەن ۋالىت بىلەن تىللىشىپ قالدىم، دەرەختىن شاخ
كېسىدىغان ئىشمۇ بۇ؟ ھەدىگەندىلا يۈرۈپ كېتىشكە بولامدۇ؟...
ئويلىنىۋېلىش كېرەك. ئويلىنىش دەۋاتىمەن.
داڭ ــ داڭ ــ داڭ! قوڭغۇراقخانا تەرەپتىن

قوڭغۇراق ساداسى جاراڭلاپ، پۈتۈن مەيدانغا، چوڭ - كىچىك بار-لىق كوچىلارغا تارىلىپ ياڭراشقا باشلىدى، ئاندىن بۇ سادا ئەينەك-تەك پاقىراپ تۇرغان قارامتۇل قار سۇلىرىنىڭ ئۈستى بىلەن سى-پىلاپ، نەملىكى قۇرۇپ بولمىغان گەچ تاغنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ، ئورمانغا يېتىپ باردى - دە، پۇرچاقتەك پىتراپ، ياڭرىغانچە توخ-تىدى. ئۇندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ئۈزلۈكسىز ئۇرۇلۇپ، تەشۇىش-لىك جاراڭلاشقا باشلىدى: داڭ — داڭ — داڭ — داڭ!...

— ئەنە، ئەنە، چاقىرىۋاتىدۇ! — خىرىستونە كىرپىكلى-رىنى چىمىلداتتى، — مەن قېيىق تەرەپكە كەتتىم. مۇنۇ تەرەپكە، ئورمانغا. ئەمدى مەن ئۇلارغا سايەمنىمۇ كۆرسەتمەيمەن!

— شۇنداق قىلىپ، بىز قانداق قىلىمىز؟ — كوشىۋوي قې-رىلاردەك ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇردى.

— ھازىر بىز ھېچ يەرگە بارمايمىز، — گىرىگورىي ھەممەيلەن ئۈچۈن جاۋاپ بەردى.

كوشىۋوي يەنە قېشىنى مىدىرلىتىپ، پېشانىسىدىن چىۋىشىپ تۇرغان جىنگىلەك ئالتۇن كوكۇلىسىنى كەينىگە قايرىدى.

— خەير - خوش... بىز ئۆز يولىمىزغا مەشەدىن ئايرىلىد-غان ئوخشايمىز!

ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ كەچۈرۈم سورىغاندەك كۈلۈپ قويدى:

— سەن تېخى ياش، مىشاتكا، قىزىق قان... يولىمىز بىر ئەمەس دەپ ئويلامسەن؟ يولىمىز بىر! ئۈمىت ئۈزمە!...

كوشىۋوي خوشلىشىپ، ئۆيدىن چىقتى. ھويلىنىڭ تېمىدىن ياندىكى بىر خامانغا سەكرەپ چۈشتى. ۋالېت خەندەكنىڭ ياقىسىدا شۈمشىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇ، مىشكىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىنى بىل-گەندەك مەشەدە كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇلار كەتمەيمىز دېدى.

— مەن بۇرۇنلا بىلگەن ئىدىم. ئىرادىسىزلار... ھېلىقى گىرىشكا... رەزىل بىر نەرسە، ئۇ، سېنىڭ دوستۇڭ! ئۇ ھېچكىمنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ماڭا ناھەق ئازار بەردى، ئەبلەخ! مەن كۈچلۈك دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويىدۇ... يېنىمدا مىلتىغىم يوق بولۇپ قالدى، ئۇنداق بولمىغاندا ئۆلتۈرۈۋېتەتتىم ...، — دېدى ۋالىت زەئىپ ئاۋاز بىلەن.

كوشۇوي ئۇنىڭ بىلەن ياندىشىپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ كىرپە تىكىنىدەك ھۈرپىيىپ تۇرغان ساقىلىغا قاراپ قويۇپ، ئىچىدە: «راستىنلا ئۆلتۈرۈۋېتەتتى، سېسىق ئاغمىنخان!» دەپ ئويلىدى.

ئۇلار تېز مېڭىشتى، قوڭغۇراقنىڭ ھەر بىر ساداسى ئۇلارنى قامچىلىغاندەك بولاتتى.

— بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ ئۇزۇق - تۈلۈك ئېلىۋالايلى - دە، ئاندىن ماڭايلى! پىيادە يۈرىمىز، ئاتنى ئالمايمەن. سەن ھېچنېمە ئالماسسەن؟

— بار نەرسەم ئۈستۈمدە، — دېدى ۋالىت ئاغزىنى قىيشايتۇرۇپ، — كاتتا سارايدا ئولتۇرغىنىم يوق، مال - مۈلكىممۇ يوق ... يېرىم ئايلىق ئىش ھەققىمنى ئالمىدىم، مەيلى بىزنىڭ باداڭ قوساققا، سېرگەي پلاتونېۋىچقا قالسۇن، ھەققىمنى ئالماي كەتكەنلىكىمگە خوشال بولۇپ بۆكىنى ئاسمانغا ئاتار.

قوڭغۇراق توختىدى. ئەتىگەنكى ئۇيقۇچان سۈكۈناتنى بۇزىدىغان «تىرىك» قىلغان ئاۋازمۇ يوق. يول چېتىدىكى كۆل دۆۋىسىگە توخۇلار يىغىلىۋالغان، ئوتلاشقا قويۇپ بېرىلگەن موزايلار قاشانىڭ يېنىدا يۈرۈشەتتى، كوشۇوي ئارقىسىغا قايرىلىپ قارىدى: كازاكلار مەيدانغا قاراپ ئالدىراش كېتىۋاتاتتى، بەزىلىرى ھەربىچە

كېيىملىرىنىڭ تۈگمىسىنى ئېتىۋېتىپ ھويلىلىرىدىن چىقىپ كېلىـ ۋاتاتتى. مەيداندىن بىر ئاتلىق چېپىپ ئۆتتى. مەكتەپنىڭ ئالدىغا خەلق توپلاشتى، ئاياللارنىڭ بېشىغا سالغان روماللىرى ۋە يوپكىـ لىرى ئاقىرىپ تۇراتتى،كازاكلارنىڭ دۇمبىلىرى بىر بىرىگە تۇتىشىپ قارىيىپ كۆرۈنەتتى.

چىلـەك كـۆتىرىـپ كېـلىۋاتـقان بىر ئـايـال بـۇلارنىڭ يولىنى كېسىپ ئۆتتۈشنى خالىماي، توختاپ تۇردى ـ دە، ئاچچىـ غى بىلەن:

ــ تېز مېڭىڭلار، بولمىسا، يولۇڭلارنى كېسىپ ئۆتىمەن! ــ دېدى.

مىشكا. ئايال بىلەن سالاملاشتى، ئايال قويۇق قاشلىرىنىڭ ئاستىدىن كۈلۈپ قاراپ:

ــ كازاكلار مەيدانـغا كېـتىۋاتسا، سىلـەر ئـۇيـاقتىن كېـ لىۋاتىسلەرغۇ؟ سـەن نىمـىشـكە بارمايـسەن، مىخايـلا؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ئۆيدە ئىشىم بار ئىدى.

بۇلار خالتا كوچىنىڭ ئاغزىغا يېتىپ كېلىشتى. كوشېۋوينىڭ كىچىككىنە ئۆيىنىڭ ئۆگزىسى كۆرۈندى، بىرتال قۇرۇپ قالغان ئالۇ- چە شېخىغا چـىگىپ قويۇلغان قارىغۇچا ئۇۋىسى شامالدا تەۋرىنەتـ تى، دۆڭنىڭ ئۈستىدە شامال تۈگـمىنىنىڭ چاقپەلەكلىرى دەرمانـ سىزلىق بىلەن ئايلىناتتى، چاقپەلەك قاناتـلىرىنىڭ تور تارتىلغان كۆزنىگىدىكى شامال يىرتىپ تاشلىغان كانـاپ لاتـا يەلپۈلدەيتتى؛ تۈگمەنىنىڭ چوخچىيىپ تۇرغان ئۇچلۇق ئۆگزىسىنىڭ تۈنىكىسى شا- مالدا تاقىلداپ تۇراتتى.

قۇياش تازا يارقىن بولمىسىمۇ، ئەمما ئىللىق نۇر چاچاتتى. دون تەرەپتىن مەيىن شامال چىقىۋاتاتـتى. كوچىنىڭ دوقمۇشىدا،

ئارخىپ بوگاتىرېپىنىڭ — ئۆزى بەستلىك، بىر زاماندا گۋاردىيە توپچى قىسمىدا خىزمەت قىلغان كونادىن ئېتىقاتچىسى قورۇق باسقان بوۋاينىڭ هويلىسىدا — ئاياللار پاسخا بايرىمى ئالدىن چوڭ يۇمۇلاق ئۆيىنى گىل بىلەن سۇۋاپ، ئاقارتىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ بىرسى لاي بىلەن قىغىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئايىغى بىلەن چەيلەۋاتاتتى، ئۇ يوپكىسىنى ئىگىز كۆتىرىپ، بوغۇچ بىلەن بوققان يېرى قىزىرىپ كەتكەن سېمىز، ئاپپاق پاچاقلىرىنى ئاران يۆتكەپ بىر دائىرىدە ئايلىناتتى، كۆتىرىلىپ تۇرغان يوپكىسىنى بارماقلىرىنىڭ ئۇچى بىلەن چىمدىپ تۇتۇۋالغان، تىزىدىن يۇقۇرى چىگىۋالغان، لاتا بوغۇچلىرى بەدىنىگە پېتىپ كېتىپتۇ.

ئۇ بەستلىك نوچى ئايال تۇرۇقلۇق، قۇياش تېخى پەستە تۇرسىمۇ، يۈزىنى رومال بىلەن ئورىۋالغان ئىدى، قالغان ياشراق 2 ئايال — ئارخىپنىڭ كېلىنلىرى — قوموش بىلەن چىرايلىق تەكشى يېپىلغان ئۆگزىنىڭ ماگىلىيى ئاستىغىچە چىقىۋېلىپ، شوتىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، تامنى ئاقارتىۋاتاتتى. چىگە چوتكا تۇتقان قوللىرىنى جەينىكىگىچە تۈرۈۋالغان، كۆزىگىچە رومال بىلەن ئورالغان يۈزلىرىگە هاك تامچىلىرى چاچرىغان ئىدى. ئاياللار جۆر ئاۋاز بىلەن بىرلىكتە ناخشا ئېيتاتتى، بوۋاينىڭ چوڭ كېلىنى تۇل قالغان مارىيە، مىشكا كوشىۋوينىڭ قېشىغا ئۇچۇق - ئاشكارا ئۆزى بېرىپ تۇراتتى، يۈزىنى سەپكىل باسقان بولسىمۇ، تەقى - تۇرقى جايىدا ئىدى، بۇ ئايال پۈتۈن يېزىدا داڭ چىقارغان بولۇپ، كۈچ ۋە يوغانلىقى جەھەتتە دېيەرلىك ئەركىشلەرنى بېسىپ چۈشىدىغان باس ئاۋاز بىلەن ناخشىنى باشلاپ بېرەتتى:

... هېچكىم مەندەك دەرت تارتماس ...

قالغان ئاياللار ئۇنىڭغا قوشۇلاتتى، 3 ئاۋاز ئۇنىڭ بىلەن بىللە جۆر بولۇپ، بۇ ئايالچە ھەسرەتلىك، مۇڭلۇق ناخشىنى ماھىرلىق بىلەن كۈيلەيتتى:

... ئاشۇ يارىم سوقۇشتا،
زەمبىرەكنى ئوقلايدۇ،
مېنى ھەرئان ئويلايدۇ...

مىشكا بىلەن ۋالېت، ناخشىغا قۇلاق سېلىپ، قاشانىڭ يېنى بىلەن كېلىۋاتاتتى، ئوتلاق تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتقان ئاتنىڭ كىشنىشى ناخشىنى پات - پات ئۈزۈپ قوياتتى.

... پېچەت باسقان خەت كەلدى،
يارىم قازا تېپىپتۇ.
ھەي، ئۆلۈپتۇ ئەزىز يار،
چاتقاللىقتا يېتىپتۇ...

مارىيە، رومالنىڭ ئاستىدىن زەڭگەر ئىللىق كۆزلىرىنى چاقنىتىپ، ئەتراپقا بىر قارىۋالغاندىن كېيىن، بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان مىشكىغا تەبەسسۇم قارىدى - دە، ئاپپاق ھاك چاچرىغان يۈزىنى پاقىرىتىپ، كۆكرىكىدىن مۇھەببەت بىلەن ئۇرغۇپ چىققان يوغان ئاۋاز بىلەن ناخشىنى داۋاملاشتۇردى:

... شۇ جىنگىلەك ئالتۇن چاچنى،
شامال كېلىپ ئوۋ قىلدى.
قوي كۆزلۈگۈم كۆزىنى،
قۇزغۇن چوقۇپ كورقىلدى.

مىشكا ھەرقاچان ئاياللارغا خۇش مۇئامىلە قىلغىنىدەك، ما-
رىيىگە مۇلايىملىق بىلەن تەبەسسۇم قىلدى؛ ئايىغى بىلەن لاي
پىشۇرۇۋاتقان مۈشۈ ئائىلىنىڭ ئۈچ كۈيوغۇلغا بىرىلگەن قىزى
پېلاگىيىگە چاخچاق قىلىپ:

— ئىگىزرەك كۆتەر، بولمىسا قاشادىن كۆرگىلى بولمايدى-
كەن! — دىدى.

پېلاگىيە كۆزىنى قىسىپ:

— كۆرۈشكە مەيلىڭ بولسا كۆرۈۋېرىسەن، — دىدى.

مارىيە ئىككى قولىنى بېقىنىغا تىرەپ، شوتىنىڭ
ئۈستىدە تۇراتتى؛ ئۇ ئەتراپىغا بىر قارىۋېلىپ، ئاۋازىنى سوزۇپ
سورىدى:

— نەدە يۈردۈڭ، قوزىچىغىم؟

— بېلىق تۇتۇشقابارغان ئىدىم.

— يىراققا بارما، ئامبارغا بېرىپ كۆكۈل ئاچىمىز.

— ھەي، ئاۋۇ يەردە قېيناتاڭ تۇرىدۇ ئۇياتسىز!

مارىيە تىلىنى چاكىلدىتىپ، قاقاقلاپ كۈلدى ـ دە، قولىدى-
كى ھۆل چوتكىنى مىشكىغا شىلتىدى، مىشكىنىڭ
پاختىلىق چاپىنى بىلەن فۇراژكىسىغا ھاك چاچرىدى.

— بىزگە ۋالېتنى ئارىيەتكە بېرىپ تۇرمامسەن. ئۆيىمىزنى
يىغىشتۇرۇشۇپ بېرەتتى! — دەپ توۋلىدى چالىنىڭ كىچىك كې-
لىنى قەندەك ئاپپاق چىشلىرىنى ھىجايتىپ.

مارىيە ئاستا بىر نىمە دىۋىدى، ئاياللار دۇررىدە كۈلۈشتى.
ۋالېت قاپىغىنى تۈرۈپ:

— ھۇ، ئەخلاقسىز قانجۇق! — دەپ توۋلىدى ـ دە، قەدى-
مىنى تېزلىتىپ كېتىۋەردى، ئەمما مىشكا ئىنجىق، نازلىق تەبەس-
سۇم بىلەن ھىجىيىپ، ئۇنىڭ سۆزىنى تۈزەتتى:

— ئەخلاقسىز ئەمەس، خۇشچاخچاق ئايال. مەن كېتەرمەن — ئامرىغىم قالار، «خەير - خوش، ئەمدى مەھبۇبەم!» — مىشكا بىر ناخشىنىڭ سۆزلىرىنى تەكرارلاپ، ئۆز ھويلىسىنىڭ يان ئىشىگىدىن كىرىپ كەتتى.

## 23

كوشېۋوي كەتكەندىن كېيىن كازاكلار بىر ئاز ۋاقىت ئۇندىمەي جىم ئولتۇرۇشتى. قوڭغۇراق سـاداسى يېزا ئـۈستىدە ياڭراپ، ئۆيلەرنىڭ ئىشىك - دەرىزىلىرىنى دىرىلدىتىۋەتتى. ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ دەرىزىگە قاراپ قوياتتى. لاپـاستىنىن يـەرگە ئـەتىگەنكى ئۇششاق كۆلەڭگىلەر چۈشۈپ تۇراتتى. جىنگىلەك يـاش مايسىلارنىڭ ئۈستىنى ئاپپاق قىرو قـاپلىغان. ئـاسمان دەرىزە ئـەينىكى ئارقىلىقمۇ ئولۇغۋار ۋە كۆپ - كـۆك لاجۇۋەرد تـۈستە كۆرۈنەتتى. ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ،خىرىستونەنىڭ پەسكە ساڭگىلاپ تۇرغان پاخماق بېشىغا نەزەر سالدى.

— مىگۇلىنلىقلار قىزىل گۋاردىيە ئـەترىدىنى بـىنتچىت قىـلىپ تاشلاپتۇ، ئەمدى باش كۆتىرەلمەيدۇ ... بەلكىم ئىش شـۇنىڭ بىلەن تامامىلىنار؟

— ياق، تېخى ...، — گىرىگورىينىڭ پۈتۈن ئەزايى تـىتىرەپ كەتتى، — ئىشنى ئەمدى باشلاشتى — سەۋىر قىلىپ تـۇر! خوش، قانداق قىلىمىز، مەيدانغا بارامدۇق؟

ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ فۇراژكىسىغا قولىنى سوزدى؛ ئۇ، كۆڭلىدىكى شۈبھىنى ھەل قىلماقچى بولۇپ سورىدى:

— ئاغىنىلەر، بىز ئەمەلىيەتتە ئارقىدا قالدۇقمۇ، قانداق؟ مەخائىلنىڭ قېنى قىزىق بولسىمۇ، ئەمما پۇختا يىگىت ... كېتىش ئالدىدا بىزنى تەنە قىلىپ ئاندىن ماڭدى.

ئۇنىڭ سۆزىگە ھېچكىم جاۋاپ بەرمىدى. ئۇلار ئۈنچىقماستىن تاشقىرىغا چىقىپ، مەيدان تەرەپكە راۋان بولدى.

ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ ئويچانلىق بىلەن ئايىغىنىڭ ئاستىغا قاراپ ماڭاتتى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدىكىنى ئېيتماي، يالغان سۆزلىگەنلىگە، دىلىغا كەچكەن ئىشنى قىلالمىغانلىغىغا ئىچى تىت - تىت بولۇپ كېلىۋاتاتتى. ۋالېت بىلەن كوشېۋوينىڭ ئېيتقىنى توغرا ئىدى؛ ئىنقىلاپ تۇرماستىنلا كېتىشى لازىم ئىدى، ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن بانا - سەۋەپلىرى ئىشەنچىسىز بولۇپ، ئۆز ئىچىدە جاراڭلاپ تۇرغان مۇلاھىزىكار مەسخىرىلىك بىر ئاۋاز بۇ بانا - سەۋەپلەرنى، گويا توختاق سۇ بېتىدىكى نېپىز مۇزنى ئاتنىڭ تۇيىغى يەنچىپ تاشلىغاندەك بىتچىت قىلىۋەتتى. ئىۋان ئالېكسىيېۋىچنىڭ ئەمدىكى بىردىن بىر قەتئىي قارارى — دەسلەپكى جەڭدىلا بولشېۋىكلار تەرەپكە قېچىپ ئۆتۈش. بۇ قارار ئۇنىڭدا مەيدانغا كېتىۋېتىش ئەسناسىدا تۇغۇلدى، ئەمما گىرىگورىي بىلەن خىرىستونەنىڭ باشقا ئۆي - پىكىردە بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى غۇۋا پەملەپ قالغاچقا، ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ كۆڭلىدە ئۇلاردىن خەۋپسىرەپ قالدى - دە، ئۆز قارارى توغرىلىق بۇلارغا لام - جىم دېمىدى. بۇ ئۈچەيلەن ۋالېتنىڭ تەكلىۋىنى بىرلىكتە رەت قىلدى، ئائىلە، بالا - چاقىلىرىنى بانا قىلىپ، كەتمەي قېلىپ قالدى، ھالبۇكى ئۈچەيلەننىڭ ھەممىسى بۇ بانا - سەۋەپلەرنىڭ كىشىنى قانائەتلەندۈرەلمەيدىغانلىقىنى، ئۆزىنى ئاقلاشقا دەلىل بولالمايدىغانلىقىنى بىلىشەتتى. ئەمدىلىكتە ھەر قايسىسى ئۆز ئىچىدە گويا قەبىھ ئۇياتلىق بىر ئىش قىلىپ قويغان ئادەمدەك بىر بىرىنىڭ ئالدىدا

ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىغىنى ھىس قىلىشاتتى. ئۇلار ئۈنـ
چىقماي مېڭىشتى؛ موخوپنىڭ ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئىۋان
ئالېكسېيېۋىچ بۇ زېرىكىشلىك جىمجىتلىققا چىداپ تۇرالماي، ئۆـ
زىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئەيىپلەپ مۇنداق دېدى:

— يوشۇرىدىغان نېمىسى بار: فۇرونتتىن بولشېۋىك بولۇپ كەلدۇق، ئەمدىلىكتە جان ساقلاشقا ئۆتتۇق! بىز ئۇچۇن باشقىلار ئۇرۇشسۇن، بىز ئاياللىرىمىز بىلەن بىللە...

— مەن كۆپ ئۇرۇشقانمەن، ئەمدى باشقىلارمۇ ئۇرۇشۇپ باقسۇن، — دېدى گرىگورىي تەتۈر قاراپ.

— خوش، ئۇلار ... بۇلاڭچىلىق قىلىۋاتسا، بىز دېمەك، ئۇلارغا بېرىپ قوشۇلامدۇق؟ قىزىل گۋاردىيە ئاشۇنداق بولامدۇ!؟ ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىدۇ، خەلقنى تالايدۇ، بۇ ئىشنى ئەتراپلىق قاراپ بېقىش كېرەك. قارغۇ بولۇپ قالساق، دېمەك، تامغا ئۇسۇۋالىمىز.

— سەن بۇنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭمۇ، خىرىستونە؟ — دەپ كەسكىنلىك بىلەن سورىدى ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ.

— كىشىلەر شۇنداق دېيىشىۋاتىدۇ.

— ھە — ئە ... كىشىلەر...

— خوش، بولدىلا! بىزنىڭ گەپ تەگىشىمىزنى ئاڭلىمىغان پەقەت ئاشۇ خەلقلا قالغان ئىدى.

مەيدان كازاكلارنىڭ لامپاسلىرى ①، فۇراژكىلىرى بىلەن ھەشەمەتلىك تۈس ئالغان ئىدى، ئۇيەر - بۇيەردە پاخماق پاپاغ دەريادىكى ئارالدەك قارىيىپ كۆرۈنەتتى. پۈتۈن يېزا يىغىلغان، ئايال كىشى كۆرۈنمەيتتى. تامامەن قېرىلار، فۇرونت يېشىدىكى كازاكلار ۋە ياشلار ئىدى. ئەڭ قېرىلىرى ھاسىلىرىغا تايىنىپ، ئالدىدا تۇرۇشاتتى، ئۇلار: پەخرى سوت كىشىلىرى، چېركاۋ كېڭەشىنىڭ ئەزالىرى، مەكتەپ مۇتەۋەللىلىرى، چېركاۋ

① لامپاس — شالۋۇرنىڭ يېنىغا تۇتۇلغان يول - يول قىزىل جىيەك.

ئاقساقاللىرى ئىدى. گرىگورىي كۆز يۇگۇرتۇپ، ئاتىسىنىڭ كۈمۈشتەك ئاق سانچىغان قارا ساقىلىنى ئىزلەپ تاپتى. قىرى مېلېخوپ قۇدىسى مىرون گرىگورىيېۋىچ بىلەن يانمۇ يان تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا، پارات ۋاقتىدا كىيىدىغان، ئوردېن-نىشان تاقىغان سۇر مۇندىر كىيگەن گىرىشكا بوۋا چوقماق باش ھاسىغا ئىڭگىكىنى قويۇۋالغان ئىدى. قۇدىسىنىڭ يېنىدا ئىككى مەگزى ئالمىدەك قىپ-قىزىل ئاۋدېيېچ لاپچى، ماتۋېي كاشۇلىن، ئارخىپ بوگاتىرېپ، كازاك فۇرازكىسى كىيىۋالغان ئاتېپىن تىسا - تىسا؛ ئۇنىڭ نېرىسىدا زىنچىچىدا يېرىم دائىرە بولۇپ تىزىلىشىپ تۇرغان تونۇش چېھرىلار: بومبا ساقال يېگور سىنىلىن، ياكوپ تاقا، ئاندىرېي كاشۇلىن، نىكولاي كوشىۋوي، ئۇزۇنتۇرا-ئاۋاق بورىشچېپ، ئانىكۇشكا، مارتىن شامىل، شادا پاچاق تۇگمەنچى گىروموپ، ياكوپ كولوۋېيدىن، مېركولوپ فېدوت بودوۋىسكوپ، ئىۋان تومىلىن، يېپفان ماكسايېپ، زاخار كورولېپ، ئاۋدېيېچ لاپچىنىڭ بالىسى بۇرنى پاناق، پاكار كازاك ئانتىپ تۇرۇشاتتى. گرىگورىي مەيداننى كېسىپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇدۇلدىكى دائىرىنىڭ ئىچىدە ئاكىسى پېترونى كۆرۈپ قالدى. پېترو كۆينىكىنىڭ مەيدىسىگە سېرىق - قارا لېنتىلار بىلەن گېئورگى كرېست ئوردېنلىرىنى تاقىۋالغان بولۇپ، قولى چولاق ئاليوشكا شامىل بىلەن چاقچاقلىشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سول تەرىپىدە مىتكا كورشۇنوپنىڭ يېشىل كۆزلىرى پاقىراپ تۇراتتى. مىتكا تاماكىسىنى پروخور زىكوپنىڭ تاماكىسىدىن تۇتاشتۇرۇۋالدى. پروخور ئاھۇ كۆزلىرىنى پىرىلدىتىپ، كەلپۇكلىرى بىلەن شوراپ تۇرۇپ تاماكىنىڭ ئوتىنى كۆچەيتىشكە ياردەم بەردى. ئارقا تەرەپتە ياش كازاكلار توپلاشقان؛ دائىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، تۆت پۇتى يۇمشاق نەم توپىغا پېتىپ تۇرغان لىگىلداق شىرەنىڭ يېنىدا يېزا ھەربىي ئىنقىلاۋىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى نازار ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا

كاكاردا قادالغان فۇراۋكا، پوكونلۇق كەمزۇل، توقيېشىل تار گىلەفى شىم كىيگەن، گىرىگورىيغا تونۇش بولمىغان بىر يۈز بېشى بىرقولى بىلەن شىرەگە يۆلىنىپ تۇراتتى. ئىنقىلاۋىي كومىتېت رەئىسى ئۇ- نىڭغا خىجىللىق بىلەن بىر نىمە دېۋىدى، يۈز بېشى بىرئاز ئىڭى- شىپ، دىڭگىيىپ تۇرغان يوغان قۇلىغىنى رەئىسنىڭ ساقىلىغا تا- قاپ، گەپكە قۇلاق سالدى. مەيدان ھەرە ئۇۋۇسى جايلاشقان جاي- دەك گۈڭ - گۈڭ. ۋاراڭ - چۇرۇڭ بىلەن تولدى. كازاكلار ئۆز ئارا سۆزلىشىپ، چاخچاق قىلىشىشمۇ، ھەممىسىنىڭ چىرايىدا بىر جىد- دىلىك سېزىلىپ تۇراتتى. بىرسى كۈتۈپ تۇرۇشقا تاقىتى قالماي، چاڭىلداپ ۋاقىرىدى:

— باشلاڭلار! نىمىنى كۈتۈپ تۇرىسىلەر؟ خەلقنىڭھەممىسى دىگۈدەك يىغىلىپ بولدىغۇ!

ئوفتسېر ئالدىرىماي قەددىنى رۇسلاپ، بېشىدىن فۇراۋكى- سىنى ئالدى - دە، ئۆز ئائىلىسىدە گەپ قىلغاندەك ئاددىيلا سۆز- لەشكە باشلىدى:

— ھۆرمەتلىك ئاتىلار ۋە فۇرونتچى كازاك بۇرادەرلەر! سى- لەر سېتراكوف يېزىسىدا بولغان ئىشلارنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟

— بۇ كىم؟ نەدىن كەلگەن ئادەم؟ — دەپ سورىدى خىرىس- تونە باس ئاۋاز بىلەن.

— ۋېشېنسكايالىق، قارا ئۆستەڭدىن كەلگەن، پەمىلىسى سالداتوپمۇ بىر نىمە...— دەپ جاۋاپ بەردى بىرسى.

— سېتراكوپقا، — دەپ سۆزىنىداۋاملاشتۇردى يۈزبېشى، — يېقىندا قىزىل گۋاردىيە ئەترىدى كەلگەن. گېرمانلار ئۇكرايىنانى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن دون ھەربى ئوبلاستىغا قاراپ ئىلگىرى- لەپ، ئۇلارنى تۆمۈريولدىن ئۇلاقتۇرۇپ تاشلىغان ئوخشايدۇ. شۇن- دىن كېيىن قىزىل گۋاردىيەلەر مىگۇلىنىسكى يۇرتى ئارقىلىق

يۇرۇش قىلىپتۇ. يېزىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن كازاكلارنىڭ مال- مۈلكىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىپ، خەلقنى قانۇنسىز قولغا ئېلىشقا باشلاپتۇ. بۇ ئىش ئەتراپتىكى يېزىلارغا مە- لۇم بولغاندىن كېيىن كازاكلار قوللىرىغا قورال ئېلىپ، بۇلاڭچىلارغا ھۇجۇم قىلىپتۇ. ئەترەتنىڭ يېرىمى يوقىتىلىپتۇ، يېرىمى ئەسىرگە چۈشۈپتۇ. مىگۇلىنىسكىلىكلەر ناھايىتى كۆپ ئولجا - غەنىمەتكە ئىگە بولۇپتۇ. مىگۇلىنىسكايا بىلەن كازانىسكايا كەنتلىرى بولشېۋىك ھا- كىمىيىتىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپتۇ. كازاكلارنىڭ چوڭ - كىچىك ھەممىسى تىنىچ دوننى قوغداشقا ئاتلاندى. ۋېشېنىسكايادىكى ئىن- قىلاۋىي كومىتېت قوغلاندى، كەنت ئاتامانى سايلاپ چىقىلدى، يېزى- لارنىڭ كۆپچىلىكى ئاشۇنداق قىلىشتى.

يۈز بېشىنىڭ سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە، قېرىلار ئاستا كو- رۇڭلاشقا باشلىدى.

— ھەممە يەردە ئەترەت قۇرۇلدى. سىلەرمۇ كەنتنى ياۋايى، بۇلاڭچى گۇرۇھلارنىڭ قايتا تالان - تاراج قىلىشىدىن ساقلاپ قې- لىش ئۈچۈن فۇرونتچىلاردىن ئەترەت تەشكىل قىلىشىڭىزلار لازىممىكىن دەيمەن. بىز ئۆز ئۆزىمىزنى ئىدارە قىلىش تۈزۈمىنى تىكلىشىمىز كېرەك! قىزىل ھاكىمىيەتنىڭ كېرىكى يوق، ئۇ بىزگە ئازاتلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ، بۇزۇقچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ! بىز مۇژىكلارنىڭ ئاياللىرىمىزنى، ئاچا - سىڭىل- لىرىمىزنى ئاياق - ئاستى قىلىشىغا، پىراۋوسلاۋ دىنىمىزنى مەسخىرە قىلىشىغا، مۇقەددەس ئىبادەتخانىلىرىمىزنى ھاقارەتلىشىگە، مال - مۈلكىمىزنى تالان - تاراج قىلىشىغا يول قويماسلىق كېرەكمىكىن، دەيمەن، ... شۇنداق ئەمەسمۇ، جانابى ئاقساقاللىرىمىز؟

«توغرا — ا — ا!» دەپ بىر ئېغىزدىن چىققان ئاۋاز مەيداندا ياڭرىدى. يۈز بېشى شاپكىسىراپتا بېسىلغان خىتابنامىنى ئوقۇشقا

باشلىدى.ھەربى ئىنقىلاۋىي ـ كومىتېت رەئىسى بەزىبىر ھۆججەت ـ قەغەزلەرنى ئۆزى تۈپ، شىرەنىڭ قېشىدىن غىپپىدە تىكىۋەتتى. خالايىق بىرەر سۆزنىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتمەستىن تولۇق ئاڭلىدى. ئارقىدا تۇرغان فۇرونتچىلار خوشياقمىغاندەك ئۆزئارا پاراڭلىشىپ تۇرۇشتى.

ئوفتسېر خىتاپنامىنى ئوقۇشقا باشلىغاندىلا، گىرىگورىي توپىنىڭ ئىچىدىن چىقىپ كەتتى؛ ئۆيگە قاراپ يول ئېلىپ، ۋىسسارىئون پوپنىڭ ئۆيىنىڭ دوقمۇشىغا قاراپ ماڭدى. مىرون گىرىگورىيېۋىچ ئۇنىڭ كەتكەنلىكىنى بايقاپ،پانتېلېي پروكوفىيېۋىچنىڭ بىقىنىغا جەينىكى بىلەن تۈرتۈپ قويدى.

ــ قارا، كىچىك ئوغلۇڭ كەتتى!

پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ توپىنىڭ ئىچىدىن ئاقساقلاپ چىقىپ، ھەم يىلىنغان، ھەم بۇيرۇق ئاھاڭىدا:

ــ گىرىگورىي! ــ دەپ توۋلىدى.

گىرىگورىي ئارقىسىغا قارىماستىنلا، يېنىچە بۇرۇلۇپ توختىدى.

ــ قايتىپ كەل، بالام!

ــ ھوي، نىمىشكە كېتىسەن؟ قايت ئارقاڭغا! ــدېگەن ئاۋازلار ياڭراپ، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى گىرىگورىيغا بۇرۇلدى.

ــ مۇشۇمۇ تېخى ئوفتسېر دېگەن نام ئالدى!

ــ تۇمشۇغىنى بۇراپ كېتىدىغان يولى يوق ئىدىغۇ ئۇنىڭ!

ــ ئۇ ئۆزى بولشېۋىكلاردا بولغان!

ــ بۇمۇ كازاكلارنىڭ قېنىنى ئىچكەن ...

ــ قىزىل مەرەز!

بۇ ئاۋازلارنىڭ ھەممىسى گىرىگورىينىڭ قۇلىقىغا يېتىپ باردى. ئۇچىشنى مەھكەم چىشلەپ ئاڭلاپ تۇردى، ئەپتىدىن

ئۆز ئۆزى بىلەن گـۇرەش قىلىشۋاتقانىدەك قىلاتتى؛ يـەنە بىرمىنۇت
ئۆتسە ــ ئالدى ـ ئارقىسىغا قارىماستىنلا كېتىپ قېلىش ئېھتىمالى
باردەك كۆرۈنەتتى.

گىرىگورىي بىر ئاز تەۋرىنىپ، بېشىنى كۆتەرمەســتىن توپـ
قا قاراپ ماڭغاندىلا پانتېلېي پـروكوفيېـيېۋىچ بىـلەن پېـترو ئۇھ
دەپ يېنىك نەپەس ئالدى.

قېرىلار قىزغىن تالاش ـ تارتىش قىـلىـشتـى. شـۇ ئارىدا
ھەش ـ پەش دېگىچە مىرون گىرىگورىيېۋىچ كورشۇنوپ يېزا ئاتاـ
مانى بولۇپ سايلاندى. ئۇنىڭ ئېقىش يۈزىدىكى سەپكىللەر سۇررەڭ
تۈس ئېلىپ، ئاستا ئوتتۇرىغا چىقتى، بۇرۇنقى ئاتامانىنىڭ قولىدىن
ھاكىمىيەتنىڭ بەلگىسى بولغان ــ مىس چوقماق ئاتـامانلىق ھاـ
سىسىنى تارتىنچاقلىق بىلەن قوبۇل قىـلىپ ئالدى. بۇ ۋاقىتقـىچە
ئۇ، بىر قېتىممۇ ئاتامان بولۇپ باقمىغان ئىدى؛ خەق ئۇنى سايلىـ
غاندا، ئۆزىنىڭ بۇ مەرتىۋىگە لايىق ئەمەسلىكىنى، چالا ساۋاتلىغىـ
نى بانا قىلىپ، ئۇنىماي ئىنجىقلاپ باقتى. ئەمما قـېرىـلار ئـۇنى
قارشى ئالىدىغانلىغىنى بىلدۈرۈپ ۋاقىرىشىپ كەتتى:

ــ ھاسىنى ئال! ياق دەپ نىمە قىلىسەن، گىرىگورىچ!

ــ سەن يېزىمىزدا بىرىنچى خوجايىن.

ــ سەن يېزىمىزنىڭ بايلىغىنى يەپ تۈگەتمەيسەن!

ــ قارا، يېزىنىڭ پاي پۇللىرىنى سىمونغا ئوخشاش ئىچىمـ
لىككە سەرپ قىلىپ تۈگىتىۋەتمە!

ــ قوي ـ قوي ... بۇ ئۇنداق قىلمايدۇ.

ــ ئائىلىسىدىن قانچىلىك ئالىمەن دىسە، يېـتىپ ئاشىدۇ!

ــ ئۇنداق قىلسا، قوينىڭ تېرىسىنى شۈلىگەنـدەك شۈلۈۋاـ
لىمىز! ...

سايلام ئاشۇنداق ئادەتتىن تاشقىرى تېز ۋە يېـرىم ئـۇرۇش

ۋاقتى شارائىتىدا ئۆتكۈزۈلگەنلىكتىن، مىرون گىرىگورىيېۋىچ كې-
شىلەرنى يىغىلىندۇرماستىنلا ماقۇل بولىدى. بۇ سايلام بۇرۇنقى ساي-
لاملاردەك ئۆتمىدى. بۇرۇن كەنت ئاتامانى كېلىپ قاتىنىشاتتى،
10 ئائىلە باشلىقلىرى چاقىرىلاتتى، نامزاتلار ئاۋازغا قويۇلاتتى،
بۇ قېتىم ئالمان - تالمان، ئاددىلا بىر ۋاقىراش بىلەن:«كورشۇنوپ
ئۈچۈن ئاۋاز بېرىدىغانلا ئوڭ تەرەپكە ئۆتۈڭلار» دېيىش بىلەن
ئىش پۈتتى. خالايىقنىڭ ھەممىسى شارىلداپ ئوڭ ياققا ئاقتى،
پەقەت كورشۇنوپقا ئاداۋىتى بار زىنوۋىي ئىسمىلىك موزدوزلا
دەريا ياقىسىدىكى ئوتتا كۆيگەن بىر تۈپ دەرەختەك ئۆز ئورنىدا
يالغۇز قالدى.
تەرگە پىشقان مىرونگىرىگورىيېۋىچ كۆزىنى بىر پىرىلدىتىپ
ئۈلگۈرمەستىنلا، كىشىلەر ئۇنىڭ قولىغا ئاتامانلىق ھاسىسىنى تۇت-
قۇزدى، قېشىدا تۇرغانلار قۇلىغىنىڭ تۈۋىدىلا ۋاقىراشتى، نېرىراق-
تىكىلەر يىراقتىن ۋاقىراشتى:
— سۆيۈنچىسىنى بەر!
— ھەممەيلەن ساڭا ئاۋاز بەردۇق!
— يۇيۇش كېرەك!
— ئاتامانىنى كۆتىرىپ بىر سىلكىپ قويايلى.
ئەمما يۈز بېشى ۋاراڭ - چۇرۇڭنى توختىتىپ، يىغىنىنىڭ
يۈنۈلۈشىنى ئەمىلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئۇستىلىق بىلەن
بۇرىۋەتتى، ئۇ ئەترەت كوماندىرىنى سايلاش توغرىلىق مەسىلە
قويۇپ، ۋېشىنىسكايادا گىرىگورىينىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلىۋالغان
بولسا كېرەك، گىرىگورىيغمۇ، يېزىغىمۇ ئوبدانچاق بولۇپ مۇنداق
دىدى:
— كوماندىرلىققا ئوفىتسېرنى قويساق مەقسەتكە مۇۋاپىق
بولاتتى! ئوفىتسېر بولغاندا، مۇبادا ئۇرۇش بولۇپ قالسا ئىش

ئۇتۇقلۇق بولىدۇ، چىقىم ئاز بولىدۇ. سىلەرنىڭ يېزىدا قەھرىمانلاردىن تولا نىمە يوق. كەنتداشلار، مەن ئۆز ئىرادەمنى سىلەرگە تاڭالمايمەن، ئەمما ئۆز تەرىپىمدىن سىلەرگە خورۇنجى مېلېخوپنى تەۋسىيە قىلىمەن.

— قايسىنى؟

— بىزدە 2 مېلېخوپ بار.

ئوفىتسېر توپنىڭ ئىچىگە كۆز يۈگۈرتۈپ، ئارقىدا بىر يەردە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرغان گىرىگورىيدا توختىدى - دە، كۈلۈمسىرەپ ۋاقىرىدى:

— گىرىگورىي مېلېخوپنى تەۋسىيە قىلىمەن! ... قانداق دەيسىلەر، كەنتداشلار؟

— قۇتلۇق بولسۇن!

— تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمىز!

— گىرىگور پانتىلېيېۋىچ ياخشى يىگىت!

— ئوتتۇرىغا چىق! چىق ئوتتۇرىغا؟

— قېرىلىرىمىز سېنى كۆرمەكچى!

كىشىلەر ئارقىسىدىن ئىتتەرگەچكە، گىرىگورىي قىزىرىپ دائىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ، 4 ئەتراپقا ئەنسىرەپ قاراپ كەتتى.

— بالىلىرىمىزنى يېتەكلە! — ماتۋېي كاشۇلىن ھاسىسى بىلەن يەرنى توكۇلدىتىپ قويۇپ، قولىنى كېرىپ چوقۇنۇۋالدى، — يېتەكلە، ئۇلارغا رەھبەرلىك قىل، ياخشى ئەركەك غاز ئەگەشتۈرۈپ ماڭغان غازلار توپ ئىچىدە ئامان - ئېسەن يۈرگەنىدەك ئۇلارمۇ سېنىڭ ئەتراپىڭدا ئامان - ئېسەن يۈرسۇن. ئەركەك غاز ئۆز جەمەتلىرىگە پاسىۋان بولۇپ، ئۇلارنى يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن ۋە ئادەملەردىن قوغدىغاندەك، سەنمۇ ئۇلارنى ساقلا! يەنە 4 كرېست ئوردېن بىلەن مۇكاپاتلىنىشقا تىرىش، خۇدا يار بولسۇن!

— پانتېلېي پروكوفېيېۋىچ، سىنىڭ ئوغلۇڭ!...

— ئۇنىڭ بېشى ئالتۇن! مىگىسى ئىشلەيدۇ، ئىتنىڭ بالىسى!

— توكۇر شەيتان، چارەك بوتۇلكا هاراق ئېلىپ كەل!

— ها — ها — ها — ها! يۇ — يا — يلى ئۇنى! ...

— جانابى ئاتىلار جىم بولايلى! بىز ئۆز ئىختىيارى بىلەن پىدائىلىقتا يېزىلىشنى قويۇپ تۇرۇپ، 2 ياكى 3 يىللىق مۇددەت بىلەن رويخەتكە تىزىملاپ بېكىتسەك، قانداق،پىدائىلارنىڭ بېرىش-بارماسلىغى ناتايىن.

— 3 يىل بولسۇن!

— 5 يىل!

— پىدائىلارنى تاللاپ يىغىش كېرەك!

— سەن ئۆزەڭ بار، سېنى ... كىم تۇتۇۋالدى؟

يېڭى ئاتامان بىلەن بىر نەرسە توغرىلىق سۆزلىشىپ تۇرغان يۇز بېشىنىڭ قېشىغا يېزىنىڭ يۇقۇرقى بېشىدا ئولتۇرۇشلۇق 4 چال كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرسى بويى پاكار، ئاغزىدا چىشى قالمىغان قېرى بولۇپ، كوچىدىكى ئادەملەر ئۇنىڭغا «ۋىجىك» دەپ لەقەم قويغان، ئۇنىڭ ئۆمۈربويى دەۋاگەر بولۇپ يۈرگەنلىگىنى ھەممە بىلەتتى. سوت مەھكىمىسىگە تولا بارغانلىقتىن، ئۆز ئىگىلىگىدىكى يالغۇز بىرلا بوز بايتىلى سوت مەھكىمىسىگە باردىغان يولنى پىششىق بىلىۋالغان ئىدى، ئىگىسى مەس ھالدا چانىسىغا ئۆزىنى تاشلاپ، چىقىراق ئاۋاز بىلەن: «سوت مەھكىمىسىگە!» دەپ قويىسلا بولدى — بايتال كەنتكە باردىغان يولنى ئۆزى تېپىپ كېتىۋېرەتتى... ئاشۇ «ۋىجىك» قېرى يۇز بېشىنىڭ قېشىغا كېلىپ، بېشىدىن شەپكىسىنى ئالدى. قالغان 3 چال ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. بۇ 3 چالنىڭ بىرسى مال - دۇنياسى

كۆپ، خەلق ئىچىدە ھۆرمىتى بار گىراسىم بولدىرىپ ئىدى. «ۋۇجىك» كازاك سۆزگە چىچەن بولۇپ، بىرىنچى بولۇپ، يۈز بېشىغا گەپ ئاچتى:

— جانابى ئالى!

— خوش، ئىش بارمىدى، ھۆرمەتلىك ئاتىلار؟ — يۈز بېشى يوغان، گۆشلۈك قۇلىغىنى توساپ، مۇلايىملىق بىلەن ئىڭىشتى.

— جانابى ئالى، سىز ھېلىقى بىزگە كوماندىر قىلىپ بەلگىلەپ بەرگەن يېزىدىشىمىزنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق ئاڭلىمىغان ئوخشايسىز. ئەمما بىز قېرىلار، سىزنىڭ بۇ قارارىڭىزغا نارازىلىغىمىزنى بىلدۈرىمىز ۋە مۇنداق قىلىشقا ھوقۇقىمىز بار. ئۇنىڭغا قارشى ئاۋاز بېرىمىز!

— قانداقچە قارشى ئاۋاز؟ سەۋەبى نىمە؟

— بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ ئۆزى قىزىل گۋاردىيىگە قاتناشقان، شۇلارنىڭ بىر كوماندىرى بولغان، بۇنىڭدىن پەقەت 2 ئاي بۇرۇنلا ياردار بولۇپ قايتىپ كەلگەن، بۇ ھالدا بىز ئۇنىڭغا قانداق ئىشىنىمىز؟

يۈز بېشى قىزىرىپ كەتتى. قۇلاقلىرىغا قان يۈگۈرۈپ ئىششىغاندەك بولدى.

— بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! بۇنى مەن ئاڭلىغىنىم يوق... بۇ توغرىلىق ماڭا ھېچكىم ھېچنىمە دىمىدى...

— راست گەپ، بولشېۋىكلاردا بولغان، — دىدى گىراسىم بولدىرىپ قاتتىق تەكىتلەپ،— بىز ئۇنىڭغا ئىشەنمەيمىز!

— ئۇنى ئالماشتۇرۇش كېرەك! ياش كازاكلار نىمە دىيىشىۋاتىدۇ، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ «ئۇ دەسلەپكى جەڭدىلا بىزنى تۇتۇپ بېرىدۇ!» دىيىشىۋاتىدۇ.

— ھۆرمەتلىك ئاتىلار!— دىدى يۈز بېشى قاتتىق ئاۋاز

بىلەن ئۆرنىدىن تۇرۇپ؛ ئۇ قۇۋۇلۇق بىلەن فۇرونتچىلارنىڭ قىر-
شىدىن ئۆتۈپ، قىرىلارغا قاراپ سۆزلىدى، — ھۆرمەتلىك ئاتىلار!
ئەترەت باشلىقلىقىغا بىز خورۇنجى گىرىگورىي مېلېخوپنى سايلىغان
ئىدۇق، بۇنىڭغا قارشىلىقلار بولۇپ قالماسمۇ؟ بايا ماڭا كىشىلەرنىڭ
ئۇقتۇرۇشىچە، ئۇ قىشتا قىزىل گۋاردىيىدە بولغان ئىكەن. ئۆزەڭ-
لارنىڭ ئوغۇل - نەۋرىلىرىڭلارنى ئۇنىڭغا تاپشۇرالامسىلەر؟
فۇرونتچى بۇرادەرلەر، سىلەرمۇ مۇشۇنداق ئەترەت باشلىقلىقىغا ئەگى-
شىپ، خاتىرجەم ئۇرۇشقا بارامسىلەر؟

كازاكلار گاڭگىراپ جىم بولۇپ قېلىشتى. ئارقىدىن بىردىنلا
ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتىرىلدى؛ ھەركىم ئۆز ئالدىغا توۋلىغان خىتاپ
ۋە ھايقىرىقلاردىن ھېچنىمىنى چۈشەنگىلى بولمايتتى. كېيىن ۋاقى-
راپ - ۋاقىراپ، ھەممە جىمىققان چاغدا، شالاڭ قاش قېرى بوۋا-
تىرېپ دائىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا شەپ-
كىسىنى بېشىدىن ئالدى - دە، ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى.

— مەن ئۆزەمنىڭ پەمىسىز ئەقلىم بىلەن مۇنداق ئويلايمەن —
بۇ ۋەزىپىنى گىرىگورىي پانتېلېيېۋىچقا بېرەلمەيمىز. ئۇنىڭ گۇنالىق
ئىش قىلغىنى راست، بۇنى ھەممىمىز ئاڭلىغان. ئالدى بىلەن ئۇ
گۇناىسىنى يۇيۇپ، ئاممىنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولسۇن، ئاندىن قاراپ
باقارمىز. ئۇنىڭ ياخشى جەڭچى ئىكەنلىكى راست، بۇنى بىز بىلى-
مىز... ئەمما چاڭ - تۇزاڭدا كۈن كۆرۈنمەيدۇ، دېگەن گەپ بار،
ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى كۆرگىنىمىز يوق، بولشې-
ۋىكلارغا قىلغان خىزمىتى كۆزگە چىققان سۆگەلدەك
بىزگە مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ!...

— ئۇ ئادەتتىكى سولدات بولۇپ تۇرسۇن! — ئاچچىقىغى بىلەن
ۋاقىرىدى ياش ئاندىرېي كاشۇلىن.

— پېترو مېلېخوپ كوماندىر بولسۇن!

— گىرىشكا توپىنىڭ ئىچىدە يۈرۈپ تۇرسۇن!

— ئۇنى سايلىساق، ئۆز بېشىمىزغا بالا تېپىۋالىمىز!

ئارقىدا تۇرغان گىرىگورىي دىققەتچىلىكتە قىزىرىپ:

— مەنمۇ بۇنىڭغا مۇھتاج بولۇپ تۇرغىنىم يوق! سىلەرنىڭمۇ ماڭا كېرىكىڭلار يوق! — دەپ ۋاقىرىدى؛ ئاندىن قولىنى شىلتىپ تەكرارلىدى، — بۇنداق ئىشنى مەنمۇ ئۈستۈمگە ئالمايمەن! سىلەرنىڭ ماڭا نىمە كېرىكىڭلار بار! — ئۇ ئىككى قولىنى شالۋۇرىنىڭ يانچۇغىغا تىقىپ، ياۋا ئۆدەك مېڭىشىدا قەدەم تاشلاپ، ئۆيىگە راۋان بولدى.

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىشىلەر ۋاقىراپ قېلىشتى:

— هوي، توختا! چوڭچىلىق قىلما!

— سېسىق مەخلۇق! ئىلمەك بۇرنىنى يۇقۇرى كۆتىرىپ گىدەيگىنىنى قاراڭ!

— ئوھ - ھۇ!

— تۈرك قېنى ئۇنى يوغىنىتىپ قويۇۋاتىدۇ!

— ئۇ تىلىنى يىغمايدۇ! ئۇ ئالدىنقى سەپتىمۇ ئوفىتسېرلەرنىڭ ئالدىدا تىلىنى يىغمىغان. بۇ يەردە قانداقمۇ تىلىنى يىغسۇن...

— ئارقاڭغا قايت!

— ھا — ھا — ھا — ھا!...

— باغلاڭلار ئۇنى! ھا! تىۋۇ! ئۇ لىۋۇ — لىۋۇ — لىۋۇ!...

— نىمىشكە ئۇنىڭ ئالدىدا قۇيرۇق شىپاڭلىتىسىلەر؟ ئۆزقولىمىز بىلەن سوتقا بېرىش كېرەك ئۇنى!

كىشىلەر ئۇزاقتاجىمىقتى. تالاش - تارتىش ئىچىدە بىرسى - بىرسىنى ئىتتىرەتتى، بىرسىنىڭ بۇرنىدىن قان ئېقىپتۇ، كۆتۈلمە-

گەندە ياشلارنىڭ بىرسىنىڭ كۆزى مۇشتەك ئىششىپ چىقىپتۇ. ھەممەيلەن تىنچىغاندىن كېيىن ئەترەت باشلىقىنى سايلاشقا كىرىشتى، ئاخىرىدا پېترو مىلىخوپنى سايلاشقان ئىدى، ئۇ پەخىرلەنگەنلىكتىن چىرايىغا قىپ - قىزىل قان يۈگۈردى. ئەمما شۇ ئارىدا يۈز بېشى، ئۇچقۇر ئات ئىنتايىن ئىگىز تۇساققا دۇچكەلگەندەك، ئويلاپ باقمىغان بىر توسالغۇغا يولۇقتى: ئۆز ئىختىيارى بىلەن پىدائىيلىققا يېزىلىش مەسىلىسىگە كەلگەندە، پىدائىيلار چىقمىدى. بولۇۋاتقان ئىشلارغا باشتىنلا سوغاق مۇناسىۋەتتە بولغان فۇرونتچىلار ئىككىلىنىپ تۇرۇۋېتتى، يېزىلغۇسى كەلمەي، بۇ ئىشنى چاخچاقا ئايلاندۇردى:

— ئانىكېي، سەن نىمىشكە يېزىلمايسەن؟

ئانىكۇشكا غۇدۇڭشىپ:

— مەن تېخى ياش، بۇرۇتۇم خەت تارتمىدى ،...، — دەپ جاۋاپ بەردى.

— چاخچىغىڭنى قوي! سەن تېخى بىزنى مەسخىرە قىلماقچىمۇ؟ — دىدى قىرى كاشۇلىن نەق ئۇنىڭ قۇلىغىغىلا ۋاقىراپ.

ئانىكېي پاشنى قورىغاندەك قولىنى بىرسىلكىپ:

— ئۆزەڭنىڭ ئاندىرىيۇشكاڭنى يازدۇر، — دىدى.

— ئۇ يېزىلىپ بولدى.

— پىروخور زىكوپ! — دەپ تۇۋۇلىدى شىرە يېنىدىن بىرسى.

— مەن؟

— يازامدۇق؟

— بىلمەيمەن...

— يازدۇق ئەمسە!

مىتكا كورشۇنوپ جىددى چىراي بىلەن شىرەنىڭقىشىغا كېـ
لىپ، قوپال ئاۋاز بىلەن:
— مېنى ياز، — دەپ بۇيرۇق قىلدى.
— خوپ، يەنە كىم ئىختىيارىي يېـزىلىدۇ؟... بـودوۋىسكوف
فېدوت ... سەنچۇ؟
— مېنىڭ بۆرەك كېسىلىم بار، ھۆرمەتلىك ئاتىلار !...، —
فېدوت ئالىغاي قالماق كۆزلىرىنى كەمتەرلىك بىلەن پەسكەقارىتىپ
غۇدۇڭشىپ قويدى.
فۇرونتچىلار ئوچۇقتىن ئوچۇق قاقاقلاپ كۈلۈشتى، ئارقا ـ
ئارقىدىن چاخچاقلارنى ياغدۇرۇپ، بىر بىرىنـى كۈلدۈرۈشتى:
— خوتۇنۇڭنى بىللە ئېلىـۋال ... بۆرىكىڭ چىقىپ قـالسا،
جايىغا چۈشۈرىدۇ.
— ئاخ — خا — خا — خا!...، — ئارقىدا تۇرغانلار تېلىقىپ
يۆتىلىپ، چىشلىرىنى پارىلدىتىپ، كـۆزلـىرىدىن يـاش چـىققىچە
كۈلۈشتى.
تـوپنىڭ يەنە بىر بېشىدىنمۇ يېڭى چاخچاق تورغايدەك ئۇـ
چۇشقا باشلىدى:
— بىز سېنى ئاشپەز قىلىپ ئالايلى! ئەگەر كاپوستا شـورـ
پىسىنى ياخشى پىشۇرالىساڭ، ئۇنى 2 ـ بۆرىكىڭ يېرىلىپ چىقـ
قىچە ساڭا ئىچكۈزىمىز.
— بۆرەك كېسىلى بولساڭ يۈگۈرەلمەيسەن، ئاستا چېكىنىسەن.
قېرىلار غەزەپلىنىپ كايىشقا باشلىدى:
— بولدى! بولدى قىلىڭلار ئەمدى! نىمەئانچە خوشاللىنىپ
كېتىسىلەر؟
— بۇ تەنتەكلىك قىلىدىغان چاغمۇ؟

— ئۇيات، يىگىتلەر! — دېدى بىرسى، — ياپەرۋەردىگارا! بۇلارنىڭ قىلغىنىنى قاراڭ! خۇدا بۇلارنى كەچۈرمەيدۇ! ئۇيەردەئادەم ئۆلۈۋاتسا، سەنلەر ... خۇدانى ئۇنتۇۋاتامسىلەر؟

— تومىلىن ئىۋان، —دەپ يۈز بېشى ئارقىسىغا قـايرىلىپ قاردى.

— مەن زەمبىرەكچى،—دېدى تومىلىن ئۇنىڭغا جاۋاۋەن.

— يېزىلامسەن؟ بىزگە زەمبىرەكچىمۇ لازىم.

— ياز، مەيلى ... ئېھ!

زاخار كورولېپ، ئانىكۇشكا ۋە يەنە بىرنەچچە ئادەم زەمبىرەكچىگە چاخچاق قىلىشتى.

— بىزساڭا تال - سۆگەتتىن زەمبىرەك ياساپ بېرىمىز!

— كاۋىنى ئوق قىلىپ ئاتىسەن، سىنارەد ئورنىغا ياڭيۇ ئاتىسەن.

چاخچاق - كۈلكىلەر بىلەن 60 كازاك يېزىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا خرىستونەنىڭ ئېتى چىقتى، ئۇ شىرەنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇزۇپ - ئۇزۇپ سۆزلىدى:

— دىمەك، مېنىيازساڭ — ياز، ئەمما ئالدىدىن ئېيتىپقوياي، مەن ئۇرۇشمايمەن.

— ئۇنداق بولسا، نىمىشكە يېزىلسەن؟ —دەپ قەھرى بىلەن سورىدى يۈز بېشى.

— قاراپ باقىمەن، جانابى ئوفىتسېر، ئەھۋالغا قارايمەن.

— يېزىپ قويۇڭلار ئۇنى، — دېدى يۈز بېشى مىۇرىسىنى قىسىپ،

كىشىلەر مەيداندىن تارقاشقاندا چۈش بولۇپ قالغان ئىدى. ئەتىدىن قالمايلا مىگۇلىنلىكلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقىش قارار قىلىندى.

ئەتىسى ئەتىگەن مەيدانغا تونۇگۇن يېزىلغان 60 پىدا-
ئىلاردىن پەقەت 40 قا يېقىن كىشى توپلاندى. ئالاھىدە ياسىنىپ،
ئۇستىگە شىنېل، پۇتىغا ئۆزۈن قونجىلىق ئۆتۈك كىيگەن پېترو
كازاكلارنى كۆزدىن كەچۈردى. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى مۇرىسىگە بۇ-
رۇنقى پولكلارنىڭ نومۇرلىرى يېزىلغان پاگون تاقىغان بولۇپ،
ئايرىملىرى پاگونسىز ئىدى. ئىگەرنىڭ ئىككى يېنى سەپەريۈكى بىلەن
پاخپىيىپ تۇراتتى، غانجۇغا ۋە خۇرجۇنلىرى ئوزۇق - تۈلۈك، كى-
يىم - كېچەك، فرونتتىن ئېلىپ كەلگەن ئوق - دورىلار بىلەن لىق
توشقان ئىدى. مىلتىق ئازلا كىشىدە بار ئىدى، كۆپچىلىكى قىلىچ،
نەيزە، قالقان بىلەن قوراللانغان ئىدى.

ئەسكەرلەرنى ئۈزىتىش ئۈچۈن مەيدانغا خوتۇن - قىزلار،
بالىلار، چاللار يىغىلىشقا باشلىدى. پېترو، مىڭىشقا تەلپۈنۈپ تۇر-
غان ئېتىنى ئويناقشىتىپ، ئۆزىنىڭ 50 كىشىلىك بۆلۈنمىس-
ىنى سەپكە تىزغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەر خىل تۈستىكى ئاتلى-
رىغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، ئاتلىقلارنىڭ بەزىسى شىنېل، بەزىسى
مۇندىر، بەزىسى بىرىزېنت يامغۇرلۇق كىيگەن ئىدى، ئۇلارنى كۆز-
دىن كەچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن مىڭىشقا كوماندا بەردى. كىچىك
ئەترەت پىيادە بولۇپ تاققا ئۆرلەشكە باشلىدى. كازاكلار
قاپىغىنى ئاچماستىن ئۆز يېزىسىغا قايرىلىپ قاراپ قوياتتى، ئارقىدىكى
قاتاردا كىمدۇر بىرسى مىلتىق ئاتتى. تۆپىگە چىققاندىن كېيىن
پېترو قولىغا پەلەي كىيىپ، بۇغداي رەڭ بۇرۇتىنى سىلاپ تۈزەپ
قويدى، ئاندىن ئېتىنىڭ بېشىنى يانغا بۇراپ، ئويناقشىتىپ يۈرۈپ
كەتتى، ئۇ فوراژكىسىنى سول قولى بىلەن تۇتۇۋېلىپ، كۈلۈمسىرى-
گەن ھالدا ۋاقىرىدى:

— بۆ — لۈ — نمە، بۇيرۇغۇمغا قۇلاق سال!... ئالغا ئىلدام
چاپ!...

كازاكلار، ئۈزەڭگىنىڭ ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇۋېلىپ، ئاتلىرىنى قامچىلاپ چېپىپ كېتىشتى. كىشىلەرنىڭ يۈزىگە شامال ئۇرۇلۇپ، ئاتلارنىڭ يايلىنى ۋە قۇيرۇقلىرىنى توزغىتاتتى، ئۇششاق يامغۇر يېغىش ئېھتىمالى بار ئىدى. پاراڭ - چاخچاقلار باشلاندى. خىرىستونە مىنگەن ئىگىزلىكى 2 گەز 3 ۋىرشۇك كېلىدىغان قارائات مۇدرۇپ كەتكەن ئىدى، خىرىستونە راسا كايىپ، قامچا بىلەن بىرنى سالدى،ئېتى بويىنىنى قىيشايتۇرۇپ، قاتاردىن چىقىپ سەكرەپ چېپىپ كەتتى.

كازاكلار كارگىنىسكايا كەنتىگىچە كەيپى چاغ باردى، ئۇلار ھېچقانداق ئۇرۇش بولمايدىغانلىقىغا، مىگۇلىنىسكايادىكى ئىش — بولشېۋىكلارنىڭ كازاك يېرىگە تاسادىپى ھۇجۇم قىلغانلىق تۈپەيلى يۈز بەرگەنلىكىگە تولۇق ئىشەنگەن ھالدا يېتىپ بېرىشتى.

## 24

ئۇلار كارگىنىسكاياغا كەچ كىرىش ئالدىدا يېتىپ كەلدى. كەنتتە فرونتچىلار يوق ئىكەن، ھەممىسى مىگۇلىنىسكاياغا كېتىپشىپتۇ. پېترو، ئۆزىنىڭ ئەترىدىنى مەيدانىدا، سودىگەر لېۋوچكىنىنىڭ دۇكىنى ئالدىدا ئاتتىن چۈشۈشكە بۇيرۇق بېرىپ، كەنت ئاتامانىنىڭ ئۆيىگە قاراپ كەتتى. ئۇنى ئىگىزبوي، تېنى كۈچلۈك، چىرايى قارىراق بىر ئوفىتسېر قارشى ئالدى. بۇئادەم پاگونسىز ئۇزۇن،كەڭ كۆينەك كىيگەن، كافكازچە كەمەر باغلىغان، قىزىل جىيەك تۇتۇلغان كازاكشالۋۇرىنىڭ ئىككى پاچىقىنى ئاق يۇڭ پايپاقنىڭ ئىچىگە قىستۇرۇۋالغان. لەۋلىرى يۇقا كەمسۇك ئاغزىنىڭ بىر بۇرجىكىدە تاماكا

تۇرۇپكىسى چىشلەگىلىك. ئۇچقۇنداپ تۇرغان جىگەررەڭ كۆزلىرى ماڭلىيىنىڭ ئاستىدىن تېشىلىپ چىققۇدەك قارايتتى. ئۇ پىشايۋاندا تاماكا چەككەچ، يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان پېتروغا كۆز تىكىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ گەۋدىلىك تەقى ـ تۇرقى، كۆينەك ئاستىدىن بۇرتۇپ تۇرغان چۆيۈندەك مەھكەم قول ۋە كۆكرەك مۇسكۇللىرى بۇ ئوفىتسېرنىڭ ئاجايىپ كۈچلۈك ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— كەنت ئاتامانى سىز بولامسىز؟

ئوفىتسېر كۈمۈشتەك بۇرۇتىنىڭ ئاستىدىن قويۇق تۈتۈننى پۈۋدەپ چىقىرىپ، يوغان ئاۋاز بىلەن:

— ھە، مەن كەنت ئاتامانى. كىم بىلەن سۆزلىشىش شەرىپىگە ئىگە بولىمەنكىن؟ — دىدى.

پېترو ئىسىم پەمىلىسىنى ئېيتتى. ئاتامان ئۇنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ، بېشىنى سەل ئەگدى.

— لىخوۋىدوپ فېدور دىمىترىيېۋىچ.

فېدور لىخوۋىدوپ، گۇسنو — لىخوۋىدوۋوي يېزىسىنىڭ كازاكى بولۇپ، ئۇنداق ـ مۇنداق ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ يۇنكىرلەر مەكتىۋىدە ئوقۇغان بولۇپ، ئۇنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇزاق ۋاقىت يوقىلىپ كەتتى. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن تۇيۇقسىز يېزىدا پەيدا بولۇپ، يۇقۇرقى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ رۇخسىتى بىلەن ھەربى خىزمەت ئۆتەپ قايتقان ھەقىقى كازاكلاردىن پىدائىيلار ئەترىتى تۈزۈشكە باشلىدى. ھازىرقى كارگىنىسكايا كەنتى رايونىدا قارام كاللاكېسەرلەردىن بىر بۆلۈنمە تەشكىل قىلىپ، ئىرانغا باشلاپ ئېلىپ كەتتى. ئۇ يەردە شاھنىڭ شەخسى مۇھاپىزەتچىسى بولۇپ، ئۆز ئەترىدى بىلەن بىرىيلنى ئۆتكۈزدى. فارس ئىنقىلاۋى كۈنلىرىدە شاھ بىلەن بىللە جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ، بومۇ قېچىپ كەتكەن، ئەترىدىدىن ئايرىلىپ قالغان، شۇنداق

قىلىپ ئۇ، بايا ئېيتىلغاندەك، تۈيۈقسىز كارگىنىسكايادا پەيدا بولۇپ قالغان؛ كازاكلارنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئەگەشتۈرۈپ، شاھنىڭ ئاتخانىسىدىن 3 نەسىللىك ئەرەپ ئارغىمىقى ئېلىپ كەلگەن، ئېلىپ كەلگەن ئولجىسىمۇ نۇرغۇن ئىدى: قىممەت باھا گىلەملەر، ئەڭ ئاز ئۇچرايدىغان زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى، رەڭگا ـ رەڭ ئېسىل يىپەك رەختلەر. ئۇ بىر ئاي تاماشا قىلىپ، شالۋۇرىنىڭ يانچۇقىدىن تالاي ئىران تىللاسىنى جىرىڭلىتىپ چىقىرىپ خەجلىدى، يېزىلاردا قاردەك ئاپپاق، ئىنتايىن چىرايلىق، ئاقسۇدەك بويىنى نازۇك ئارغىماقتا مىنىپ، چېپىپ يۈردى. لېۋوچكىن ماگىزىنىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئېتىنى ئاتلىتىپ كىرىپ، ئاتتىن چۈشمەستىن سودىلىق قىلىپ، پۇلىنى تۆلەپ بولغاندىن كېيىن ئۇدۇل ئىشىك بىلەن چىقىپ كېتەتتى. فېدورلىخوۋىدوپ بۇ يەرگە تۈيۈقسىز كەلگىنىدەك، يەنە تۈيۈقسىزلا غايىپ بولدى. ئۇنىڭ ئاجرالماس ھەمرىيى، چاپارمىنى، گۇسىن يېزىسىنىڭ كازاكى ئۇسولچى پانتېلىيوشكا ئۇنىڭ بىلەن بىللە يوقالدى. مىنگەن ئېتى ۋە ئىراندىن ئېلىپ كەلگەن ھەممە نەرسىسىمۇ غايىپ بولدى.

يېرىم يىلدىن كېيىن لىخوۋىدوپ ئالبانىيىدە ئۆزىنى ئاشكارا قىلدى. شۇ مەملىكەتتىن، دۇراتىسودىن كارگىندىكى تونۇش ـ بىلىشلىرىگە پوچتا ۋەرەقىلىرى كېلىپ تۇردى، بۇ ۋەرەقىلەردە ئالبانىيىنىڭ كۆپ ـ كۆك تاغ مەنزىرىلىرى، ئاجايىپ تامغىلار بېسىلغان ئىدى. كېيىن ئۇ ئىتالىيىگە ئۆتتى، بالقان يېرىم ئارىلىنى كېزىپ چىقتى، رۇمىنىيە ۋە غەربىي ياۋروپاغا باردى، بۇ سەپىرىدە ئىسپانىيىگىچە بېرىپ قالدى. ئۇ مەخپىي ئىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن، فېدوردىمىترىيېۋىچنىڭ نامى شۇ مەخپىي خىزمەتنىڭ تۈتەك پەردىسى بىلەن يوشۇرۇلۇپ تۇردى. يېزىلاردا ئۇنىڭ ھەققىدە خىلمۇ خىل سۆز ـ چۆچەكلەر ۋە تەخمىن ـ پەرەزلەر تارىلىپ

يۈردى. كىشىلەر پەقەت بىرلا نەرسىنى بىلەتتى — ئۇ پادىشا خاندانلىرىغا يېقىن بولۇپ، پايتەخت پېتىردە چوڭ مەنسەپدارلار بىلەن، تۆرىلەر بىلەن تونۇشچىلىقى بار ئىدى، ئۇ «رۇس خەلقى ئىتتىپاقى»①دا كۆرۈنەرلىك ئورۇندا بولغان، ئەمما ئۇنىڭ چەتئەللەردە قانداق تاپشۇرۇقلارنى ئارتقۇرغانلىقى توغرىسىدا ھېچكىم ھېچنەرسە بىلمەيتتى.

چەتئەلدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن فېدورلىخوۋىدوپ، پېنزاغا كېلىپ، شۇ يەردىكى گېنېرال — گۇبېرناتورنىڭ قېشىدا يېلتىز تارتتى، كارگىنىسكايادىكى تونۇش-بىلىشلىرى ئۇنىڭ فوتو سۈرىتىنى كۆرگەندىن كېيىن، ھەيرانلىقتا تىلىنى چوكۇلدىتىپ: «ياپىرەي، مۇنۇنى قاراڭ!...» — «فېدوردىمىترىيېۋىچنىڭ مەرتىۋىسى تاغدىن ئېشىۋاتىدۇ!» — «قانداق ئادەملەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىدۇ، ھە؟» — دېيىشىپ، ئۇزاققىچە بېشىنى چايقىشاتتى. سۈرەتتە بولسا فېدور دىمىترىيېۋىچ سېربىيىلىككە ئوخشاش قۇش بۇرۇن، قارا چىرايدا تەبەسسۇم قىلىپ، 4 چاقلىق كالاسكىغا ئولتۇرماقچى بولغان گۇبېرناتور خانىمىنىڭ قولتۇغىدىن يۆلەپ چىقىرىپ قويۇۋاتاتتى. گۇبېرناتورنىڭ ئۆزى لىخوۋىدوپقا، گويا بىر تۇققىنىدەك، ئىللىق چىراي بىلەن كۈلۈمسىرەيتتى، كەڭ يەلكىلىك ھارۋىكەش چۇلۇۋۇرنى مەھكەم تارتىپ تۇراتتى، ئاتلارئۆزىنى تۇتۇپ تۇرالماي، «ھايت!» دېسە ئالغا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك تەييارلىنىپ تۇراتتى. فېدوردىمىترىيېۋىچنىڭبىر قولى پاخپىيىپ تۇرغان پاپاخ تۇمىقىغا

①«رۇس خەلقى ئىتتىپاقى» — چارروسىيىدە قىپ يالىڭاچ پادىشاپەرەس قارا گۇرۇھلار تەشكىلاتى. بۇ تەشكىلات يەھۇدىلارغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بارغان، يەھۇدىلارنى قىرغىن قىلىش ئىشلىرىنى ئۇيۇشتۇرغان، ھۆكۈمەتتىن نۇرغۇن پۇل ئېلىپ، سىياسى دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈرۈشنى ئۇيۇشتۇرغان — ئەسلى ئىزاھ.

نازاكەت بىلەن ئۇزىتىلغان، يەنە بىر قولى قەدەھ كۆتەرگەندەك،
گۇبېرناتورخانىمنىڭ جەينىگىدىن تۇتۇپ تۇراتتى.

بىرنەچچە يىل يوقىلىپ كەتكەندىن كېيىن 1917 - يىلنىڭ
ئاخىرىدىلا فېدورلىخوۋىدوپ كارگىنىدا قالقىپ چىقتى — گويا بۇ
يەردە ئۇزاق ۋاقىت تۇرىدىغاندەك، مەھكەم ئورناشتى. ئۇ ئۆزى بى-
لەن بىللە خوتۇنىنى ۋە بىر بوۋاق بالىسىنى ئالغاچ كەلگەنىدى،
ئۇنىڭ خوتۇنى ئوكرايىنمۇ ياكى پولەكمۇ بىلىپ بولمايتتى. مەيدان-
نىڭ قېشىدا 4 خانىلىق بىر ئۆيدە ئولتۇردى، ئۇ قانداقتۇ نامەلۇم
پىلانىنى كۆزلەپ، قىشنى ئۆتكۆزدى. پۈتۈن قىش (بۇ يىل قىشتا
دونغا خاس بولمىغان بۆلەكچە قاتتىق سوغاق بولغان ئىدى!)
ئىشىك - دەرىزىلىرىنى داغدام ئوچۇق قويۇپ، ئۆزىنى ۋەئائىلىسى-
نى چىنىقتۇردى، بۇ ئىشقا كازاكلار ھەيران قالدى.

1918 - يىل ئەتىيازدا، سېتراكوپ يېزىسى قېشىدا قىزىل
گۋاردىيىچىلەرنى قىرغىن قىلىش ۋەقەسىدىن كېيىن، كازاكلار ئۇنى
كەنت ئاتامانى قىلىپ سايلىدى. مانا شۇ چاغدىن باشلاپ فېدورلى-
خوۋىدوپىنىڭ چەكسىز قابىلىيەت ئىقتىدارى كەڭ غۇلاچ يېيىشقا
باشلىدى. كەنت شۇنچىلىك قاتتىق قولغا چۈشۈپ قالدىكى، بىرھەپ-
تە ئۆتكەندىن كېيىن ھەتتا قېرىلارمۇ باشلىرىنى چايقاشتى. ئۇ كازاكلار-
نى شۇنداق ئەدەپكە ئۆگەتتىكى، كەنت يىغىنىدا ئۇ سۆزلەپ بول-
غاندىن كېيىن (لىخوۋىدوپ خېلى تۈزۈك سۆزلىدى؛ تەبىئەت ئۇ-
نىڭغا كۆچىنىلا ئەمەس، بەلكى ئەقىل - ئىدراكىنىمۇ ئايىمىغان
ئىكەن) قېرىلار، بىر توپ بۇقا توپلانغان پادىدەك: «خەيرىلىك
سائەتتە، جانابى ئالىلىرى! نۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمىز!» — «ئىن-
تايىن توغرا!» — دەپ مۆرەشتى.

يېڭى ئاتامان يۇرتنى كەسكىنلىك بىلەن باشقۇردى؛ سېترا-
كوپ بوسۇغىسىدا ئۇرۇش بولۇۋېتىپتۇ، دىگەن خەۋەر كارگىنسكاياغا

ئاڭلىنىش بىلەنلا — بۇ كەنتنىڭ بارلىق فرونتچىلىرى ئەتىسىلا شۇ تەرەپكە ئاتلاندى. چەت شەھەرلىكلەر (بۇلار كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى تەشكىل قىلاتتى) باشتا بىرىشنى خالىمىغان ئىدى، فرونتچى سولداتلار نارازىلىق بىلدۈرۈشتى، ئەمما لىخوۋىكوپ يىغىنىدا ئۆز پىكرىدە قاتتىق تۇردى، ئۇ، دوننى قوغداشقا قاتناشمايدىغان «مۇژىكلار»نىڭ ھەممىسىنى كۆچۈرۈۋېتىش توغرىسىدا بىر قارارنى ئۆتكۈزىگە قويغان ئىدى، قېرىلار بۇ قارارغا قول قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئەتىسىلا ئۇنلىغان ئات ھارۋىلاردا سولداتلار گارمون تارتىپ، ناخشا توۋلاپ، چېرنىيتسكى يېزىسىغا، ناپولوۋغا جۆنەپ كېتىشتى. چەت شەھەرلىكلەردىن پەقەت 1 - پىلىموتچىلار پولكىدا خىزمەت قىلغان ۋاسىلىي ستوروۋژىنكو يېتەكچىلىكىدىكى بىر قانچىلىغان ياش سولداتلار قىزىل گۋاردىيىچىلار تەرەپكە قېچىپ كەتتى.

پېترو يولغا چىققان چاغدىلا ئاتامان ئۇنىڭ تۆۋەن دەرىجىدىن يېتىشىپ چىققان ئوفىتسېر ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئىدى. ئۇ پېترونى ئۆيىگە تەكلىپ قىلماستىنلا، ساددىلا چوكچىلىق بىلەن گەپ قىلدى:

— ياق، ئەزىزىم، مىگۇلىنسكايادا سىلەرگە قىلىدىغان ھېچ ئىش يوق. سىلەرسىزمۇ ئىشنى پۈتتۈرۈپ بولۇشتى — تۈنۈگۈن ئاخشام تېلېگىرامما تاپشۇرۇۋالدۇق. جايىڭلارغا قايتىپ، بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇڭلار. كازاكلارنى ئوبدانراق قوزغىتىڭلار! شۇنداق چوڭ يېزا تۇرۇقلۇق — ئاران 40 جەڭچى چىقتىمۇ؟! سىلەر ئۇ مۇتىھەملەرنىڭ قۇيرۇغىنى تولغاپ قويۇڭلار! چۈنكى مەسىلە ئۇلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا بولۇپ قالدى! سالامەت بولۇڭلار، خەير - خوش!

ئاتامان، قۇدرەتلىك گەۋدىسىنى ھەيران قالغۇدەك چاققانـ
لىق بىلەن كۆتىرىپ، ئاددى چورۇغىنىڭ پاشنىسىنى شاقىلدىتىپ،
ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. پېترو مەيداندا قالغان كـازاكلارنىڭ قېشىغا
قاراپ يول ئالدى. كازاكلار ئۇنىڭغا سوئال ياغدۇردى:

— خوش، ئەھۋال قانداق؟

— ئۇ يەردە نىمە گەپ بولدى؟

— مىگۇلىنغا بارامدىكەنمىز؟

پېترو ئىچىدىكى خوشاللىغىنى يـوشۇرماي مىيىغىدا كـۈلۈپ
قويدى:

— ئۆيگـە قايتىمىز! بىزسىزمۇ ئىش بىر ياقلىق بـولۇپتۇ.

كازاكلار ھىجىيىشتى، شۇنىڭ بىلەن دۇررىدە بىر توپ بو-
لۇپ، تاختاي تامغا باغلاقلىق تۇرغان ئـاتلىرىنىڭ قـېشىغا يۈگۈ-
رۈشتى. خىرىستونە ھـەتتا بىر ئـۇھ تـارتىپ، گويا يـەلكىسىدىن
تاغنى ئېلىپ تاشلىغاندەك، تومىلىنىنىڭ مۈرىسىنى قېقىپ قويدى:

— دىمەك، ئۆيگە قايتىمىز، زەمبىرەكچى!

— ئەلۋەتتە ـ دە، شۇ تاپتا خوتۇنلىرىمىزمۇ بـىزنى سېغىـ
نىپ قالغاندۇ.

— ھازىرلا ماڭىمىز.

مەسلىھەت بويىچە، قونماسلىققا، شۇ ئاندىلا يولغا چـىقىشقا
قارار قىلىشتى. كازاكلار ئاتقا مىنىش بىلەنلا سـەپكە تىزىلماستىن
بىر توپ بولۇپ، كەنتنىڭ سىرتىغا چىقىشتى. كارگىنىسكاياغا كې-
لەر چاغدا مېڭىشقا كۆڭلى تارتماي، ئاندا ـ ساندا ئېتىنى سوكۇل-
داتقان بولسا، ئەمدىلىكتە ئېتىنى ھەدەپ قامچىلاپ، پۈتۈن يول بويى
ئۇچقاندەك تېز چاپتۇرۇپ مېڭىشتى. بەزى جايلاردىلا سـوكۇلدىتىپ
ماڭدى؛ يامغۇرسىزلىقتىن قېتىپ كەتكەن يەرلەرنى ئـات تۇياقلىرى

دۈكۈرلىتىۋەتتى. دۇنىنىڭ ئىرىقى تەرىپىدىكى بىر يەردە دۆڭنىڭ قىرلىرى ئارقىسىدا زەڭگەر چاقماق چېقىلدى.

كازاكلار يېزىغا يېرىم كېچىدە يېتىپ كېلىشتى. تاغدىن چۈشۈۋاتقان چاغدا ئانىكۇشكا ئۆزىنىڭ ئاۋستىرىيە مىلتىغىدىن بىر پاي ئوق ئاتتى. قالغانلارمۇ ئۆزىنىڭ قايتىپ كېلىشكەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ، بىر يولى ئوق چىقىرىپ گۈمبۈرلىتىۋەتتى. بۇنىڭغا جاۋاۋەن يېزىدا ئىتلار قاۋاشقا باشلىدى، ئارقىدىنلا بىرسىنىڭ ئېتى ئۆيگە يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى سېزىپ، بىر سىلكىنىپ، خىرىلداپ كىشنىدى، يېزىغا كېلىش بىلەنلا ھەرقايسىسى ھەر ياققاتاراپكەتتى.

مارتىن شامىل، پېترو بىلەن خوشلىشىۋېتىپ، ئەركىن نەپەس بىلەن تامىغىنى قىرىپ قويدى:

— سوقۇشۇپ بولدۇق. بۇمۇ ياخشى بولدى!

پېترو قاراڭغۇدا كۈلۈمسىرەپ، ئۆز ھويلىسىغا قاراپ كەتتى.

ئاتنى جايلاشتۇرۇشقا پانتېلېي پروكوفىيېۋىچ ئۆزى چىقتى. ئاتنىڭ ئىگىرىنى ئېلىپ، ئۇنى ئېغىلغا ئېلىپ كىردى. ئۆيگە پېترو بىلەن بىللە كىردى.

— يۇرۇشنى كېيىنگە قالدۇردۇڭلارمۇ؟

— ھەئە.

— ياخشى بولۇپتۇ، خۇداغا شۈكۈر! ئۇرۇش دېگەننى ئاڭلىغۇلۇقنى مەڭگۈ نېسىپ قىلمىسۇن.

دارىيە ئۇخلاۋاتقان ئىسسىق ئورنىدىن تۇردى. ئېرىگە تاماق ھازىرلىدى. مېھمانخانىدىن چالا - بۇلا كىيىنگەن گىرىگورىي چىقتى؛ قاپ - قارا موي قاپلىغان مەيدىسىنى قاشلاپ تۇرۇپ، ئاكىسىغا ئىستېھزا بىلەن كۆزىنى قىسىپ قويدى.

— غەلىبە قازىنىپ قايتىپ كەلدىڭلارمۇ - قانداق؟

— مانا ئېشىپ قالغان كاپوستا شورپىسى ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىۋاتىمەن.

— هەي، بۇ نەگە كەتمەكچى. بولۇپمۇ مەن ساقايارده‌ملىشىدىغان بولسام، كاپوستا شورپىسى دىگەننى يېگىمىز.

× ×

پاسخا بايرىمىغىچە ئۆرۈش تۇغرىلىق هېچقانداق مىش-مىش گەپمۇ، ئۇنىڭ شەپىسىمۇ ئاڭلانمىدى، ئەمما ئېھتىراسلىق شەنبە كۈنى① ۋېشېنىلسكايادىن بىر چاپارمەن ئات چاپتۇرۇپ كەلدى - دە، ماغزاپىتەك تەرگە پىشقان ئېتىنى كورشۇنوپنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا قويۇپ — پەلەمپەيگە سوقۇلۇپ كەتكەن قىلىچىنى جىرىڭلىتىپ پىشايۋانغا يۈگۈرۈپ چىقتى.

— نىمە خەۋەر بار؟ — مىرون گىرىگورىيېۋىچ ئۇنى بۇسۇغىدىلا قارشى ئالدى.

— مەن ئاتامان بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدىم. سىز ئاتامان بولامسىز؟

— خوش.

— كازاكلىرىڭىزنى دەرهال جابدۇتۇڭ. پودتېلكوپ قىزىل گۋاردىيە بىلەن ناگولىن كەنتى ئارقىلىق كېلىۋېتىپتۇ. مانا بۇيرۇق، — چاپارمەن فۇراژكىسىنىڭ تەردە هۆل بولغان ئەستىرىنى ئۆرۈپ، لىپاپىنى چىقاردى.

گىرىشكا بوۋا بۇرنىنى كۆزەينەككە نىختاپ، گەپ ئاڭلاشقا كەلدى. هويلىدىن مىتكا يۈگۈرۈپ چىقتى. ئوكروگ ئاتامانىنىڭ

① ئېهتىراسلىق شەنبە — خىرىستيان دىنىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە، پاسخا بايرىمى ئالدىدىكى بىر شەنبە كۈنى.

بۇيرۇغنى بىرلىكتە ئوقۇشتى. چاپارمەن، نەقىشدار پەنجىرىگە يۆلىنىپ شامالدا قارىداپ كەتكەن يۈزىدىكى چاڭ - توزاڭنى يېڭى بىلەن ئېرتتى.

پاسخا بايرىمىنىڭ بىرىنچى كۈنى كازاكلار روزىسىنى ئېچىپ، يېزىدىن يولغا چىقىشتى. گېنېرال ئالفېروۋنىڭ بۇيرۇغى جىددى بولۇپ، كازاك دېگەن ئاتاقتىن مەھرۇم قىلىمەن، دەپ تەھدىت سالغان ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن پودتېلكوۋنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىشقا دەسلەپكى قېتىمدىكىدەك 40 ئادەم ئەمەس، بەلكى 108 جەڭچى ئاتلاندى، بۇلارنىڭ ئىچىدە قىزىللار بىلەن ئېلىشىشنى خالىغان قېرىلارمۇ بار ئىدى. قاڭىرىق بوروۋن ماتۋېي كاشۇلىنمۇ ئوغلى بىلەن بىللە يولغا چىقتى. ئەبگا بايتالغا مىنگەن ئاۋدېيېچ لاپچى ئالدىنقى قاتاردا ماڭغان بولۇپ يول بويى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ يالغان - ياۋىداقلىرى بىلەن كازاكلارنى كۈلدۈرۈپ كېلىۋاتاتتى؛ ماكسايېپ چالمۇ بىر قانچە ئاپپاق ساقال قېرىلار بىلەن بىللە ماڭغان ئىدى... ياشلار ئىلاجىسىزلىقتىن، قېرىلار بولسا جانئۋازلىق كۆرسىتىپ كېلىشەتتى.

گىرىگورىيى مېلېخوپ، يامغۇرلۇقنىڭ بىركىتۆرمە باشلىغى بىلەن فۇراژكىسىنىڭ ئۈستىدىن بېشىنى پۈركىۋالغان بولۇپ، كەينىدىكى قاتاردا ماڭغان ئىدى. بۇلۇتلۇق ئاسماندىن يامغۇر سىمىلداپ تۇراتتى. ياپ - يېشىل مەخمەل يايغان دالا ئۈستىدە قارا بۇلۇت چېپىپ يۈرەتتى، ئەڭ ئېگىزدە، قارا بۇلۇت تاجىنىڭ ئاستىدىلا بىر بۈركۈت ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئۇ، كېرىلگەن قاناتلىرىنى ئاندا - ساندا قېقىپ، شامالنى ئوۋ قىلىدى - دە، شىددەتلىك ھاۋا ئېقىمىنىڭ مەدىتى بىلەن ئەگىپ، قوڭۇر تاۋلىنىپ تۇرغان ماموق پەرلىرىنى كۈمۈشتەك پاقىرىتىپ شەرققە

قاراپ ئۇچتى، ئۇچا - ئۇچا يىراقلاشقانسېرى كىچىكلەپ كۆزدىن غايىپ بولدى.

دالا ئەملىكتە كۆكىرىپ تۇراتتى، ئۇيەر - بۇيەردىلا بولتۇرقى ئاچچىق ئەمەن ئويۇم - ئويۇم بولۇپ كۆزگە چېلىقاتتى، ئالتۇن قولاق ئۆسۈملۈكلەر قىزىرىپ تۇراتتى، دۆڭنىڭ چوققىسىدا كۆزەت قورغانلىرى پاقىراپ كۆرۈندى.

كازاكلار تاغ باغرىدىن كارگىنسكاياغا چۈشۈپ كېتىۋېتىپ، ئۆكۈز پادىسىنى ئوتلاقتا ھەيدەپ كېتىۋاتقان بىر كازاك ئۆسمۈرنى ئۇچراتتى. بالا يالىڭاياق پۇتى بىلەن تېپىلىپ، قامچىسىنى سىلكىپ كېتىۋاتاتتى، ئاتلىقلارنى كۆرگەندىن كېيىن، مېڭىشتىن توختاپ، ئۇلارغا، لايچاپچىرىغان، قويرۇقى تۈگۈلگەن ئاتلارغا سەپسېلىپ قاراپ كەتتى.

— سەن كىمنىڭ بالىسى؟ — دەپ سورىدى ئىۋان تومىلىن.

— مەن كارگىنلىق، — دەپ ئەيمەنمەي جاۋاپ بەردى. بالا بېشىغا ئارتىۋالغان چاپىنىنىڭ ئاستىدىن كۈلۈمسىرەپ.

— سىلەرنىڭ كازاكلار كېتىشتىمۇ؟

— كېتىشتى. قىزىل گۋاردىيىنىڭ ئەدىيۈنى بېرىشكە كەتتى. سىزدە بىرەر چېكىم تاماكا يوقمىدۇ؟ ھە، تاغا؟

— ساڭا تاماكا كېرەكمۇ؟ — گىرىگورىي ئېتىنىڭ بېشىنى تارتتى.

كازاك بالا ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى. پاچىقى تۇرۇلگەن شالۋۇرى چۈپ بولۇپ كېتىپتۇ، قىزىل جىيەكلىرى پاقىراپ تۇراتتى. ئۇ، يانچۇقىدىن تاماكا خالتىسىنى ئېلىۋاتقان گىرىگورىيغا يۈرەكلىك بىلەن قارىدى، ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن پىششىق سۆزلەپ مۇنداق دېدى:

— ئاۋۇ يەردە، پەسكە چۈشۈش بىلەنلا ئۆلۈكلەرنى كۆرىسىز. تۈنۈگۈن بىزنىڭ كازاكلار ئەسىرگە ئېلىنغان قىزىللارنى ۋېشكىغا

ھەيدەپ ئېلىپ كەلگەن ئىدى، ھەممىسىنى چېپىپ تاشلىدى...
مەن، تاغا، قۇملۇق قورغاننىڭ قېشىدا ئۆكۈزلىرىمنى ئوتلىتىپ
يۈرەتتىم، شۇيەردە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قىزىللارنى قىلىچ بىلەن
چاپقانلىغىنى كۆرۈپ تۇردۇم. ھاي - ھاي، نىمەدىگەن دەھشەت!
قىلىچلىرىنى شىلتىشقا باشلىۋىدى، ئۇلار پىغان كۆتىرىپ،
قېچىشقا باشلىدى... كېيىن بېرىپ قارىسام... بىرسىنىڭ قولىنى
مۈرىسىدىنلا كېسىپ تاشلاپتۇ. پات - پات ئىڭرىدىكىپ تۇرىدۇ،
قانغا بۇلغانغان گەۋدىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن يۈرىگى لىك - لىك
قىلىپ تۇرغانلىغى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، جىگەر باغرى كۆكىرىپ
كېتىپتۇ... ئىنتايىن دەھشەت! — دەپ تەكرارلىدى بۇ بالا، ئاندىن
بۇسۇزلەرنى كازاكلار چىۋىغا ئالمىغانلىغىنى كۆرۈپ، ئۆز ئىچىدە
ھەيران قالدى. ھېچبولمىغاندا گىرىگورىي، خىرىستونە ۋە ئىۋ-
مىلىنلارنىڭ بىپەرۋا، سوغاق چىرايلىرىغا قاراپ، ئاشۇنداق خۇ-
لاسىگە كەلدى.
بالا تاماكىنى چېكىپ بولغاندىن كېيىن، گىرىگورىينىڭ
ئېتىنىڭ ھۆل بولۇپ كەتكەن بوينىنى سىلاپ تۇرۇپ: «رەھمەت!»
دىدى - دە، ئۆكۈزلىرىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كەتتى.
يولنىڭ يېنىدا، باھار تاشقىنى يۇيۇپ كەتكەن تېيىز
جىرا ئىچىدە، چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەن قىزىل گۋاردىيلچىلەرنىڭ
ئۆلۈكلىرى ياتاتتى، ئۈستىگە سېرىق چاڭ توپا قونۇپتۇ. بىرسىنىڭ
لەۋلىرىگە قان ئۇيۇپ، قەلەيدەك كۆكۈش ئاقىرىپ تۇرغان يۈزى
كۆرۈندى، قارىيىپ كەتكەن يالىڭاياق پۇتى كۆك پاختىلىق
ئىشتىنىدىن چىقىپ تۇراتتى.
— كۆڭلىمىز ئاينىيدۇ، دەپ يىغىشتۇرغۇسى كەلمىگەن..
ئېپلاسلار! — دەپ غۇدۇڭشىدى خىرىستونە، شۇنىڭ بىلەن تۇ-
يۇقسىز ئېتىنى قامچىلاپ، گىرىگورىيدىن ئۆزۈپ ئۆتۈپ، تاغ

ئىتنىڭ بىلەن ئات چاپتۇرۇپ كەتتى.
— خوش، دونتۇپرىغىدىمۇ قان تۆكۈلدى مانا، — تومىلىن ئىككى مەگزىنى دىرىلدىتىپ كۈلۈپ قويدى.

## 25

بۇنچۇكنىڭ قول ئاستىدىكى پىلموتچىلارنىڭ بىرسى تاتارىسكى يېزىسىنىڭ كازاكى ماكسىمكا گرەزنوپ ئىدى. ئۇ، كۆتىپپوپ بىلەن بولغان جەڭدە ئېتىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى، شۇچاغدىن باشلاپ توختاۋسىز ئىچكۈلۈككە بېرىلىپ، قىمار ئويناشقا بېرىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاستىدىكى ئاتقا — ئاشۇ دۇمبىسىنىڭ قىرىغا كۈمۈش تاسما تارتىلغان ئۆكۈز رەڭگىدىكى ئاتقا ئوق تەككەندىن كېيىن ماكسىمكا ئېگەر جابدۇقلىرىنى يۇدۇپ، 4 چاقىرىم يول يۈرگەن ئىدى، بېسىپ كېلىۋاتقان ئاقلارنىڭ قەھرىدىن سالامەت قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، قىممەت باھا كۆكرەك بېغى بىلەن يۈگەننى ئېلىپ، ئۆزلۈكىدىن ئۈرۈشتىن كېتىپ قالدى. شۇكەتكەنچە روستوپتا بىراقلا پەيدا بولدى، كۆپ ئۆتمەي، ئۆزى چېپىپ ئۆلتۈرگەن ياساۋۇلدىن يېشىۋالغان كۈمۈش قىلىچىنى، ئېتىنىڭ قالغان - قاتقان جابدۇقلىرىنى، شالۋۇرىنى، شەۋران ئۆتۈكىنى «يىگىرمەبىر» ئويۇنىدا ئۇتقۇزۇپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن بۇنچۇكنىڭ كوماندىسىغا قىپ - يالىڭاچلا كەلدى. بۇنچۇك ئۇنى كىيىندۈرۈپ، بىر قۇر نەسىھەت قىلدى. ماكسىمكا تۈزۈلۈپ قالغانمۇ بولاتتى، ئەمما روستوپ بوسۇغىسىدا باشلانغان جەڭدە بىر ئوق قاڭقىپ كېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا تەگدى. شۇنىڭ بىلەن ۋېشىنىسكا-

يانىڭ كازاكى ــ بۇرۇنقى ئات ئوغرىسى ۋە تېخى يېقىندىلا ئىچكىلىككە بېرىلگەن گرەزنوپ گويا بۇ يورۇق ئالەمدە ئۆمۈر سۈرمىگەندەكلا بولۇپ قالدى.

بۇنچۇك، ماكسىمكىنىڭ تېنى سەكراتتا قانداق تارتىشۋاتـ قانلىقىغا قاراپ ـ قاراپ قويدى ـ دە، ئۇنىڭ ئوق تېشىپ ئۆتكەن بېشىدىن چاچرىغان قاننى پىلموتنىڭ ئىستىۋولىدىن ئاۋايلاپ سۈرتتى.

دەرھال چېكىنىشكە توغرا كەلدى، بۇنچۇك پىلموتنى سۆرەپ ماڭدى، ماكسىمكا ئۇرۇش ئوتى لاۋۇلداۋاتقان بۇ ئىسسىق تۇپراقتا سالقىنلاشقا قالدى. كۆينىكى بېشىغىچە قايرىلىپ قالغان (جان ئۈزۈۋاتقان چاغدا قاتتىق ئازاپ چېكىپ، كۆينىكىنى ھەدەپ بېشى تەرەپكە تارتقان ئىدى) قارامتۇل بەدىنىنى كۆنگە قاقلاپ قېلىپ قالدى.

كۆپچىلىكى تۆركىيە فۇرونتىدىن قايتقان سولداتلاردىن تەرـ كىپ تاپقان قىزىل گۋاردىيىچىلەر ۋىزۋودى دەسلەپكى 4 كوچىنىڭ ئېغىزىدا ئىستىھكام قۇرۇپ ئورناشتى. كونىراپ كەتكەن قىشلىق پاپاخ كىيگەن تاقىر ماڭلاي سولدات پىلموتنى ئورنىتىشقا بۇنچۇكـ قا ياردەم بەردى، قالغانلىرى تار كوچىغا كۆندىلەڭ باررىكادىنغا ئوخشاش توساقلارنى قۇردى.

ــ ئەمدى كۆرۈشكىلى كەل قېنى! ــ دەپ كۈلۈپ قويدى بىر پاخماساقال دۆڭنىڭ نېرىسىدىكى يېقىنلا كۆرۈنگەن كامان شەكلىدىكى ئۆيۈققا كۆز تىكىپ.

ــ ھازىر بىز ئۇلارغا ئوق ياغدۇرىمىز!

ــ بۇزۇپ تاشلا، سۇندۇر، سامارا! ــ دەپ ۋاقىراشتى تاختاي تامدىن پەن سۇغۇرۇۋاتقان زەبەردەست بىر يىگىتكە.

ــ ئەنە ئۇلار! بىۇ يەرگە يېتىرلىشىپ كېلىۋاتىدۇ! ــ دەپ

تووۋلىدى تاقىر ماڭلاي، ھاراق ئامپىرىنىڭ ئۆگزىسىگە يامىشىپ چىقىۋېتىپ.

ئاننا، بۇنچۇك بىلەن يانمۇ يان ياتاتتى. قىزىل گۋاردىيە چىلەر ۋاقىتلىق ئىستىھكامنىڭ ئارقىسىغا زىچچىدا سىقىلىپ يېتىشاتتى.

بۇ چاغدا ئوڭ تەرەپتە، ياندىكى تار كوچىنى بويلاپ، قىزىل گۋاردىيىچىلەردىن 9 چە ئادەم تېرىلغۇ ئارىسىدىكى كەكلىكلەرگە ئوخشاش، دوقمۇشتىكى ئۆينىڭ تېمى ئارقىسىغا تېز ئۆتۈپ كەتتى. بىرسى ۋاقىراپ ئۆلگۈردى:

— چېپىپ كېلىشىۋاتىدۇ! تاقىلدىتىڭلار!

4 كوچا بىر دەقىقە چۆلدەك تىمتاس بولۇپ قالدى، بىر مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، چاڭ - توزاڭ قويۇنىدىن فوراژكىسىغا ئاق تاسما بېكىتىلگەن، بىقىنىغا كارابىن ملتىغى قىسىۋالغان بىر ئاتلىق كازاك چىقىپ كەلدى. ئۇ ئاتنى بار كۈچى بىلەن بىر تارتىۋىدى، ئېتى ئارقا پۇتى بىلەن زوڭ ئولتۇرۇپ قالدى. بۇنچۇك ناگاندىن ئوق چىقىرىپ ئۆلگۈردى، كازاك ئېتىنىڭ بويىنى قۇچاقلاپ، ئارقىسىغا قاراپ قاچتى. پىلىموتنىڭ يېنىدا تۇرغان سولداتلار ئۆپۈر - تۆپۈر بولۇشۇپ بىر جايدا تىپىرلىشىپ قالدى. بىر - ئىككىسى تامنى ياقىلاپ يۈگۈرۈپ بېرىپ، دەرۋازا ئالدىدا يېتىۋالدى.

شۇ تاپتا بۇ سولداتلار بىرلا ساپچىپ قېچىپ كېتىدىغاندەكلا كۆرۈنەتتى. ئىنتايىن سۈرلۈك تىمتاسلىق، سارامسىلىك چىددى بېقىشلار تۇراقسىزلىقتىن دېرەك بېرەتتى... بۇنچۇكنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تەسىر قىلغان كېيىنكى بىر مەنزىرە ئۇنىڭ ئېنىق ئېسىدە قالدى. بېشىدىكى رومىلى گەجگىسىگە چۈشۈپ قالغان، چېچى چۇۋۇق، قاندىن ئەسەر قالمىغان يۈزى ھاياجاندىن تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن ئاننا، ياتقان يېرىدىن چاچراپ تۇردى - دە، مىلتىغىنى

ئالدىغا قارىتىپ، ئارقىسىغا قايرىلىپ قاراپ، بايىقى كازاك ئەگىپ ئۆتۈپ كەتكەن ئۆيىنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ، يەنىلا تونۇغۇسىز دۇدۇقلىغان ئاۋاز بىلەن: «ئارقامدىن مېڭىڭلار!»— دەپ ۋاقىرىدى— دە، پۈتى كالۋالىشىپ، بوشاڭ قەدەم بىلەن ئالغا يۈگۈرۈپ كەتتى.

بۇنچۇك ئورنىدىن تۇردى. ئاغزى گەپكە كەلمەي بىر نەرسە دەپ تووۋلىدى. يېنىدىكى سولداتنىڭ قولىدىن مىلتىقنى شارتتىدا ئېلىپ، پۇتلىرىنىڭ دەھشەتلىك تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ھاسىرىغان پېتى ئانىنانىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى، ئۇ ۋاقىراپ— جاقىراپ ئانىنانى قايتۇرۇشقا جىنىنىڭ بېرىچە كۈچەنگەنلىكتىن چىرايى كۆكىرىپ كەتتى. ئارقىسىدىن ئىزمۇ ئىز كېلىۋاتقان بىر لەچچە ئادەمنىڭ تىنىقىنى ئاڭلاپ، قانداقتۇ دەھشەتلىك، ئوڭلاپ بولمايدىغان مۇدھىش ئاقىۋەتنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھېس قىلدى. شۇ پەيتتە ئۇ، ئانىنانىڭ بۇ قىلىقى باشقىلارنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرەلمەيدىغانلىقىنى،مەنىسىز ئىكەنلىكىنى، ئەقىلگە توغرا كەلمەيدىغانلىقىنى، ھالاكەتكە مەھكۇم ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.

ئۆينىڭ دوقمۇشىغا يېقىن بىر يەردە ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان كازاكلارغا دۈچكېلىپ قالدى: ئۇلار تەرەپتىن بىر تۇتاش— بىر تۇتاش ئوق ئېتىلدى. ئوقلار چىقىراپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئانىنا توشقاندەك ئېچىنىشلىق ۋاقىرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر قولىنى سوزۇپ، كۆزلىرى ئەلەك— سەلەك بولۇپ، يەرگە ئولتۇرۇپ قالدى.

بۇنچۇك كازاكلارنىڭ ئارقىسىغا قاراپ قاچقانلىقىنى كۆرمىدى، پىلىموتنىڭ يېنىدىكى 18 سولداتنىڭ ئانىنانىڭ غەيرىتىدىن ئىلھاملىنىپ كازاكلارنى قانداق قوغلىغانلىقىنى كۆرمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەقەت بىر ئانىنالا بار ئىدى، پەقەت ئانىنالا ئۆز قېشىدا تېپىچەكلەپ تۇراتتى. بۇنچۇك ئۆزىنىڭ قول ھەرىكىتىنىمۇ سەزمەستىن، ئانىنانى

بىر يەرگە كۆتىرىپ ئاپىرىش خىيالى بىلەن بىر يانغا ئۆرىدى. مانا شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ سول بىقىنىدا قان ئويۇپ قالغانلىقىنى، يارىلانغان يېرىدە كۆك كوپتىسى مىلىچلاپ تىتىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، پارتلايدىغان ئوقتىن يارىلانغانلىقىنى چۈشەندى، ئاناغا ئەجەل يەتكەنلىكىنى چۈشەندى، بۇ ئەجەلنى ئۇنىڭ خىرەلەشكەن كۆزلىرىدە كۆردى.

كىمدۇ بىرسى بۇنچۇكنى بىر ياققا ئىتتىرىپ، ئانىنى يېقىن بىر هويلىغا كۆتىرىپ ئاپاردى، ئۇنى ئامبارنىڭ پىشايۋىنى ئاستىدىكى سالقىن يەرگە ياتقۇزۇشتى.

سىدام ماڭلاي سولدات يارىغا پاختا تىقتى ۋە قاننى سۈمۈرۈۋالغان قاپ - قارا ئېسىلىپ كەتكەن پاختىلارنى يەرگە تاشلاپ تۇردى. بۇنچۇك ئەس - هوشىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، ئانىنىڭ كوپتىسىنىڭ ياقىسىنى يەشتى، ئۆزىنىڭ ئىچ كۆينىكىنى يىرتىپ، ئاق سۇرۇپ رەختنى پوملاپ يارىغا باستى، تۆشۈككە هاۋا ئۆتكۈزۈپ تۇرۇپ، قاننىڭ كۆپۈكلەشكەنلىكىنى، ئانىنىڭ يۈزى كۆكۈمتۇل بوزارغانلىقىنى ۋە قاپ - قارا ئاغزى ئازاپ ئىچىدە تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇردى. لەۋلىرىدىن هاۋا كىرىسمۇ، ئۆپكىسى نەپەس ئالالماي سىقىلىپ تۇراتتى. هاۋا ئاغزى بىلەن يارىسى ئارقىلىقلا ئۆتتى. بۇنچۇك، ئانىنىڭ كۆينىكىنى تەلكە - پارە قىلىپ، ئۆلۈم ئالدىدىكى تەرلىگەن بەدىنىنى ئۆيۈلۈپ تۇرماستىن يالىڭاچلىدى. يارىنى داكا - پاختا بىلەن ئالمان - تالمان تاڭدى. بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئانا هوشىغا كەلدى. ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى ئىششىغان قارا چانىغىدىن ئېلىيەگە بىر قارىدى - دە، تىترەپ تۇرغان كىرپىكلىرى يەنە يۇمۇلدى.

— سۇ، سۇ! كۆيدۈرۈۋەتتى! — دەپ ۋاقىرىۋەتتى - دە،

تېپىرچىلاپ يىغلاشقا باشلىدى، — ماڭا ھاياتلىق كېرەك! ئىلىيە — ە!.. ئەزىزىم ئا — ا — ا — ا!!

بۇنچۇك پولتىيىپ چىققان لەۋلىرى بىلەن ئاناننىڭ دىرىلدەپ تۇرغان مەڭزىدىن سۆيۈشكە باشلىدى، كۇرۇشكا بىلەن كۆكرىگىگە سۇ قۇيدى. قوۋۇرغىسىنىڭ چوڭقۇرچاقلىرىغا سۇ تولۇپ، دەرھاللا قۇرۇپ كەتتى. ئەجەل ئىسسىتمىسى ئانىنى كۆيدۈرەتتى، بۇنچۇك ئۇنىڭ كۆكرىگىگە قانچىلىك سۇ قۇيمىسۇن، ئانا تېپىرچىلاپ، قولىدىن يۇلقىنىپ تۇردى.

— ۋاي بۇ ئىسسىقنى!.. ئوت!..

ئۇ بارغانسېرى ھالسىزلىنىپ، بىر ئاز توختىغاندىن كېيىن، ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئىلىيە، نىمىشكە بۇنداق؟ ھەي، مانا كۆرۈۋاتامسەن، ھەممە نەرسە ئاددى... سەن قىزىق جۇمۇ!.. تولىمۇ ئاددى... ئىلىيە، ئەزىزىم، سەن قانداق بولمىسۇن ئانامغا... ئۆزەڭ بىلىسەن...— ئۇ خۇددى كۈلگەن چاغدىكىدەك تارىيىپ كەتكەن كۆزلىرىنى سەل-پەل ئېچىپ، ئاغرىقنى، ۋەھىمىنى يېڭىشكە تىرىشىپ، ئۇستىدىن بىرنىمە باسقاندەك، غولدۇرلاپ سۆزلىدى، — دەسلەپتە ھىس قىلدىم... بىر سىلكىپ كۆيدۈرۈشكە باشلىدى... ھازىر پۈتۈن ئەزايىم كۆيۈۋاتىدۇ... سېزىپ تۇرۇپتىمەن — مەن ئۆلۈپ كېتىمەن...، — ئۇ، بۇنچۇكنىڭ ھەسرەتلىنىپ ياق ئۇنداق ئەمەس دەپ شىلتىغان قولىنى كۆرۈپ، چىرايى پۈرۈشتى، — قوي ئەمدى!... بەك قىيىنىلىۋاتىمەن... ئاھ، نەپەس ئېلىش نىمە دېگەن ئېغىر!..

نەپەس ئېلىش ئارىلىغىدا، گويا ئۇنىڭغا ئېغىرچىلىق سېلىۋاتقان ھەممە نەرسىنى ئېيتىۋېلىشقا تىرىشقاندەك، تېز - تېز ۋە كۆپ سۆزلىدى. بۇنچۇك ئۇنىڭ چىرايى بارغانسېرى يورۇپ، ئىككى چېكىسى سۇزۇكلىشىپ سارغىيىۋاتقانلىغىنى چەكسىز ۋەھىمە بىلەن

بايقىدى. ئاندىن ئىككى يېنىدا جانسىز هالدا سوزۇلغان قوللىرىغا كۆز يۈگۈرتۈپ، تىرناقلىرىنىڭ چالا  پىشقان قارائۆرۈكتەك قىزغۇچ كۆك تۈسكە كىرىۋاتقانلىغىنى كۆردى.

— سۇ... كۆكرىگىمگە قۇيۇڭلار... كۆيۈپ كېتىۋاتىدۇ!

بۈنچۈك سۇ ئىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئۆيگە يۈگۈردى. قايتىپ كەلگەندە، چەللە ئاستىدا ئانىنىڭ خىرىلدىغىنىنى ئاڭلىمىدى. تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقان قۇياش ئۇنىڭ ئاخىرقى سەكراتتا تارتىشىۋاتقان ئاغزىنى، يارىسىنى بېسىپ تۇرغان، تېخىچە ئىسسىغى كەتمىگەن مومدەك قولىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. بۈنچۈك، ئانىنىڭ مۈرىسىدىن ئاستا تۇتۇپ، ئۇنىڭ بېشىنى كۆتەردى. قاڭشىرىدا ئۇششاق چېكىتتەك سەپكىلى بار، دىڭگىيىپ قالغان بۇرنىغا بىر مىنۇتچەقاراپ تۇردى، كېلىشكەن قاپ - قارا قاشلىرى ئاستىدىكى سوۋۇپ كېتىۋاتقان كۆز قارچۇغىغا تىكىلىپ قارىدى. ئارقىسىغا زەئىپ هالدا سالپىيىپ قالغان بېشى بارغانسېرى پەسكە ساڭگىلاپ قالدى. قىزلارغا خاس نازۇك بوينىدىكى كۆك تومۇرى ئاخىرقى قېتىم لىپ - لىپ قىلىپ سوقتى.

بۈنچۈك، ئانىنىڭ چالا يۇمۇلغان قارا كىرپىكلىرىگە لەۋلىرىنى يېقىپ تۇرۇپ:

— دوستۇم! ئانە! — دەپ قايتا - قايتا چاقىردى، ئاندىن قەددىنى رۇسلاپ،شارتتىدە بۇرۇلدى - دە، ئىگكى يانپىشىغا مەهكەم يېپىشتۇرغان قوللىرىنى مىدىرلاتماستىن، غەيرى تەبىئى تۈردە ئۇدۇل يۈرۈپ كەتتى.

# 26

شۇ كۈنلەردە ئۇ كېزىك بولۇپ قالغان چاغدىكىدەك ئېلىك - سىلىك كۈن ئۆتكۈزدى. ماڭالمايتتى، تۇراتتى، ئۇنى - بۇنى قىلالمايتتى، تاماق يەيتتى، ئۇخلايتتى، ئەمما بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى گويا چالا ئۇيقۇدىكىدەك مەسخۇش ھالەتتە ئۆتەتتى. ئۇ ئەتراپىدىكى دۇنياغا ئىششىق كۆزلىرى بىلەن ھېچنەرسىنى چۈشەنمەي، ھەيرەتتە قارايتتى، تونۇش - بىلىشلىرىنى تونۇمىدى، قاتتىق مەس كىشىدەك ياكى ھالىدىن كەتكۈزگەن ئېغىر ئاغرىقتىن يېڭىلا ساقايغان ئادەمدەك قاراپلا تۇراتتى. ئاننا ۋاپات بولغان كۈندىن تارتىپ بۇنچۇكنىڭ سېزىمتۇيغۇلىرى ۋاقىتلىق ئۆز ئىقتىدارىنى يوقاتتى: ئۇ ھېچنەرسىنى خالىمايتتى، ھېچنىمىنى ئويلىمايتتى.

— تاماق يە، بۇنچۇك ! — دەيتتى يولداشلىرى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ، بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قاراپ، تاماقنى ئاران - ئاراندا چايناپ، ئېرىنىپ يەيتتى.

يولداشلىرى ئۇنى كۆزىتىپ تۇردى، ئۇنى دوختۇرخانىغا ئەۋەتىش توغرىلىق مەسلىھەتلەشتى.

— سەن ئاغرىپ قالدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ئەتىسى پىلىموتچىلاردىن بىرسى.

— ياق.

— ئۇنداق بولسا نىمە بولدۇڭ؟ ئۇنى سىغىندىڭمۇ؟
— ياق.
— خوپ، ئۇنداق بولسا تاماكا چېكەيلى. ئىنىم، ئۇنى ئەمدى تىرىلدۈرەلمەيسەن، بىكار ئۆزەڭنى ئاۋارىچىلىققا سالما.

ئۇخلايدىغان چاغ بولغاندا، يولداشلىرى ئۇنىڭغا:
— يېتىپ ئۇخلا، ۋاقىت بولۇپ قالدى، — دەيتتى.
ئۇ ياتاتتى.

ئۇ ھەقىقىي تۇرمۇشتىن ۋاقىتىنچە چەتنەپ، مۇشۇنداق ھالەتتە 4 كۈننى ئۆتكۈزدى. 5 - كۈنى ئۇنى كوچىدا كىرىۋوشلىكوپ ئۇچرىتىپ يېڭىدىن تۇتۇۋالدى.

— ئاھا، مانا سىنى تاپتىم، مەن سىنى ئىزلەپ يۈرەتتىم، — كىرىۋوشلىكوپ، بۇنچۇكنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىشنى بىلمەيتتى، شۇڭا ئۇنىڭ يەلكىسىنى دوستلارچە قېقىپ، تەشۋىشلىنىپ كۈلۈمسىرىدى، — سەن نىمىشكە مۇنداق بولۇپ قالدىڭ؟ ھاراق ئىچمىگەنسەن؟ شىمالىي ئۇكروگلارغا ئېكسپېدىتسىيە ئەتىرىدى ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ خوش، ماقۇل. 5 كىشىلىك كومىسسىيە سايلاندى. فېدور باشچىلىق قىلىدۇ. بار ئۇمىت شىمالدىكى كازاكلاردىلا قالدى. ئۇنداق بولمىغاندا، تۈگىشىمىز. ئەھۋال يامان! سەن بارامسەن؟ بىزگە تەشۋىقاتچىلار كېرەك. سەن بارامسەن، يوق؟
— ھەئە، — دەپ قىسقىلا جاۋاپ بەردى بۇنچۇك.

— خوپ، ناھايىتى ياخشى. ئەتە يولغا چىقىمىز. ئورلوپ بوۋنىڭ ئۆيىگە كىرىپ چىقاي، ئۇ بىزگە يول باشلايدىغان مۇنەججىم.

بۇنچۇك بۇرۇنقىدەك پۈتۈنلەي روھىي چۈشكۈنلۈكتە سەپەرگە تەييارلاندى ۋە ئەتىسى — 1 - ماي كۈنى، ئېكسپېدىتسىيە ئەترىدى بىلەن بىللە يولغا چىقتى.

بۇ چاغدا ۋەزىيەت دون سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئوچۇق
تەھلىكە تۇغدۇرۇۋاتاتتى، ئۇكراينادىن نېمىس ئىشغالىيەتچى قو-
شۇنلىرى بېسىپ كېلىۋاتاتتى، تۆۋەنكى كەنتلەر بىلەن ئوك-
رۇگلارنى بىر تۇتاش ئەكسىلئىنقىلاۋىي توپىلاڭ قاپلاپ كەتكەن
ئىدى.

قىشلاقلار رايونىدا گېنېرال پوپوپ قاتراپ يۈرۈپ، بۇ يەر-
دىن نوۋوچېركاسسكقا خەۋپ تۇغدۇرۇۋاتاتتى، 13 — 10 - ئاپرېلدا
روستوفتا ئۆتكۈزۈلگەن ئوبلاستلىق سوۋېتلەر قۇرۇلتىيى بىر نەچچە
قېتىم ئۈزۈلۈپ قالدى، چۈنكى قوزغىلاڭ كۆ-
تەرگەن چېركاسسلىقلار روستوفقا يېقىنلىشىپ كېلىپ، شەھەر
ئەتراپى رايونلىرىنى ئىشغال قىلغان ئىدى. پەقەت شىمالدىلا، خو-
پېر ۋە ئۈست - مېدۋېدىسكى ئوكروگلىرىدا ئىنقىلاپ ئوچاقلىرى
لىپ - لىپ يېنىپ تۇراتتى، دوننىڭ تۆۋەن يېقىدىكى كازاكلارنىڭ
قوللىشىغا ئىشەنچىنى يوقاتقان پودتېلكوپ ۋە باشقىلار ئاشۇ ئو-
چاقنىڭ ئىسسىقىغا ئىختىيارسىز تەلپۈنەتتى. سەپەرۋەرلىك ئەمەلگە
ئاشمىدى، شۇڭا يېقىندا دون خەلق كومىسسارلىرى سوۋېتىنىڭ رە-
ئىسلىكىگە سايلانغان پودتېلكوپ، لاگوتىننىڭ تەشەببۇسى بىلەن
ئاشۇ ئوكروگلاردا فرونتچىلاردىن 4 — 3 پولكنى سەپەرۋەرلىككە
كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى نېمىسلارغا قارشى ۋە تۆۋەنكى دوندىكى ئەك-
سىلئىنقىلاپچىلارغا قارشى شىمالغا ئەۋەتىشكە قارار قىلدى.

پودتېلكوپ باشچىلىقىدا 5 كىشىدىن ئىبارەت پەۋ-
قۇلئاددە سەپەرۋەرلىك كومىسسىيەسى تەشكىل قى-
لىندى. 29 - ئاپرېلدا سەپەرۋەرلىك ئېھتىياجى ئۈچۈن غەزنىدىن
10 مىليون سوم تىللا ۋە نىكولاي سوممىسى ئېلىشتى؛ پۇل ساندۇ-
قىنى ساقلاش ئۈچۈن ئاساسەن كامېنسكايانىڭ بۇرۇنقى يەرلىك
كوماندىسىدىكى كازاكلاردىن ئالدىراپ - تىنەپ بىر ئەترەت تەشكىل

قىلىندى ـ دە، بىر نەچچە كازاك تەشۋىقاتچىلىققا سايلىنىپ، 1 ـ
ماي كۈنى نېمىس ئايروپىلانلىرىنىڭ ئوققا تۇتۇشىغا قارىماستىن،
ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى كامېنسكاياغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

تۆمۈريوللاردا ئۇكرايىنادىن چېكىنىۋاتقان قىزىل گۋاردىيىچىلەرنىڭ ۋاگونلىرى تىقىلىپ تۇرۇپ كەتكەن ئىدى. قوزغىلاڭچى كازاكلار كۆۋرۈكلەرنى بۇزۇپ، پويىزلارنى ئاغدۇرۇش ۋەقەلىرىنى تۈگدۈرۈۋاتاتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە نوۋوچېركاسسىك ـ كامېنسكايا ئارىلىقىدىكى لىنىيە ئۈستىدە نېمىس ئايروپىلانلىرى پەيدا بولۇپ، سادەك ئايلىنىپ يۈرەتتى، ئۇلار پەسكە شۇڭغۇش بىلەنلا پىلىموتلار قىسقا ـ قىسقا تاتاتلايتتى، ۋاگونلاردىن قىزىل گۋاردىيىچىلەر يۈگۈرۈپ چۈشەتتى؛ پاراسلاپ ئوق ئېتىلىشقا باشلايتتى، ئىستانسىلارنىڭ ئۈستىدە داشقالنىڭ پۈرىقى، ئۆرۈشنىڭ، قىرغىنچىلىقنىڭ قاڭسىق پۈرىقى بىلەن ئارىلىشىپ كېتەتتى. ئايروپىلانلار ئەقىلگە سىغمايدىغان ئېگىزلىككە پەرۋاز قىلىشمۇ، مەرگەنلەر ئۈزاققىچە ئوقنى بىھۇدە ئىسراپ قىلىشاتتى، پويىزنىڭ يېنى بىلەن ماڭغانلارنىڭ ئۆتۈكلىرى ئوشۇغىچە بوش مىشەكلەر بىلەن كۆمۈلەتتى. نىيابىردا دۇپ دەرىخىنىڭ ئالتۇن ياپراقلىرى كېچىك جىرانى تولدۇرغاندەك، سېرىق مىشەكلەر قۇمنىڭ بېتىنى يېپىپ كېتەتتى.

ھەممە نەرسىلەردە ھەددى ـ ھېسابسىز ۋەيرانچىلىق بىلىنىپ تۇراتتى: يول ياقىلىرىدا كۆيگەن ۋە پاچاقلانغان ۋاگونلار قاپ ـ قارا كۆمۈردەك دۆۋىلىشىپ كەتكەن، تېلېگراپ ياغاچلىرىدا ئۈزۈلگەن سىملارنىڭ ئۇچى ئورالغان چىنە غالتەكلەر قەنگە ئوخشاش ئاپپاق پاقىرايتتى. نۇرغۇن ئۆيلەر ۋەيران بولغان، تۆمۈريول ياقىسىدىكى توساق تاختايلار بوران ئۇچۇرۇپ كەتكەندەكلا ئىدى...

ئېكسپېدىتسىيە ئەتردى مىللىرووۋغا قاراپ ئارانلا 5 كۈن يول يۈردى، 6 - كۈنى ئەتىگەندە پودتېلكوپ كومىسسىيە ئەزالىرىنى ئۆز ۋاگونىغا چاقىردى.

— مۇنداق مېڭىشقا تاقىتىم يوق! بارلىق نەرسە - كېرەكلىرىمىزنى تاشلايلى، يۈرۈش تەرتىۋى بىلەن مېڭىپ كېتەيلى.

— نېمە دەۋاتىسەن؟ — دېدى لاگوتىن ھەيران بولۇپ، — يۈرۈش تەرتىۋى بىلەن ئۇست - مېدۋېدىتسكىغىچە پالاقلاپ يېتىپ بارغىچە، ئاقلار ئۇستىمىزدىن بېسىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

— يول بەك ئۇزاق...— دەپ دۇدۇقلىدى مىرىخىن.

ئېكسپېدىتسىيە ئەترىدىنى تېخى يېقىندىلا قوغلاپ يەتكەن كرىۋوشلىكوپ ئۈنچىقمىدى، پەتلىسى ئۆزگۈپ كەتكەن شىنېلىغا يۆگىنىۋالدى. ئۇ بەزگەك بولۇپ قالغان ئىدى، خىنىن ئىچكەنلىكتىن قۇلىغى ۋىڭىلداپ، بېشى زىڭىلداپ ئاغرىپ، ئوتتەك قىزىپ كەتكەن ئىدى، ئۇ، مۇزاكىرىگە قاتناشمىدى، شېكەر قاچىلانغان چېپتا قاپنىڭ ئۇستىدە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى. كۆزلىرى بەزگەكنىڭ تەسىرى بىلەن چاپاقلىشىپ قالغان ئىدى.

— كرىۋوشلىكوپ! — دەپ قىچقاردى پودتېلكوپ خەرىتىدىن كۆزىنى ئالماستىن.

— نېمە دەيسەن؟

— نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىمىزنى ئاڭلاۋاتامسەن؟ پىيادە يۈرۈپ كېتەيلى، ئۇنداق بولمىغاندا، بىزنى قوغلاپ يېتىپ، ئۇزۇپ كېتىدۇ. سېنىڭچە قانداق قىلساق بولار؟ بىزگە قارىغانداسەن بىلىملىكسەن، بىرنېمە دېسەڭچۇ.

— ھەربى يۈرۈش بىلەن ماڭساقمۇ بولاتتى، — دېدى كرىۋوشلىكوپ سۆزلىرىنى بۆلۈپ - بۆلۈپ، ئەمما تۇساتتىن بەزگەكى

تۇتۇپ، چىشلىرى كاسىلداپ، ئەزايى تىترەشكە باشلىدى، — ئەگەر يۈك - تاقىمىز ئازراق بولغان بولسا، مېڭىپ كېتىشكە بولاتتى.

ئىشىكنىڭ تۈۋىدە پودتېلكوپ ئوبلاستىنىڭ خەرىتىسىنى يايدى. مىرىخىن خەرىتىنىڭ بۇرجىكىدىن تۇتۇپ تۇردى، بۇلۇت قاپلىغان غەرپ تەرەپتىن سوقۇۋاتقان شامالدا خەرىتە يەلپۈلدەپ، شىتىر - شىتىر قولدىن ئۇچۇپ تۇراتتى.

— مانا قارا، مۇنداق يۈرىمىز! — پودتېلكوپنىڭ تاماكىدىن سارغايغان بارمىغى خەرىتىنى قىيا سىزىپ ماڭدى، — ماسشتابىنى كۆرۈۋاتامسەن؟ 150 چاقىرىم، بەك ئۇزاپ كەتسە 200. قېنى نىمە دەيسىلەر؟

— بۇنىسى توغرا، كېيىن يەنە قارىمامدۇق! — دەپ قوشۇلدى لاگوتىن.

— مىخائىل، سېنىڭچە قانداق؟

كرىۋوشلىكوپ ئەپسۇسلانغان هالدا مۈرىسىنى قىسىپ قويدى.

— مەن قارشى ئەمەس.

— مەن بېرىپ كازاكلارغا ئېيتاي، يۈكنى چۈشۈرسۇن. ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋېتىشنىڭ هاجىتى يوق.

مىرىخىن، باشقا پىكىر بارمىكىن، دەپ هەممەيلەنگە قاراپ چىقتى، ئېتىراز بىلدۈرگۈچىلەر چىقمىغاندىن كېيىن ۋاگوندىن سەكرەپ چۈشتى.

پودتېلكوپنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەتىردى چۈشكەن پويىز ئاشۇ بۇلۇتلۇق، يامغۇر يېغىپ تۇرغان ئەتىگەن پەيتىدە بىلايە كالىتىۋانىڭ نېرىراق بىر يېرىدە تۇراتتى. بۇنچۇك شىنېلىغا بېشىنى پۈركەپ، ئۆز ۋاگونىدا ياتاتتى. كازاكلار مۇشۇ ۋاگوندا چاي قايىنىتىپ،

قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى، بىر بىرىگە چاخچاق قىلىشاتتى.

مىگۇلىنسكايالىق كازاك، قىزىقچى، مەسخىرىۋاز ۋانكابولدىرىپ ئۆزىنىڭ بىر پىلىموتچى يولدىشىنى مازاق قىلىپ كۈلەتتى:

— ئىگنات، سەن قايسى ئۆلكىدىن؟ —دەپ خىرىلدىدى بولدىرىپ تاماكا ئىسى بىلەن بوغۇلۇپ.

— تامبوف ئۆلكىسىدىن، —دەپ جاۋاپ بەردى يوۋاش ئىگنات مۇلايىم ئاۋاز بىلەن.

— بەلكى، مورشان يېزىسىدىن بولساڭ كېرەك.

— ياق، شاتىسكى يېزىسىدىن.

— ئا — ا — ا، شاتىسكىلىقلار — چاققان، جەسۇر يىگىتلەر: مۇشتلاشتا بىرسىگە 7 ئادەم كەلسىمۇ قورقمايدۇ. چېركاۋ ئەۋلىياسىغا قۇربانلىق قىلىدىغان چاغدا موزايىنى تەرخەمەك بىلەن بوغۇزلىغان ئىش ئاشۇ سىلەرنىڭ يېزىدا بولغان ئەمەسمۇ؟

— بولدى، بولدى، تولا سۆزلىمە!

— ھە، راستلا، مەن ئۇنتۇپ قېلىپتىمەن، بۇ ئىش سىلەرنىڭ يېزىدا بولغان ئەمەس. سىلەردە، يېگىلىشمىسام، چېركاۋنى چەلپەك بىلەن ئوراپ، ئاندىن ئۇنى بىر دانە نوخۇتنىڭ ئۈستىدە قويۇپ، تاغدىن پەسكە يۇمۇلتىۋەتمەكچى بولغان. شۇنداق ئىش بولغانمۇ؟

چەينەك قايىندى، شۇنىڭ بىلەن ئىگنات بولدىرىپنىڭ چاخچىغىدىن ۋاقىتلىق قۇتۇلۇپ قالدى. ئەمما ناشتا قىلىشقا ئولتۇرۇش بىلەنلا ۋانكا يەنە چاخچاق باشلىدى:

— ئىگنات نىمىشكە چوشقا گۆشىنى يېيىشكە زوقۇڭ يوق؟ ياخشى كۆرمەمسەن؟

— ياق، يەۋېرىمەن.

— مە، ساڭا چوشقىنىڭ پۈرىگىنى بېرەي، لەززەتلىك!

پاراققىدە كۆلكە كۆتىرىلدى.بىرسى تېلىقىپ، ئۆزاققىچە يۆتەلدى. ئوپۇر ـ توپۇر بولۇشتى. ئۆتتۈكلىرى بىلەن تاختاينى گۇپۇلدىتىپ تېپىشتى. بىر مىنۇتتىن كېيىن ئىگناتنىڭ ئاچچىغى كېلىپ، ھاسىرىغان ئاۋاز بىلەن:

— ئۆزەڭ نەپەسكە تىق، ئىبلىس! ئۆزەڭنىڭ پۇرىكىنى ماڭا تەڭلەپ نىمە قىلىسەن؟ — دىدى.

— ئۇ مېنىڭ ئەمەس، چوشقىنىڭكى.

— يەرىبىر، ھارام نەرسە!

بولدىرېپ بىپەرۋا، بوغۇق ئاۋاز بىلەن ھەجىلەپ سۆزلەپ:

— ھا — را — م؟ ئەقلىڭ جايىدىمۇ؟ ئۇنى پاسخا بايرىمىدا پوپلار دەمىدە ئوقۇپ، خاسىيەتلىك قىلغان. قېنى ئېيتقىنا روزام بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، دەپ قورقامسەن؟...

بولدىرېپنىڭ بىر يۇرتلۇغى، 4 دەرىجىلىك گېئورگىي كرېست ئوردېنىنىڭ ھەممىسى بىلەن مۇكاپاتلانغان سېرىق بۇرۇتلۇق، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن كازاك مەسلىھەت بەردى:

— قويغىنا، ئىۋان! سەن مۇژىك بىلەن بەسلىشىمەن دەپ بالاغا قالما، پۇرۇكنى يەپ قويسا، ئۇنىڭغا قاۋان لازىم بولىدۇ. ئۇچاغدا ئۇنى نەدىن تاپىسەن؟

بۇنچۇك كۆزىنى ئاچماي ياتاتتى. بولۇۋاتقان گەپ ـ سۆزلەر ئۇنىڭ قۇلىغىغا كىرمەيتتى، يېقىنقى قايغۇ ـ ھەسرىتىنى بۇرۇنقىدىنمۇ كۈچلۈگرەك ئازاپلىنىپ باشتىن كەچۈرەتتى. يۇمۇقلۇق كۆزىنىڭ غۇۋا پەردىسى ئىچىدە قارلىق دالا، ئوپۇققا تۇتاشقان يىراقتىكى ئورمانىنىڭ كۆلەرەڭ تىزمىلىرى پىقىراپ ئۆتەتتى: ئۇ گويا ئىزغىرىن شامالنى ھىس قىلىپ، ئۆزىنىڭ يېنىدا ئانىنانى، ئۇنىڭ قارا كۆزلىرىنى، ئوماققىنە ئاغزىنىڭ مەردانەۋە نازۇك سىزىقچىلىرىنى، قاڭشىرىدىكى ئۇششاق سەپكىللىرىنى، ماڭلىيىدىكى ئويچان قورۇق-

لارنى كۆرۈپ تۇراتتى... بۇنچۇك ئۇنىڭ لەۋلىرىدىن تۆكۈلگەن سۆزلەرنى ئاڭلىمىدى: بۇ سۆزلەر چۈشىنىكسىز ئىدى، باشقا بىرسىنىڭ سۆزلىرى، كۈلكىسى ئارىلىشىپ كەتكەندەك ئىدى، ئەمما كۆز قارىچۇغىنىڭ چاقناپ تۇرۇشىدىن، قايرىلىپ تۇرغان كىرپىكلىرىنىڭ پىرىلدىشىدىن ئاننانىڭ نىمە دەۋاتقانلىغىنى پەملىدى... ئەمدى مانا كۆز ئالدىدا باشقا بىر ئاننا تۇرۇپتۇ: چىرايى كۆكىرىپ، سارغايغان، ئىككى مەڭزىدە قېتىپ قالغان كۆز ياشلىرىنىڭ تارام - تارام ئىزلىرى بار، بۇرنى ئۈچلىنىپ قالغان، پۈرۈشكەن لەۋلىرىدىن قاتتىق ئازاپلانغانلىغى چىقىپ تۇراتتى.

بۇنچۇك ئىڭىشىپ، ئاننانىڭ سوۋۇپ كېتىۋاتقان كۆزلىرىنىڭ قارا چاناقلىرىدىن سۆيدۇ... بۇنچۇك ئىڭىراشقا باشلىدى، ھۆڭرەپ يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن قولى بىلەن ئاغزىنى تۇسىۋالدى. ئاننا، بۇنچۇكنى بىر مىنۇتمۇ تاشلىمىغان ئىدى. ئاننانىڭ سىماسىمۇ ئۇنىڭ يادىدىن مەڭگۈ چىقمايدۇ، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خىرەلەشمەيدۇ، ئاننانىڭ چىرايى، تەقى - تۇرقى، يۈرۈش - تۇرۇشى، ئىما - ئىشارىتى، يۈز ئىپادىسى، قاشلىرىنى كېرىشى — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى، قىسىملار بويىچە بىر بىرىگە قايتىدىن تۇتاشقاندا، ئۇنى ساقمۇ - ساق تىرىك ھالەتكە كەلتۈرەتتى. بۇنچۇك ئۇنىڭ ھىسسىياتلىق رومانتىزىم بىلەن تولغان سۆزلىرىنى، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە باشتىن كەچۈرگەن ھەممە سەرگۈزەشتىلەرنى يادىغا كەلتۈردى. ئاشۇنداق تىرىك ھالدا قايتىدىن كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش بۇنچۇكنىڭ تارتقان ئازاۋىنى، قايغۇ - ھەسرىتىنى 10 ھەسسە ئاشۇرۇۋەتتى.

پويىزدىن يۈكنى چۈشۈرۈڭلار، دىگەن بۇيرۇقنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يولداشلىرى ئۇنى ئويغاتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەپسىلىسىزلىك بىلەن نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ۋاگوندىن چۈشتى. ئۇندىن كېيىن نەرسە - كېرەكلەرنى چۈشۈرۈشكە ياردەملەشتى.

يەنىلا كەيپسىزلىك بىلەن ھارۋىغا ئولتۇرۇپ يۇرۇپ كەتتى.

يامغۇر سىمىلداپ تۇراتتى، يول بويىدىكى يۇمران مايسىلار ھۆللىنىشكە باشلىدى.

دالا دۇمبەشلەردە ۋە سايلاردا شامال ئۆز مەيلىچە غۇۋۇلداپ تۇراتتى. يىراق - يېقىندا يېزىلار ۋە يېڭى قىشلاقلار، ئارقىدا پاراۋوزنىڭ تۈتۈنى، ئىستانسىنىڭ قىزىل چاسا بىنالىرى. بېلايەكالىتىۋادىن يالاپ ئېلىنغان 40 تىن ئوشۇق ھارۋىلار يول بويلاپ سوزۇلۇپ كېلەتتى. ئاتلار ئاستا ماڭاتتى. سېغىز ئارىلاش قارا تۇپراق يەر يامغۇردىن يۇمشاپ كەتكەن بولۇپ مېڭىشنى قىيىنلاشتۇرغان ئىدى، چاققا لاي چاپلىشىۋېلىپ، قارا پاختىدەك چەمبەرگە ئورىلاتتى. ھارۋىلارنىڭ ئالدى ھەم كەينىدە بېلوكالىتىۋىن رايونىنىڭ خاكچىلىرى توپ - توپ مېڭىشقان ئىدى. ئۇلار كازاكلارنىڭ جەۋرى - زۇلمىدىن شەرققە قاراپ كېتىشىۋاتاتتى. ئۇلار بالا - چاقىلىرىنى، ئۇششاق - چۈششەك لاققا - لۇققىلىرىنى بىللە ئېلىۋالغان ئىدى.

گراچى كىچىك ئىسانسانىڭ قېشىدا بۇلارنى رومانوۋسكى بىلەن شادىنكونىڭ بىتچىت قىلىنغان قىزىل گۋاردىيىچى ئەترەتلىرى قوغلاپ يەتتى. جەڭچىلەرنىڭ يۈز - كۆزلىرى توپا، ئۇرۇش - جەڭدىن، ئۇيقۇسىزلىقتىن ۋە يوقسىزلىقتىن ئازاپلىنىپ، ھەددىدىن تاشقىرى چارچىغان ئىدى. شادىنكو، پودتېلكوپنىڭ قېشىغا كەلدى. ئېنگلىزچە بۇرۇت قويغان، ئىنچىكە قىر بۇرۇن خۇشرويى چىرايى جاپا - مۇشەققەتتىن سولغان ئىدى. بۇنىچۇك ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، شادىنكونىڭ قاپىغىنى تۈرۈپ، ھارغىن ۋە ئاچچىقلانغان قىياپەتتە:

- نىمە دەۋاتىسەن، ماكا؟ مەن ئۆز يىگىتلىرىمنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيمەنمۇ؟ ئىش يامان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارقىمىزدا نېمىسلار، ئۇلارغا مىڭ لەنەت! مەن ئەمدى ئەترەتنى قاچان يىغىپ

بولىمەن؟ — دىگەن سۆزىنى ئاڭلاپ قالدى.

پودتېلكوپ، شادېنكو بىلەن قىلىشقان گەپ - سۆزدىن كېيىن قاپىغى تۈرۈلگەن، سەل گاڭگىرىغان پېتى ئۆز ھارۋىسىنى قوغلاپ يەتتى - دە، بېشىنى كۆتەرگەن كىرىۋوشلىكوپقا بىر نەرسە توغرىلىق ھاياجان بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ماڭغان بۇنچۇك، كىرىۋوشلىكوپنىڭ جەينىڭگە تايىنىپ، نەرسە توغرىغاندەك بىر قولى بىلەن ھاۋانى كېسىپ بىر نەچچە جۈملىنى شارتىلداپ سۆزلىگەنلىگىنى كۆردى، شۇنىڭ بىلەن پودتېلكوپ كۆڭلى ئېچىلىپ، ھارۋىسىغا ئىرغىپ چىقتى، 6 پۇت ئېغىرلىقتىكى زەمبىرەكچىنىڭ سالمىغىدىن ھارۋىنىڭ يان ياغىچى غىچىرلاپ كەتتى؛ ھارۋىكەش ئاتلارنى قامچىلىدى، تەرەپ - تەرەپكە لاي چاچراشقا باشلىدى.

— ھەيدە!— دەپ توۋلىدى پودتېلكوپ كۆزلىرىنى قىسىپ، ئاندىن شامالغا قارشى كالتە خۇرۇم كەمزۇلىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋەتتى.

## 27

ئېكسپېدىتسىيە ئەترىدى گراسنوكۇتسكايا كەنتىگە ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن بىر نەچچە كۈن داۋامىدا دونېتس ئوكروگىغا ئىچكىرىلەپ ماڭدى. ئوكراينا يېزىلىرىنىڭ ئاھالىسى ئەترەتنى ئىزچىل ئوچۇق چىراي بىلەن كۈتۈۋالدى: ئوزۇق - تۈلۈكنى ۋە ئاتلارنىڭ يەم - خەشەكلىرىنى قىزغىنلىق بىلەن سېتىپ بەردى، قونۇش ئۈچۈن باشپانا ئۆيلەرنى بەردى، ئەمما كراسنوكۇتسكاياغىچە كىراغا

ئات بېرىش مەسىلىسىگە كەلگەندىلا ئوك-
رايىنلار ئىككىلىنىپ قېلىشتى. گەجگىسىنى قاشلاپ، زادىلا
ئۇناشمىدى.

— پۇلىنى ئوبدان تۆلەيمىز. نىمىشكە تۇمشۇغۇڭنى تولغاي-
سەن؟ — دەپ كوچىلاپ سوراپ باقتى پودتېلكوپ بىر
ئوكرايىنلىدىن.

— تۆلىسەڭ قانداق قىلاي، مېنىڭ هاياتىم پۇلدىن تۆۋەن
تۇرامدىكەن؟

— سېنىڭ هاياتىڭنىڭ بىزگە نىمە كېرىكى بار، سەن بىزگە
ئات - هارۋاڭنى كىراغا بەرسەڭ بولدى.

— ياق، بېرەلمەيمەن.

— نىمىشكە بېرەلمەيسەن؟

— سىلەر كازاكلار تەرەپكە بارىسىلەرغۇ؟

— خوش، بارساق نىمە بولۇپتۇ؟

— بىر ئىش تۇغۇلۇپ قالسا، ئاقىۋىتى يامان بولىدۇ. ماڭا
ئۆزەمنىڭ مال - مۈلكۈم قەدىرلىك ئەمەسمىكەن؟ ئېتىمنى ئۆلتۈرۈۋ-
ۋەتسە، ئۇ چاغدا قانداق قىلىمەن؟ ياق، تاغا، بەك يىراق،
بارمايمەن!

كراسنوكۇتىسكايا كەنتىگە يېقىنلاشقانسېرى، پودتېلكوپ ۋە
باشقىلار تەشۋىشلىنىشكە باشلىدى. ئاهالىنىڭ كەيپىياتىدىمۇ ئۆز-
گىرىش بارلىغى سېزىلدى: دەسلەپكى يېزىلاردا ئۇلارنى خوشال -
خورام مېهماندوستلۇق بىلەن قارشى ئالغان بولسا، كېيىنكىلىرىدە
خەلق ئېكسپېدىتسىيە ئەتىرىدىگە نىسبەتەن ئوچۇق - ئاشكارە يا-
مان كۆز بىلەن قاراشتى ۋە ئېهتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىشتى.
ئوزۇق - تۈلۈكنى تەسلىكتە سېتىپ بېرىشتى، سوئاللارغا جاۋاپ
بېرىشتىن باش تارتىشتى. ئېكسپېدىتسىيە ئەتىرىدىنىڭ هارۋى-

لىرىنى بۇرۇنقىدەك يېزا ياشلىرى رەڭدار بەلۋاغدەك
قورشىۋالمايدىغان بولدى. ئۆينىڭ دەرىزىلىرىدىن كىشىلەر قا-
پىغىنى تۈرۈپ، دۈشمەنلىك بىلەن قاراشتى، يولدا ئۇچرىغان كىشىلەر
بۇلارنىڭ قېشىدىن تېز كېتىشكە ئالدىراشتى.

— سىلەر بۇ يەردە چوقۇنغانلاردىنمۇ، ئەمەسمۇ؟ — دەپ
غەزەپ بىلەن سوراشتى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىدىدىكى كازاكلار، —
نېمىشكە سىلەر يارمىغا قارىغان ھۇقۇشتەك قارايسىلەر بىزگە؟

ناكولىن كەنتىنىڭ يېزىلىرىدىن بىرىدە ئىنتايىن سوغاق
مۇئامىلىگە ئۇچرىغان ۋانكا بولدىرېپ مەيداندا شەپكىسىنى يەرگە
بىر ئۇردى - دە، چوڭلاردىن بىرەرسى كېلىپ قالمىسۇن دەپ، ئەت-
راپقا قاراپ چىققاندىن كېيىن خىرقىرىغان ئاۋاز بىلەن ۋاقىرىدى:

— سىلەر ئادەممۇ ياكى شەيتانمۇ؟ نېمىشكە گەپ قىلمايسى-
لەر؟ ئاناڭلار سىلەرنى شۇنداق تۇققانمۇ؟ بىز سىلەرنىڭ ھەق -
ھوقۇقۇڭلار ئۈچۈن قان تۆكۈۋاتساق، ئەجەپ بىزگە تىكىلىپ قارى-
يالمايسىلەرغۇ؟! مۇنداق قىلىق بەك ئۇيات! يولداشلار، ھازىر ھەم-
مىمىز باراۋەر — نە كازاك، نە خوخول دەيدىغان گەپ يوق، ھۆررۆت-
پۆررۆت دېيىشكىمۇ ھېچقانداق ۋەج يوق. توخو، تۇخۇمۇڭلارنى
دەرھال ئېلىپ كېلىڭلار، ھەممىسىگە نىكولاي سوممىسى تۆلەيمىز!

بولدىرېپنىڭ قاخشاپ سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان
5 - 6 ئوكرايىن سوقا سۆرەۋاتقان ئاتقا ئوخشاش، بېشى ساڭگىلاپ،
يەرگە قاراپ تۇرۇشاتتى.

ئۇنىڭ قىزغىن سۆزىگە بىرەرسى لام - جىم دېيىشمىدى.

— سىلەر يارىلىشتا خوخول ئىدىڭلار، يەنىلا شۇ خوخول
پېتى قېلىپسىلەر، لەنىتىلەر! پارە - پارە بولۇڭلار، بىتچىت بولۇڭلار،
شەيتانلار! ۋابانىڭ كۆزى كۆرمەيدىغان باداڭ قوساق بۇرژۇيلار! —
بولدىرېپ شەپكىسىنى يەنە بىر قېتىم يەرگە ئۇرۇپ، چەكسىز

نەپرەتتىن قىزىرىپ كەتتى، — سەنلەردىن قەھرىتان قىشتا قارنىمۇ سوراپ ئالغىلى بولمايدىكەن!

— ۋاللاقىلما! — دەپ بىر ئېغىزلا سۆز ئېيتقان بولدى ئۇكرايىنلار، شۇنىڭ بىلەن تەرەپ - تەرەپكە تارىلىپ كېتىشتى.

مۇشۇ يېزىدا قىزىل گۋاردىيىچى كازاكلارنىڭ بىرسىدىن ياشانغان بىر ئۇكرايىن ئايال سوراپ قالدى:

— سىلەرنىڭ توغراڭلاردا پۈتۈن يۇرتنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدۇ، ھەممە ئەركەكلەرنى ئۆلتۈرىدۇ، دېيىشىدۇ، شۇ گەپ راستمۇ؟

كازاك كىرپىك قاقماستىن، چەكچىيىپ قاراپ جاۋاپ بەردى:

— راست، ھەممىسىنى بولمىسىمۇ، قېرىلارنى بوغۇزلايمىز.

— يا پەرۋەردىگار، ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن! ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش سىلەرگە نېمە لازىم بولۇپ قالدى؟

— ھە، بىز ئۇلارنى شويلىغا قوشۇپ يەيمىز: قوي گۆشى ھازىر چۆپ تېتىيدۇ، تەمى يوق. شۇڭا بوۋايلارنى توغراپ قازانغا سالساق، ئۇنىڭدىن شۇنداق ياغلىق شورپا تەييار بولىدۇكى، ھاي - ھاي ...

— قويغىنا، بۇ سۆزۈڭ چاخچاقتەك تۇرىدۇ.

— ئۇ، يالغان ئېيتىدۇ، ھاماچا! ئەخمەقلىق قىلىۋاتىدۇ! — دېدى مىرىخىن گەپكە ئارىلىشىپ.

شۇنىڭ بىلەن مىرىخىن بىر بىرلەپ بۇ چاخچاقچىغا قاتتىق تەنبىھ بەردى:

— سەن قانداق چاخچاق قىلىۋاتقىنىڭنى، كىم بىلەن چاخچاق قىلىۋاتقىنىڭنى چۈشىنىپ قوي! بۇنداق چاخچاقلىرىڭ ئۈچۈن پودتېلكوپ ئۆمۈشۈغۇڭغا تەككۈزمىسۇن يەنە! نىمىشكە سەن پىتنە - پاسات، ئاداۋەت ئۇرۇغىنى چاچىسەن؟ ئۇ ئايال راستىنلا قېرىلارنى

بوغۇزلايدىكەن، دەپ ناھەقتىن بىز توغرىلىق گەپ تاراتسۇنمۇ؟
پودتېلكوپ چۈشىدىغان مەنزىللەر بىلەن قونالغۇلارنى قىس-
قارتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى خاتىرجەمسىزلىك قاپلاپ، ئالغا ئىلگى-
رىلەشنى جىددىيلەشتۈردى. كراسنوكۇتىسكايا كەنتىگە كىرىش ئال-
دىدا لاگوتىن بىلەن ئۇزاق سۆزلىشىپ، ئۆزئارا پىكىرلەشتى:
— ئىۋان، بىز بەك يىراقلاپ كەتمەيلى. ئۇست - خۇپېرىس-
كايا كەنتىگە يېتىپ بېرىش بىلەنلا، ئىشنى باشلىۋېتەيلى! ئەسكەر
ئېلىشنى ئېلان قىلىپ، 100 سومدىن مائاش بېرىشنى ئوتتۇرىغاقو-
يىمىز، ئەمما ھەر كىم ئۆز ئېتى بىلەن، ئىگەر - جابدۇقلىرى بى-
لەن كېلىدىغان بولسۇن، خەلقنىڭ پۇلىنى بىكارغا بۇزۇپ - چې-
چىش لايىق ئەمەس. ئۇست - خوپېردىن دەرھال سېنىڭ بۇكا-
نوۋىسكايا كەنتىڭ ئارقىلىق، شۇنىڭدەك سىلاشچېۋىسكايا.
فېدوسىيېۋىسكايا، كۇمىلژنېسكايا، گىلازۇنوۋىسكايا، سكور-
ستېنىسكايا ئارقىلىق يۇقۇرىغا ئۆرلەيمىز. مىخايلوفكىغا يېتىپ بار-
غىچە بىر دىۋىزىيە ئەسكەر توپلاپ ئۈلگۈرىمىز! توپلاشقا بولارمۇ؟
— توپلاشقا - توپلايمىز، ئەمما شۇ يەرلەردەتىنچلىق بولسا.
— سەن ئۇ يەردە باشلىنىپ قالدى، دەپ ئويلامسەن؟
— بۇنى كىم بىلسۇن؟ — لاگوتىن شالاڭ ساقىلىنى سىلاپ
قويۇپ، ئىنچىكە زارلانغان ئاھاڭدا مۇنداق دېدى، —
كېچىكىپ قالدۇق، فېدە، ئۈلگۈرەلمەسمىزمىكىن دەپ
قورقىمەن. ئوفىتسېرلەر ئۇ يەردە ئۆز ئىشىنى قىلىۋاتىدۇ. ئالدى-
راش لازىم ئىدى.
— مانا ئالدىراۋاتىمىزغۇ. سەن قورقمىغىن! قورقۇپ نىمە
قىلىمىز، — پودتېلكوپنىڭ كۆزلىرى سۈرلۈك تۈس ئالدى، —
ئارقىمىزدىن شۇنچە ئادەملەرنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىۋاتىمىز، نىمىدىن
قورقىمىز؟ ئۈلگۈرىمىز! يېرىپ ئۆتۈپ كېتىمىز! 2 ھەپتىدىن كېيىن

ئاقلارغىمۇ، گېرمانلارغىمۇ سوققا بېرىمىز! دون تۇپرىغىدىن قوغ-
لاشقا باشلىساق، ئۇلارنى يەر يۇتىدۇ! — ئۇ بىر ئاز جىم بولۇپ
تاماكىنى قاتتىق شورىغاندىن كېيىن كۆڭلىدىكى بىر سىرنى ئېي-
چىپ ئېيتتى، — كىچىككىنە قالساق، بىزمۇ ھالاك بولىمىز، دوندى-
كى سوۋېت ھاكىمىيىتىمۇ نابۇت بولىدۇ. ئېھ، كىچىكمىسەك ياخشى
بولاتتى! ئەگەر ئوفىتسېرلەر قوزغىغان قوزغىلاڭ بىزدىن بۇرۇنراق
باش كۆتەرسە — تۈگىشىمىز!

ئەتىسى كەچقۇرۇن ئېكسپېدىتسىيە ئەتىردى كراسنوكۇتىس-
كايا كەنتىنىڭ تۇپرىغىغا كىردى. ئالېكسېيېۋسكى يېزىسىغا يېقىن
قالغاندا، لاگوتىن ۋە كىرىۋوشلىكوپ بىلەن ئالدىنقى بىر ھارۋىدا
ئولتۇرغان پودتېلكوپ دالىدا ئوتلاپ يۈرگەن بىر توپ پادىنى كۆرۈپ
قالدى.

— پادىچىدىن يولنى سوراپ باقايلى، — دېدى ئۇ لاگوتىنغا.

— بېرىڭلار، — دەپ قوشۇلدى كرىۋوشلىكوپ.

لاگوتىن بىلەن پودتېلكوپ ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ،
پادا تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ئاپتاپتا قاغجىرىغان ئوتلاقتا قوڭۇر
ئوت - چۆپلەر يالتىراپ تۇراتتى. ئوت - چۆپلەر پاكار بولۇپ،
مالنىڭ تۇيىغى بىلەن چەيلەنگەن ئىدى، پەقەت يولنىڭ ياقىسىدىلا
ياۋا سېرىق چېچەكلەر ساپ - سېرىق چېچەك ئاچقان ئىدى ۋە ئا-
پىخانلار مەيىن باشاقلىرى بىلەن شىلدىرلايتتى. پودتېلكوپ قېرىپ
قالغان ئەمەننىڭ باشغىنى ئالقىنى بىلەن ئېزىپ، ئۇنىڭ ئاچچىق
پۇرىغىنى ھىدلەپ، پادىچىنىڭ قېشىغا كەلدى.

— سالامەت تۇردۇڭمۇ، ئاتا؟

— خۇداغا شۈكۈر.

— مال بېقىۋاتامسەن؟

— ھە، مال بېقىۋاتىمەن.

چال قاپىغىنى تۇرۇپ، ئاپپاق قىلىن قاشلىرىنىڭ ئاستىدىن قاراپ، تايىغىنى تەۋرىتىپ تۇردى.

— خوش، تۇرمۇشۇڭلار قانداق؟ — دەپ ئادەتتىكىچە سوئال بەردى پودتېلكوپ.

— يامان ئەمەس، خۇدايىمىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن كېتىۋاتىمىز.

— سىلەرنىڭ بۇ يەردە نېمە يېڭىلىقلار بار؟

— ھېچنېمە ئىشىتكىنىمىز يوقتۇ. سىلەر نېمە ئادەملەر؟

— بىز ئەسكەرلەر، ئۆيگە قايتىپ كېتىۋاتىمىز.

— سىلەر قايسى كەنتتىن؟

— ئۇست - خوپېر كەنتىدىن.

— ھېلىقى پودتېلكىن دېگەن سىلەر بىلەن بىللە كېلىۋاتمىغاندۇ؟

— بىز بىلەن بىللە.

پادىچى قورققان بولسا كېرەك، چىرايى سىرلەرلىك ئۆڭدى.

— سەن نېمىشكە قورقۇپ قالدىڭ، ئاتا؟

— نېمىشكە قورقماي، شەپقەتلىك كىشىلەر، سىلەرنى ھەممە پراۋوسلاۋدىنىدىكىلەرنى بوغۇزلاپ تاشلايدۇ، دېيىشىدىغۇ؟

— يالغان گەپ! مۇنداق ئۆسەكلەرنى كىم تارقىتىپ يۈرىدۇ؟

— ئۇلۇشكون ئاتامان چوڭ يىغىندا ئېيتتى. ئاتامان مىش - مىش گەپتىن پايدىلاندىمۇ ياكى ھۆكۈمەتتىن ئۇقتۇرۇش قەغەز ئالدىمۇ، ئەيتاۋۇر پودتېلكىن قالماقلار بىلەن كېلىۋاتقان ئىمىش، ئۇچرىغانلا ئادەمنى بوغۇزلاپ كېلىۋېتىپتۇ، دىدى.

— سىلەردە تېخى ئاتامانمۇ بار بولۇپتۇ - دە، — لاگوتىن پودتېلكوپقا يالت قىلىپ قاراپ قويدى.

پودتېلكوپ سارغايغان چىشلىرى بىلەن بىر تال چۆپنى چىشلەپ تۇراتتى.

— يېقىندا ئاتامان سايلىنۋالدۇق، سوۋېتنى تاقىدۇق.
لاگوتىن يەنە سوئال سورىماقچى ئىدى، ئەمما كۆچكە تولغان سىدام باش بۇقا بىر چەتتە بىر ئىنەكنى سۈرۈپ - توقاي قىلىدى. پادىچى بوۋاي يېشىغا توغرا كەلمەيدىغان چاققانلىق بىلەن پادا تەرەپكە كېتىپ قالدى.

پودتېلكوپ قوللىرىنى كەڭ - كەڭ تاشلاپ، ھارۋىسىغا قاراپ مېڭىپ كەتتى. ئىگىلىك ئىشلىرىنى بىلىدىغان لاگوتىن بىردەم توختاپ، خاتىرجەمسىزلىك بىلەن ئاجىز ئىنەككە قاراپ قالدى. كېيىن بۇمۇ ھارۋىلار تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. «ئەمدى نىمە قىلىمىز؟ دوننىڭ نېرىقى تەرىپىدىمۇ ئاتامانلار تىكلىنىپ بولغانمىدۇ؟» خىيالدا ئۇ ئۆزىگە ئۆزى ئاشۇ سوئالنى بېرەتتى. ئەمما ئۇنىڭ دىققىتى يەنە بىر دەقىقە يولنىڭ ياقىسىدا تۇرغان نەسىللىك، چىرايلىق بۇقىغا تارتىلدى. ئۇنىڭ كۆكرەك ئاستى ئەۋكىسى تىزىغىچە ساڭگىلاپ تۇراتتى. كۈچلۈك ۋە سېمىز ئۇززۇن گەۋدىسى سىمتاردەك تارتىلغان ئىدى. قىسقا پاچاقلىرى يۇمشاق يەرگە تىككە پاتقان، لاگوتىن نەسىللىك بۇقىغا ئىختىيارسىز قىزىقىپ، ساغۇچ داغ ۋالىلداپ تۇرغان قىزغۇچ تۈكلىرىگە زوقلىنىپ قاراپ، تۇرلۇك - تۈمەن تەشۋىشلىك ئوي - خىيال ئىچىدىن بىر پىكىرنىلا خۇرسىنىپ سىرتىغا چىقاردى: «بىزنىڭ كەنتكىمۇ ئاشۇنداق بىر بۇقا بېرىلسە نىمەدېگەن ياخشى بولاتتى. ئۇنداق بولمىغاندا، بىزدىكى بۇقىلار بەك ئۇششاق». بۇ پىكىر يالت قىلىپ ئۇنىڭ خىيالىدىن كەچتى.

لاگوتىن ھارۋىغا يېقىنلاپ كېلىپ، كازاكلارنىڭ غەمكىن چىرايلىرىغا سىنچىلاپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئەمدى مېڭىشقا توغرا كېلىدىغان يۈنۈلۈشنى ئويلاشقا باشلىدى.

× ×

بەزىگەك كېسىلىگە مۇپتىلا بولغان خىيالچان شائىر —

كىرىۋشلىكوپ پودتېلكوپقا مۇنداق دېدى:

— بىز ئەكسىلئىنقىلاپ دولقۇنىدىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىلەپ كېتىشكە تىرىشساق، ئۇ بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن بېسىپ ئۆتىدۇ. بىز ئۇنىڭدىن ئۆزۈپ كېتەلمەيدىغان ئوخشايمىز، ئۇ، ئويمان يەردىكى تاشقىندەك تېز چاپىدۇ.

كومىسسىيە ئەزالىرىنىڭ ئىچىدە پەقەت بىرلا پودتېلكوپ يۈز بېرىۋاتقان ۋەزىيەتنىڭ پۈتۈنلەي مۇرەككەپلىكىنى كۆزدە تۇتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ئالغا ئېڭىشىپ ئولتۇرۇپ، دەمبەدەم ھارۋىكەشكە ۋاقىرايتتى:

— تېز ھەيدە.

كەينىدە كېلىۋاتقان ھارۋىدىكىلەر ناخشا باشلاپ، يەنە جىم بولۇپ قېلىشتى، ئۇ يەردىن كۈلكە ئاۋازلىرى، ھايقىرىقلار ياڭراپ، ھارۋا چاقلىرىنىڭ گۈلدۈرلىشىنى بېسىپ كەتتى.

پادىچى خەۋەرلەندۈرگەن مەلۇماتلار راست چىقتى. يولدا ئېكسپېدىتسىيە ئەترىدىگە بىر فرونتچى كازاك ئۇچرىدى، ئۇ خوتۇن بىلەن بىللە سىۋېچنىكوف يېزىسىغا كېتىۋاتقان ئىكەن: ئۇ مۈرىسىگە پاگون، شەپكىسىگە كاكاردا تاقىۋالغان ئىدى. پودتېلكوپ ئۇنىڭدىن گەپ سوراپ، تېخىمۇ بەتتەر قارىيىپ كەتتى.

بۇلار ئالېكسېيېۋسكى يېزىسىدىن ئۆتۈپ كەتتى. يامغۇر سىمىلداپ تۇراتتى. ھاۋانى بۇلۇت قاپلىغان. پەقەت شەرقتە، بۇلۇتنىڭ يوچۇقلىرىدىن كۈننىڭ قىيپاش نۇرلىرى يورۇتۇپ تۇرغان بىر پارچە زەڭگەر ئاسمان كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

دۆڭدىن چۈشۈپ، تاۋرىچانلار رايونى — رۇباشكىن يېزىسىغا ئەمدى مېڭىشقا باشلىغاندا، ئۇ يەردىكى ئادەملەر قارشى تەرەپكە يۈگۈرۈشتى. بىرنەچچە ھارۋا ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى.

— ئۇلار قېچىۋاتىدۇ. بىزدىن قورقۇشۇۋاتىدۇ ...، — دېدى

ساراسىگە چۈشكەن لاگوتىن باشقىلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ، پودتېلكوپ ۋاقىردى:

— ئۇلارنى قايتۇرۇڭلار! ئۇلارنى توۋلاڭلار، شەيتانلار!

كازاكلار ھارۋىنىڭ ئۈستىدە چېپىپ كېتىۋېتىپ، شەپكىلىرىنى پۇلاڭلىتىشقا باشلىدى. بىرسى قاتتىق ۋاقىردى:

— ئە — ھەي!... نەگە قاچىسىلەر؟... توختاپ تۇرۇڭلار!...

ئېكسپېدىتسىيە ئەتىرىدىنىڭ ھارۋىلىرى تاۋرىچانلار رايونىغا سوكۇلداپ كىرىپ كەلدى. ئىنىسى - جىن يوق كەڭ كوچىدا قۇيۇن ئۇچۇپ تۇراتتى. ھويلىلارنىڭ بىرىدە بىر ئوكرايىن موماي بىرنىمە دەپ ۋاقىراپ، ھارۋىنىڭ ئۈستىگە ياستۇقلارنى تاشلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئېرى، يالىڭاياق، يالاڭباش، ئاتنىڭ يۈگىنىدىن تۇتۇپ تۇراتتى.

رۇباشكىن يېنىدا پودتېلكوپ ياتاق - جاي مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئالدىن ئەۋەتكەن لاۋازىماتچى، كازاك چارلىغۇچىلىرى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىپ، دۆڭنىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئېلىپ كېتىلگەنلىكى مەلۇم بولدى. كازاكلار ئانچە يىراقتا ئەمەستەك قىلاتتى قىسقىلا كېڭىشىشتىن كېيىن ئارقىغا قايتىشقا قارار قىلىندى. باشتائالغائىلگىرىلەشتەقاتتىق تۇرغان پودتېلكوپ ئىككىلىنىشكە باشلىدى.

كرىۋوشلىكوپ ئۇنچىقمايتتى، ئۇنى يەنە بەزگەك تۇتۇپ، لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدى.

— بەلكىم، ئالغا ئىلگىرىلىسەك بولاتتىمىكىن؟ — دەپ سورىدى پودتېلكوپ كېڭەشمىگە قاتناشقان بۇنچۇكتىن.

بۇنچۇك پەرۋاسىزلىق بىلەن دولىسىنى قىسىپقويدى. ئۇنىڭغا ئالغائىلگىرىلەشمۇ، كەينىگە قايتىپ كېتىشمۇ پۈتۈنلەي بەرىبىر ئىدى، ھارۋىنىڭ يېنىدا نېرى - بېرى يۈرگەن پودتېلكوپ ئۈستىن مىدۇۋېتىسىغا قاراپ ئىلگىرىلەشنىڭ ئەۋزەللىكى توغرىسىدا سۆزلەشكە باشلىۋىدى، ئەمما تەشۋىقاتچى كازاكلاردىن

بىرسى، ئۇنىڭ سۆزىنى كەسكىن تۈردە بۆلۈپ تاشلىدى.

— سەن ئەقلىڭدىن ئازدىڭمۇ؟ بىزنى نەگە ئېلىپ بارماقچىسەن؟ ئەكسىلئىنقىلاپچىلارنىڭ قېشىغىمۇ؟ ئىنىم، سەن شوخلۇق قىلما! ئارقىمىزغا قايتىپ كېتەيلى! بىزنىڭ ھالاك بولۇشقا رىغبىتىمىز يوق. ئاۋۇ نىمە؟ كۆرۈۋاتامسەن؟ — ئۇ دۆڭنى كۆرسەتتى.

ھەممەيلەن شۇ ياققا قاراشتى: كىچىككىنە تۆپىلىكتە 3 ئاتلىقنىڭ فىگورىلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ئۇلارنىڭ چارلىغۇچىلىرى! — دەپ توۋلىۋەتتى لاگوتىن.

— قاراڭلار، يەنە بار ئىكەن!

دۆڭنىڭ ئۈستىدە ئاتلىقلار مىتىلداپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇلار توپ - توپ بولۇپ پەسكە چۈشۈپ، ھەر تەرەپكە تارىلىپ، دۆڭنىڭ ئارقىسىغا غايىپ بولدى، بىردەمدىن كېيىن يەنە پەيدا بولدى. پودتېلكوپ ئارقىغا قايتىشقا بۇيرۇق بەردى. ئالېكسىيېۋسكىي يېزىسىنى يەنە كېسىپ ئۆتۈشتى. ئۇ يەردىمۇ ئاھالىلەر، كازاكلار ئاگاھلاندۇرۇپ قويغان بولسا كېرەك، ئېكسپېدىتسىيە ئەترىدىنىڭ ھارۋىلىرىنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈش بىلەنلا ھەر تەرەپكە قېچىپ، يوشۇرۇنۇشقا باشلىدى.

قاراڭغۇ چۈشتى. قېرىشقاندەك، ئۇششاق، سوغاق يامغۇر سېپىلگىلى تۇردى. كىشىلەر ھۆل بولۇپ توڭلاشقا باشلىدى. مىلتىقلىرىنى قولغا ئېلىشىپ، ھارۋىلارنىڭ يېنىدا پىيادە يۈرۈشتى. يول كىچىككىنە ئىگىزلىكنىڭ يان باغرىدىن ئايلىنىپ، بىر ئويمانلىققا چۈشتى - دە، شۇ ئويماننىڭ ئىچىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە دۆڭگە قاراپ چىقىپ كەتتى. دۆڭنىڭ قىرلىرىدا كازاك چارلىغۇچىلىرى بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆزدىن غايىپ بولۇپ تۇردى. ئۇلا ئېكسپېدىتسىيە ئەترىدىنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋېلىپ، ئىچى تىت - تىت بولۇپ كېلىۋاتقان قىزىل گۋاردىيىچى كازاكلارنىڭ كەيپىياتىنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى.

ئويماننى كېسىپ ئۆتكەن كۆندىلەڭ سايلارنىڭ بىرسىگە يې-
قىن قالغاندا، پودتېلكوپ ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئۆز كىشى-
لىرىگە «تەييار بول!» دەپ قىسقىچە بۇيرۇق بەردى. ئۇ ئۆزىنىڭ
كارابىن مىلتىغىنىڭ ئېھتىيات ئىلگىكىنى سۇرۇپ قويۇپ، ھار-
ۋىنىڭ يېنىدا ماڭدى. ساي ئىچىدە توغان بىلەن توسالغان ئېرىگەن
قار سۈيى كۆكىرىپ كۆرۈندى. بۇ سۇنى كۆلنىڭ قېشىدىكى لاي
تۇپراقنىڭ ئۈستىگە سۇ ئىچكىلى كەلگەن ماللارنىڭ تۇياقلىرى
تامغىدەك ئىز قالدۇرغان ئىدى. توغان كۆتەرمىسىنىڭ ئۈستىنى
ئەمەن بىلەن يۆگىمەچ قاپلىغان، تۆۋەندە سۇ ياقىسىدا قىياق سو-
لىشىشقا باشلىغان، يامغۇر ئاستىدا يېڭىنە يوپۇرماق ئورمان ياڭغى
شىرىلداپ تۇراتتى. پودتېلكوپ مۇشۇ يەردە كازاكلارنىڭ پىستىر-
مىلىرىنى كۈتكەن ئىدى، ئەمما ئالدىنقى تەرەپكە ئەۋەتىلگەن راز-
ۋېتچىكلەر ھېچكىمنى ئۇچراتمىدى.

— فېدور، سەن ھازىر ئۇلارنى كۈتمە، — دەپ پىچىرلىدى
كرېۋوشلىكوپ، ئاندىن پودتېلكوپنى ھارۋىنىڭ يېنىغا چاقىرىپ، —
ھازىر ئۇلار ھۇجۇم قىلمايدۇ. كېچىدە ھۇجۇم قىلىدۇ.

— مەن ئۆزەممۇ شۇنداق ئويلايمەن.

## 28

غەرپتە قارا بۇلۇت قويۇقلاشتى. ھاۋا بارغانسېرى قا-
راڭغۇلاشتى. قەيەردىدۇ، يىراق - يىراقتا، دون بويى ئەت-
راپىدا چاقماق چېقىلىپ توق سېرىق شولا يارىلانغان قۇشنىڭ
قانىتىدەك تىپىرچىلايتتى. شۇ تەرەپتە بۇلۇتنىڭ قارائېتىنگىنى يېپىن-

ھانشەپەق خىرە يورۇپ تۇراتتى.خۇددى ئىدىشتەك،چەت - گىرۋەك-لىرىگىچە سۇكۇنات بىلەن تولغان دالا كۇندۇزنىڭ مەھزۇن ياندۇ-سىنى ساينىڭ قاتلىرىغا يوشۇرغان. بۇ ئاخشام نىمە بىلەندۇ كۆز كۇنگە ئوخشاپ كېتەتتى. ھەتتا تېخى چىچەك ئاچمىغان ئوت - چۆپلەرمۇ چىرىگەن جەسەتنىڭ تەسۇرلەپ بولمايدىغان ھىدىنى تارقىتاتتى.

پودتېلكوپ، ھۆل بولغان مايسىلارنىڭ خىلمۇ خىل غۇۋا خۇشپۇراقلىرىنى ھىدلاپ، بىر - بىر قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتاتتى. ئاگان - ئاگاندا توختاپ، ئۆتۈكىنىڭ پاشنىسىغا يېپىشىپ قالغان لاينى تازىلايتتى؛ ئاندىن قەددىنى رۇسلاپ، ئۆزىنىڭ ئېغىر گەۋدە-سىنى ئاران - ئاراندا ۋە ھارغىنلىق بىلەن كۆتىرىپ، ئالدى ئېچە-ۋېتىلگەن ھۆل خۇرۇم كەمزۇلىنى غىچىرلىتىپ ماڭاتتى.

پولياكوۋو — ئاگولىن كەنتىنىڭ كالاشنىكوف يېزىسىغا يې-تىپ كەلگەندە يېرىم كېچە بولاي دەپ قالغان ئىدى. كوماندىردىكى كازاكلار، ھارۋىلىرىنى تاشلاپ، قونىدىغان جاي ئىزلەپ ئۆي - ئۆي-لەرگە چېپىشىپ كېتىشتى. كۆڭلى دەككە - دۈككىگە چۈشكەن پود-تېلكوپ ھەر تەرەپكە ساقچى گۈزەت قويۇشقا بويرۇق بەردى، بىراق كازاكلار سۇسلۇق بىلەن ھازىرلاندى. 3 ئادەم بېرىشتىن باش تارتتى.

— يولداشلاردىن سوت تەشكىل قىلىپ سوت قىلىش كېرەك! جەڭگىۋار بۇيرۇقنى ئورۇنلىمىغانلىغى ئۈچۈن ئېتىپ تاشلاش لازىم! — دىدى كرىۋوشلىكوپ جەھلى بىلەن.

تەشۋىشلىنىپ تۇرغان پودتېلكوپ ئەلەم بىلەن قول سىلكىدى:

— ئۇلار يولبويى ئاينىشتى، ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلىشماي-دۇ. بىز تۈگەشتۇق، مىشاتكا!...

لاگوتىن بىر ئامالالاپ بىرنەچچە ئادەمنى ئۈيۈشتۈرۈپ، يېزىنىڭ سىرتىغا قاراۋۇللۇققا ئەۋەتتى.

— يىگىتلەر، ئۇخلىماڭلار! ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇلار بىزنى قورشىۋالىدۇ! — پودتېلكوپ ئۆي - ئۆيلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ، ئۈزىگە ئەڭ يېقىن بولغان كازاكلارغا شۇ سۆزنى تەكىتلىدى.

ئۇ، تۈن بويى ئىككى قولى بىلەن بېشىنى تىرەپ، ئىغىر ۋە خىرىلداپ ئۇھ تارتىپ، شىرەنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ چىقتى. تاڭ ئېتىش ئالدىدا يوغان بېشىنى شىرەگە قويۇپ، ئازغىنا كۆزىنى ئۇيقۇغا ئىلىندۇردى، ئەمما ياندىكى هويلىدىن كەلگەن روبىرت فراشېنبىرۇدېر ئۇنى دەرهاللا ئويغىتىۋەتتى. يولغا چىقىشقا تەييارلىنىشتى. تاڭ يورۇپ قالغان ئىدى. پودتېلكوپ ئۆيدىن چىقتى. ئىنەك سېغىپ، قايتىپ كىرىۋاتقان ئۆي ئىگىسى ئايال دەهلىزىدە ئۇنىڭغا ئۇچراشتى.

— دۆڭنىڭ ئۈستىدە ئاتلىقلار يۈرۈشىدۇ، — دىدى ئۇ سوغاققىنا.

— نەدە؟

— ئاۋۇ يېزىنىڭ نېرىسىدا.

پودتېلكوپ هويلىغا يۈگۈرۈپ چىقتى: دۆڭنىڭ ۋە شۇ تەرەپتىكى سۆگەتلىكنىڭ بېشىدا ئېسىلىپ تۇرغان تۇماننىڭ ئاپپاق پەردىسى كەينىدە كازاكلارنىڭ سان - ساناقسىز ئەترەتلىرى كۆرۈندى. ئۇلار ئاتلىرىنى قاتتىق چاپتۇرۇپ، تېز هەركەتلىنىپ يېزىنى قورشاۋاتاتتى، مۇهاسىرە هالقىسىنى بارغانسېرى زىچلەشتۈرەتتى.

كۆپ ئۆتمەي، پودتېلكوپ چۈشكەن ئۆينىڭ هويلىسىغا كومانديدىكى كازاكلار كىرىشكە باشلاپ، ئۇنىڭ هارۋىسى ئەتراپىغا توپلاندى.

مىنگۇلىن يېزىسىلىق كوكۇلا چاچ سېمىز كازاك ۋاسىلىي مىروشنىكوپ كەلدى. ئۇ پودتېلكوپنى‌بىر چەتكە چاقىرىۋېلىپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ مۇنداق دىدى:

— ئىش مۇنداق، يولداش پودتېلكوپ... بايا ئۇلاردىن ۋەكىللەر كەلدى، — ئۇ دۆك تەرەپكە قولىنى شىلتىدى، — ساڭا مۇنۇنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى بۇيرۇدى: بىز دەرھال قورالىنى تاشلاپ، تەسلىم بولىدىكەنمىز، ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇلار ھۇجۇم قىلىدىكەن.

— سەن!... ئىتنىڭ بالىسى!... بۇ سۆزنى ماڭا قىلىپ نىمە قىلىسەن؟ — پودتېلكوپ، مىروشنىكوپنىڭ شىنېلىنىڭ قايرىلما ياقىسىدىن تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى نېرى ئىتتىرىۋەتتى - دە، ھارۋىسىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ باردى؛ مىلتىغىنى ئىستىۋولىدىن تۇتۇپ، خىرىلدىغان قوپال ئاۋاي بىلەن كازاكلارغا ۋاقىرىدى:

— تەسلىم بولامدۇق؟... ئەكسىلئىنقىلاپچىلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا قانداق گەپ - سۆزلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن؟ بىز ئۇلار بىلەن ئېلىشىمىز! ئارقامدىن مېڭىڭلار! سەپكە تىزىلىڭلار!

ھەممەيلەن ھويلىدىن ئېتىلىپ چىقىشتى. توپ بولۇپ يېزىنىڭ چېتىگە يۈگۈرۈپ كېتىشتى. ئەڭ چەتتىكى ھويلىلارنىڭ بىرىنىڭ ئالدىدا ھاسراپ كېلىۋاتقان پودتېلكوپنى كومىسسىيە ئەزاسى مىرىخىن قوغلاپ يەتتى.

— نىمە دىگەن شەرمەندىلىك، پودتېلكوپ؟ ئۆزىمىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز بىلەن قان تۆكۈشەمدۇق؟ بۇ ئىشنى قالدۇرۇپ تۇر! مۇنداقلا بىر پىكىرگە كېلىۋالايلى!

پوتېلكوپ، كوماندىنىڭ ئازلا بىر قىسمى ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كەلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مۇبادا جەڭ بولۇپ قالسا، يېڭىلىپ قېلىشىنىڭ

مۇقەررەرلىكىنى سەزگۈر ئەقىل ـ ئىدراك بىلەن چۈشەندى ـ دە، ئۇنچىقماستىن مىلتىغىنىڭ زاتۋورىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، فۇراژكى-سىنى ئاستا پۇلاڭشىتتى:

— توختاپ تۇرۇڭلار، يىگىتلەر! ئارقىغا — يېزىغا قايتايلى...

قايتىپ كېلىشتى. پۈتۈن ئەترەت جەم بولۇپ، بىر بىرىگە يانداش 3 هويلىغا يىغىلىشتى. كۆپ ئۆتمەي، يېزىدا كازاكلار پەيدا بولۇشتى. دۆڭدىن 40 كىشىلىك ئاتلىقلاردىن تەركىب تاپقان ئەت-رەت چۈشتى.

پودتېلكوپ، مىلىيوتىنىسكايا قېرىلىرىنىڭ چاقىرتىشى بو-يىچە، تەسلىم بولۇش شەرتلىرى توغرىلىق توختامغا كېلىش ئۈ-چۈن يېزىنىڭ سىرتىغا كەتتى. دۈشمەنىنىڭ يېزىنى قورشىۋالغان ئاساسىي كۈچلىرى پوزىتسىيىلىرىدىن كەتمىدى. بۇنچۇك مال هەي-دەپ ئۆتىدىغان يولنىڭ ئۈستىدە پودتېلكوپنى قوغلاپ يېتىپ ئۇ-نى توختاتتى:

— تەسلىم بولامدۇق؟

— كۆچ پاخالنى سۇندۇرىدۇ، دىگەن گەپ بار ... نىمە دەي-سەن؟ ... ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ ...

— هالاك بولۇشنى خالامسەن؟ — بۇنچۇكنىڭ پۈتۈن ئەزا-يى تىترەپ كەتتى.

ئۇ، پودتېلكوپنى ئەگەشتۈرۈپ كېتىۋاتقان قېرىلارغا ئېتىۋار قىلماستىن، جاراڭسىز يۇقۇرى ئاۋاز بىلەن ۋاقىراپ سۆزلىدى:

— ئۇلارغا ئېيت، قورال ـ يارىغىمىزنى بەرمەيمىز! ...، — ئۇ كەسكىنلا بۇرۇلدى ـ دە، تاپانچىسىنى مەهكەم سىقىملاپ، كەي-نىگە قايتتى.

ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كازاكلارغا دۈشمەنىنىڭ قور-

شاۋىنى بۇزۇپ ئۆتتۇپ، جەڭ بىلەن تۆمۈريول تەرەپكە بېرىۋالايلى، دەپ كازاكلارنى كۆندۈرۈشكە ھەركەت قىلىپ باققان ئىدى، ئەمما كۆپچىلىكى ئۇچۇق مۇرەسسەچىلىك كەيپىياتىدا ئىكەن. بەزىسى بۇنچۇكقا تەتۈر قارىۋالدى، بەزىبىرلىرى دۈشمەنلىك ئاھاڭدا:
— ئۆزەڭ بېرىپ سوقۇش، ئانىكا①، بىز ئۇقوۋىم - قېرىنداشلىرىمىز بىلەن ئۇرۇش قىلمايمىز! — دېيىشتى.
— بىز ئۇلارغا قورالسىزمۇ ئىشىنىمىز.
— مۇقەددەس پاسخا ئەييامىدا بىز قان تۆكەمدۇق؟
بۇنچۇك ئامبارنىڭ قېشىدا تۇرغان ئۆز ھارۋىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، شىنېلىنى ھارۋىنىڭ ئاستىغا تاشلىدى - دە، تاپانچىسىنىڭ يول - يول گۈل چىقىرىلغان ساپىغىنى ئالقىنى مەھكەم ئۇشلىغان پېتى شىنېلىنىڭ ئۈستىدە ياتتى. دەسلەپتە ئۇ قېچىپ كېتەيمىكىن دەپمۇ ئويلىدى، ئەمما يوشۇرۇن قېچىپ كېتىشنى، قاچقۇن دىگەن نام ئېلىشنى كۆڭلى قەتئى ياقتۇرمىدى - دە، ئىچىدە بۇ ئىشقا قول شىلتىپ، پودتېلكوپنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتتى.
پودتېلكوپ 3 سائەتتىن كېيىن قايتىپ كەلدى. يېزىغا ئۇنىڭ بىلەن يات كازاكلارنىڭ چوڭ بىر توپى بىللە كەلدى. بەزىلىرى ئاتنىڭ ئۈستىدە، بەزىلىرى ئاتلىرىنى يېتەكلىۋالغان، قالغانلىرى پودتېلكوپ بىلەن مۇئاۋىن ياساۋۇل سىپىرىدونوپنى ئالدىغا ئېلىپ، زىنچىدا پىيادە كېلىشىۋاتاتتى — سىپىرىدونوپ بۇرۇن توپچى قىسمىدا پودتېلكوپ بىلەن بىللە خىزمەت قىلغان بولۇپ، ھازىر پودتېلكوپنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەسكەرلىرىنى قولغا ئېلىش يۈزىسىدىن ئويۇشتۇرۇلغان ئەترەتنىڭ باشلىغى ئىدى. پودتېلكوپ بېشىنى ئېگىز تۇتۇپ، كۆپرەك ئىچىپ قويغان ئادەمدەك، ئۇدۇل

① ئانىكا — قەدىمقى رۇس قوشىغىدىكى قەھرىمان — ت.

قاراپ، گۇس - گۇس چامداپ كېلىۋاتاتتى. سىپىرىدونوپ زەھەرخەندە بىلەن مىيىغىدا كۈلۈپ، ئۇنىڭغا بىر نىمە دەۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا بولسا بىر ئاتلىق كازاك كەڭ ئاق بايراقنىڭ چالا رەندىلەنگەن سېپىنى گەۋدىسىگە قىسىپ كېلىۋاتاتتى.

كوچىغا ۋە ئېكسپېدىتسىيە ئەتىرىدىنىڭ ھارۋىلىرى تىقىلىشىپ تۇرغان ھويلىلارغا يېڭى كەلگەن كازاكلار تولۇپ كەتتى. ۋاراڭ - چۇرۇڭ بىردىنلا ئۇلغىيىپ كەتتى. يېڭى كەلگەن كازاكلارنىڭ تولىسى پودتېلكوپ كوماندىسىدىكى كازاكلارنىڭ خىزمەتداش تونۇشلىرى ئىكەن. خۇرسەندىلىك بىلەن تولغان خىتاپلار، كۈلكىلەر ياڭراشقا باشلىدى.

— ئوھ — ھۇ، ساۋاقدىشىم. سېنى بۇ يەرگە قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟

— خوش، سالامەتمۇ سەن، پروخور، ئوبدان تۇردۇڭمۇ؟

— خۇداغا شۈكۈر.

— ياپىرەي، تاس قېلىپتۇق سەن بىلەن جەڭ قىلىشىپ قالغىلى، لىۋوپبوسۇغىسىدا ئاۋستىرىيىلىكلەرنى قانداق قوغلىغانلىغىمىز ئېسىڭدىمۇ؟

— ئاغىنەم، دانىلو! ئاغىنە! ئەيسا تىرىلىپتۇ!

— راستىنلا تىرىلىپتۇ! — چوڭ قىلىپ سۆيۈشكەن ئاۋاز ئاڭلاندى: 2 كازاك بۇرۇتلىرىنى سىلاپ، بىر بىرىگە سۆيۈنۈش بىلەن قاراپ، كۈلۈمسىرەيتتى، بىر بىرىنىڭ يەلكىسىنى شاپىلاقلاپ قوياتتى.

ياندىلا يەنە باشقىلىرىنىڭ پارىڭى ئاڭلاندى:

— بىزگە بىللە ئېپتار قىلىشقىمۇ توغرا كەلمىدى ...

— سىلەر بولشېۋىك تۇرساڭلار، روزا تۇتمساڭلار، قانداق

ئىپتار قىلىسىلەر؟

— نىمە دىگىنىڭ بۇ، بولشېۋىكلىگىمىز — بولشېۋىك، ئەمـ
ما خۇداغا ئىشىنىمىز.

— ھوي، قويغىنا! يالغان ئېيتىۋاتىسەن!

— ئاللاھەق!

— ئىچىڭگە كىرىپ ئېسىپ يۈرەمسەن؟

— مانا، كۆردۈڭمۇ، — ياپىلاق يۈز، بەستلىك قىزىل گۋار-
دىيىچى كازاك، لەۋلىرىنى قىيشايتۇرۇپ، گىمناستوركىسىنىڭ ياقى-
سىنى يەشتى ـ دە، قىزغۇچ يۈڭ باسقان مەيدىسىگە ئېسىقلىق تۇر-
غان مىس كىرىستنى كۆرسەتتى.

«ئىسيانچى پودتېلكوپ»نى تۇتۇش يۈزىسىدىن تەشكىل قى-
لىنغان ئەترەتلەرنىڭ ئارا ۋە پالتا بىلەن قوراللانغان چاللىرى
ھەيران بولۇپ، بىر بىرىگە قاراشتى:

— ۋاي تۇۋايەي، سىلەرنى خىرىستىيان دىنىدىن يۈز ئۆرىگەن
مۇرتەدلەر دىيىشكەن ئىدىغۇ.

— سىلەرنى شەيتان تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپتۇ، دىيىشكەن
ئىدىغۇ.

— سىلەرنى چېركاۋنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىدىكەن، پوپلارنى
يوقىتىدىكەن، دىگەن مىش ـ مىش گەپلەر تارالغان ئىدى.

— يالغان! — دەپ رەددىيە بەردى ياپىلاق يۈز قىزىل
گۋاردىيىچى ئىشەنچ بىلەن، — سىلەرنى يالغان گەپ بىلەن ئال-
داشقان. مەن روستوپتىن يولغا چىقىش ئالدىدا چېركاۋغا بىرىپ،
پوفتىن پاتىھە ئالدىم.

— مۇ — ندا — ق دىگىنە، ئەجەپ گەپ بولدى! — بىر
تال ساپىنىڭ يېرىمىنى ھەرە بىلەن كېسىپ، ئۇچىغا تەيزە بېكىتى-
ۋالغان ۋىنجىك بىر كازاك خوشاللىقتىن چاۋاك چېلىپ كەتتى.

كوچىدا ۋە ھويلىلاردا گودۇك - گودۇك قىزغىن پاراڭ كېتىۋاتاتتى. ئەمما يېرىم سائەتتىن كېيىن بىر نەچچە كازاك، جۈملىدىن بوكوۋسكايا كەنتىدىن بولغان بىر ۋاخمىستىر، زىچچىدا تىقىلىشىپ تۇرغان توپلارنى ئىتتىرىپ يول ئېچىپ كوچا بويلاپ يۈرۈپ:

— پودتېلكوپنىڭ ئەترىدىدىكىلەر يوقلىما قىلىشقا يىغىلىڭلار! — دەپ ۋاقىرىشاتتى.

ماشىرەڭ كۆينەك كىيىپ، ماشىرەڭ پاگون تاقىغان مۇئاۋىن ياساۋۇل سىپىردونوپ، ئاپپاق چاقماق قەن شەكلىدە ئۇفىتسېرلىك كاكارىسى بار فۇراژكىسىنى بېشىدىن ئېلىپ، ھەممە تەرەپكە بۇرۇلۇپ قاراپ ۋاقىرىدى:

— پودتېلكوپنىڭ ئەترىدىدىكىلەر، ھەممەڭلار سولغا قاراپ، قاشانىڭ قېشىغا تىزىلىڭلار! قالغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئوڭ تەرەپكە تىزىلسۇن! بىز، سىلەرنىڭ فۇرونتچى قېرىنداشلىرىڭلار ھەممە قوراللارنى بىزگە تاپشۇرۇش لازىملىقى توغرىلىق سىلەرنىڭ ۋەكىللىرىڭلار بىلەن پۈتۈشۈۋالغانمىز. چۈنكى قورال بىلەن يۈرسەڭلەر، ئاھالە سىلەردىن قورقىدۇ، مىلتىقىڭلارنى ۋە باشقا قوراللارنى ھارۋاڭلارنىڭ ئۈستىگە تەقلەپ قويۇڭلار، ئۇنى بىز بىرلىكتە ساقلايمىز، سىلەرنىڭ ئەترەتنى بىز كراسنوكۇتسكايا كەنتىگە يولغا سالىمىز، ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن كېڭەش مەھكىمىسىدىن قورال - ياراقلىرىڭلارنى تولۇق تاپشۇرۇۋالىسىزلەر.

قىزىل گۋاردىيىچى كازاكلارنىڭ ئارىسىدا گودۇك - گودۇك غۇلغۇلا كۆتىرىلدى. ھويلىنىڭ ئىچىدىن ۋاقىراشلار ئاڭلاندى. كۇمشاتىسكايا كەنتىنىڭ كازاكى كوروتكوپ:

— قورال تاپشۇرمايمىز! — دەپ ۋاقىرىدى.

ئادەم بىلەن لىق تولغان كوچا ۋە ھويلىلاردا شاۋقۇن-

شۆرەن بارغانسېرى ئەۋج ئالدى.

سىرتتىن كەلگەن كـازاكلار دولۇلدەپ ئـوق تەرەپكە ئاقتىـ دە، پودتېلكوپنىڭ ئەتىرىدىدىكى قىزىل گۋاردىيىچىلەر توپ ـ توپـ قا بۆلۈنۈپ، پارچىلىنىپ، كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قـالدى. شىنېلىنى يەلكىسىگە ئـارتىۋالغان كىرىۋوشلىكوپ ئـالاقزادە بـولۇپ، ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى. لاگوتىنىنىڭ لـەۋلىرى قىيشىيىپ كـەتتى. كىشىلەر ھەيرەتتە قېلىپ، گودۇڭ ـ گودۇڭ سۆزلىشەتتى.

قورالنى قەتئىي تاپشۇرماسلىققا ئەھدى قىلغان بۇنچۇك مىلـ تىغىنى ئالدىغا قارىتىپ تۇتۇپ، ناھايىتى تېز پودتېلكوپنىڭ قېشىـ غا كەلدى.

ــ قورالنى تاپشۇرمايمىز! ئاڭلىدىڭمۇ؟!

ــ ئىش پۈتتى، ئـەمدى كېچىكتۇق...،ــ دەپ پىچىرلىدى پـودتېلكوپ ئـەترەتنىڭ تىزىملىكىنى قـولـلىرى تىترىگەن ھالدا مـىجىقلاپ.

بۇ تىزىملىك سىرىدونوپنىڭ قولىغا ئۆتتى. سىرىدونوپ تىـ زىملىككە كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن سورىدى:

ــ بۇنىڭدا 128 ئادەم... قالغانلىرى قېنى؟

ــ قالغانلىرى يولدا.

ــ ھە، شۇنداقمۇ؟ بولىدۇ، ناھايىتى ياخشى. بۇيرۇق بەر، قوراللارنى ئېلىپ بېرىپ تاپشۇرسۇن.

پودتېلكوپ بىرىنچى بولۇپ، تاپانچىسىنى قېپى بىلەن بىلـ لە يېنىدىن ئاجرىتىپ،مۇجمەللا:

ــ قىلىچ بىلەن مىلتىغىم ھارۋىدا قالدى،ــ دىدى.

قورالسىزلاندۇرۇش باشلاندى. قىزىل گۋاردىيىچىلەر قورالـ ياراقلىرىنى ناھايىتى سۇسلۇق بىلەن تـاپشۇرۇشتى، تاپانچىلىرىنى قاشا تامدىن ئىرغىتىپ تاشلاپ يوشۇرۇپ قېلىشتى، ئـاندىن ھويلىـ لارغا تارقاشتى.

— قورال تاپشۇرمىغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئاتقۇزىمىز!—
دەپ ۋاقىرىدى سىپىرىدونوپ خوشاللىق بىلەن ئاغزىنى كالاچتەك قىلىپ.

بۇنچۇك باشچىلىقىدىكى بىر بۆلۈك قىزىل گۋاردىيىچىلەر مىلتىقلىرىنى تاپشۇرۇشتىن باش تارتتى: ئۇلارنى كۈچ بىلەن قورالسىزلاندۇرۇشتى.

پىلىموتنىڭ قۇلۇپىنى ئېلىپ، يېزىدىن يۈگۈرۈپ قېچىپ كەتكەن بىر پىلىموتچى خىلىلا تەشۋىش تۇغدۇردى.شۇ پاتىپاراقچىلىقتىن پايدىلىنىپ، بىرنەچچە ئادەم يوشۇرۇندى. ئەمما سىپىرىدونوپ دەرھال ساقچى ئەترەت ئاجرىتىپ، پودتېلكوپ بىلەن بىللە قېلىپ قالغانلارنىڭھەممىسىنىقورشىۋالدى، سىپىرىدونوپ ئاختۇرۇش يۈرگۈزدى، يوقلىما قىلىپ كۆرگەن ئىدى، ئەسىرگە ئېلىنغانلار خوشياقماسلىق بىلەن جاۋاپ بېرىشتى، بەزىلىرى ۋاقىراپ تۇرۇشتى:

— نىمىسىنى تەكشۈرىسەن، ھەممىسى مەشەدىغۇ!
— بىزنى كراسنوكوتسكاياغا ئېلىپ بېرىڭلار!
— يولداشلار! ئىشنى تۈگىتىڭلار!

سىپىرىدونوپ ئاقچا ساندۇغىنى پېچەتلەپ، كۆچەيتىلگەن ساقچى ئەترەت بىلەن كارگىنسكاياغا ئەۋەتكەندىن كېيىن، ئەسىرلەرنى سەپكە تىزىلدۇردى، سۆز ئاھاڭىنى ۋە ئىبارىسىنى بىردىن ئۆزگەرتىپ كوماندا بەردى:

— 2 قاتاردىن تىزىل! سو — ل — غا! ئوڭ مۈرىنى ئالدىغا چىقىرىپ، قەدەملەپ مارش! ئۈنىڭنى ئۆچەر!

قىزىل گۋاردىيىچىلەر سەپلىرى بويلاپ گودۇڭ - گودۇڭ نارازىلىق ئىشتىلدى، ئۇلار ئۆچ - ئاداۋەت بىلەن ئاستا مېڭىشتى، بىر ئازدىن كېيىن سەپلەر ئارىلىشىپ، توپ بولۇپ مېڭىشتى.

ئاخىرىغا كېلىپ، ئۆز كىشىلىرىنى قورال تاپشۇرۇشقا دەۋەت
قىلغان پودتېلكوپ تېخىچە قانداقتۇ بەختلىك ئـاقىۋەتـكە ئۈمىـت
باغلىغان بولۇشى ئېھتىمال، ئەمما ئەسىرلەرنـى يېزىدىن ھـەيدەپ
چىقىرىش بىلەنلا ئۇلارنى ئېلىپ كېتىۋاتقان كازاكلار چەتتە مـاڭـ
غـانلارنى ئات بىلەن ئىتتىرىپ سىقىشقا بـاشلىدى. سولدا قـەدەم
تاشلاپ كېتىۋاتقان بۇنچۇكنى، قىزىل ساقال قۇلىغىدىكى سىرغىسى
كونىراپ قارىيىپ كەتكەن قېرى بىر كازاك سەۋەپسىز قامچا بىلەن
بىرنى سالدى. قامچىنىڭ ئۇچى بۇنچۇكنىڭ مەڭزىنى تىلىپ تاشلىـ
دى. بۇنچۇك مۇشتىنى تۈگۈپ، ئارقىسىغا بۇرۇلـغان ئـىدى، ئەمـما
2 ـ قـېتىم ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىقـراق تەككەن زەربە ئۇنـى توپنىـڭ
ئـىچىگە تېز كىرىۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ بـۇ ئـىشنى ئۆزىنـى
ساقلاپ قىلـىش جەھەتتىكى ئىچكى تەبىئى تۇيغۇنىڭ تـۈرتكىسـى
بىـلەن ئـىختىيارسىز ھالدا قىلـدى، ئۇ، زىيچچىدا قـەدەم تاشـلاپ
كېتىۋاتقان يولداشلىرىنىڭ گەۋدىلىرىبىلەن سىقىلىپ مېڭىپ، ئاننا
ئـۆلگـەندىن بۇيان بىرىنچى قېتىم كالـپۇكلىرىنـى پۈرۈشـتۈرۈپ
ئـەسەبىلەرچە كۈلۈمسىرىدى، ئۇ،ئىچىدە ھـەربىـر جان ئىگىسـىدە
ياشاش ئارزۇسى كۈچلۈك بولىدىغانلىقىغا ھەيران قالدى.

ئەسىرلەرنى ئۇرۇشقا باشلىدى. قورالسىز دۈشمەنلەرنىكۆرۈپ
ۋەھشـىلەشكەن قـېرىلار ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئات بىلەن باستـۇرۇپ
كېلىپ، ئىگەردىن ئېگىشىپ، قامچا بىلەن، قىلىچنىڭ قىرى بىلەن
ئۇراتتى، تاياققا ئۇچرىغانلار نائىلاج ئوتتۇرىغا سىقىلىپكىرىۋېلىشـ
قا تىرىشاتتى؛ تىقىنچىلىق باشلاندى، دات ـ پەريات كۆتىرىلـدى.

تـۆۋەنكى دونلۇق، ئىگىز بوي ئەزىمەت قىزىل گـۋادىيىچى
كازاك قوللىرىنى ئىگىز كۆتىرىپ ۋالاقلىتىپ:

ــ ئۆلتۈرىدىغان بولساڭلار ــ بىر يولـى ئۆلتـۈرۈڭـلار!...
خورلاپ نىمە قىلىسىلەر؟ ــ دەپ ۋاقىرىدى.

— بەرگەن ۋەدەڭلەر نەدە قالدى؟ — دەپ توۋلىدى كىرىۋوشلىكوپ.

قىرىلار تىنچىپ قالدى. ئەسىرلەرنىڭ بىرى: «بىزنى ئەگە ھەيدەپ كېتىۋاتسىلەر؟» دەپ سوئال سورىغاندا، ھەيدەپ كېتىۋاتقانلارنىڭ بىرى، ياش فوروntچى ئەسكەر، بولشېۋىكلارغا خەيرىخاھ بولسا كېرەك، ئاستا ئاۋاز بىلەن جاۋاپ بەردى:

— پونومارېف يېزىسىغا ئېلىپ بېرىش توغرىلىق بۇيرۇق بار. سىلەر قورقماڭلار، ئاكىلار! سىلەرگە ھېچقانداق يامانلىق قىلمايمىز.

ئەسىرلەرنى پونومارېف يېزىسىغا ھەيدەپ كېلىشتى.

سېپىرىدونوپ 2 كازاك بىلەن بىللە تارغىنا بىر دۇكاننىڭ ئىشىگى ئالدىدا توختىدى؛ ئۇ، كىشىلەرنى بىر بىرلەپ ئۆتكۈزۈپ:

— ئىسمىڭ نىمە، پەمىلەڭچۇ؟ قەيەرلىكسەن؟ — دەپ سوراشقا باشلىدى، ئېلىنغان جاۋاپلارنى كىرلەنگەن يانچۇق دەپتىرىگە يېزىپ تۇردى.

نۆۋەت بۇنچۇككا كەلدى.

— پەمىلەڭ نىمە؟ — سېپىرىدونوپ قېرىنداشىنىڭ ئۇچىنى قەغەزگە نىقتاپ بۇ قىزىل گۋاردىيىچىنىڭ قاپىغى سىلىنغان كەڭ پىشانە يۈزىگە لىپ قىلىپ قارىدى - دە، ئۇنىڭ تۈكلۈرۈشكە تەييار تۇرغان يۈرۈشكەن ئاغزىنى كۆرۈپ، پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن سايپىچىپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

— ئۆتۈپ تۇر، ئىپلاس! پەمىلەڭسىزمۇ ئۆلىسەن! — دەپ ۋاقىرىدى ئۇ.

بۇنچۇكنىڭ ئۆلگىسىدىن تەسىرلەنگەن تامبوفلىق ئىگناتمۇ جاۋاپ بەرمىدى. 3 - بىر قىزىل گۋاردىيىچىمۇ نام - نىشانسىز

ئۆلۈشنى خالاپ، بوسۇغىدىن ئۈنچىقماي ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتتى...

سىپىرىدونوپ ئىشىككە قۇلۇپنى ئۆزى سالدى. قاراۋۇل قويدى.

دۇكاننىڭ يېنىدا ئېكسپېدىتسىيە ئەتىرىدىنىڭ ھارۋىلىرىدىن ئولجا ئېلىنغان ئوزۇق - تۈلۈك، قورال - ياراقلارنى بۆلۈشۈۋېلىش ئىشلىرى كېتىۋاتقاندا، ياندىكى ئۆيلەرنىڭ بىرىدە پودتېلكوۋنى قولغا ئېلىشقا قاتناشقان يېزا ۋەكىللىرىدىن ئالدىراش تەشكىل قىلىنغان ھەربى دالاسوتى مەجلىس ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.

بوكوۋسكايا كەنتلىك، سېرىق قاش، بەستلىك كازاك ياساۋۇل ۋاسىلىي پوپوپ مەجلىسكە رەئىسلىك قىلدى. ئۇ، 2 تەرىپىگە لۆڭگە ئېسىپ قويۇلغان ئەينەكنىڭ ئاستىدىكى شىرەنىڭ يېنىدا جەينەكلىرىنى كەڭ يېيىپ، فوراژكىسىنى ياپىلاق گەجگىسىگە چۈشۈرۈپ قويۇپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ مايلىشاڭغۇ ساددا - جىددى كۆزلىرى سوت ئەزالىرى بولغان كازاكلارنىڭ يۈزىگە سىناق نەزىرىنى بىرقۇر يۈگۈرتۈپ چىقتى. جازا چارىلىرى مۇھاكىمە قىلىندى.

— بىز ئۇلارغا قانداق چارە قوللىنىمىز، جانابى ئاتىلار؟ — دەپ سوئالىنى تەكرارلىدى پوپوپ.

ئۇ ئىڭىشىپ، يېنىدا ئولتۇرغان مۇئاۋىن ياساۋۇل سىنىنغا بىر نىمە دەپ پىچىرلىدى. سىنىن ماقۇللاپ، ئالدىراش بېشىنى سىلكىتىپ قويدى. پوپوپنىڭ كۆز قارچۇغى تارىيىپ كەتتى، كۆزىنىڭ بۇرجىكىدىكى خوشاللىق ئۇچقۇنلىرى يوقالدى - دە، ئەمدى كۆزلىرىنىڭ پاقىراشلىرى باشقىچە، سوغاق سۈرلۈك تۈس ئېلىپ، شالاڭ كىرپىكلىرى بىلەن سەل پۈركەلدى.

— بىز، ئۆيلىرىمىزنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا ۋە كازاك خەلقىنى يوقىتىشقا ئاتلانغان مۇنۇ خائىنلارغا، جانىجان ئۆلكىمىزنىڭ ساتقىنلىرىغا نىمە چارە قوللىنىمىز؟

مىليوتىنسكايا كەنتىنىڭ كونا دىن ئۆتىقاتچىسى پېۋرالېپ دىگەن قېرى، ئاستىدىن پۇرژىنا تەپكەندەك، چاچراپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئېتىش كېرەك! ھەممىسىنى ئېتىش لازىم! — ئۇ ئېلىشىپ قالغاندەك، بېشىنى تەۋرىتىپ كەتتى. ئۇ ياۋۇز، چېقىر كۆزلىرى بىلەن ئۆلتۈرگانلارغا بىر قاراپ چىقىپ، شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ ۋاقىراشقا باشلىدى، — ئۇلارغا، ئەيساغا خائىنلىق قىلغان مۇرتەدلەرگە رەھىم - شەپقەت يوق! ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى جوھۇتلارنىڭ ھەر قاندىغىنى ئۆلتۈرۈش لازىم! ... ئۆلتۈرۈش كېرەك! ... ئۇلارنى كرېستكە مىخلاش كېرەك!... ئوتتا كۆيدۈرۈش لازىم! ...

ئۇنىڭ يىپتەك ساڭگىلاپ تۇرغان شالاڭ ساقىلى تىترەپ كەتتى، قىزغۇچ - سېرىق داغ باسقان ئاق چېچى توزغىدى. چىرايى تامدەك بۇزۇرۇپ، لەۋلىرى نەملىشىپ، ھاسىرىغان پېتى ئولتۇرۇپ قالدى.

— سۈرگۈن قىلساقمىكىن. ياكى ئۇنداق قىلمامدۇق؟ ...، — دەپ تەكلىپ بەردى سوت ئەزالىرىدىن بىرى بولغان دىياچېنكو مۇجىمەللا.

— ئېتىپ تاشلاش كېرەك!

— ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنسۇن!

— ئۇلارنىڭ پىكرىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيمەن!

— ھەممىسىنى خەلقنىڭ ئالدىدا ئۆلتۈرۈش لازىم!

— ياۋا ئوتنى ئېتىزدىن يۇلۇپ تاشلاش كېرەك!

— ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلسۇن!

— ئەلۋەتتە، ئېتىپ تاشلاش كېرەك! يەنە قانداق گەپنىڭ بولۇشى مۇمكىن؟ — دىدى سىپىرىدونوپ غەزەپ بىلەن.

ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ۋاقىرىغانسېرى ياساۋۇل پوپوپنىڭ

ئىككى جاۋغىيى چىرايىنى سەتلەشتۈرۈپ، ئۆزىدىن ۋە ئەتراپىدىكىلەردىن مەمنون بولغان توق ئادەمنىڭ بايىقى مۇلايىملىغىنى يوقاتتى، بۇ جاۋغايلار پەسكە ساڭگىلاپ قالدى، ئەگرى سىزىقلىرى تاشتەك قاتتى.

— ئېتىلسۇن! ... يازا! ...، — دەپ بۇيرۇق قىلدى ئۇ كاتىپقا مۇرىسى ئۈستىدىن قاراپ.

— پودتېلكوپ بىلەن كرىۋوشلىكوپىنچۇ ... بۇ دۈشمەنلەرنىمۇ ئاتامدۇق؟ ... ئۇلارغا بۇ جازا يېنىك بولۇپ قالدۇ! — دەپ ۋاقىرىدى دەرىزىنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان جېنى مەھكەم قېرى كازاك دەرغەزەپ بولۇپ، ئۇ، ئۆچۈۋاتقان چىراقنىڭ پىلىگىنى ھە دەپ تولغايتتى.

— بۇ ئىككىسى ئۇلارنىڭ باشلىغى بولغانلىقتىن دارغا ئېسىلسۇن! — دەپ قىسقىلا جاۋاپ بەردى پوپوپ، ئاندىن كاتىپقا قاراپ، 2 - قېتىم جېكىلىدى، — ياز: «قارار. بىز، تۆۋەندە قول قويغۇچىلار...»

كاتىپنىڭ پەمىلىسىمۇ پوپوپ بولۇپ، ياساۋۇل پوپوپنىڭ يىراق تۇققىنى ئىدى. ئۇ، سىلىق تارالغان مەللەرەڭ چاچ بېشىنى ئىگىشتۈرۈپ، قەلىمىنى شىتىرلىتىشقا باشلىدى.

— يەر يېغى يەتمەيدىغاندەك تۇرىدۇ ...، — دەپ ئەپسۇسلىنىپ خۇرسىندى بىرسى.

چىراق پىلىلداپ تۇراتتى. پىلىگى تۇگەي دەپ قالغان ئىدى. جىمجىتچىلىقتا تورۇستىكى ئۆمۈچۈكنىڭ تورىغا ئىلىنىپ قالغان چىۋىن غوڭگۇلدايتتى. قەلەم قەغەز ئۈستىدە ھامان شىر - شىر ماڭاتتى، سوت ئەزالىرىدىن بىرسى بۇرنىنى مىشىلدىتىپ ئېغىر نەپەس ئالاتتى.

# قارار

1918 - يىل 27 - ئاپرېل(10 - ماي) كارگىنىسكايا، بوكوۋسكايا ۋە كىراسنوكۇتسكايا كەنتلىرىنىڭ يېزىلىرىدىن

سايلانغان ۋەكىللەر:

| | |
|---|---|
| ۋاسلېۋسكى يېزىسىدىن | ماكسايېپ ستېپان |
| بوكوۋسكى يېزىسىدىن | كىرۇژىلىن نىكولاي |
| فومىن يېزىسىدىن | كۇنوپ فېدور |
| يۇقۇرقى يابلونوۋسكى يېزىسىدىن | كۇختىن ئالېكساندىر |
| تۆۋەنكى دۇلېنىسكى يېزىسىدىن | سىنېپ لېپ |
| ئەلئىنىشكى يېزىسىدىن | ۋولتىسكوپ سېمېن |
| كونكوۋسكى يېزىسىدىن | پوپوپ مىخائىل |
| يۇقۇرقى دۇلېنىسكى يېزىسىدىن | رودىن ياكوپ |
| ساۋوستيانوف يېزىسىدىن | فرولوپ ئالېكسى |
| مىليوتىنسكايا كەنتىدىن | فېۋرالېپ ماكسىم |
| نىكولايېف يېزىسىدىن | گروشېپ مىخائىل |
| كراسنوكۇتسكايا كەنتىدىن | يېلانكىن ئىليە |
| پونوماريېف يېزىسىدىن | دىياچېنكو ئىۋان |
| يېۋلانتيېف يېزىسىدىن | كرىۋوپ نىكولاي |
| مالاخوف يېزىسىدىن | يېمىليانوپ لۇكا |
| نوۋو - زىمتىسېف يېزىسىدىن | كونوۋالوپ ماتۋېي |
| پوپوف يېزىسىدىن | پوپوپ مىخائىل |
| ئاستاخوف يېزىسىدىن | شېگولكوپ ۋاسىلىي |
| ئورلوف يېزىسىدىن | چېكۇنوپ فېدور |
| كلىمو - فېدوروۋسكى يېزىسىدىن | چۇكارىن فېدور |

ۋ. س پوپوپ رىياسەتچىلىكى ئاستىدا

## قارار

1) ئەمگەكچى خەلقنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغۇچىلار ۋە ئالدىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى، تۆۋەندىكى تىزىملىكتە ئىسىملىرى كۆرسىتىلگەن 80 ئادەم مىلتىق بىلەن ئېتىش ئارقىلىق ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنسۇن، شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككىسى — پودتېلكوپ بىلەن كرىۋوشلىكوپ، ئاشۇ گۇرۇھنىڭ باشلىقى بولغانلىقتىن، دارغا ئېسىش ئارقىلىق ئۆلۈم جازاسى بېرىلسۇن.

2) مىخايلوۋسكى يېزىسىنىڭ كازاكى ئانتون كالىتۋېنتسوپ، ئەيىپلىنىشكە تېگىشلىك دەلىللەر بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئاقلانسۇن.

3) پودتېلكوپنىڭ ئەترىتىدىن قېچىپ كېتىپ، كراسنوكۇتسكايا كەنتىدە قولغا ئېلىنغان كونستانتىن مېلىكوپ، گاۋرىل مېلىنكوپ، ۋاسىلىي مېلىنكوپ، ئاكسېنوپ، ۋېرشىنىلەر ئۇشبۇ قارارنىڭ بىرىنچى ماددىسى بويىچە (ئۆلۈم جازاسى بىلەن) جازالانسۇن.

4) جازا بېرىش ئەتە، 28 - ئاپرىلدا (11 - مايدا) ئەتىگەن سائەت 6 دا ئىجرا قىلىنسۇن.

5) قولغا ئېلىنغانلارنى كۈزىتىش ئۈچۈن قاراۋۇللۇققا مۇئاۋىن ياساۋۇل سېنىن تەيىنلەنسۇن، ئۇنىڭ قارمىقىغا بۈگۈن كەچ سائەت 11 دە مىلتىق بىلەن قوراللانغان كازاك ئەۋەتىپ بېرىلسۇن؛ ئۇشبۇ ماددىنىڭ ئورۇنلانماي قېلىشىغا بولغان جاۋاپكارلىق سوت ئەزالىرىنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ؛ جازانى ھەربىر يېزىدىن بەلگىلەنگەن قاراۋۇل ئىجرا قىلىدۇ؛ ئاتىدىغان ئورۇنغا ھەر بىر يېزا 5 تىن كازاك ئەۋەتىپ بەرسۇن.

قارارنىڭ ئەسلى تېكىستىگە قول قويغانلار:

ھەربى بۆلۈمنىڭ رەئىسى ۋ. س. پوپوپ

سېكرېتار ئا. ف. پوپوپ

## تىزىملىك

1918 - يىلى كونا كالېندار بويىچە 27 - ئاپرېل كۈنى ھەربى دالا سودى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان پودتېلكوپ ئەترىتىنىڭ ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى تۆۋەندىكىچە:

| نومۇرى | كەنتلەرنىڭ ئىسمى | ئىسىم پەمىلىسى | ھۆكۈم |
|---|---|---|---|
| 1 | ئۇست - خوپېرسكايا | فېدور پودتېلكوپ | دارغا ئېسىلدى |
| 2 | پېلانسكايا | مىخائىل كرىۋوشلىكوپ | » |
| 3 | كازانسكايا | ئاۋرائام كاكورىن | ئېتىلدى |
| 4 | بوكانوۋسكايا | ئىۋان لاگوتىن | » |
| 5 | نىژېگورود ئۆلكىسى | ئالېكسېي ئىۋانوۋىچ ئورلوپ | » |
| 6 | نىژېگورود » | يېفىم مىخايلوۋىچ ۋاختېل | » |
| 7 | ئۇست - بىستىريانىسكايا | گىرىگورىي فېتسوپ | » |
| 8 | مىگۇلىنىسكايا | گاۋرىل تىكاچېپ | » |
| 9 | مىگۇلىنىسكايا | پاۋېل ئاگافونوپ | » |
| 10 | مىخايلوۋسكايا | ئالېكساندىر بۇنوپ | » |
| 11 | لۇگانىسكايا | كالىنىن | » |
| 12 | مىگۇلىنىسكايا | كونىستانتىن مىرىخىن | » |
| 13 | مىگۇلىنىسكايا | ئاندىرېي كونوۋالوپ | » |
| 14 | پولتاۋا ئۆلكىسى | كونىستانتىن كىرىستا | » |
| 15 | كوتوۋسكايا | پاۋېل پوزنەكوپ | » |
| 16 | مىگۇلىنىسكايا | ئىۋان بولدىرېپ | » |
| 17 | مىگۇلىنىسكايا | تىموفېي كولىچېپ | » |
| 18 | فىلىم - چېلىبلەنسكايا | دىمىترىي ۋولوداروپ | » |
| 19 | چېرنىشېۋسكايا | گېئورگىي كارپوشىن | » |
| 20 | فىلىم - چېلىبلەنسكايا | ئىلىيە قالماقوپ | » |
| 21 | مىگۇلىنىسكايا | ساۋېلىي رىبىنكوپ | » |

| نومۇرى | كەنتلەرنىڭ ئىسمى | ئىسىم پەمىلىسى | ھۆكۈم |
|---|---|---|---|
| 22 | مىگۇلىنسكايا | پولىكارپ گۇروپ | ئېتىلغان |
| 23 | مىگۇلىنسكايا | ئىگنات زېملەكوپ | » |
| 24 | مىگۇلىنسكايا | ئىۋان كراۋىتسوپ | » |
| 25 | روستوپ | نىكىفور فرولوۋىسكى | » |
| 26 | روستوپ | ئالېكساندىر كوموۋالوپ | » |
| 27 | مىگۇلىنسكايا | پېتىر مىخلەنتسېپ | » |
| 28 | كلېتمىسكايا | ئىۋان زوتوپ | » |
| 29 | مىگۇلىنسكايا | يېۋدوكىم بابكىن | » |
| 30 | مىخايلوۋىسكايا | پېتىر سۋىنتسوپ | » |
| 31 | دوبرىنىسكايا | ئىللارون چېلوبىتچىكوپ | » |
| 32 | كازانىسكايا | كلىمېنتىي درونوپ | » |
| 33 | ئىلوۋلىنسكايا | ئىۋان ئاۋىلوپ | » |
| 34 | كازانىسكايا | ماتۋېي ساكماتوپ | » |
| 35 | ئىژىي - كۇرماياروسكايا | گېئورگىي پۇپكوپ | » |
| 36 | تېرىۋوسكايا | مىخائىل فېۋرالېپ | » |
| 37 | خېرسون ئۆلكىسى | ۋاسىلىي پانتېلېيمونوپ | » |
| 38 | كازانىسكايا | پورفىرىي لىۋبىغىن | » |
| 39 | كلېتىنسكايا | دىمىترىي شامو | » |
| 40 | فىلونوۋىسكايا | سافون شارونوپ | » |
| 41 | مىگۇلىنسكايا | ئىۋان گۇبارېپ | » |
| 42 | مىگۇلىنسكايا | فېدور ئاباكۇموپ | » |

| نومۇرى | كەنتلەرنىڭ ئىسمى | ئىسىم پەمىلىسى | ھۆكۈم |
|---|---|---|---|
| 43 | لۇگانسكايا | كۇزما گورىشلوپ | ئېتىلدى |
| 44 | گۇندوروۋسكايا | ئىۋان ئىزۋارىن | » |
| 45 | گۇندوروۋسكايا | مىرون كالىنوۋىتىسىپ | » |
| 46 | مىخايلوۋسكايا | ئىۋان فارافونوپ | » |
| 47 | كوتوۋسكايا | سېرگېي گوربۇنوپ | » |
| 48 | نىژنى - چىرىسكايا | پېتىر ئالايېپ | » |
| 49 | مىگۇلىنىسكايا | پروكوپىي ئورلوپ | » |
| 50 | لۇگانسكايا | نىكىتا شېيىن | » |
| 51 | NPTK باش مېخانىگى | ئالېكساندىر ياسىنىسكى | » |
| 52 | روستوپ | مىخائىل پولەكوپ | » |
| 53 | رازدورىسكايا | دىمىترىي روگاچېپ | » |
| 54 | روستوپ | روبېرت فىراشېنبۇردېر | » |
| 55 | روستوپ | ئىۋان سىلېندېر | » |
| 56 | سامارا ئۆلكىسى | كونىستانتىن يېفىموپ | » |
| 57 | چېرنىشېۋىسكايا | مىخائىل ئۇۋچىننىكوپ | » |
| 58 | سامارا ئۆلكىسى | ئىۋان پىكالوپ | » |
| 59 | ئىلوۋلىنىسكايا | مىخائىل كورىتىسكوپ | » |
| 60 | كۇمشاتىسكايا | ئىۋان كوروتكوپ | » |
| 61 | روستوپ | پېتىر بىريوكوپ | » |
| 62 | رازدورىسكايا يېڭى رايونى | ئىۋان كاباكوپ | » |
| 63 | لۇكوۋىسكايا | تىخون مولتىشۇنوپ | » |

| نومۇرى | كەنتلەرنىڭ ئىسمى | ئىسىم پەمىلىسى | ھۆكۈم |
|---|---|---|---|
| 64 | مىگۇلىنىسكايا | ئاندرىي شىۋىتسوپ | ئېتىلدى |
| 65 | مىگۇلىنىسكايا | ستېپان ئانكىن | » |
| 66 | كىرېمېنىسكايا | كۇزما دىچكىن | » |
| 67 | باكلا نوۋسكايا | پېتىر كابانوپ | » |
| 68 | مىخايلوۋىسكايا | سېرگەي سېلىۋانوپ | » |
| 69 | روستوپ | ئارتېم ئىۋانچېنكۇ | » |
| 70 | مىگۇلىنىسكايا | نىكولاي كونوۋالوپ | » |
| 71 | مىخايلوۋىسكايا | دىمىترىي كونوۋالوپ | » |
| 72 | كراسنوكۇتىسكايا | پېتىر لىسكوپ | » |
| 73 | مىگۇلىنىسكايا | ۋاسلىي مىرشىنكوپ | » |
| 74 | مىگۇلىنىسكايا | ئىۋان ۋولوخوپ | » |
| 75 | مىگۇلىنىسكايا | ياكوپ گوردىيېپ | » |

ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلەرنىڭ ئىچىدە 3 كىشى ئۆزىنىڭ كىملىكىنى مەلۇم قىلمىدى.

سېكرېتار، سوت قىلىنغانلارنىڭ تىزىملىكىنى رويىخەتكەئالغاندىن كېيىن، قارارنىڭ ئاخىرىغا ئارىلىغىنى كەڭ قىلىپ قوش چېكىت قويدى ـ دە، يېقىن ئولتۇرغان بىرسىنىڭ قولىغا قەلىمىنى تۇتقۇزدى:

— قول قوي!

نوۋو ـ زېمتىسېف يېزىسىنىڭ ۋەكىلى، ئۇچىسىغا سۇر رەڭ نېمىس موۋوتىدىن تىكىلىپ، ياقىسىغا قىزىل قايرىما تۇتۇل‑

غان بايراملىق كەمزۇل كىيگەن كونوۋالوپ ئەيىپكارلارچە ھىجىيىپ، قەغەزنىڭ ئۈستىگە ئېگىشتى، يوغـان، قاپ ـ قارا قاداق قوللىرى ئېگىلمەستىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ چـوقۇرلىشىپ كەتكەن قەلەم دەسـتىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— مەن ئانچە ساۋاتلىقمۇ ئەمەس ...، — دىدى ـ دە، باش «K» ھەرپىنى تىرىشقاقلىق بىلەن يازدى.

ئۇنىڭ كەينىدىن رودىن، خۇددى شۇنداق ئېشەنچسىزلىك بىلەن قەلەمنى يۈرگۈزۈپ، تەرلەپ ـ پىشىپ، جىددىلىكتىن قاپىغىـنى تۇرۇپ ئارانلا قـول قويـدى، يـەنە بىرسى، ئاۋۋال قەلەمنى بىر سىلكىپ، شىرتىلدىتىپ قول قويدى ـ دە، يېزىش ۋاقتىدا ئاغـزىدىن چىقىپ قالغان تىلىنى يىغىشتۇرۇۋالـدى، پوپوپ ئارىلىغىنى كەڭ قىلىپ، ئۆز پەمىلىسىنى ئىرماش ـ چىرماش قىلىپ ئىمزا قويـغاندىن كېيىن، تەر چىپـىلدىغان يـۈزىنى ياغلىغى بىلەن ئېرتىپ، ئورنىدىن تۇردى.

— تىزىملىكنى بىز قول قويغان قارارغا تىركەپ قويۇشكېـرەك. — دىدى ئۇ ئەسنەپ تۇرۇپ.

— كالىدىن ئـۇ دۇنــيادا بىزگە رەھمەت ئېيتىدۇ، — دەپ سىپايىلىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى سىنىن. ئۇ سىكرىتارنىڭ سياسى قۇرۇمىغان ھۆل ۋەرەقــىنى ھاك بىلەن ئاقارتىلغان تامغا يېپىشتۇـرۇۋاتقانلىغىغا قاراپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ چاخچىغىغا ھىچكىم جـاۋاپ قايتۇرمىدى. ھەممەيلەن ئۇنچىقماستىن ئۆيدىن چىقىشتى.

— ھەي جانابى ئەيسا ...، — دەپ ئـۇھ تارتتى بىرسى قاـراڭغۇ دەھلىزىدىن چىقىۋېتىپ،

# 29

چاراقلاپ تۇرغان ئېقىش ـ سېرىق يۇلتۇزلارنىڭ سۈتتەك يورۇغى سېپىلگەن مۇشۇ كېچىدە، ئادەملەر لىققىدە تولغان كىچىك دۇكاننىڭ ئىچىدە دېيەرلىك ھېچكىمنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. قىسقا ـ قىسقا پاراڭ بولۇپ تۇردى، دىمىقچىلىق بىلەن ۋەھىمە ئادەملەرنى تۇنجۇقتۇردى.

كەچ كىرگەندە بىر قىزىل گۋاردىيىچى ھويلىغا چىقىشنى ئىلتىماس قىلدى:

— ئىشىكنى ئاچ، يولداش! بىرشامالدىۋالاي، ھاجەتكە چىقىش لازىم ئىدى! ...

ئۇ، ماتا كۆينىگى شالۋۇرىدىن سىرتقا چىقىرىلغان. چاچلىرى پاخپايغان، يالىڭاياق پېتى تۇراتتى، شۇ تۇرغانچە قارىيسپ كەتكەن يۈزىنى قۇلۇپىنىڭ تۆشۈگىگە يېقىپ، قايتا ـ قايتا ئىلتىماس قىلدى:

— ئىشىكنى ئاچقىنا، يولداش!

— سېنىڭ يولدىشىڭ بۆرە، — دېدى ئاخىرى قاراۋۇللاردىن بىرسى جاۋاپ قايتۇرۇپ.

— ئاچ ئىشىكنى، ئىنىم! — ئىلتىماس قىلغۇچى ئەمدى «يولداش» سۆزىنى ئىشلەتمىدى.

قاراۋۇل مىلتىغىنى يۆلەپ قويۇپ، ياۋا ئۆدەكلەرنىڭ قاراڭ-

غۇدا قاناتلىرىنى ئۇشقۇرتۇپ، كېچىلىك دانلايدىغان يېرىگە قاراپ ئۇچۇپ ئۆتكەنلىگىگە قولاق سېلىپ تۇردى، ئاندىن ئالدىرىماي تاماكىسىنى چېكىپ بولۇپ، لەۋلىرىنى تۆشۈككە ياقتى:

— ئاستىڭغا تەرەت قىلىۋەر، بىچارە، بىر كېچىدىلا شالۋۇرۇڭنى كونارتالمايسەن، بەربىر تاڭ ئېتىش بىلەنلا ھۆل ئىشتان بىلەن ئاخىرەتكە ئۇزىتىدۇ...

— ئىشىمىز تۆگەپتۇ - دە!...، — دېدى قىزىل گۋاردىيەچى ئۈمىتسىزلىك بىلەن ئىشىكتىن نېرى كېتىۋېتىپ.

ھەممەيلەن مورىنى مورىگە تىرەپ ئولتۇرۇشاتتى. بىر بۇلۇڭدا پودتېلكوپ يانچۇغىنى بوشىتىپ، پىچىرلاپ تىللاپ تۇرۇپ، پۇللارنى يىرتىپ بىر دۆۋە قىلىپ قويدى. پۇلنى يىرتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆتۈگىنى سالدى - دە، يېنىدا ياتقان كرىۋوشلىكوپنىڭ مورىسىدىن ئىتتىرىپ قويۇپ، پاراڭ باشلىدى:

— بىزنى ئالدىغانلىغى ئايان بولدى. بىزنى ئالداپ كەتتى، مەلئۇنلار! بەك ئەلەم بولدى، مىخايلو! بىر زامان، كىچىك چېغىمدا، ئاتامنىڭ ئوۋ مىلتىغىنى ئېلىپ، قۇش ئېتىشقا چىققان ئىدىم، ئورمان ئىچى بىلەن كېتىپ بارىمەن، ئورمان بولسا ياپ - يېشىل چېدىردەك ئىدى... ساسلىق تەرەپكە ئۆتسەم ئۆدەكلەر ئولتۇرۇشۇپتۇ. ئوقنى تەككۈزەلمىسەم بولامدۇ، ماڭا شۇنداق ئەلەم قىلدىكى، ھاي - ھايلاپ ۋاقىرىغىم كېلىپ كەتتى. مانا ھازىرمۇ دەرت-ئەلەمدە قالدىم — خاتا ئىش قىلدىم: روستوفتىن 3 كۈن بۇرۇن چىقىپ كەتكەن بولساق، دىمەك، بۇ يەردە ئەجەلنىڭ دامىغا چۈشۈپ قالماس ئىدۇق. پۈتۈن ئەكسىلئىنقىلاپچىلارنىڭ تۆت پۇتىنى ئاسمانغا قىلىپ قوياتتۇق!

كرىۋوشلىكوپ ئازاپ ئىچىدە چىشلىرىنى ھىجايتىپ، قاراڭغۇلۇقتا قاراپ كۈلۈمسىرەپ مۇنداق دىدى:

— مەيلى، لەنتىلەر ئۆلتۈرسۇن بىزنى! ئۆلۈمھازىرچە قورقۇنچلۇق ئەمەس... «پەقەت بىر نەرسىدىن قورقىمەن — ئۇ دۇنيادا بىر بىرىمىزنى تونۇيالمايمىز...» سەن بىلەن بىز، فىدە،بىرىمىز بىللەن يات ئادەمدەك كۆرۈشىمىز... مانا شۇنىسى قورقۇنچلۇق!...

— بۇ گېپىڭنى قوي! — دىدى پودتېلكوپ زەردە بىلەن غۇدۇڭشىپ، ئۆزىنىڭ يوغان ئىسسىق ئالقانلىرىنى شىرىگىنىڭ مۇرىسىگە قويدى، — گەپ بۇنىڭدا ئەمەس...

لاگوتىن بىرسىگە ئۆز يېزىسى توغرىلىق، چوڭ دادىسى ئۇنى بېشى ئۆزۈنچاق بولغانلىغى ئۈچۈن «قوزۇق باش» دەپ چىشىغا تېگىدىغانلىغى توغرىلىق ۋە ئاشۇ چوڭ دادىسى ئۇنى باشقا ئادەمنىڭ قوغۇنلۇغىغا كىرگەندە تۇتىۋېلىپ، قامچا بىلەن قانداق ساۋىغانلىغى توغرىلىق ھىكايە قىلىپ بېرەتتى.

بۇ كېچە ھەر خىل باغلاشمايدىغان، باش - ئايىغى يوق ئۈزۈك پاراڭلار ئېيتىلىپ تۇردى.

بۇنچۇك ئىشىكنىڭ تۈۋىگە ئورۇنلىشىۋېلىپ،ئىشىكنىڭ يوچۇغىدىن كىرگەن شامالنى لەۋلىرى بىلەن ئىچىگە تارتاتتى. ئۇ، ئۆتكەن ئۆمرىدە بولغان ئىشلارنى ئارىلاش - قۇرىلاش كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئانىسىنى لىپپىدە ئېسىگە ئالدى - دە، يۈرىگىگە ئىسسىق بىر نەرسە سانچىلغاندەك بولۇپ، ئانىسى توغرىسىدىكى ئوي - پىكرىنى ئاران - ئاران قوغلاپ، يېقىن كۈنلەردە ئانىنا بىلەن بولغان ئىشلارنى ئەسلەشكە ئۆتتى... بۇ ھال كۆڭلىنى تەسكىن تاپتۇرىدىغان زور سائادەتلىك ئىشتەك، ئۇنىڭغا يېنىكلىك بەخش ئەتتى. ئۆلۈم توغرىسىدىكى ئوي - پىكىر ئۇنى ئانچە قورقىتالمايتتى. ھاياتىمنى ئەمدى قىرقىپ تاشلايدىغان بولدى، دىگەن پىكىر كاللىسىغا كەلگەندە، ئۇ بۇرۇنقىدەكلا، ھىچقانداق ئىچىنى تاتىلاي-

دىغان ۋەھىمىنى، يۈرەكنى ئېزىدىغان غەم ـ غۇسسىنى ھىس قىلمى-
دى. كىشى مۇشەققەتلىك، قاتتىق سەپەردىن قايتىپ كەلگەندە،
ھەددىدىن تاشقىرى چارچاپ، تەنلىرى سىقىراپ، ھېچقانداق نەرسە
كۆڭلىگە ياقمايدىغان بولۇپ قالغاندا، ھاردۇق ئېلىشقا كۆڭۈلسىز
تەييارلىنىدۇ، بۇنچۇكمۇ ئۆلۈمگە خۇددىشۇنداق تەييارلاندى.
ئۇنىڭ ئېرىقىدا ئولتۇرغانلاربەزىدە كۆڭۈللۈك، بەزىدەغەم-
غۇسىغا چۆكۈپ،ئاياللارتوغرىلىق، مۇھەببەتتوغرىلىق،ھەركىمنىڭئۆز
يۈرىگىگە ئاشۇ مۇھەببەت بەخش ئەتكەن چوڭ ـ كىچىك سۆيۈنۈش
توغرىلىق پاراڭ سېلىشاتتى.
ئۇلار ئائىلە، بالا ـ چاقىلىرى، ئۇرۇق ـ تۇققانلىرى، يېقىن
كىشىلىرى توغرىلىق سۆزلىشىپ ئولتۇردى... بۇ يىل ئاشلىق ئا-
ھايىتى ياخشى: بۇغدايلىقتا قاغا يوشۇرۇنسا ـ كۆرۈلمەيدىغان بو-
لۇپ قالدى دېيىشتى. ۋودكىدىن، ئەركىنلىكتىن ئايرىلىپ قالغان-
لىقىغا ئېچىنىشتى، پودتېلكوپنى تىللاشتى. ئەمما نۇرغۇنلىرىنى
ئۇيقۇ ئۆزىنىڭ قارا قانىتى ئاستىغا ئالدى — ئۇلار جىسمانى ۋە
روھىي ئازاپ بىلەن ياتقىنى ياتقان، ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان،
تۇرغىنى تۇرغان پېتى ئۇيقۇغا كېتىشتى.
تاڭ ئاتقاندا بىرسى — ئوكىدىمۇ ياكى چۈشىدىمۇ بىلىپ
بولمايدۇ، ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى؛ كۆز يېشىنىڭ شورتاڭ ھىدىنى
بالىلىق ۋاقتىدىن تارتىپ ئۇنتۇغان چوڭ ياشلىق، قوپال ئادەملەر
يىغلىسا دەھشەتلىك بولىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۆكدەپ ئولتۇرغان-
لارنىڭ ئارامى دەرھاللا بۇزۇلدى. ئۇستى ئۇستىگە بىرنەچچە ئا-
دەم ۋاقىراشقا باشلىدى:
— ئاۋازىڭنى ئۆچەر، لەنىتى!
— خوتۇن كىشىمۇ سەن!
— چىشىڭنى سۇغۇرۇپ تاشلايمەن — جىم بول!...

— ياش تۆككىنىنى قاراڭلار، بالا - چاقىلىق چۇپ - چوڭ-
لا بىر نىمىغۇ ئۇ!...

— بۇ يەردە كىشىلەر ئۇخلاۋاتىدۇ، ئۇ بولسا... نومۇسىنى
يوقاتقان!

يىغلىغان ئادەم بۇرنىنى مىچىلدىتىپ قاقڤاندىن كېيىن جىم-
مىپ قالدى.

پۇتۇنلەي تىنچلىق ئورنىتىلدى. ھەر بىر بۇلۇڭدا تاماكى-
نىڭ ئوتى ۋىل - ۋىل يېنىشقا باشلىدى، ئەمما كىشىلەر ئۈنچىق-
مايتتى. ئەر كىشىلەرنىڭ تەر پۇرىقى، زىچچىدا بىر يەرگە يى-
غىلغان ساغلام تەنلەرنىڭ قاڭسىق پۇرىقى، تاماكا تۈتۈنىنىڭ ھە-
دى ۋە كىچىسى چۈشكەن شەبنەمنىڭ چۈچۈمەل پۇرىقى دىماققا
ئۇرۇلاتتى.

يىزدا تاڭ ئاتقانىنى بىلدۈرۈپ ، خوراز قىچقاردى. قەدەم
تاۋۇشلىرى، تۆمۈرنىڭ جىرىڭلىغىنى ئاڭلاندى.

— كېلىۋاتقان كىم؟ — دەپ سورىدى قاراۋۇللارنىڭ بىرى
ۋاقىرىمايلا.

يۈتىلىش ئاڭلانغاندىن كېيىن ياش جۇشقۇن بىر ئاۋاز يى-
راقتىن جاۋاپ قايتۇردى:

— ئۆزىمىزنىڭكى، پودتېلكوپنىڭ ئادەملىرىگە گۆر قاز-
غىلى كېتىۋاتىمىز.

دۇكاننىڭ ئىچى بىردىنلا ئۆپۈر - تۆپۈر بولۇشقا باشلىدى.

# 30

خورۇنجى پېترو مېلېخوپنىڭ قوماندىسى ئاستىدىكى تاتارىسكى يېزىسى كازاكلىرىنىڭ ئەتىرىدى پونورمارېۋ يېزىسىغا 11 - ماي تاڭ سەھەردە يېتىپ كەلدى.

يېزىدا چىرلىق كازاكلار ئۇيان - بۇيان يۈرۈشەتتى، ئاتلىرىنى سۇغارغىلى ئېلىپ كېتىۋاتاتتى، بەزىلىرى توپ - توپ بولۇپ، يېزىنىڭ چېتىگە قاراپ ماڭغان ئىدى. پېترو ئەتىرىدىنى يېزىنىڭ مەركىزىدە توختىتىپ، ئاتتىن چۈشۈشكە بۇيرۇق بەردى. ئۇلارنىڭ قېشىغا بىر نەچچە ئادەم كەلدى.

— قەيەردىن كەلدىڭلار، كەنتداشلار؟ — دەپ سورىدى بىرسى.

— تاتارىسكىدىن.

— ئازراق كېچىكىپ قالدىڭلار... سىلەرسىزمۇ پودتېلكوپنى تۇتۇۋالدۇق.

— ئۇلار نەدە؟... بۇ يەردىن ھەيدەپ كەتمىدىمۇ؟

— ئەنە ئاۋۇ يەردە ...،— كازاك قول ئىشارىسى بىلەن دۆڭكاننىڭ يانتۇ ئۆگزىسىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ قويدى، — كاتەكتىكى توخودەك ئولتۇرىشىدۇ.

خىرىستونە، گىرىگورىي مېلېخوپ ۋە يەنە بىر قانچىسى يېقىنراق كېلىشتى.

— ئۇلارنى، دىمەك، قەيەرگە ئېلىپ بېرىشاركىن ؟ — دەپ سورىدى خىرىستونە قىزىقىپ.

— مەرھۇملارنىڭ قېشىغا.

— نېمىشكەئۇنداق بولىدىكەن؟ نېمىشكە يالغانسۆزلەيسەن؟— گىرىگورىي، كازاكنىڭ شىنېلىنىڭ پېشىدىن تۇتتى.

— يالغان سۆزلەش ئۆزىڭىزدىن كەلسۇن، جانابى ئالى! — دەپ كازاك قوپاللىق بىلەن جاۋاپ بەردى - دە، شىنېلىنىڭ پېشىنى گىرىگورىينىڭ قاتتىق چاڭگىلىدىن ئاسانلا بوشىتىۋالدى،—ئەنە، قاراڭلار، ئۇلارغا دار ياغىچى ئورنىتىلىپ بولدى، — ئۇ، قورۇپ قالغان 2 تۈپ سۆگەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دار ياغىچىنى كۆرسەتتى.

— ئاتلارنى ھويلىلارغا جايلاشتۇرۇڭلار! — دەپ كاماندا بەردى پېترو.

× ×

ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلىدى، يامغۇر تىرىكلاپ چۈشۈشكەباشلىدى. كازاكلار، ئاياللار قېلىن توپ بولۇپ، يېزىنىڭ چېتىگە ئاقماقتا ئىدى، پونوماريېۋ يېزىسىنىڭ ئاھالىسى ئۆلۈم جازاسى سائەت 6 دە ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىنى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەنلا، گويا كەم ئۇچرايدىغان كۆڭۈللۈك تاماشاغا كېتىۋاتقاندەك، ئالدىراش مېڭىشقان ئىدى. كازاكلارنىڭ قىز - كېلىنچەكلىرى بايرامدەك ياسىنىشقان؛ نۇرغۇن كىشىلەربالىلىرىنى ئەگەشتۇرۇۋالغان ئىدى. يىغىلغان كىشىلەر توپى ئوتلاقنى قورشىۋالدى، دار ياغىچى بىلەن چوڭقۇرلۇغى 2 گەز كېلىدىغان ئۇزۇن خەندەك ئەتراپىدا قىستىلىشىپ تۇرۇشتى. بالىلار خەندەكنىڭ بىر تەرىپىدەدۆۋىلىشىپ تۇرغان كۆلەمدەك سېغىز توپا ئۈستىدە چېپىشىپ يۈرەتتى؛ كازاكلارىيغىلىشىۋېلىپ، ئىجرا قىلىش ئالدىدا تۇرغان ئۆلۈم جازاسى توغرىلىق قىزغىن تالاش - تارتىش قىلىشاتتى؛ ئاياللار قايغۇ بىلەن پىچىرلىشاتتى.

تولا ئۇخلاپ يۈز - كۆزى ئىششىپ كەتكەن ياساۋۇل پوپوپ سۈرلۈك هالدا يېتىپ كەلدى. ئۇ تاماكا چەكتى، مەهكەم چىشلىرىنى هىجايتىپ، پاپىروسنى چايناپ تۇردى؛ قاراۋۇل كوماندىسىنىڭ كازاكلىرىغا خىرىلداپ بۇيرۇق بەردى:

— خەلقنى خەندەكنىڭ قېشىدىن نېرى قوغلاڭلار! سىپىرىدونوپقا ئېيتىڭلار، بىرىنچى تۈركۈمنى هەيدەپ كەلسۇن! — ئۇ سائىتىگە قاراپ قويۇپ بىر چەتكە ئۆتتى - دە، قاراۋۇل كازاكلارنىڭ قىستىشى بىلەن جازا مەيدانىدىن ئاستا ئارقىغا سۈرۈلۈۋاتقان خەلق توپىنى، بۇ توپنىڭ مەيدانىنى بىرتۇتاش رەڭگا - رەڭ يېرىم دائىرە شەكلىدە قورشاۋاتقانلىغىنى كۆزىتىپ تۇردى.

سىپىرىدونوپ بىر توپ كازاكلار بىلەن دۈكان تەرەپكە تېز يۈرۈپ كەتتى. يول ئۈستىدە ئۇنىڭغا پېترو مېلېخوپ ئۇچرىدى.

— سىلەرنىڭ يېزىدىن ئىختىيار قىلغۇچىلار بارمۇ؟

— قانداق ئىختىيار قىلغۇچىلار؟

— هۆكۈمنى ئىجرا قىلىشقا قاتنىششىنى خالايدىغانلار.

— يوق هەم بولمايدۇ! — دەپ كەسكىن جاۋاپ بەردى پېترو، يولىنى توسقان سىپىرىدونوپنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ.

ئەمما ئىختىيار قىلغۇچىلار چىقىپ قالدى: مىتكا كورشۇنوپ كوزىركىسىنىڭ ئاستىدىن هۆرپىيىپ چىقىپ تۇرغان چاچلىرىنى ئالقىنى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ، پېترونىڭ قېشىغا يورغىلاپ يېتىپ كەلدى - دە، كۆك قومۇش رەڭگىدىكى قىسىلغان كۆزلىرىنى مىتىلدىتىپ:

— مەن ئاتىمەن ... نىمىشكە «يوق» دەيسەن. مەن قاتنىشىشقا رازى، — دىدى، ئاندىن كۆلۈمسىرەپ يەرگە قارىدى. — ماڭا بىر ئاز ئوق بەر، مەندە بىر شازا ئوق قالدى.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە رەڭگى - روپى ئۆڭگەن، ئىنتايىن ئاچ-

چىغى كەلگەنلىگى، چىرايىغا تېپىپ چىققان ئاندىرىپى كاشۇلىن ۋە
قالماق چىراي فېدوت بودوۋىسكوپ ئىختىيار قىلغۇچىلار بولۇپ
ئوتتۇرىغا چىققى.

ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ بىرىنچى تۈركۈمى
كۆزەتچى كازاكلارنىڭ قورشاۋى ئاستىدا دۇكاندىن ئېلىپ چىقىلـ
غاندا، بىر بىرىگە مۆرىسىنى تىرەپ سىقىلىشىپ تۇرغان زور خەلق
توپى ئىچىدە پىچىر - پىچىر گەپلەر، ۋەزمىن گودۇڭشىلغان ئاۋازلار
ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

ئەڭ ئالدىدا يالاڭ ئاياق، كەڭ قارا سۆكنا گەلىغى شىم كىيىـ
گەن پودتېلكوپ خۇرۇم كەمزۇلىنىڭ ئالدى ئوچۇق ھالدا ماڭغان
ئىدى. ئۇ، يوغان ئاپپاق پۇتلىرى بىلەن گۆس - گۆس پاتقاق كېـ
چىپ، تېيىلغاندا مۇۋازىنەتنى ساقلاش ئۈچۈن سول قولىنى سەل
ئالدىغا سوزۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئۆلۈكتەك ئاقىرىپ كەتـ
كەن كىرىۋوشلىكوپ ئاران - ئاران سۆرىلىپ ماڭاتتى. كۆزلىرى
قۇرۇقلا پاقىرايتتى، ئاغزى ئازاپتىن تىترەپ تۇراتتى. كىرىۋوشلىكوپ
يېپىنچاقلىۋالغان شىنېلىنى تۈزەپ قويۇپ، مۈرىسىنى قىسىپ
شۇنداق قورۇندىكى گويا قاتتىق توڭغاندەك ئىدى، نىمشكىدۇ بۇـ
لارنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋالمىغان، ئەمما قالغان ئەسەرلەرنىڭ
ھەممىسى يالاڭ كۆينەك بىلەن كېلىۋاتاتتى. لاگوتىن، چوڭ - چوڭ
سالماق قەدەم تاشلاپ ماڭغان بۇنچۇكنىڭ يېنىدا ئۇششاق - ئۇشـ
شاق دەسسەپ تېز ماڭاتتى. بۇ ئىككىسىمۇ يالىڭاياق ئىدى. لاگوتىنـ
نىڭ شالۋۇرى يىرتىلغان بولۇپ، شالاڭ يۇڭ باسقان سېرىق ئەت
پاچاقلىرى ئېچىلىپ قالغان. ئۇ، يىرتىق ئىشتىنىنى ئۇيياتچانلىق
بىلەن تۇتتۇۋالغان، كالپۇكلىرى تىترەپ تۇراتتى. بۇنچۇك، كۆزەتچىـ
لەرنىڭ بېشى ئۈستىدىن قارا بۇلۇت قاپلىغان سۇپ - سۇر يىراقـ
لىققا قارايتتى. ئۇنىڭ ھۇشيار، سوغاق كۆزلىرى سەۋرسىزلىك بىلەن

تېز - تېز چېمىلدايتتى. ئۇ، گويا قانداقتۇ ئەمەلگە ئاشماي كەلگەن سۆيۈنۈچلۈك بىر ئارماننى كۈتكەندەك ئىدى ... بەزىلىرىنىڭ يۈزىدە ھېچنېمىنى مەنسىتمەسلىكتەك ئىپادە ساقلانغان: چېچى ئاقارغان بولشېۋىك ئورلوپ قوللىرىنى جاسارەت بىلەن سىلكىپ، كازاكلارنىڭ ئايىغى ئاستىغا تۈكۈردى، لېكىن بۇ ئىشقا قىزىل گۋاردىيىچىلەرنىڭ ئىككىسى ياكى ئۈچىنىڭ كۆزلىرىدە شۇنچىلىك يوشۇرۇن غەم - ئەندىشە، تاتىرىپ كەتكەن چىرايىدا شۇنچىلىك چەكسىز ۋەھىمە ئالامىتى پەيدا بولدى، ھەتتا كۆزەتچى كازاكلارمۇ ئۇلاردىن كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى، كۆزلىرى تاسادىپى بىر بىرىگە توقۇنۇشۇپ قالغاندا، بۇرۇلۇپ باشقا ياققا قارىۋالدى.

ئۇلار تېز كېتىۋاتاتتى، پودتېلكوپ تېيىلىپ ماڭغان كىرىۋوشلىكوپنىڭ قولتۇغىدىن يۆلەپ ماڭدى. قىزىل - كۆك فۇراژكىلار، ئاياللارنىڭ ئاپپاق روماللىرى دولقۇنلىنىپ تۇرغان خەلق توپى بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا. پودتېلكوپ شۇ توپقا ھۆمىيىپ قاراپ، قاتتىق ئاۋاز بىلەن ئاغزىغا كەلگەننى تىللاپ كېلىۋاتاتتى، بىردىن يان تەرەپتىن لاگوتىنىڭ تىكىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى بايقاپ قېلىپ:

— نىمە قارايسەن؟ — دەپ سورىدى پوتېلكوپ.

— شۇ بىر نەچچە كۈننىڭ ئىچىدە چاچلىرىڭ ئاقىرىپ كېتىپتۇ ... ئېھە، ئىككى چېكەڭگە قىرو قونۇپتۇ......

— ئاقارماي نىمە قىلسۇن! — دىدى پودتېلكوپ ئېغىر ئۇھ تارتىپ؛ ئۇ، تار پېشانىسىدىكى تەرنى ئېرتىپ تەكرارلىدى، — مۇنداق كۆڭۈللۈك چاغلاردا ئاقارماي نىمە قىلسۇن ... باغلاقتىكى بۆرىنىڭمۇ تۈكى ئاقىرىدۇ، مەنغۇ — بىر ئادەم.

شۇندىن كېيىن ئۇلار لام - جىم دىمەستىن مېڭىشتى. خەلق

تــوپــى يــېقــىنلا كــېلىپ قالدى. ئوڭ تەرەپتە گۆر ئۆچۈن قېزىلـ
غان سېرىق توپىلىق ئۇزۇن خەندەك كۆرۈندى. سىپىرىدونوپ بۇيـ
رۇق بەردى:

ــ توختا!

شۇ ئاندا پودتېلكوپ بىر قەدەم ئالدىغا چامـداپ، ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان خالايىقتا ھارغىنلىق بىلەن كۆز يۈگۈرتتى؛ كۆپچىلىـ
گى چېچى ئاقارغان ۋە چاساقال بولغان ئادەملەر ئىكەن. فۇرونتچىـ
لار ئارقىدا بىر يەردە تۇرۇشۇپتۇ، ئار ـ نـومـۇسـى يول قويمىغان بولۇشى مۇمكىن. پودتېلكوپ سالپىيىپ تۇرغان بۇرۇتىنى سەل مىـ
دىرلـىـتـىـپ، پـەس ئـاۋاز بــىــلـەن، ئـەمـمـا ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېدى.

ــ ئاتىلار! كـرىۋوشلىكوپ بــىــلـەن ئىككىمىزگە رۇخسەت قىلىڭلار، يولداشلىرىمىزنىڭ ئۆلۈمنى قـانداق كـۈتۈۋالدىغانلىقـ
نى كۆرۈپ تۇرساق. بىزنى دارغا ئۇندىن كېـيـىـن ئېسىڭلار، ھازىر بىز ئۆزىمىزنىڭ دوستلىرىمىزغا، يولداشلىرىمىزغا كۆزسېلىپ، جىگـ
رى ئاجىزلارغا روھ، مەدەت بەرگىمىز كەلدى.

ئەتراپنى شۇنداق سۈكۈت باستىكى، قۇراۋ كىلارنىڭ ئۈستىگە تەرىكلاپ چۈشكەن يامغۇر ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى...

ياساۋۇل پوپوپ ئارقىدا بىر يەردە تاماكىدىن سارغىيىپ كەتـ
كەن چىشلىرىنى ھىجايتىپ كۈلۈپ تۇراتتى؛ ئـۇ قارشى چىقمىدى؛ قېرىــلار كېلىشەلـمـەي، ھـەرقـايـسـى ئـۆز ئـالـدىغا ۋاقىراشقا باشلىدى:

ــ رۇخسەت قىلمىز!

ــ مەيلى، قارىسا، قارىسامدۇ!

ــ بۇلارنى خەندەكتىن نېرى ئېلىپ كېتىڭلار!

كرىۋوشلىكوپ بىلەن پودتېلكوپ تــوپــقـا قاراپ چامدىدى،

خەلق توپى ئارىنى بوشىتىپ، ئۇلارغا كىچىككىنە يول ئېچىپ بەر-
دى. ئادەملەر تۆت تەرەپتىن سىقىلىشىپ قورشاپ، يۈزلىگەن كۆزلەر
تىكىلىپ تۇرغان ھالدا، پودتېلكوپ بىـلـەن كرىۋوشلىكوپ يېقىنلا
يەردە توختىدى؛ بۇ يەردە كازاكلارنىڭ قىزىـل گـۋاردىيىچىلەرنى
خەندەكنىڭ قېشىدا قوپاللىق بىلەن قاتار قىلىپ تىزغانلىقىغا قاراپ
تۇرۇشتى. پودتېلكوپقا ئۇبدانـلا كـۆرۈنۈپ تۇراتتى، كرىۋوشلىكوپ
ئۇستۇرا بىلەن قىرىلمىـغـان ئىنچىكـە بويىنىنى سوزۇپ، پۇتىنىڭ
ئۇچىدا كۆتىرىلىپ تۇردى.

بۇنچۇك سولدىن ئەڭ چەتتە تـۇراتتى. ئۇ سەل مۈكچەيگەن
بولۇپ، يەرگە قارىغان پېتى بېشىنى كـۆتەرمەستىن، ئېغىر نەپەس
ئالاتتى. ئۇنىڭ ئـارقىسىدا لاگوتىن يىرتىلغان ئىشتىنىغا كۆيىنىگـ
ىنىڭ ئېتىگىنى تاتقۇشلاپ ئالدىغا ئېگىلىپ تۇراتتى، ئۇچىنچىسى —
تامبوفلىق ئىگنات. ئۇنىڭ ئېرىسىدىكى — ۋانكا بولدىرېپ بولۇپ،
تونۇغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئـۆزگىرىپ، كەم دىگەندە 20 ياش
قېرىپ كەتكەن ئىدى. پودتېلكوپ 5 - ئادەمنى كۆرۈشكە تازا كۆ-
چىنىپ، كازانسكايا كەنتىنىڭ كـازاكى مـاتۋېي ساكماتوپنى تەسـ
لىكتە تونۇدى. پودتېلكوپ كـامېنسكايادا تۇرغان چاغدىن تارتىپلا
بۇ ئادەم بىللە بىلەن قايغۇ ۋە شاتلىقنى ئورتاقلىشىپ كەلگەن ئىـ
دى. يەنە 2 قىزىل گۋاردىيىچى خەندەككە يېقىنلاپ كېلىپ، شارتلا
ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، ئارقىسىنى قىلىپ تۇردى. پېترولىسكوپ بىئە-
دەپلىك بىلەن ھاياسىزلارچە كۈلۈپ، ۋاقىراپ ئاغزىغا كەلگەننى تىلـ
لاپ، تىپ - تىنچ تۇرغان خەلق تـوپىغا كىرلەنگەن مۇشتى بىلەن
دوق قىلدى، كورېنىسكوپ ئۈنچىقمايتتى. ئاخىرقى بىرسىنى كۆتىـ
رىپ ئېپكېلىشتى. ئۇ بېشىنى ئـارقىسىغا تاشلاپ، ساڭگىلاپ قالغان
جانسىز پۇتلىرى بىلەن يەرنى جىجىپ كېلەتتى، سۆرەپ كېلىۋاتقان
كازاكلارغا مەھكەم يېپىشىۋېلىپ، كۆز يېشى بىلەن يۇيۇلغان يۈزىنى

پىلتىڭلىتىپ، يۇلقىناتتى، خىقىرايتتى.

— قويۇۋېتىڭلار، بۇرادەرلەر! قويۇۋېتىڭلار، جانابى ئاللا ھەققى! بۇرادەرلىرىم! مېھرىۋانلىرىم! ئاغىنىلىرىم! ... نىمە قىلماقچىسىلەر؟! مەن گېرمان سوقۇشىدا 4 كرېست ئوردېن ئالغان مەن! ... ئۇششاق بالىلىرىم بار! ... ھەي خۇدا، مېنىڭ ھېچقانداق گۇنايىم يوق! ... يائاللا، نىمە قىلاي دەيسىلەر؟ ...

ئۇزۇنتۇرا ئاتامانچى كازاك ئۇنىڭ كۆكرىگىگە تىزى بىلەن بىرنى سوقۇپ، خەندەكنىڭ ياقىسىغا ئۇلاقتۇرۇپ تاشلىدى. مانا شۇ چاغدىلا پودتېلكوپ بۇ قارشىلىق كۆرسەتكەن ئادەمنى تونۇپ، ئەرۋايى ئۇچۇپ كەتتى: بۇ ئەڭ قورقماس قىزىل گۋاردىيىچىلەرنىڭ بىرسى ئىدى، مىگۇلىنىسكايا كەنتلىك كازاك بولۇپ، 1910 ـ يىلى ھەربى خىزمەتكە قەسەم بەرگەن، 4 خىل دەرىجىدىكى گېئورگى كرېست ئوردېنلىرىنىڭ ھەممىسى بىلەن مۇكاپاتلانغان، ئاچ سېرىق بۇرۇت، كېلىشكەن يىگىت ئىدى. ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇشقان ئىدى، يەنە يىقىلىپ چۈشتى؛ كازاكلارنىڭ پۇتلىرى ئارىسىغا ئۆمىلىدى، قان قېتىشىپ قالغان لەۋلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۆتۈكلىرىگە، ئۆزىنىڭ يۈزىگە تەپكەن ئۆتۈكلەرگە مەھكەم ياقتى، بوغۇلۇپ، خىرقىراپ دەھشەتلىك ۋاقىرىدى:

— مېنى ئۆلتۈرمەڭلار! رەھىمى قىلىڭلار! ... بالام بار ... كىچىككىنە قىزىم بار ... تۇققانلىرىم، قېرىنداشلىرىم! ...

ئۇ ئاتامانچى كازاكنىڭ تىزىدىن قۇچاغلىۋالدى، ئەمما بۇ كازاك پۇتىنى ئاجرىتىۋېلىپ، سەكرەپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى ـ دە، ئايىغىنى كېرىپ، نال قېقىلغان پاشنىسى بىلەن قۇلىغىغا بىرنى تەپتى. يىگىتنىڭ يەنە بىر قۇلىغىدىن جىرتىلداپ قان چىقىپ، ئاپپاق ياقىسىنىڭ ئىچىگە قۇيۇلدى.

— تۇرغۇز ئۇنى! ... — دەپ قەھرى بىلەن ۋاقىرىدى سىپىردونوپ.

بىر نەچچەكىشى ئاران بالالىقتاكۆتىرىپتۇرغۇزغاندىن كېيىن، يۈگۈرۈپ ئارقىسىغا قايتىشتى، ئۇدۇلدىكى قاتاردا ئېتىشنى ئىختىيار قىلغۇچىلار مىلتىقلىرىنى قولىغا ئېلىپ تەييار بولۇپ تۇرۇشتى. خەلق توپى ئۇھ – ئۇھلاپ، قېتىپلا قالدى. بىر ئايال سەت ئاۋاز بىلەن چىقىرىۋەتتى ...

بۇنچۇك سۇر بۇلۇت قاپلىغان ئاسمانغا، 29 يىل سەرسان بولۇپ يۈرگەن مۇڭلۇق يەرگە قايتا – قايتا قارىغۇسى كەلدى. بېشىنى كۆتىرىپ، 10 قەدەم نېرىدا زىنچىردا تىزىلغان كازاكلار سېپىنى كۆردى: يېشىل قىسىق كۆز، بىر تۇتام چېچى كوزىركىسىنىڭ ئاستىدىن ئاپپاق ماڭلىيىغا چۈشۈپ تۇرغان گەۋدىلىك بىرسى لەۋلىرىنى مەھكەم چىشلەپ، ئۇنىڭ، يەنى بۇنچۇكنىڭ توپ – توغرا كۆكرىگىنى نىشانغا ئېلىپ تۇرغان ئىكەن. ئوق ئېتىلىش ئالدىدا بۇنچۇكنىڭ قۇلىقىغا ۋاي – ۋايلاپ ئىڭرىغان بىر ئاۋاز پىچاقتەك تەگدى؛ قايرىلىپ قارىغان ئىدى: يۈزىنى سەپكىل باسقان ياش بىر ئايال توپنىڭ ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقتى – دە، بىر قولى بىلەن بالىسىنى باغرىغا بېسىپ، يەنە بىر قولى بىلەن بالىنىڭ كۆزىنى توساپ، يېنىغا قاراپ يۈگۈردى.

بىر يولى پاراسلاپ ئېتىلغان ئوق ئاۋازىدىن كېيىن، خەندەك ياقىسىدا تۇرغان 8 ئادەم لەپەڭلەپ يىقىلىشقا باشلىغاندا، ئوق ئاتقۇچىلار ئورنىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى.

ستكا كورشۇنوپ ئۆزى ئاتقان قىزىل گۋاردىيىچىنىڭ، ياتقان يېرىدە ئورنىدىن ساپچىپ، ئۆزىنىڭ مۇرىسىنى چىشى بىلەن قاپساۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا يەنە بىر پاي ئوق ئاتتى – دە، ئاندىرىي، كاشۇلىنغا پىچىرلىدى:

— مۇنۇ شەيتانغا قارا — ئۆز مۇرىسىنى قان چىققانغا قەدەر چىشلەپ، بۆرىنىڭ كۈچۈگىدەك ئۈن - تىنىشىنى چىقارماستىن جان ئۈزدى.

ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان يەنە 10 ئادەمنى مىلتىقنىڭ قوندىقى بىلەن ئىتتىرىپ ئورىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىشتى ...

2 - قېتىم بىر يولى ئېتىلغان ئوقتىن كېيىن ئاياللار ھۆكىرەپ زار - زار يىغلاشقا باشلىدى ۋە توپىنىڭ ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، بىر بىرىگە يۆلىنىشىپ، بالىلىرىنىڭ قولىدىن سۆرەپ، يۈگۈرۈپ كېتىشتى. كازاكلارمۇ تارىلىشقا باشلىدى. قىرغىنچىلىقنىڭ بۇنىڭدەك يىرگىنچلىك مەنزىرىسى، ئۆلۈۋاتقانلارنىڭ ۋاقىراش، خىرقىراشلىرى، نۆۋەت كۈتكۈچىلەرنىڭ قىيا - چىيالىرى — مانا شۇ ئىنتايىن دەھشەتلىك، كىشىنىڭ يۈرىكىنى لەرزىگە سالىدىغان كۆرۈنۈش ئادەملەرنى تارتىنىۋەتتى. پەقەت ئۆلۈمنى قانغىچە كۆرۈپ ئۆگىنىپ قالغان فۇرونتچىلار ۋە غالجىرلاشقان قېرىلارلا قالدى.

يالڭاياق، كىيىملىرى سالدۇرۇۋېلىنغان قىزىل گۋاردىيىچىلەرنىڭ يېڭى - يېڭى تۈركۈملىرىنى ھەيدەپ كېلىشتى، ئېتىشنى ئىختىيار قىلغۇچىلار ئالمىشىپ تۇردى، ياپپىسىغا ئېتىلغان ئوقلار پاراسلاپ يېغىپ تۇردى، كېيىن قالغان يەككە ئېتىشلارمۇ تاسىلدىدى. يارىدارلارنى قايتا ئېتىشتى. دەسلەپكى ئېتىلغان جەسەتلەرنى ئېتىش ئۈرىلىغىدا ئالدىراش توپا بىلەن كۆمۈشتى.

پودتېلكوپ بىلەن كرىۋوشلىكوپ نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغانلارنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇلارنى روھلاندۇرۇشقا ھەركەتلىنىپ باقتى، ئەمما گەپ - سۆزلەرنىڭ بۇرۇنقىدەك ھېچقانداق تەسىرى بولمىدى — شۇ تاپتا كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى پۈتۈنلەي باشقا نەرسە ئىگەللىۋالغان، بىرمىنۇتتىن كېيىن بۇ ئادەملەرنىڭ ھاياتى خۇددى

سۇنغان ياپراقنىڭ ساپىغىدەك گىلدىڭلاپ، ئۈزۈلۈش ئالدىدا تۇرماقتا.

گرىگورىي مېلېخوپ، توپىنىڭ ئىچىدىن قىسىلىپ ئۆتۈپ، يېزىغا قاراپ ماڭغان ئىدى، شۇ ئارىدا پودتېلكوپ بىلەن يۈزمۇ يۈز ئۇچرىشىپ قالدى. پودتېلكوپ ئارقىسىغا بىر قەدەم چېكىنىپ، چەكچىيىپ قاراپ قالدى:

— سەنمۇ شۇ يەردىمۇ، مېلېخوپ؟

گرىگورىينىڭ چىرايى سۇپ - سۇر بولۇپ تاتىرىپ كەتتى، ئۇ توختىدى.

— شۇ يەردىمەن. كۆرۈپ تۇرۇپسەنغۇ...

— كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن...، — پودتېلكوپ غۇژژىدا پەيدا بولغان ئۆچمەنلىك بىلەن ئۇنىڭ ئاقىرىپ كەتكەن يۈزىگە قاراپ، مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى، — خوش، ئۆز قېرىنداشلىرىڭنى ئوققا تۇتۇۋاتامسەن؟ يەنە بۇرۇنقى قېلىپىڭغا قايتتىڭمۇ؟... ئەسلىدە شۇنداق ئادەم ئىكەنسەن - دە، — ئۇ، گرىگورىينىڭ قېشىغا يېقىنراق كېلىپ، پىچىرلىدى، — سەن ھەمبىز ئۈچۈن، ھەم ئۆزەڭنىڭ ئادەملىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلامسەن؟ كىم كۆپرەك بەرسە شۇنىڭغا؟ ئېھ، سەن!...

گرىگورىي ئۇنىڭ يېڭىدىن تۇتۇۋېلىپ، بوغۇنۇقۇپ سورىدى:

— گلۇبوكايا قېشىدىكى جەڭ ئېسىڭدىمۇ؟ ئوفىتسېرلەرنى قانداق ئېتىپ تاشلىغانلىغىمىز ئېسىڭدە باردۇر... سېنىڭ بۇيرۇغىڭ بويىچە ئېتىپ تاشلانغان! شۇنداقمۇ؟ يەنە قىلىدىغان گېپىڭ بار ئوخشايدۇ! ھېچ ۋەقەسى يوق، قايغۇرما! باشقىلارنىڭ تېرىسىنى شىلىش ساڭىلا پۈتۈلگەن ئەمەس! سەن يەيدىغاننى - يەپ، ياشايدىغىنىڭنى ياشاپ بولدۇڭ، دون خەلق كومىسسارلىرى سوۋېتىنىڭ رەئىسى!

سەن، ئىپلاس، كازاكلارنى جوھوتلارغا ساتتىڭ! چۈشەندىڭمۇ؟ يەنە
تېخى گەپ قىلىۋاتامسەن؟

خىرىستونە قۇترىغان گىرىگورىينى قۇچاغلىۋېلىپ، بىر چەتكە
ئېلىپ كەتتى.

ــ دىمەك، ئاتلارنىڭ قېشىغا بارايلى. كەتتۇق! سەن بىلەن
بىزگە بۇ يەردە قىلىدىغان ھېچ ئىش يوق، ھەي جانابى ئاللا،
ئادەملەر نىمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ!...

ئۇلار مېڭىشقان ئىدى، پودتېلكوپنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ،
يەنە توختاپ قېلىشتى. پودتېلكوپ ئەتراپىنى ئورىۋالغان فۇرونت‍ـ
چىلار بىلەن قىرىلارغا يۇقۇرى ئېھتىراس بىلەن ۋاقىراپ سۆز‍ـ
لەۋاتاتتى:

ــ سىلەر جاھالەتتە قالغان قارا ئادەملەر... كۆزى كۆرمەي‍ـ
دىغان قارغۇلار! ھەممىڭلار قارغۇ! سىلەرنى ئوفىتسېرلەر ئالداپ
كەتتى، جان ـ جىگەر قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر قىل‍ـ
دى! بىزنى ئۆلتۈرۈپ بولساڭلار، ئىش شۇنىڭ بىلەن تۈگەيدۇ،
دەپ ئويلامسىلەر؟ ياق، ھەرگىز! بۈگۈن سىلەر ئۈستۈن كېلىپ،
بىزنى ئاتقان بولساڭلار، ئەتە سىلەرنى ئېتىپ تاشلىشىدۇ! سوۋېت
ھاكىمىيىتى پۈتۈن روسىيىدە ئورنىتىلىدۇ. مۇشۇ سۆزلىرىم ئېسىڭ‍ـ
لاردا بولسۇن! سىلەر باشقىلارنىڭ قېنىنى بىكار تۆكۈۋاتىسىلەر!
سىلەر ئەخمەق ئادەملەر!

ــ بىز ئۇلارنىمۇ مۇشۇنداق جۆندەيمىز! ــ دەپ ئوتتۇر‍ـ
غا سەكرەپ چىقتى بىر قېرى.

ــ بوۋاي، ھەممىنى ئېتىپ تۈگىتەلمەيسەن، ــ دەپ كۈلدى
پودتېلكوپ، ــ پۈتۈن روسىينى دارغا ئاسالمايسەن. ئۆز بېشىڭ‍ـ
نى ساقلاپ قال، كېيىن ھەسرەت ـ نادامەت قىلىسەن، ئورنىغا
كەلمەيدۇ!

— سەن بىزگە دوق - پوپوزا قىلما!

— دوق قىلىۋاتقىنىم يوق، سىلەرگە يول كۆرسىتىۋاتىمەن.

— سەن، پودتېلكوپ، ئۆزەڭ قارغۇ! موسكۋا كۆزۈڭنى پەردىلەپ قويغان!

گىرىگورىي، گەپنى ئاخىرىغىچە ئاڭلىماستىنلا كېتىپ قالدى، ئېتى باغلاپ قويۇلغان ھويلىغا دىگۈدەك يۈگۈرۈپ كىردى، بۇ يەردە ئېتى - ئېتىلىۋاتقان مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ بىسەرەمجان بولۇۋاتاتتى. ئاتنىڭ ئەيىل - تاسمىلىرىنى چىڭىتقاندىن كېيىن گىرىگورىي بىلەن خىرىستونە يېزىدىن ئات چاپتۇرۇپ چىققان پېتى، ئارقىغا قاراپمۇ قويماستىن، دۆڭدىن ئېشىپ، ئۆتۈپ كەتتى.

پونومارېف يېزىسىدا بولسا تېخىچە ئېتىلغان ئوقنىڭ ئىس-تۈتەكلىرى پىخسىراپ تۇراتتى: ۋېشېنىسكايا، كارگىنىسكايا، بوكوۋىسكايا، كراسنوكۇتىسكايا، مىلياتىنىسكايا كەنتلىرىنىڭ كازاكلىرى كازانىسكايا، مىگۇلىنىسكايا، رازدورىسكايا، كۇمشاتىسكايا، باكلانوۋىسكايا كەنتلىرىنىڭ كازاكلىرىنى ئوققا تۇتۇۋاتاتتى.

خەندەك ئۆلۈكلەر بىلەن لىق تولدى. ئۈستىنى توپا بىلەن يېپىپ تاشلىدى. توپىنى ئاياق بىلەن دەسسەپ چىڭداشتى. يۈزىگە قارا نىقاپ تارتىۋالغان 2 ئوفىتسېر، پودتېلكوپ بىلەن كرىۋوشلىكوپنى يېتىلەپ، دار ياغىچىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى.

پودتېلكوپ مەردانە، مەغرۇرلۇق بىلەن بېشىنى يۇقۇرى كۆتىرىپ، ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە چىقتى - دە، كۆينىگىنىڭ ياقىسىنى يېشىپ قارامتۇل يوغان بويىنىنى ئاچتى ۋە بىرەر يېرىمۇ تىترىمەستىن، سوپۇنلانغان سىرتماقنى بويىنىغا ئۆزى سالدى، كرىۋوشلىكوپنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن 2 ئوفىتسېرنىڭ بىرى ئۇنىڭ ئورۇندۇققا چىقىشىغا ياردەملەشتى، شۇ ئوفىتسېر سىرتماقنى سالدى.

— رۇخسەت قىلىڭلار، ئۆلۈم ئالدىدا ئاخىرقى سۆزۈمنى ئېيتىۋالاي، — دەپ ئۆتۈندى پودتېلكوپ.

— ئېيت!

— سورايمىز! — دەپ ۋاقىراشتى فۇرونتچى جەڭچىلەر.

پودتېلكوپ قولى بىلەن ئىشارە قىلىپ شالاڭلىشىپ قالغان توپنى كۆرسەتتى:

— قاراڭلار، بىزنىڭ ئۆلۈمىمىزنى كۆرۈشنى خالىغانلار قانچىلىك ئازىيىپ قالغان - ھە! ئۆلارنى ۋىجدانى ئازاپلىغان بىز ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن - ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن گېنېرال ئىتلىرى بىلەن جان تىكىپ كۆرەش قىلدۇق، ئەمدى مانا سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا ھالاك بولىمىز! ئەمما بىز سىلەرنى قارغىمايمىز!... سىزلەر — ئېچىنارلىق ئالدانغان! ئىنقىلاۋىي ھاكىمىيەت ئورنىتىلىدۇ، شۇ چاغدا ھەقىقەت كىم تەرەپتە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىسىلەر. تىنچ دوننىڭ ئەڭ ئىسىل ئوغلانلىرىنى سىلەر مۇنۇ خەندەككە كۆمدۈڭلار ...

ۋاراڭ - جۇرۇڭ كۆتىرىلىپ، بارغانسېرى كۈچەيدى، پودتېلكوپنىڭ ئاۋازى ئانچە ئاڭلانماي قالدى. شۇپۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئوفتسېرلەرنىڭ بىرى پودتېلكوپنىڭ پۇتى ئاستىدىكى ئورۇندۇقنى چاققانلىق بىلەن بىرنى تېپىپ، نېرىگە ئۇلاقتۇرۇۋەتتى. پودتېلكوپنىڭ يوغان، ئېغىر گەۋدىسى پىلتىڭلاپ، بىردىن پەسكە قاڭقىپ چۈشۈپ، پۇتى يەرگە تېگىپ قالدى. سىرتماق كىنكىردىگىنى بوغۇشقا باشلاپ يۇقۇرىغا كۆتىرىلىشكە مەجبۇر قىلدى. پودتېلكوپ پوتىنىڭ ئۇچىدا تۇردى، چىڭدىلىپ كەتكەن نەم يەرگە يالىڭاياق پۇتلىرىنىڭ باشمالتىقىنى تىرەپ، ھاۋانى سۈمۈردى - دە، جىمجىت بولۇپ قالغان خالايىققا چانىغىدىن چىققان كۆزلىرىنى يۈگۈرتۈپ، ئاستا سۆز ئاچتى:

— دارغا ئېسىشنى تېخى ئۆگەنمەپسىلەر ... ئەگەر مەن سېنى ئاسىدىغان بولسام، سېپىرىدونوپ، ئايىغىڭنى يەرگە تەككۈزمەس ئىدىم ...

پودتېلكوپنىڭ ئاغزىدىن شالى ئېقىشقا باشلىدى. نىقاپ تارتىۋالغان ئوفىتسېرلەر ۋە يېقىن يەردە تۇرغان كازاكلار ئۈپۈر-توپۇر بولۇشۇپ، ھالسىزلانغان ئېغىر گەۋدىنى تەسلىكتە ئورۇقنىڭ ئۈستىگە كۆتىرىپ ئېلىشتى.

كىرىۋوشلىكوپنىڭ سۆزىنى تۈگىتىۋېلىشىغا ئىمكان بەرمىدى: ئايىغىنىڭ ئاستىدىكى ئورۇندۇق ئىرغىپ چىقىپ بىرسىنىڭ تاشلاپ قويغان تۆمۈر كۈرىكىگە سوقۇلدى. قۇرغاق، مۇسكۇللۇق كىرىۋوشلىكوپ، بىردەم گەۋدىسى يىغىلىپ، ئېگىلگەن تىزلىرى ئىڭىكىگە تاقىشىپ، بىردەم جان تالىشىش ئەسناسىدا پەسكەسۆزۈلۈپ، ئۇزاققىچە تەۋرىنىپ تۇردى ... پودتېلكوپنىڭ ئايىغىنىڭ ئاستىدىكى ئورۇندۇقنى 2-قېتىم تېپىپ تاشلىغاندا، كىرىۋوشلىكوپ تېخىچە تىپىرچىلاپ، جېنى چىقماي، بىر تەرەپكە قىيشىيىپ قالغان قاپ-قارا تىلىنى مىدىرلىتىپ تۇراتتى. پودتېلكوپنىڭ ئېغىر گەۋدىسى يەنە پەسكە تۆۋەنلەپ كەتتى، خۇرۇم كەمزولىنىڭ چېكى مۇرىسىدىن سۆكۈلدى. يەنە پۇتلىرىنىڭ باشمالداقلىرى يەرگە تېگىپ قالدى. كازاكلارنىڭ توپى ئۈنىنى چىقارماستىن، ئاھ ئۇرۇشتى.

بەزىلىرى چوقۇنغان پېتى قاراشقا باشلىدى. شۇنچىلىك قاتتىق ساراسىملىك باشلاندىكى، پودتېلكوپنىڭ چۆيۈندەك قارىيىپ كېتىۋاتقان يۈزىگە ھەممىسى ۋەھىمە بىلەن قارىشىپ، بىرەر مىنۇت سېھىرلەنگەندەك داڭ قېتىپ تۇرۇشتى.

ئەمما پودتېلكوپ ئەمدى ئۈن-تىۋىش چىقارمىدى، سىرتماق كىسكىرىدىگىنى بوغۇپ تاشلىغان ئىدى، ئۇ تاراملاپ ياش ئېقىۋاتقان كۆزلىرىنى ئەتراپقا يۈگۈرتتى-دە، ئاغزىنى قىيشايتىپ،

ئۆلۈم ئازاۋىنى يېنىكلىتىشكە ئۇرۇنۇپ، قاتتىق قىينىلىپ، يۇقۇرى-
غا ئۆرلەپ باقاتتى.

شۇ ئاردا بىرسى چارە تاپتى: كۆرەك بىلەن يەرنى كولاشقا باشلىدى. ئالدىراپ - تېنەپ، پودتېلكوپنىڭ پۇتىنىڭ ئاستىدىن چالمىلارنى قومۇرۇپ ئېلىۋېتىشكە كىرىشتى، شۇنىڭ بىلەن تو-
پىنى ھەر بىر كۆرگەندە، پودتېلكوپنىڭ گەۋدىسى ئېسىلىپ چۆ-
شۈۋەردى، بوينى بارغانسېرى ئۆزىراشقا باشلىدى، سەل جىڭگىلەك-
لەشكەن يوغان بېشى ئارقىسىغا ساڭگىلاپ قالدى. 6 پىسوت ئېگىز-
لىكتىكى گەۋدىگە ئاغامچا ئاران چىداشلىق بەردى؛ توغرىسىغا
بېكىتىلگەن ياغاچ غىچىرلاپ، ئاغامچا ئاستا تەۋرەندى، ئۇنىڭ بىر
رېتىمدا مىدىرلىشىغا ئەگىشىپ، پودتېلكوپمۇ گويا ئۆزىنىڭ قارى-
يىۋاتقان قىزىل يۈزىنى ئىسسىق شۆلگەيلىرى ۋە كۆز ياشلىرى
ئېقىپ چۈشكەن كۆكرىگىنى ياۋۇز قاتىللارغا كۆرسەتمەكچى بولغان-
دەك، 4 تەرەپكە ئايلىنىپ، تەۋرىنىشكە باشلىدى.

## 31

مىشكا كوشۋوي بىلەن ۋالىيت پەقەت 2 - كۈنىلا كېچىدە
كارگىنىسكايا كەنتىدىن چىقىپ كېتىشتى. دالىدا تۇمان كۆپۈكلى-
نىپ، ساي - جىرالاردا پۇرقىراپ، ئويمانلاردىن پەسلەپ ئۆتۈپ،
يار تىزمىلىرىنىڭ باغرىنى يالايتتى. تۇمان ئۆز قۇچىقىغا ئالغان
تۆپىلىكلەر پاقىراپ كۆرۈنەتتى. مايسا ئوتلارنىڭ ئىچىدە بۆدۈنىلەر
سايرىشاتتى.

ئاسماننىڭ قەھرىدە يېڭى چىققان ئاي شۇنداق سىلىق

ئۆزەتتىكى، گويا قىياق بىلەن لەش باسقان كۆلنىڭ ئىچىدە تولۇپ ئېچىلغان نىلۇپەرنىڭ گۈلىدەك كۆرۈنەتتى.

ئۇ ئىككىسى تاڭ ئاتقىچە مېڭىشتى. ھۆكەر يۇلتۇزى ئۆچكەن ئىدى. شەبنەم چۈشتى. نىژنى - يابلونوۋىسكى يېزىسىغا ئاز قالدى. مانا شۇ پەيتتە، يېزىغا 3 چاقىرىم قالغاندا، دۆڭنىڭ چوققىسىدا بۆلارنى كازاكلار قوغلاپ يەتتى. 6 ئاتلىق بۆلارنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ، كەينىدىن ماڭغان ئىدى، مىشكا بىلەن ۋالېت شارتلا ئۆزىنى چەتكە ئالغان ئىدى، ئەمما ئوت - چۆپلەر پاكار ... ئايدىڭ چۈشۈپ تۇراتتى ... قولغا چۈشۈپ قالدى، ئۇلارنى ئارقىغا ھەيدەپ مېڭىشتى. يۈز ساجىن ئۈنچىقماي يۈرۈشتى. ئۇنىدىن كېيىن تاسقىلىپ بىر پاي ئوق ئېتىلدى ... ۋالېت، ئايغىنى چەلكەش دەسسەپ، خۇددى ئۆز سايىسىدىن ھۈركىگەن ئاتتەك يېنىچە مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ، يىقىلمىدى، قانداقتۇ ئوڭايسىزلىنىپ قارامتۇل سۇر ئەمەن شاخلىرى ئارىسىغا يۈزىچە يېتىپ قالدى.

مىشكا، ئۆز گەۋدىسىنىڭ بار - يوقلۇغىنى سەزمەستىن 5 مىنۇتچە يۈردى، قۇلىغى ۋىڭىلدايتتى، قورغاق يەردە ئاياقلىرى قومغا پېتىپ كېتىۋاتقاندەك ئاران - ئاران ماڭاتتى. شۇندىن كېيىن ئۇ سورىدى:

— نىمىشكە ئاتمايسىلەر، ئىتنىڭ باللىرى، قىيناپ نىمە قىلىسىلەر؟

— ماڭ، ماڭ. ئاغزىڭنى يۇم! — دىدى كازاكلارنىڭ بىرسى يۇمشاقلىق بىلەن، — مۇژىكنى ئۆلتۈردۇق، ساڭا ئىچىمىز ئاغرىدى. گېرمان سوقۇشىدا سەن 12 - پولكتا بولغانمىدىڭ؟

— ھە، 12 - پولكتا بولغان.

— يەنە 12 - پولكتا خىزمەت قىلارسەن... سەن ياش يىگىتتۇ، ئازراق يولدىن ئازدىڭ، ھېچ ۋەقەسى يوق، بۇ چوڭ ئىش

ئەمەس. سېنى داۋالاپ ساقايتۋالىمىز!

3 كۈندىن كېيىن مىشكىننى كارگىنىسكايا كەنتىدىكى ھەربى-
دالا سودى «داۋالىدى». شۇ كۈنلەردە سوتنىڭ 2 خىللا جازا
چارىلىرى بار ئىدى: مىلتىق بىلەن ئېتىش ۋە تاياق بىلەن ئۇ-
رۇش، ئېتىشقا ھۆكۈم قىلىنغانلارنى كېچىدە كەنتنىڭ سىرتىغا،
قۇملۇق دۆڭدىكى مازارنىڭ نېرىسىغا ھەيدەپ باراتتى، ئۆزگەرتى-
ۋېلىشقا ئۈمىت بار دىگەنلەرنى مەيداندا، خالايىقنىڭ ئالدىدا تا-
ياق بىلەن جازالايتتى.

يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇزۇن
ئورۇندۇقلار قويۇلۇش بىلەنلا خەلق يىغىلغىلى تۇردى. پۈتۈن مەي-
داندا ئادەملەر تىقىلىشىپ كەتتى. ماگىزىننىڭ ئالدىدىكى تاختا
سۇپىلارنىڭ ئۈستى، سارايلارنىڭ ئالدىدا تەقلەپ قويۇلغان تاختاي-
لارنىڭ ئۈستى، ئۆيلەرنىڭ، دۇكانلارنىڭ ئۆگزىلىرى ئادەم بىلەن
لىق تولدى. بىرىنچى بولۇپ ئالېكساندىروپنى — گراچېفكا يېزى-
سىدىكى پوپنىڭ ئوغلىنى تاياق بىلەن ئۇرۇشتى. ئۇ غەيرەتلىك
بولشېۋىك دەپ نام چىقارغان بولۇپ، دېلوسى بويىچە ئېتىشقا تې-
گىشلىك ئىدى، ئەمما ئاتىسى ھەممىنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە ياخشى
پوپ بولغانلىقتىن، سوت پوپنىڭ ئوغلىغا 20 تاياق ئۇرۇشقا
قارار قىلدى. ئالېكساندىروپنىڭ ئىشتىنىنى سېرىپ چۈشۈرۈلۈپ، پا-
چاقلىرى يالىڭاچلانغان پېتى ئۇزۇن ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە ياتقۇ-
زۇلدى. بىر كازاك پۇتىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى (قولى ئورۇندۇققا
مەھكەم باغلانغان ئىدى) يوغان تال چىۋىق تۇتقان 2 كازاك ئىككى
يېنىغا كېلىپ تۇرۇشتى. قۇيرۇغىنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇشتى. ئالېك-
ساندىروپ ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر سىكىندى - دە، ئىشتىنىنى كې-
يىپ، 4 ئەتراپىغا باش ئېگىپ تازىم قىلدى. بۇ ئادەم ئېتىپ تاش-

لىمىغىنىغا بەك خوشال بولغان ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن تازىم قىلىپ، تەشەككۈر بايان قىلدى:

— رەھمەت، جانابى ئاتىلار!

— سالامەت جېنىڭنى ئال! — دەپ جاۋاپ بەردى بىرسى.

مەيداندا پاراققىدا كۈلكە كۆتىرىلدى، ھەتتا يېقىنلا يەردە، لاپاستا ئولتۇرغان تۇتقۇن قىلىنغانلارمۇ كۈلۈشتى.

ھۆكۈم بويىچە مىشكىنىمۇ قاتتىق تاياق تەگدى. ئەمما ئىزا تارتقىنى ئۇنىدىنمۇ قاتتىق بولدى. چوڭىدىن - كىچىكىڭ پۈتۈن كەنت خەلقى قاراپ تۇراتتى. مىشكا شالۋۇرىنى يۇقۇرى كۆتەردى - دە، يىغلىۋېتىشكە تاس قالدى، ئۇ تاياق تەككۈزگەن كازاكلارغا قاراپ:

— بۇ جازا جايىدا بولمىدى!— دىدى.

— نىمىشكە؟

— ھەممىنى ئويلايدىغان كاللا تۇرسا، بۇنىڭغا ئادەمنىڭ قۇيرۇغى جاۋاپكار بولامدۇ، پۈتۈن ئۆمۈر ئۇياتقا قالىدىغان بولدۇم!

— ھىچ گەپ يوق، ئۇيات تۇتۇن ئەمەس، كۆزۈڭنى ئېچىش-تۇرماس، — دەپ تەسەللى بەردى كازاك ۋە جازالانغۇچىنىڭ كۆڭ-لىنى ئالماقچى بولغاندەك مۇنداق دىدى،— چىدامىلىق يىگىت ئى-كەنسەن: مەن سېنى ۋاقىرىتماقچى بولۇپ، 2 قېتىم تازا سالغان ئى-دىم - قارىسام ھىچ ۋاقىرىمايسەن، مەن ھەرقانچە ئۇرساممۇ ۋاقى-رىمايدىغان ئوخشايسەن. يېقىندا بىرسىنى ئۇرغان ئىدۇق— ئىش-تىنىغا قويىۋەتتى، كەپتەرچىلغىم، دىمەك، ئۇچىيى ئىنچىكە ئىكەن - دە.

ئەتىسى، ھۆكۈم بويىچە، مىشكىنى فۇرونتقا ئەۋەتىۋەتتى.

ۋالېنتىنى 2 كۈندىن كېيىن يىغىشتۇرۇشتى: يېزا باشلىغى ئەۋەتكەن بابلونوۋىسكىلىق 2 كازاك تېپىزلا گۆر قېزىپ، پۈتلىرىنى گۆرگە ساڭگىلىتىپ، تاماكا چېكىپ ئۇزاق ئولتۇرۇشتى.

— بۇ ئۇتلاقنىڭ توپىسى ناھايىتى قاتتىق ئىكەن، — دې-
دى بىرسى.

— نەق تۆمۈر دىسەڭمۇ بولىدۇ! ئەزەلدىن ھەيدەلمىگەن،
ئۆزاق زاماندىن بۇيان قېتىپ كەتكەن.

— ھە... بۇ يىگىت ياخشى يەردە ياتىدىغان بولدى، دۆڭ-
نىڭ بېشىدا... بۇ يەردە شامال ئۇرۇپ تۇرىدۇ، يەر قۇرغاق، قو-
ياش ئوبدان قىزىتىدۇ... جەسەت تېز چىرىمەيدۇ.

ئۇلار چۆپكە باغرىنى يېقىپ ياتقان ۋالېتقا بىر قاراپ قو-
يۇپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

— ئۆتۈگىنى سالدۇرۇۋالايلىمۇ؟

— سالدۇرۇۋالمايچۇ، ئۆتۈگى تېخى بېجىرىم ئىكەنغۇ.

قەۋەرىگە خىرىستىيانچە: بېشىنى غەرپكە قىلىپ قويۇشتى؛
قارا توپا بىلەن قېلىن قىلىپ كۆمۈشتى.

— ئۈستىنى ئايىغىمىز بىلەن چىڭداملۇق؟— دەپ سورىدى
ياشراق كازاك قەۋرە گىرۋىكىگىچە توپا بىلەن تولغاندا.

— ياقەي، لازىمى يوق، شۇپېتى قويايلى، — دىدى ئىككىن-
چىسى بىر ئۇھ تارتىپ،— قىيامەت كۈنى پەرىشتىلەر سورئىسراپىل-
نى چالغاندا چاققانىراق ئورنىدىن تۇرىدۇ...

يېرىم ئايدىن كېيىن كىچىككىنە دۆمبەچەكنىڭ ئۈستىگە ئات
قۇلاق ئۆت بىلەن ياش ئەمەنلەر ئۆستى، ئاپخانلار باش چىقاردى،
قەۋرىنىڭ يان باغرىدا باراقسان ياۋاقىچاچىچەك ئېچىپ، سارغايدى،
قاشقىبىدىلارنىڭ تىۋىت بەرگىلىك باشاقلىرى ئېسىلىپ تۇراتتى،
خىنىگۈل، سۈتلۈك گۈل، شىرنە گۈللەر خۇشپۇراق چاچتى. كۆپ
ئۆتمەي، يېقىن يەردىكى يېزىدىن بىر قېرى كىشى كېلىپ، قەۋرى-
نىڭ باش تەرىپىگە ئورا قېزىپ، دۇپ ياغىچىدىن ياسالغان تۈۋرۈك
ئۈستىگە بۇت مېھرابى ئورناتتى، 3 بۇرجەك مېھرابىنىڭ ئىچىدە

مەريەم ئانىنىڭ غەمكىن چېھرىسى قاراڭغۇدا پىلىلداپ تۇردى. مېھراپنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە تاختاي ئۈستىگە قەدىمقى سىلاۋيان يېزىغىنىڭ قارا ئىرماش - چىرماش نۇسخىسى بىلەن مۇنۇ بىر بېيت يېزىلغان ئىدى:

پىتنە - پاسات ھۆكۈم سۈرگەن يىللاردا،
ئۆز ئىنىڭنى سۆكمە يامان تىللاردا.

چال قايتىپ كەتتى، بۇ ئۇچۇق دالىدا مېھراپ ئۆزىنىڭ مەڭگۈ مۇڭلۇق كۆرۈنۈشى بىلەن ئاتلىق ۋە پىيادە يولۇچىلارنىڭ كۆزلىرىنى قايغۇغا چۆمدۈرۈپ، يۈرىكىدە ۋەھىمىلىك ھەسرەت تۇغدۇرۇپ قىلىپ قالدى.

تىخى — ماي ئېيىدا مېھراپنىڭ يېنىدا ياۋا ئۆدەكلەر كۆرەش ئېلىپ بېرىپ، ياش ئەمەنلەرنىڭ ئارىسىدا ئۇۋا قۇرۇشتى، شۇ ئەتراپتا پىشىپ يېتىلىۋاتقان ئاپخانلارنى دەسسەپ - چەيلەپ، يېشىل گىلەمدەك قىلىۋەتتى: ئۇلار چىشى ئۆدەك ئۈچۈن، ياشاش ھوقۇقى، مۇھەببەت ھوقۇقى، كۆپىيىش ھوقۇقى ئۈچۈن كۆرەش ئېلىپ باردى. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكۈچ، شۇ مېھراپنىڭ قېشىدا، كىچىككىنە دۆڭنىڭ تۈۋىدە، پاخماق قېرى ئەمەنلەرنىڭ دالدىسى ئاستىدا ئانا ئۆدەك كۆكۈش، ئۈششاق چېكىت قاپلىغان 9 تۇخۇم تۇغۇپ، ئۇلارنى ئۆز بەدىنىدىكى ئىسسىقلىق بىلەن يىلىتىپ، پەرلىرى پاقىراپ تۇرغان قانىتى ئاستىغا ئېلىپ، بېسىپ ياتتى.

**静静的顿河（2）**
（维吾尔文）
著者：肖洛霍夫
译者：热合买吐拉·加力
责任编辑：贺加克
新疆青年出版社出版
（乌鲁木齐建设路九号）
新疆新华书店发行
新疆八一印刷厂印刷
850×1168毫米 32开 印张
1984年12月第1版 1984年12月第1次印刷
印数：1——10,300
统一书号：M10124·119 定价：1.50元